
نىزامىدىن ھۈسەيىن

# قارا قۇرۇم ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئادەتلىرى

(ئۈچ پارچە ئەسەردىن تەركىب تاپقان توپلام)

www.uyghurkitap.com



ئاپتورنىڭ ياشانغان چاغلىرى

# ئاپتورنى تونۇشتۇرۇش

تارىخچى ۋە ژۇرنالىست نىزامىدىن ھۈسەيىن (ئەسلىي ئىسمى توخ-
تى مۇھەممەتئاخۇن) ئەپەندى 1928 ـ يىلى قاغىلىق ناھىيەسىنىڭ
قارا قۇرۇم تاغلىرى ئىچىگە جايلاشقان خىلۋەت يېزىسى چوپاننىڭ
يايلاقلىرى جانغا ھۇزۇر بېرىدىغان، شەمشادلىرى يىل بويى ياشىرىپ
تۇرىدىغان ئازغانسال كەنتىدە تۇغۇلغان. 1945 ـ يىلغىچە باشلانغۇچ
سەۋىيەدىكى دىنىي ۋە پەننىي مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 1945 ـ يىلدىن
1947 ـ يىلغىچە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ پامىر ۋە قارا قۇرۇم تاغ-
لىرى (تاشقورغان، ئاقتۇ، قاغىلىق، يەكەن، گۇما تاغلىرى)دا گو-
مىنداڭغا قارشى قوزغالغان قوراللىق پارتىزانلار ئەترىتىگە قاتنىشىپ،
سوقۇش سەپلىرىدە پارتىزان، رازۋېدكىچى، ئاتتى رازۋېدكىچى، تۆۋەن
دەرىجىلىك ئوفىتسېر بولۇپ ئىشلىگەن. 1946 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئۈچ
ۋىلايەت ھۆكۈمىتى بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ۋەكىللىرى ئۈرۈمچىدە
«11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىم» ئىمزالىغاندىن كېيىن جەنۇبى شىنجاڭ-
دىكى پارتىزانلىق ئۇرۇشى توختىغان. 1947 ـ يىلى گومىنداڭ ھۆ-
كۈمىتى «11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىم»گە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ ئىنقىلا-
بىي كۈچلەرنى قولغا ئالغاندا نىزامىدىن ھۈسەيىنمۇ قاغىلىق، يەكەنلەر-
دە بىر مەزگىل قاماقتا ئېلىنغان. 1947 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدىن
1950 ـ يىلغىچە شىنجاڭ دارىلفۇنۇن (شىنجاڭ شۆيۈەن) نىڭ ئىجتى-
مائىي پەن (تارىخ، جۇغراپىيە، تىل) فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. 1950 ـ
يىلى شىنجاڭدا گومىنداڭ ھاكىمىيتى ئاغدۇرۇلۇپ، جۇڭگو كوممۇ-
نىستلىرىنىڭ ھاكىمىيتى تىكلەنگەندىن كېيىن شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆ-
بە بيۇرو پارتىيە مەكتىپىنىڭ تۇنجى قارارلىق كۇرسىدا ئوقۇغان. ئو-
قۇشنى تاماملىغاندىن كېيىن «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىدا مۇخبىر،

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com

مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. 1950 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرى ئەشەددىي ئۆگچى قالپىقى كىيدۈرۈلۈپ، «شىنجاڭ گېزىتى»دە نامى ئاتىلىپ تەنقىدلەنگەن ۋە بىر نەچچە يىل تۈرمىدە ياتقان. 1970 ـ يىللارنىڭ ئاخىرى خىزمىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، «شىنجاڭ گېزىتى»دە مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. 1998 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدە 70 يېشىدا ئاخىرەتكە سەپەر قىلغان.

نىزامىدىن ھۈسەيىن ئەپەندى «جاھالەت پىرلىرى ئۇيغۇر دىيارىدا» (بۇ ئەسەر ژۇرنالدا «جاھالەت پىرلىرى شىنجاڭدا» دېگەن نامدا ئېلان قىلىنغان) ناملىق خوجا ـ ئىشانلار پائالىيىتىگە بېغىشلانغان تارىخىي ئوبزورىنى يېزىشتىن ئىلگىرى «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدا «يولسىز ئەقىدە»، «قارا قورۇم ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئادەتلىرى» (بۇ ماقالە گېرمان تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان)، «تاجىكلار ھاياتىدىن خاتىرىلەر» دېگەن ماقالىلارنى ئېلان قىلغان. 1987 ـ يىلى يېزىپ قۇربان مامۇت ئەپەندى مۇھەررىرلىكىدىكى «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغان «جاھالەت پىرلىرى ئۇيغۇر دىيارىدا» ناملىق تارىخىي ئوبزورى ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلەرنىڭ سوپى ـ ئىشانلارغا بولغان تونۇشىنى يېڭىلاپ، كىشىلەرنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي ھاياتىنى قارا قىسمەتكە دۇچار قىلغان سوپى ـ ئىشانلار ھەققىدە يېڭىچە چۈشەنچىگە ئىگە قىلغان. بۇ قىممەتلىك ئەسەرنىڭ ئېلان قىلىنىشى قەلەمكەشلەرنىڭ تارىخىي ۋە رېئال ئىللەتلىرىمىز توغرۇلۇق تەنقىدىي تەپەككۇر، مۇلاھىزە قىلىش يۈزلىنىشىنىڭ شەكىللىنىشىگە تۈرتكە بولغان. مۇشۇ تارىخىي ئوبزور ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن ئاندىن تەتقىقاتچىلىرىمىز خوجا ـ ئىشانلارنىڭ تارىخىمىزدىكى پائالىيەتلىرىنى يەنە مۇ ئىلگىرىلەپ تەتقىق قىلىشقا ۋە ئەسەرلەر يېزىشقا كىرىشكەن.

نىزامىدىن ھۈسەيىن ئەپەندى بۇ ئەسىرى ئارقىلىق قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشىپ ئىلھاملانغاندىن كېيىن، يۇقىرىقى ژۇرنالدا يەنە «16 ـــ 18 ـ ئەسىر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي ئۆچېركى» (بۇ ئەسەر ژۇرنالدا «كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي ئۆچېركى»

دېگەن نېمدا ئېلان قىلىنغان) نامىلىق چوڭ ھەجىملىك ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ مەدەنىيەت تارىخىمىزغا چېتىلىدىغان بىر قاتار مەسىلىلەرنى يورۇتۇپ بەرگەن.

1990 ـ يىللارنىڭ باشلىرى نىزامىدىن ھۈسەيىن ئەپەندى «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدا يەنە «بىزدىكى ئىللەتلەر» دېگەن ماۋزۇ ئاستىدا تۈرلۈك تارىخىي ۋە رېئال ئىجتىمائىي مەسىلىلەر توغرۇلۇق تەنقىدىي مۇلاھىزە يۈرگۈزگەن. بۇ ماقالىلارنىڭ ئىلهامى بىلەن باشقا ئاپتورلار «بىزدىكى ئەبگالىق»، «ئۆزىمىزنى ئېتىراپ قىلايلى» دېگەن ماۋزۇلاردا مىللىي مىجەزىمىز ۋە مىللىي ھاياتىمىزدىكى مەسىلىلەر توغرۇلۇق تەنقىدىي مۇلاھىزىلەرنى يۈرگۈزۈشكە باشلىغان.

نىزامىدىن ھۈسەيىن ئەپەندىنىڭ «قارا قۇرۇم ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئادەتلىرى»، «جاھالەت پىرلىرى ئۇيغۇر دىيارىدا» ۋە «16 — 18 ـ ئەسىر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي ئوچېركى» دېگەن ئۈچ ئەسىرىنىڭ تەتقىقات ۋە تەربىيەۋى قىممىتى گەۋدىلىك دەپ قاراپ پايدىلانغۇچىلار ئۈچۈن توپلام سۈپىتىدە ھازىرلاندى. ھازىرلاشتا ھازىرقى ئىملا قائىدىسى ۋە تەھرىرلىك سۈپىتى جەھەتتىن پىششىقلاپ ھازىرلاندى. ئېنىقكى، بۇ ئەسەرلەردە بىر قىسىم خاتالىقلار ۋە بىر تەرەپلىمىلىكلەر مەۋجۇت. ساقلانغان بۇ مەسىلىلەرنى 1980 ـ يىللاردىكى تەتقىقات ۋە ئىزدىنىشچىلىق مۇھىتىمىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ چۈشىنىش كېرەك. چۈنكى ئۇ يىللاردا تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ بىلىش قۇۋۋىتى ۋە ماتېرىيال جەھەتتىكى ئىمكانىيىتى خېلىلا چەكلىك ئىدى.

نېمە بولۇشتىن قەتئىينەزەر ئۆز ساھەسى بويىچە يول ئېچىش خاراكتېرلىك خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن نىزامىدىن ھۈسەيىن ئەپەندىنىڭ مۇبارەك نامى ۋە بۇ قىممەتلىك تۆھپىلىرى مەڭگۈ ياد ئېتىلىدۇ ھەم قەدىرلىنىدۇ!

www.uyghurkitap.com

## مۇندەرىجە

**قارا قۇرۇم ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئادەتلىرى..........................1**

**جاھالەت پىرلىرى ئۇيغۇر دىيارىدا..........................35**
جاھالەت پىرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر دىيارىغا كېلىشى.........35
1. «خوجا مۇھەممەد شېرىپ پىرىم» ھەققىدە.................50
2. «ئۇلۇغ پىر» ــ مەخدۇم ئەزەم ھەققىدە.................55
3. خوجا ئىسھاق ۋەلى ھەققىدە.........................62
4. ئافاق خوجا ھەققىدە.............................70
5. دانىيال خوجا ھەققىدە............................90
6. بورھانىدىن خوجا ھەققىدە..........................99
7. ۋەلىخان خوجا ھەققىدە............................117
جاھالەت كۈچلىرىنىڭ كېيىنكى چاغلاردىكى قىسمەت ۋە ھەرىكەت-
لىرى ھەققىدە......................................129
خوجا - ئىشان «پىر» لىرىنىڭ بۈگۈنىمىزدىكى جاھالەتچىلىك
قىلمىشلىرى ھەققىدە................................138
يېڭى مازارپەرەس «ئاشىق»، «مۇرت»لار ھەققىدە............150
تەۋسىيەلىك خاتىمە...................................155

**16 ــ 18 - ئەسىر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي ئوچېركى......161**

**بىرىنچى قىسىم. سەئىدىيە دەۋرىدىكى سائادەت**
1. سەئىدىيە خانلىقىنىڭ سۇلتانلىرى.....................161
2. سەئىدىيە خانلىقىنىڭ خاسىيەت ئاساسلىرى...............164
3. سەئىدىيە زامانىدىكى مەدەنىيەت - مائارىپ...............175

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

4. پۈتۈكچىلىك ۋە دەپتەردارلىق سەنئىتى ھەققىدە..........190
5. سەئىدىيە زامانىدىكى ئۇيغۇر خەلق سەنئىتى..........204
6. سەئىدىيە زامانىدىكى مىماركارلىق ھۈنەر ـ سەنئىتى......250
7. سەئىدىيە خانلىقى زامانىدىكى تېبابەتچىلىك..........262
8. سەئىدىيە زامانىدىكى مىللىي ئەخلاق ۋە مەنىۋى كەيپىيات......283
كەلگۈسىگە مۇندەرىجىلەر..........................313

### ئىككىنچى قىسىم. خوجىلار دەۋرىدىكى جاھالەت

1. مەنبەسىز ـ ساختا تەرىپاتلار.......................315
2. تارىختىن كەلگەن نەسلىك.........................331
3. قاباھەتلىك ئەقىدىنىڭ پىرى ئافاق خوجا توغرىسىدا......366
4. قويۇندىن كەلگەن «ئەۋلىيا» تۆردى خوجا توغرىسىدا......439
5. نىقابلىق «پىر»لار پەيدا قىلغان «تەرىقەت» كىرىزىسى...462
6. نوقانچى ھازازۇللار................................470
7. ئالدام كەشپىياتچىلىرى.............................483

قوشۇمچە:

**سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ خېتى..........................494**

# قارا قۇرۇم ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئادەتلىرى

## يۇرت ـ ماكانلىرى

بىز تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبى چېتىدىن (قاغىلىق، پوسكام، يەكەن تۈزلەڭلىكىنىڭ جەنۇبقا قىيپاش غەربى چېتىدىن) چىقىپ ئوتتۇرا قارا قۇرۇم تاغ تىزمىلىرىنى ئارىلاپ، تاغ ئىچىگە 230 كىلومېتىر ئەتراپىدا ئىچكىرىلەپ كىرسەك، ئوتتۇرا قارا قۇرۇم تاغ ئۈستى تەكشىلىكىگە يېتىپ بارىمىز. دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 5500 مېتىر ئەتراپىدا، جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان بۇ كەڭ تەكشىلىكنىڭ جەنۇبى قىسمى شىخشۇ ـ پاخ ـ پۇ تەكشىلىكى، شىمالى قىسمى تاختا قۇرام ـ سەندەل تەكشىلىكى دەپ ئاتىلىدۇ. جەنۇبى خالاستان (قاغىلىق) دەرياسىنىڭ باش ئېقىنى ئارقىلىق مازاردارا ـ كۆدە تاغ تىزمىلىرىدىن، شىمالى يەكەن دەرياسىنىڭ باش ئېقىنى ئارقىلىق سېرىققول ـ ئاقتۇ تاغ تىزمىلىرىدىن، شەرقى كۆكيار، چوپان، قوشىراپ ئېدىرلىقلىرىدىن، غەربى دۇنياغا مەشهۇر چوققا (دېڭىز يۈزىدىن 6500 مېتىر ئېگىز) چوگىرى مۇزلۇقلىرىدىن ئايرىلىپ تۇرىدىغان بۇ تەكشىلىكنىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمى تەخمىنەن پوسكام ناھىيەسىنىڭ ئومۇمىي تېررىتورىيەسىنىڭ ئۈچ ھەسسىسىگە باراۋەر كېلىدۇ.

بۇ تەكشىلىكنىڭ ھاۋاسى نەم ۋە سوغۇق بولۇپ، قىشلىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتورىسى نۆلدىن تۆۋەن 30 گىرادۇس ئەتراپىدا بولىدۇ. قىش پەسلى ئالتە ئايغا سوزۇلىدۇ. ئەتىياز، ياز، كۈز پەسىللىرىنىڭ پەرقى ئانچە چوڭ ئەمەس.

بۇ تەكشىلىكتە ھەر بىرى غەربتىن شەرققە ئۇزۇنلۇقى 50 كىلومېتىردىن 150 كىلومېتىرغىچە، شىمالدىن جەنۇبقا كەڭلىكى

www.uyghurkitap.com

ئىككى كىلومېتىردىن بەش كىلومېتىرغىچە سوزۇلغان 10 چوڭ
تاغ ئۈستى ئويمانلىقى بار. تۇتاش كەتكەن بۇ ئويمانلىقلار خۇددى
سېمىز بۇقىنىڭ ساغرىسىدەك ئېگىزدىن پەسكە سوزۇلغان شىخ-
شۇ، پاخپۇ، يۇلۇك، بۇلۇڭ، ئۇسەس، گۈسەس، چۆپ، ئازغانسال،
شۇشۇ (قاغىلىق تەۋەسىدە)، كەندىرلىك، ساراي (يەكەن تەۋەسىدە)
ئويمانلىقلىرىدۇر. بۇ ئويمانلىقلار بىر - بىرىدىن ئاقاز، سەكرەت-
كە، قۇتلۇق، كۆكئارت، قۇلۇنباغلا، توپەس، ئاچچىق يۇتكەن، كۆ-
كۇلەڭ، سېرىق، سەندەل، بۇرقۇم، كۆل، قاراتۇز، توققۇزات قاتار-
لىق 20 نەچچە داۋان، 10 نەچچە دەريا - ئېقىن، 10 چوڭ قىرغاق
(تۆپىلىك) بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدۇ. تۆپىلىكلىرى قىش، ياز ئې-
رىمەيدىغان قار، مۇز بىلەن، ئېتەكلىرى قويۇق قارىغاي، غوچ،
زوك، ئازغان، ماندار دەرەخلىرى ۋە چاتقاللىرى بىلەن قاپلانغان،
ئوت - چۆپ، گۈل - گىياھلىرى يەلپۈنۈپ تۇرىدىغان بۇ ئويمان-
لىقلاردا قاغىلىق، يەكەن، پوسكام ناھىيەلىرىنىڭ تەبىئىي چارۋى-
چىلىق، ئورمانچىلىق، ئوۋچىلىق بازىلىرى بار. ئۇ يەرلەردە 300
نەچچە يېزا، كەنت، مەھەللە ۋە ئاھالىلەر نۇقتىلىرى بويىچە ئاز
- ئازدىن مۇقىم ئولتۇراقلاشقان، ئاساسەن چارۋىچىلىق، ئوۋچى-
لىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان 20 مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇر ئاھالىسى
ياشايدۇ. بۇلار قەدىمدىن بۇيان تۇرغان جايلىرىنىڭ نامى (ئازغان-
ساللىق، چۆپلۈك، شىخشۇلۇق دېگەندەك ناملىرى) بىلەن ئاتىلىپ
كېلىۋاتقان، ئومۇمىي نام جەھەتتىن «قارا قۇرۇم چوپانلىرى» يا-
كى «تاغلىقلار» دەپ ئاتىلىدىغان خەلقلەردۇر. بۇلارنىڭ تۇرغان
جايلىرى ئادەتتىكى تۈزلەڭلىك رايونلاردىن 200 نەچچە كىلومې-
تىر يىراق بولۇپ، قاتمۇ قات تاغلار ۋە دەريا - ئېقىنلار بىلەن
ئايرىلىپ تۇرىدۇ. ھەربىر ئويمانلىق ۋە ھەربىر كەنت، مەھەللى-
نىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنىمۇ خۇددى تاغ ئىچىدىكى قاپسالما (كى-
رىش - چىقىش تەس) تەبىئىي قورغانلارغا ئوخشاپ كېتىدۇ. قات-
ناش شارائىتى ئىنتايىن ئەپسىز ھەم قىيىن. مەسىلەن: بۇ ئې-
گىزلىكتىكى چۆپ ئويمانلىقىنىڭ تۆرىدىكى ئىسسىقسۇ ئاھالىلەر

نۆقتىسىدىن ئۆلاغلىق قاغىلىق بازىرىغا بېرىپ ـ كېلىش ئۈچۈن تۆت داۋاندىن ئېشىپ، 50 تىن ئارتۇق تار، تېيىلغاق كېچىكلەر-دىن ئۆتۈپ، نۇرغۇن خەتەرلىك قىيا، جىلغا، بەللەرنى بېسىپ بە-رەر ئاي جاپالىق سەپەر قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ يەرنىڭ سىرت بىلەن بولىدىغان ئۇلاغ قاتنىشى ھەر يىلىنىڭ ئەتىياز، كۈز پەسىللىرىدىلا بىر ئىككى ئاي راۋان بولىدۇ. ئېگىز تەكشىلىكنىڭ بۇ بېشىدىكى ساراي، كەندىرلىك مەھەللىلىرىدىن ئۇ بېشىدىكى كۆدە ئاھالىلەر نۇقتىسىغا بېرىپ ـ كېلىش ئۈچۈن ئاتلىق 30 نەچچە كۈن يول يۈرۈش كېرەك.

بۇ خىل تەبىئىي شارائىت، بۇ يەردىكى ئاھالىلەرنىڭ قەدىمدىن بۇيان كەڭ تۈزلەڭلىك رايونلار، يەنى مەدەنىي ئۇيغۇر رايونلىرى-دىن، تەرەققىيات بازىلىرىدىن ئايرىلىپ تۇرۇشىغا، چەتتە قېلى-شىغا، ئېنىقراق ئېيتقاندا، زامان تەرەققىياتىدىن ئارقىدا قېلى-شىغا سەۋەب بولغان.

دېمەك، ئۇلار ئەڭ كونا تۇرمۇش ئىزىنى، ئەنئەنىۋى ئادەتلىرى-نى ئۆزگەرتمەي، ئەجدادلىرى قىلغاننى قىلىپ ياشاپ كېلىۋاتقان ئاھالىلەردۇر. شۇڭا بىز ئۇلارنىڭ ھاياتىدا ھازىرقى زامان تۇرمۇ-شىدا ئۇچرىمايدىغان ياكى بۇ خىل تۇرمۇشتىكى كىشىلەر ئۈچۈن «غەيرى ئادەت» ھېسابلىنىدىغان نۇرغۇن ئۆرپ ـ ئادەت شەكىل-لىرىنى ئۇچرىتىمىز.

مەن بۇ ماقالەمدە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى ئۆگەنگۈچى ۋە تەتقىق قىلغۇچىلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن بۇ تەكشىلىكنىڭ مەركىزىدىكى پۈتۈن تەكشىلىك ئۈچۈن بىر قەدەر ئورتاقلىققا ئىگە بولغان، ئۆزۈم تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئازغانسال، گۆسەس، شۇشۇ ئاھالىلىرىنىڭ مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدى-كى ئىجتىمائىي تۇرمۇشلىرىنى چۆرىدەپ، پۈتۈن تەكشىلىكتىكى ئاھالىلەرنىڭ بىر قىسىم ئۆزگىچىرەك ئۆرپ ـ ئادەتلىرى تۇغ-رىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىشلىرىمنى بايان قىلىمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## ئىگىلىك ئادەتلىرى

ئاساسەن قوي، قوتاز چارۋىچىلىقىنى ئەنئەنىۋى ئىگىلىك مەنبەئى قىلغان قارا قىرغىزلار باشقا ئىگىلىك تەركىبلىرى بىلەن، يەنى دېھقانچىلىق، قول ھۈنىرى، يەرلىك سانائەت، سودا - تىجارەت، تىرانسپورت قاتارلىق ئىگىلىكلەر بىلەن قوشۇمچە شۇغۇللىنىشنى ئادەت قىلمىغان. چارۋا مالدىن ئايرىلغان تۇرمۇش ئۇلارنىڭ نەزەرىدە بىر خىل غەيرىي قىلىق، ئادەت ئىزىدىن (ئاتا مىراس كەسپىدىن) چەتنىگەنلىك ھېسابلىنىدۇ. ئۆزگىرىشچان تەبىئەت ھادىسىلىرى تۈپەيلىدىن ئۆرلەپ، چۈشۈپ تۇرىدىغان مۇقىمسىز ئىگىلىك ئۇلارنىڭ ماددىي، مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ باشقا جايلاردىكى ئاھالىلەرگە نىسبەتەن جاپالىق، ئاددىي، تۆۋەن، مۇقىمسىزراق بولۇشىغا سەۋەب بولغان.

بۇلارنىڭ جەمئىيەت تۈزۈلمىسىدە قەدىمدىن بۇيان باي، كەمبەغەللىك پەرقى (ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش - قىلىنىش)، ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلىرى (ئىقتىسادىي بايلىق ياكى باشقا ئامىللار بىلەن كىشىلەرنى ئۆزلىرىگە كۆپلەپ بېقىندۇرۇپ تۇرىدىغان ياكى نامراتلىق تۈپەيلىدىن كىشىلەرگە بېقىنىپ ياشايدىغان مۇناسىۋەت) باشقا جايلاردىكىدەك روشەن ۋە ئاشكارا تۈس ئالمىغان. ھەتتا چەترەك جايلاردا مۇنداق مۇناسىۋەتمۇ شەكىللەنمىگەن. ھەر كىم ئۆز كۈچىگە تايىنىپ كۈن ئالىدىغان، بىرلا خىل ناتۇرال ئىگىلىك (ئۆزىنى ئۆزى قامدايدىغان چارۋىچىلىق) بىلانىلا شۇغۇللىنىدىغان بۇ خىل جەمئىيەتنى بىز سىنىپىي جەمئىيەت قاتارىدىنمۇ تونۇيالمايمىز.

ئۇلار بارلىق ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش مەنقۇلاتلىرىنى، تۇرمۇش بىساتلىرىنى (ئاشلىق، كىيىم - كېچەك ۋە باشقا تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى) پۈتۈنلەي سىرتتىن سېتىپ ئالىدۇ، توشۇيدۇ. 20 - ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرى بۇ تەكشىلىكنىڭ ئاھالىلىرى ئارىسىدا سىرتتىن كەلگەن تاپاۋەتچى (سودىگەر، كاسىپ، ھۈنەر-

ۋەن) لەردىن بىر توپ سەرەڭگىنى (گۇگۇت) بىر قوي تېرىسىگە، بىر قاپ يىڭنىنى بىر ئوغلاققا، بىر قازاننى بىر قويغا، بىر تال ئوۋ مىلتىقىنى بىر ئاتقا تېگىشىدىغان پەۋقۇلئاددە نامۇۋاپىق سودا بار ئىدى. بۇ يەرنىڭ تۇرمۇشىدىكى قەغەز پۇل سودىسى ئاساسەن 1950 ـ يىللاردىن كېيىن كۆرۈلىدى ھەم نەرقى ـ ناۋا سىياسىتى ئاساسىدىكى يېڭى سودا ـ سانائەت ئەنئەنىسى بىر قەدەر ئاجىز بولسىمۇ تىكلەندى. دېمەك، بۇ ئېگىزلىككە كېلىپ ـ كېتىپ تۇرىدىغان «خۇدايىم بېرەر، خۇدايىم بەرمىسە تاغلىقلار بېرەر» دەپ يۈرۈيدىغان تاپاۋەتچىلەر بۇ جايلاردا ھازىرقى زامان پۇل سودىسىنى، مەدەنىيىتىنى، يېڭى تۇرمۇش ۋاسىتىلىرىنى تارقاتقۇچى ئەلچىلەردۇر. بۇ يەرلەردىكى ئاھالىلەرنىڭ ھازىرقى زامان چارۋىچىلىق ئادەتلىرىمۇ باشقا جايلاردىكى كەسپىي چارۋىچىلارنىڭ چارۋىچىلىق ئادەتلىرى بىلەن ئانچە ئوخشىمىشىپ كەتمەيدۇ. ئۇلار ھەرقانداق مال پادىسىنى پىيادە باقىدۇ، پىيادە ھەيدەيدۇ، پىيادە كۆچۈرىدۇ. كالىغا مىنمەيدۇ، يۈك ئارتمايدۇ. كالىنى ھەر خىل ماللار بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ باقمايدۇ، ئارىلاش سولىمايدۇ، تارقاق باقىدۇ. كالىنىڭ مۈڭگۈز، قۇيرۇقلىرىنى كەسمەيدۇ، ئۇلار ئېشەك ۋە خېچىرنى چارۋا مال ھېسابلىمايدۇ، تېرىسىنى ئىشلەتمەيدۇ، تۇتمايدۇ، قوي، قوتاز، ئۆچكىدىن باشقا مالنى قىرقىمايدۇ، يۇڭنى ئىشلەتمەيدۇ، ئات، تۆگە گۆشلىرىنى يېمەيدۇ. بايتال، ھىنگانلارنى ساغمايدۇ، سۈتىنى ئىشلەتمەيدۇ. قوتازنى كۆپ باقىدۇ، ئۇلار سوغۇققا، ئېگىزلىككە، ھۆل ـ يېغىنغا چىداملىق، ھېچ قانداق يىرتقۇچ ھايۋانغا بوي بەرمەيدىغان، يىل بويى قىشلىق ئوتلاقلاردا تارقاق ئوتلايدىغان، كۆپىيىشى ئاستا، كۈچلۈك، جاھىل، شاش، يېرىم ياۋايى ھايۋان ـ قوتازنى رەسمىي بېقىمدىكى چارۋا ـ مال تەركىبىگە كىرگۈزۈپ كۈچىدىن، سۈت، گۆش، تېرە، قىل ـ چۇپۇرلىرىدىن يېتەرلىك پايدىلىنىشنى ئادەت قىلغان. ھېچقانداق ئات ـ ئۇلاق ماڭالمايدىغان، چىدىمايدىغان، مۇشكۈل سەپەرنى قوتاز بىلەن بېسىپ، پۈتۈن چارۋىچىلىق قاتنىشىنى

www.uyghurkitap.com

قوتاز بىلەن ھەل قىلىپ ياشايدۇ. ئۇلارنىڭ سىغىنچىلىقى يەنىلا ئاساسەن قوتاز سىغىنچىلىقىدىن ئىبارەت. قوتاز سۈتىدىن سېرىق ياغ، قېتىق، قايماق، سۈزمە، ئەگدەك، ئىجىگەي (تاتلىق قۇرت)، سوغاۋ (ئايراندا ئېتىلگەن سۇيۇق ئاش) قاتارلىق يېمەكلىكلەر كۆپ تەييارلىنىدۇ.

چارۋىچىلارنىڭ يازلىق تۇرمۇشى پۈتۈنلەي ئاق ئۆي (كىگىز ئۆي)دە ئۆتىدۇ. بۇ خىل ئاق ئۆيلەر ھۆل - يېغىنغا چىدامىلىق، چوڭ، رەتلىك، پاكىز تىكىلگەن. ئۇنىڭ بارلىق جاھازلىرى (كېرىگە، شادا، دەلۋە، ئىشىك - تۈنۈك، كاشا، قۇر - ئاغامچىلىرى) ئۆزلىرى تەييارلايدۇ. بۇ خىل ئۆيلەر قازاق، قىرغىزلارنىڭ يازلىق كىگىز ئۆيلىرى بىلەن ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. موڭغۇل، تىبەتلەرنىڭ ئۆيلىرىدىن (شۇلارنىڭ دىنىي ئادەتلىرى بويىچە جايلاشتۇرۇلغان، ئىچىگە كىچىك بۇتلار قويۇلغان ھەم ئىبادەتكە ئولتۇرۇش ئورنى راسلانغان ئۆيلەردىن) پەرقلىنىدۇ.

بۇ يەردە مالنى ھەر يىلىنىڭ 4 پەسلى بويىچە ئوت - چۆپ قوغلىشىپ يۆتكەپ باقىدىغان ئادەت يوق. قوتازدىن باشقا مال ئىككى پەسىل (ياز، قىش) بويىچە ئوتلاق قوغلىشىپ بېقىلىدۇ. قوتاز دائىم دېگۈدەك قىشلاقلاردا تۇرىدۇ. بىر قىشتا 1 — 2 قېتىم يوقلاپ قويۇش بىلەن قىشتىن چىقىدۇ. مەخسۇس پادىچىلارنىڭ ئەگىشىپ يۈرۈپ بېقىشى ھاجەت ئەمەس. ھەربىر چارۋىچىنىڭ ماللىرىدا بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان قۇلاق ئەنلىرى بولىدۇ. قوي، ئۆچكە بىر يىلدا ئىككى قىرقىلىدۇ. ئۈستى يېپىق، ئەتراپى تام بىلەن توسۇلغان مال قوتانلىرىنى ياساش ئادەت قىلىنمىغان. ئۆي بىسىپ ئىت بېقىلىدۇ. يىتكەن قوي، كالا، قوتازنى يىلدىن كېيىن تۇۋاق ئىزىغا قاراپ ئىزدەپ تېپىۋالىدىغان، ھەر قانداق ھايۋاننىڭ مۆرەش، مەرەشلىرىگە قاراپ ئىگىسىنى بىلىۋالالايدىغان زېرەكلىك ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكىدۇر.

## تۆتېمغا تېۋىنىش ئادەتلىرى

ئىسلام دىنىنىڭ سۈننىي مەزھىپىدە تۇرمۇش كەچۈرۈپ كې-لىۋاتقان قارا قۇرۇم ئۇيغۇرلىرىنىڭ ھازىرقى زامان تۇۋېنىش (ئېتىقاتچىلىق) ئادەتلىرى تەركىبىدە غەيرىي ئىسلامغا مەنسۇپ تۆتېملار (ئىپتىدائىي دىنلار)غا تېۋىنىدىغان يەنى تەبىئەت مۆجى-زىلىرىگە، ھادىسىلىرىگە تېۋىنىدىغان قىلىق - ئادەتلەرمۇ خېلى بار. بۇ ئۇلارنىڭ يەر، سۇ، ئاسمان، ئاي، كۈن، ئوت، ھايۋان، دە-رەخ، قۇش، ھاشارات قاتارلىق مەۋجۇداتلارغا تەڭرىلەر قاتارىدا ئىخلاس قىلىدىغان تۇرمۇش، قىلىقلىرىدا ئادەت شەكلى بىلەن ئىپادىلىنىپ كەلمەكتە. ئىسلامىيەت ئېتىقات قۇرۇلمىلىرى بىلەن زىچ بىرىكىپ، ئارىلىشىپ ساقلىنىپ تۇرۇۋاتقان بۇ خىل غەيرىي ئىسلام ئادەتلىرىنى بىز بۇ تەكشۈرۈلگەن ئەڭ چەت، ئىچكىرى جايلىرىدا ھەم سىرتقى تەسىرنى رەت قىلىدىغان ئادەت كۈچى كۈچلۈكرەك تەقۋادار ئاھالىلەر توركۇمىدە قۇيۇقراق، قالغان جايلاردا بولسا سەل سۇسراق ئۇچرىتىپ تۇرىمىز. بۇ خىل ھالەت ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ دۇئا - كەلىمىلىرىدە، جامائەت مۇناسىۋەت-لىرىدە ئۇچراپ تۇرىدىغان ئالقىش، ئاغرىنىش، خۇشاللىق، قار-غىش، ئاغرىق، مۇشكۈلچىلىك تۈپەيلىدىن قىلىنىدىغان تۈنەك، نەزرە، خەتمە ۋە باشقا دىنىي پائالىيەتلىرىدە تىل شەكلى بىلەن «ياراتقان ئاللا ھەققىدە»، «ئاسمان زېمىن ھەققىدە»، «ئۇچالىق، تىنالىقلار ھەققىدە»، «ئوت، سۇ گىياھلار ھەققىدە» دېگەندەك دۇئا تىلى بىلەن ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. دېمەك بىز بۇ خىل دۇئا تىلى-دىن ئاسمان - زېمىن، ئۇچالىق، تىنالىقلارنىڭ تەڭرى بىلەن بىر قاتاردا قويۇلۇۋاتقانلىقىنى سېزىمىز. «قۇرئان» ئايەتلىرىنى ئوقۇپ، مۇسۇلمانچە دۇئا شەكلى بىلەن تۆتېملاردىن پاناھ، رەھىم - شەپقەت تىلەيدىغان قارا قۇرۇملۇق ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن بىز يەنە تۆتېملارغا تېۋىنىشنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى مىساللى-رىنىمۇ كۆپلەپ ئۇچرىتىپ تۇرىمىز.

ئۇلار سەپەرگە چىقىشتا، ئۆي كۆچۈشتە، مال كۆچۈرۈشتە، ئىش باشلاشتا ئالدى بىلەن يەر ـ زېمىنگە ئاتاپ نەزر ـ چىراغ ئۆتكۈزىدۇ. بىر قىسىم قەدىم جايلارنى «ئۇلۇغ يەر»، «ئۇلۇغ ئارت»، «ئۇلۇغ قىر»، «ئۇلۇغ ئېغىل» دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتاپ زىيارەت قىلىپ تۇرۇشىدۇ. ئەل ئىچىدە يەر قۇچاقلاپ يىغلايدىغان، يەر مۇشتلاپ شەرتلىشىدىغان، «يەر يۇتسۇن»، «يەر ئۇرسۇن»، «يەر قۇچاقلارسەن» دەپ قارغىشىدىغان، بوي ـ ئىسرىق سالىدىغان، چالما قازانلارنى ياساپ ساقلايدىغان، قەدىم جايلارغا دۇئا قىلىپ تۇرىدىغان ئادەتمۇ بار.

ئېقىن سۇغا تۈكۈرمەيدىغان، مىشقىرمايدىغان، يۇندا، ئەخلەت تۆكمەيدىغان، هايۋان، قۇش ـ هاشارەت ئۆلۈكلىرىنى هەم ئۇنىڭ تېرە، تۈك، ئۈچەي، قېرىنلىرىنى تاشلىمايدىغان، سۇدىن نىجادلىق تىلەيدىغان قىلىقلارمۇ كۈچلۈك ئىجتىمائىي ئەخلاق سۈپىتىدىكى ئەڭ ئومۇملاشقان ئادىتىدۇر. بۇ يەردە يەنە چەت جايلاردىكى سۈيى يىل بويى بىر خىل چىقىپ تۇرىدىغان سۈزۈك بۇلاقلارنى (ئۇلار يۇل دەپ ئاتايدۇ) ئىزدەپ تېپىپ، بۇلاق بېشىدا قان قىلىپ، تۇنەپ دۇئا قىلىپ تۇرىدىغان ئادەتمۇ بار. بۇ خىل پائالىيەت ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئاغرىقلىرى ئۈچۈنا شىپاھلىقتا، هاجەتلىرى ئۈچۈن نىجادلىقلىقتا، مۇشكۇللىرى ئۈچۈن ئاسانچىلىقتا ئېرىشىش نىيىتىدە قىلىنغان بىر خىل ئىبادەت هېسابلىنىدۇ. ئازغانسالدىكى سۆگەت مەسچىت بۇلىقى، گۆسەستىكى ئاقبەل بۇلىقى، شۇشۇدىكى يۇل باش بۇلىقى ئەنە شۇنداق تېپۇنىش بۇلاقلىرى قاتارىغا كىرىدۇ. بۇ يەرنىڭ خەلقى سۇدا ياشىغۇچى جانلىقلارنى، مەسىلەن، بېلىقنى باقمايدۇ، تۇتمايدۇ، يېمەيدۇ، ساتمايدۇ، ئۆلتۈرمەيدۇ، سۇ قۇشلىرى بىلەن هەپىلەشمەيدۇ.

قۇرغاقچىلىق ياكى هۆلچىلىك ئېغىرراق بولۇپ كەتكەن يىللىرى ئۇلار ئارىسىدا توپلىشىپ قان قىلىپ (مال ئۆلتۈرۈپ نەزر قىلىپ) ئاسمانغا قاراپ دۇئا قىلىشىدىغان، خەتمە ئوقۇپ، ياقىلىرىنى تۇتۇپ ئاسماندىن يامغۇر، قارنىڭ نورمال يېغىشىنى ئىل-

ئىنجا قىلىدىغان جامائەت قىلىقلىرى ئەدەپ كېتىدۇ. كۈندۈزى كۈنگە، كېچىسى ئايغا قاراپ تاھارەتكە ئولتۇرۇش چوڭ گۇناھ ھېسابلىنىدۇ. ئازغانسال ئويمانلىقىدىكى ئويباغ مەھەللىسى بىلەن قۇرۇلباغ مەھەللىسى ئارىلىقىدا «جاي توغراق» دەپ ئاتىلىدىغان بىر پارچە تەبىئىي قېرى توغراقلىق بار. كىشىلەر بۇ توغراقلىقنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە ئات، ئۇلاغلىرىدىن چۈشۈپ توختاپ دۇئا قىلىپ، توغراقلاردىن ئۆزلىرىگە شاپائەت قىلىشنى تىلەيدۇ. ئۇنداق قىلمىغان، توغراقلارنى يۇناپ تاشلىغان ھەرقانداق كىشى ئەلنىڭ نەزىرىدە بالا ـ قازاغا يولۇققۇچى نەس كىشى ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق كەسكىلى بولمايدىغان، تۇۋىنى تازىلاپ تاۋاپ قىلىپ تۇرىدىغان «جاي توغراق»، «مازار تېرەك»، «بالاگەردان قارىغاي»، «خىزىر تال»، «ئانا سۆگەت»، «سوت قاراغاق» لار بۇ ئېگىزلىكنىڭ ھەممىلا يېرىدە ئۇچرايدىغان سىرلىق تېۋىنىش نۇقتىلىرىدۇر. دەرەخ شاخلىرىغا كىر يايمايدىغان، ئۆي بىساتلىرىنى ئاسمايدىغان، پاسكىنا سۇ، يۇندا، قان، ھىدلارنى چاچمايدىغان ئادەتلەرمۇ ئەنە شۇ خىل «دەرەخ ئۇلۇغ» قارىشىدىن شەكىللەنگەن.

ئاغرىقلارنى ئوت بىلەن ئۇچۇغداش، بېشىدىن ئوت ئۆرۈپ كېسەل «داۋالاش»، قىزلارنى ئوتتىن ئاتلىتىپ تۇرۇش، ئوت ئويناش، توي قىلغان قىزلارنى ئوتتىن ئاتلىتىش، چوغ چايقاپ ئىچكۈزۈش، ئوتقا تۈكۈرمەسلىك، تەرەت قىلماسلىق، ئۆينىڭ ئوتنى كۆمۈپ ساقلاش، ئۆلگەن كىشىلەرنىڭ چىرىقىنى 40 كېچىگىچە ياندۇرۇپ تۇرۇش، ئوتقا قاراپ يىغلاش، دۇئا قىلىش، زارا ـ خەتمە ئاخشاملىرى ئەتراپقا ئوت يېقىپ شەپپەك تۇۋلاش، ئوتقا ياغ چېچىپ ھىد پۇرۇتۇشتەك ئاتەشپەرەستلىك ئادەتلىرى بۇ يەرنىڭ خەلقىدە ئەڭ ئومۇملاشقان ئاممىۋىي ئادەتتۇر. بۇ يەرنىڭ ئۇۋچىلىرى بۆرە ئوۋلىمايدۇ. بۆرە تېرىسىنى ئالمايدۇ، بۆرە تېرىسىدە كىيىم كىيمەيدۇ ۋە بۆرە تېرىسىنى ساتمايدۇ. «بۆرە بار يەرنىڭ مېلى تېز كۆپىيىدۇ، ياخشى ئەتلىنىدۇ، بۆرە بار يايلاقتا بەرىكەت كۆپ بولىدۇ» دەپ قارىشىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يۇقىرىقى مىساللاردا كۆرسىتىلگەن ئادەتلەرنى بىز بۇ يەردە پەقەت پايدا ـ مەنپەئەت، ئابروي ـ ئىناۋەت ياكى ئاددىيلا ئاڭسىز قىلىنغان سۈپىتىدە ئەمەس بەلكى شۇ خىل نەرسىلەرگە تېۋىنىش ھەم ئۇلارنى ئۇلۇغلاش ھېسابىدا داۋام ئەتكۈزۈلۈپ كەلگەن دەخلىسىز ئادەتلەر ھېسابىدىن ئۆچرىتىمىز.

بۇ خەلقلەرنىڭ مۇسۇلمانچىلىق ئادەتلىرىمۇ باشقا رايونلاردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئادەتلىرىدەك ئىزچىل ھەم نوقۇل ئەمەس. بۇ جايلاردا قەدىمدىن ھازىرغىچە چوڭ مەدرىسەلەر، خانىقالار ھەتتا مۇكەممەلرەك جامائەت مەسچىتلىرى، ئىپتىدائىي دىنىي مەكتەپلەر سېلىنىپ باقمىغان، چوڭ ئۆلىما، قارى ۋە مۇكەممەل دىن مويىسپىتلىرىمۇ، ھاجىلار ھەم دىنىي تەرغىباتچىلارمۇ يەرلىك ئاھالىلەر ئىچىدىن ئانچە چىقمايدۇ. شەرىئەتنىڭ پەرز، ۋاجىپ، سۈننەت، مۇستەھەپ پىرىنسىپلىرى كىشىلەرگە سۇس تەسىر كۆرسىتىپ كەلگەن.

## ئۆلۈم ـ يېتىم ئادەتلىرى

قاراقۇرۇملۇقلارنىڭ زاراتگاھلىقلىرى (ئۇلار «بەيتىملىق» دەپ ئاتايدۇ) يول بويلىرىغا، كونەس (كۆنگەي)، ئەل ئارىسىدىن چەترەك، پاكىز، خەۋپسىز، ھاۋالىق جايلارغا جايلاشقان. زاراتگاھلىققا مال قويۇپ بېرىش، ئوت قالاش، سۇ قويۇۋېتىش، قالايمىقان كىرىپ ـ چىقىش گۇناھ ھېسابلىنىدۇ. ئاياللار، قىزلار زاراتگاھلىققا كىرمەيدۇ. غەيرىي دىندىكىلەرنىڭ كىرىشىگە يول قويۇلمايدۇ. زاراتگاھلىقنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە كىشىلەر ئات ـ ئۇلاغلىرىدىن چۈشۈپ توختاپ ئايەت ئوقۇپ، دۇئا قىلىپ ئۆتۈشى لازىم. زاراتگاھلىققا دۇئا قىلماي ئۆتىدىغان، ئەجداد، قوشنا ـ قولۇملىرىنىڭ تۇپراق بېشىنى تاشلىۋېتىدىغان، قەبرىلەرنى ياغاچ ـ تاش بىلەن بوسۇرۇپ قويىدىغان، سۇپۇرۇپ تۇرىدىغان قىلىق يامان قىلىق سانىلىدۇ. تۇغ ـ شەددە (ئۇچ بۇرجەك بايراق شەكىللىك

قۇراق لاتىلار باغلانغان ئۇزۇن خادا، شاخ) قادالمىغان قەبرە بۇ يەردە ئىگىسىز، مۇساپىر قەبرە ھېسابلىنىدۇ. مېيىت (جەسەت) جەمەتلەر بويىچە بىر دائىرىنى چۆرىدەپ بىر يەرلىككە بىردىن قويۇلىدۇ. تۇپراق بېشىغا ھەر ئازنا كۈنى چالما قازانلار بىلەن بۇي (ئىسرىق) سېلىنىپ، پارچە ـ پۇرات تۇپراق نەزىرىسى قىلىنىدۇ.

كېسەل جان ئۈزگەندىن كېيىنلا مېيىت ياتقان ئۆيدىن كېچە ـ كۈندۈز چىراغ ئۆچۈرۈلمەيدۇ. «قۇرئان» ئۆيدە ئەمەس مېيىت ياتقان ئۆينىڭ تۆكلۈك بېشىدا ئۇنلۇك ئوقۇلىدۇ. بىز بۇ يەردە تۆكلۈك بېشىدىن «قۇرئان» بىلەن ياندىش قويۇلغان، ئۇستىگە مەرھۇمنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى تاۋىقىغا چىڭداپ قاچىلانغان ئۇنى، ئۇستىگە تەتۈر سانچىلغان بىر ياغاچ قوشۇقنى كۆرىمىز، بۇ قىدىلىق مەرھۇمنىڭ بۇ ئۆيدە رىزقى تۈگىگەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان بەلگە ھېسابلىنىدۇ. ھېلىقى بىر تاۋاق ئۇنمۇ ئۆلگەن كىشىنىڭ غايىپ تونۇشلىرىغا يەنى تىرىك ۋاقتىدىكى دوستلىرىنىڭ روھىـ ناتلىرىغا قىلىنغان «ئاق نەزىر» ھېسابلىنىپ، تاۋاق بىلەن خالىي جايلارغا قويۇپ قويۇلىدۇ (شامال ـ بوراندا ئۇچۇپ تۈگەيدۇ). بۇ تاۋاق، قوشۇق ئىشلىتىلمەيدۇ. مېيىت ياتقان ئۆينىڭ ئۆگزىسىگە قوش تاھارەتلىك مولىدىن باشقا كىشىنىڭ چىقىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ.

مېيىت بارلىق ئەۋلادلىرى يىغىلىپ بولغىچە بىر كۈندىن ئۈچ كۈنگىچە ساقلىنىدۇ. يېنىدىن ئادەم ئۈزۈلمەيدۇ. ئاش ـ تاماق ئېتىلىپ تۇرىدۇ. مېيىت چىقىرىلىشتىن بۇرۇن ئىككى پۇتىنىڭ باش بارماقلىرى ئاق لاتا بىلەن بىر ـ بىرىگە چېتىپ قويۇلىدۇ. ئىككى ئېڭىكى تېڭىلىدۇ. پاكىز سۇغا ئېلىنىپ، ئاق كېپەنلىك بىلەن قوش كېپەنلىنىدۇ. تىرناقلىرى، ياسىغان چىش، سالغان ھالقا ـ ئۈزۈكلىرى ئېلىپ تاشلىنىدۇ. مېيىت جىنازىغا (تاۋۇتقا) ئېلىنىپ بولغاندىن كېيىن نامىزى ئاق يەردە ئوقۇلىدۇ. مېيىت نامىزىنى مەسچىتتە ئوقۇش ئانچە ئادەت قىلىنمىغان، مېيىت جامائەت بىلەن زاراتگاھلىققا ئېلىپ مېڭىلغاندا، مېيىت ۋارىسـ

لىرى تۇپراق بېشىغىچە سەپ تارتىپ ھازا قىلىپ بارىدۇ. قەبرە ئومۇمەن ئىككى مېتىردىن چوڭقۇر، ئىچ، تاش يەرلىك بويىچە كەڭ قېزىلىدۇ. مېيىت ئىچ يەرلىككە بېشى قىبلىگە توغرىلاپ قويۇلغاندىن كېيىن، جامائەتنىڭ مېيىتكە ئاتاپ ئوقۇغان دۇئا، تەرىپلەپ بەرگەن ئاخىرەتلىك مەدىھىيەلىرى ھۆرۈلگەن كاۋاك چالمىلىرى (ئايەت چالمىلىرى) ئارىلاشقان «يەتتە كەتمەن» توپا بىلەن ئىچ يەرلىكنىڭ ئاغزى ئېتىلىدۇ. تاش يەرلىك دەل شۇ كۇ-نى كۆمۈلمەيدۇ. نورغۇن ئاھالىلەر تاش يەرلىكنىڭ ئۈستىنى كە-گىز بىلەن چۈمكەپ مەرھۇمنىڭ قىرقى توشقىچە ئىچىدە يېتىپ «قۇرئان» ئوقۇتىدۇ. ئىچ يەرلىك ئىچىدىكى «ھادىسە»لەرنى تىڭشاپ كۆرۈشىدۇ. مېيىت چىقىرىلغاندا تۇپراق بېشىدا ئۆلگۈچىنىڭ ھال - ئوقىتى، ياش - قۇرامى، جىنسىي پەرقى بويىچە ئىسقات - سالات (مېيىت ئۈچۈن بېرىلىدىغان خۇدايى دۇنيا — ۋەج، ئو-قەت) تارقىتىلىدۇ. بۇ ئاساسەن مەرھۇمنىڭ تىرىك چاغلىرىدا ئۆتنۈپ قالغان گۇمانىي ماددىي قەرزلىرى ھېسابىدا بېرىلىدىغان رەخت، يىڭنە - يىپ، پۇل قاتارلىق نەرسىلەر بىلەنلا چەكلىنىدۇ. مەرھۇمنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى بارلىق چوڭ - كىچىك قەرزلىرى تۆگىتىلىدۇ. بۇ خىل ئىسقات - سالات ئالغۇچىلار مېيىت ئۈچۈن ئۆيلىرىدە خەتمە، تىلاۋەت قىلىپ، «قۇرئان» ئوقۇپ مەرھۇمنىڭ ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن ئاتاشلىرى لازىم. مېيىت ۋارىسلىرى مەر-ھۇمنىڭ قىرقى نەزىرىسىگىچە بەللىرىگە ۋە باشلىرىغا ئاق باغلاپ قارىلىق تۇتىدۇ. ساقال - بۇرۇتلىرىنى چۈشۈرمەيدۇ، باش تارى-مايدۇ. ئەر - خوتۇنچىلىق قىلمايدۇ، توي قىلمايدۇ. توي، ئويۇن، كۆڭۈل ئېچىشلارغا بارمايدۇ، كۈلۈشمەيدۇ، مەرھۇمنىڭ تىرىك چاغلىرىدا ئىشلەتكەن، كىيگەن كىيىم - كېچەك، سايمان، بىساتە-لىرىنى قەدىرلەپ ساقلاش بىر ئۆمۈر بىلەن ئاخىرلاشمايدىغان ئەجداد تەۋەرۈكى دەپ قارىلىدۇ.

بۇ جايلاردا ئۆلۈككە قاتتىق ئۆكسۈپ (ياقا يىرتىپ)، ئېسەدەپ يىغلايدىغان ئادەت يوق. مېيىت ھازا قوشاقلىرى بىلەن چىقىرى-

لىدۇ. بۇ خىل قوشاقلار مەرھۇمنىڭ تىرىك چاغلىرىدىكى پەزىلە-
تى، مىجەزى، خۇداكويلۇقى، ئىش - ھەرىكىتى، باشتىن كەچۈر-
گەن قىسمەتلىرى، قوۋم - قېرىنداشلىرىغا بولغان شەپقىتى، ئەل
- يۇرتقا قالدۇرغان تەسىرى، ۋەسىيەتلىرى ۋە باشقا خۇسۇسىيەت-
لىرىدىن توقۇلغان قوشاقلاردىن ئىبارەتتۇر.

مەن ئاتامدىن ئايرىلىپ،
سۇندى قاناتىم قايرىلىپ.
مەن يىغلىماي كىم يىغلىسۇن،
جانىم ئاتامدىن ئايرىلىپ.

ئانامغا ئاھ ئۇرۇپ يىغلاي،
سۆزىنى ياد ئېتىپ يىغلاي.
ئىزىنى ئايلىنىپ يىغلاي،
بويىغا زارلىنىپ يىغلاي.

ئاتام ئۆلگەنگە يىغلايمەن،
ئانام ئۆلگەنگە يىغلايمەن.
ساماندەك سارغىيىپ دائىم،
يېتىم قالغانغا يىغلايمەن.

كەكلىك قاش قىزىم كەتتى،
خۇدانىڭ ئىگىلىكىگە يەتتى.
جۇدالىق دەردىدە يىغلاپ،
يۈرەك باغرىم كۆيۈپ كەتتى.

بىز ھازىدارلارنىڭ بۇ خىل قوشاقلىرىنى پۈتۈن تەكشىلىك دائىرىسىدە ئىنتايىن جىق ھەم ئومۇميۈزلۈك ئۇچرىتىمىز.

ئاخىرەتلىكنى ئالدىن تەييارلاپ قويۇش — بۇ يەردىكى ياشا-

غانلارنىڭ مۇقىملاشقان ئادەت مىزانى. كېيەنلىك رەختلىرىنى دائىم ئىبادەت جاينىمىزى قىلىپ، ياخشى كۆرگەن نەرسىلىرىنى يېقىن كىشىلىرىگە نەمۇنە ئۈچۈن ھەدىيە قىلىپ تۇرۇش، ئۆلمەي تۇرۇپ بالىلىرىغا، تۇغقانلىرىغا ۋەسىيەت قىلىپ ئاگاھلاندۇرۇش ئادەتلىرىمۇ ئومۇملاشقان ئادەتتۇر.

بۇ يەرنىڭ مېيىت نەزىرلىرى باشقا جايلاردىكى مېيىت نەزىرلىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن: ئۇلار مېيىت ئۈچۈن بېرىلىدىغان ۋاجىپ نەزىرلەرنى باشقا جايلاردىكىدەك تۆت ۋاقىت (ئۈچى، يەتتىسى، قىرقى، يىلى) بويىچە ئەمەس، بەش ۋاقىت ئادىتى بىلەن ئادا قىلىدۇ. ئۇلار بۇ خىل نەزىر تۈزۈمىنى «5 ئوماچ» دەپ ئاتاپ كەلمەكتە. بۇ خىل نەزىرلەرنىڭ رەت نۆۋىتى مۇنداق: ئەڭ چوڭ نەزىر مېيىت ئۆيدىن چىقىرىلماي، ناماز چۈشۈرۈلمەي بېرىلىدىغان «ئاق ئوماچ» (ئاق نەزىر)دۇر. بۇ خىل نەزىرگە نۇرغۇن مال ئۆلتۈرۈلىدۇ. پۈتۈن يۇرت ھەم چەت جايلاردىن شۇ نامازغا توپلانغان جامائەت ئۈچۈن داستىخان سېلىنىپ تائام تارتىلىدۇ. ھازىرداردىن تارتىپ بارلىق جامائەت ئوبدان تويۇنۇپ، مېيىت ئۈچۈن دۇئا قىلىنغاندىن كېيىن مېيىت نامىزى چۈشۈرۈلىدۇ. قالغان ئۈچ ئوماچ (ئۈچى، يەتتىسى، قىرقى ئوماچلىرى) يەنە ئوخشاشلا چوڭ ئۆتكۈزۈلۈپ، قىرقىدا ھازىدارلارنىڭ قارىلىق بەلگىلىرى ئېلىپ تاشلىنىدۇ، ھازا ئاخىرلىشىدۇ. «يىل ئوماچ» مېيىت چىقىپ ئون ئايدىن كېيىنكى 12 ئايدىن ئىلگىرىكى ئارىلىق ئىچىدە بېرىلىپ بولىدۇ. ھەممىلا نەزىرلەرگە جامائەت داستۇرخانسىز كەلمەيدۇ. نەزىر تائاملىرى ھەربىر كىشىگە بىردىن ئايرىم قويۇلىدۇ. قويۇلغان تائامنىڭ ئاشقان قىسمى نەزىر بولغان ئۆيگە قايتۇرۇلمايدۇ. ھەر كىم يەپ بولالمىغانلىرىنى «زەللە» قىلىپ ئۆيىدە قالغان بالىلىرى، قوشنا - قولۇملىرى ئۈچۈن ئېلىپ كېتىشىدۇ. بۇ خىل «بەش ئوماچ»تىن باشقا ئۆلگۈچىگە ئاتاپ ۋاقىتسىز قىلىنىپ تۇرىدىغان «ئەۋلادى نەزىر»، «خۇدايى نەزىر»، «خالىس نەزىر»، «چۈش نەزىرسى»، «غايىپ نە-

زىر» قاتارلىق نەزىرلەرمۇ ئاز ئەمەس. روزى ھېيت، قۇربان ھېيت، بارەئەت، نورۇز بايرىمى سورۇنلىرىدىمۇ مېيىت ئۈچۈن «ئەسلەش» نەزىرلىرى بولۇپ تۇرىدۇ.

## كېيىنىش ئادەتلىرى

قارا قۇرۇملۇقلار كىيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ رەڭ ـ خىللىرىنى ئومۇمەن ئۆز مۇھىتلىرىدىكى تەبىئىي مەنزىرىلەرگە يەنى ئۆسۈملۈك، گۈل ـ گىياھ، دەل ـ دەرەخ، قار، مۇز، قۇش، ھاشاراتلار ۋە ئۇ خىل نەرسىلەرنىڭ ھەر خىل پەسىللەردىكى ئۆزگىرىش ھالەتلىرىگە ئوخشىتىپ (تەقلىد قىلىپ) تاللاشنى ئادەت قىلىشقان. ئۇلار قىزىل، سېرىق، ئاق رەڭلەر تۇركۇمىگە مەنسۇپ توقۇلمىلاردىن قىشلىق تاش كىيىملەرنى كىيىمەيدۇ. تۇم قىزىل، تۇم سېرىق، تۇم ئاق، تۇم قارا توقۇلمىلاردا تۇتاش كىيىم كىيىۋالغانلارنى «غەلىتە كىيىنگەن»، «سەت ياسانغان»لار قاتارىدا مەسخىرە قىلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە قىزىل رەڭ قاننىڭ، سېرىق رەڭ ئاپەتنىڭ، قارا رەڭ قاراڭغۇلۇقنىڭ، ئاق رەڭ ماتەمنىڭ بەلگىسى دەپ قارىلىدۇ. ئەر ـ ئاياللارنىڭ تاش كىيىملىرى دېگۈدەك گۈلسىز، ئاياللارنىڭ ئىچ كىيىملىرى گۈللۈك، ئەرلەرنىڭ ئىچ كىيىمى پۈتۈنلەي گۈلسىز توقۇلمىلاردىن تىكىلىدۇ. ھەرقانداق كىيىم بولمىغاندا تىزدىن ئاشقان بولۇشى لازىم. تۈگمىلەنگەن، يانچۇقلۇق، كالتە كىيىم ـ كېچەكلەرنى كىيىش بىر خىل غەيرىي قىلىق ھېسابلىنىدۇ. شەپكە، ھەر خىل دوپپىلارنى كىيىش ئادەت قىلىنمىغان. 1950 ـ يىللاردىن كېيىن ھازىرقى زامان كىيىم ـ كېچەكلىرى بەزى جايلارغا تەسىر كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئادەت كۈچىنىڭ چەكلىمىسى بىلەن كېڭىيەلمىگەن. قىز ـ ئاياللار ئاق لېچەك، گۈللۈك ياغلىقلارنى گېلىدىن چىگىپ ئارتىۋالىدۇ. لېچەك ئۈستىدىن تۇماق كىيىۋېلىش بىر قىسىم چوڭراق ئاياللارنىڭ ئادىتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

باش كىيىملىرى: بۇ يەردە باش كىيىملىرىنى بازاردىن سېتىۋېلىش ئادىتى يوق، ئۆز يەرلىرىدە تەييارلىنىدۇ. ئەرلەر قىشلىق، يازلىق تېرە تۇماقلارنى (ئۇ يەردە «تەلپەك» دەپ ئاتىلىدۇ)، كىگىز قالپاقلارنى، ئاياللار كۆرپە تۇماقلارنى كىيىدۇ. ھەرخىل دوپپىلارنى كىيىشنى ئادەت قىلمىغان. ئەرلەرنىڭ تۇماق شەكلى ئۈچ خىلغا (چوڭ قوي تېرىسىدىن قاسقان تۇتۇلغان سالۋا تۇماق، پاقلان تېرىسىدىن قاسقان تۇتۇلغان شىرەمەس تۇماق، قوزا كۆرپىسىدىن قاسقان تۇتۇلغان كۆرپە تۇماق) بۆلۈنىدۇ. ئاياللارنىڭ ئىككى خىلغا (كۆرپە تۇماق، ئۆلۈك تۇغۇلغان قوزا تېرىسىدىن تىكىلىدىغان تەقىر تۇماق) بۆلۈنىدۇ. كۆرپە، تەقىر تۇماقلار ئومۇمەن يازلىق، قالغانلىرى قىشلىق تەييارلىنىدۇ. تۇماقلارنىڭ قاسقىنى يېرىم غېرىچتىن بىر غېرىچقىچە كەڭ، ئۆزى چوڭقۇر تىكىلىدۇ. ئەرلەرنىڭ ئەستەر - تاشسىز، ئاياللارنىڭ ئاساسەن تاشلىق بولىدۇ. رەڭگى ھەرخىل، تۆت تالالىق، يۇمىلاق، چىرايلىق تىكىلگەن تۇماقلارنى قىرلاپ كىيىۋالغان ياشلار تۇزلەڭلىك رايونلاردا تىكىلگەن ھەرخىل تۇماقلارنى ياراتمايدۇ. تۇماقلارنىڭ قىسىلچىلىقىدىن يانچۇق ئورنىدا پايدىلىنىش ئۇلارنىڭ ئادىتى. ئىككى بۇرجىكىدىن چەك قويۇلغان پۇپۇكلۇك كىگىز قالپاقلارنى يازدا كۆپرەك كىيىدىغان ئادەتمۇ بار.

ئېغىزمان كىيىملىرى: باش، ئاياق كىيىملىرىدىن باشقا كىيىملەر (ئۇچا كىيىملىرى) بۇ يەردە ئېغىزمان كىيىملىرى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ يەرنىڭ خەلقىدە ئومۇمەن قىشتا ئۈچ قات (كۆينەك، ئۇزۇن ئىچ كەمزۇل، تون ياكى جۇۋا)، يازدا ئىككى قات (يازلىق كۆينەك، يەكتەك) كىيىدىغان ئادەت بار. بۇ خىل كىيىملەر ئۇزۇن بولغىنى ئۈچۈن قىشتا پاختىلىق شىملارنى، تېرە ئىشتانلارنى كىيىش ئادەت قىلىنمىغان. قىشلىق كىيىملەرگە پاختا ئورنىغا يۇڭ ئىشلىتىدىغانلارمۇ ئاز ئەمەس، كىيىم - كېچەكلەر ئاساسەن شۇ يەرلەرنىڭ ئۆزلىرىدە، بالىلارنىڭ كىيىملىرى ئائىلىلەردە تەييارلىنىدۇ. ئاياللارنىڭ ئۇزۇن چاپانلىرى ياقا، بەل، ئالدى

گىرۋەكلىرىگە كۆمۈش تەڭگىلەر، ئېسىل مونچاقلار قادالغان، كەڭ ياقىلىق، كەڭ، قوش پەشلىك تەييارلىنىدۇ. تالالىق ئۇزۇن كۆينەكلىرى ياقا، ئالدى گىرۋەك، يەڭ ئۇچلىرىغا چىرايلىق گۈل، كەشتىلەر قوندۇرۇلغان، بوغما ياقا، كەڭ ئېتەك، كەڭ بەل تەييارلىنىدۇ. جۇۋا كىيىش ھەممە ئۈچۈن ئورتاق ئادەت، جۇۋىلار يازلىق، قىشلىق تىكىلىدۇ. ئەر ـ ئاياللارنىڭ پەرقلىق بولىدۇ. لېكىن بىر قىسىم كىشىلەر ئىچىگە كىيىدىغان پەس يوڭلۇق كالتە جۇۋىلارنىمۇ تىكتۈرىدۇ.

بۇ يەرنىڭ ئۆزگىچە بىر خىل تاش كىيىمى «كېپىنەك تون»دۇر. بۇ خىل تون يۇمشاق يۇڭ ياكى تىۋىتلەردىن تىكىشسىز، ھەرخىل يىپلاردىن جىيەك توقۇلۇپ چىرايلىق تەييارلىنىدۇ. ھەربىر ئائىلە ئۆزلىرى تەييارلايدۇ. رەڭگى ئاق، ئىخچام كېلىدۇ. تاش كىيىمنى قېلىپ قىلىۋېلىپ قالپاق، پىيما ياساش شەكلى بىلەن يۇڭ، تىۋىتتىن كىگىزگە ئوخشاش تەييارلىنىدىغان بۇ خىل قويما توننى مالچىلار بىلەن ياش ئۇۋچىلار جىقراق كىيىدۇ. ئەرزان، چىداملىق، يەڭگىل، ئىسسىق بولىدىغان بۇ خىل «كېپىنەك تون» ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىكى كىيىم ـ كېچەكلىرى تەركىبىدىلا غىل ـ پال يادلىنىدىغان، جانلىق تۇرمۇشتا يوقىلىپ كېتىۋاتقان، پەقەت قارا قۇرۇم ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇشىدىلا ئانچە ـ مۇنچە ساقلىنىپ تۇرغان بىر نەمۇنىدۇر.

ئاياغ كىيىملىرى: بۇ يەرنىڭ خەلقىدە ئۆتۈك، بەتىنكە، مەسە ـ كالاچ قاتارلىق سانائەت ئاياغلىرىنى، زاۋۇت پايپاقلىرىنى كىيىدىغان ئادەت يوق (ئۇ خىل كىيىملەر «تاغ كىيىملىرى» قاتارىدىن سانالمايدۇ، ئەلۋەتتە). ئۆچكە، كالا، قوتاز تېرىلىرىدىن تىكىلىدىغان ھەر خىل ئۇزۇن، كالتە چورۇقلار، شىرە (كالا، قوتازلارنىڭ خام تېرىلىرىدىن تىكىلىدىغان بىر خىل ئاددىي ئاياغ كىيىمى)، جوراپ (بىر خىل قېلىن يىپ پايپاق) ۋە يۇڭ پايپاقلار بۇ يەرنىڭ ئاساسلىق ئاياغ كىيىملىرىدۇر. بۇ خىل ئاياغ كىيىملەر تەكشىلىكنىڭ ئۆزىدە، ئائىلىلەردە ئېھتىياج ۋە ئۆلچەم بويىـ

چە قول ھۈنىرى بىلەن چىرايلىق، كۆركەم، يۇمشاق، يەڭگىل، پۇختا، ئىسسىق، ئەپچىل قىلىپ تەييارلىنىدۇ. ئاياللارنىڭ، قىزلارنىڭ چورۇقلىرى ئاساسەن سەل جىگەررەڭ بويالغان يەرلىك قول خۇرۇمى، قېيىش (قول بىلەن ئۈۋۈلاپ قىلىنغان چەم) بىلەن تىزغا كەلگۈدەك ئېگىز، ھەرخىل چۇچۇلۇق؛ ئەرلەرنىڭ چورۇق-لىرى ئاددىيراق ئىككى خىل (بىرى كالتە، بىرى ئۇزۇن) تىكىلىدۇ. ئۇشۇقىدىن گۈللۈك قۇلار بىلەن (يەرلىكتە توقۇلغان بىر خىل يىپ بۇغۇچلار بىلەن) بۇغۇپ كىيىشكە توغرا كېلىدىغان بۇ خىل ئاياغ كىيىملەر يەكەن، قاغىلىق، پوسكام قاتارلىق جايلاردىمۇ ئۇزاقتىن بۇيان ئاممىۋى ئاياغ كىيىملىرى تەركىبىدە ساقلىنىپ كەلمەكتە. يالاڭ ئاياغ يۈرۈش بۇ يەردە سەت ئادەت ھېسابلىنىدۇ.

قارا قۇرۇملۇقلار ئۆز جايلىرىنىڭ تەبىئىي شارائىتى، تىرىكچىلىك ئادەتلىرى، ئىگىلىك خاراكتېرى ئاساسىدا يۇقىرىقىدەك يەرلىك ئەنئەنىۋى كىيىم - كېچەك فورمىلىرىنى، كىيىنىش ئادەتلىرىنى ساقلاپ، داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن بولسىمۇ، كەلگەندىن كېيىن تۈرلۈك سانائەت كىيىملىرىنىمۇ يېڭىلىق، يېڭى مەدەنىيەت شەكلىدە بارا - بارا قوبۇل قىلىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، مەدەنىي، يېڭى تۇرمۇشلىرىنى بېيىتىشقا يۈزلەنمەكتە.

## ئۆي تۇتۇش ئادەتلىرى

قارا قۇرۇملۇقلار ئىچكىرىكى، تاشقىرى ئۇستى يېپىقلىق كەڭ ئايۋانلار ئىچىگە ئېلىنغان بىر چوڭ ئىشىك ئىچىدىكى چوڭ ئۈچ خانىلىق ئۆيلەرنى يەنى ساراي، مېھمانخانا، قازناقتىن تەركىب تاپقان ئۈچ ئىشىكلىك، بىر يۈرۈش ئۆيلەرنى سېلىپ ئولتۇرىدۇ. تۈز ئۆگزىلىك، تۆشۈكلۈك قويۇلغان بۇ خىل ئۆيلەرنىڭ ئەتراپى ھويلا تاملىرى قوشۇلۇپ، قوشۇمچە مۇلازىمەت ئۆيچىكلىرى بىلەن كېڭەيتىلىپ، چوڭ دەرۋازىلىق مۇقىم، كۆركەم ھويلا - ئىمارەت

شەكىلگە كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن، ئەترابىغا ھەر يىلى 8 ـ ئاي-
دىن كېيىن پىشىدىغان تاغ ئۆرۈكلىرى بىلەن كۆچۈملەشتۈرۈل-
گەن كىچىك باغلار، ئات ـ ئۇلاغ ئېغىللىرى تەييارلىنىدۇ. ئۆي
ـ ئىمارەتلەرنىڭ ئۆگزىلىرىگە لاي سىلىنماي، يۇمشاق ئەت تۇپا
سىلىنىپ ئۈستىدىن ئوت ـ خەس ئۈندۈرۈلىدۇ. كونكۇر (قاسقان
ياكى شەپكە شەكىللىك سايىۋەن) چىقىرىلمايدۇ. دەرۋازا، ئىشىك-
لىرى دائىم كۆن چىقىش تەرەپكە قارايدۇ. ئۆي ـ ئايۋانلارنىڭ
ئىچ يۈزىگە ھەر تۈرلۈك نەقىش ۋە نەقىشلىق نوۋەي، تاكچا (ئو-
يۇق) ھەم ئوچاق (ئىسسىنىش ئوچۇن)، مورا ئويۇلىدۇ. ئۆيلەرنىڭ
ئىچكى يەر يۈزى تۇپتۇز راسلىنىپ، ھەر خىل كىگىزلەر قەۋەتلەپ
سېلىپ قويۇلىدۇ. مېھمان كۆرۈپ كۆرپىلەر سېلىنىدۇ. ھەممىلا
ئادەم يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇشقا ئادەتلەنگەن. ئۆيلەرگە سۇپا، چوڭ يا-
غاچ تۆشەك (بەنچاڭ)، كارىۋاتلارنى قويۇش، سېلىش ئادەت قىلىن-
مىغان. ئايۋانلار سۇپىلىق بولىدۇ. ئادەتتىكى چاغلاردا قىش كۈن-
لىرى 20 دىن 30 غىچە، ياز كۈنلىرى 40 دىن 50 كىچە مېھمان
بىمالال قونالايدىغان بۇ خىل ئۆيلەردە 200 ـــ 300 كىشىلىك
توي جامائىتى قىسىلماي ئولتۇرالايدۇ. ساراي، قازناق ئۆيلىرىگە چوڭ
كات ساندۇقلار (كىيىم ـ كېچەك، بوغچا ـ بۇغۇنچە سېلىنىدىغان
ئۇچ ئېغىزلىق يوغان ياغاچ ساندۇقلار) خاپانلار، (تۆت ـ بەش تا-
غار ئۇن پاتىدىغان قوش ئېغىزلىق تۆت پۇتلۇق تۈز ساندۇقلار)
قويۇلىدۇ. ئائىلە بىساتلىرى ھەرخىل كىگىزلەر، پاختىلىق يوت-
قان، كۆرپىلەر، يوتقان جۇۋىلار (يۇڭلۇق قوي تېرىلىرىدىن تى-
كىلگەن تېرە يوتقانلار) ئىككى بېشى گۈل قۇراقلىق تەكىيەلەر-
دىن ئىبارەت. يېپىنچا ـ سېلىنچا بىساتلار يەرگە كۆركەم يۆلەك
قىلىپ يىغىلىدۇ. يىغىلغان يۆكتىن شۇ ئائىلىنىڭ باي، كەمبە-
غەللىكىنى، قىياس قىلىشقا مۇمكىن. بۇ خىل بىساتلار مېھ-
مانلار، چوڭلار، ياشلار، بالىلار بويىچە جىنسىي پەرقلەر ئاساسىدا
ئايرىم ـ ئايرىم تەييارلىنىدۇ. بەزىبىر ئائىلىلەردە قىش كۈنلىرى
يۇمشاق كىگىزلەرنى يوتقان، كۆرپە ئورنىدا پايدىلىنىدىغان ئادەت-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لەرمۇ بار. ئائىلە ئەزالىرى ياش ـ قۇرامى، جىنسىي پەرقى، خۇسۇسىيەتلىرى بويىچە ئايرىم ـ ئايرىم ئۆيلەردە يېتىپ قوپىدۇ. مېھمان قونغان ئۆيلەرگە ئۇششاقلار كىرمەيدۇ، داستىخانغا ئولتۇرمايدۇ. مېھمان دەرۋازا ئالدىدا كۈتۈپ ئېلىنىدۇ، ئۇزىتىلىدۇ. ياشانغان مېھمانلارنى قولتۇقلىرىدىن يۆلەپ، كۆتۈرۈپ ئاتلاندۇرىدىغان ئادەت بار. بەزى قەدىرلىك مېھمانلارنىڭ ئالدىغا ياز كۈنلىرى ئۇسسۇزلۇق ئاق (قېتىق، دوغ، ئايران) كۆتۈرۈپ كۆز يېيىمى يەرگىچە تازىم بىلەن بارىدىغان، يوللىرىنى سۈپۈرۈپ، قوللىرىنى سۆيۈپ، ئات، ئۇلاغلىرىنى يېتىلەپ ھۆرمەتلەيدىغان ئادەت بار. چوڭراق ئەر تۇغقانلار بىلەن يېقىن كىشىلەر بىر ـ بىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ، ئادەتتىكى ئەر كىشىلەر ئىككى قول بىلەن تۇتۇشۇپ، ئاياللار يۈز يېقىشىپ، بالىلار بىر ـ بىرىگە چاپلىشىپ كۆلۈشۈپ كۆرۈشىدۇ. مۇسىبەت مېھمانلىرى مۇسىبەت كىيىملىرىنى (ئېقىش ھەم گۈلسىز توقۇلمىلاردىن تىكىلگەن كۆك، بوز، يېشىل كىيىملەرنى) كىيىشىپ، يىراقلاردىن ھازا قوشاقلىرىنى ئېيتىپ ئاستا كېلىشىدۇ. يىغلىشىپ، قۇچاقلىشىپ دىدارلىشىدۇ. توي مېھمانلىرى تويلۇق كىيىملىرى بىلەن يىراقلاردىن غەزەل، قوشاق، كۈلكە، باركاللا سادالىرىنى ياڭرىتىپ كېلىپ ئۆزرەتلىرى بويىچە سورۇن تۈزۈپ ئولتۇرۇشىدۇ. بىر ـ بىرلەپ كۆرۈشۈش ھاجەت ئەمەس.

پۈتۈن ئەل ئىچىدە تۆر قوغلىشىپ ئۆي تۆتىدىغان، سورۇن تۈزەيدىغان بىر ئەنئەنىۋى ئادەت بار. يەنى ئۆي ئىچىدىكى ئوچاق مورىسىنى ئاساس قىلىپ چىقىرىلغان ئىككى تۆرنىڭ ئوڭ تەرىپىدە دائىم شۇ ئۆينىڭ چوڭ ئاتىسى، سول تەرىپىدە ئەڭ چوڭ ئانىسى ئولتۇرىدۇ. ھەرقانداق مېھمان مۇشۇ ئىككى كىشىنىڭ سول قولىدىن يانداشىپ ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئولتۇرۇش ئورۇنلىرى بويىچە قاتار ئورۇن ئېلىشى لازىم. ھەرقانداق چوڭ ـ كىچىك سورۇننىڭ ھەممىسىدە مۇشۇ خىل ئولتۇرۇش مۇقىم ئادەتتۇر. مەسىلەن، سىزنىڭ بوۋىڭىز (چوڭ دادىڭىز) تارىختا ئۇ-

نىڭ بوۋىسىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئولتۇرۇپ كەلگەن بولسا ھازىر سىزمۇ يەنىلا ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدىلا ئولتۇرۇشىڭىز شەرت. بۇ ئا-دەت ئەر - ئايال، چوڭ - كىچىكلەر بويىچىمۇ يەنى شۇ خىل ئا-دەت ئاساسىدا داۋام قىلىنىدۇ. بۇ يەرنىڭ سورۇنلىرىدا 80 ياشلىق بوۋاينىڭ ئوي تەرىپىدە (تۆردە) 20 نەچچە ياشلىق يىگىتنىڭ، 70 ياشلىق مومايىنىڭ تۆرىدە 18 ياشلىق قىزنىڭ ئولتۇرغانلىقى-نى دائىم كۆرۈپ تۇرۇشنىڭ سەۋەبى شۇ. بۇ خىل ئادەتكە ئەمەل قىلىنمىسا چوڭ كۆڭۈلسىزلىك كېلىپ چىقىدۇ.

بارلىق ئائىلىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش بويۇملىرى (ئورۇن كۆرپە، ئاياق - قوشۇق، چۆگۈن - قاچىلار) شۇ ئائىلە ئەزالىرى-نىڭ تۇرلۇك پەرقلىق ئالاھىدىلىكلىرى بويىچە ئايرىم - ئايرىم، مۇقىم خاسلىق ئاساسىدا ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن، ئاتىنىڭ ئاش - تاماق يەيدىغان ئاياق، قوشۇقى شۇ كىشىنىڭ ئاتىسىدىن قالغان خاس، مۇقىم ئاياق - قوشۇقتىن ئىبارەت. قالغانلارنىڭمۇ ئاتا - ئانىلار تەقسىم قىلىپ بەرگەن ئەنە شۇ خىل مۇقىم ئاياق - قو-شۇقلىرى بولىدۇ. ئورۇن كۆرپە، سايمان، ئۇلاغلارمۇ مۇشۇ قائىدە ئاساسىدا ئىشلىتىلىدۇ. ھەر كىم تامىقىنى قاچىسىغا قاراپ يەي-دىغان، ئورۇن - كۆرپە، سايمان، جابدۇقلارنىمۇ شۇ قائىدە ئاسا-سىدىكى ئادەتتۇر. ئۆيلەرگە مەش، تام مەشلەرنى قويۇش، ياساش ئادەت قىلىنمىغان. ئىسسىنىش، تاماق پىشۇرۇش مورىلىق شور ئوچاقلار ئارقىلىق بولىدۇ. ئوچاقتا ئوتۇن، چىغ، تەسكەن (بىر خىل پاكار غوللۇق چاتقال ئۆسۈملۈك)، تېزەك، ماياق قالىنىدۇ. ئوچاقتا نان يېقىلىدۇ. تونۇر سېلىش ئادەت قىلىنمىغان، ئېقىن سۇ ئىچىلىدۇ.

خەلق ئىچىدە مۇكەممەل ئائىلىۋى مىراسخورلۇق ئادەت - تۇ-زۇملىرى بار. بارلىق كۆچمە ۋە كۆچمەس مۇلۇكلەر، سالاھىيەت، ئىمتىيازلار شۇ ئائىلىدىكى تېخى ئۆي ئايرىپ چىقىپ كەتمىگەن ئەڭ چوڭ ئوغۇل بىلەن ئانىغىلا مەنسۇپلىشىدۇ. ئاتا مىراسى ئو-غۇللارغا تەڭ، قىزلارغا ئۇچتە بىر پىرىنسىپى، مەسىلەن، بارلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىقتىسادىي مۈلۈك نەق پۇلغا سۇندۇرۇلغاندا 300 يۈەن قىممەتتە بولغان بولسا 200 يۈەننى ئوغۇل، 100 يۈەننى قىز ئالىدىغان پىرىنسىپ بويىچە تەقسىم قىلىنىدۇ. بىۋاسىتە بېقىلغان نەۋرىلەرگە، ئۆگەي پەرزەنتلىرىگە پىرىنسىپ جەھەتتىن مىراس بېرىلمەيدۇ. ئانىغا ئوغۇللار بىلەن تەڭ نىسبەتتە بىر كىشىلىك مىراس تەقسىم قىلىنىدۇ. ئائىلىنىڭ ئىچكى تۇرمۇش بويۇملىرى بىلەن ئۇششاق مۈلۈكلەر مىراس تەقسىماتىغا كىرگۈزۈلمەيدۇ. ئۆيدە قالغان چوڭلارنىڭ كۆندىلىك ھالىدىن خەۋەر ئېلىش شۇ ئۆيدىكى ئەڭ كەنجى ئوغۇلنىڭ ئىلكىدە قالىدۇ. ئۆي بۆلۈپ كەتكەن ئوغۇللار چوڭلارنى دائىم يوقلاپ، خەۋەر ئېلىپ تۇرۇشى، ئۆلگەن ئاتىسىنىڭ تىرىك چاغلىرىدىكى ئىمتىياز، سالاھىيەتلىرىگە، قەرز، مەجبۇرىيەتلىرىگە ۋارىسلىق قىلىشلىرى لازىم. ئۆلگەن ئاتا ــ ئانىلارنى ئۆي ئايرىپ كەتكەن ئوغۇللار بىرلىكتە چىقىم قىلىپ ئۇزىتىدۇ. قىزلار، نەۋرىلەر، ئانىلار ياكى باشقىلار بۇنداق چىقىملارنى مەجبۇرىيەت ھېسابىدىن ئاساسەن بوينىغا ئالمايدۇ.

## ئىستېمال ئادەتلىرى

قارا قۇرۇملۇق ئۇيغۇرلار ئۇن، گۈرۈچ، ياغ، گۆشتىن تەييارلىنىدىغان نان، گۆش نان، قاتلىما، قازان كۆمىچى، چىت، گۆش سامسا، گۆش مانتا، گۆش چۆچۈرىسى، چوختەك (سۇتكە چىلىپ ياغ بىلەن پىشۇرۇلىدىغان بىر خىل نان)، ئۈگرە، چۆپ، پۇتەك (قۇناق ئۇنى بىلەن گۆشتە يۇغۇرۇلغان بىر خىل ئاش)، زاڭ، بۇلماق، چېچىلماق (سۇ قويماي ياغدىلا پىشۇرۇلىدىغان قويۇق ئۇن ئېشى)، بوغۇرساق، قۇيماق، سوغات (ئايران بىلەن پىشۇرۇلىدىغان سۇيۇق ئاش) قاتارلىق تاماقلارنى ئىستېمال قىلىدۇ. ھەر تۈرلۈك ئۆپكە ــ ھېسىپلەر، شورپا، سېرىق ياغ، قۇرۇت، ئىجگەي (تاتلىق قۇرۇت)، ئەگىدەك (ئېرىمچىك)، قايماق، سۈت، ئايران، قېتىق،

سۈزمە قاتارلىق يېمەكلىكلەرمۇ ئۇلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا
ئۆچراپ تۇرىدۇ. كاۋاپ تۈرلىرىمۇ كۆپ. بۇ خىل تائام ۋە يېمەك-
لىكلەر ھەرقايسى ئۆيلەردە تەييارلىنىدۇ. سەۋزە، پىيازسىز، ياغ،
گۆش ئىچىدە قورۇماي ئىتىلگەن پولو، مەززىلىك پىشۇرۇلغان
گۆش، ھەرخىل كاۋاپ، ياغ نان، قاتلىمىلار، ئاساسەن مېھمان تا-
ماقلىرىدۇر. قېرىلار، ئوتتۇرا ياشلىقلار، ياشلار، باللار ئۈچۈن
يۇقىرىقى يېمەكلىكلەر ئېھتىياج ۋە ئىمكانىيەت بويىچە پەرقلىق
تەييارلىنىدۇ. ئۆسمۈرلۈك يېغى ئارىلاپ يېيىلىدۇ. بىر پاخلاننىڭ
گۆشى ئۇششاق پارچىلىنىپ قېرىنىغا سۈسىز، تۇزدىن باشقا نەر-
سە قويۇلماي قاچىلىنىپ، قوقاسقا كۆمۈپ پىشۇرۇلىدىغان «قېرىن
كاۋىپى» بۇ يەرنىڭ ئەڭ مەززىلىك تامىقىدۇر. بۇ يەرنىڭ خەلقى
ئات، تۆگە، توخۇ، ئۆردەك، توشقان، بېلىق گۆشلىرىنى يېمەيدۇ.
ھەر تۈرلۈك كۆكتاتلارنى، دورا ـ دەرمەكلەر، ئاچچىقسۇ، مۇچ،
سامساق قاتارلىق نەرسىلەرنى، كۆكتات تەسىرى بار تاماقلارنى
يېيىشكە، ئىتىشكە ئادەتلەنمىگەن. جىگدە، گۈلە ـ قاق، پۇرچاق،
نوقۇت سېلىپ تاماق ئېتىدىغان ئائىلىلەرمۇ بار. ئاساسەن يىرىك
ئاشلىق (قوماچ، كوجا، پاقپاقلار) يېيىلمەيدۇ. چاي قاينىتىپ ئى-
چىش ئادىتى يوق. پۈتۈن تائام سوغۇقسۇ بىلەن يېيىلىدۇ. تاماق
ئاز ياكى قاچا يېتىشمىگەن ئەھۋال ئاستىدا ھەر قانداق تاماق بىر
نەچچە كىشىگە بىر تاۋاقتا بېرىلىدۇ. ئىككى ـ ئۈچ كىشىنىڭ
بىر تاۋاق سۈيۈق ئاشنى قوشۇق بىلەن نۆۋەتلىشىپ ئىچىۋاتقانلى-
قىنى، سەككىز ـ ئون كىشىنىڭ بىر چوڭ قاچا سۇ بىلەن بىر
داستىخاندا نان يەپ ئولتۇرغانلىقىنى ئۇچرىتىپ تۇرىمىز. تاماق
قول بىلەن يېيىلىپ، قوشۇقتا ئىچىلىدۇ. قېتىقتا نان چىلاپ
يەيدىغان ئادەت كۆپرەك. كۈندىلىك تاماقلىنىش ئادىتى تۆت ۋاق
يەنى ناشتىلىق، ئاشۋاقتىلىق، چۈشلۈك، كەچلىك بولۇپ ئاساسەن
ئاش ۋاقتىدا، كەچتە قازان ئېسىلىدۇ. گۆش باش ـ پاقالچاق،
ئۈچەي، قېرىن قوشۇلماي پىشۇرۇلىدۇ. ھۆرمەتلىك مېھمانغا مال-
نىڭ ئۈچىسى قويرۇقى بىلەن قوشۇلۇپ تارتىلىدۇ. تۆۋەنرەك

مېھمانغا بويۇن قويۇلىدۇ. ئاياللارنىڭ تۆر داستىخىنى مالنىڭ تۆشىدىن، تۆۋەن داستىخىنى ئىككى ئالدى پۇتتىن ئىبارەت. مېھمانغا قاراپ ئۆز لايىقىدا تاماق تارتىش ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىلىدىغان چوڭ مەسىلە ھېسابلىنىدۇ. مېھمان ئۆزىتىلغاندا بىر پەتنۇس نان يوللۇق تۇتۇلىدۇ. ھېيت داستىخىنى كەلگەن مېھمانغا قاراپ ئۇدۇللۇق قويۇلىدۇ. قويۇلغان مەزە تولۇق يېيىلىپ بولۇشى، ئاشقىنى مېھمان تەرىپىدىن چالا قويماي زەللە قىلىپ ئېلىپ كېتىلىشى لازىم. ھېيتلىق مەزەنى داستىخانغا تىزىپ قويىدىغان ئادەت يوق. 40 كۈنگىچە ھېيتلاپ كېلىدىغانلارمۇ بار. قۇربان ھېيتتا ئۆي بېسىپ قۇربانلىق قىلىنىدۇ. روزى ھېيت، نورۇز بايراملىرىدا ئاساسەن پوشكال سېلىنىدۇ. سوزما (ساڭزا) سالىدىغان ئادەت كېيىنرەك ئۆزلەشكەن. توي تامىقى ئاساسەن گۆش، نان، پولودىن ئىبارەت. پولو ئۈچ كىشىگە بىردىن، گۆش بىر نان بىلەن قوشۇپ ھەربىر كىشىگە بىردىن قويۇلىدۇ. توي تامىقى توي چىققان ئۆيگە قايتۇرۇلمايدۇ. يەپ بولالمىغانلىرىنى ھەركىم بىلىگە چىگىپ ئالغاچ كېتىدۇ. نەزىر تاماقلىرى ئاساسەن ئوماچ، نان، گۆش بولۇپ، بۇمۇ بىر كىشىگە بىردىن نان بىلەن بىر پارچىدىن گۆش قوشۇلۇپ ھەممە كىشىگە قويۇلىدۇ، ھەر-قانداق تويلار بىلەن چوڭ نەزىرلەر تالادا چوڭ سورۇن تۈزۈش شەكلى بىلەن تويلىشىپ (بىرلا يەرگە جەم بولۇپ) ئولتۇرغان جامائەت بويىچە ئۆتكۈزۈلىدۇ. سورۇننىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر نەچچە چوڭ داستىخان سېلىنغان بولىدۇ. ھەربىر كىشى تويلۇق ئۈچۈن ئەكەلگەن نەرسىلىرىنى پۈتۈن جامائەتكە تولۇق كۆرسىتىپ باش داستىخانچىغا بىر ـ بىرلەپ سۇنۇپ بېرىدۇ. باش داستىخانچى ئىگىسىنىڭ ئىسمى بىلەن ئەكەلگەن نەرسىنىڭ قانچىلىك، نېمە ئىكەنلىكىنى ۋارقىراپ جامائەتكە ئېلان قىلىپ تۇرىدۇ. ئەكەلگەن نان «بىر توققۇز» ئۈستىگە قويۇلغان رەخت «كىتى» قويۇلغان باشقا نەرسىلەر كۆلەڭگۈسى (بىرى ئىككى دېيىلىپ) بىلەن ئېلان قىلىنىدۇ. چوڭ نەزىرلەرمۇ مۇشۇ تەرتىپ بويىچە ئۆتكۈزۈلىدۇ.

يىغىلغان نان شۇ سورۇندا توي نېمىتى ھېسابى بىلەن يېيىلىپ، ئېلىپ كېتىلىپ تۈگەيدۇ.

پىچىنە - قەنت، كەمپىت، يەل - يېمىش بىلەن مېھمان داستىخىنى تۈزەيدىغان قىلىق بۇ يەردە سەت ئادەت ھېسابلىنىدۇ. ئۆيگە كىرگەن ھەرقانداق كىشى داستىخانسىز (مەزەسىز) ئۇزىتىلمايدۇ.

## توي - تۆكۈن ئادەتلىرى

قارا قۇرۇملۇقلار ئارىسىدا پۇل، مال، دۇنيا، مەنسەپ، ئابروي، نەسەپ ۋە باشقا باھانە - ئىمتىيازلار مۇناسىۋىتى بىلەن كىچىكنى چوڭغا، چوڭنى كىچىككە، قېرىنى ياشقا، ياشنى قېرىغا، بىمارنى ساققا، ساقنى بىمارغا نىكاھلاپ قويىدىغان ئادەت يوق، قىز كۆيگەن، يىگىت سۆيگەن، تەڭتۇشلۇق، ئىختىيارلىق ئۆلچەم قىلىنغان، قۇدىلاشقۇچىلار رازىلىق بىرىشكەن، ئەلگە ياققان نىكاھ تويى — بۇلاردا ھەقىقىي ھەم مەڭگۈلۈك توي ھېسابلىنىدۇ. ئىككى خوتۇنلۇق ياكى تولا توخۇن ئېلىپ خوتۇن قويۇپ بېرىدىغان كىشىلەر بۇ يەردە ئەلنىڭ نەزىرىدىن چۈشكەن (نەپرەت، مەسخىرىدىن خالىي بولالمايدىغان) «نىكاھ بېدىكلىرى» دېيىلىدۇ. قارا قۇرۇملۇقلارنىڭ تۆۋەندىكى ماقال - تەمسىللىرى بۇنىڭ روشەن دەلىلىدۇر.

بىر بىلەن ئۆتكەن ئەر — ھالال ئەر،
ئىككىگە قالغان ئەر — ۋەيرانە ئەر.
ئۈچكە قالغان ئەر — ئەرۋايى ئەر.
تۆتكە قالغان ئەر — ئەر ئەمەس يەر.

* *

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىرگە تەگكەن ياخشى،
ئىككىگە تەگكەن ياخشى.
گەرچە ئۈچكە تەگكىنى
گۆرگە تەگكەندىن ياخشى.
......

ئاجرىشىش مۇناسىۋىتى بىلەن بالىلارنى ئۆگەيلەرگە قالدۇرۇدىغان ياكى يېتىم قىلىدىغان كىشىلەر بۇ يەردە ئەلنىڭ نەزىرىدىن چۈشكەن، نەسلىگە ۋاپاسىزلىق قىلغان ھېسابلىنىپ كىشىلەرنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچرايدۇ. قارا قورۇملۇقلاردا:

يەڭگىگە قالغان بالا،
يىغىغا قالغان بالا.
ئۆگەيگە قالغان بالا،
ئۆلگىلى قالغان بالا.

* * *

«ئۆگەينىڭ ئېتى قۇرۇسۇن،
ئىزى ئۆچۈپ ئوتى قۇرۇسۇن.
ماڭغان ــ تۇرغان يېرى قۇرۇسۇن،
ئەۋلادىنىڭ ئۇلى قۇرۇسۇن.

دېگەندەك ماقال ــ تەمسىللەر بار. بۇ خىل ماقال ــ تەمسىللەر بالىلارنىڭ تەقدىرى بىلەن ھېسابلاشمايدىغان باغرى تاش ئاتا ــ ئانىلار ئۈچۈن كۈچلۈك نەپرەت، جامائەتكە جانلىق نەسىھەت، بالىلار ئۈچۈن سەمىمىي شاپائەت مەنىسى بىلەن كىشىلەرگە تەسىر بېرىپ كەلمەكتە. شۇڭا بىز بۇلارنىڭ جەمئىيەتنى «مېھرى دەر-

يا ئاتا ـ ئانىلار جەمئىيىتى» دەپ تونۇشقا تامامەن ھەقلىقمىز. قارا قۇرۇملۇقلاردا ئىمكىداشلىق مۇناسىۋىتى بولغانلارنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن توي قىلىشى قەتئىي مەنئىي قىلىنغان. جەمەتلەر بۇ ـ يىچە قۇدىلىشىش (نەۋرىلەرنى نەۋرىلەرگە چىتىش)، نەسەبكە يۇز ـ لىنىپ ئۆز خىلىنى تالالاشتەك نىكاھ ئادەتلىرى بۇ يەردە يوقنىڭ ھېسابىدىكى ئادەتلەر تۇركۇمىگە كىرىدۇ.

قارا قۇرۇملۇقلارنىڭ نىكاھ رەسمىيىتى مۇنداق ئورۇنلىنىدۇ. توي جامائىتى تولۇق يىغىلىپ بولغاندىن كېيىن، توي ئىگىلىرى ـ نىڭ تەكلىپىگە بىنائەن ئالدى بىلەن يۇرت پېشقەدەملىرىدىن ئەر ـ ئايالالار بويىچە ئىككى مەسلىھەت سورۇنىدا تويىنىڭ ئىچكى خىزمەت رەسمىيەتلىرىنى خانىم ـ قىزلار بويىچە بېجىرگۈچى شەخسلەر تەيىنلىنىدۇ. بوغچا (توي بوغچىسى) ئېچىلىدۇ. تويلۇق نەرسىلەرنىڭ تولۇق ياكى تولۇق ئەمەسلىكى، لايىق بولغان ياكى بولمىغانلىقى ئەسلىدىكى پۈتۈشۈش دائىرىسى بويىچە سۈرۈشتە قىلىنىدۇ. قىز تويلۇق جابدۇلىدۇ ھەم ئۇنىڭغا ئەرگە تەگكەن خوتۇنلاردا بولۇشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيەت، ئەخلاقىي پەزىلەتلەر چۈشەندۈرۈلىدۇ.

ئەرلەرنىڭ مەسلىھەت سورۇنىدا ئەرلەر بويىچە مۇناسىپ توي خىزمەتلىرى تەيىنلىنىدۇ. تويىنىڭ ياخشى ئۆتۈشىگە ئائىت تەلەپ ـ لەر تەكىتلىنىدۇ. توي بېشى، يىگىت، يىگىت قولدىشى تونۇشتۇ ـ رۇلىدۇ. يىگىتكە خوتۇنىنىڭ ھەم بولغۇسى پەرزەنتلىرىنىڭ ھا ـ لىدىن ياخشى خەۋەر ئېلىش، خورلىماسلىق، ئەرلىك، ئاتىلىق، بۇرچىنى ئۆلگىچە تولۇق ئادا قىلىش توغرىسىدا نەسىھەت بېرى ـ لىدۇ. قىزنىڭ ھەققى كەبى (سۈت ھەققى) بېكىتىلىپ، كۈيئوغۇل بولغۇچىنىڭ «غايىپ قەرزى» («ئۇ دۇنيالىق» قەرزى) ھېسابىدىن نېسىگە قالدۇرۇلىدۇ. بۇ خىل «قەرز» تېگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا كۈيئوغۇلنىڭ قېينئاتا، قېينئانىغا ئۆلگىچە خىزمەت قىلىشىنى مۇتلەق شەرت قىلغان مەنىۋىي قەرزدۇر. ئەمەلىيەتتە ھەققى كەبى ئۈچۈن ھېچقانداق ماددىي چىقىم ئېلىنمايدۇ. يۇقىرىقى ئىشلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاخىرلاشقاندىن كېيىن نىكاھ ئوقۇش سورۇنى تۈزۈلىدۇ. يىگىت، قىز ئۆز قولداشلىرى بىلەن جامائەت ئالدىغا (يىگىت بېشىنى ئېگىپ، قىز يۈزىنى يۆگەپ) ھازىر بولىدۇ ھەم نىكاھ لوقمىسى (ئۇششاق پارچىلاپ تۇزغا چىلانغان نان)نى قوبۇل قىلىشقا ئەدەپ بىلەن ئۆرە تۇرۇشىدۇ. ئادەت بويىچە نىكاھ موللىسى ئالدى بىلەن نىكاھ سۈرىسىنى ئاندىن كېيىن ئۇلاپلا ئوقۇلىدىغان نىكاھ رىسالىسىنى ئوقۇيدۇ. نىكاھ رىسالىسىنىڭ بىر بېتىدە مۇنۇلار قەيت قىلىنغان:

يىگىتكە قارىتا:

«بۈگۈنكى توي ئەھلىنىڭ گۇۋاھلىقى بىلەن ئىككى ئالەملىك جۈپتى ـ بەدەنلىك ئۈچۈن، XX ئاخۇننىڭ ئوغلى XX ئاخۇن XX ئاخۇننى قىزى XX نى خوتۇنلۇققا قوبۇل قىلدىڭىز. ھازىرقى دەقىقىدىن باشلاپ ئەرلىك قەرزىڭىزنى تولۇق ئادا قىلغايسىز. ئۇنىڭدىن رۇخسەتسىز يىرىقى ئۈچ ئايلىق، يېقىنى ئۈچ كۈنلۈك سەپەرگە تاشلاپ كەتمىگەيسىز. ئۈچ مەرتە قەستەن گۇناھ قىلمىغۇنچە بىر زەربە (تاك ئېتىپ) چەكمىگەيسىز. خارۇزار ۋەپەقىرچىلىكتە قالدۇرمىغايسىز. بولغۇسى پەرزەنتلەرنى يېتىملىكتە، خۇدايى مۇسۇلمانچىلىقتىن سىرت ھەم غەيرىي كۈنگە قالدۇرمىغايسىز. سەۋدايى غەزەپ، ناشايان گۇمان بىلەن گۇناھسىز، سەۋەبسىز «تالاق»، تۆھمەت قىلمىغايسىز.»

كېلىنگە قارىتا:

«پالانچى خان كىيۈيىڭىزنىڭ ئىككىلا دۇنيالىق ھەقىقىگە قارا سانىمىغايسىز. نامەھرەمگە، ئەرنىڭ ئەمرىگە خىلاپ نادۇرۇس ھەۋەسكە بېرىلمىگەيسىز. بولغۇسى پەرزەنتلەرنى ئۆز ئەجدادى ئىزىدىن چەتلىمەيدىغان، ۋاپالىق، تەن ـ دۇرۇس، مۇسۇلمان، ھالالچى، ئىشچان، ئەدەبلىك چوڭ قىلىپ ئەۋلادى پاكلىقنى ئادا قىلغايسىز...»

مۇسۇلمانچىلىقنىڭ نىكاھ پىرىنسىپلىرى بىلەن يەرلىك نىكاھلىنىش ئەخلاقى زىچ بىرىكتۈرۈلگەن بۇ خىل يەرلىك نىكاھ

رىسالىسى بۇ يەرنىڭ يەرلىك ئادەت قانۇنى سۇپىتىدە ئالاھىدە دىققەتكە سازاۋەردۇر.

نىكاھ ئوقۇلۇپ، نىكاھ دۇئاسى تاماملانغاندىن كېيىن، پۈتۈن جامائەت ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ نىكاھلانغانلارنى تەبرىكلەيدۇ. يىگىتنىڭ بويىنى ئېگىش، قىزنى كۆچۈرۈش رەسمىيەتلىرى ئورۇنلىنىدۇ. توي داستىخىنى تارتىلىپ، چاچقۇ چېچىلىدۇ، ئاندىن توي مەشرىپى باشلىنىدۇ. ئالقىش سادالىرى ئىچىدە قىز كۆچۈرۈلىدۇ. قىز بىلەن يەڭگە ئەۋەتىش، باردى ـ كەلدى، سالام، چاقىرىشىش ئادەتلىرى تولۇق ئورۇنلىنىدۇ.

توي مەشرىپىدە قىز ـ يىگىت ئوتتۇرىغا چۈشۈپ بىللە ئۇسسۇل ئوينىمايدۇ. ئايال قۇدىلار چوڭ پەدىلەرگە («شادىيانە») تەبرىك، خۇشاللىق ئۇسسۇلى ئوينايدۇ. قىز كۆچۈرۈلگەندىن كېيىن ئەر تەرەپنىڭ ئۆيىدە رەسمىي توي شەكلى بىلەن چوڭ توي داستىخىنى تارتىلمايدۇ. مەشرەپ ئۇيۇشتۇرۇلۇپ پاتىھە داستىخانلىرى سېلىنىدۇ. دېمەك، قىز ـ يىگىت توينى بىرلا يەردە، بىرلا قېتىم ئۆتكۈزۈش قارا قۇرۇملۇقلارنىڭ «خۇدا بىر، ئەجەل بىر، تۇغۇلۇش بىر، توي بىر» چۈشەنچىسىدىن كېلىپ چىققان يەرلىك ئادىتىدۇر.

بۇ يەردە توي چىقىمى ئېغىر بولمايدۇ. ئىقتىسادى ئوتتۇرا ھال ئاھالىلەرنىڭ ئوغۇل تەرەپ تويلۇق راسخوتى كۆپ ھاللاردا بىر كالا، ئىككى قوي، ياكى بىر قوتاز، بىر قوي قىممىتىدە (ھازىرقى پۇلغا تەخمىنە 500 يۈەن ئۆپچۆرىسىدە) پۈتتۈرۈلىدۇ. بىر چاي، بىر توي، بىر مەشرەپ، بىر چاقىرىش، بىر سالام ۋە بىر يۈز ئاچقۇدىن ئىبارەت توي رەسمىيەتلىرى ئورۇنلانغاندىن كېيىن «توي زەخمىسى» تۈگىگەن بولىدۇ. ئىقتىسادىي سەۋەب تۈپەيلىدىن تۇل، سالتاڭ قالدىغان شەخسلەرنى، بۇزۇلۇپ كەتكەن تويلارنى ئۇچرىتىش مۇمكىن ئەمەس. تۇنجى پەرزەنت تۇغۇلغان ھامان ئوغۇلنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى كۆپ ھاللاردا بالىنى بېقىۋېلىپ تەربىيەلەيدۇ. تۆۋەندىكى قوشاق قارا قۇرۇملۇقلارنىڭ توينى ئاددىي ـ ساددا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆتكۈزۈشتەك ئېسىل ئەنئەنىسىنىڭ دەلىلىدۇر.

قەرز، زەخمىسىز ئۆتكەن توي،
ئەل ـ خالايىق كۈتكەن توي.
كىچىك بولسۇن، چوڭ بولسۇن،
كۈلكە بىلەن پۈتكەن توي.

بىر مەھەللىدىن پۇل سوراپ،
بىر مەھەللىدىن مال سوراپ.
ئەرتە كەلسە قەرز سوراپ،
ئايىقىدىن يىتكەن توي.

## ئىسىم قويۇش، ئاتاش ئادەتلىرى

بىز قارا قۇرۇم ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدىن قەدىمكى بولۇپمۇ ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ساپ ئۇيغۇر تىلىدىكى ئادەم ئىسىملىرىنى (تاش، تۆمۈر، سۈپۈرگە، چىراغ، ئەخلەت، چاۋا، پاسا، كىپەك، كىچىك، چوڭ، قۇتلۇق، ئاي، چولپان، توختى، تۇردى دېگەندەك ئىسىملارنى) ئىنتايىن قويۇق ئۇچرىتىمىز. بۇ خىل ئىسىملار تۇراقلىق قوشۇمچىسى (سۈپەت پېئىلى) بىلەن («ئاخۇن»، «باي»، «بەگ»، «خان»، «جان» دېگەندەك قوشۇمچىلار بىلەن) مۇقىم بىرىككەن، چوڭقۇر مەنا، مۇكەممەل مىللىي خاسلىققا ئىگە، ئاددىي، ئىخچام، چۈشىنىشلىك ئىسىملاردۇر. بىز بۇ يەردە ئىسلامىيەتتىن كېيىن كىرگەن بىر قىسىم ئەرەبچە، پارسچە دىنىي ئىسىملار (كالامىزىم دائىرىسىدىكى ئىسىملار) نىمۇ مەسىلەن، مۇھەممەد، ئابدۇراخمان، بۇۋى خەدىچە دېگەندەك خاس ئىسىملارنىمۇ ئارىلاپ ئۇچرىتىمىز. لېكىن بۇ خىل ئىسىملار بۇ يەردە پەقەت ئۇيغۇر تىلىنىڭ تۈپ قانۇنىيىتىگە، يەرلىك ئاھالىنىڭ تەلەپپۇز ئادىتىگە تولۇق بويسۇندۇرۇلۇپ مۇھەممەد ئەمەس مەمەت، ئاب-

دۇراخمان ئەمەس ئابدىراخمان، ئىبراھىم ئەمەس، ئىبۇرايىم، بۇۋى خەدىچە ئەمەس، خەلىچە بويىچىلا ئۆزلەشتۈرۈلۈپ قوبۇل قىلىنغان ياكى قوش ئىسىم توختى مەمەت، ئاي خەدىچە دېگەن ئارىلاشما ئىسىم شەكلى بىلەن ئۆزلەشتۈرۈلگەن. سوپىلارغا خاس ئىسىملار (سوپى، دەرۋىش، ئىشان، بۇۋەم، ۋەلى دېگەندەك ئىسىملار) ياكى ئىمتىياز، ئەمەل ئۇقۇمىدىكى ھاكىم، ئىمام، پاشا، رەئىسە دېگەندەك ئىسىملار بولسا بۇ يەردە ئانچە قوبۇل قىلىنمىغان. ھازىرقى زامان ئىسىملىرىمۇ مەسىلەن، ئۈمىد، يالقۇن، مەدەنىيەت، كۈرەش دېگەندەك ئىسىملار بۇ يەردە يوق.

قارا قۇرۇملۇقلاردا نەسەب قوغلىشىپ (بۇرۇنقى ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ئىزىنى ئۈچۈرمەسلىك ئاساسىدا) ئىسىم قويىدىغان (بوۋىسىنىڭ ئىسمىنى ئوغۇل نەۋرىسىگە، مومىسىنىڭ ئىسمىنى قىز نەۋرىسىگە قويىدىغان) ئادەت قويۇقراق بولۇپ، بۇ تولىراق قىزىنى تىلىغا ئالغاندا مومىسىنى ئەسلەيدىغان، ئوغلىنى تىلغا ئالغاندا بوۋىسىنى ئەسلەيدىغان تۇرمۇش تىلى شەكلى بىلەن ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ يەردە يەنە كىشىلەرنىڭ كىچىكلىك، بالىلىق، ياشلىق، قىرانلىق، قېرىلىق دەۋرلىرى بويىچە پەرقلىق ئاتايدىغان، چاقىرىدىغان تىل (ئىسىم) ئادەتلىرى بار. مەسىلەن، بالا تۇغۇلۇپ ئىسىم قويۇلغاندىن كېيىنلا ئوغۇل بولسا پاقلىنىم، قوزام، قۇرغۇيۇم، غوجام دەپ، قىز بولسا مونچىقىم، گۈلۈم، ئالتۇنۇم دەپ، ئەسلى ئىسمىنى ئاتىماي ئەركىلىتىش سۆز بىلەن تىلغا ئالىدىغان، بالا ئۈچ ـ تۆت ياشتىن ئاشقاندىن كېيىن توختى، قۇندۇز دەپ ئەسلى ئىسمىنى تولۇق چاقىرىدىغان، بالاغەت يېشىغا يەتكەندىن كېيىن ئاخۇن، بەگ، خان، جان دېگەندەك سۆپەتلەر قوشۇلغان («سۇپۇرگە ئاخۇن»، «لاچىن بەگ»، «توختى خان»، «ئەخلەتجان» دېگەندەك) تولۇق نامىنى ئاتايدىغان ئادەت بار. ياشانغان كىشىلەر مەھەللىۋى جامائەتچىلىك ئىچىدە، بىر جەمەت كىشىلەر ئارىسىدا «باي ئاكام»، «باي دادام»، «باباكام»، «موللاكام»، «ئاق ئاناكام»، «خان ئاناكام» دېگەندەك سۇپەت ئىـ

سىملىرى بىلەن ئاتىلىدۇ. ئۆز ئىسمىنىڭ كەينىگە ئاتىسىنىڭ ئىسمىنى قوشۇپ، مەسىلەن، «چاۋاكىچىك»، «ئەخلەت پاسا» دەپ ئاتايدىغان ھازىرقى زامان فامىلىچىلىك ئادەتلىرى بۇ يەردە تېخى ئومۇملاشمىغان. بۇ خىل ئىسىم ـ فامىلە ئورنىغا تارىختىن بۇيان ساقلىنىپ كېلىۋاتقان لەقەم، جاي ياكى كەسىپ ناملىرى بىلەن، مەسىلەن، «ئاخۇنباي كاللەك»، «تۇردىيار قوڭغۇز»، «شايىخان كۆك» (ئۆششۈق)، «روزى ئاخۇن توقۇناق» (بۇلار لەقىمى ئىسىملار)؛ «ئابلىھەسەن باقشى»، «ھەمرا قويچى» (بۇلار كەسپى ئىسىملار)؛ «سامچى تۇرۇپ ئاخۇن»، (جاي ناملىرى بىلەن بىرىككەن ئىسىم) دېگەندەك لەقەم، ناملار قوللىنىدۇ. بۇ خىل لەقەم، ناملار ئەجدادتىن ئەۋلادقا مىراس، جانغا ھەمرا، «يارالغاندا يېپىشقان» بولۇپ كەلگىنى ئۈچۈن ھېچقانداق كىشى ئۇنىڭدىن نومۇس قىلمايدۇ. كىنايە، «يېغىرىغا تېگىش» بىلەن ئەمەس بەلكى ئەجداد تەۋەررۈكى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىپ قەدىرلەيدۇ، داۋاملاشتۇرىدۇ. مەسىلەن، ئازغانسال ئويمانلىقىدىكى ئاھالىلەرنىڭ (ھازىر بۇ يەر ئىككى كەنت بويىچە مەمۇرىيلاشقان) نەسەب تەزكىرىلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، تارىختىن بۇيان ئۇلار ئون خىل لەقەم تۈركۈمى بويىچە يەنى «غازلار»، «كاللەكلەر»، «قوڭغۇزلار»، «بورداقلار»، «توخۇلار»، «لاتىلار»، «پورلار»، «كوشاڭلار»، «توخۇناقلار»، «قارنى يورۇقلار» بويىچە ئاتىلىپ، ھەرقانداق زامان، ئورۇن، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت جەھەتلەردە بۇ خىل ئەجدادلىرى پەرق بىرلىك بۆلۈنمىلىرىنى ھاسىل قىلىپ كەلگەن. بۇ يەرنىڭ پىلتاش مەھەللىسىدىكى ئاھالىلەر سامچى مەھەللىسىدىكى ئاھالىلەرنى «غازلار» دەپ ئاتىسا، سامچىلىقلارمۇ پىلتاشلىقلارنى «توخۇناقلار» دەپ ئاتاپ كەلمەكتە. كىشىلەرنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ خۇلقى مىجەز، نام ـ ھاللىرىنى مەنبە قىلىپ قويۇلىدىغان بۇ خىل لەقەم ـ ناملار بۇ يەردە ھەرگىز ئاداۋەت، ئازارلىنىش، كەمسىتىش ئۇقۇمىنى بەرمەيدۇ، ئەكسىچە بۇ خىل لەقەم، ناملارنى تاشلىۋەتكەن ياكى ئۇنىڭدىن نومۇس قىلغان كىشىلەر ئۆز جەمەتلىرى ئارىسىدا، مە-

ھەللىۋى جامائەتچىلىك ئىچىدە يەكلىنىپ قېلىش ئاقىۋىتىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ.

لەقەمسىز ئەر بولماس،
ئويماقسىز خوتۇن.

لەقەمسىزنى ئادەم دېمە،
ئەنسىز[1]نى بىر مال (دېمە).

لەقەمسىزنىڭ ئۆلى يوق،
ئۆلى ئەمەس يولى يوق.

لەقەمنى خىزىر قويىدۇ،
لەقەمسىزنى ئەرۋاھ ئۇرىدۇ.

قارا قۇرۇملۇقلارنىڭ بۇ خىل ماقال - تەمسىللىرىدىن بىز ئۇلارنىڭ لەقەم، نام ھەققىدىكى پوزىتسىيەلىرىنى چۈشىنىپ ئالالايمىز.

ئۇلار ئادەم ئىسىملىرىنى ئۆزلىرى ياشاپ تۇرغان مەۋجۇت دۇنيانىڭ جانلىق، جانسىز تەبىئەت دائىرىسىدىن (زېمىن، ئاسمان، ھاۋا، قار، سۇ، تاغ، دەل - دەرەخ، گۈل - گىياھ، ئۇچالىق، تىنالىق، ھايۋانات دۇنياسىدىن)، تارىخىي ۋەقەلەر، رىۋايەت، چۆچەكلەر، ئەخلاق، ئېتىقات، ئارزۇ، ئۈمىد، نەسەب ۋە ئىجتىمائىي تىرىكچىلىك ۋاستىلىرىنى مەنبەئە، شەكىل قىلىپ قويىدۇ. مەسىلەن، ئۇلار ئۆز مۇھىتىدىكى ئاق - قارىنى، سۇزۇك سۇنى، زېمىننى، ئوت - چۆپ، گۈل - گىياھنى سىمۋول قىلىپ، «ئاق بەگ»، «سۇزۇك ئاخۇن»، «زېمىن باي»، «سېرىق باقشى» (شېرىق — بۇ يەرنىڭ ئاساسلىق مال يەيدىغان ئوتى ياكى سېرىق ئوت)، «تاشگۈل» دېگەندەك ئىسىملارنى؛ تاغنى، ئورماننى، ئاسماننى ئاساس قىلىپ «تاش باي»، «ئورمان بەگ»، «ئايخان»، «چولپانخان»

لارنى؛ قىممەتلىك دۇنيانى (ۋەجىنى) ئاساس قىلىپ «تىللاخان»، «ئالماس باي»، مىتاللارنى سىمۋول قىلىپ «تۆمۈرجان»، «پالتا باي» دېگەندەك ئىسىملارنى؛ قوشلارنى سىمۋول قىلىپ «بۇلبۇل-خان»، «لاچىن بەگ» دېگەندەك ئىسىملارنى؛ ئىستېمال ۋاستىلى-رىنى سىمۋول قىلىپ «ھەسەلخان»، «تۇقاچخان» دېگەندەك ئى-سىملارنى؛ كىيىم - كېچەك، تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى سىمۋول قى-لىپ «شايىخان»، «سۇپۇرگە ئاخۇن» دېگەندەك ئىسىملارنى قويۇپ كەلگەن. بۇ يەردە ھاياتلىقتا بولغان مۇھەببەت، بەخت - سائادەتكە بولغان ئىنتىلىش، ھېسسىياتى ئىستىكى بىلەن قويۇلىدىغان «ئا-مانباي»، «بەختىخان»، «تۇرۇپ»، «تۇردى»، «تۇرسۇن»، «توختى»، «جانان» دېگەندەك ئىسىملارمۇ خېلى بار.

بىز قارا قۇرۇم ئۇيغۇرلىرىنىڭ بۇ خىل ئادەم ئىسىملىرىدىن، ئىسىم قويۇش، ئاتاش ئادەتلىرىدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخىنى، تارىختىكى تىل، مەدەنىيىتى، ئېتنوگرافىيەسىنى، جۇغراپىيە، تەبىئەت، دۇنيا قاراش، پسىخولوگىيە، ئېتىقات، ئەخلاق ۋە باشقا جەھەتلەردىكى ئىلىم غەزىنىلىرىنى چۈشىنىش، تەتقىق قىلىشتا پايدىلىنىشقا بولىدىغان نۇرغۇن قىممەتلىك ئىز - دېرەك، مەنبە-لەرگە ئىگە بولالايمىز.

1985 - يىلى يېزىلدى

# جاھالەت پىرلىرى ئۇيغۇر دىياردا

(تارىخىي ئوبزور)

## جاھالەت پىرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر دىيارىغا كېلىشى

### سوپىزمنىڭ ئىلاھىيەت قارىشى ۋە ماھىيىتى توغرىسىدا

سوپىزم (تەسەۋۋۇپ)[1] — ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىنى ۋە كائىناتنىڭ مەۋجۇت بولۇشىنى يەككە مەۋجۇدىيەت چۈشەنچىسى بىلەن بايان قىلىدىغان مۇرەككەپ پەلسەپىۋى ئېقىم. ئۆلىمالىرىمىزدىن موللا مۇھەممەد ھۈسەيىن كۇچارى بىلەن موللا توختى خەلپەت قەشقەرىيلەرنىڭ ھىجرىيە 1226- يىلى قەشقەردە بىرلىشىپ يېزىپ قالدۇرغان «تەزكىرەئى پىرياران» (پىريارانلار بايانى) دېگەن پارچە قولىيازمىسىدا بۇ ئېقىمنىڭ تەرىپى مۇنداق بايان قىلىنغان: «سوپى يارانلار بۇ ئالەم، جۈملىدىن ئالەمدىكى جىمىكى مەۋجۇدات (جانلىق، جانسىز تەبىئەتنى دېمەكچى — ئاپتور) شەك - شۈبھىسىز ئاللاھقا خاستۇر، ئىنسان ئەنە شۇ مەۋجۇداتلار ئىچىدىكى جانلىقلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ يارىتىلىشى بىلەن تىرىكلىك جەريانى پەقەت ئۇلۇغ ئاللاھقا بېرىكىپ كېتىش، ھەمدۇ - سانا ئېيتىش، مۇتلەق، دائىما، شەك - شۈبھىسىز قۇللۇقچىلىق قىلىپ تۇرۇش، تۇۋا - ئىستىغپاردىن خالىي بولماسلىق ئۈچۈن-

① بۇ ئاتالغۇ تارىختا ئەرەبلەردە «سوپىي» — «سوپىييە»، پارسلاردا «ئىشان»، «ئىشانىزم»، مۇسۇلمان ھىندىلاردا «ئەۋھاھى ئىسلام» (ئىسلام تەرىقىتى). يەنە باشقا بەزى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا «باتىن» — «باتىنىزم»، «دەستارىيە»، ئوتتۇرا ئاسىيا جۈملىدىن شىنجاڭ مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا «خوجىلار مەزھىپى»، «پىرلىق يولى»، «سەئىد» لىك، «خۇپپىيانە ئىبادەت» يولى دېگەندەك نام - ئاتاقلار بىلەنمۇ ئاتىلىپ كەلگەن. 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن ئېتىبارەن بەزى ئىجتىمائىي پەنچىلەر بىلەن دىنشۇناسلار بۇ ئاتالغۇنى «سوپىزم» ياكى «تەسەۋۋۇپ» نامى بىلەن ئاتاپ كەلمەكتە.

www.uyghurkitap.com

دۇر. ھەر بىر بەندىنىڭ تەقدىرى ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ ئىلكىدىن ھاسىل
بولىدۇ، يەنى «ئەل تەقدىرۇل ۋەل قەلەم» (بەندىنىڭ تەقدىرى، زۇۋۇ-
لىسى ئۆزى يارىلىشتىن بۇرۇن ئاللاھ تەرىپىدىن ئاللىقاچان پېشانىسىگە
پۈتۈپ قويۇلغاندۇر دېگەن مەنىدە — ئاپتور)، «ئاللاھدىن بىئىزنى قىل
تەۋرىمەيدۇ، دەپ قارايدىغان ماشايىخلار (چوڭ ئىشانلار — ئاپتور)
دۇر.»

سوپىزم ئېقىمىنىڭ يولغا قويىدىغان ۋە داۋام ئەتكۈزىدىغان ھەرد-
كەت قىلىنامىسى: مۇسۇلمانلارنى دائىما ئاللاھ تەرەپكە، ئاللاھقا مەنسۇپ
ئىشلار تەرەپكە تەكەللۇپسىز مايىل قىلىش، ئاللاھنىڭ ئەمرىگە، ئاللاھ
ئاتا قىلغان تەقدىرىي ئۆلچەملەرگە بويسۇندۇرۇش، دائىما ئاللاھنى
ئەسلەپ تۇرىدىغان، ئاللاھقا مەنسۇپ بولمىغان مۇھەببەت ۋە ھەرىكەتنى
قوزغايدىغان ھەر قانداق ئامىل ۋە ھەۋەسلەردىن خالىي، پاك تۇرىدد-
غان، شەخسىي راھەت، مەنپەئەتنى ئويلىمايدىغان، شەخسىي غەرەزلەردە
بولمايدىغان قىلىپ تەربىيەلەش، ئادەتلەندۈرۈشتىن ئىبارەتتۇر.

سوپىزمنىڭ تارىختىكى ئىجادچىلىرىدىن بىرى — مىلادىيە 12 ـ
ئەسىردە ياشىغان مەشھۇر سوپى خوجا ئەھمەد يەسسەۋىنىڭ «دۇنيانىڭ
نازۇ ـ نېمەتلىرىنى ئىزدىگەن سوپى ئەمەس، ئۆز ھاياتىنى بەختسىزلىك
ۋە غۇربەتتە ئائەت ـ ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزگەن كىشى ھەقىقىي سوپىد-
دۇر» دېگەن تەلىمىمۇ پىكرىمىزنىڭ تارىخىي دەلىلىدۇر.

بۇ مەزھەپنىڭ تۈپ ماھىيىتى توغرىسىدا تارىخشۇناس ئى. ئا. كې-
رىۋلوف «دىن تارىخى» دېگەن كىتابىدا توختىلىپ مۇنداق يازغان:
«بۇ سىستېما شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن تەشكىللەنگەنكى، ئۇنىڭدا بىرلا
مەقسەت كۆزدە تۇتۇلىدۇ، يەنى مىڭلىغان، يۈز مىڭلىغان قارىسىغا ئە-
شىنىدىغانلار ۋە چوقۇنىدىغانلارنى تەربىيەلەش ۋە ئۇلارنى ئۆزلىرى
تېۋىنغان ئىمامغا ھەم ئۇنىڭ قوۋملىرىدىن بولغان تەرغىباتچىلىرىغا
ھېچقانداق شەرتسىز ئىنائەت قىلىدىغان قىلىپ ئادەتلەندۈرۈش، بۇنىڭ
نەتىجىسىدە ئۇلارغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئاما بىر ئوچۇم ۋىجدانسىز،
شۆھرەتپەرەسلەر قولىدىكى قارىغۇ قورالغا ئايلاندۇرۇلىدۇ.» شۇنى

كۆرۈشكە بولىدۇكى، بۇ مەزھەپ تەلىماتى ۋە ئۇنىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتى نادان ئاۋامنى ۋىجدانسىزلارچە ئالداشتىن ئىبارەتتۇر.

شۇنداق ئىكەن سوپىزىم ئىنسانلارنى بۇ ئالەمدىن مەڭگۈ تەركىي دۇنيا ھەم ئەبەدىي مۇتەئەسسىپ ئۆتۈشكە دالالەت قىلىدىغان، باشلايدىغان، مەۋجۇت ئالەم مۆجىزىلىرىنى، ئىجتىمائىي تىرىكچىلىك ۋە ئىجتىمائىي ھەققانىيەتنى ئۆزلىرىگە پايدىلىق قىلىپ چۈشەندۈرىدىغان ئاتالمىش «ئاخىرەت» «مىزانى» بىلەنلا ئۆلچەيدىغان، ئىنسانىي ھاياتقا، ئىلىم ـ پەنگە زىت، تارىختا پەيدا بولۇپ، تارىختا يوقالغان پىر ـ ئەۋلىيالارغا قۇلچىلىق كۆرسىتىدىغان ئېقىمدۇر.

**سوپىزمنىڭ پەيدا بولۇش جەريانى**

سوپىزم مەزھىپىنىڭ ئىسلامىيەت دۇنياسىغا پەيدا بولۇش، تارقىلىش، كېڭىيىش جەريانلىرىنى بىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۇنىڭ پەيدا بولۇش جەريانىغا ئائىت تارىخىي ۋەقەلەرنى قىسقىچە ئەسلەشكە توغرا كېلىدۇ.

مىلادىيە 632 ـ يىلى مۇھەممەد پەيغەمبەر ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ساھابىلىرى بىلەن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئارىسىدا خەلىپىلىكنى (ئىز باسارلىقنى) تالىشىش كۈرىشى كېلىپ چىقىدۇ. بۇ كۈرەش نەتىجىسىدە مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ دەسلەپكى ساھابىلىرىدىن بولغان ئابابەكرى بىرىنچى قېتىم خەلىپىلىكنى ئۆتەيدۇ. بۇ چاغدا مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ كۈيئوغلى ھەم نەۋرە ئىنىسى ھەزرىتى ئەلى: «پەيغەمبىرىمگە ئۇنىڭ ئۆز ئەۋلادلىرى ۋارىسلىق قىلىپ خەلىپىلىككە ئولتۇرۇشى كېرەك ئىدى» دەپ قاراپ، ئابابەكرىنىڭ خەلپە بولۇشىغا قارشى چىقىدۇ ۋە ئاخىر ئۈچىنچى قېتىم خەلىپىلىككە ئولتۇرغان ساھابە ئوسماننى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، خەلىپىلىكنى ئىگىلەيدۇ، مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ئەڭ يېقىن ساھابىلىرىدىن بولغان ئابابەكرى، ئۆمەر، ئوسمانلارنىڭ (ئۇلار مۇھەممەد پەيغەمبەر بىلەن بىر نەسىل نەسەب ئەمەس ئىدى) تەرەپدارلىرىغا قارشى ئەلى پەرەسلەرنىڭ «شىئە

www.uyghurkitap.com

ئەلى» تەشكىلاتىنى قۇردۇ. بۇ تەشكىلات پەيغەمبەر ھايات ۋاقتىدا «چاھارىيار»لىق سەلتەنىتىدە بولغان تۆت ساھابىدىن ئابابەكرى، ئۆمەر، ئوسمانلارنىڭ «چاھار يار» لىقىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. يۇقىرىقى ئۈچ ساھابىنىڭ تەرەپدارلىرىمۇ مىلادىيە 661 ـ يىلى كۇففە دېگەن يەردە ھەزرىتى ئەلىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، «شىئە»چىلەرگە قارشى ئۆزلىرىنىڭ «سۈننىي» ناملىق تەشكىلاتىنى قۇردۇ. ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئورنىنى تالاشقان ئوغلى ئىمامى ھۈسەيىنمۇ يەزىد تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ. يۇقىرىقى ۋەقەلەردىن ئېتىبارەن بۇ ئىككى گۇرۇھ ئوتتۇرىسىدا خەلىپەلىك تالىشىشنى چۆرىدىگەن مەزھەپ كۈرىشى شەكىللىنىپ، بارغانسېرى ئۆلغىيىپ كېتىدۇ، مۇرەسسەسىزلىشىدۇ. بارا ـ بارا بۇ ئىككى تەشكىلاتنىڭ يۇقىرى قاتلام دىنىي يېتەكچىلىرى ئارىسىدا «قۇرئان كەرىم» نى ۋە پەيغەمبەر تەكىتلىگەن ئەھكام، ئۇقۇم، پىرىنسىپ، ئەنئەنىلىرىنى ھەر كىم ئۆز مەۋقەلىرىنى چىقىش قىلىپ بىر ـ بىرىگە زىت تەپسىرلەيدىغان، چۈشەندۈرىدىغان، ئەمەل قىلىدىغان پىرىنسىپال مەسىلە كېلىپ چىقىدۇ. «شىئە ئەلى» چىلەرنىڭ ئۆلىمالىرى قۇرئاننى شەرھلەشتە: قۇرئاننىڭ «باتىن» (يوشۇرۇن) ھەم «زاھىر» مەنىلىرى بار. «باتىن» مەنىسى بەندىلەرنىڭ شەرتسىز، شەك ـ شۈبھىسىز ئەمەل قىلىشىغا قارىتىلغان، دەپ قارىتىپ، بۇ قاراشلىرىنى مۇستەھكەم، مەڭگۈلۈك «ھەقىقەت» سۈپىتىدە ئاساسلاش ئۈچۈن مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ئەۋلادلىرى ھەزرىتى ئەلى قاتارلىقلارنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى سۆز ـ ھەرىكەتلىرىدىن «ئەخبار» ناملىق چوڭ كىتابنى تۈزۈپ چىقىپ، «قۇرئان» بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ دىنىي پىرىنسىپلىرىنى مۇشۇ نۇقتىغا مەركەزلەشتۈرىدۇ. «سۈننىي»لەرنىڭ چوڭ ئۆلىمالىرىمۇ «قۇرئان»نى شەرھلەشتە: «قۇرئان» نىڭ ھەقىقەتەن «زاھىر»، «باتىن» مەنىلىرى بار، «زاھىر» مەنىسى — بەندىلەرنىڭ شەرتسىز ھەم شەكسىز ئەمەل قىلىشىغا قارىتىلغان، دەپ قارىشىپ، بۇ قاراشلىرىنى مۇستەھكەم، مەڭگۈلۈك ھەقىقەت سۈپىتىدە ئاساسلاش ئۈچۈن، مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرىدىن

«سۈننىي» ناملىق چوڭ كىتاب تۈزۈپ چىقىپ، قۇرئانغا يانداشتۇرۇش ئارقىلىق ئىسلام ئەقىدىلىرىنى ئەنە شۇ نۇقتىغا يىغىنچاقلايدۇ. شۇندىن قىلىپ «شىئە ئەلى» لەرنىڭ ئۆلىمالىرى قۇرئاننىڭ «باتىن» مەنىسىنى ئاساس قىلىپ، «زاھىرى» دۇنيادىكى ئىجتىمائىي بارلىقنى (ئىنسانلارنىڭ تەبىئىي، ئىجتىمائىي كۈرەش، پائالىيەتلىرىنى) «باتىن ئالەم» ئۈچۈن ئۇ «دۇنيا» ئۈچۈن بولغان خۇدايى قۇلچىلىق دائىرىسىدىن چىقىپ كەتمەسلىكى كېرەك، دەپ بىلىپ ئىنسانلارنى ئاللاھنىڭ ئىختىيارىدىكى بىقۇۋۇل ئۆتكۈنچى مەخلۇق دېگەن قارىشىدا چىڭ تۇرۇش يولى ئارقىلىق، ئۆز مەۋقەلىرى بويىچە تۇتقان يولىنى «ئەھلى تەرىقەت» (تەركىي دۇنيالىق يولى) دەپ ئاتاشقا باشلايدۇ. «سۈننىي»چىلەرنىڭ پېشۋالىرىمۇ «قۇرئان»نىڭ مەۋجۇت ئالەم توغرىسىدىكى ھەقىقىي، يېگانە دەستۇر ئىكەنلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، كائىنات ھادىسىلىرىنى، ئىنسانلارنىڭ تەبىئىي، ئىجتىمائىي غايە، كۈرەش، ئىنتىلىشلىرىنى (ئاللاھنىڭ مەۋجۇت دۇنيانى بەندىلەر ئۈچۈنلا ياراتقانلىقىنى)، «باتىن» ئالەمنىڭ «زاھىرى» ئالەم ئۈچۈن قوشۇمچە ئۇقۇم ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ مۇقىم مەۋقەلىرىنى (يولىنى) «ئەھلى شەرىئەت» (زاھىرى ئالەم يولى) دەپ ئاتايدىغان بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىسلامىيەت ـــ «شىئە»، «سۈننىي» مەزھەپلىرى بويىچە ئىككىگە پارچىلىنىپ كېتىدۇ. ئۆز ۋاقتىدا مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ئىسلام بايرىقى ئاستىغا جەملەشكەن مۇسۇلمان قوۋملىرى بىر ـ بىرىگە قارىمۇ قارشى ئىككى بايراق ئاستىغا بۆلۈنۈپ (ئۈيۈشۈپ) ئىچكى جاڭجال، مەزھەپ ئۇرۇشلىرىنىڭ قۇربانلىرىدىن بولۇشقا يۈزلىنىدۇ. بۇ ئىككى مەزھەپ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت بارغانسېرى ئۆتكۈرلىشىپ، قانلىق ئۇرۇشلارغا سەۋەب بولىدۇ.

**تۇنجى تۈركۈم «سوپى ـ زاھىد» لار گۇرۇھىنىڭ ئىراندا پەيدا بولغانلىقى توغرىسىدا**

مىلادىيە 8 ـ ئەسىرگە كەلگەندە «شىئە ئەلى» لەرنىڭ غەلىبىسى

بىلەن ئىراندا تۇنجى قېتىم مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ئەۋلادى ـــ بەشىنچى ئىمام زەئىد ئىبنى ئەلىنى بايراق قىلغان بەنى ھاشىم خەلىپىلىكى (پادىشاھلىقى) تىكلىنىدۇ. بۇ ھاكىمىيەت ھۆكۈمرانلىرى ئۆز ھاكىمىيىتىنى ئىلاھىي ۋە دۇنياۋى ھاكىمىيەت ھېسابلايدۇ ھەم خەلىپىنى «ئىلاھىي شەخس» دەپ بىلىدۇ. ئۇ مەيلى زالىم بولسۇن، مەيلى ئىستىبدات بولسۇن، خەلق ئۇنىڭغا ھامان شەرتسىز بويسۇنۇشى كېرەككى، ھېچكىمنىڭ ئۇنىڭغا قارشى چىقىشىغا ھەققى يوقلۇقى توغرىسىدا تەقىپ خاراكتېرلىك پەرمانلار چىقىرىلىدۇ. خەلىپىلىك تۈزۈمى ئىستىبداتلىشىدۇ. خەلق ئۇستىدە زۇلۇم كۆپىيىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ ھاكىمىيەتنىڭ يۇقىرى قاتلام پېشۋالىرى ئارىسىدا ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مۇھەممەد پەيغەمبەر ئەۋلادلىرىنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى، تارقىلىش دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشى نەتىجىسىدە پەيغەمبەر ئەۋلادلىرىدىن چوڭ ھوقۇقنى يەنىلا كىم ئىگىلەش مەسىلىسى كېلىپ چىقىپ، «شىئە»لەر ئارىسىدىكى دەسلەپكى بىر مەزگىللىك بىرلىك پارچىلىنىش خەۋپىگە دۇچ كېلىدۇ. بەنى ھاشىم بۇ خىل ۋەزىيەت ئىچىدە ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى ئەبەدىي ساقلاپ تۇرۇش مەقسىتى بىلەن ئۆز قوۋملىرى ئارىسىدىن (ئۆزىگە شان ـ شەرەپ كەلتۈرگۈچى «ئىشان» ۋە قەيسەر تەقۋادار «شىئە» لەر)دىن «سوپى ـ زاھىد» (تەرىقەت تەقۋادارلىرى) «پىرقە»سى (پارتىيەسى)نى تەشكىل قىلىدۇ.

بۇ «پىرقە» نىڭ ئەزالىرى تارىختا «بەنى ھاشىم زاھىدلىرى» ياكى «سوپى ھاشىملەر» نامى بىلەنمۇ ئاتىلىپ كەلمەكتە. «تەزكىرەئى پىرياران»دا «سوپى ـ زاھىد»لار توغرىسىدا مۇنداق دېيىلگەن: «ھەزرىتى بەنى ھاشىم بولسا ھەزرىتى خوجام رەسۇلىللا (مۇھەممەد پەيغەمبەر ـــ ئاپتور) نىڭ بۇ ئالەمدىكى ئۇممەتلەرگە قالدۇرۇپ كەتكەن بىردىنبىر ئەۋلادى، بەرھەق ۋەكىلى ئىدى، ئەھلى ئىسلامنىڭ پاناھى، ئىقلىمگىرى (جاھانگىرى ـــ ئاپتور) ۋە نىجادچىسى ئىدى. شۇڭا خوجام، رەسۇلىللاھنىڭ مۇبارەك ئىسىم ـ سۈپەتلىرىنى ئۆزىگە خاس تۇتۇپ، لىباسى ئىھرام (مۇھەممەد پەيغەمبەر ھايات ۋاقتىدا ئىمامەتچىلىك قىلغاندا تاشقى

كىيىمى ئۈستىدىن يۆگىنىۋالىدىغان ئاق رەخت ــ ئاپتور) كىيىپ، مۇرتلىرى بولسا «لىباسى تەۋەرۇكات» كىيىشىپ، باشقىلاردىن ئولپاز، تۇرۇق، سالاپەت، سۈپەت پەرقلىرى بىلەن پەرقلىنىپ، ھۆرمەت دەرىجىلىرى بويىچە سوپىزاتلىق تەلقىنلىرى (ئىبادەت مەۋقەلىرى) دە تۇۋۋا ـ ئىستىغپارنى تىللىرىدىن چۈشۈرمەيتتى.»

مەلۇمكى، بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقان «لىباسى تەۋەرۇكات»، «ئولپاز»، «تورۇق»، «سالاپەت»، «سۈپەت» دېگەن سۆزلەر مۇھەممەد پەيغەمبەرچە كىيىنىپ، سالاپەتلىنىپ، ئۆزىنى تۇتۇپ، يۈرۈش ـ تۇرۇش، مەشغۇلات قىلىپ (پەيغەمبەرگە ئوخشاپ) تۇرغۇچىلار دېگەنلىكتۇر. بەنى ھاشىم سوپىلىرى مۇھەممەد پەيغەمبەر ئەينى چاغلاردا (مىلادىيە 600 ـ يىلىدىن 632 ـ يىلىغىچە) تىجارەت ۋە پەيغەمبەرلىك پائالىيەتلىرىدە بولغاندا كىيىپ يۈرۈشكە ئادەتلەنگەن تۆگە يۇڭى چەكمەندىن تەييارلانغان ياقىسىز، قوش ئېتەكلىك ئۇزۇن مەللە تونىنى «لىباسى تەۋەرۇكات» دەپ ئاتىشىپ، شۇ خىل رەختتە، شۇ خىل كىيىنىشنى ئۆزلىرىنىڭ سوپىلىق بەلگىسى قىلىۋېلىشقان ھەم ئۆزلىرىنىڭ مىجەز، تۇرۇق ۋە تۇرمۇش شەكىللىرىنىمۇ ئۆزلىرىچە «پەيغەمبەرچە ئەخلاق»، «پەيغەمبەرچە ئولپاز ـ مىجەز»، پەيغەمبەرچە «تۇرۇق ـ سالاپەت»تە بولغۇچىلار قىلىپ كۆرسىتىشكە ئۇرۇنغۇچى تۇنجى سوپىلار تۈركۈمىدۇر. تارىختا بىرىنچى قېتىم شۇ شەكىلدە پەيدا بولغان، ئۆزلىرىنى «بەرھەق پەيغەمبەر ئەۋلادى ــ سەئىد» نامى بىلەن نىقابلىغان بۇ كىشىلەر ئەمەلىيەتتە كېيىنكى زامانلاردا ھەتتا ھازىرقى زامانلارغىچىمۇ پەيغەمبەرنىڭ نام، سۈپەتلىرىنى ئەكسىچە سۈيىئىستېمال قىلىدىغان، ئىشلىمەي چىشلەش (دىنىي نىقاب بىلەن دۆئاگويلۇق، ئالدامچىلىق، ھىيلىگەرلىك بىلەن تىرىكچىلىك قىلىش)نى كەسىپ قىلىۋالغان، ئىسلام ئەقىدىلىرىنى دەپسەندە قىلىپ يۈرۈۋاتقان ھارامتاماق سوپىلارنىڭ تۇنجى «پىر» (ئۇستاز) لىرىدىن ئىبارەتتۇر.

مىلادىيە 9 ـ ئەسىردە بەنى ھاشىم خەلىپىلىكى مۇسۇلمان قوۋملىرى (ئاساسەن «سۈننىي» لەر)نى ئۆز بايرىقى ئاستىغا توپلىغان ئەرەب

پادىشاھى ئابدۇل مۇلۇك قوشۇنلىرى تەرىپىدىن ئاغدۇرۇپ تاشلىنىدۇ، بەنى ھاشىم گۇرۇھىغا ئەگەشكەن مۇھەممەد پەيغەمبەر ئەۋلادلىرى بىلەن ئەلى ئەۋلادلىرى قىرغىن قىلىنىدۇ، زىندانلارغا تاشلىنىدۇ، تەقىپ ئاستىغا ئېلىنىدۇ. بۇ خىل پاجىئەلىك قىرغىندىن چۆچۈگەن بەنى ھاشىم سوپىلىرى ئىراندىن دۇنيانىڭ ھەر قايسى مۇسۇلمان رايونلىرىغا، جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مۇسۇلمان ئەللىرىگە قېچىپ كېتىشىدۇ. بۇ خىل ھالەت، مەزھەپ ئۇرۇشلىرى توختىماي، يېڭىش ـ يېڭىلىش، چىقىش ـ چۈشۈش تارىخىي زامانلار جەريانىدا تەكرارلىنىۋېرىدۇ. ئۆز ھەرىكەتلىرىدە مەغلۇپ بولغان تەرسا سوپىلارنىڭ قېچىپ كېتىش نۇقتىلىرى يۇقىرىقى جايلاردىن ئىبارەت بولۇپ تۇرىدۇ. لېكىن قاچاق سوپىلار بارغان ـ تۇرغان يەرلىرىدە يەنىلا ئۆز ھەرىكەتلىرىنى زادىلا توختاتمايدۇ.

8 ـ ئەسىردىن 10 ـ ئەسىرگىچە بولغان تارىخىي جەريانلاردا شىرۋان (ئىراننىڭ ھازىرقى ئەزەربەيجان رايونى)، بەسرە (ئىراقنىڭ بىر رايونى)، پارس (ئىراننىڭ بىر ئۆلكىسى)، شىراز (ئىراننىڭ قەدىمكى شەھەرلىرىدىن بىرى)، ھەمەدان (ئىراننىڭ غەربىدىكى بىر شەھەر)، ھىرات (ئافغانىستاننىڭ بىر شەھىرى)، ھازىرقى سۇرىيە، لىۋان، پەلەستىن، مىسىر، سەئۇدى ئەرەبىستان، ماراكەش، بەھرەيىن، بۇخارا، سەمەرقەنت قاتارلىق جايلاردا ئاشكارا، يوشۇرۇن، ھەر خىل نام، شەكىللەر بىلەن ھەرىكەت قىلىۋاتقان نۇرغۇن چوڭ ـ كىچىك سوپى ـ زاھىدلار گۇرۇھلىرى پەيدا بولىدۇ ۋە بارا ـ بارا بىر ـ بىرىگە قوشۇلۇپ (مەلۇم چوڭ ماشايىخلار يېتەكچىلىكىگە بىرىكىپ) دىنىي، ئىجتىمائىي كۈچلەر سۈپىتىدە سوپىلىق تەرىقىتىنى كېڭەيتىش كۈرەشلىرىنى قانات يايدۇرۇشىدۇ. بەزى ئىسلام تارىخلىرىدا «قوۋمى سۇلۇك داھىيلىرى» نامى بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن سوپى ھۇسەيىن ئىبنى مەنسۇر ھەللاج، شەيخ نەجمىدىن باغدادى، يۈسۈپ ھەمەدانى، خوجا ئابدۇخالىق، سانايى، ئەتتارى، رۇمىي... پىرقىلىرى ئەنە شۇ خىل سوپى ـ زاھىدلار گۇرۇھلىرىنىڭ بۆلۈنمە ناملىرىدۇر. بەزى مەنبەلەردىن مەلۇم



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولۇشچە، مىلادىيە 8 ـ ئەسىردىن 12 ـ ئەسىرگىچە خاس ئاسىيالىق مۇسۇلمانلار ئارىسىدىلا بىر ـ بىرىگە باغلانمىغان چوڭ ـ كىچىك سوپى ـ زاھىدلار گۇرۇھلىرىنىڭ بوشۇرۇن، ئاشكارا سۇلۇكلىرى 99 غا، «پىر»لىرى 101 گە يەتكەنلىكى مەلۇمدۇر.

**سوپىزم ئىسلامىيەت دۇنياسىدا مەنئىي قىلىنغان مەزھەپتۇر**

مىلادىيە 8 ـ ئەسىردىن 12 ـ ئەسىرلەرگىچە بولغان تارىخىي زامانلار ئىچىدە بەزى مۇسۇلمان يۇرتلىرى (تۇنجى قېتىم ئىران)دا پەيدا بولۇپ، تەدرىجىي سىستېمىلىشىش، جامائەتلىشىش ئارقىلىق ئىسلام مەزھەپلىرى تەركىبىگە قىستۇرۇلۇپ، ئايرىم مۇسۇلمان قوۋملىرىنىڭ سەجدە ئىخلاسلىرىدا ئېتىقاد شەكلىگە كىرگەن سوپىزم ـــ كېيىنكى چاغلار (تەخمىنەن مىلادىيە 12 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە بولغان چاغلار)دا ئايرىم مۇسۇلمان يۇرتلىرىدا ئىسلامىيەتنىڭ بىر پۈتۈن ئومۇمىي ئىناۋىتىگە، بىرلىكىگە ۋە قۇرئان ئەقىدىلىرىگە زىت سادىر قىلغان بەزى قىلمىشلىرى بىلەن ئاشكارىلىنىپ، دۇنياۋى ئىسلام شەرىئەت مەھكىمىلىرىنىڭ جازالاشلىرى بىلەن ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ قاتتىق ئەيىبلەشلىرىگە دۇچ كەلگەن ھەم قارىلانغانىدى.

سوپىزمنىڭ شۇ زامانلاردىكى ئىسلامىيەت ئالىمىنىڭ ئىناۋىتىگە، بىرلىكىگە، قۇرئان ئەقىدىلىرىگە زىت سادىر قىلغان قىلمىشلىرى ئومۇمەن مۇنۇ نۇقتىلارغا مەركەزلىشەتتى:

سوپىزم يېتەكچىلىرى ئەزەلدىن بېرى ئۆزلىرىنىڭ «پەيغەمبەر ئەۋلادى (ئىمام)» دېگەن تەمەننا ۋە نوقۇل تەرىقەت بېكىنمىچىلىكى مەۋقەلىرىنى چىقىش قىلىپ، قۇرئاننىڭ «باتىن» مەنىسى بويىچە ئىسلامنى تەرىقەتلەشتۈرۈش، مۇسۇلمانلارنى سوپىلاشتۇرۇش مەقسىتى يولىدا شۇ زامانلاردىكى ئىسلامىيەتنىڭ قانۇنلۇق داھىيلىرى (ئىسلامغا قۇرئان بويىچە يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان يېتەكچى ئۆلىمالار) قولىدىن ئىسلامىيەت ھوقۇقىنى تارتىۋېلىش كۈرەشلىرىنى زادىلا توختاتمىغانىدى. بۇ كۈرەشلەردە ئۇتۇپ چىقىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۇلار مۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سۇلمانلار ئارىسىدا ئۆزلىرىنىڭ دىنىي ئورنىنى كۆتۈرۈش («دىنىي داھى» لىق، «پىر»لىق مەرتىۋىلىرىنى تىكلەش)، ئۆزلىرىنى چۆرىدىگەن «دىنىي مەركەز»لەرنى بەرپا قىلىش ئارقىلىق ئۆز ئارقىلىرىدىن ئەگەشكۈچى كۈرەشچى مۇسۇلمان گۇرۇھلىرى (سوپى مۇرتلىرى)نى ئۇيۇشتۇرۇش ھەم بۇ كۈچلەردىن ئۆز مەقسەتلىرىنى ئورۇنلاش يولىدا ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشتىن ئىبارەت ئىدى. ئۇلار يەنە «دىنىي داھى»لىق، «پىر» لىق دەرىجىلىرىگە كۆتۈرۈلۈش مۇددىئالىرى بىلەن ئۆزلىرىچە قۇرئان ۋە ئىسلام شەرىئىتىدە ئاللىقاچان مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈپ، پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ ئورتاق ئەمەل قىلىش مىزانى، پرىنسىپى بولۇپ كەتكەن بەزى دىنىي ئەھكام، ئەركانلار (دىنىي پرىنسىپ، مەجبۇرىيەت، قائىدە، ئەنئەنىلەر) دىن ۋە قۇرئاندا تەكىتلەنگەن ئايەتلەردىن چەتنەپ، بەزى غەيرىي دىنلارنىڭ يەنى بۇددا، ھىندى ـ بىراھمان، يەھۇدىي دىنلىرىغا مەنسۇپ سوپىزمچىلارنىڭ[1] نەرسىلىرىنىمۇ ئىسلام دىنىغا ئارىلاشتۇرۇۋېلىپ ياكى ئىسلامدا يوق نەرسەلەرنى بار قىلىپ، بار نەرسەلەرنى يوق قىلىپ (قۇرئاندىكى نۇرغۇن ئايەت، ھەدىسلەرگە ئۆز قاراشلىرى بويىچە مەنە بېرىپ ۋە ئۇنىڭغا ئۆزلىرىنىڭ يېڭىچە نۇقتىئىنەزەرلىرىنى سىڭدۈرۈپ)، ئۇنى بىر خىل «دىنىي تەلىمات» شەكلى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىرىش ئارقىلىق، ئۆزلىرىنىڭ «دىنىي مەركەز» لىكىنى تىكلەش ھەرىكەتلىرىدە بولۇشقانىدى.

19 ـ ئەسىردە ياشاپ ئىجاد قىلغان شەرىئەتشۇناس سۇلتان باي ھاجىم (قاغىلىق ناھىيە گوساس ئازغانساللىق ئۇيغۇر) ئىسلام دۇنياسىدا تۇنجى قېتىم سوپىلىق «تەلىمات» نى ئوتتۇرىغا چىقارغان «خوپپە سۇلۇكى»نىڭ ئىجادچىسى، شاملىق مەشھۇر سوپى بەنى ھاشىم «سۇلۇكى» توغرىسىدا توختىلىپ مۇنداق يازغان: «تارىختا سۇلۇك يولىدا يۈرگەن (سوپىلىق يولىنى تۇتقان دېمەكچى — ئاپتور) تە-

---

① سوپىزم ئىسلام دىنىدا بولغاندەك يەھۇدىيلار دىنىدىمۇ بولغان. شۇنداقلا سوپىزمنىڭ ھىندىستاندىمۇ بىراھمان دىنىنىڭ پەلسەپە تەسىرىدىكى ھەر خىل شەكىللىرىمۇ بولغان. بۇددا دىنىدىمۇ سوپىزم كۆز قاراشلىرى ۋە ئۇنىڭ ھەر خىل شەكىل، مەزمۇنلىرى بولغان.

رىقەتچى ماشايىخلار ئۆزلىرىنى «پىر» (دىنىي يېتەكچى — ئاپتور) دەپ ئاتىشاتتى. ئۇلار قۇرئان كەرىمنىڭ «... مۇسۇلمان بەندىلەر ئاللاھنىڭ بىرلىكى، پەيغەمبىرىمىزنىڭ بەرھەق ئىكەنلىكىگە ئەقىل ـ پاراسەتلىرى بىلەن قايىل بولۇشى، ئىمان كەلتۈرۈشى، ئىبادەت بەجا قىلىشلىرى زۆرۈردۇر...» دېگەن تەلىمىنى «... ئىمان — تىل ھەم دىل بىلەن تەستىقلاش، بەدەن بۆلەكلىرى بىلەن ئورۇنلاش يەنى ئىمانىغا بەدىنى بىلەن كىرىشتۇر...» دېگەن «تەلىم» گە ئۆزگەرتىپ، «ئىنسان پەقەت جىسمانىي بەدىنى (مەۋجۇتلۇقى) بىلەنلا ئىنساندۇر، ئىنسان بەدىنىنىڭ ھەر بىر بۆلىكى ھەر ئىككىلا ئالەمدە ئىنسان ۋابال ـ ساۋابىنىڭ شاھىدى، ئاجرالماس ھەمراھىدۇر» دەپ بىلىشكەن.» مانا مۇشۇنداق چۈشەنچىلىرىنى ئاساس قىلغان سوپى ـ زاھىدلار ئۆز قاراشلىرى بويىچە چىقارغان «پەتىۋا» لىرىنى يەنى ئۆز «ئۇلۇغ» لىرىنىڭ (يېتەكچىلىرىنىڭ) مىيىت ـ جەسەتلىرىنى «تەن ئاساس»، «تەن مەڭگۈ» دېيىشىپ، ئۆزلىرى ئۇچۇن «مۇقەددەس مازار»، «مۇقەددەس ئۇلۇغ مۆجىزات» قىلىپ تۇرغۇزۇپ، ئاللاھقا بولغان مۇسۇلمانچىلىق قەرزلىرىنى شۇ خىل «مازار»، «مۆجىزات» لارغا سەجدە قىلىش، ئۆز مۇرتلىرىنى سەجدە قىلدۇرۇش بىلەنلا تولۇقلىغان قىلىشاتتى. بۇ خىل قىلمىش توپ نىيەتتىن ئالغاندا «خۇدادىن خۇدالىق»، «پەيغەمبەردىن پەيغەمبەرلىك» دەۋا قىلغانلىق، ئاللاھ بىلەن بەندىلەر ئوتتۇرىسىدا مۇھەممەد پەيغەمبەردىن باشقا يەنە بۆلەك «ۋاستىچى زات» پەيدا قىلغانلىق ئىدى... بۇ بىر «كاززاپ» لىق بولاتتى. (مۇئەللىپ بۇ سۆزنى مۇھەممەد پەيغەمبەر ھايات ۋاقتىدا «كاززاپ» ئىسىملىك بىر ئەرەبنىڭ پەيغەمبەردىن «پەيغەمبەرلىك» دەۋاسى قىلغان قىلمىشىنى نەزەردە تۇتۇپ قىلغان — ئا)

بىزگە مەلۇمكى، «قۇرئان» : ئاللاھ بىلەن بەندە ئوتتۇرىسىدا «يەنە بىر زات بار» دېگەننى قەتئىي رەت قىلىدۇ. بارلىق «مۇقەددەس مۇرت»، «مۇقەددەس مازار»، «مۇقەددەس مۆجىزات» دېگەنلەرگە «تاۋاپ» قىلىشقا قارشى تۇرىدۇ. بۇ خىل «تاۋاپ» قىلىشلارنى — بۇتقا سەجدە قىلىشنىڭ دەل ئۆزى، ئاللاھنىڭ مۇتلەق نوپۇزىنى تۆۋەن-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لەتكەنلىك، ئەۋلىيالار، ساھابىلەر، دانىشمەنلەرنىڭ توپا ـ تۇپراقلىرىنى بېرىپ تاۋاپ قىلىپ مەغپىرەت تىلەش ئاللاھ ئالدىدا گۇناھ ئۆتكۈزگەنلىك... تۇپراق بېشىغا قەبرە قاتۇرۇش، گۈمبەز ياساش قاتارلىقلارنى بىردەك ئەمەلدىن قالدۇرۇش كېرەك، دېگەن تەشەببۇسى بىلەن ئۆز ئېتىقادچىلىرىنى ئاللاھنىڭ بىرلىكى، پەيغەمبەرنىڭ بەرھەق ئىكەنلىكىدە چىڭ تۇرۇشقا دالالەت قىلىدۇ. مۇھەممەد پەيغەمبەر زامانىسىدا مۇنداق گۈمبەز، قەبرە ياساشلار يوق ئىش بولۇپ، پەقەت قەبرە بېشىغا تاش قويۇپ بەلگە قىلىپ قويۇلاتتى. بۇ قەبرىنىڭ كىمنىڭ ئىكەنلىكىنى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈنلا بولاتتى...

مۇھەممەد سالىھ تەرجىمە قىلغان «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى» دېگەن كىتابتا كۆرسىتىلىشىچە: كېيىنكى دەۋرلەردە قەبرىلەر ئۈستىگە تۈرلۈك بىنالارنى سېلىش ۋە تۈرلۈك نەقىشلەرنى ئويۇش ئىشلىرى پەيدا بولۇپ، بۇ نەرسىلەر قارىغان ئادەمگە خۇددى بۇتقا ئوخشاشلا كۆرۈنەتتى... مېيىتنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ قەبرە بېشىغا كېلىپ تۈرلۈك مۇراسىملارنى ئۆتكۈزۈشى كۆپىنچە مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ بۇتخانىلاردا ئېلىپ بارىدىغان پائالىيەتلىرىگە ئوخشاش بولۇپ، ئاخىرەتكە ئائىت ئىشلاردا رەسۇلۇللا قىلمىغان ئىشلارنى قىلىش ھەقىقەتەن بىرقۇرۇق ئاۋارىچىلىك بولاتتى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: «دىنىي ئىشلارنى ئاسانلاشتۇرۇڭلار، قىيىنلاشتۇرماڭلار...» دېگەنىدى.

دۇنياۋى ئىسلام جامائەت پىكرى تەرىپىدىن يۇقىرىقىدەك توغرا ھۆكۈم ۋە ھەق ئاساسلار بىلەن رەت قىلىنغان سوپىزم ۋە ئۇنىڭ يېيىتەكچىلىرى ئۆز قىلمىشلىرىغا كېيىنكى داۋامىنى توختاتمىغانلىقى ئۈچۈن، يەنىلا مىلادىيە 12 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا دۇنياۋى ئىسلام كۈچلىرى بەسرە، شىراز، ھەمەدان، خۇراسان قاتارلىق سوپىزم نۇقتىلىرىدا سوپىلارنىڭ شۇ چاغلاردىكى مەشھۇر «پىر»لىرى — بەسرەلىك سوپى نەجمىدىن باغدادى، شىرازلىق سوپى يۇسۇف (خەتمە ئەزەم)، مەۋلانە سەرۋەرى، ھەمەدانلىق سوپى مۇھەممەد ئەزەم (بالا گەردان پىرىم)، خۇراسانلىق سەئىد ئاسىپ ئەزىزى (پىرى ئەزىزان)

قاتارلىق ماشايىخلار (چوڭ سوپىلار)نى «ئىسلام دىنىنىڭ ئاسىيلىرى» گۇناھى بىلەن ئەيىبلەپ ئۆلۈمگە بۇيرۇيدۇ. «تەزكىرەئىي پىرياران» دا بۇ ئەھۋال: «بۇ پىرلار ئۆزلىرىنى، خوجام رەسۇلۇللا بىلەن بەندىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ۋاستىچى ئەلچى»، «پىر ئىنەلھەق» (ھەق ئاللاھنى كۆرگەن پىر — ئاپتور)، «غايىبنى بىلگۈچى» (كارامەتچىلەر) دېگەن كۇپۇرلۇق دەۋالىرى بىلەن باشلىرىدىن ئايرىلغان...» دەپ خاتىرىلەنگەن. مىلادىيە 10 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىمۇ سوپىزمنىڭ شۇ زامانلاردىكى ئەڭ چوڭ ئىجادچىلىرىدىن بىرى — ئىرانلىق سوپى ھۇسەيىن ئىبنى مەنسۇر ھەللاج: «ماڭا خۇدادىن، خۇدالىق ۋەھىي كەلدى» دېگەن گۇناھى ئۈچۈن مۇسۇلمانلار سوتى تەرىپىدىن دارغا ئېسىلىپ ئۆلتۈرۈلگەنىدى».

دېمەك سوپىزم — تارىختا يۇقىرىقىدەك ئىسلامغا زىت قىلمىشلىرى بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئېتىقاد ئېتىبارىدىن چۈشۈپ، ئىسلامىيەت دۇنياسىنىڭ رەقىب مەزھەپلىرى تۈركۈمىگە مەنسۇپلىشىپ كېتىدۇ. دۇنيا تارىخىدا بۇ مەزھەپنىڭ بىرەر قېتىممۇ بىرەر دۆلەت، بىرەر مىللەت ياكى بىرەر قەبىلە، بىرەر جەمئىيەتتە دىنىي سىياسىي ھاكىمىيەت شەكىللىگە كىرىپ باقمىغانلىقى، يېتەكچى دىنىي مەزھەپ بولۇپ نوپۇز تىكلەپ ئۆتۈپ باقمىغانلىقى ئەنە شۇ خىل پىرىنسىپلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىندۇر.

**جاھالەت پىرلىرىنىڭ ئۇيغۇر دىيارىغا كېلىش سەۋەبى**

بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز ئۆتمۈشتە (بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئەسىرلەردە) ھەر خىل زامانلارنىڭ تۈرلۈك ھادىسە، قىسمەت، پېشكەللىكلىرى تۈپەيلىدىن ئۆز يۇرت، ماكانلىرىدىن ئايرىلىپ پاناھلىق ئىزدەپ ئۇيغۇر دىيارىغا كېلىپ قالغان ھەر خىل كەچۈرمىشلىك مۇساپىر خوجا ـ ئىشانلارغا ئۆز ئارىلىرىدىن تۇرۇشقا ئورۇن، ياشاشقا يول ھازىرلاپ بېرىشتەك ئىنسانپەرۋەرلىك خۇسۇسىيەتلىرى بىلەنمۇ ۋەتىنىمىزدە ھەر قايسى زامانلار بويىچە ھەر خىل غەيرىي مىللىي تەركىب ۋە ياكى غەيرىـ

www.uyghurkitap.com

رىي ئاھالىلەر تۈركۈملىرىنىڭ پەيدا بولۇشى، كۆپىيىشى، ئورۇن ئىپادى-
شى، يەرلىشىشى، سىڭىش - سىڭىشىشتەك تەقدىر - قىسمەتلىرىنىڭ
ھوقۇقى جەھەتتىن تىكلىنىشىگە سەۋەب بولۇشقان. تۇرلۇك تارىخىي
مەنبەلەردىن بىلىشىمىزچە، مىلادىيە 8 - ئەسىردىن 19 - ئەسىرنىڭ
ئاخىرلىرىغىچە بولغان ئۇزاق تارىخىي زامانلار جەريانىدا دىيارىمىزغا
چەتتىن «تىنچ» ئىقىپ كىرگەن (مۇساپىرەتچىلىك سەپىرىدە كېلىپ
يەرلىشىپ قالغان ياكى نەسەپ، ئەۋلاد قالدۇرۇپ كەتكەن) بۇ خىل
سەرگەردان مۇساپىرلارنىڭ خېلىلا بىر قىسمى ئىران، ئىراق، ھىندى،
ئافغان، بۇخارا، كاسان قاتارلىق جايلاردىن ھەر خىل زامانلاردا، ھەر خىل
شارائىت ۋە ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن بىزگە قېچىپ كەلگەن كۆچكۈن
سوپى، ئىشانلارغا مەنسۇپ «ئەھلى دىن پېقىرلىرى» دىن ئىبارەت بول-
غان. ئۇلار ئۇيغۇر دىيارىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ماكان تۇتۇشقاندىن
كېيىنلا ئالدى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ «ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن مۆمىن بەن-
دىلەرگە ‹پىر›، ‹ئۇستاز› بولۇش ئۈچۈن كەلگەن» لەر دېيىشىپ،
بارا - بارا ئەجدادلىرىمىزغا «ئۇلۇغ پىرلىق»، «ئۇلۇغ سەئىدلىك»،
«ئۇلۇغ زاتلىق»، «خىسلەت»، «كارامەت» لىرى بىلەن دىنىي، روھىي
جەھەتتىن ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىغان. بۇ خىل باشلىنىشلار نەتى-
جىسىدە شۇ زامانلاردىكى بىر قىسىم ئەجدادلىرىمىز تەدرىجىي يۇرت
بىزدىن، خەلق بىزدىن، بايلىق، مەئىشەت، ئىلتىپات، سوكۇت، بويسۇ-
نۇش، «سەۋر»، «تەقدىرگە تەن بېرىش» بىزدىن، «پىرلىق»، «دىنىي
يېتەكچى» لىك، ئەگەشتۈرۈش، باشقۇرۇش، يېتەكلەش ئەنە شۇ «ئۇ-
لۇغ زاتلار»دىن بولىدىغان جاھالەتلىك جەمئىيەتنىڭ پەقەت بويسۇ-
نۇشقىلا يارىتىلغان، كۆنۈك، مۆمىن «ئىمانى كامىل» لىرىدىن بولۇپ
كېتىشكەن.

ئەسلىي تېمىمىزدىن ھالقىپ كەتمەسلىك ھەم تېمىنى تېخىمۇ ياخ-
شىراق يورۇتۇپ بېرىش ئۈچۈن قولىمىزدىكى تارىخىي ئاساسلىرىمىزغا
بىنائەن، يۇقىرىدا تەرىپلەنگەن سوپى - ئىشانلار ئىچىدىن ئەينى
زامانلاردا ئۇيغۇر دىيارىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا يەرلىشىپ، ئابرۇي

تېپىپ، باش كۆتۈرۈپ (ئەجدادلىرىمىزغا «پىر»، «خوجا»، «ئىشان»لىق قىلىپ) مەلۇم دەۋرلەر بويىچە ئىش تەۋرىتىپ، تارىخىمىزدا بىزگە تۈرلۈك ئېچىنىشلىق سەلبىي ئىزلارنى، ھەتتا ئەڭ ھالاكەتلىك تارىخىي زەبۇنچىلىقنى قالدۇرۇپ كەتكەن، ۋەكىللىك خاراكتېرى چوڭ، تەسىرى كەڭ تېخى ھازىرغىچىلىكمۇ بەزى كىشىلىرىمىزنىڭ ئېتىقاد، ئىشەنچ ـ ئېتىبارلىرىدا «ئۇلۇغ پىر» لىق نامى بىلەن يادلىنىپ تۇرۇۋاتقان تۆۋەندىكى ئاتاقلىق يەتتە «ئۇلۇغ پىر»، «ئۇلۇغ زات» توغرىسىدا بىر ـ بىرلەپ قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## 1. «خوجا مۇھەممەد شېرىپ پىرىم» ھەققىدە

تارىخىي خاتىرىلەردىن مەلۇمدۇركى، تارىختا ئۇيغۇر دىيارىغا مۇسا-پىرچىلىق بىلەن كېلىپ، بىزدىكى ئۆمرىدە «ئۇلۇغ پىر»لىق نامى بىلەن داڭق چىقىرىپ، بىر قىسىم ئەجدادلىرىمىزنى سوپىلىق يولىغا باشلاپ، ئالەمدىن ئۆتكەن مەشھۇر سوپى - زاھىدلاردىن بىرى — ئىرانلىق سەرگەردان خوجا مۇھەممەد شېرىپ ئىسىملىك سوپىدۇر. بۇ كىشى ئەسلىدە مىلادىيە 12 - ئەسىردە ياشاپ ئۆزىنى «ھەپتە مۇھەممەدان» (مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ 7 - ئەۋلاد پۇشتى) دەپ ئېلان قىلىپ ئا-لەمدىن ئۆتكەن ئىرانلىق مەشھۇر سوپىزم تەرغىباتچىسى ئوبۇل ياقۇل يۇسۇف ئەلپۇزەنجىر ئەل ھەمەدانىنىڭ 15 - ئەسىردىكى ئەۋلادلىرىدىن بىرى بولۇپ، خۇراسان ئۆلىمالىرىنىڭ پەتىۋاسى بىلەن «خۇدالىق دەۋاسى قىلغان» گۇناھى ئۈچۈن ئۆلۈمگە بۇيرۇلغان يېرىدىن ھىن-دىستان ئارقىلىق يەكەنگە قېچىپ كەلگەن. يەكەندە ئۆزىنى «پىر» دەپ ئېلان قىلىپ، يەكەن، قەشقەر تەۋەلىرىدە يەتتە - سەككىز يىل سو-پىزمنى تەشۋىق قىلىش، تارقىتىش، كېڭەيتىش ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. بەزى مازارلارغا شەيخلىق قىلغان. 1565 - يىلى يەكەن-دە ئالەمدىن ئۆتكەن. 1807 - يىلى ئۇنىڭ پۇشتى، يەكەن ۋاڭى — يۇنۇس ۋاڭ تەرىپىدىن قەبرىسى «مازار» قىلىپ قاتۇرۇلۇپ «خوجا مەشپىرىم» (خوجا مۇھەممەد شېرىپ پىرىم) نامى بىلەن ئاتىلىشقا باش-لىغان. ھازىر بۇ مازار يەكەندە «ھەزرىتى پىر» دېيىلىپ كەلمەكتە. بۇ «پىر»نىڭ تارىختا بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن بەزى «پىر»لىق «تۆھ-پە» مىراسلىرى (قىلمىش - ئەتمىشلىرى) نى قولىمىزدىكى ئاساسلىرى-مىزغا بىنائەن تۆۋەندىكىچە ئەسلەپ ئۆتىمىز:

خوجا مۇھەممەد شېرىپ يەكەنگە كېلىپلا ئۆزىنى «مۇھەممەد ئەلەي-ھىسسالامنىڭ 23 - بوغۇن نەۋرىسى» دەپ ئېلان قىلىپ، مۇسۇل-

مانلارنىڭ رايىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ ۋە: «پۈتۈن دىنىي ئىشلارنىڭ هوقۇقى پەقەت مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام نەسەبلىرىگىلا خاستۇر» دېگەن «پەتىۋا» بىلەن يەكەننىڭ ھەممە دىنىي ئىشلار ھوقۇقىنى يەرلىك ئۆلىمالار بىلەن ئەھلى شەرىئەت مۆتىۋەرلىرىدىن تارتىۋالىدۇ. 1534 ـ يىلى سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تەرەققىياتپەرۋەر خانى ئەبدۇرەشىدخان جەمئىيىتىنىڭ «باش شەيخۇلئىسلام» لىقىنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىپ، ھەر بىر ۋىلايەت، ئايماق، يۇرتلاردا دەرىجىلەر بويىچە دىنىي مەھكىمىلەر (قازىخانا ۋە سوراقخانىلار)نى تەسىس قىلىپ، ئۆزىنىڭ سوپىلىق تۈزۈمىنى خانلىق نامى بىلەن كېڭەيتىدۇ، مۇستەھكەملەيدۇ. ئابدۇرەشىدخانىنى «مۇرت» لىققا قوبۇل قىلىپ «پىر» لىق «سالاپىتى» بىلەن تىزگىنلەشكە باشلايدۇ. «يەكەن تارىخى» ناملىق ئەسەردە بۇ توغرۇلۇق مۇنداق يېزىلغان: «... ئابدۇرەشىدخان خوجا مۇھەممەد شېرىپكە قول بېرىپ مۇرت بولىدۇ. شۇ تارىخىي شارائىتتا ئابدۇرەشىدخاننىڭ شۇنداق قىلماسلىققا ئىمكانىيىتى يوق ئىدى. چۈنكى، سۇلتان سەئىدخان زامانىسىدا (ئابدۇرەشىدخاننىڭ دادىسى — ئاپتور) كەڭ ئەۋج ئالغان سوپىلار پىتنىسى ئابدۇرەشىدخانغا تۈرلۈك تۆھمەت ـ بەدناملارنى چاپلاش بىلەن خاراكتېرلىنىپ تۇراتتى. شۇڭا ئابدۇرەشىدخان خوجا مۇھەممەد شېرىپ بىلەن مازارلارغا بېرىپ، خانىقالاردا تۈپە، «ياھۇ ـ يا مەنھۇ» دەپ چار سېلىپ يۈرگەن سوپىلارنى سەپەرۋەر قىلىپ ئەسكەرلىككە ئېلىشى، ئۆزىگە ئىشەندۈرۈشى لازىم ئىدى... ئابدۇرەشىدخان خوجا مۇھەممەد شېرىپنىڭ كەينىگە كىرىپ، ئاتۇش مەشھەدتىكى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرىدا بىر نەچچە كۈن يېتىپ، مازارغا تاۋاپ قىلىپ سوپىلاردىن قوشۇن توپلىدى...»

خوجا مۇھەممەد شېرىپ يۇقىرىقىدەك چارە ـ ئامالارنى قوللىنىپ، ئاخىر ئابدۇرەشىدخان ھاكىمىيىتىنىڭ ئىدىئولوگىيە، دىنىي، ئىجتىمائىي، سىياسىي، ھەربىي ۋە باشقا ساھەلىرىنىڭ ھەممىسىگە قول تىققالايدىغان، دېگىنىنى قىلالايدىغان بىردىنبىر ھۆكۈمران «پىر» بولۇپ مەيدانغا چىقىدۇ. ئابدۇرەشىدخان تەۋەلىكىدە (كەشمىر، ھازىرقى پا-

كىستان، شەرقىي ئافغانىستان، شىمالىي تىبەت، قازاق يۇرتلىرى (ئالتاي تاغلىرى)، ئىسسىق كۆل، بالقاش كۆلى ۋادىلىرى، پەرغانە ۋە ئارا يول. تۇزنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سەئىدىيە خانلىقى تەۋەلىكىدىكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا) سوپى، ئىشانلىق ھەرىكىتىنى كۈچەپ قانات يايدۇرۇۋېتىدۇ. يەنى نام، مەنپەئەت ۋە دىنىي «شەپقەت» چىلىكىنى ۋەدە قىلىش، تەرغىبات مەدداھلىقى بىلەن ئىشەندۈرۈپ مۇرت ئارقىلىق مۇرت، سوپى ئارقىلىق سوپى، ئىشان ئارقىلىق ئىشان كۆپەيتىپ، پۈتۈن خانلىق تەۋەسىدە مەلۇم ئىجتىمائىي قاتلام، خەلق كۈچلىرى توپلىرىنى پەيدا قىلىپ ۋە ئۆزىگە تارتىپ، ئاخىر ئابدۇرەشىدخان ھاكىمىيىتىنى ئۆزىنى مەركەز قىلغان سوپى، ئىشانلار شېرىكچىلىكىدىكى ھاكىمىيەتكە ئايلاندۇرۇۋالىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆزىنىڭ تارىختىكى جەددە پۇشتى، ئىران ھەمەدانلىق مەشھۇر سوپى ئوبۇل ياقۇپ يۇسۇف ئەلپۇزەنجىر ئەل ھەمەدانىنىڭ سوپىلىق يولى — «ئىشقىيە سۇلۇكى»نى خانلىق مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئەمەل قىلىدىغان دىنىي مىزانى، ئىدىئولوگىيە پىرىنسىپى قىلىپ، جەمئىيەتتە بۇ سۇلۇكىنى يولغا قويۇش، كېڭەيتىش كويىغا چۈشىدۇ. ئۇ «پىر» ئەجدادلىرىمىزنى باشلاپ كىرگەن «ئىشقىيە سۇلۇكى» نىڭ ئىبادەت پىرىنسىپى مۇنداق ئىدى: «ئىشقىيە» چىلەرنىڭ يېتەكچىلىرى ئۆز سۇلۇكىنىڭ تۈپ ماھىيىتىنى «ئىبادەت» دېگەن بىرلا سۆزگە يىغىنچاقلايدۇ. مۇرتلىرىنى تەركىدۇنيا بولۇشقا تەرغىپ قىلىدۇ. ئۇلارنى جاھاندىن قول ئۈزۈپ، ئۆي - جاي تۇتماي، خوتۇن ئالماي، بالا - چاقىلىق بولماي، بىر جايدا ماكانلاشماي، جايدىن جايغا يۆتكىلىپ يۈرۈپ، جاھاننى كېزىپ، بۇگۈن تاپقاننى ئەتىگە قالدۇرماي قولدىن چىقىرىۋېتىپ ياكى يەپ تۈگىتىپ ھايات كەچۈرۈشنى تەرغىپ قىلىدۇ. بۇ سۇلۇكىنىڭ مۇرتلىرى توپلانغان جايلىرىدا ياكى يەككە - يېگانە يۈرگەندە قانغۇچە چىلىم تارتىپ نەشە چېكىشنى «ئىبادەت» دەپ ھېسابلايدۇ. بۇ ئارقىلىق «خۇدا»غا ئاشىقلىقنى ئىپادىلىمەكچى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ زور كۆپچىلىكى چاچلىرىنى ئۇزۇن ئۆستۈرۈپ، سەۋدايىلارچە ھاياتقا قەدەم قويغانلىقىنى «خۇدانىڭ ئىشقىغا ئۆزىنى

پىدا قىلغانلىق» دەپ قارايدۇ. ئۇلار مۇشۇ خىل ئۇسۇلنى «خۇداغا يې-قىنلىشىش» دەپ بىلىپ، ئۆزلىرىگە مۇرت توپلاپ، ئۇلارغا ئالدى بىلەن توۋا ـ ئىستىغپار (توۋىنامە) ئېيتقۇزۇپ، ئۆزلىرىگە شەرتسىز بويسۇ-نۇشنى، داۋاملىق «پىر» نى ياد ئېتىپ تۇرۇشنى ئۆگىتىدۇ. بۇ يولدا ئۇبدانراق خىزمەت قىلغۇچى سوپىلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ تەيىنلەپ، مۇرت توپلاش ئۈچۈن جايلارغا ئەۋەتىپ ھەرىكەت ئېلىپ بارىدۇ...

دېمەك، «خوجا مۇھەممەد شېرىپ پىرىم» 16 ـ ئەسىر ئۇيغۇر جەمئىيىتى (كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەر تارىخىمىزدا مەلۇم ئىجتىمائىي ئىلغارلىقى، مىللىي خاسلىقى ھەم ئالاھىدە كۈچ ـ قۇدرىتى بىلەن مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان سۇلتان ئابدۇرەشىدخان يېتەكچىلىكىدىكى جەمئىيەت) نى ئەنە شۇ خىل تەركىيدۇنياچىلار «جەمئىيىتى»گە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن توختىماي ھەرىكەت قىلىدۇ. تارىختا ئۇيغۇر دى-يارىغا پەيدا بولۇپ، بۇ زېمىندا ئالەمدىن ئۆتكەن تەرىقەتچى سوپى، ئىشانلارنىڭ كونا قەبرە ۋە ئۆلگەن ئورۇنلىرىنى تېپىپ، ئۇنى «مازار» قىلىپ تىكلەپ، «ئۇلۇغلۇق تەزكىرە»لىرىنى تۇرغۇزۇپ، «خاسىيەت» ھەم «كارامەت» لىرىنى تەرىپلەپ، بىر قىسىم مۇسۇلمان ئەجدادلىرى-مىزغا دائىما «تاۋاپ»، «ئىستىقامەت» قىلىپ تۇرىدىغان «مۇقەددەس مازار»، «ئۇلۇغ جاي» لارنى تىكلەپ، بەلگىلەپ بەرگەن.

19 ـ ئەسىردە ياشىغان شەرىئەتشۇناس ئۆلىما سۇلتان باي ھاجىم-نىڭ «بۇرقۇم ئەۋلىيا ھەققىدە» دېگەن قوليازمىسىدا كۆرسىتىلىشىچە: خوجا مۇھەممەد شېرىپ يەكەندە دەۋران سۈرۈپ يۈرگەن چاغلىرىدا 8 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئىراننىڭ ھەمدە دېگەن يېرىدىن يەكەن-گە قېچىپ كېلىپ، يەكەندە ئۆلۈپ قالغان مەشھۇر سوپى ھەمدە مۇ-ھەممەدنىڭ «مازىرى»نى ياسىتىپ، ئۇنى «چىلتەن ئەۋلىيا» دەپ ئاتى-غانلىقى مەلۇمدۇر. بەزى تارىخىي پاكىتلاردىن بىلىشىمىزچە، «چىل-تەن» دېگەن بۇ رەستە ۋەلى دېگەن بىر كىشىنىڭ لەۋزى بىلەنلا «مازار» ئاتىلىپ قالغان ئورۇن بولۇپ، ئەمەلىيەتتە قايسى زاماندىكى قايسى «ئۇلۇغ زات» نىڭ مازىرى ئىكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ.

«تەزكىرەئى پىر ياران» دا يەنە خوجا مۇھەممەد شېرىپنىڭ بۇ مازارنى ياستىش ئۈچۈن ئابدۇرەشىدخان خەزىنىسىدىن بىر چارەك ئالتۇن ئالغانلىقى بايان قىلىنغان. يەنە شۇ تەزكىرەدە:«... بۇ زاتى، بەرىكات ئۆز ئىلتىپات، ئەمىر ـ پەرمانلىرى بىلەن خۇدايى تەرىقەت ئىبادىتى ئۈچۈن، بۇ دىياردا 700 ‹رۇكۋار› (ئېھتىمال مازار بولسا كېرەك — ئاپتور)، 148 خانىقا، 47 ‹پىرلىك ھەمدان› (سوپىلار مۇرتلىرى بىلەن جەم بولۇپ ‹ئىبادەت› قىلىدىغان مەخسۇس ئورۇن، مەيدان — ئا) بىنا قىلدىلەر...» دېيىلگەن.

خوجا مۇھەممەد شېرىپ ئۆزىنىڭ يۇقىرىقىدەك «پىر»لىق ئىمتىياز، ئىناۋەتلىرىدىن، مۇرت، يارانلىرىدىن ۋە ئىغۋاگەر كەسپداشلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئابدۇرەشىدخانىڭ ئىلغار، تەرەققىيپەرۋەرلىك، مەرىپەتپەرۋەرلىك غايە، ھەرىكەت، ئىنتىلىشلىرىگە زەربە بېرىش، خانلىقنىڭ چوڭ ھوقۇقىنى تولۇق ئىگىلەش كويىغا چۈشىدۇ. بىرىنچى زەربىنى سەنئەت پائالىيەتلىرىگە قارىتىپ خەلق مەشرەپلىرىنى «شەيتان سورۇنى»، خەلق تەغمىچىلىرىنى «شەرمساز» لار، خەلق ئۇسسۇلچىلىرىنى «شەرمەندە»لەر، بۇ ساھەدىكى ھەر خىل ئىجادىيەتچىلەرنى بولسا «ھازازۇل مۇرتەد»لەر دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتاپ، ئۇ خىل كىشلەرنىڭ ھەرىكەتلىرىگە چەك قويۇشىدۇ. ئامانىساخانىنىڭ ئۇستازى، ئابدۇرەشىدخان ئوردىسىنىڭ ئىلمىي ئەربابى — مەشھۇر مۇقامشۇناس قېدىرخان، خەتتات غازى ھەبىبۇللا سەردار، تارىخچى مىرزا موللا مۇھەممەد يار ئاخۇن قاتارلىق توققۇز كىشىنى «مۇرتەد» (دىندىن چىققان) لىكتە ئەيىبلەپ، ئوردىدىن چەتلەشتۈرۈۋېتىدۇ. ئوردا ئەھلىنىڭ بىرلىك ـ ھەمدەملىك ئەنئەنىسىنى بۇزۇپ، ئىغۋا كۆپەيتىپ، ئابدۇرەشىدخانىڭ سەۋدا كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ ئۆلۈپ كېتىشىگە سەۋەبكار بولىدۇ.

## 2. «ئۆلۈغ پىر» — مەخدۇم ئەزەم ھەققىدە

مىلادىيە 15 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن 16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا قەدەر ئۇيغۇر دىيارىغا پەيدا بولۇپ ۋە ياكى تەسىر ئۆتكۈزۈپ، بىر قىسىم ئەجدادلىرىمىزنى سوپىلىق تەرىقىتىگە باشلىغان ھەم شۇ زامانلاردىكى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا «تەرىقەت ئۇستازى»لىق، «ئۇلۇغ پىر»لىق نامى بىلەن داڭق چىقىرىپ، ئالەمدىن ئۆتكەن ئەڭ مەشھۇر كەسىپىي سوپىلارنىڭ بىرى — مەخدۇم ئەزەم يەنى خوجا ئەھمەد كاسانى ئىسىملىك كىشىدۇر.

تارىخىي خاتىرىلەردىن بىلىشىمىزچە، بۇ كىشىنىڭ ئەسلىي ئىسمى — سەئىد ئەھمەد ئىبنى سەئىد جالالىدىن بولۇپ، مىلادىيە 1471 ـ يىلى ئافغانىستاننىڭ ھىرات شەھىرىدە سەئىد مۇھەممەد كالان ئوغلى سەئىد جالالىدىن ئىشان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1500 ـ يىللاردا ئىراننىڭ ئەھرار دېگەن يېرىدە باش كۆتۈرگەن خوجا ئەھرار نەقشىۋەن (ئەسلىي ئىسمى باھاۋىدىن) دېگەن كىشىدىن سوپىلىقنى ئۆگىنىپ، سالاھىيەتنامە (ئىرشاتنامە) ئېلىپ «پىر» لىققا كۆتۈرۈلگەن. شۇ چاغلاردىكى پەرغانە پايتەختى كاسان شەھىرىدە ئۇزاق مۇددەت سوپىلىقنى تەتقىق قىلىپ ۋە سوپىلىقنى شەرھلەش، تارقىتىش، كېڭەيتىش ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، «مەخدۇم ئەزەم»، «ئەزەم ۋەلىئۇللا» (مەشھۇر «پىر»، «ئەۋلىيا» مەنىلىرىدە) دېگەندەك ناملارنى قوللانغان. ئۇچ يېشىدىن تارتىپ تاكى ئالەمدىن ئۆتكۈچە بولغان 68 يىللىق ھاياتىنى كاساندا ئۆتكۈزۈپ ھەم شۇ يەردە پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقى ئۈچۈن كىشىلەر تەرىپىدىن «خوجا ئەھمەد كاسانى (كاسانلىق خوجا ئەھمەد) دەپمۇ ئاتالغان. 1541 ـ يىلى 70 يېشىدا سەمەرقەنتتە ئالەمدىن ئۆتكەن. جەسىتى شۇ يەرنىڭ «باغى بەلەند» قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغان. 1543 ـ يىلى ئۇنىڭ قەبرىسى ئوغۇللىرى تەرىپىدىن «مازارىل

ئەزەم ۋەلىيۇللا » (مەخدۇم ئەزەم ئەۋلىيا مازىرى) غا ئۆزگەرتىلىپ، چوڭ گۈمبەز، كاتتا قەبرىلەر بىلەن نەسەپ مازارى تۈسىگە كىرگۈزۈلگەن. «بورقۇم ئەۋلىيا » دېگەن قولىيازمىدا، ئۇ كىشىنىڭ ئۆمرىدە ئالتە نىكاھلىق بولۇپ، تۆت ئوغۇل، يەتتە قىز پەرزەنت چوڭ قىلغانلىقى، بەلخ، بۇخارا، سەمەرقەنت، قەشقەر، يەكەن، ئاقسۇ قاتارلىق نۇرغۇن جايلاردا سوپىلىقنى تارقىتىش، كېڭەيتىش بىلەن شۇغۇللانغانلىقى ھەم 41 مازار، 18 شەھەرنى زىيارەت، تاۋاپ قىلغانلىقى بايان قىلىنغان.

خوجا ئەھمەد كاسانى مىلادى 1520 ـ يىللىرى بىر قىسىم مۇرتلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئۇيغۇر دىيارى مۇسۇلمانلىرىنى ئۆز تەرىقىتىگە باشلاش، ئۇيغۇر دىيارىنىڭ دىن ۋە دىنىي ئىشلار ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزۈش ئۈمىدى بىلەن قەشقەرگە كەلگەن. «بورقۇم ئەۋلىيا »دا كۆرسىتىلىشىچە، خوجا ئەھمەد كاسانى قەشقەر تەۋەسىگە كېلىپلا ئۆزىنى ئاشكارىلىماي، ئالدى بىلەن ئاتۇش مەشھەدتىكى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرىغا چۈشۈپ، ئۆز ھەمراھلىرىدىن خوجا مەككە باشلىق يەتتە كىشىنى جايلارغا ئەۋەتىپ، ئۆزى زۆرۈر دەپ قارىغان بەزى ئەھۋاللارنى ئۇقۇشقان. 40 كۈن ئېتىكاپتا (مەخپىي ئىبادەتتە) ئولتۇرۇپ، 41 ـ كۈنى ھەمراھلىرى ئارىسىدا ئۆزىنى «ۋەلى» (مىللىي ئەۋلىيا) دەپ ئېلان قىلىپ، شۇ چاغدىكى قەشقەر ھۆكۈمرانى ــ ئېمىر ۋەلى (ئېمىر ۋەلى ــ سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ باش ۋەزىرى ھەم قەشقەر ۋالىسى ئىدى) ھۇزۇرىغا بۇ «مۇبارەك» نام ـ شەرىپىنى مەلۇم قىلغان. دېمەك، ئاتالمىش بۇ «ئۇلۇغ زات» ــ ئۇيغۇر دىيارىغا تارىختا پەيدا بولغان «ئۇلۇغ پىر»، «زات» لار ئىچىدە ئۆزىنى تۇنجى قېتىم «ۋەلى» (مىللىي ياكى يەرلىك ئەۋلىيا) ئېلان قىلغان، ئۆز مۇرتلىرىنىڭ نەزىرىدە «ئۇلۇغ كارامەت ئىگىسى»، «ئۇلۇغ تەلىماتچى» لىق سالاپىتى بىلەن مەشھۇرلانغان بىرىنچى «زات» تۇر.

مەخدۇم ئەزەم قەشقەرگە كىرىپ بۇ يەردىكى بىر قىسىم ھۆكۈمران شەخسلەرنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەن ۋە بىر نەچچە يىل ئىچىدىلا جەنۇبىي ئۇيغۇر قەشقەرىيەنىڭ نۇرغۇن يەرلىرىگە بېرىپ،

ئۆزىنىڭ باش كۆتۈرۈشى ئۈچۈن يەرلىكتە دىنىي، ئىجتىمائىي، ئىدىئو-لوگىيە، تەشكىل ۋە ئورۇن جەھەتلەردىن پايدىلىق ئاساس ھازىرلى-غان: سوپىزمنى تەشۋىق قىلغان، تارقاتقان، مۇرت ئالغان، كۆپەيت-كەن، خانىقا، ھەمدانىلارنى بەرپا قىلغان. شۇنداق قىلىپ قەشقەرىيەدە مۇسۇلمانلارنىڭ يېتەكچى دىنىي ئىدىيەسى سۈپىتىدە «مەخدۇم ئەزەم يولى» (مەخدۇم ئەزەم دىنىي ئىدىيەسى) نى پەيدا قىلىپ، مۇسۇل-مانلارنى بۇ «يول» بىلەن مۇسۇلمانچىلىق قىلىشقا دالالەت قىلىپ يې-تەكلىگەن.

«مەخدۇم ئەزەم يولى»نىڭ ئەقىدە، پىرىنسىپى: «كىشى بۇ دۇنيادا قانچە ئازابلانسا، ئۇ دۇنيادا شۇنچە راھەت كۆرىدۇ... كىشىلەرگە بۇ دۇنيادا كېلىدىغان ھەر خىل كەچۈرمىش ئىنساندىن ئەمەس، تەقدىر-دىندۇر...» دېگەنلەردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ «دىنىي پىرىنسىپ» نى مەخدۇم ئەزەمنىڭ مۇرتلىرى ئەجدادلىرىمىز ئارىسىدا «كەبرۇيە»، «ئىسھاقىيە»، «رەبودىيە»، «دۇۋانىيە»، «نېمىتىيە» قاتارلىق ئون نەچچە خىل «سۇلۇك» شەكلى بىلەن خېلى زامانلارغىچە جارى قىل-دۇرۇپ كەلگەن. «مەخدۇم ئەزەم يولى»نىڭ «كەبرۇيە» سۇلۇكى توغرىسىدا ئاتاقلىق ئۇيغۇر تارىخچىسى موللا مۇسا بىننى ئەيسا سايرامى ئۆزىنىڭ «تارىخىي ئەمىنىيە» دېگەن كىتابىدا مۇنداق يازغانىدى: «... بۇلارنىڭ بەزىلىرى (مۇئەللىپ بۇ يەردە ئۇچتۇرپاننى كۆزدە تۇتۇپ يېزىۋاتىدۇ — ئاپتور) ئۆزلىرىنى كەبرۇيە سۇلۇكىدە بىز دېسە، يەنە بەزىلىرى دۇۋانىيە سۇلۇكىدە بىز دەپ، خىلمۇخىل سۇلۇكلەرنىڭ ئې-تىقادچىلىرى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشەتتى... كەبرۇيە سۇلۇكىدىكى كىشىلەر ئەر - خوتۇن بىر يەرگە يىغىلىپ، يوغان قازانغا جىق كۆك چاي سېلىپ، نەچچە - نەچچە چارا، تاۋاقلاردا قايماقنى قۇيۇپ قاينى-تىدىكەن. ئىناۋەتلىك، مۆتىۋەر ئادەمدىن بىرنى ئۇسۇپ بېرىشكە تەيىن قىلىدىكەن. ئۇ كىشى غۇسلى تاھارەت قىلىپ، چۆمۈچنى تۇتۇپ قاچا - قۇچىلارغا ئۇسۇپ، ‹تەۋەررۇك›، ‹تەۋەررۇك› دەپ بېرىدىكەن. باشقىلار ناھايىتى تەزىم ئاۋازۇ بىلەن ئېلىپ ئىچىدىكەن، شۇنىڭ بىلەن

نەغمە باشلىنىپ، ئەر ـ خوتۇن ئۇسسۇلغا چۈشىدىكەن. گاھى يىقىلىپ، گاھى قوپۇپ، مەست ۋە بىھوش بولۇپ، ئاغزىدىن كۆپۈك كېلىپ ھۇزۇر قىلىشىدىكەن. بىر نەچچە سائەتتىن كېيىن ھوشلىرىغا كەلگەن بولۇپ «ئۇھ» تارتىپ، كۆزلىرىنى ئېچىپ ئولتۇرۇشىدىكەن. مۇنداق قىلىقنى «كەبرۇيە سۇلۇكى» دەپ ئاتىشىدىكەن. ئەمەلىيەتتە بولسا بۇ پۈتۈنلەي شەرىئەتكە خىلاپ ھەرىكەت...»

مەخدۇم ئەزەم مەلۇم تەييارلىق كۆرگەن ۋە شارائىت ھازىرلىغاندىن كېيىن ئۆزىگە قول بەرگەن يەرلىك مۇرتلار ۋە ئەگەشكۈچىلەرنىڭ ماسلىشىشى بىلەن ئاقسۇ، كۇچا، ئۈچتۇرپان، قەشقەر، يېڭىسار قاتارلىق بىر قىسىم جايلارنىڭ يەرلىك دىن ھوقۇقلىرىنى، جۈملىدىن كۇچادا ئۆلىمالار باش جەمئىيىتىنىڭ چوڭ ھوقۇقىنىمۇ كونترول قىلغان. جايلارغا ئۆزىنىڭ «ۋەلى» لىك «خاسىيەتلىرى»نى ئېتىراپ قىلدۇرۇش غەرىزىدە ھەر خىل غەيرىي قىلىق ۋە غەيرىي پائالىيەتلەرنى ئوتتۇرىغا چىقارغان. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ياشاپ ئىجاد قىلغان بۈگۈر يېڭىسارلىق ئۇيغۇر شائىر، تارىخچى موللا غۇلامدىن ئۆزىنىڭ 1891 ـ يىلى يېزىپ قالدۇرغان «تارىخىمىزدىكى ئىسلامىيەت» دېگەن قوليازما ئەسىرىدە مەخدۇم ئەزەمنىڭ شۇ چاغدىكى ھىجرەت (سەپەر) سالاھىيىتى توغرۇلۇق توختىلىپ مۇنداق يازغانىدى: «... بۇ زاتنىڭ ئاشكارا سالاھىيىتى خۇدايى تەرىقەتنى جارى قىلدۇرۇش، ئىچكى (يوشۇرۇن دېمەكچى ـــ ئاپتور) سالاھىيىتى بولسا، ئۇستاتلىق بىلەن جاھان تۇتۇش، مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممە ئىشلىرىنىڭ ئاخىرقى نەتىجىلىرىنى ئۆزىنىڭ مۇددىئا ـ غەرەزلىرىگە بويسۇندۇرۇش بولغان ئىدىلەر...»

مەخدۇم ئەزەم قەشقەرىيەگە كېلىپ يۇقىرىقىدەك چارە ـ ئاماللار بىلەن باش كۆتۈرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئۇيغۇر دىيارىغا غەربىي تۈركىستاندىن (ئاساسەن بۇخارا، ماۋرائۇننەھرى، سەمەرقەنت، كاسان تەرەپلەردىن) مەخدۇم ئەزەم مۇرتلىرى سۈپىتى بىلەن

نۇرغۇن «تەرەققىيپەرۋەرلەر» ياكى «خۇدا يولىدا يۈرگەن ئاشىق»لار ئارقا - ئارقىدىن، تۈركۈم - تۈركۈملەپ مەزگىلسىز، سوراق - سوئالسىز، ئىستەك - ئاتاقسىز، تارقاق، قالايمىقان ئېقىپ كىرىۋېرىپ شۇ چاغلاردىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئاپەت خاراكتېرلىك «دىنىي تەرەپسىزلىك» ۋە كەلگۈندى شەكىللىك «لەنىتى مېھمان»، «لەنىتى مۇرت» لار ئاپىتى پەيدا قىلىشقان. ئەمەلىيەتتە بولسا بۇ خىل «تەرەققىيپەرۋەرلەر»نىڭ تولىسى كەسىپسىز قەلەندەرلەر، تەمەگەر ئۇششۇقلار، سەۋدايى بەڭگىلەر، ئالدامچى تېجىمەل - جېدەلخور، كاززاپ، يەنى ئىشلىمەي چىشلەشكە ئادەتلەنگەن هارامتاماق، تىرىكتاپ زىيانكەش شەخسلەر بولغان. بۇلارنىڭ بىر قىسمى ئالدى بىلەن قەشقەرىيەنىڭ هەر قايسى جايلىرىغا تارقىلىپ، چوڭراق بازار، يۇرت، مازار، سەيلەگاھلاردا تونەكخانىلارنى، چوڭ داشلىق (چوڭ قازانلىق) خانىقالارنى، «هەمدان»، «ئېتىكاپخانا»، «خەتمە - ئىستىغپارخانا» لارنى يەنى ئۇلارنىڭ تىلى بىلەن ئالغاندا «ئىمان يىغىلاش»، «تۇۋا - ئىستىغپار ئوقۇتۇش» ۋە «پىرغا قول بېرىش» ئورۇنلىرىنى پەيدا قىلىشىپ، ئەجدادلىرىمىزنى «ئىمان» لىرىنى «يىغىلاش» قا، «گۇناھ»لىرىغا «تۇۋا قىلىش» قا، «پىرلارغا قول بېرىپ مۇرت بولۇش»قا ئۈيۈشتۇرۇشقان ۋە يېتەكلىگەن. نەتىجىدە بىر قىسىم جايلاردا هەر بىر «پىر»نىڭ ئاغزىغا قاراپ، ئەتراپىنى چۆرىدەپ غۇژمەك بولۇپ يىغىلىپ تاۋۇش چىقارماي جىم ئولتۇرۇپ، بۇ ئالەمنىڭ هەممە مەشغۇلات ۋە ئىنسانچىلىق هەۋەسلىرىدىن پۈتۈنلەي خالىي بولۇپ ئايەت ئوقۇپ، ئاھۇ - زارلىرىنى ئاللاھقا بىلدۈرۈپ، خاس ئاللاھتىنلا رىزقى - ئىلتىپات تىلەپ ۋە كۈتۈپ، تۇۋىنى تىلىدىن چۈشۈرمەي، پىرىم ئۈچۈن هەر قاچان، هەر قانداق نەرسىدىن ياتمايدىغان، جانلىرىنى ئايىمايدىغان «ئىبادەت» چى جامائەت تۈركۈملىرى پەيدا قىلىنغان.

مەخدۇم ئەزەمنىڭ بۇ خىل «ئاشىق» مۇرتلىرى قەشقەرىيە تەۋەسىدە يەنە هەر خىل سوپى، ئىشانلار مەھەللە - كوچىلىرىنى، تەركىدۇنياچىلار تۇرالغۇلىرىنى، مەسىلەن: قەلەندەرلەر كوچىلىرىنى، «ئا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شىق» لارنىڭ دالاك[1]، گۆلەخ[2] لىرىنى، خۇدايى سەرگەردان مۇسۇلمانلارنىڭ تىرىكچىلىك «خانە»لىرىنىمۇ پەيدا قىلىشىپ، ئۆز ئارقىلىرىدىن ئەگەشكەن مۇرت، يارانلارغا ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا «گۇناھسىز»، «ئىللەتسىز» كەتكىلى بولىدىغان «پاك ئورۇنلار» ئەۋرىشكىلىرىنى تىكلەپ ۋە كۆرسىتىپ بېرىشكەن. ئۇيغۇر دىيارىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا 1950 ـ يىللارغىچە ئۇ يەر، بۇ يەردە نام ياكى شەكىل جەھەتتىن ساقلىنىپ كەلگەن سائىل (قەلەندەر) كوچا ـ مەھەللىلىرى، «ئاشىق» لار گۆلخانلىرى، تەركىيدۇنيا سەرگەردان مۇسۇلمانلار گۆلەخلىرى، ھەر خىل خۇراپات مەنبەلىرى ئەنە شۇ خىل مەخدۇم ئەزەمچىلەر زامانىدىن بىزگە قېپقالغان «مىراس» لارنىڭ داۋامى ھېسابلىناتتى.

مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئوتتۇرا قاتلام مۇخلىسلىرىمۇ قەشقەرىيەنىڭ بارلىق ئىلىم ـ مەرىپەت ئورۇنلىرىنى، دىنىي ۋە جامائەت مۇئەسسەسەلىرىنى دېيەرلىك ئىگىلەپ، ئۆزلىرىنىڭ سوپى، ئىشانلىق ئەقىدىسىنى تارقىتىدىغان نوقۇل سوپى ـ ئىشانلىق ئورۇنلىرىغا ئايلاندۇرۇۋېلىشقان.

1533 ـ يىللاردا مەخدۇم ئەزەم مۇرتلىرى بىلەن خوجا مۇھەممەد شېرىپ ئىشان مۇرتلىرى ئوتتۇرىسىدا قاتتىق مەزھەپ كۆرىشى يۈز بېرىپ، ئاخۇنلۇقۇم، تېرەك لەنگەر، شوردۆڭ دېگەن جايلاردا (بۇ جايلار ھازىر پەيزاۋات، يەكەن، مەكىت ناھىيەلىرىگە قارايدۇ ـــ ئاپتور) سوپىلار سوقۇشى يۈز بەرگەن؛ مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئەڭ ئاتاقلىق ھەمراھى، مەسلىھەتچىسى «ئۇزۇن قولاق زات» دەپ نام چىقارغان مەككە خوجا ئۆزىنىڭ 40 مۇرتى بىلەن شوردۆڭ دېگەن يەردە (مەكىت

---

① دالاك ـــ ئوتتۇرىسىغا گۈلخان يېقىلىدىغان، ھېچقانداق سېلىنچا ـ يېپىنچا بولمىغان، سۇپۇرۇپ تازىلىمايدىغان، توپىغا سېلىنىپ نەشە چېكىپ، ئورنىغا تەرەت قىلىپ، ئۇرۇپ، ئۇرۇلۇپ، يالىڭاچ، يۇيۇنماي، كۈلمەي ـ كۈلدۈرمەي، جانىنىمۇ، جاھانىنىمۇ ئۇنتۇپ، ئۆزىنى خاس ئاللاھقىلا ئاتىغان تەركىيدۇنيا كىشىلەر «خۇدايى ئۇششۇق»لار تۈرمۈش ئۆتكۈزىدىغان بىر خىل ئورۇن ياكى ئادەملەر قوتىنى.

② گۆلەخ ـــ دۇنيادىن بەزگەنلەر، ھېچقانداق تۇرمۇش مەنبەسى بولمىغانلار، دىنىي تەركىيدۇنيالار ياكى كەسپىي ماكانسىز سوپى ـــ «ئاشىق» لار كۈلگە، توپىغا مىلىنىپ، بېشىغا چالما قويۇپ يېتىپ ـ قوپۇپ تۇرمۇش كەچۈرىدىغان (ماكان قىلىۋالغان) گۈلخان، گەمە، ئوچۇق گۈمبەز، كونا مازار، كىشىلەر ئەيمىنىپ بارالمىغان «سىرلىق» ئورۇن، ئەسكى تاملىق، ئەسكى يارلىق ۋە «ئەل كۆزىدىن خالى» ئورۇن، جاي.

تەۋەسسدىكى بۇ يەر ھازىر «شىھىتدۆك» دەپ ئاتىلىدۇ) خوجا مۇھەممەد شېرىپ سوپىلىرى تەرىپىدىن قەتل قىلىپ تاشلانغان. ئاقسۇ، كۇچا، باي، مارالبېشى قاتارلىق جايلاردىمۇ مەخدۇم ئەزەمچىلەر خەلقنىڭ غەزىپى بىلەن تۇرالمايدىغان بولۇپ قېلىشقان. ئاخىر بۇ ئىشلارنىڭ تەسىرى بىلەن مەخدۇم ئەزەم ئۆز يۇرتىغا «ئۆزىچىلا» كېتىپ قالغان. «مەخدۇم ئەزەم يولى» مۇ بىر مەزگىل كاساتلاشقان.

لېكىن، بىزنىڭ شۇ چاغلاردىكى ئەجدادلىرىمىز يەنىلا شۇ «مەخدۇم ئەزەم يولى»، «مەخدۇم ئەزەم ئەۋلادلىرى»، «مەخدۇم ئەزەم مۇرتلىرى» ھېسابلىنىدىغان سوپى، ئىشانلار ياكى خوجا «پىر»لارنىڭ نەچچە ئەسىرلىك جاھالەتلىك زامانلىرىدىن قۇتۇلۇپ كېتەلمىگەن، ھەتتا كەلگۈسى ئەۋلادلىرى ئۈچۈن نادانلىق (جاھالەت) ئەسلىمە خاتىرىلىرىنى قالدۇرۇشۇپ، تەقدىرگە پاسسىپلارچە تەن بېرىش ئادەتلىرىنى يۇقتۇرۇشۇپ ئالەمدىن ئۆتۈشكەن. تارىخىي مەنبەلەردىن بىلىشىمىزچە، 16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە ئۇيغۇر دىيارىدا سوپىلىق تەرىقىتىنى يۈرگۈزۈش ئۈچۈن توختىماي ھەرىكەت قىلغان، چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى تەۋرەتكەن ۋە بىر قىسىم تارىخىي پاجىئەلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغان مەشھۇر «زات»لارنىڭ كۆپىنچىسى ئەنە شۇ مەخدۇم ئەزەم ئەۋلادلىرى ۋە مەخدۇم ئەزەمچىلەردىن ئىبارەتتۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 3. خوجا ئىسھاق ۋەلى ھەققىدە

«ھەزرىتى خوجا ئىسھاق ۋەلى يەكەن، قەشقەر، ئاقسۇدا بولۇپ 12 يىل دەۋران سۈردىلەر، خەلقنى ئاراستىگە (تەرەقەتكە ــ ئاپتور) باشلاپ، دىنىمىزغا راۋاج بەردىلەر، كىشىلەرنى ساھىبى كامال قىلدىلەر»

(«تارىخى نادىرىيە» دىن)

ئەينى زامانلاردا ئۇيغۇر دىيارىغا پەيدا بولۇپ، ئەجدادلىرىمىز ئۇستىدە 12 يىل دەۋران سۈرگەن، دىنىمىزغا «راۋاج» بەرگەن ۋە ئەجدادلىرىمىزنى تەرىقەتكە باشلاپ، «ساھىبى كامال» قىلغان بۇ «زات» زادى كىم؟

بۇ «زات» ــ مەشھۇر سوپى مەخدۇم ئەزەمنىڭ چوڭ ئوغلى بولۇپ، ئۇ 16 ـ ئەسىردە ئۇيغۇر دىيارىغا كېلىپ ئۆزىنى «ۋەلى» (يەرلىك ئەۋلىيا) دەپ ئېلان قىلغان ۋە ئۆزىنىڭ نامى بىلەن «ئىسھاقىيە تەرىقىتى»نى ئىجاد قىلىپ، ئۇنى ئەجدادلىرىمىز ئارىسىدا يۇرگۈزگەن ھەم بىزنىڭ تارىخىمىزدا ئۆزىنىڭ يەنە باشقا سەلبىي قىلمىشلىرى بىلەنمۇ داغ چىقىرىپ، ئالەمدىن ئۆتكەن، تارىختىكى ئەڭ مۇتەئەسسىپ كۆچلەرنىڭ مەشھۇر «پىر ئۇستازى»، «ئىسھاقىيە» سوپىلىرىنىڭ «داھىيسى»، ئەۋلادى دىنىي سەرگەردان خوجا ئىسھاق ۋەلى سوپىدۇر. بۇ ئىجەمەل سوپى تەخمىنەن 1506 ــ 1507 ـ يىللىرى ئارىلىقىدا كاسان شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن. 20 يېشىدىن تارتىپ سوپىلىق تەرىقىتىنى ئۆگىنىشكە كىرىشىپ، 7 ـ 8 يىل ئىچىدە غەربىي تۈركىستان، ئىران، ئىراق ۋە ئافغان زېمىنىدىكى بۇخارا، سەمەرقەنت، قازان، ھىرات، ئەھرار، كەدان، نىشاپور، بەسرە، شىراز قاتارلىق كاتتا شەھەرلەردە سوپىلىقنى ئۆگەنگەن، «جاھان كەزگەن» ۋە بۇ خىل پائالىيەتلەردىن كېيىن دادىسىنىڭ نەزىرىدىن ئۆتۈپ (ئىرشاتنامە ئېلىپ)، «پىر» لىققا كۆتۈرۈلگەن. مەلۇم يىللاردىن كېيىن قەشقەرىيەگە كېلىپ يەكەندە ئۆزىنى «ۋەلى» (مىللىي ئەۋلىيا) ئېلان قىلغان ھەم قەشقەرىيە

خەلقىگە 12 يىلدىن جىقراق «پىر» لىق قىلىپ ئاخىرىدا قاتىللىق، قانخورلۇقنى مەقسەت قىلغان پىتنىخورلۇق قىلمىشى بىلەن پاش بولۇپ، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ شۇ چاغلاردىكى سۇلتانى مۇھەممەدخان تەرىپىدىن كەلگەن يېرىگە قوغلىۋېتىلگەن. تەخمىنەن 1588 — 1589 - يىللىرى 82 يېشىدا پەرغانىدە ئالەمدىن ئۆتۈپ، شۇ يەرنىڭ «باغى بەلەند» قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغان (بەزى يەرلىك خاتىرىلەردە بۇ كىشىنىڭ يەكەندە ئۆلگەنلىكى، جەسىتى يەكەندىكى «ئالتۇنلىرىم» مازىرىغا قويۇلغانلىقىمۇ بايان قىلىنغان. مېنىڭچە، بۇ قاراش تارىخىي پاكىتلارغا ئانچە ئۇيغۇن بولمىسا كېرەك).

خوجا ئىسهاق ۋەلى بۇخارالىق چوڭ سوپىلار بىلەن بولغان مەزھەپ ماجىرالىرى (چوڭ سوپىلار ئارا داۋام قىلىۋاتقان ئىمتىياز تالىشىش ھەرىكىتى) دا يېڭىلىپ، شۇ چاغلاردىكى بۇخارا ھۆكۈمرانلىرى تەرىپىدىن سۈرگۈن قىلىنغان ئەھۋال ئاستىدا قەشقەرىيەگە كەلگەندىن كېيىن ئۇ‌دا بىر نەچچە يىل پەقىر - بىچارىلەر قاتارىدا قەشقەر، يەكەنلەردە مازاركەزدىلىك، دەرۋىشلىك بىلەن كۈن ئالغان. يەنى خۇددى «بورقۇم ئەۋلىيا» دا كۆرسىتىلگەندەك: «كۆزلىرىدىن نۇر ياغقۇزۇپ، ئاغزىدىن ئوت - ئاتەش چېچىپ، تىلىدىن دۇرۇت، قولىدىن تەسۋى چۇشۇرمەي، ئۇلۇغلارنىڭ باشلىرىنى تاشلىماي (مازارلارنى تاۋاپ قىلىپ دېمەكچى — ئا)، بىناھارەت زېمىنغا دەسسىمەي، دۇنيانىڭ ھەممە مەئىشەت ۋە ئىشلىرىدىن پۈتۈنلەي خالىي تۇرۇپ، پەقەت مۆمىن بەندىلەرنىڭ ئىككىلا «ئالەم»لىك «غېمى»نى يەپ يۈرگەن...»

1560 - يىللارغا كەلگەندە دىنىي ئىشلاردا باش كۆتۈرۈپ، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ شۇ چاغلاردىكى خانى ئابدۇكېرىم خان ھۆكۈمرانلىقىدىكى بىر قىسىم (ئاساسەن ھازىرقى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى) جايلارنىڭ ئەڭ چوڭ «دىنىي» زومىگەرى بولۇپ تونۇلۇشقا باشلىغان. يەنى ئۇ — ھەممىدىن بۇرۇن دادىسىنىڭ «پىر» لىق ئورنىنى تەڭ ئىگىلەش، تەڭ باش كۆتۈرۈش كويىدا ئۆزى بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرۇۋاتقان ۋە ئۆزىنى «پىر» دەپ ئېلان قىلىۋالغان بىر تۇغقان ئىنىسى

خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشان (ئىمامى كالان) نى باشقىلارنىڭ قولى ئارقىلىق زەھەر ئىچكۈزۈپ ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ئۆزىنىڭ «شەك - شۈبھە-سىز»، شېرىكسىز بىرلا «ۋەلى» لىك ئورنىنى «كاپالەتلەندۈرگەن». نەتىجىدە، قەشقەرىيەنىڭ خېلى بىر قىسىم جايلىرىدا خوجا ئىسھاق مۇرتلىرى بىلەن خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشان مۇرتلىرى ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا سۈركىلىش، بىر - بىرىنى ئۆلتۈرۈش ۋەقەلىرى شەكىللىنىپ، بارا - بارا قەشقەرىيە جەمئىيىتىدە ئۆزلىرىنى «ھەر قانداق ئىنساندىن چوڭ، خۇدادىن كىچىك» سانايدىغانلارنىڭ دىنىي مالىمانچىلىقى، تېر-رورلۇق ھەرىكەتلىرى كۈچىيىپ كەتكەن.

قەشقەرىيە خەلقىنىڭ، جۈملىدىن ئابدۇكېرىم خان (بۇ كىشى بەزى تارىخلاردا «ئادىل خان»، «ئۇلۇغ خان» دېگەندەك ناملار بىلەنمۇ ئاتىل-ىدۇ) خانلىقىنىڭ ئەنئەنىۋى نورمال جاھاندارچىلىقى (شۇ چاغلاردىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي، ئاقارتىش، ھەربىي، ئىشلەپچىقى-رىش، تۆرمۇش، جەمئىيەت قۇرۇلمىسى، دىنىي پائالىيەت، دۇنياۋى مۇ-ئامىلە... قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى) بۇ ئىككى چوڭ ئىشان ۋە ئۇلارنىڭ مۇرتلىرىنىڭ، بولۇپمۇ خوجا ئىسھاقچىلارنىڭ زوراۋانلىقى، ئارىلىشىشى، تەھدىتى ۋە مالىمانچىلىقىغا دۇچ كەلگەن. خوجا ئىسھاقمۇ قەشقەرىيەنىڭ خانلىق ھاكىمىيەت ھوقۇقىنى ئۆز تەسىرى ئاستىغا ئې-لىشقا ئۇرۇنغان. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئابدۇكېرىمخان ھاكىمىيىتى خوجا ئىسھاقنىڭ بۇ قىلمىشلىرىغا جازا ۋە زەربە بېرىش پەيتىگە چۈش-كەندە خوجا ئىسھاق يەنىلا قول ئاستىدىكى سوپى - ئىشانلارغا قول بەرگەن ئوبۇل ۋە مۇھەممەد ئىسملىك كىشىلەرنىڭ قولى بىلەن ئاب-دۇكېرىمخاننى بارچۇق (ھازىرقى مارالبېشى) دا شىكار ئۈستىدە پە-چاقلاپ ئۆلتۈرگۈزۈۋېتىپ، ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن مۇرتلىرىدىن بولغان قۇرەيشنى (تارىخلاردا قۇرەيش سۇلتان دېيىلىدۇ) ئابدۇكېرىم خاننىڭ ئورنىغا چىققۇزۇپ، ھاكىمىيەتنى بىر مەزگىل ئۆز تەسىر دائىرىسىگە ئېلىۋالغان.

ئابدۇكېرىمخان سەئىدىيە خانلىقىنىڭ مەشھۇر خانلىرىدىن بىرى

بولغان دادىسى ئابدۇرەشىدخان ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇنىڭ ئىزىنى بې-
سىپ، بۇ خانلىقنىڭ گۈللەپ ـ ياشنىشى ئۈچۈن ئاجايىپ خىزمەتلەرنى
كۆرسەتكەن مىللىي داھىي سۈپەتلىك ۋەتەنپەرۋەر سۇلتان ئىدى. ئۇ
زات توغرىسىدا «تارىخىي رەشىدى زەيلى» دېگەن كىتابنىڭ كۆچۈ-
رۈلمە نۇسخىسىنىڭ 104 ـ بېتىدە مۇنداق دېيىلگەن: «ئابدۇكېرىمخان
كىشىنىڭ ھەققىنى يېمەيدىغان ئادىل پادىشاھ ئىدى. ئۇردا ئىشلىرىنى
ئادىل باشقۇراتتى. ھەر قانداق مەسىلىنى ۋاقتىدا ھەل قىلاتتى. ھەر
ھەپتىنىڭ دۈشەنبە، ئازنا كۈنلىرى ئۇردىدا ئولتۇرۇپ خەلقنىڭ ئەرزى
ـ ھاللىرىنى ئاڭلايتتى، ھەل قىلاتتى، داۋاگەر ۋە جاۋابكارلارنىڭ ئىشى
شەرىئەتكە تېگىشلىك بولسا مۇپتى، قازىلارغا؛ ۋەزىرلەرگە تېگىشلىك
بولسا ئەربابلارغا بۇيرۇيتتى. مەدىنىدە ‹ئابدۇكېرىمخان ئادىلى› دەپ
شۆھرەت قازانغانىدى. مەككىدە بولسا، ھەر كۈنى «ئادالەتلىك ئابدۇ-
كېرىمخانىنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن دەپ دۇئا قىلىشاتتى...»

خوجا ئىسھاق ئۆز ئورنىنى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئاخىرىدا
سەئىدىيە خانلىقىنى ئاغدۇرۇپ، يەكەننى مەركەز قىلغان «ئىسھاقىيە
خانلىقى»نى تىكلەش ئۈچۈن، پۈتۈن ئۇيغۇر دىيارى (ئاساسەن جەنۇ-
بىي شىنجاڭ يەنى قەشقەرىيە) دا ئۆز ئەترابىغا مۇرت توپلاشنى تېز-
لەشتۈرگەن، ئۆزىنىڭ «سۈلۈكى» — ئىسھاقىيە تەرىقىتىنى رەسمىي
«دىن» سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، ئۇنى ئەبەدىي، ئاخىرقى، مۇتلەق
ئۆزگەرمەيدىغان چەكسىز ئۇلۇغ دىنىي ئەقىدە سۈپىتىدە يولغا قويۇشقا
كىرىشكەن، كېڭەيتكەن. بۇ «سۈلۈك»نىڭ ئىبادەت ئۇسۇلى مۇنداق
ئىدى: سوپىلار ھەر كۈنلا مۇرتلىرىنى يىغىپ بىر يەردە قاتار چۆرى-
دەپ ئولتۇرۇپ، دۇرۇت (ئايەت) ئوقۇيدۇ، ئاندىن خەتمە تامام قىلىپ
جەرە ـ ساما باشلايدۇ، ساماچىلار باشلىرى قايغۇچە، ھوشلىرىدىن
كەتكۈچە «ياپىرىم ھۇم ـ ھۇم، ئاللاھۇ، ھۇم، ھۇم» دەپ ئۆ-
رە تۇرۇپ، بىر ئىزدا ئالدى ـ ئارقىغا تەڭ قايرىلىپ بىر خىل ۋارقىرى-
شىپ، ھېرىپ توختاپ، يىغا ـ زار بىلەن يەنە دۇئا قىلىشىدۇ. ئۆتكەن
«ئەۋلىيا»، «پىر»، «مازايى ـ ماشايىخ» لار ھەققىدە دۇئا ـ تەكبىر

ئوقۇشىدۇ. ئۇلار بارا ـ بارا پىردىن باشقا ھېچكىمگە ئىشەنمەيدىغان، گېپىگە كىرمەيدىغان، كۆپ بويى تائەت ـ ئىبادەت بىلەن بولىدىغان، توپلىشىپ مازار چۆرگىلەيدىغان بولۇپ يېتىشىدۇ. «يەكەن تارىخى» دا بۇ توغرۇلۇق مۇنداق دېيىلگەن: «ئىسهاقىيە سوپىلىرى ئۆزلىرىگە مۇرت بولغۇچى ساددا، تۈز كۆڭۈل خەلقلەرنى جىسمىدىن تارتىپ روھىغىچە بولغان بارلىق تەئەللۇقاتى بىلەن ئۆزلىرىگە بىقىندۇرۇپ كەتكەن. ئۇلار ژىدلاپ (پۇراپ ـ ئىمىسقىلاپ، ئىزدەپ ـــ ئا) يۈرۈپ ئالىدىغانلىكى نەرسە بولسا ھەر خىل ۋاستىلەرنى قوللىنىپ يۇلۇپ ئېلىپ تۇرىدۇ... سەھرالاردىكى كىشىلەردىن تارتىپ ئوردا مەھكىمىلىرىدىكى ئەمەلدارلارنىڭ كۆپىنچىسى دېگۈدەك «ئىسهاقىيە» سوپىلىرىغا مۇرت بولۇپ كېتىشكەن. بۇلار تاپقان ـ تۈگكەنلىرىنى دۇئا قىلدۇرۇپ، ئۇلاردىن دۇئا ئېلىپ ئۆزلىرى بولسا مازار، خانىقا (گۈلەخ، ھەمدان، غەمخانىلاردىمۇ ـــ ئا) لاردا دۇئا ـ تىلاۋەت، خەتمە ـ ئىستىغپار، يىغا ـ زارە بىلەن «ئاخىرەت» غېمىدىلا خارىزار ـ ۋەيرانلىقىنى مەزمۇن قىلغان تەركىيدۇنيا كۈن كەچۈرۈشكەن...»

خوجا ئىسهاقنىڭ يۇقىرى قاتلام بولۇۋالغان يېتەكچى سوپىلىرى ئۆز مۇرتلىرى جەمئىيەتتە گۇناھ ئۆتكۈزسە ئۇلارنى سوراقچى ئالدىدا قوغداپ قالالايدىغان (جازادىن قۇتۇلدۇرۇپ قالالايدىغان) ھەم ئۇلارنى خالىغان چاغدا، خالىغان ئىشقا، خالىغان مەقسەت بىلەن سالالايدىغان، باشقۇرالايدىغان مەھەللىۋى ھۆكۈمرانلاردىن بولۇۋېلىشىپ، جاھانغا سىغمايدىغان بولۇپ كېتىشكەن. ھەتتا تېخىمۇ ھەددىلىرىدىن ئېشىپ، قەشقەرىيەنىڭ بىر قىسىم جايلىرىدا تۆۋەندىكى نۇقتىلار بويىچە «زۆرۈرى ئىسهاقىيە» (ئىسهاق زۆرۈرىيەتلىرى ـــ ئا) دېگەن يېڭى «دىنىي قائىدە»نى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئەنئەنىۋى، ئىجتىمائىي، دىنىي، سىياسىي تۈزۈم ۋە قائىدىلىرىنى بۇزۇشقا باشلىغان. مەسىلەن: سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي مائارىپ تۈزۈلمىسىنىڭ ئورنىغا پۈتۈنلەي تەرىقەت جاھالەتچىلىكىنىڭ «زۆرۈرىيەت» قۇرۇلمىسىنىلا دەسسىتىشكەن. «تارىخىمىزدىكى ئىسلامىيەت» تە بۇ توغ-

رۇلۇق مۇنداق يېزىلغان: «بىزنىڭ مەدرىسلىرىمىزدە ئەلمىساقتىن بېرى ئىمام ئەزەم يولىدىكى مەكتەپلەر جارى ئىدىلەر، ئوغۇل يەتتە، قىز بەش ييشىدىلا بۇ مەكتەپلەرگە جېنى خۇدانىڭ، تېنىنى تۇپراقنىڭ، ئۇستى-خىنى ئىگىسىنىڭ دەپ ئوقۇشقا تۇتۇپ بېرىلەر ئىدىلەر. بۇ ئىشتا ھېچ كىشىنىڭ ھېچ كىشى بىلەن، پۇقرانىڭ ھۆكۈمەت بىلەن، ھۆكۈمەتنىڭ پۇقرا بىلەن ھېچقانداق دەخلىچىلىكى يوق ئىدىلەر... ئوقۇش - ئوقۇ-تۇش خۇدا ئۈچۈن ئىدىلەر. ئاتا - ئانىلارنىڭ ئۈمىد - ئارزۇسى ھەم مۇدەررىسلەرنىڭ خاھىشى بويىچە تالىپلار بۇ مەدرىسلەردىن ئاخىر ئىما-مى ئەزەم يولى بولغان كەسىپى تىجارەتنىڭ، ھۈنەر، جاھانسازلىقنىڭ ۋە خۇدايى بەندىچىلىكنىڭ ھەممە رىسالە، ھالال يوللىرىنى بىلىپ چىد-قۇر ئىدىلەر... ۋەھالەنكى، ئەزەلدىن ۋاجىپ بولۇپ كەلگەن بۇ ئەنئەنە ھەزرىتى ئىسھاقى ۋەلى زامانلىرىغا كەلگەندە زۆرۈرى ئىسھاقىيە قائىدد-سى بىلەن ئۆزگەرتىلدىلەر. قىز باللار ئۆيلەردە پاك بۇۋىلەردىن ئو-قۇپ، ھەر قانداق جىنسىي نامەھرەمگە كۆرۈنمەي بولغۇسى روزىغارى (بولغۇسى يولدىشى — ئېرى)نىڭ ييرىم خۇدالىقىغا تەن بېرىپ، پىر-سىز يۈرمەي، كارامەتلىك بۇۋى (بۇۋەم)لەردىن بولۇپ چىقىدىغان بولدىلەر... ئوغۇللار ئەمدى ئىمامى ئەزەم يولىنى ئەمەس، مەخدۇم ئە-زەم يولى (تەرىقەت يولىنى ئوقۇپ تەرىقەت ئۈچۈنلا دۇنيادىن ئۆتىدد-غان — ئا) نى تۇتىدىغان، بۇ يولدىن چىققانلارنىڭ ھەر قانىقى ئىما-نىدىن ئايرىلغانلار دەپ قارىلىدىغان بولدىلەر...»

دېمەك، قەشقەرىيەدە ئەزەلدىن ئەھلى كاسىپلىقنى چىقىش قىلغان ئەنئەنىۋى مەكتەپ ئوقۇتۇش ئۇسۇلى بىراقلا ئەھلى سوپىلىق (سوپى يېتىشتۈرۈش، جەمئىيەتنى سوپىلاشتۇرۇشقا خىزمەت قىلىش) قا ئۆز-گەرتىۋېتىلگەن. يەنە مەسىلەن: خوجا ئىسھاق سوپىلىرى بەزى جايلاردا «زۆرۈرى ئىسھاقىيە» «قائىدىسى» بويىچە «نوسەندە»لىك (خەت يېزىشنى ئۆگىنىشكە ياكى مىرزىلىق) كە قارشى بەزى ھالاكەت-لىك ئاممىۋى ھەرىكەتلەرنىمۇ قانات يايدۇرۇپ، قەشقەرىيە جەمئىيىتىدە ئەلتۆكۈس ئاممىۋى نادانلىقنىڭ ۋە ئاممىۋى ئەقلىي مەغلۇبىيەتچىلىك-

نىڭ ئۆلنى ھازىرلاشقارن. «بورقۇم ئەۋلىيا»نىڭ «قولسىز نوسەندە» دېگەن قىسمىدا بۇ توغرۇلۇق مۇنداق بىر مىسال خاتىرىلەنگەن: «سا-بىر ئىسپىھان (ئىسپىھان — گۇمىننىڭ بىر كەنتى — ئا) ئاتلىق بىر مۆمىن كىشى بار ئەردى. ئىسھاقىيەنى پىر تۇتقان ئىدىلەر. ئالتە يىل مازار كېزىپ مۇرتلىقتا ئىبادەت قىلىپ، ئۆز كەچۈرمىشلىرىنى قەغەزگە بىيىت قىلىپ پۈتۈپ چىققان ئىدىلەر، بۇ قىلىق پىر - زادىلەرنىڭ كارامەتلىرىدىن خالىي قالالمىدى، زۆرۈرى ئىسھاقىيە ھۆكۈمالىرى بۇنى نوسەندىلىك دېدىلەر. خان شاھىدىخان (ئىسھاق خوجىنىڭ چاپارمەن مۇرتلىرىدىن بىرى — ئا) بۇ نوسەندىنىڭ ئوڭ قولىنى كېسىپ، ئەھلى ئىسلامغا ئىبرەت قىلدىلەر... ئۇ زات: «قەلەم نوسىبىتى (قەلەم تۇتۇش ئامىتى — ئا) خاس ئۇلۇغلىرىمىزغىلا مەنسۇپتۇر. بۇ ئالەمنىڭ ئىشلە-رىغا قەلەم تەۋرەتكەن ھەر قانداق ئەھلى مۇسۇلمانىنىڭ ئۆزى كاپىر، خوتۇنى تالاق، يىگىنى زوقۇم، كەيگىنى كېپەن بولغايلەر... دەپ سا-بىرنى دۇئايى بەنت قىلىپ (قارغاپ — ئا) قولسىز نوسەندە قىلىۋەتتە-لەر...»

خوجا ئىسھاقچىلارنىڭ بۇ خىل جاھالەت پەرەسلىك قىلمىشلىرىغا دۇچ كەلگەن قەشقەرىيە خەلقى 1582 ـ يىللار ئەتراپىدا خوجا ئىسھاق ۋە ئۇنىڭ مۇرت، ئەگەشكۈچىلىرىگە قارشى كەسكىن كۆرەشلەرنى باشلىۋەتكەن. ئاقسۇ خەلقى خوجا ئىسھاقنىڭ «پىر» بولۇۋالغان ئىك-كىنچى ئوغلى خوجا شاھبازنى ئۇر ـ ئۇر قىلىپ، ئاقسۇدا ئۆلتۈرۈۋەت-كەن. خوجا ئىسھاقنىڭ قەشقەرگە قويغان باش خەلىپىسى — ئۇشتۇر خەلىپىمۇ قەشقەرلىقلەر تەرىپىدىن تۇرپاندا ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن. يېڭىسار، خوتەن، يەكەنلەرگە قويغان قاسىم، يۈسۈپ، خوجا شادى خەلىپىلەرمۇ يەرلىك خەلقلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈپ تاشلانغان. پۈتۈن قەشقەرىيەدە خوجا ئىسھاق سوپىلىرىغا قارشى داغدۇغىلىق ئاممىۋى جامائەت ھەرە-كىتى كۆتۈرۈلۈپ، بىر قىسىم جىنايىتى ئېغىر چوڭ سوپىلارنىڭ ئەدىپى بېرىلگەن، سوپىلىق ھەرىكەتلىرىگە چەك قويۇلغان. ئاخىر خوجا ئىس-ھاق خەلق ھەرىكىتىدىن قورقۇپ مۆكۈپ ـ چۆكۈپ يۈرۈپ سەمەر-

قەنتكە قېچىپ بېرىپ، كەلگۈسىدە قەشقەرىيەنى بۇخارا خانلىقىغا تەۋە قىلىپ بېرىش ۋەدىسى بىلەن بۇخارا خانى ئابدۇللاخاندىن 50 مىڭ كىشىلىك قوشۇن ئېلىپ (باشلاپ)، قەشقەرىيەنى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن چوڭ قىرغىنچىلىق بىلەن باستۇرۇپ كىرىپ، قەشقەر شەھىرىگە ھۇجۇم قىلغان. قەشقەرىيە خەلقى بۇ قانخور خوجىنى باشلاپ كەلگەن لاۋۇ - لەشكەرلىرى بىلەن قوشۇپ قاتتىق جازالاپ، قەشقەرىيەدىن قوغلاپ چىقارغان. بۇنىڭ بىلەن قەشقەرىيەدە سۇلتان ئابدۇرەشىد خاننىڭ ئوغلى مۇھەممەدخان (خاقانى ئەزەم) خانلىقى قايتىدىن مۇستەھكەملىنىپ، تىنچلىق ئورنىتىلغان. سوپى، ئىشانلار ھەرىكىتى بىر مەھەل بېسىلغان.

خاقانى ئەزەم ئىسھاقىيە خوجىلىرى پەيدا قىلغان جاھالەت ئىزلىرىنى، قاراڭغۇلۇق تۇمانلىرىنى تۈگىتىشكە كىرىشكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 4. ئافاق خوجا ھەققىدە

ئۇرغىلى بولماس خوجىنى،
تىللاشقا بولماس خوجىنى.
مۇسۇلماننى خار قىلغان،
خۇدا ئۇرسۇن خوجىنى.
(تارىخىي قوشاقلاردىن)

**ئافاق خوجا كىم؟**

بىزنىڭ كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەر تارىخىمىزدا ئۆزلىرىنىڭ ئالاھىدە سەلبىي قىلمىشلىرى بىلەن نام قالدۇرۇپ ئۆتكەن چوڭ خوجا ـ ئىشانلارنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرىدىن بىرى ـــ ئافاق خوجا (ھىدايىتۇللا خوجا)دۇر.

ئافاق خوجا ـــ خوجا مەخدۇم ئەزەمنىڭ پەر نەۋرىسى (مۇھەممەد يۇسۇپ خوجىنىڭ ئوغلى) بولۇپ، 1626 ـ يىلى قومۇلدا قەشقەر بەشكىرەملىك سەئىد جېلىل قەشقەرى دېگەن كىشىنىڭ قىزى زۇلەيخا بېگىم دېگەن خاتۇندىن تۇغۇلغان. 1633 ـ يىلى دادىسى بىلەن سوپىلىق قىلىپ قەشقەردە پەيدا بولغان. 1660 ـ يىلى 34 يېشىدا يەكەندە مەكتىلىك ئوبۇل ھادى بەگنىڭ قىزىغا ئۆيلەنگەن. 1678 ـ يىلىدىن 1694 ـ يىلىغىچە 16 يىل قەشقەرىيە (ھازىرقى جەنۇبىي شىنجاڭ) گە «خان» لىق قىلغان. ئۆمرىدە «ئەۋلادى پەيغەمبەر خوجا»، «ئەۋلىيا خوجام»، «ئافاق خوجا»، «ئىشان نۇر ئاللاھ[①]»، «ئىشان ئەلەيھى»، «ئاللاھ خوجام[②]»، «پېشۋاھى ھەزرەت»، «ئاباخ خوجا[③]»، «تۇرلۇك

① «ئىشان نۇر ئاللاھ» ـــ ئاللاھنىڭ نۇرىغا چۆمۈلگەن، ئاللاھقا ئوخشاش نۇرلۇق دېگەن مەنىلەردە.

② «ئاللاھ خوجام» ـــ 19 ـ ئەسىردە ياشاپ ئىجاد قىلغان. ئۇلۇغ ئۇيغۇر تارىخچىسى موللا مۇسا بىننى ئەيسا سايرامى ئۆزىنىڭ «تارىخىي ئەمنىيە» دېگەن كىتابىدا بۇ ئاتالغۇغا ئىزاھات بېرىپ مۇنداق يازغان: «... بەزىلەر خوجاملارغا بولغان ئىخلاسلىرىنى ھەددىدىن زىيادە ئاشۇرۇپ، خوجاملارنى «ئاللاھ غوجام» دەپ تەگرى بىلەن خوجاملارنىڭ ئارىسىغا ھېچقانداق كىشىنى سىغدۇرمايتتى...» بۇ خىل ئاتاش ئافاق خوجا دەۋرىدىن كېيىنكى چاغلاردىمۇ بولغانلىقى توغرىسىدا تارىختا پاكىت كۆپ.

③ «ئاباخ» (تاگىغۇتچە سۆز) ـــ دالاي 5 ئافاق خوجىنى ئۆز ۋاقتىدا ئۆز بۇتخانىسىدا مۇشۇ نام بىلەن ئاتاپ قوبۇل قىلغان. ئەسلىدە بۇ سۆز دالاي لامانىڭ ئوتتۇرا قاتلامدىكى لامالارغا بېرىدىغان بىر خىل دىنىي ئۇنۋان نامى بولۇپ، بۇ نام مۇسۇلمانلاردىكى «رەئىس»، «قازى رەئىس» دەرىجىلىرىگە تەڭ كېلىدۇ. دېمەك دالاي 5 ئافاق خوجىنى شۇ خىل دەرىجىلىك لامالار بىلەقاتارىدا قوبۇل قىلغان.

ئاباخ»[1] دېگەندەك ناملارنى قوللانغان ياكى قوبۇل قىلغان. 1693 ـ يىلى يازدا ئوغلى (شۇ چاغدىكى قەشقەرنىڭ باش ھۆكۈمرانى) يەھيا خوجا (خان خوجا دەپ ئاتىلىدۇ) غا: «... ئەي قەدىرلىك پەرزەنت، مۇشۇ يەر ھەممە يەرلەردىن ئوبدانراق ئىكەن، بۇ يەرگە ئېگىز بىر گۈمبەز قىلىڭ. ئۇ تا قىيامەتكىچە بۇزۇلمىسۇن...» (ئافاق خوجا تەزكىرىسى كۆچۈرۈلمە نۇسخا 41 ـ بەت) دېگەن بۇيرۇقنى بېرىپ، دادىسى مۇھەممەد يۇسۇپ خوجىنىڭ قەبرىسىنى ئاساس قىلغان ھالدا ھازىرقى ئافاق خوجا مازىرىنىڭ ئەسلىنى ياساتقان ھەم ئۇنىڭغا دەسلەپتە «مازارى شاھان» (مازارلار شاھى) دەپ نام قويغان. ھىجرىيە 1115 ـ يىلى يەنى يولبارس يىلى ماھى سەپەر ئېيىنىڭ 16 ـ كۈنى (مىلادى 1694 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى) ئۆزىنىڭ تاغىسى خوجا ئىسھاق ئەۋلادلىرى تەرىپىدىن ھوقۇق، ئىنتىقام ئاداۋىتى بىلەن يەكەن شەھىرىدە 68 يېشىدا زەھەرلەپ مەخپىي ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن، جەستى شۇ يىلى قەشقەر شەھىرىگە يۆتكىلىپ كېلىنىپ، ئۆزى ئۆلۈشتىن يەتتە ئاي بۇرۇن ياستىپ قويغان «مازارى شاھان»غا دەپنە قىلىنغان. ئافاق خوجىنىڭ چوڭ ئوغلى خوجا يەھيا شۇ يىلى دادىسىنىڭ قەبرىسىنى چوڭ گۈمبەز ئىچىگە ئالغۇزۇپ، گۈمبەزنىڭ ئۈستىگە پارسچە «ئافاق خوجا خۇدانىڭ ئاشىقى ئىدى»، «يەككە ـ يېگانە مەشۇق ئىدى» دېگەن خەتنى يازغۇزۇپ بۇ يەرنىڭ نامىنى «ھەزرىتى ئافاق خوجا مازىرى» قىلىپ بېكىتكەن.

### ئافاق خوجىنىڭ باش كۆتۈرۈشى

ئافاق خوجا 1640 ـ يىللار ئەتراپىدا دادىسىدىن سوپىلىقنى ئۆگىنىپ، قەشقەردە مۇرەتتەپ (پىششىق) سوپى ھەم تونۇلغان ناتىقلاردىن بولۇپ قالغان. 1644 ـ يىللىرى دادىسى مۇھەممەد يۇسۇپ خوجا ئۆزىنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى (خوجا ئىسھاق ۋەلىنىڭ نەۋرىسى) خوجا ئاب-

[1] «تۇرلۇگ ئاباخ» ـــ تاڭغۇت (ۋاڭزۇ) تىلى. «تۇرك شەيخ»، «تۇرك رەئىس»، «تۇرك ئۆلىما» دېگەن مەنىلەردە بولۇپ، تاڭغۇتلار تارىختا ئۇيغۇرلارنى «تۇرلۇگ» (تۇرك) دەپ ئاتاپ كەلگەن.

دۇللا ئىشان تەرىپىدىن دىنىي ھوقۇق، ئىمتىياز تالىشىش ئاداۋىتى بىلەن زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈۋېتىلگەندىن كېيىن ئۇ دەرھال دادىسىنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ، ئۆزىنى «پىر» دەپ ئېلان قىلغان ھەم دادىسى يۈرگۈزۈپ كەلگەن «ئىشقىيە سۇلۇكى» گە ۋە بۇ «سۇلۇك» مۇرتلىرىنىڭ ئومۇمىي ھەرىكەتلىرىگە باشچىلىق قىلىش ھوقۇقىنى قولغا ئالغان. ئافاق خوجا ئوتتۇرىغا چىققان بۇ چاغ — قەشقەرىيەدە بىر - بىرىگە قارىمۇقارشى مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئىككى چوڭ سوپىلىق سېپى — «ئىشقىيە» چىلەر سېپى بىلەن «ئىسھاقىيە» چىلەر سەپلىرىنىڭ ئىچكى كۈرەشلىرى ئىنتايىن كەسكىنلىشىپ تۇرغان يامان چاغقا توغرا كەلگەن.[①] مۇشۇنداق كەسكىن كۈرەش ئىچىدە باش كۆتۈرگەن ئافاق خوجا يەنىلا ئۆز رەقىبى بولغان «ئىسھاقىيە» چىلەرگە قارشى كۈرەشتە غەلىبە قىلىش، ئاخىر بېرىپ پۈتۈن قەشقەرىيەنىڭ بىردىنبىر چوڭ دىنىي ھۆكۈمرانى بولۇپ مەيدانغا چىقىشنىڭ بىر يۈرۈش تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ، ئىجرا قىلىشقا كىرىشكەن.

بىرىنچى، ئۆزىنى «سەئىد» ئاتاپ («مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ 27 - ئەۋلاد نەۋرىسىمەن» دەپ ئېلان قىلىپ)، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا «ۋارىس» لىق قىلىۋاتقان «ئۇلۇغ زات» قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ، تۇنجى قېتىم قەشقەردە ئەتراپىغا ئادەم يىغىش، مۇرت كۆپەيتىش ۋە ئۇلار ئارقىلىق قەشقەرىيەدە ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى تۇرغۇزۇش ھەرىكىتىنى كۈچەيتكەن. يەنى ئۆز يېقىنلىرى ئارقىلىق قەشقەر مۇسۇلمان-

① مەخدۇم ئەزەم ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغۇللىرى — خوجا ئىسھاق ۋەلى بىلەن خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىمامى كالانلار ئۆز ئاتىسىنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىشىپ، سوپىزمنى ۋە دىنىي مۇتەئەسسىپلىكنى تېخىمۇ كەڭ تارقىتىش ئۈچۈن، ھەر بىرى ئۆز ئالدىغا مۇرت توپلاشقا باشلىغان. يۇلار ئەزەلدىن بىر - بىرى بىلەن ھوقۇق، مەنپەئەت تالىشىش يولىدا ئۆز ئارا زىتلىشىپ كېلىۋاتقان ئاكا - ئۇكىلاردىن بولغىنى ئۈچۈن، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇرت تالىشىش كۈرىشى بارغانسېرى كۈچىيىپ كەتكەن. بۇ كۈرەشتە خوجا ئىسھاق ئىنىسى مۇھەممەتئىمىن ئىشانىنى باشقىلارنىڭ قولى ئارقىلىق زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. ئافاق خوجىنىڭ دادىسى مۇھەممەد يۈسۈپ خوجىمۇ خوجى ئىسھاقنىڭ نەۋرىسى ئابدۇللانىڭ قولىدا ئۆلتۈرۈلگەن. خوجا ئىسھاق ئۆلگەندىن كېيىن بۇ كۈرەش يەنىمۇ كەسكىنلىشىپ كەتكەن. نەتىجىدە، قەشقەرىيەدە بىر - بىرىگە قارىمۇ قارشى چوڭ ئىككى سەپ، يەنى: مۇھەممەتئىمىن خوجا كالان (ئافاق خوجىنىڭ بوۋىسى) تەرەپدارلىرى ئۇيۇشقان «ئىشقىيە» (داستارلار) سېپى، خوجا ئىسھاق تەرەپدارلىرى ئۇيۇشقان «ئىسھاقىيە» (مەخدۇمزادىلەر) سېپى بارلىققا كەلگەن. بۇ سەپلەرنىڭ كۈرىشى ئافاق خوجا بىلەن ئۇنىڭ رەقىبى ئابدۇللا خوجا چاغلىرىغا كەلگەندە تېخىمۇ كەسكىنلىشىپ، قانلىق كۈرەش يەللىسىگە بېرىپ يەتكەنىدى.

لىرى ئارىسىدا «... خوجام دەرگاھىغا كىلىپ مۇرت بولغۇچىلارنىڭ ھەر قانچە ئېغىر گۇناھلىرى بولسىمۇ گۇناھىدىن ساقىت بولىدۇ...»، «ئىنسان سۆلۈككە كىرسە (خوجامغا مۇرت بولسا دېمەكچى — ئا) ئورنى بارغانسېرى ئاشىدۇ. ئاللاھنىڭ زاتىغا ئۇلىشىدۇ ۋە ئەبەدىيلىشىدۇ. مۇشۇ يول بىلەنلا خۇداغا يېقىنلىشىش مۇمكىن...»، «... خوجام (ئافاق خوجىنى دېمەكچى — ئا) ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن مۆمىنلەرگە ‹پىر›، ‹ئۇستاز› بولۇش ئۈچۈن كەلگەن ‹ئەۋلىيا› دۇر...»، «پەيغەمبەر بىلەن ئوخشاشتۇر...»، «... بىرەر كىشى ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە ئىمان ئېيتىپ دىنىنىڭ پۈتۈن ئەركانلىرىنى ئورۇنلىغان تەقدىردىمۇ، ئەگەر ‹پىر›، ‹ئەۋلىيا› غا قول بەرمەيدىكەن، ئىشەنمەيدىكەن، گۇناھكار بولىدۇ. قىلغان ئىبادەتلىرى قوبۇل بولمايدۇ...» («تەزكىرەئىي پىر ياران» دىن) دېگەندەك تەشۋىقاتلارنى ئەۋج ئالدۇرغان. ئافاق خوجىمۇ بۇ خىل تەشۋىقاتنى ئۆزىنىڭ تاللانغان، سۆزمەن، تەشۋىقاتچىلىقتا چېنىققان، ئەل ئىچىدە تونۇلغان ناتىقلىرى ئارقىلىق كەڭ دائىرىلەر، يىراق جايلار بويىچە ئۈزۈلدۈرمەي خېلى يىللار داۋاملاشتۇرغىنى ئۈچۈن، پۈتۈن قەشقەرىيەدە ناھايىتى تېزلىكتە نامى چىقىشقا باشلىغان. ۋەھالەنكى، بۇ خىل تەشۋىقاتلار پۈتۈنلەي ئويدۇرما ۋە ئالدامچىلىق بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭدا ھېچقانداق بىرەر تارىخ ياكى ئىسلام تەلىماتى، ئەقىدە، پىرىنسىپلىرىدا تەكىتلەنگەن بىرەرمۇ پاكىت - ئاساس يوقتۇر. دېمەك، ئافاق خوجا تەشۋىقاتچىلىرى (مۇرتلىرى) مۇشۇنداق بىر شەخسنى ئادەتتىن تاشقىرى سۈپەتلەر بىلەن ماختاپ (ئۇنىڭ غايىبنى بىلىدىغانلىقىنى، «ئۇلۇغ»لىقىنى تەرىپلەپ، «خۇداغا رام»لىقى بىلەن ئاخىرىدا ئۇنى قەشقەرىيەدە «ئىسلام دىنىنىڭ ئەۋلىياسى»، «ئۇلۇغ پېشۋاسى»، «سەئىد» دېگەن تاج ئاستىغا ئېلىپ ئەجدادلىرىمىزنىڭ يەلكىسىگە مىندۈرۈشكىچە بېرىپ يەتكەن.

ئىككىنچى، خۇددى «تارىخىمىزدىكى ئىسلامىيەت»تە كۆرسىتىلگەندەك: «... بۇ زات ھەر يىلى مازار - ماشايىخلارنى تاۋاپ قىلىپ، قەدەم جايلارنى يوقلاپ، شەھەرلەرنى كۆرۈپ، يۇرتلارنى ئارىلاپ، ئەل

ـ خالايىققا كۆرۈنۈپ، دۇئا بېرىپ، مۇشكۇللىرىغا ئاسايىشلىق تىلەپ، باشلىرىنى سىلاپ، سايىۋەن بولۇپ تۇرۇش»نى زادىلا قولدىن بەرمىگەن. يەنە شۇ كىتابتا: «... بۇ زات ئۇچتۇرپانغا بارغاندا خالايىق (بىز كۆتكەن سەئىد مۇشۇ ئىكەن) دەپ ئەقىدىلىرىنىڭ كۈچلۈكلىكىدىن ئاتلىرىنى ئۇيۇرى بىلەن، قويلىرىنى قوتىنى بىلەن، كالىلىرىنى ئېغىلى بىلەن ھەدىيە قىلىپ بېرىپ دۇئاسىنى ئالدىلەر...» دېيىلگىنىدەك، ئاپاق خوجا قومۇلدىن تارتىپ خوتەنگىچە بولغان شەھەر، بازارلارنى، قەدىم جايلارنى بىر نەچچە قېتىمدىن زىيارەت قىلىپ، بۇ جايلاردىن مۇرت توپلاپ، «ئۇلۇغ» لاردىن «دۇئا» ئېلىپ، كىشىلەرگە «دۇئا» بېرىپ تاپاۋەت تېپىپ، ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي ئۇلىنى چىڭىتىپ بارغان. «تەزكىرەئىي پىر ياران» دا كۆرسىتىلىشىچە، ئاپاق خوجا 1635 ـ يىلىدىن 1677 ـ يىلىغىچە قومۇل، تۇرپان، قارا شەھەر، كۇچا، ئاقسۇ، قەشقەر، يەكەن، خوتەن، ئۇچتۇرپان، يېڭىسار، سېرىققول، بەدەخشان (ئافغانىستان)، كەشمىر، كاسان، پەرغانە، ئىلى، راجىدان (جامۇ) قاتارلىق جايلاردا مازار كەزدىلىك، ئىشانلىق سەپىرىدە يۈرۈپ، ئىرشاتنامە تارقىتىپ نۇرغۇن مۇسۇلمانلارنى سوپىلىققا ئالغان، مۇرت كۆپەيتكەن. ئاقسۇدىكى «قۇرەيش ئاتام»، تۇرپاندىكى «ئەسھابۇل كەھف»، يەكەندىكى «ئالتۇنلىرىم»، ئاتۇشتىكى (سۇلتانىم)، كۇچادىكى «مەۋلانا ئەرشىدىن ۋەلىيۇللا»، خوتەن ـ ئىلچىدىكى «ئىمام مۇھەممەد ھەسەن ئەسكىرى»، چىرىدىكى «ئىمام جەپەر تەيران»، قاغىلىقتىكى «زۇنلان»، «جەمجۇم» قاتارلىق 30 نەچچە مازارنى كېزىپ ۋە بەزىلىرىنىڭ پەخرىي شەيخلىق دەرىجىلىرىنى قوشۇمچە قوبۇل قىلىپ، ئۆزىنىڭ بۇ تەرەپتىكى تەسىرىي ئاساسىنىمۇ كېڭەيتكەن. مۇرت، شېرىك، يارانلارنى ئاۋۇتقان. 1669 ـ يىلىغا كەلگەندە خۇددى «يەكەن تارىخى» نىڭ 38 ـ بېتىدە كۆرسىتىلگەندەك؛ «... ھىدايىتۇللا ئاپاق بىر قېتىملىق ئۇچرىشىشتا ئىسمائىلخاندىن ئۆزىنىڭ مۇرىتلىرىدىن سىلىق ئالماسلىقنى تەلەپ قىلغان. ئىسمائىلخان بۇنى سەل چاغلاپ ماقۇل بولغان. شۇنىڭ بىلەن بۇنى ئاڭلىغان خەلق خوجا ھىدايىتۇللاغا كۆپلەپ

مۇرت بولۇپ، پەقەت بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدىلا 30 مىڭغا يې-
قىن كىشىگە يەتكەن»، قەشقەرىيەنىڭ خېلى بىر قىسىم جايلىرىدىكى
ئاھالىلەر ئارىسىدا ئاپاق خوجا تەرىقىتىنىڭ «ئىشقىيە» سۇلۇكى بىر
خىل يېڭى دىنىي ئىدىيە سۈپىتىدە تارقىلىشقا باشلىغان. 1666 ـ
يىللار ئەتراپىدا قەشقەرىيەدە ئاپاق خوجا باشچىلىقىدىكى «ئىشقىيە»
چى سوپىلار بىلەن ئەبەيدۇللا خوجا باشچىلىقىدىكى «ئىسھاقىيە» چى
سوپىلار ئوتتۇرىسىدا ئۆز سەپلىرىنى تەرتىپكە سېلىش، كۈچەيتىش
ھەرىكىتى كۆتۈرۈلگەن. ئاپاق خوجا ئۆز مۇرىتلىرىنى «ئىسھاقىيە» تە-
رەپدارلىرىدىن پەرقلەندۈرۈش ھەم ئۆز سېپىنىڭ چېگراسىنى ئېنىق
قىلىپ بەلگىلەش ئۈچۈن، ئۆز مۇرىتلىرىنى ئاق تەقى (ئاق تۇماق، ئاق
دوپپا) كىيىشكە بۇيرۇغان ھەم بۇ شەرتلىك بەلگىنى «ئىشقىيە» لەر
سېپىنىڭ مۇقىم بەلگىسى قىلىپ بېكىتكەن. ئەبەيدۇللا خوجىمۇ ئۆز
مۇرىتلىرىنى «ئىشىيە» تەرەپدارلىرىدىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن قارا
تەقى (قارا تۇماق، قارا دوپپا) كىيىشكە بۇيرۇغان ھەم بۇ شەرتلىك
بەلگىنى «ئىسھاقىيە» لەر سېپىنىڭ مۇقىم بەلگىسى قىلىپ بېكىتكەن.
شۇنىڭ بىلەن ئاپاق خوجىنىڭ تەسىرى چوڭراق بولغان («ئىشقى-
يە»چىلەر جىقراق بولغان) ھازىرقى قەشقەر شەھىرىدىن تۇرپانغىچە
بولغان جايلارنىڭ خەلقلىرى ئاق تەقىلىقلارنىڭ تەرەپدارلىرى قىلىپ
قويۇلغان. ئەبەيدۇللا خوجا («ئىسھاقىيە»چىلەر )نىڭ تەسىرى چوڭراق
بولغان يەكەن، قاغىلىق، خوتەن تەۋەلىرىگە قاراشلىق جايلارنىڭ خەل-
قى قارا تەقىلىقلارنىڭ تەرەپدارلىرى قىلىپ قويۇلغان. بۇنىڭ بىلەن
ئەمەلدارلاردىن تارتىپ تاكى ئاددىي پۇقرالارغىچە ئىككى قاشقا بۆلۈ-
نۈپ، ئىككى خوجىنىڭ كەتمىنىنى چاپىدىغان ئاق تەقىلىقلەر، قارا تە-
قىلىقلار كۈرىشى ئەۋجىگە چىققان («ئاق تەقى»، «قارا تەقى» ئاتال-
غۇسى يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاھاڭ ئۆزگىرىش
خۇسۇسىيىتى بويىچە «ئاق تاغلىق»، «قارا تاغلىق» دېيىلىپ كەلمەك-
تە). گەرچە ئۇلارنىڭ تۈپ ماھىيەتلىرى بىر ـ بىرىدىن پەرق قىلمى-
سىمۇ قەشقەرىيەنىڭ سىياسىي ھاكىمىيىتى يەنىلا سەئىدىيە خانلىقىنىڭ

ۋارىسلىرىدىن بولغان ئىسمائىلخاننىڭ قولىدا بولغانلىقى سەۋەبىدىن بۇ ئىككى گۇرۇھنىڭ باشلىقلىرى دىن ۋە دىنىي ئىشلارنىڭ ھوقۇقىنى ئۆز قوللىرىغا مەركەزلەشتۈرۈش ئۈچۈن، ئۆز ئارا قانلىق كۈرەشلەرنى زادىلا توختاتماي، ئىسمائىلخان ھاكىمىيىتىنىڭ مۇقىم، تىنچ، ئىتتىپاق بولۇشىغا خەۋپ يەتكۈزۈشكە باشلىغان. مەسىلەن: «بورقۇم ئەۋلىيا» دېگەن قولىيازمىدا كۆرسىتىلىشىچە: ئافاق خوجىنىڭ «ئاق تاغلىق» سوپىلىرى 1670 ـ يىلى بىر يىل ئىچىدىلا يېڭىسار، مەكىت، مارالبېشى، پەيزىۋات، يەكەن، قاغىلىق قاتارلىق جايلاردا «قارا تاغلىق»، «پىر» سوپىلاردىن 80 نەچچىنى تۇتۇۋېلىپ مەخپىي ئۆلتۈرۈۋەتكەن. 40نەچچە «سوپى»نىڭ پېيىنى قىرقىپ، قول، پۇتىنى كېسىپ، ئاختا قىلىپ (ئەرلىك تۇخۇمىنى ئېلىۋېتىپ) «كېرەكسىز مۇردا» ھالەتكە ئەكىلىپ، «قارا تاغلىق»لاردىن «ئۆچ» ئالغان. «ئىسھاقىيە»چى «قارا تاغلىق» سوپىلارمۇ قەشقەرىيەنىڭ خوتەن، يەكەن تەۋەلىرى (ھازىرقى كېرىيە، چىرا، لوپ، ئىلچى، قاراقاش، گۇما، قاغىلىق، مەكىت، يەكەن، پوسكام ناھىيەلىرى تەۋەلىرى)دە «قىلمىشلىرى ئېغىر»، «ئاق تاغلىق»، «پىر»، «سوپى» ئىشانلاردىن بەزىلىرىنى تۇتۇۋېلىپ، مەخپىي ھالدا قول ـ پۇتىنى باغلاپ چىقالمايدىغان چۆللەرگە ئاپىرىپ تاشلىۋېتىپ ياكى قول، قۇلاقلىرىنى كېسىۋېلىپ (ئەن سېلىپ قويۇپ) ھەيدىۋېتىپ ياكى گاچا ـ گاس قىلىپ تاشلاپ، بەدەل ھېسابىدا ئۆچ ئېلىپ تۇرغان. 1671 ـ يىلى ئافاق خوجا سوپىلىرى ئىسمائىلخان ئەمەلدارلىرىنىڭ نەسىھەت، توسۇشلىرىغا بوي بەرمەي يەكەندە «قارا تاغلىق خوجىلار» نىڭ ئەدىپىنى يەنىمۇ قاتتىقراق بېرىشكە كىرىشكەن. بۇ ئەمەلىيەتتە ئىسمائىلخانغا قىلىنىۋاتقان بىر خىل خىرىس ئىدى. ئىسمائىلخان بۇنى سېزىپ، شۇ يىلى يازدا ئافاق خوجىنى بىر نەچچە چوڭ شېرىكى بىلەن قوشۇپ قەشقەرىيەدىن زورلۇق كۈچ بىلەن ھەيدەپ چىقارغان. ئۇنىڭ زوراۋان «سوپى»لىرىدىن، قاتىل «پىر»لاردىن بىر نەچچىنى جازالاپ، قالغانلىرىنى تىنچ پۇقرادارچىلىق قىلىشقا بۇيرۇغان. قارا تاغلىق خوجا ئىشانلارمۇ خانلىقنىڭ تېگىشلىك

قانۇن، چەكلىمىلىرى ئىچىدە پۈتكۈل پۇقرادارچىلىق قىلىشقا بۇيرۇلغان. شۇ-نىڭ بىلەن قەشقەرىيەدە «ئاق تاغلىق»، «قارا تاغلىق» لار ماجىرالىرى بىر مەھەل پەسىيىپ جەمئىيەت تىنچىغان. ئىسمائىلخان 17 ـ ئەسىر-نىڭ باشلىرىدا جۇڭغارلار بېسىۋالغان شىمالدىكى ئۇيغۇر رايونلىرى (ئۈرۈمچى، ئىلى، قۇمۇل، ئالتاي رايونلىرى)نى قايتۇرۇۋېلىش تەييارلى-قىغا كىرىشكەن.

## ئافاق خوجىنىڭ دالاي لامادىن مەدەت تىلىشى

ئافاق خوجا قەشقەرىيەدىن قوغلاپ چىقىرىلغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ بىر نەچچە شېرىكى بىلەن قوغلاندىلىق سەپىرىنى باشلاپ، ئاخىر سى-رىققۇل (تاشقورغان)دىكى مىڭ تىكە، كۆكتىرەك داۋىنىدىن ئافغانىستان تەۋەسىگە ئۆتۈپ، شۇ يىلى 9 ـ ئايدا بەدەخشان شەھرىگە بېرىۋال-غان. خۇددى «تەزكىرەئىي پىر ياران» دا كۆرسىتىلگەندەك: «... بۇ زات بەدەخشان دىيارىدا خۇدايى مۇساپىر، خۇدايى سايىل...» بولۇپ قالغان. يەنى بەدەخشاندا ھەم تىلەپ، ھەم «دۇئا» قىلىپ يەيدىغان خۇدايى گادايلاردىن بولۇپ كۆپ ئۆتكۈزۈش ھالىتىگە چۈشۈپ قال-غان. 1676 ـ يىلىغىچە بەدەخشاننى چۆرىدەپ كەشمىر، راجىدان، ۋاخان، پەرغانە، كاسان، ئىلى، ھىرات قاتارلىق جايلاردا دۇئاگۇيلۇق بىلەن سوپىلىق قىلىپ يۈرۈپ، ئاخىر 1677 ـ يىلى كۈزدە ئۈچ ھەمراھى بىلەن جۇڭغارىيە ۋادىسىدا شۇ چاغدا ياشىغان تورغۇۋۇت موڭغۇل قەبىلىسىنىڭ 27 ـ خوپۇسى (لاماسى) شېڭ جىڭ خوپۇنىڭ دالالىنى ئاۋاپ قىلغۇچى ھەمراھلىرىغا قوشۇلۇپ، تىبەتنىڭ لخاسا شەھرىگە بېرىپ، مىڭ تەسلىكتە شۇلارنىڭ تەركىبىدە دالاي لاما 5 (ئەسلى ئىسمى دوبدون سېرىن جامبول لاما)نىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولغان. «بورقۇم ئەۋلىيا» دېگەن قولىيازمىنىڭ «سوقچى ئارخون» دېگەن بابىدا يېزىلىشىچە: ئافاق خوجا دالاي ئىبادەتخانىسىغا ئون قېرىن ـــ ئون چارەك ياغ ئالغاچ كىرىپ، بۇتقا باش ئۇرغان، دۇم يېتىپ دۇئا قىلغان. لامانىڭ پەشلىرىنى سۆيۈپ، ئىپتەكلىرىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تاۋاپ قىلىپ، يىغلاپ مەدەت تىلىگەن. دېمەك، بۇ زاتنى ئۇلۇغ تەڭرى ئەنە شۇ چاغدا ئۆز قۇدرىتى بىلەن بۇ خىل رەزىل قىلمىشقا دۇچار قىلىپ، جاھاننىڭ ئىسسىق - سوغۇقلىرىدا قىيناپ، جاپا - مۇشەققەتنىڭ ئاچچىق - چۈچۈكلىرىگە ئۇچرىتىپ، ئاھۇ - نادامەتنىڭ لايلىرىغا يۇمىلىتىپ، پۇشايمان ئوچاقلىرىدا كۆيدۈرۈپ، خارلىق ۋە ئېتىبارسىزلىقنىڭ كوچىلىرىدا ئايلاندۇرۇپ يۈرۈپ، ئاخىرىدا ئۇنى ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۈشمەنلىرىگە كۈچۈكلىنىپ باش قويىدىغان، خەلق، مىللەت ۋە ئىسلام دىنىغا ئاسىيلىق قىلىدىغان تارىخىي خائىن، لەنىتى ئىنسان، دوۋزىخى مۇسۇلمان دەرىجىسىگە چۈشۈرۈپ قويغانلىقىدا شەك يوقتۇر. خۇددى ئىت ئۆز ئىگىسىنى «خۇدا» دەپ بىلگەندەك، ئاپاق خوجىمۇ دالاي لامانى بىردىنبىر قۇتقۇزغۇچى ئەۋلىيا سۈپىتىدە تونۇپ، ئىسمائىلخان ئۈستىدىن دەردىنى تۆككەن، ئەرز قىلغان ھەم ئۇنىڭدىن ئىسمائىل خان ھاكىمىيىتى (يەكەن خانلىقى) نى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا ھەربىي ياردەم بېرىشنى ئىلتىجا قىلغان. بۇ توغرىسىدا «تارىخىي نادىرىيە» دە مۇنداق يېزىلىدۇ: «... مەن مۇسۇلمانلار پىرقىسىنىڭ خوجىسىدۇرمەن. ياركەنت، كاشغەر مېنىڭ مۇرت - مۇخلىسلىرىمدۇر. ھالا بىراۋ كېلىپ مەندىن سويۇپ ئېلىپ مېنى قوغلاپ چىقاردىلەر. سىزدىن تىلەيدۇرمەنكى، كىشى بۇيرۇپ يۇرتۇمنى قولۇمغا ئېلىپ بەرگەيسىز...»

«بىراھمان ـــ بۇت شەيخى (دالاي لاما 5) : ‹ بۇ يەردىن ئۇ يەرگە كىشى بارمىقى بىسيار دىشۋاردۇر › دەپ ئىلىدىكى قالماقلار تۆرەسى (غالدان قۇنتەيجىنى دېمەكچى ـــ ئا) گە نامە پۈتتىكى: «... ئەي! بۇشۇدىخان خوجا ئاپاق بىسيار ئۇلۇغ كىشى ئىكەن. ياركەنت، كاشغەرنىڭ خوجىسى ئىكەن. بۇنىڭ يۇرتىنى ئىسمائىلخان سويۇۋېلىپ، بۇنى قوغلاپ چىقىرىپتۇر. كېرەككى ئەسكەر بۇيرۇپ يۇرتىنى قولىغا ئېلىپ بەرگەيسىز، ۋاللاھ ئىش كامال بولغۇسىدۇر. نامە تامام...»

ئاپاق خوجا دالاي لامانىڭ قېشىدا بىر ھەپتىدەك تۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن قەشقەرىيە خەلقىنىڭ ئەھۋالى، ئىسمائىل خاننىڭ كۈچ - قۇۋۋى-

تى، ئىچكى ماجىرالار، تىبەت ـ قەشقەرىيە چېگراسىدىكى تاغ، داۋان، يول، جۇداق (بوتخانا) لار توغرىسىدا سۆھبەتلەشكەن. شۇ زامانلاردىن بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ياكى شۇ زامانلار توغرىسىدا كېيىنرەك يېزىپ قالدۇرۇلغان بەزى ئۇيغۇرچە، تاجىكچە يازما خاتىرىلەردە، مەسىلەن: «بورقۇم ئەۋلىيا»، «لەنىتى رەھمەت» دېگەندەك قولىيازمىلاردا كۆرسىتىلىشىچە: دالاي لاما ئافاق خوجىغا ئۆز يەرلىرىنى ئىسمائىلخاندىن قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئۆزىگە دائىم ھۆرمەت بەجا كەلتۈرۈپ، گېپىگە كىرىپ، ئادەملىرى بىلەن بىرلىشىپ، لامالارغا دۇئا قىلىپ، دۇنيانىڭ ئىشلىرىنى شۇلار دېگەندەك قىلىپ تۇرۇشنى تاپىلاپ، 1677 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى (دالاي لاما 5 نىڭ لامالىققا ئولتۇرغان 1 ـ كۈننى ئەسلەش ئىبادىتى بولغان كۈنى) ئاخىرقى دۇئاسىنى بېرىپ «ئەركىنە» (مەخسۇس لاما ھارىقى) تۇتۇپ مېھمان قىلىپ، ئاخىرىدا يەنىلا شۇ شىلىڭ جىلىڭ خوپۇلاما بىلەن قوشۇپ 15 قوتاز بېرىپ غالدان قۇنتەيجى ھوزۇرىغا — غۇلجىغا يولغا سېلىۋەتكەن. ئافاق خوجا كۆككۆل (چىڭخەي) ئارقىلىق قۇمۇلغا كېلىپ قىشلاپ، 1678 ـ يىلى باش ئەتىيازدا ئىلىغا كېلىپ، دالاي 5 نىڭ خېتىنى غالدان قۇنتەيجىگە تاپشۇرغان. بۇ چاغلاردا لىخاسا شەھىرىدىكى دالاي لاما ئىبادەتخانىسى پۈتكۈل تىبەت ـ موڭغۇل بۇددىستلارنىڭ تاۋاپ قىلىدىغان دىنىي مەركىزى بولۇپ، ئۇلارنىڭ دالاي لاماغا بولغان دىنىي ئېتىقادى ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى. دالايغا چوقۇناتتى، ئەمرىدىن چىقمايتتى.

غالدان قۇنتەيجى مۇشۇ خەتنىڭ مەزمۇنى بويىچە ئافاق خوجىنى كاتتا ئىززەت ـ ھۆرمەتلەر بىلەن كۈتۈۋېلىپ، ئۇنىڭ تەلىپىنى ئورۇنلاش (يەكەن خانلىقىنى ئاغدۇرۇپ ئۆزىنىڭ «بۈيۈك جۇڭغار» دۆلىتىنى كېڭەيتىش) تەييارلىقىغا كىرىشىپ كەتكەن. ئافاق خوجىمۇ قەشقەرىيە تەۋەسىدىكى بەزى شېرىك، مۇرتلىرى بىلەن مەخپىي ئالاقىلەرنى ئورنىتىپ، ئىسمائىل خانىنى ئىچكى جەھەتتىن ئاغدۇرۇپ تاشلاشنىڭ چارىلىرىنى ئىزدىگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## ئافاق خوجىنىڭ قىرغىنچىلىقلىرى

ئافاق خوجا 1678 ـ يىلى 6 ـ ئايدا غالدان قوشۇن ئەۋەتىپ قىرغىن قىلىپ، غالداننىڭ ئوغلى سېرىن رابدان قوماندانلىق قىلىدىغان 12 مىڭ كىشىلىك جۇڭغار قوشۇنىنى ئەگەشتۈرۈپ، قەشقەر تەۋەسىگە بېسىپ كىرىپ، ئىچكى جەھەتتە بىر قىسىم «ئاق تاغلىق» خوجىلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىپ، قاتتىق جەڭلەر ئارقىلىق، قەشقەر ھاكىمى — ئىسمائىل خاننىڭ ئوغلى باباق سۇلتان باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر سەركەردىلىرىنى تامامەن قىرىپ تاشلاپ، قەشقەرنى بېسىۋالغان. شۇ يىلى 8 ـ ئايدا يەكەنگە ھۇجۇم قىلىپ، 40 كۈن سوقۇشۇپ ئاران دېگەندە يەكەن شەھىرىنىلا ئالغان. «بورقۇم ئەۋلىيا» دا كۆرسىتىلىشىچە؛ ئىسمائىلخان مۇسۇلمانلار قانلىرىنىڭ بىھۇدە، ناھەق، ئورۇنسىز ئېقىشىدىن ساقلىنىپ قېلىش، ئىشلارنى گەپ ـ سۆز بىلەن، مادارا، مۇرەسسە يولى ئارقىلىق ھەل قىلىش نىيىتىدە ئۇلارغا شەھەر دەرۋازىسىنى ئاچقۇزۇپ بەرگەن. لېكىن ئافاق خوجا كۈچلىرى شەھەرگە كىرىۋالغاندىن كېيىنلا ئىنتايىن چوڭ قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈشكە، شەھەرنى ۋەيران قىلىپ تاشلاشقا باشلىغان. يەكەن مۆتىۋەرلىرىدىن قولغا چۈشكەن ھەۋزىبېك قاتارلىق 81 چوڭ ئەربابنى قاتار باغلاپ، بىر باشتىن تىرىك تۇرغۇزۇپ يۈرىكىنى سۇغۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ، يۈرەك قېنىنى غالدان ئەسكەرلىرىنىڭ قىلىچلىرىغا سۈرتۈپ، قان سۈرتۈلگەن قىلىچلارنى كۆتۈرگەن ئەسكەرلەرنى كوچىلارنى «تەكشۈرۈش»، «تىنجىتىش» جازالاش ئىشلىرىغا قويۇۋەتكەن. بۇ خىل «تىنجىتقۇچى» قاتىللار يەكەن شەھەر ئىچىدە چوڭ قىرغىنچىلىق يۈرگۈزگەن، ئوت قويۇپ شەھەرنىڭ بىر قىسمىنى كۆيدۈرۈۋەتكەن. قىرغىندىن قېچىپ شەھەر ئىچىدىكى ئالتۇن مەدرىسىگە كىرىپ ئىبادەت قىلغۇچىلار سۈپىتىدە جىم ئولتۇرۇۋالغان مىڭدىن ئارتۇق بىگۇناھ كىشىنى مەدرىسەنىڭ 360 خانىلىق ھۇجرىسى ۋە پۈتۈن مەدرىسە بىناسى بىلەن قوشۇپ كۆيدۈرۈۋەتكەن. يەكەن شەھەر ئىچىدە ئەنە شۇ زامانلاردىن بېرى «جىن مەدرىسى» نامى بىلەن يادلىنىپ كېلىۋاتقان بۇ ئورۇن — شۇ

چاغلاردا ھەزرىتى ئافاق خوجا «ئىلتىپاتى» بىلەن كۆيدۈرۈۋېتىلگەن 1000 دىن ئارتۇق بىگۇناھنىڭ «جىن»لىرى (روھىناتلىرى) ساقلىنىپ تۇرغان تارىخىي ئورۇندۇر. شۇنداق قىلىپ ئافاق خوجا يېتەكچىلىكىدىكى رەھىمسىز جۇڭغار قوشۇنلىرى يەكەن ئەھلىنى ـــ «قارا تاغلىق» لار نامى بىلەن دەھشەتلىك قىرغان. نۇرغۇن كوچا، مەھەللىلەرنى كۆيدۈرگەن، مىڭلىغان خوتۇن ـ قىزلىرىنى دەپسەندە، ئاياغ ـ ئاستى قىلغان. ئىسمائىلخاننىمۇ ئەسىر ئېلىپ پۈتۈن ئۇرۇق ـ ئەۋلادى بىلەن قوشۇپ («بور قۇم ئەۋلىيا» دا «67 كىشىنى» دېيىلگەن) ھەممە تۆخۇمىنى بىراقلا قۇرۇتۇۋېتىش ھۆكۈمى بىلەن ئىلى جۇڭغار خانلىقىنىڭ ئىختىيارىغا ئەۋەتىپ بەرگەن. قەشقەرىيەنىڭ ھەممە جايلىرىدا جۇڭغار ئىدارىچىلىق تۈزۈمى، ئەجدادلىرىمىزنىڭ «يېڭى مەجبۇردىيەت» لىرى ئورنىتىلغان. پۈتۈن خەلق ئۇلارغا شەرتسىز بىردەك ئىتائەت قىلىشقا، قول بولۇشقا مەجبۇر قىلىنغان. تېگىشلىك مۇھىم شەھەر، بازار، يۇرتلارنىڭ ھەممىسىدە جۇڭغار قىسىملىرىنىڭ مۇقىم تۇرالغۇ، باشقۇرۇش، ئىدارە قىلىش ئورۇنلىرى تەسىس قىلىنىپ «دەخلىسىزلىكى» تولۇق كاپالەتلەندۈرۈلگەن. بەزى مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، ئافاق خوجا شۇ يىلى قەشقەرىيەنى قولغا كەلتۈرۈش ئۇرۇشىدا قولغا چۈشكەن «ئەسىر» لەردىن بىر قېتىمدىلا 120 ئورۇندا 400 دىن ئارتۇق «قارا تاغلىق» «چوڭ ئۇرۇش جىنايەتچىسى» نى ئۆلتۈرگەن. 300 «ئىسھاقىيە» چى خوجا، ئىشانىنى «ئۇرۇش جىنايەتچىلىرى» سۈپىتىدە باغلاپ، چېتىپ ماڭغۇزۇپ، ئىلىغا ـــ غالدانىنىڭ جازالىشىغا ئەۋەتىپ بەرگەن. ئافاق خوجا ئەمەلدارلىرىمۇ قەشقەرىيەدىن شۇ قېتىمدا نەچچە مىڭلىغان «تۇتقۇن» خوتۇن ـ قىزلارنى جۇڭغار ئەسكەرلىرىنىڭ خوتۇن قىلىشى، ئىشلىتىشى ئۈچۈن ئۆمۈرۋايەتلىك «غالجا»لىققا تۇتۇپ بېرىشىپ ھەم بىر بۆلۈم خوتۇن ـ قىزلارنى يىغىپ غۇلجىدىكى جۇڭغار ئەمەلدارلىرىغا «سوۋغات» ھېسابىدا يوللاپ بېرىشكەن. غالدان سېرىن قەشقەردىن ئىلىغا (دادىسى ئالدىغا) قايتماقچى بولغاندا، ئافاق خوجا: «... ئەھلى مەملىكەتنىڭ مەشھۇرىيەتى بىلەن قۇرۇق قايتمىغاي-

لەر » دەپ 4000 ئىنسانى ئۆلتۈرگەن ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئاپاق خوجا جۇڭغار قوشۇنلىرىنى ... گەرچە كىشىلەرگە قارىتا ئىسسىق - سوغۇق گەپلەرنى ئېيتىپ يۇرۇتۇپ يۈرسىمۇ لېكىن، ئاۋۋال

لەر » دەپ 4000 ئىنسان تون، سەرپاي، 400 مىڭ سەر كۈمۈش تەڭگە...» («تارىخىي نادىرىيە» دىن) يوللۇق تۆلەپ ھەم شۇ چاغدىن كېيىن ھەر يىلى يەنە 400 مىڭ سەردىن كۈمۈش تەڭگە بېرىپ تۇر- دىغانلىقنى مەجبۇرىيەت ۋەدىسى قىلىپ، ئەگەشتۈرۈپ ماڭغان «غال- جا» لىرىنى قوشۇپ (ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى خوتۇن - قىزلار ئىدى) تولۇق قوللۇق بەجا كەلتۈرۈپ، رازى قىلىپ ئۇزىتىپ قويغان. پاك، باكىر، گۈزەل مۇسۇلمان قىزلىرىنى ئابرۇيى ئۇچۇن ياۋۇز، قان- خور، ئىسلام دۈشمەنلىرى ھېسابلىنىدىغان بىر بۆلۈم قارا بىس زالىملارنىڭ قولىغا «تۆھپە»، «ئولجا»، «غەنىيمەت» قىلىپ «تەقدىم» قىلىش، تۇتۇپ بېرىش ــ ئاپاق خوجانىڭ ئەڭ يىرگىنىشلىك گۇنا- ھىدۇر.

### ئاپاق خوجىنىڭ «خان»لىق تەختتە ئولتۇرۇشى

ئاپاق خوجا يۇقىرىدىكى چوڭ تۆھپىلىرى بىلەن غالدان قونتەيجى ئوردىسىدىن ئىسمائىلخاننىڭ «ئورنى»نى ئېلىپ 1678 - يىلى 10 - ئايدىن ئېتىبارەن قەشقەرىيەگە «خان»لىق قىلىشقا باشلىغان. لېكىن، قەشقەرىيە خەلقى ئاپاق خوجىنىڭ بۇ خىل رەزىل «ھاكىمىيىتى»گە قارشى كۈرەشنى زادىلا توختاتمىغان. 1679 - يىلى ئەتىيازدا ئىسما- ئىلخاننىڭ ئىنىسى ــ ئۇچتۇرپان ھاكىمى مۇھەممەتئىمىن خان (ئە- مىرخان) باشچىلىقىدا ئۇچتۇرپان خەلقى ئاپاق خوجا ھامىيلىقىدىكى جۇڭغار كۈچلىرىگە قارشى كۆتۈرۈلۈپ، تاجاۋۇزچىلارنى ئاپاق خوجا بىلەن قوشۇپ قەشقەرىيە تەۋەسىدىن تەلتۆكۈس قوغلاپ چىقىرىۋەت- كەن. 30 مىڭنى تۇتۇۋېلىپ تۇۋا قىلدۇرغان. لېكىن ئاپاق خوجا بۇ مەغلۇبىيەتكە تەن بەرمەي، ئىچكى جەھەتتىن قەشقەرىيە تەۋەسىدىكى «ئاق تاغلىق» شېرىكلىرىنى، مۇرت - سوپىلىرىنى قۇترىتىپ، تاشقى جەھەتتىن غالدان قونتەيجىنىڭ يەنە 15 مىڭ كىشىلىك تاللانغان ئاتا- لىق قوشۇنىنى ئىشقا سېلىپ (كۆچ كۆرسىتىپ) 1679 - يىلى كۈزدە مۇھەممەتئىمىن خاننىڭ قان تۆكۈشنى توختىتىش شەرتىگە قول قو-

يۇپ سۇلھىلىشىپ، مۇھەممەتئىمىن خانغا كۆيئوغۇل بولۇپ، قەشقەردىكى شىبىرلىك «خان» لىق ئورنىغا ئىگە بولۇۋالغان. بىر نەچچە ئايدىن كېيىنلا سۇلھىنى بۇزۇپ مۇھەممەتئىمىن خاننى سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈپ، «خان»لىقنى تولۇق ئىگىلىگەن. شۇنىڭ بىلەن 1514 ـ يىلىدىن 1679 ـ يىلىغىچە 165 يىل داۋام قىلغان سەئىدىيە خانلىقى ئاخىرلىشىپ، قەشقەرىيەدە ئاپاق خوجا ۋاستىچىلىقىدىكى جۇڭغار (قالماق)لار ھۆكۈمرانلىقى باشلانغان. يەنى قەشقەرىيە جۇڭغا ھەربىي فېئودال خانلىقىنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىپ، ئۇيغۇر خەلقى جۇڭغار زالىملىرىنىڭ قۇللۇق ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا چۈشۈپ كەتكەن.

غالدان ئاپاق خوجىنى قەشقەرىيەگە «خان» قىلىپ تەيىنلىگەندىن كېيىن ئېلىنى پايتەخت قىلىپ، پۈتۈن شىنجاڭغا بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى ياۋۇزلۇق بىلەن داۋاملاشتۇرغان. بۇ توغرىدا «تارىخىي ھەمىدىيە» دە مۇنداق دېيىلىدۇ: «قالماقلار خوجاملار بىلەن بىرلىشىپ شېرىكلىك بىلەن يۇرتنى سورايدىغان بولدىلەر. بىر تورەنچ (بىر نەسەپ) قالماقلار بىر شەھەردە تۇرىدىغان بولدى. خوجاملار باج ـ خىراج ئورنىدا ھەر يىلىدا ئېلىغا ماتا، پۇل چىقىرىپ تۇردىلەر... خوجاملارمۇ قۇنتەيجى پەرمان ـ ئىتائىتىگە بويسۇنۇپ، ھەر يىلىدا بىر ۋە يا ئىككى نۆۋەت تارتىق ـ پېش ـ كەش بىلەن چىقىپ كۆرۈنۈش قىلىپ، جاۋاب بولغانلىرىدا يېنىپ كېلىپ ھەر قايسىلىرى ئۆز جايلىرىدا بىر قارار بولۇر ئىكەنلەر...»

ئۇيغۇر دىيارىدا پەيدا بولغان بۇ قورچاق «ھاكىمىيەت» ــ ئەنە شۇ ئاپاق خوجا «خان»لىقىدۇر. بۇ خانلىقنىڭ ھىمايىسىدىكى جۇڭغار ھۆكۈمرانلىرى ئەنە شۇ چاغلاردا قەشقەرىيەدىن مىڭلاپ گۈزەل ئۇيغۇر خوتۇن ـ قىزلىرىنى، ماھىر ھۈنەرۋەن، سەنئەتچى، تېۋىپ، مۇدەررىسلەرنى «ئەسىر» قىلىپ تۇتۇپ ئېلىپ كېتىشكەن. قەشقەرىيە خەلقىدىن ھەر يىلى سانسىزلىغان ئېغىر سېلىقلار (ئالتۇن، كۆمۈش، يىپەك توقۇلما، قول ھۈنەر بۇيۇملىرى، تۇرمۇش ۋاستىلىرى قاتارلىقلار)نى ئۇزۇلدۇرمەي ئېلىپ تۇرغان. بۇ خىل سېلىق توغرىسىدا «تارىخىي نادىـ

رىيە» دە مۇنداق دېيىلىدۇ: «... ئەھلى بۇدۇن (تۆۋەن قاتلام نامراتلار دېمەكچى ــ ئا) ... پەقىرلەر باشتىن خالىي بولماي (نامراتلارنىڭ باش ئاغرىتىشى تۈگىمەي ــ ئا) ئارانلىقتا ھەر يىلدا 400 مىڭ سەر تەڭگىگە توختىدىلەر...»

ئافاق خوجا بولسا خۇددى «تەزكىرەئىي پىرياران» نىڭ تەرىپات بابىدا تەرىپلەنگەندەك: «تەخت ــ سەلتەنەتتە ئولتۇرۇپ، ھەمىشە ‹مەسنەۋى شېرىپ› ئوقۇپ، رەئىيەگە (پۇقرالارغا) تەرىقەت، مەرىپەت، شەرئەت بابىدا شېكەردەك سۆزلەرنى چېچىپ، ئاللاھتىن بەندىلەرگە ‹دىيانەت، ئىنساب، تەۋپىق، ئىمان، شۈكۈر ــ قانائەت تىلەپ ۋە ئۇلار-نى ساھىب كامال قىلىپ، ياخشى ئىستىقبالغا باشلاپ...» تۇرغان. دەرۋەقە ئافاق خوجا «تەخت ــ سەلتەنەت» كە چىققاندىن كېيىن ئۆ-زىنىڭ بارلىق ھوقۇق، كۈچ ــ ئىمتىيازلىرىنى ئەجدادلىرىمىزنىڭ قار-شىلىق كۆرسىتىش روھىنى سۇندۇرۇپ، كۈچ، مادارىدىن تولۇق كەت-كۈزۈشكە ھەم ئۇلارنى تاجاۋۇزچىلارنىڭ قانلىق ھۆكۈمرانلىقىنى قار-شىلىقسىز، شەرتسىز، تەخىرسىز، دائىم، تولۇق، ياۋاشلىق بىلەن قوبۇل قىلىدىغان «مۆمىن» مەھكۇملاردىن قىلىپ تۇتۇشقا ۋە بۇ خىل ھالەت-نى ئەجدادلىرىمىز ئېڭىغا «تەقدىر» ئۇقۇمى بىلەن سىڭدۇرۇش (پەقەت بويسۇنۇشقا «يارىتىلغان» لىقىغا تەن بەرگۈزۈشكە، قارشىلىق قىلالماي-دىغان قىلىۋېتىش) كە سەرپ قىلغان. بۇ بىزگە تارىختا تۈنجى قېتىم تېڭىلغان ئافاق خوجاچە «ئىستىقبال» دۇر. شۇنداقلا بۇ بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز تارىختا تۇنجى قېتىم باسقان جىنايى خاتا قەدەمدۇر. دېمەك، ئافاق خوجا زامانىنى ئەجدادلىرىمىز ئالدانغان، جاھالەت پاتقى-قىغا پاتقان، ئۇيغۇر دىيارىنىڭ ئىستىقبالى بۇزۇلغان لەنەتتى زامان دەپ قاراشقا تامامەن ھەقلىقمىز.

ئافاق خوجا «تەخت» كە ئولتۇرغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ «ئىشقى-يە» سۇلۇكىنى ئاساس قىلغان سوپىزمنى ئۆز «خانلىقى» نىڭ «دۆ-لەت» دىنى ۋە «دۆلەت» تەلىماتى قىلىپ جاكارلاپ، باش قانۇن سۈ-پىتىدە ئىجرا قىلىپ يۈرگۈزگەن. 300 مىڭدىن ئارتۇق مۇرت قوبۇل

قىلىپ، ئۇلارنى ئۆزىنىڭ «سوپىلىق يولى» نى پۈتۈن شىنجاڭغا، ھەتتا پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا مۇسۇلمانلىرى ئارىسىغا كېڭەيتىش، ئومۇملاشتۇرۇش ۋە ئىجرا قىلىشقا سەپەرۋەر قىلغان. قەشقەردە «خان خوجا ئوردىسى» يەكەندە «ئالتۇنلىرىم» (ئالتۇن مازىرى)، تۇرپاندا «ئەسھابۇل كەھف»، كۇچادا «مەۋلانە ئەرشىدىن ۋەلىيوللا»، ئاقسۇدىكى «قىرمىش ئاتام» قاتارلىق مازارلارنى تاللاپ ياكى «مازار» قىلىپ تىكلەپ ھەم بۇ ئورۇنلارنى سوپىزمنى تارقىتىدىغان، كېڭەيتىدىغان مەركەزلەرگە ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق، پۈتۈن شىنجاڭدا سوپىلىق ھەرىكىتىنى يەنى ئىسلام دىنىنىڭ «شىئە»، «سۈننىي» مەزھەپلىرىگە ياكى بۇ مەزھەپلەرنىڭ ھەر قانداق تارماق، بۆلەكلىرىگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان، «قارىماققا ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدە ئەھكاملىرى شوئار سۈپىتىدە ئېگىز كۆتۈرۈلگەن، ئەمەلىيەتتە سوپىزمنىڭ «تەرىقەت»، «شەرىئەت»، «مەرىپەت»، «ھەقىقەت» ماركىلىرى چاپلانغان تەلىماتنى قانات يايدۇرغان. پەقەت چوڭ پىر، خوجا، ئىشانلارنىلا دىنىي مەركەز، دىنىي يېتەكچى قىلىۋالغان، ھەددىدىن زىيادە زۇلمەتلىك ئاپاق خوجاچە سوپىزم ئىستىبداتلىقىنى جانلاندۇرۇۋەتكەن. نەتىجىدە پۈتۈن قەشقەرىيە جەمئىيىتى قەۋەت ھالقىلىق ساپايە، كۆپ پۇتاق كۆزلۈك سوتا (سوپى كالتىكى) كۆتۈرۈۋالغان، تىكىشى يوق يوغان يەنجە (قەلەندەر خالتىسى) يۈدۈۋالغان، بېشىغا ئۆزۈن كۇلا، ئۈچىسىغا يەكتەك، ياقىسىز «سوپىچە كىيىم»لىرىنى كىيىشىۋالغان رەھىمسىز، ئەسەبىي، نادان، بەدقىلىق «تىلەمچى» (ئەمەلىيەتتە بۇلاڭچى) سوپىلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى جەمئىيەتكە ئايلىنىپ كەتكەن. بۇ سوپى، مۇرتلار ئەمەلىيەتتە ئاپاق خوجىچىلار تەرىپىدىن ئاپاق خوجىغا سادىق بولۇشقا، ئۇنىڭ «ئىشقىيە» يولىدا ئۆزلىرىنى قۇربان قىلىشقا، ئۇنىڭ بۇيرۇق، تەلىم، چاقىرىقلىرىنى قەتئىي، شەرتسىز، قارىغۇلارچە ئورۇنلاشقا، خوجا ئۈچۈن ھەر قانداق ئىشتىن يانماسلىققا، ئۆلۈمدىن قورقماسلىققا، سىر ساقلاشقا، «ئاللاھ ئاتا قىلغان» بارلىق «مەئىشەت» لەردىن قانغۇدەك پايدىلىنىپ تۇرۇشقا ئۆگىتىلگەن چىركىن جامائەت ئىدى. ئۇلارنىڭ سۆزلەيدىغان

ۋە ئىجرا قىلدىغىنى: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ نەۋرە، چەۋرىلىرىدىن بولغان ئاپاق خوجا ھەزرىتى مۇھەممەد پەيغەمبەر ئىلمىنىڭ ۋارىسى، مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي، سىياسىي داھىيسى، پۈتۈن ئەھلى ئىسلامنىڭ ئەڭ ئالىي يېتەكچىسى، ئۇنىڭغا شەك كەلتۈرگەن، قارشى چىققانلار بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىمىز، ئۆلتۈرىمىز ياكى ئۆلىمىز دېگەندەك ئەسەبىي شۇئار ھەم پائالىيەتلەر ئىدى. «... پىرلەرنىڭ غەزىپىدىن، زۇلمىدىن، زامانىنىڭ خېيىمخەتىرىدىن، كۈندۈزنىڭ قازاسىدىن، كېچىنىڭ بالاسىدىن، قۇرۇق سۆز، قۇرۇق تۆھمەتتىن، زەخمەتلىك سوئال ـ سوراقتىن، بالا ـ قازادىن، دەرد ـ ئەلەمدىن، كۆزى يامانىنىڭ كۆزىدىن، تىلى يامانىنىڭ تىلىدىن، دىلى يامانىنىڭ دىلىدىن، ئىبادەتسىز دۇئادىن، لەنىتى رەھمەتتىن، نەپسى يامان ئىشان، پېشكەل سوپىدىن، خۇنخورنىڭ كۆلكىسىدىن، ئىنسابسىز خوجىدىن، ئاغرىق ـ سىلاقتىن پاناھ بېرىڭ خۇدايىم...[①]» دېگەن ئىلتىجالىق دۇئا ـ تىلەكلەر ئاپاق خوجا زامانىسىدا ياشىغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن ئېچىنىشلىق ساداسىدۇر. بىز بۇ دۇئا ـ تىلەكلەر قۇرۇلمىسىدىن ئاپاق خوجا جەمئىيىتىنىڭ ئىچكى ھالىتىنى، ئەجدادلىرىمىزنىڭ تارتقان زۇلۇم، كۆرگەن دەرد ـ ئەلەملىرىنىڭ نەقەدەر ئېغىر بولغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز.

دېمەك، ئاپاق خوجا زامانى — قەشقەرىيەنى پۈتۈنلەي زۇلۇم، خۇراپات، نامراتلىق، ۋەھىمە، جەڭگى ـ جېدەل، خۇنخورلۇق، قاچ ـ قاچ راسا قاپلىغان ۋە قان پۇراپ تۇرغان زاماندۇر. چىداشقا «تەقدىر» پەتىۋاسى بىلەن ئەنە شۇنداق «كۆندۈرۈلگەن» ئۇيغۇر خەلقى تىرىكچىلىك، ئىنسانچىلىق قىزغىنلىقلىرىدىن بوشاپ، ئەۋھا پەرەسلىكنىڭ (دىنىي، روھىي ۋەھىمىنىڭ) دەردىدە چىرايلىرى تۇپا ـ تەرەت، ئۇستىبېشى جۇلجۇل، جەندە، كۇلالىق سوپىلار، دەرۋىشلەر، شەيخلار، قەلەندەرلەر، ھەر شەكىلدىكى تەركىيدۇنيا ئىبادەتچىلەرنىڭ توپلىرىغا ئەگىشىپ، جانىمۇ، جاھانىمۇ ئۇنتۇپ، «ئۇ دۇنيالىقنىلا ئويلاپ» ئىمانى

① بۇ دۇئادىكى ئىلتىجالار — قارا قۇرۇم چوپانلىرى (ئۇيغۇر چارۋىچىلار) نىڭ ئېغىر ئەدەبىياتى تەركىبىدە ساقلىنىپ، (قەلەمگە ئېلىنىپ) توپلام شەكلى بىلەن مېنىڭ قولۇمدا ساقلىنىپ تۇرۇۋاتقان خاتىرىدىن ئېلىندى.

كامىللىققا، يەنى «ئاخىرەت» نىڭ غېمىنى قىلىشقا بەنت قىلىنغان. شۇڭا ئۇ جەمئىيەتتىن سانسىزلىغان مۇسۇلمان ئەجدادلىرىمىز ياشاش، كۆن ئېلىش ئۈمىدى بىلەن ئۆي ـ ماكان، پەرزەنت، ئاتا ـ ئانىلىرىنى تاشلاپ قۇرۇق قول، غەيرىي يۇرت، چەت ئەللەرگە قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولۇپ تۇرغان.

ئافاق خوجا ۋە ئافاق خوجىچىلار زامانىسىدا قەشقەرىيەدە مەدەنىيەت، مائارىپ، ئىلىم ـ پەن، ئەدەبىيات ـ سەنئەت، مۇزىكا، ناخشا، ئۇسسۇل، گۈزەل سەنئەت، تىياتىر، سىرىكچىلىك، تېبابەتچىلىك، مەتبەچىلىك، تەرجىمە، خەتتاتلىق... تەك بارلىق ئىلمىي پائالىيەتلەرنىڭ ھەممىسى قەتئىي مەنئىي قىلىنىۋېتىلگەن. بۇنداق ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار «كاپىر»، «جادۇگەر»، «مۇرتەد» لەر ھېسابلىنىپ جازاغا تارتىلىپ تۇرغان، ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن. ھەتتا خەت يېزىشنى ئۆگىنىش، ساز ئۆگىنىش، ياساش، مەشرەپ ئويناش، ئويۇن ـ كۈلكە، خوتۇن ـ قىزلار پەرەنجىسىز، ئاشكارا يۈرۈش قاتارلىق ئادەتتىكى ئىجتىمائىي ئىنسانچىلىق خىسلەتلىرىمۇ قەتئىي مەنئىي قىلىنىۋېتىلگەن. پۈتۈن جەمئىيەتتە قۇرئان ۋە ھەپتىيەكتىن باشقا بارلىق يەرلىك يېزىلما ئەسەرلەر، يەنى مىللىي ئەسەرلەر، خاتىرە، نەمۇنىلار كۆيدۈرۈۋېتىلگەن، يوق قىلىپ تاشلانغان، سوپىلىق دەستۇرلىرى ئەتىۋارلانغان. ئىلىم ـ مەرىپەت ئورۇنلىرى بۇزۇۋېتىلگەن، چەكلەنگەن. ئۇلارنىڭ ئورنىغا زىكرى ـ سۆھبەت خانىقالىرى، گۈلەخ، سازايى ھەمىدانىلار (تۇۋا قىلدۇرۇش ئورۇنلىرى) خوجا، ئىشانلار تۇرالغۇلىرى، ئەمەلدار بىنالىرى دەسسىتىلگەن. پۈتۈن جەمئىيەتتە دۇئا ـ تىلاۋەت، خەتمە، ئىستىغپار ئوقۇش (ئاللاھتىن «گۇناھ»نى تىلەپ تۇرۇش) ئاممىۋى ئىجتىمائىي مەشغۇلاتقا ئايلاندۇرۇلغان.

### ئافاق خوجا «ھاكىمىيتى»نىڭ يىمىرىلىشى

ئافاق خوجا 1694 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئۆزىنىڭ تاغىسى خوجا ئىسھاقنىڭ كۆكۆن نەۋرىسى (ئابدۇللا خوجىنىڭ ئوغلى) شۇئەيب خوجىنىڭ قاتىلى سۇپىتى بىلەن ئابدۇللا خوجا جەمەتلىرى تەرىپىدىن يەكەندە مەخپىي زەھەر بېرىپ ئۆلتۈرۈلگەن. چۈنكى، ئافاق

خوجىمۇ ئۆز ۋاقتىدا «تەخت» كە ئولتۇرغاندىن كېيىن ئۆزى بىلەن بولغان كۈرەشتە يېڭىلىپ كەشمىرگە قېچىپ كېتىۋالغان «قاراتاغلىق» «ئىسھاقىيە» چىلەرنىڭ يېتەكچىلىرىدىن بىرى — تۆتىنچى ئەۋلاد تۇغقىنى شۇئەيب خوجىنى كەشمىرگە خەت يېزىپ ئالداپ ئەكەلدۈرۈپ تىزناپ بويىدا سوپىلىرىغا ئۇرۇپ ئۆلتۈرگۈزۈۋەتكەنىدى. بۇ بەدەل ھېسابىغا ئافاق خوجا ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ خوتۇن، بالا - چاقىلىرى ئارىسىدا تەخت تالىشىش جېدىلى كۆتۈرۈلگەن. ئافاق خوجىنىڭ كىچىك خوتۇنى مۆھتىرەم خېنىم ئۆزىنى «خانىم پادىشاھ» دەپ ئېلان قىلىپ، ئوغلى خوجا مەھدىنى «تەخت» كە ئولتۇرغۇزۇپ، «پادىشاھ ئىشان» لىق تونىنى كىيگۈزگەن. بۇنىڭغا نارازى بولغان خوجا يەھيا (ئافاق خوجىنىڭ مەكتىلىك چوڭ خوتۇنىدىن بولغان، مۆھتىرەم خېنىمغا ئۆگەي چوڭ ئوغلى) «تەخت» تالىشىپ ئوردىدا سوپىلار ئۇرۇشىنى قوزغىغان. نەتىجىدە «ھاكىمىيەت»نىڭ نۇقتىسىنى تۇتۇۋالغان «خېنىم پادىشاھ» ئۆز ئەتراپىدىكى قوللىغۇچى كۈچلەرگە تايىنىپ خوجا يەھيانى ئىككى ئوغلى بىلەن قوشۇپ ئۆلتۈرگۈزۈۋەتكەن. خوجا يەھيانىڭ تەرەپدارى قەشقەر ھاكىمى ئىمىن بەگ قاتارلىق بىر مۇنچە كاتتىلارمۇ ئوخشاشلا «خېنىم پادىشاھ» تەرىپىدىن قىرغىن قىلىنغان. «تارىخى نادىرىيە» دە خانىم پادىشاھ توغرىسىدا مۇنداق يېزىلغان: «... خېنىم پادىشاھ ۋاقتىدا شۇنداق خۇنرىزلىق (خۇنخورلۇق — ئا) بولدىكى، ئىككى كىشى ئۇرۇشۇپ كىرسە، ھەر ئىككىسىنىلا ئۆلتۈرەر ئەردىلەر. ئۆزىنىڭ بىر سىڭلىسى بولۇپ ×× خېنىم دەر ئەردىلەر. بىسيار ساھىبجامال (بەك چىرايلىق — ئا) بولۇپ تۇغمىغان ئەردى. ئۇنى ھەم رەشكتىن قايناق ياغقا تاشلاپ كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈردىلەر. ھەممە خەلق ئۇنىڭدىن ۋەھشە تىناك (ۋەھشىيلىكتە سەسكىنىپ — ئا) بولۇپ، ئۇنى «جاللات خېنىم» دەپ ئاتىدىلەر[1]...» جاللات خېنىم 1697 - يىلىغىچە «خان» لىق قىلىپ، شۇ يىلى كۈزدە يەكەندە مەكتىلىك سوپىلار (ئافاق خوجىنىڭ چوڭ خوتۇنىنىڭ تۇغقانلىرى تەرىپىدىن خوجا يەھيا-

① «بورقۇم ئەۋلىيا»دا يېزىلىشىچە: ياغقا تاشلاپ ئۆلتۈرۈلگەن بۇ باكىر قىز ئافاق خوجا تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلغان ئىسمائىل خاننىڭ ئەڭ كىچىك قىزى — 18 ياشلىق بۈۋى زەينەپ ئىسىملىك قىزدۇر. بۇ قىز شۇ چاغلاردا شائىر زەلىلىنىڭ شېئىرلىرىنى يادلاپ يۈرگەنلىك «گۇناھى» بىلەن بۇ جازاغا يولۇققان.



www.uyghurkitap.com

نىڭ قىساسى ئۈچۈن) تەرىپىدىن يوشۇرۇن يېچاقلاپ ئۆلتۈرۈلگەن. شۇ يىلى ئۇچتۇرپان تەرەپتىن مۇھەممەتئىمىن خاننىڭ ئىنىسى جاللات خېنىمنىڭ ئاكىسى ئاقباش ئىشان (ئارسلانخان) يەكەنگە كېلىپ سىڭلىسىنىڭ «قىساسى» ئۈچۈن خۇددى «تارىخى نادىرىيە» دە: «... سوپىلارنىڭ چوڭلىرىدىن 1000 كىشىنى تۇتقۇزۇپ، بىرىنى بىرىگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ، قويدەك بوغۇزلاپ قېنىدا تۇگمەن چۆرىتىپ ئۇن تارتىپ يېدىلەر...» دېيىلگىنىدەك چوڭ قىرغىنچىلىق پەيدا قىلغان. قەشقەر سوپىلىرى خوجا يەھيانىڭ ئۈچىنچى ئوغلى خوجا ئەھمەدنى قەشقەرگە «خان» قىلىپ، جاللات خېنىم تەرىپىدىن قەشقەرگە قويۇلغان ھاكىم موللا شەۋقى خوجىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. خوجا مەھدىمۇ مۇرت، مۇخلىسلىرىنى يىغىپ «قارا تاغلىق» لارنىڭ يېتەكچىلىرىدىن خوجا مەخسۇت باشلىق بىر قانچىسىنى «چالما كېسەك» قىلىپ ئۆلتۈرۈپ، چەت ئەلگە قېچىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئاخىر يەنىلا خوجا ئىسھاقچىلار تەرىپىدىن سەپەر ئۈستىدە زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلگەن. شۇنداق قىلىپ 1678 - يىلىدىن 1697 - يىلىغىچە قەشقەرىيەدە 19 يىل داۋام قىلغان ئاپاق خوجا «خان» لىقى ئەنە شۇنداق پاجىئەلىك ئاقىۋەتلەر بىلەن ئىسھاقىيە خوجىلىرى («قارا تاغلىق» خوجىلار)نىڭ يېتەكچىسى — دانىيال خوجا تەرىپىدىن تەلتۆكۈس ئاغدۇرۇپ تاشلانغان.

www.uyghurkitap.com

## 5. دانىيال خوجا ھەققىدە

خوجىنىڭ خوجىسى بار،
چامغۇرنىڭ ئۇرىسى.
(ئۇيغۇر خەلق ماقالى)

1690 ـ يىللاردىن 1730 ـ يىللارغىچە بولغان ئارىلىقتا قەشقەرىيە خەلقىنىڭ دىنىي، سىياسىي، ئىجتىمائىي ھاياتىدا چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى پەيدا قىلغان، تەۋرەتكەن يەنى بىر قىسىم ئەجدادلىرىمىز ئارىسىدا جاھالەت ئۇرۇقى — «ئىسھاقىيە سوپى»لىقنى چاچقان، كېڭەيتكەن ۋە قەشقەرىيەنىڭ بىر مەھەل «خان»لىق تەختىنى ئىگىلىگەن، چوڭ يېتەكچى سىياسىي سوپىلارنىڭ بىرى — دانىيال خوجىدۇر.

تارىخىي خاتىرىلەردىن بىلىشىمىزچە، دانىيال خوجا 1659 ـ يىلى ھازىرقى ئۆزبېكىستاننىڭ خوجەنت رايونىدا (خوجا ئىسھاق ۋەلىنىڭ ئوغلى، چوڭ سوپى خوجا ئابدۇللا ئائىلىسىدە) دۇنياغا كەلگەن. 1683 ـ يىللىرى ئەتراپىدا دادىسى خوجا ئابدۇللا ئىشانغا ئەگىشىپ يەكەندە پەيدا بولغان. مەلۇم ۋاقىتلاردىن كېيىن بىر مەزگىل يەكەن، قاغىلىق، گۇما، خوتەن، كېرىيە، چەرچەن، ئاقسۇ، كورلا، كۇچا، تۇرپان قاتارلىق جايلاردا دەرۋىشلىك، «قۇرئىلىق» (پالچىلىق)، «ئاشىق»لىق «ھەرىكەت»لىرىدە يۈرۈپ، جاھاندارچىلىق قىلغان، «ئىش ئۆگەنگەن». 1690 ـ يىللار ئەتراپىدا دادىسىدىن سوپىلىقنى ئۆگىنىپ ئىرشاتنامە ئېلىپ، «ئىسھاقىيە» سوپىلىقى بويىچە «پىر»لىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن. يەكەن، قاغىلىق، گۇملاردا خاتىپ، قازى رەئىس، قازى، قازى كالان، مۇدەررىس بولغان. كېيىنرەك «ئىسھاقىيە» سوپىلىرى ئارىسىدا (يەكەندە) ئۆزىنى «سەئىد»، «ۋەلى»، «دىنىي يېتەكچى»، «بالا گەردان پىر» (بالا ـ قازاغا مۇئەككىل پىر) دەپ ئېلان قىلغان ياكى بۇ خىل ناملارنى قوبۇل قىلغان، قوللانغان. 1693 ـ يىللىرى

ئەتراپىدا «ئىسھاقىيە» سۇلۇكىنىڭ باش «داھىي»لىقىنى، «قارا تاغلىق»لارنىڭ يېتەكچىلىك ھوقۇقىنى، يەكەن، خوتەنلەرنىڭ بىر قىسىم دىنىي ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرگەن. يەكەندە بىر مەھەل «ئامان خوجا» (ئامانلىقتا كاپارەت باش ھۆكۈمران) بولغان. 1694 ـ يىلى يەكەندە ئافاق خوجىنى مەخپىي زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈش ھەرىكىتىنى پىلانلىغان، ئۇيۇشتۇرغان ۋە ئاخىر پۈتۈن «ئىسھاقىيە» سوپىلىرىنى تەشكىللەپ، باشلاپ، 1697 ـ يىلى ئافاق خوجا «خان»لىقىنىڭ كېيىنكى داۋامى ھېسابلىنىدىغان خانىم پادىشاھ يەنى «جاللات خېنىم» (ئەسلىي ئىسمى مۆھتەرەم خېنىم، ئۇچتۇرپانلىق ـــ ئا) «ھاكىمىيىتى»نى چوڭ قىرغىنچىلىق بىلەن ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، جۇڭغارلارنى ئارقا تىرەك قىلغان قەشقەرىيە دانىيال خوجا «خان»لىقنى قۇرغان. 1734 ـ يىلىغىچە بۇ «خان»لىقنىڭ «خانى»، بەزىدە تۇرغاق خوجا ياكى «تۇلەكتىكى خان» (جۇڭغار خانلىقى ئالدىدىن كېتەلمەيدىغان نەزەربەنت «خان») بولۇپ، 1734 ـ يىلى قىشتا تۇيۇقسىزلا يەكەندە ئۆلۈپ قالغان. جەسىتى يەكەندىكى «ئالتۇن مازار»غا دەپنە قىلىنغان.

دانىيال خوجا يەكەندە «خان»لىق تەختىگە چىققاندىن كېيىن قەشقەرىيەنىڭ شۇ چاغدىلاردىكى ئومۇمىي ۋەزىيىتىدە زادىلا تىنچلىق بولمىغان. ئافاق خوجىنىڭ ئىككىنچى ئوغلى خوجا مەھدى، قىلىچ بۇرھان خوجا، ھەسەن خوجا، ئابدۇسەمەت خوجا قاتارلىق ئافاق خوجىنىڭ ئەڭ يېقىن شېرىكلىرى بىلەن بىرلىشىپ قەشقەردە دانىيال خوجىغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ، دانىيال خوجىنىڭ يېقىنلىرىدىن مەخسۇت ئىشان باشلىق ئون نەچچە «قارا تاغلىق» چوڭ خوجىنى قەشقەردە چالما كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. خانىم پادىشاھنىڭ ئاكىسى ئارسلانخان (ئاقباش خان) مۇ قەشقەردە كۈچ توپلاپ دانىيال خوجىغا قارشى ئۆز ئالدىغا ھەرىكەت باشلىغان. يەكەن، ئاقسۇ، خوتەنلەردىمۇ جۇڭغار خانلىقىنىڭ، جۈملىدىن جۇڭغارلارغا تايانغان ھۆكۈمران خوجىلارنىڭ زۇلۇم ـ زورلۇقلىرىغا، مىللىي ساتقۇنلۇقتا، مۇنەقەرزلىككە قارشى خەلق ھەرىكەتلىرى كۆتۈرۈلگەن. «ئاق تاغلىق»،

www.uyghurkitap.com

«قارا تاغلىق» سوپىلارنىڭ ئۆزئارا زىددىيەت ـ سۈركىلىشلىرىمۇ راسا
ئەۋجىگە چىققان. بۇ خىل ۋەزىيەتتىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلانغان
خوجا ئەھمەد ئىشان (ئاپاق خوجىنىڭ نەۋرىسى يەنى خوجا يەھيانىڭ
ئۈچىنچى ئوغلى) دانىيال خوجىغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ، قەشقەر،
ئاتۇشلارنى ئاساس قىلغان قەشقەرىيە خوجا ئەھمەدخان «خان» لىقنى
قۇرۇۋالغان. نەتىجىدە قەشقەرىيەدە بىر مەزگىل ئىككى «خان»، ئىككى
«ھاكىمىيەت» ۋە ئىككى «سەپ» توقۇنۇشى پەيدا بولغان. ئۈچىنچى
«سەپ» ئېچىپ بىر پۈتۈن قەشقەرىيە «خان» لىقى «قۇرۇش» ھەرد-
كىتىنى قوزغىغان ئارسلانخانمۇ ھىندىستاندىن ياردەم سوراش سەپىرد-
گە ئاتلىنىپ، ئاخىر ئۆز ھەمراھلىرى بىلەن پامىر ــــ مىڭ تىكە ئەتراپ-
لىرىدا قار ئاپىتىگە يولۇقۇپ تۈگەشكەن.

شۇنداق قىلىپ جۇڭغارلارنىڭ ھامىيلىقى بىلەن پەيدا بولغان قەش-
قەرىيە دانىيال خوجا «ھاكىمىيىتى» ئاخىر بېرىپ جۇڭغار خانلىقىنىڭ
دېگەن يېرىدىن چىقالمايدىغان (ھەر يىلى تۆلەپ تۇرۇشقا تېگىشلىك
100 مىڭ سەر كۈمۈش سېلىقنى ۋاقتىدا تۆلەپ تۇرالمايدىغان، 1000
تۆگىلىك ئەتىۋارلىق كىيىم ـ جابدۇق، بىساتلارنى ھەم ئۇنىڭغا «چا-
كار چوكان[①]»، غۇلچا (غالچا) لارنى قوشۇپ ھەر يىلى ئىلىدىكى قال-
ماق چوڭلىرىغا «سوۋغات» قىلىپ چىقىرىپ تۇرالمايدىغان، ھەتتاكى
قەشقەرىيە تەۋەسىدىكى «خان قالماق»لارنىڭ «ئامانلىقى» نىمۇ قوغ-
دىيالمايدىغان)، جۇڭغار خانلىقىغا پايدىسىز «ھاكىمىيەت»كە، دانىيال
خوجا بولسا تەدبىرسىز «خان»، ھۆرمەتسىز پىداكارغا ئايلىنىپ قالغان.

قەشقەرىيەنىڭ بۇ خىل ۋەزىيىتىنى جۇڭغار خانلىقىنىڭ پايدىسى
ھېسابىغا ئۆزگەرتىپ (قەشقەرىيەدىكى جۇڭغار ھۆكۈمرانلىقىنى قاتتىق
قوللۇق بىلەن قايتىدىن تولۇق تىكلەپ)، ئۇ يەرنى جۇڭغارلارنىڭ

---

① «بورقۇم ئەۋلىيا» دا كۆرسىتىلىشىچە: دانىيال خوجا «خان»لىقى زامانىدا قەشقەرىيە تەۋەسىدە
ھۆكۈمران ئائىيلار بىلەن قورچاق ئەمەلدار خوجىلارنىڭ نەزەرىدە «گۇناھ»لىق دەپ قارالغان ياش خو-
تۇنلار «چاكار چوكان» (چاكار مانجۇچە سۆز بولۇپ، مالاي، خىزمەتچى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ)، ياش
يىگىتلەر ــ «غۇلچا» (غالچا) لار دېگەن نام بىلەن تۇتقۇن قىلىنىپ، ئىلى تەۋەسىدىكى قالماق ئەمەلدارلى-
رىنىڭ ھەقسىز، مۇددەتسىز، ھېچقانداق سوراق ـ سوئالسىز ئىشلىتىشى ئۈچۈن ئەۋەتىپ بېرىلىپ تۇرغان
ـــ ئا.

«مەڭگۈلۈك زېمىنى» ھەم زاپاس كۈچ — قورغىنى قىلىپ تۇتۇش ئۈچۈن، جۇڭغار خانلىقىنىڭ شۇ چاغلاردىكى باش ھۆكۈمرانى سېۋان رابدان (تولۇق ئىسمى سېۋىن ئاربىد — ئا) 1716 - يىلى قەشقەرىيەگە چوڭ قوشۇن بىلەن يەنە بىر قېتىم ھەربىي يۈرۈش باشلاپ، قەشقەرىيەنى قايتا بويسۇندۇرۇش، خەلقنى «تووۋا قىلدۇرۇش» ھەرىكىتىنى ئېلىپ بارغان. يەكەندىن دانىيال خوجىنى، قەشقەردىن ئەھمەدخان خوجىنى ۋە بۇ ئىككى «خان» نىڭ بارلىق ۋەزىر - ئەزەم، ئەل - جەمەت، تۇغقان - يارانلىرىدىن يۈزدىن ئارتۇق كىشىنى ئىلىغا ھەيدەپ كەتكەن ھەم ئۇلارنى ئىلىدا گۆرەدىكى «خان»، گۆرەدىكى «چوڭلار» قىلىپ تۇتۇپ (ئانىسىنى تۇتۇۋېلىپ بالىلىرىنى باشقۇرۇش چارىسىنى قوللىنىلىپ)، قەشقەرىيەدە «ۋەقە چىقماس»لىقىنىڭ دەسمايىسى قىلىۋالغان. بىر پۈتۈن قەشقەرىيەنى بولسا، مەمۇرىي جەھەتتىن ئالتە شەھەر، 13 كىچىك شەھەر[1]، 16 ئايماق، 16 مىڭ كەنت (يېزىغا تەڭ مەمۇرىي بىرلىك) كە بۆلۈپ، ئالتە شەھەرنىڭ ھەر بىرىگە ئۆزىنىڭ ئوغۇللىرى بىلەن ئىنىلىرىدىن بىردىن قالماقنى «ئېركەخان» (دوتەي - ۋالىي — ئا)، 13 كىچىك شەھەرگە ئۆز پۇشتىلىرىدىن 13 قالماقنى «ئامبۇن» (ئامبال — ئا) قىلىپ تەيىنلەپ، قەشقەرىيەنى سېپىي ئۆزىدىن قالماقلار قولى بىلەن تۇتۇشقا، ئىدارە قىلىشقا باشلىغان. مانا بۇ بىزدىكى «ئالتە شەھەر» سۆزىنىڭ تارىختا تۇنجى قېتىم پەيدا بولۇش جەريانىدۇر. 1727 - يىللىرىنىڭ ئالدى - كەينىدە جۇڭغار ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ھوقۇق تالىشىش (بىر - بىرىنى ئۆلتۈرۈش، جىمىقتۇرۇش) كۈرىشى كېلىپ چىقىپ، ئاخىر جۇڭغار خانلىقىنىڭ تەختىدە غالدان سىرىن ئولتۇرغان. ئۇ خانلىققا ئولتۇرغان چاغ — قەشقەرىيە ۋەزىيىتى ئىنتايىن كەسكىنلەشكەن («ئاق تاغلىق»، «قارا تاغلىق» لار ئارىسىدىكى جەڭگە - جېدەل بەكمۇ ئۇلغايغان ۋە ئەڭ مۇھىمى قەشقەرىيە خەلقىنىڭ جۇڭغار خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى مىللىي ئازاد-

① «تارىخىمىزدىكى ئىسلامىيەت» تە كۆرسىتىلىشىچە: بۇ ئالتە شەھەر: يەكەن، يېڭىسار، قەشقەر، ئاقسۇ، كۇچالاردىن؛ 13 كىچىك شەھەر: كىرىيە، قاراقاش، گۇما، قاغىلىق، پەيزاۋات، مارالبېشى، ئاتۇش، ئۇچتۇرپان، چەرچەن، باي، بۈگۈر، كورلىلاردىن ئىبارەتتۇر — ئا.

لىق كۈرىشى ئەۋج ئالغان) بىر چاغقا توغرا كەلگەن. بۇ چاغدا يەنە بىر تەرەپتىن جۇڭغارىيەدە (ئاساسەن قۇمۇل، ئۈرۈمچى، جىمسار، گۇ-چۇڭ، مورى ئەترابلىرىدا) جۇڭغار خانلىقى بىلەن مانجۇ خانلىقى (غالدان سېرىن قوشۇنلىرى بىلەن چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى) ئۇ-رۇشى قوزغالغان. بۇ خىل ۋەزىيەت ئاستىدا جۇڭغار خانلىقى قەشقەرى-يە خەلقىنى يەنىلا خوجا ـ ئىشانلارنىڭ قولى (ئۆز يېغى بىلەن ئۆز گۆشىنى قورۇش چارىسى) بىلەن تۇتۇش يولىغا ئۆتكەن. دانىيال خوجىنى گۆرەدىكى «خان» لىقتىن چىقىرىپ قەشقەرىيەنىڭ باش «خانى»، «دىنىي داھىيسى»، «ئۇلۇغ خوجا» ئېلان قىلىپ، يەنە بىر قېتىم قەشقەرىيەدە دانىيال خوجا «خانلىقى» نى كۈچەيتكەن. قەشقە-رىيەدە چاتاق چىقماسلىقى مەڭگۈ كاپالەتلىك قىلىش مەقسىتىدە دانىيال خوجىنىڭ ئوغلى جاھان خوجا (ئەسلىي ئىسمى ياقۇپ خوجا، خوجا جاھان ئەرشى دەپمۇ ئاتىلىدۇ ـــ ئا) باشلىق قەشقەرىيەلىك چوڭ خوجا ـ ئىشانلاردىن 48 كىشىنى «مىرزا قاماق» (نەزەر بەنت) قىلىپ، ئىلىدا تۇتۇپ تۇرۇپ، قەشقەرىيە خەلقىنىڭ مەڭگۈ «ياۋاش» بولۇشىغا «دۇئا ـ تەگبىر» قىلغۇزۇپ تۇرغان. يەنى چوڭلىرىنى تۇتۇپ تۇ-رۇپ، كىچىكلىرىنى غىڭ قىلدۇرماسلىق تاكتىكىسى بىلەن ئىش كۆ-رۈپ تۇرغان. 1734 ـ يىلى دانىيال خوجا يەكەندە ئۆز ئۆيىدە تۇيۇق-سىزلا ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن جۇڭغار خانلىقى ئىلىدا «مىرزا قا-ماق» تا ياتقان خوجىلاردىن دانىيال خوجىنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ ئوغلى ياقۇپ خوجىنى (جاھان خوجا) «خان» قىلىپ بېكىتكەن. دانىيال خوجىنىڭ ئىنىلىرىدىن يۈسۈپ خوجىنى قەشقەرگە، ئەييۇب خوجىنى ئاقسۇغا، ئابدۇللا خوجىنى خوتەنگە كىچىك «خان» (ۋالىي ـــ ئا) قى-لىپ بەلگىلەپ (ئۆزى بىلەن ئۆزىنى يابلاش تاكتىكىسىنى قوللىنىپ)، بۇ ھالەتنى تاكى 1745 ـ يىلى غالدان سېرىن ئۆلگۈچە بولغان يىرىم ئەسىر ۋاقىت داۋام ئەتكۈزگەن.

دانىيال خوجا ـــ تارىختا زالىملىق، جاھالەتپەرەسلىك ۋە دىنىي ئالدامچىلىق بىلەن داڭق چىقارغان مەشھۇر سىياسىي شەخستۇر. دانى-

يال خوجا ۋە دانىيال خوجىچىلارنىڭ تارىختا بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىزغا
قىلغان ئاسىيلىقلىرى بىلەن دۈشمەنلىك قىلمىشلىرىنى تۆۋەندىكى نۇق-
تىلار بويىچە قىسقىچە كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ:

بىرىنچى، دانىيال خوجا بىلەن ئۇنىڭ بىر بۆلۈم زالىم شېرىكلىرى
قەشقەرىيەدە «ھاكىمىيەت» نى ئىگىلىگەندىن كېيىن ئەڭ ئالدى بىلەن
پۈتۈن قەشقەرىيەدە، جۈملىدىن ئۇيغۇر دىيارىدىكى باشقا مۇسۇلمان
شەھەرلىرىدە «ئىسھاقىيە» سوپىلىقىنى «بىردىنبىر شەكسىز، ئانا قا-
نۇن»، «خانلىق» نىڭ دىنىي دەستۇرى، «مۇسۇلمانچىلىق مىزانى»
ھەم «مۇسۇلمانلار ئادەت قىبلىنامىسى» ئېلان قىلىپ، ئۇنى «خان»لىق-
نىڭ دىنىي، مەمۇرىي، ھەربىي، ئىجتىمائىي زورلاش كۈچى ۋە «ھاكى-
مىيەت» بېسىمى بىلەن يولغا قويۇشقا كىرىشكەن. يەنى «ئىسھاقىيە»
چىلەر پۈتۈن ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ يېرىم ئەسىرلىك تەقدىرىنى سوپى-
لىق تەرىقىتى بېكىنمىچىلىكى ئىچىدە، مۇسۇلمان ئەجدادلىرىمىزنى بول-
سا خوجا، ئىشان، سوپىلار «مۇرتلىقى» ئاسارىتىدە — ياۋاشلىق ئۈل-
گىلىرى، پەقەت بويسۇنۇشنىلا بىلىدىغان «خۇدايى قۇل» لار ئورنىدا
تۇتۇپ ئىدارە قىلغان. «خانلىق»نىڭ «خەۋپلىرى» نى «تازىلاپ تۇ-
رۇش»، «جەمئىيەت پاكلىقىنى قوغداش» دېگەندەك ئويدۇرما سەۋەب-
لەر بىلەن دائىما دېگۈدەك «جىدىت» لەر، «مۇرتەدلەر»، «داستارلار»،
«ئاسىي»لار، «ئازغۇن»، «مۇناپىق»، «خائىن»، «دىندىن چىققان»،
«تۇزكور»، «لەنەتگەردى»، «دۇئايى بەنت» ۋەھاكازا دېگەندەك دەك-
كىلەنگۈچى «دۈشمەن» لەرنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ، كاردىن چىقىرىپ
تۇرۇشتىن زادىلا توختىمىغان. «تارىخىمىزدىكى ئىسلامىيەت» دېگەن
ئەسەردە كۆرسىتىلىشىچە، دانىيال خوجا «تەخت»كە چىقىپ، قەشقە-
رىيەدە «قارا تاغلىق» خوجىلار باش كۆتۈرگەن يىللار جەريانىدا دانى-
يال خوجىچىلار تەرىپىدىن پەقەت قەشقەرىيەدىلا چەت ئەللەرگە قېچىپ
كېتىشكە مەجبۇر قىلىنغان، ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن، ھەر خىل ۋەھشىي ئۇ-
سۇللار بىلەن قول - پۇتسىز، كۆزسىز، تىلسىز (كېرەكسىز تەن) قى-
لىپ تاشلانغان، پىچىۋېتىلگەن ئەر - يىگىت «دۈشمەن»، «داستار»

لار بىلەن «جىددىت»لەرنىڭ سانى بىر تۇمەندىن جىقراق بولغان سۈرگۈن، تۇتقۇن ۋە پالاندى قىلىنغان «دۈشمەن جەمەتلىرى»، «چاكار چوكان»، «غۇلجا گەردەنكەش» لەرنىڭ سانىمۇ يىلمۇ يىل ئۆرلەپ تۇرغان. كورلا، ئاقسۇ، كۇچا، يېڭىسار، قومۇل، ئىلى، تۇرپان قاتارلىق جايلاردىكى «داستار» لار بىنالىرى، «جىددىت» لەر سورۇنلىرى (ئەمەلىيەتتە بۇرۇن «ئاق تاغلىق» ئىشان، سوپىلار پەيدا قىلغان مەسچىت، تۈنەكخانا، «قەدەم جاي»، «مازار»، زەرەتگاھلىقلار، «جىددىت»لەر (يېڭىلىقچىلار) پەيدا قىلغان ياكى باشقۇرغان مەكتەپ، ئىجتىمائىي پائالىيەت ئورۇنلىرىنىڭ ھەممىسى) «ھۆددىگەر ھامىيلىرى» بىلەن قوشۇپ بۇزۇۋېتىلگەن، يوق قىلىۋېتىلگەن. مەسىلەن: بەزىبىر تارىخىي خاتىرىلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، كورلىنىڭ بوستان دېگەن يېرىدە 1695 — 1696 - يىللىرى ئەتراپىدا «داستارلار» تەرىپىدىن ياسالغان ئاتالمىش «ئافاق خوجا مازىرى» 1702 — 1703 - يىللىرى ئەتراپىدا دانىيال خوجىچىلار تەرىپىدىن چېقىۋېتىلىپ، مازار ھامىيلىرى (ئېھتىمال شەيخلار بولسا كېرەك — ئا) دىن بىر قانچە كىشىنىڭ كۆزى ئويۇپ تاشلانغان. قارشىلىق قىلغان ئون نەچچە كورلىلىق مۆتىۋەر «داستار مۇرتەد» دېگەندەك تۆھمەتلەر بىلەن تۇتۇلۇپ ھەم يەكەنگە پىيادە ھەيدەپ كېتىلىپ، دانىيال خوجا «پايتەختى» نىڭ «كوربەندە»لەر ھەپسىلىرى (زىندانلىرى)دا «كور» لۇق (ھەقىقىي «پىر») نى «تونۇمىغان»لىق) «ئەيىبلىرى» بىلەن «توۋا» قىلدۇرۇلغان ھەم ئاخىر ئۇلارنىڭ بەزىلىرى «ئەلگە ئىبرەت» ھۆكمى بىلەن «چالما - كېسەك» قىلىپ يەرگە كۆمۈۋېتىلگەن.

دانىيال خوجا ۋە ئۇنىڭ ياندىماچ شېرىكلىرى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ۋاقىت جەريانىنى ئۇزارتىش، جاھالەت ئورۇقى — «ئىسھاقىيە» سوپىلىقىنىڭ تەسىرىنى يەنىمۇ يىراقلارغىچە كېڭەيتىش ئۈمىدى بىلەن قۇمۇلغا ئەجدىھا نىياز سوپى باشچىلىقىدىكى «پىرياران» لار توپى (گۇرۇھى)نى، ئىلىغا راھمان قۇلى، پەرمان قۇلى، ئابدۇرەھىم قاتارلىق «خۇدا قۇلى»، «خەلىپە» (ئىز باسار) لەرنى، قازاق، قىپچاق دالالىرىغا

مەكتىلىك توختار خوجا، ئابدۇللا بەگ ئىشان باشلىق «خۇدايى ھىج-رەتچى» پىدائىيلارنى، تۇرپان تەۋەسىگە ئۇرۇش زەخمىدارى — رەھ-مىتۇللا توكۇر ئىشاننى ئەۋەتىپ ياكى تەيىنلەپ تۇرغۇزۇپ، قومۇلدا قارا ئۆتلۈك، ئاستانە؛ ئىلىدا قاش، قاينۇق، تۇرپاندا قاراغۇجا؛ قازاق، قىرغىز دالالىرىدا «خۇدايى جولى» سۈلۈك مەركەزلىرىنى پەيدا قىلى-شىپ، يۇقىرىقى جايلاردىمۇ «ئىسھاقىيە سوپىلىقى يولى»نى كېڭەيتىش-كەن، سوپىلىق «تەرتىپلىرى»نى تۇرغۇزۇشقان. «ئاق تاغلىق داستارلار»، «جىددىت» لەر، «ئاسىي» لار، «دىندىن چىققان»لارنىڭ «ئەدىپى»نى بېرىشنى قانات يايدۇرغان.

ئىككىنچى، دانىيال خوجا ۋە ئۇنىڭ «ئەڭ ئالىي ئۆلىما»لىرىنىڭ بىزنىڭ مۇسۇلمان ئەجدادلىرىمىز ئارىسىدا ئۆز نۆۋىتىدە تارقاتقان، جارى قىلدۇرغان «دىنىي نۇقتىئىنەزەرلىرى»، «تەلىم»، «پىرىنسىپ» لىرى تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا، ئىسلامىيەت چۈشەنچىلىرى (قۇرئان ۋە ھەدىس) گە زىت، ھەتتا پۈتۈنلەي قارشى، يامان غەرەز، ئالدامچىلىق مەنبە قىلىنغان ئۇيدۇرمىلاردۇر. مەسىلەن: خوجىلار زامانىدا ئۆزىنى دانىيال خوجا «ئالىي ئۆلىما»سى — رىيازەتكار، يېتىشكەن سوپى، پىرى دانىيالنىڭ تىلى، ۋەكىلى، دوستى ھېسابلىنغان يەكەن كاچۇڭلۇق خو-جا جەڭگىرخان (جەڭگىرخان خوجا) تەرىپىدىن 1891 - يىلى يە-كەندە يېزىپ قالدۇرۇلغان «تەربىيەتنامە» دە دانىيال خوجا توغرۇلۇق مۇنداق دېيىلگەن: «ئۇلۇغ پىر ھەزرىتى دانىيال ۋەلىيگە، خوجا ئىسھاقى ۋەلىيۇللا نەسەبلىرىگە قول بەرمەي ئۆلگەن ھەر قانداق ئەھلى ئۈممەت دوزىخىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلى، ۋەكىلى بولغان بۇ زاتلارغا بەيئەت قىلمىغان (بويسۇنمىغان ياكى بويۇنتاۋلىق قىلغان — ئا) ھەر قانداق كىشىنىڭ ئىككىلا ئالەملىكى قارادۇر. پىرلەر — مۇسۇل-مان ئۈممەتلەرنى جەننەت، دوزاختا ئايرىغۇچى لاردۇر. پىرلەر كەلىمە-ھۇللا يەنى ئاللاھ بىلەن سۆزلەشكۈچىلەردۇر. پىرلەر ئاللاھنىڭ تىلى، ئۆزى ۋە جامالىدۇر. پىرلەر قىيامەت كۈنى بەندىلەرنى سوراق - سوئال قىلغۇچىلاردۇر. ئىنسان بەخت (جەننەت — ئا) كە ئېرىشىش ئۈچۈن پىرى دانىيالغا، پىرى ئىسھاقىيەلەرگە قول بېرىش شەرتتۇر... مۆمىنلەر

www.uyghurkitap.com

پۈتۈن ۋۇجۇدىنى هارام دۇنيا، ئازغۇن ئالەم ۋەسۋەسىلىرىدىن خالىي تۇتۇپ، پۈتۈن مېھرىنى پىرى ـ ئۇلۇغلار ئىختىيارلىرىغا ئاتاشلىرى، ئۇلارنىڭ مۇبارەك «تەلىم» لىرىدىن ئايرىلماسلىقلىرى ۋاجىپتۇر...»

بۇ رىياكار سوپى ئاپتورنىڭ دانىيال ۋە دانىيال خوجىنى مەركەز قىلغان «ئىسهاقىيە» چى «پىر» لارغا بەرگەن تەرىپ ـ تەسۋىپى تېگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا، ئاللاھنىڭ مۇنۇ تەلىمى بىلەن پۈتۈنلەي زىتتۇر. يەنى :«بارچە مەدھىيە ئاللاھقىلا خاستۇر، ئاللاھنى مەدھىيەلەيمىز، ئاللاھتىن مەدەت تىلەيمىز. ئاللاھ ھىدايەت قىلغان ئادەمنى ئازدۇرغىلى بولمايدۇ، ئاللاھ ئازدۇرغان ئادەمنى ھىدايەت قىلغىلى بولمايدۇ. شۇڭا، گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، يالغۇز بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر. ئاللاھنىڭ شېرىكى يوقتۇر، مۇھەممەد ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىدۇر...» («مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمھالى» 443 ـ بەت)

«تەربىيەتنامە» نىڭ ئاپتورلىرى بىلەن دانىيال خوجىچىلارنىڭ يېتەكچىلىرى ئەمەلىيەتتە مۇقەددەس «قۇرئان كەرىم» چۈشەنچىسىگە، ئىسلام يولى، ئىسلام ئەقىدىسىگە خىلاپ يول تۇتقان، يەنى تارىختا ئىسلام دىنىنى ئۆز مەقسەتلىرى يولىدا خالىغانچە خاتا بۇرمىلاپ پايدىلانغان، ھەتتا دىنىنى زالىملارنىڭ، ئانتى ئىسلام (ئىسلامغا قارشى) كۈچلەرنىڭ مۇسۇلمانلارنى قىرىش، چېپىش، بۇلاش، ئېزىش، خورلاش، ۋەتىنىدىن ئايرىپ تاشلاشتەك تارىخىي جىنايەتلىرى ئۈچۈن يوپۇق ـــ «قىسمەت»، «تەقدىر»، «پەتىۋاسى» سۈپىتىدە پايدىلىنىدىغان قورالغا ئايلاندۇرۇپ بەرگەن ۋە تارىختا خەلقىمىزنىڭ، ئۇيغۇر دىيارىنىڭ تەقدىرىنى بۇزغان ئاسىيلار تۈركۈمىگە تەۋە لەنەتكار «زات» لاردۇر. ئۇلارغا «ئەگەشكەن»، «ئېتىقاد قىلغان»، «مۇرت»، «ياران» بولغان بىر قىسىم ئەجدادلىرىمىز بولسا، جاھالەتنى، نادانلىقنى ئېتىقاد مەنبەسى قىلغان «خۇدايى قۇل» چىلىقتا ئادەتلەنگەن، گۆدەكلەرچە ئىشىنىۋېرىشكە ئۆگىنىلگەن جاھالەت قۇربانلىرىدۇر. بۇ ـــ تارىخىمىزنىڭ ئەۋلادلارنى ئەبەدىل ئەبەد ئۆكۈندۈرىدىغان سەلبىي تەرىپىدۇر.

## 6. بۇرھانىدىن خوجا ھەققىدە

خۇدادىن كەلسە كەلسۇن،
خوجىلاردىن كەلمىسۇن.
(ئۇيغۇر خەلق ماقالى)

18 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئۇيغۇر دىيارىنىڭ، جۈملىدىن قەشقەرىيە خەلقىنىڭ دىنىي، ئىجتىمائىي، سىياسىي ئىشلىرى تارىخىدا ئۇنتۇلغۇسىز سەلبىي قىلمىشلىرى بىلەن نام قالدۇرۇپ ئالەمدىن ئۆتكەن مەشھۇر سىياسىي ئىشانلارنىڭ بىرى ـــ ئافاق خوجىنىڭ پەر نەۋرىسى، ئافاق خوجا مۇرتلىرىنىڭ كېيىنكى چاغلاردىكى «پىر»، «ئۇستاز»لىرىدىن بىرى، تارىخىي خائىن بۇرھانىدىن خوجىدۇر.

«تەزكىرەئىي پىر ياران» دا كۆرسىتىلىشىچە، بۇرھانىدىن خوجا 1711 ـ يىلى قەشقەردە ئافاق خوجىنىڭ نەۋرىسى (خوجا يەھيانىڭ ئوغلى) خوجا ئەھمەد ئىشان (ئافاق خوجا سوپىلىرى بۇ كىشىنى كېيىنكى چاغلارغىچە «ئالىي خوجام»، «پادىشاھ خوجام»، «ئۇلۇغ خوجام» دېگەن ناملار بىلەن ئاتاپ، قەدىرلەپ كەلگەن ـــ ئا) ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1761 ـ يىلى ئەتىيازدا 50 يېشىدا ئۆزى خىزمىتىدە بولغان مانجۇ ھۆكۈمرانلىرىنىڭ قانخور قوماندانى جاۋخۇي تەرىپىدىن كورلىدا بوغۇزلاپ ئۆلتۈرۈلۈپ، بېشى بېيجىڭغا ـــ چيەنلۇڭ خان ھۇزۇرىغا ئەۋەتىپ بېرىلگەن. پەرزەنت، تۇغقانلىرىدىن ئون نەچچە كىشى بېيجىڭغا ئېلىپ كېتىلىپ نەزەربەندتە تۇتۇلغان.

**بۇرھانىدىن خوجا ھەققىدىكى ئويدۇرما ئۇلۇغلاشلار توغرىسىدا**

«داستارىيە» سوپىلىرىنىڭ تارىختا ئۆتكەن بىر قىسىم مۇئەللىپلىرى ئۆز زامانلىرىدا ئافاق خوجا بىلەن بۇرھانىدىن خوجا ۋە ئۇلارنىڭ بەزىبىر «كارامەت»لىك «ئەۋلىيا» شېرىكلىرى توغرىسىدا بىزنىڭ بىر

قىسىم ئازغۇن، گۇل ئەجدادلىرىمىزغا دەستۇر قىلىپ، ئاجايىپ ـ غارايىپ ئويدۇرما تەرىپ ـ ئۇلۇغلاشلارنى يېزىپ قالدۇرۇشۇپ ئالەمدىن كېتىشكەن ئىكەن. مەسىلەن: «بورقۇم ئەۋلىيا» دېگەن قولىيازما خاتىرىسىنىڭ «خوجا بۇرھانىدىن شاھ» دېگەن قىسمىدا، شاھ نەزەر خاراباتى ئىسىملىك بىر مۇئەللىپىنىڭ بۇرھانىدىن خوجا ھەققىدىكى تەرىپى مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «... بۇرھانىدىن باھادىر شاھ خوجام ھەزرىتى خوجام رەسۇلۇللانىڭ نەسلى ـ نەسەبلىرىدىندۇر. ئەھلى مۇسۇلمانلارنىڭ پىر ـ ئۇستازىدۇر. پاك، بىغۇبار ۋەلىيسىدۇر ۋە جەننەتكە ئايىرغۇچىدۇر... بىرەر مۇسۇلمان پەيغەمبەرگە ئىمان كەلتۈرۈپ، ئىسلامىنىڭ پۈتۈن ئەقىدىلىرىنى ئادا قىلغان تەقدىردىمۇ، ئەگەر بۇ ئۇلۇغ زاتقا ئەگەشمىسە، ئىشەنمىسە، شەك كەلتۈرسە گۇناھكار بولغاي. پىر سىز يۈرگۈچىلەر — دىندىن ئېزىپ يۈرگەنلەردۇر... بۇ زات — غازاتىل ئىسلام يولىدا (ئىسلام ئېچىش ئۇرۇشلىرىدا — ئا) يا ئۆلۈش، يا ئۆلتۈرۈش يولىدىن يانمايدىغان كۈچتۈكگۈر زاتتۇر...»

«ئۇلۇغلارنىڭ نەپەس مۇبارەكلىرى توغرىسىدا» دەپ ئاتىلىدىغان يەنە بىر كونا پارسچە سوپىلىق رىۋايەتلىرى توپلىمىدا بۇرھانىدىن خوجىنىڭ ئەينى زامانلاردا ئۆز مۇرت ـ جامائىتىگە بايان قىلىپ ئۆتكەن ۋەز ـ نەسىھەتلىرىنىڭ بىر قىسمى مۇنداق خاتىرىلەنگەن:

«پىرلەرنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كەتكەن، قارغىش ئالغان، پىرىنى ئۇنتۇغان، پىر سىز يۈرگەن كىشىلەر ناپاكلاردۇر. ئۇلارنىڭ ھەر خىل تۆر كۆملىرى بەرھەق دوزاختا مەھكۇمدۇر... يەنى ھاياتلىق ئۆمرىدە خۇدايى قۇلچىلىقنى نىسابىگە يەتكۈزەلمىگەنلەر (تولۇق قىلالمىغانلار — ئا) دىنسىزلار، ھايات ۋاقتىدا مەزلۇملارغا زوراۋانلىق قىلغانلار، دىنغا، ۋەتىنىگە، ئىگىسىگە ئاسىيلىق قىلغانلار، نەسلىنى ساتقانلار، گۇناھىنى يۇيالمىغانلار، جىنسىي گۇناھ قىلغانلار، رەھىمسىز جازانىخورلار، ئوغرىلار، خىيانەتچىلەر، ئەيش ـ ئىشرەتچىلەر، زالىم ئەمەلدارلار، لۈكچەكلەر، قەھرى غەزەپلىكلەر، خۇنخورلار، تۇزكورلار، تۆھمەتخور، پىتنە ۋە ناھەق غوۋغا قىلغانلار، ئادالەتسىز، ئىنسابسىز، ھاياسىزلار قا-

تارىدىكى بىتەھقىق دوزىخىيلاردۇر...»، «... بىز ئىسلامغا ۋەكىللىك قىلىمىز، ئىسلامنىڭ ئۆزىنىكىمىز، مۇسۇلمانلار مۇسۇلمانچىلىقتا بىزنى ئۈلگە تىكلىشى، بىزگە ئەگىشىشى، بىزدىن نەمۇنە ئورنىدا بىلىم، تەلىم ئېلىشى قەرز ۋە پەرزدۇر...»

پاھ، بۇ نېمىدېگەن ھەشەمەتلىك، ھەيۋەتلىك ۋە نېمىدېگەن سىرلىق، خاسىيەتلىك ئۇقتىئىنەزەر ـ ھە! تارىختا پاك دىل مۇسۇلمان ئەجدادلىرىمىزغا، يۇرتىمىزغا ۋە تەقدىرىمىزگە تۈگىمەس ـ پۈتمەس ئازاب ـ ئوقۇبەت، خار ـ زارلىق، قاراڭغۇلۇق، ئىسلامغا نۇقسان، ھاقارەت، ئەلگە دەرد ـ ئەلەم، جاھالەت قۇللۇقىدىن باشقا ھېچقانداق تۆھپىسى بولمىغان، ئىسلام دىن ئاسىيسى، تارىخىي خائىن، خۇنخور بىر ئىنساننى بۇ خىل پەردازلاش، بوياپ كۆرسىتىش، ئىسلام ئېتىقادىدىن ئالغاندا، ياراتقان ئاللاھقا شەك كەلتۈرۈش — خۇدادىن خۇدالىق، پەيغەمبىرىمدىن پەيغەمبەرلىك تالاشقۇچى ئەھلىي دوزىخلارغا ياندىشىش دېگەنلىكتۇر. قارا يۈزلۈك، خۇشامەتنى ئېتىقاد مەنبەسى قىلغانلىقتۇر. ئاللاھ بۇ خىل يامان مۇئەللىپلەرنىڭ ھەم ئۇلارنىڭ ئۇلۇغلىرىنىڭ («بېھىشقا بېلەت، دوزاخقا دوزاخ خېتى كېسىمىز» دېگۈچى ناپىسەنت «ناتىق»، دىن ساختىپەزلىرى ھەم ئالدامچى مەلئۇنلارنىڭ — ئا) ياتقان جايىنى تا قىيامەتكىچە دوزاخنىڭ تۆرىدە، ئەلەم بوسۇغىسىدا، تۇرقىنى دەل شۇلار ئۆزىنىڭ قولىدىكى قەلەملىرىدەك دائىم بېشىنى تۆۋەن، يۈزىنى قارىلىق ئىسكەتىدە ساقلىغاي. («... مۇئەللىپ خائىن بولسا، خائىننىڭ مۇئەللىپىدۇر...» «تەزكىرەئى پىر ياران» دىن)

بىز تارىختىكى بۇرھانىدىن خوجا مۇئەللىپلىرىنىڭ بۈگۈنكى زاماندىكى رەقىبلىرى سۈپىتىدە ئۇلارنىڭ يۇقىرىقى تەرىپلىرىگە ئۆزىمىزنىڭ مۇنۇ زىت، توغرا تەرىپىمىزنى روبىرو قويۇشنى راۋا كۆرىمىز: ئافاق خوجا ھەم بۇرھانىدىن خوجا قاتارلىق «زات» لارنى ھېلىھەم سېغىنىپ «يولى» دا مېڭىپ، ئالدىنىپ ئۆتۈۋاتقان بەزىبىر مۆھتەرەم يارانلىرىمىزنىڭ بۇ تەرىپىمىزنىمۇ ئوقۇپ، ئويلاپ كۆرۈشنى ئۈمىد قىلىمىز.

بىزنىڭ تەرىپىمىز: تارىختا ئۆتكەن بۇرھانىدىن خوجا ۋە ئافاق

خوجا ۋە ئۇلارنىڭ سېتىلما، زالىم، قانخور شېرىكلىرى ئۆمرىدە زۇلۇم-نى كەسپىي ئادەت قىلىپ، بۇزغۇنچىلىقنى دوست تۇتۇپ ئالەمدىن ئۆتكەن لەنەتگەردى شەخسلەردۇر. ئۇلار خۇددى «مەھبۇبۇل قۇلۇب» دېگەن ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن نائەھلى زالىملار تەركىبىگە مەنسۇپ قارا نىيەت «مۇسۇلمان»لاردۇر. بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئۇلارنىڭ كۆڭ-لىگە يوشۇرۇنغان. خەلق پەرىشان بولسا، ئۇلار شۇنچە خۇشال، خا-تىرجەم بولغان. ئۇلارنىڭ دەستىدىن ئاۋات جايلار ۋەيرانىغا ئايلانغان. كەپتەرنىڭ كۆۋىكى ھوقۇشنىڭ ئۇۋىسىغا ئايلانغان. ئۇلارنىڭ ئۆيىگە مەسچىتنىڭ پەشتىقى قويۇلغان، بېشىغا مېھرابنىڭ ئەگمىسى كىيدۈ-رۈلگەن بولسىمۇ، ئۇلار يەنىلا تولا چاغلىرىدا قان تۆكۈشنى بىرىنچى ساناپ تۇرغان. شۇڭا ئۇلار بار يەردە جېنى بارلىكى ئىنسان ئۆلۈمدىن دەككە ـ دۈككىدە ياشىغان. ئامما ياقتۇرغان نەرسە ئۇلارغا يارىماس نەرسە بولۇپ كۆرۈنگەن. ئۇلارغا كۆپ خىزمەت قىلغان، ساداقەتمەن بولغان كىشىلەر ئۇلارنىڭ ئالدىدا بىرەر قېتىملىق يېگىلىش بىلەنلا تۇ-گىشىپ كەتكەن. ئاز ـ پاز سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەن كىشىلەرنىڭ ھەممە نەتىجە، تۆھپىلىرى ئۇلارنىڭ ئالدىدا تولۇق يوققا چىقىرىلىپ، بىر تى-يىنغا ئەرزىمەس نەرسىگە ئايلاندۇرۇۋېتىلگەن. ئۇلارنىڭ چاغلىرىدا ئابى ھايات (ھاياتلىق سۈيى)نى زەھەر دېسە، راست دېمىگەن كىشى گۇناھ-كار، قۇياشنىڭ نۇرىنى قاراڭغۇ دېسە، راست دېمىگەن كىشى ئەيىبكار بولۇپ تۇرغان. ئۇلارغا پايدىلىق ئىشلار بولسا، ھەر بىر تامچىسى بىر دەريادەك ھۆرمەتلەنگەن. بىرەر زەررىچىسىمۇ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاق قولىدەك قىممەتلىك ھېسابلانغان. خالايىقنىڭ ناھايىتى نۇرغۇن مال ـ مۈلكى بىر تىيىنغا ئەرزىمەس نەرسە دەپ قارالغان. ئەزىز جېنىنى خەلققە، ۋەتەنگە پىدا قىلغان كىشىنى بىر چىۋىنچە كۆرمىگەن. راست سۆزلىگەن كىشىنىڭ جېنى خەتەرلىك، ياخشىلىققا، ئادالەتكە باشلىغان ئادەمگە ئۆلۈم خەۋپى كېلىپ تۇرغان. ھەقىقەت ناھەقچىلىك دەپ قارالغان. ئەقىللىقلار نادان ھېسابلانغان. زالىملار خەلققە ئۆچمەنلىك ساقلاپ، ئۆز ئۆچمەنلىكىنى كۆڭۈللىرىنىڭ بىر خەزىنىسى، خۇشاللىقى

دەپ بىلىشكەن. ئادەم ئۆلتۈرۈشكە جانلىرىنى پىدا قىلىشقان. ئەلنىڭ جان ۋە مېلىنى ئوۋلاشنى ھۇزۇر دەپ بىلىشكەن. بىز بۇ تەرىپاتىمىزنى تۆۋەندىكى تارىخىي پاكىتلىرىمىز بىلەن ئاساسلاپ ئۆتىمىز:

بىرىنچى، بۇرھانىدىن خوجىنىڭ سىياسىي تارىخى توغرىسىدا

1739 ـ يىلى جۇڭغارىيە (ھازىرقى شىمالىي شىنجاڭ)نىڭ بەزى جايلىرىدا جۇڭغار خانلىقى بىلەن مانجۇ خانلىقى قىسمىلىرى ئوتتۇرىسىدا جۇڭغارىيەنى يەنى تىبگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا، پۈتۈن ئۇيغۇر دىيارىنى تالىشىپ قاتتىق ئۇرۇشلار باشلىنىپ، جۇڭغار خانى سويۇن رابدان بەزى جايلارنى مانجۇلارغا تارتتۇرۇپ، بارا ـ بارا ئاجىزلىشىپ كېتىدۇ. نەتىجىدە قەشقەرىيەگە بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى ئىلگىرىكىدەك قاتتىق يۈرگۈزەلمەيدىغان پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالىدۇ. 1750 ـ يىللىرىغىچە بولغان ئۇن نەچچە يىل ئارىلىقىدا دانىيال خوجا ئەۋلادلىرىدىن بىر نەچچىسى دانىيال خوجىنىڭ ئوغلى ياقۇپ خوجا (جاھان خوجا) باشچىلىقىغا بىرىكىپ قەشقەرىيەدە جۇڭغارلار ھۆكۈمرانلىقىنى تۈگىتىپ، مىللىي خانلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرىدۇ. 1752 ـ يىلى جۇڭغارلار ئارىسىدا ھوقۇق تالىشىش تۈپەيلىدىن ئىككى چوڭ گۇرۇھ يەنى موڭغۇللارنىڭ تۇرغۇت قەبىلىسىدىن داۋاچ گۇرۇھى، چۇراس قەبىلىسىدىن ئامورسانا گۇرۇھى پەيدا بولۇپ، داۋاچتىن يېڭىلىپ قاچقان ئامورسانا مانجۇ پادىشاھلىقى تەرەپكە ئۆتۈپ، ئۇلارنىڭ ياردىمى بىلەن داۋاچنى يوقىتىدۇ. مانجۇ قوماندانى جاۋخۇي 100 مىڭ كىشلىك قوشۇن بىلەن جۇڭغارىيەنى تولۇق ئىگىلەپ، ئامورسانانى جۇڭغارىيەگە قورچاق «خان» قىلىپ تىكلەيدۇ. مانجۇلار ئامورسانانىڭ ماسلىششى، كۈچ چىقىرىشى بىلەن قەشقەرىيەنى ئىشغال قىلىش كويىغا چۈشىدۇ. جاھان خوجا قەشقەرىيەنىڭ مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىش، گېزى كەلگەندە جۇڭغارلارنىڭ بارلىق تەسىرىنى قەشقەرىيەدىن تولۇق تازىلاپ چىقىرىش، سەئىدىيە خانلىقى زېمىنىنىڭ ئەسلىي پۈتۈنلۈكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تەييارلىقىغا كىرىشىپ كېتىدۇ. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان قوماندان جاۋخۇي ئامورسانانىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

قولتۇقىغا كىرىپ ئالغان بىر قىسىم «ئاق تاغلىق» خوجىلاردىن قەشقەرىيەنى «قارا تاغلىق» خوجىلاردىن تارتىۋېلىشنىڭ مەسلىھەتىنى سورايدۇ. «... جاۋخۇي جاڭجۇن قەشقەرىيەگە ئەسكەر ماڭدۇرۇش پىلانىنى تۈزۈۋاتقاندا، ئافاق خوجا ئەۋلادلىرىدىن ئۆز ۋاقتىدا جۇڭغارلار ئاقسۇدا ‹ۋالىي›، قىلىپ ئىشلەتكەن ئابدۇۋاھاپ خوجا، ئۇچتۇرپانغا ‹ھاكىم›، قىلىپ ئىشلەتكەن خوجىس خوجىلار مەسلىھەت كۆرسىتىپ: بىر ئىش بار، ئۇنىڭ بىلەن ئۇ يەرلەرنى ئالماق ئاساندۇر؛ ئىلىدا خوجا ئەھمەدنىڭ ئىككى ئوغلى بار ئەردىكى، ھەممىلىرىنىڭ پېشۋالىرىدۇر. ئەلەپپوسوس (ئالاھازەل دېمەكچى — ئا) قەشقەرىيە خەلقىنىڭ خوجىلىرىدۇر. ئەگەر چىن لەشكەرلىرى بىرلە ياكى قالماق لەشكەرلىرى بۇ ئىككى خوجىدىن بىرىلا قېتىلىپ لەشكەر بېشى بولۇپ بارسا، ئۇلار تەرەپلەردە ئىلى ئىچرە تۇرغان خوجىلار خان بولدى دەپ شۆھرەت بېرىلسە، سۆز تارقىتىلسا تامام ئاق داستارلار (ئافاق خوجىچى «ئاق تاغلىق» لار — ئا) بىجەڭ (جەڭ قىلماي — ئا)، بىجىدەل (جېدەل چىقارماي — ئا) بۇلارنىڭ ئىتائەتلىرىگە كىرەرلەر. شەھەرلەر (قەشقەرىيەدىكى شەھەرلەر — ئا) مۇسەخخەر بولغاندىن كېيىن ( ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن — ئا) بۇ خوجىلارنىڭ تۇرۇش - تۇرماسلىقىنى خان تۆرەم بىلۈرلەر... دېدىلەر» («تارىخىي نادىرىيە» دىن).

جاۋخۇي مۇشۇ مەسلىھەتكە بىنائەن ئىلىدا ئامور سانا ئادەملىرى قولىدا گۆرە ئورنىدا تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان بۇرھانىدىن خوجىنى گۆرەدىن «ئازاد» قىلىپ، ئىلى تەرەپلەردىن قەشقەرىيەنى بېسىۋېلىشقا ئەۋەتىدىغان مانجۇ - موڭغۇل (جاۋخۇي، ئامورسانا) قىسىملىرىنىڭ «سەردارى» (يەرلىك «قوماندانى») قىلىپ تەيىنلەيدۇ. دانىيال خوجا ھاكىمىيەت تۇتقان چاغلاردا قەشقەر، قاغىلىق، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، كۇچا، سايرام (باي)، مەكىت قاتارلىق جايلاردىن قېچىپ ئىلى - جۇڭغار خانلىقى پاناھلىقىغا كېلىۋالغان 90 «ئاق تاغلىق» خوجا، بەگلەرنىمۇ بۇرھانىدىن خوجا بايرىقى ئاستىغا جەم قىلىپ بېرىدۇ. بۇ خوجا، بەگلەر مانجۇ قىسىملىرى تەرىپىدىن كەلگۈسىدە تۆھپىسىگە

قاراپ بىرىلمەكچى بولغان قەشقەرىيە يۇرتلىرىنىڭ ئەمەل، مەنپەئەتلىرى تەمەسى بىلەن بەنت بولۇشۇپ، مانجۇلاردىن ھېچقانداق نەرسىنى يوشۇرمايدىغان، ئەستايىدىل خىزمەت كۆرسىتىدىغان ساداقەتمەنلەردىن بولۇپ كېتىشكە ئالدىرىشىدۇ. شۇنداق قىلىپ 1754 ـ يىلى كۈزدە بۇرھانىدىن خوجا باشلاپ كېلىۋاتقان مانجۇ قوشۇنلىرى ئۇگىش (ئۇچتۇرپان) غا ھۇجۇم قىلىدۇ. جاھان خوجا ئۆز قىسمىلىرى بىلەن ئۇچتۇرپان شەھىرىگە بېكىنىۋېلىپ، ئۇلارنى شەھەرگە يولاتمايدۇ ھەم خوجا بۇرھانىدىنغا خەت چىقىرىپ، ئۇنىڭ مانجۇلاردىن قول ئۈزۈپ، قەشقەرىيەگە، ئۆز يېنىغا قايتىپ كېلىشىنى ئۆتۈنىدۇ. خەتتە مۇنداق دېيىلگەن:

«... بىزلەر بولساق ئەۋلادى پەيغەمبەردۇرمىز. بىزلەرگە ئەھلى كۇپارنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ قېنىنى تۆكمەك جايىز ئەمەستۇر. باباڭىز ھەزرىتى ئافاقمۇ دۇنيادىن ناشايان ئىشلارنى قىلىپ ئۆتتى. بۇ يۇرتقا قالماقلارنى باشلاپ كېلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ قانلىرىنى تۆكۈپ، مۇسۇلمانلارغا ھېچبىر كاپىر سالمىغان زۇلۇملارنى سالدى. ئاقىۋەت خۇدانىڭ قەھرى ـ غەزىپىگە دۇچار بولۇپ دۇنيادىن كەتتى. تا ھازىرغىچە خەلق نەپرەت ئوقۇماقتا. ھازىر سىز ھەم باباڭىزنىڭ ماڭغان يولىغا مىراسخور بولۇپ ماڭدىڭىز. مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈستىگە كاپىرلارنى باشلاپ كەلدىڭىز، ئالەم خەلقىدىن ئۇيالمىدىڭىز. خۇدادىن قورقمىدىڭىز. ھېلىھەم بولسا پۇرسەت باردۇر، كاپىرلاردىن يۈز ئۆرۈپ قايتىپ كەلسىڭىز، بىز ئاكا، سىز ئۇكا. ئەگەر مۇشۇ سۆزىمىزنى قوبۇل قىلسىڭىز مانا تەخت ـ سەلتەنەت. بىز تەخت ـ سەلتەنەتنى سىزگە تاپشۇرۇپ، سىزگە مۇبارەك بادلىق قىلۇرمىز. بىز بىر بۇلۇڭدا جانابى ھەقنىڭ ئىبادىتىنى قىلىپ ئۆمۈر ئۆتكۈزۈشكە رازىمىز. مېنىڭ يېشىم 70 تىن ئاشتى. ئەگەر شەيتاننىڭ نۇقتىسىدىن ئاجرىماي شەقشىلىق بىلەن تۇرسىڭىز، ئۇرۇشمەن دېسىڭىز، بۇمۇ ئۆزىڭىزنىڭ ئىختىيارىدۇر. بىزمۇ تەييار. ئەر كىشىنى ئالىلاھ تائالا جەڭ ئۈچۈن ياراتقان...» (بۇ خەت قەشقەر «قەدىمكى كىتابلار تەتقىقات خەۋ-

www.uyghurkitap.com

رى »دىن كۆچۈرۈلدى).

بۇرھانىدىن خوجا جاھان خوجىنىڭ بۇ خېتىنى قەتئىي رەت قىلىـ دۇ: جاھان خوجىنى ھەم ئۇنىڭ تەرەپدارلىرىنى قوي بوغـۇزلىغانـدەك بوغۇزلايدىغانلىقىنى، قىلچە رەھىم قىلمايدىغانلىقىنى جاكارلايدۇ ۋە بـۇ خەتكە جاۋابەن مۇنۇ خەتنى يازىدۇ:

«... بۇ ياركەند ئىسھاقىيەلىرى خىيالى خام بىرلەن بۇ يەرگە تـەشـ رىپ ئەيلەپتۇرلەر، ئۆزلىرىنىڭ ئىستىبداتـىنى بىـلمەيدۇرلـەر. ئامورسانـا تۆرە خاقانى چىن قېشىغا بېرىپ خىتايدىن (مانجۇ خانلىقىدىن دېمەكـ چى ـــ ئا) لەشكەر كەلتۈرۈپ ئىلى ئۆزرە تۆرە بولۇپ تەخت ـ سەلتەـ نەتنە ئولتۇردىلەر. داباچىنى تۇتۇپ سالا ئەغلال بىرلـەن نەزەربەنت ئېـ تىپ، خاقانى چىنغا ئىبەردىلەر، ئىلە ئىچرە جابېجا (تەقمۇ تەق، جاي ـ جايىدا، دەخلىسىز، خاتىرجەم دېمەكچى ـــ ئا) بولۇپ نىزام تـاپتىلـەر. بۇرۇنقى ئالتە ئايلىقچىلىق كەڭ قالماقلار يۇرتـى ھەممىـسى سەرەمجـان تېپىپ بەرقارار بولدىلەر (مانجۇلارنىڭ قولىغا ئـۆتۈپ تىجـىتىلـدى دېـ مەكچى ـــ ئا). خىتاي لەشكەرلىرى مۇھەييادۇر (تەگداشسىز غالىبتۇر دېمەكچى ـــ ئا). خاقانـى چىن باشـلىغان ئـامورسانا ئـۇ يۇرتلارنـىڭ تەخت ـ سەلتەنىتىنى (قەشقەرىيەنىڭ ھاكىمىيەت ھوقۇقىنى دېمەكچـى ـــ ئا) ۋە خوجىلىقىنى بىزلەرگە ئىلتىپات ئەيلىدى. ئىسھاقـىيە خوجـىـ لىرىنى بۇ يۇرتلاردىن پاراكەندە ئەيلەپ، ئەدەپلەپ، ئىلـى ئۆزرە چىقىـ رۇر بولدىلەر... ئەمدى سىلەر خاقانى چىنغا ئامورسانا يارلىقى بىرلـەن بۇ يۇرتلارنى قويۇپ بېرىپ (بىزگە ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، تەسلىم بولـۇپ دېمەكچى ـــ ئا) ئۆلۈم گۇناھلىرىنى تىلەگلار. يوق ئېرسە ھالا بىزنىڭ دانجىن جېسەك بىر مىڭ قالماق لەشكىرى بىرلەن كـەلدى. تۇرۇمتـاي دارىن تۆت يۈز خىتاي لەشكىرى بىلەن ئەلچى ئورنـىدا كەلدى. بـەش مىڭ تاغلىق چىرىك كەلدى. يەنە تۆت مىڭ قالماق لەشكىرى ئاقسۇغـا ئاتلاندى. خاقانى چىن ئامورسانانىڭ يارلىقى بىرلەن بۇ لـەشكەرلەرنـى جەم ئەيلەپ، بۇ خوجىلارنىڭ ئانىسىنىڭ قورسىقىدىكـىلىرىـگىچە قـويـ دەك بوغۇزلاپ قەتل ئەيلەمىشدۇر. بۇ سۆزگە خىلاپلىق قىلىساق (بـۇ

سۆزدە تۇرمساق دېمەكچى ــــ ئا) خاقانى چىن ھەم ئامورسانانىڭ قو-لىدا غەزەپكە قالغۇمىزدۇر...» («تارىخىي نادىرىيە» دىن).

(دىققەتكە سازاۋەركى، بۇ خەتنىڭ مۇئەللىپى يەنى بۇرھانىدىن خوجىنىڭ مىرزىسى بۇ خېتىدە شۇ ۋاقىتدا جۇڭغارىيەنى بېسىۋالغان مانجۇ قوماندانى جاۋخۇينى «خاقانى چىن»، جۇڭغارىيەدە مانجۇلار قولىدىكى ھاكىمىيەتنى «ئامورسانا» دەپ ئاتىغان ۋە شۇنداق تەرىپلىگەن ــــ ئا).

بۇرھانىدىن خوجا بۇ قېتىمقى ئۇچرىشىشتا جاھان خوجىنىڭ ئەلچىلىرىدىن توختى ئىشان، نىياز بەگ ئىشان، بەھرەم بەگ ئىشانلارنى ئەمەل ۋەدىسى بىلەن سېتىۋېلىپ، قورغاننى ئىچىدىن پارچىلاشقا چارە ئىزدەيدۇ. «تارىخىي نادىرىيە» دە بۇ ھەقتە مۇنداق دېيىلگەن: «... ئەگەر سىزلەرنىڭ دالالىتىڭىزلەر بىلەن ئول تەرەپنىڭ لەشكەرلىرىدىن خاھى قىرغىز، خاھى يەرلىك (ئۇيغۇرلارنى دېمەكچى ــــ ئا) بىزنىڭ لەشكەرلەرگە قوشۇلۇپ يار بەرسىلەر (ياردەملەشسە دېمەكچى ــــ ئا) خانغا، تۆرىگە خەت سۇنۇپ تامام ئەلنى سىلەرگە تاپشۇرايلى. بالىدىن بالىغا قالغۇدەك مەنسەپ بېرىپ بەگ قىلايلى...» دېمەك، بۇ قېتىمقى ئەلچىلىك ئۇچرىشىشىدا جاھان خوجىنىڭ مۇھىم ۋەكىللىرىدىن يۇقىرىقى ئۈچ ئىشان ئەلچى خوجا بۇرھانىدىنغا نىسى ئەمەل ئۈچۈن سېتىلىپ خائىنلىق قىلمىشى بىلەن قايتىپ كېلىشىدۇ، بۇنى جاھان خوجا بىلمەيدۇ. ئاخىر مەشھۇر ئۇچتۇرپان ئۇرۇشى باشلىنىدۇ. يۇقىرىقى ئۈچ ئىشاننىڭ خائىنلىقى بىلەن جاھان خوجا قوشۇنلىرى يېڭىلىپ قەشقەر تەرەپكە سۈرۈلىدۇ. خوجا بۇرھانىدىن باشلىغان مانجۇ قوشۇنلىرى ئاقسۇنى، كېيىنرەك قەشقەرنى ئىشغال قىلىدۇ. جاھان خوجا يەكەندىن كۈچ توپلاپ، جۇڭغارلارنى قەشقەرىيەدىن قوغلاپ چىقىرىشقا تەييارلىق قىلىۋاتقان مۇھىم پەيتتە، قەشقەردە «ئاق تاغلىق» خوجىلار خوجا جاھانغا قارشى چىقىپ، يەنىلا خوجا بۇرھانىدىننىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشىدۇ. لېكىن، جاھان خوجىمۇ بۇرھانىدىن خوجا باشلىغان مانجۇ قىسىملىرى بىلەن ئەڭ ئاداققىچە ئېلىشىدۇ. يەكەن

شەھىرى مانجۇ قىسىملىرى تەرىپىدىن قامال قىلىنىپ ئاھالىلەر ئاچار-چىلىق، تۇرمۇش خارابچىلىقى كۆلپىتىگە دۇچار بولغان ئېغىر ئەھۋال ئاستىدىلا جاھان خوجا 500 كىشىلىك بىر ئەترەت بىلەن قامالنى بۆ-سۈپ چىقىپ كۆرەشنى داۋاملاشتۇرۇش مەقسىتىدە يەكەندىن قارا قۇ-رۇم تاغ تىزمىلىرى ئارىسىدىكى قوشىراپ، چوپان دېگەن يۇرتلارغا چېكىنىدۇ. مانجۇ قىسىملىرى قاتتىق قىرغىنچىلىق يولى بىلەن يەكەن شەھىرىنى بېسىۋالىدۇ. بۇرھانىدىن خوجا جاھان خوجىنى قوغلاپ تۇ-تۇش، جازالاش ۋە ئىسھاقىيەچى «قارا تاغلىق»لارنىڭ ئەدىپىنى بې-رىشنى ئۆزى بىۋاسىتە زىممىسىگە ئالىدۇ. 2000 كىشىلىك تاللانغان ئاتلىق قوشۇننى ئارقىسىغا سېلىپ، جاھان خوجىنى قوغلاپ يولغا چى-قىدۇ. بۇ قېتىمقى قېچىش، قوغلاش ۋەقەسى توغرىسىدا «تارىخىي نا-دىرىيە» دە مۇنداق دېيىلگەن: «... جاھان خوجىنى قوغلاپ ماڭ-غانلار سۇبھى بىلەن قاچقانلارغا يېتىشىۋالىدۇ... ئەمما مۇھەببى خا-نىدانلار (ھىمايىسىز زاتلار — ئا) سوغۇقتا توڭلاپ بەزىسى سۇغا غەرق بولۇپ، بەزىلىرى بالىلىرى بىلەن بولۇپ، بەزىلىرى قولىدا بالىسى بار ئەھلىي خانىشى بىرلەن ئاتقا مىنگەشكەن پېتىدە ۋە بەزىلىرى ئۆشبۇ تەرىقىلىق ھالەتتە دۈشمەنلەرنىڭ تۆت تەرەپتىن قورشاپ ئېلىشىغا دۇچار بولۇشتىلەر...» بۇرھانىدىن خوجا قىسىملىرى قورشىۋالغاندا جاھان خوجىنىڭ خوتۇنى شەرىپە ئاغىچا شۇ قورشاۋ ئىچىدە تەۋەللۇت قىلىدۇ (تۇغىدۇ). يەكەن دەرياسىنىڭ چالا، نېپىز مۇز تۇتقان ئېقىنى-دىن ئۆتۈپ كېتىشكە مۇمكىن بولمىغان پەۋقۇلئاددە بىئەپ مۇھىتى ئى-چىدە جاھان خوجا: «قازايى قەدەرگە چارە ئىزدىمەك ئاقىللارنىڭ ئىشى ئەمەستۇر، سىزلەر قازايى مۇئەللەقتىن سۆز قىلۇرسىزلەر، ئۇنىڭدىن قاچماق راۋادۇر. ئەمما، قازايى مۇتلەقتىن قېچىپ قۇتۇلۇپ بولماس. ئاڭا تەسلىم ۋە رىزادىن ئۆزگە چارە يوق...» دەپ بىر قىسىم چوڭ خىزمەتچىلىرى بىلەن تەسلىم بولىدۇ. نامەرد، خۇنخور بۇرھانىدىن تەسلىم بولغان جاھان خوجا كىشىلىرىنى بىر ـ بىرلەپ باغلاپ، تۇمە-شۇق ساراي دېگەن يەرگە توپلاپ، جاھان خوجا باشلىق 17 كىشىدىن

باشقا بارلىقنى كېرەكسىز مۇردىغا ئايلاندۇرۇپ، يەنى بەزىلىرىنىڭ پۇت، قولىنى كېسىپ، بەزىلىرىنىڭ كۆزلىرىنى ئويۇۋېلىپ، بەزىلىرىنىڭ تىل، بۇرۇن، قۇلاقلىرىنى يۇلۇپ تاشلاپ ۋە بەزىلىرىنى ئاختا قىلىپ پىچىۋېتىپ، ھەتتا بەزىلىرىنىڭ ئاغزىدىن ياغ قۇيۇپ پىلىك سېلىپ ئوت يېقىپ، قارا چىراغ شەكلىگە ئەكىلىپ قىيناپ، يوق قىلىشقان.

«... خوجا جاھان باشلىق 17 ۋەتەنپەرۋەرنى (بۇنىڭ ئىچىدە جاھان خوجىنىڭ يېڭى تۇغۇتلۇق خوتۇنى بىلەن ئۈچ كۆنلۈك ئوغلىمۇ بار، ئەلۋەتتە — ئا) يەكەنگە ئەكېلىپ بىر قاراڭغۇ ئۆيگە سولاپ، ئىشىك - تۆڭلۈكلىرىنى ئېتىپ، كاكۇل بىلەن (سۇۋاق لېيى بىلەن) سۇۋاپ تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرۈشكەن» (قەشقەر «قەدىمكى كىتابلار تەتقىقات خەۋىرى»دىن). شۇنداق قىلىپ 1757 - يىلىنىڭ قىش ئايلىرىدا قەشقەرىيە جاھان خوجا ھاكىمىيىتى تەلتۆكۈس ئاغدۇرۇلۇپ، قەشقەرىيەدە بۇرھانىدىن خوجا ۋاستىچىلىق قىلىۋاتقان مانجۇ خاندانلىقىنىڭ ھاكىمىيىتى تىكلىنىدۇ. بۇرھانىدىن خوجا ئۆز خىزمىتى بەدىلىگە قەشقەرىيەنىڭ «خان»لىق تەختىگە قويۇلىدۇ.

«... بۇرھانىدىن خوجا ئافاق خوجا ئەۋلادلىرىدىن بىر كىشى ئەردى. ئاقسۇغا داخىل بولدى. ئاقسۇدىن ئۇچتۇرپانغا بېرىپ، تەسەررۇپ قىلدى. كاپىرلار (مانجۇ قوشۇنلىرىنى دېمەكچى — ئا) ئارقىلىرىچە بېرىپ قەشقەرنى ئالدى ۋە ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ بېرىپ يەكەن، خوتەنلەرنى ئالدى. بۇ يەتتە شەھەر (بۇ يەردە خوتەن، قاغىلىق، يەكەن، قەشقەر، كۇچا، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپانلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ — ئا) خاقانى چىنغا تابىئە ۋە مۇتىئات بولدىلەر...» («تارىخي ھەمىدىيە» ئۇلانما 14 - بەتتىن).

بۇرھانىدىن خوجا «ھاكىمىيەت» بېشىغا چىققاندىن كېيىن قەشقەرىيەدە ئافاق خوجىنىڭ «ئىشقىيە» ياكى «داستار» سوپىلىق سۇلۇكى («ئاق تاغلىق» لار يولى)نى قايتىدىن «ھاكىمىيەت دىنى»، قەشقەرىيە مۇسۇلمانلىرىنىڭ دىن يولى قىلىپ بېكىتىپ، قايتىدىن جانلاندۇرۇپ، پۈتۈن قەشقەرىيە بويىچە «ئىسھاقىيەچى قارا تاغلىق» لارنى رەھىمسىزلەرچە قىرغىن قىلىش، باستۇرۇش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇۋېتىدۇ.

مانجۇ خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى جۇڭغارىيە ۋە قەشقەرىيەدە بىرلا دەك تىكلىنىپ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۆز «ھاكىمىيتى»نىڭ مانجۇلارغا تولۇق بېقىنىپ تۇرىدىغان «ھاكىمىيەت» ئىكەنلىكىگە چىدىماي، پۇشايمان قىلغان ئامورسانا 1757 - يىلى ئۆز خوجايىنى — مانجۇ ھاكىمىيىتىگە قارشى ئىلىدا چوڭ ئىسيان كۆتۈردى. جۇڭغارىيەدىكى مانجۇ ئەمەلدارلارنى ئۆلتۈرۈپ، مانجۇ قىسىملىرىنى قوغلىۋېتىدۇ. بۇنىڭغا ئەگەشكەن بۇرھانىدىن خوجىمۇ 1758 - يىلى قەشقەرىيەدە مانجۇلارغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ، بۇ تەۋەگە ئۆزى باشلاپ كەلگەن مانجۇ كۈچلىرىنى قىرغىن قىلىدۇ ۋە ئاخىر ئۆز مۇرت - يارانلىرى (ئاساسەن «ئاق تاغلىق» لار) دىن 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇن تۈزۈپ يەكەندە «باتۇرخان دۆلىتى» نى قۇرۇپ، قەشقەرىيەدە «داستارلار» ھۆكۈمرانلىقىنى يۈرگۈزۈش غەرىزىدە ھەرىكەت قىلىدۇ. شۇ يىلىنىڭ ئاخىرى مانجۇ خانى چيەنلۇڭ قوماندان جاۋخۇيىنى 100 مىڭ كىشىلىك زور قوشۇن بىلەن ئىككىنچى قېتىم شىنجاڭغا ئەۋەتىپ، شۇ يىلى ئامورسانا ئىسيانىنى تارمار قىلىدۇ. قەشقەرىيەگە — بۇرھانىدىن خوجا ئىسيانىنى باستۇرۇشقا قوشۇن ئەۋەتىدۇ. بۇ قوشۇن ئەينى چاغلاردا بۇرھانىدىن خوجىدىن زەربە يەپ چيەنلۇڭ خان ھۇزۇرىغا قەشقەرىيەدىن قېچىپ بېرىپ پاناھلىق تىلىگەن «قارا تاغلىق» يەتتە چوڭ خوجىنىڭ (قۇمۇللۇق يۈسۈپ خوجا، تۇرپانلىق ئىمىن خوجا، كۇچالىق ئۇداي خوجا، سايراملىق (بايلىق) سىپىت ئابدۇللا خوجا، ئۇچتۇرپانلىق خوجىس خوجا قاتارلىقلارنىڭ — ئا) ياردىمى بىلەن 1760 - يىلى بۇرھانىدىن خوجا «ھاكىمىيتى»نى تەلتۆكۈس تارمار قىلىدۇ. بۇ يەتتە خوجىغا كۆرسەتكەن خىزمىتى ۋە يۇرتىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمىتىنى ياخشى قىلىش بەدىلىگە «ۋاڭ»لىق، «گۇڭ»لۇق، «تەيجى»لىق، «بەيسى» لىك ئەمەل، ئۇنۋانلىرىنى بېرىدۇ. ھەمراھلىرى بىلەن بەدەخشانغا قېچىپ كەتكەن بۇرھانىدىن خوجىنى بولسا بەدەخشان خانى مىرزاخاندىن سوراپ ئالغۇزۇپ، 1761 - يىلى ئەتىيازدا كورلىغا ئەكىلىپ بوغۇزلاپ ئۆلتۈرگۈزىدۇ. بېشىنى چيەنلۇڭ خانغا ئەۋەتىپ بېرىدۇ.

«... ھەر كىمەرسەكى ئەر ئۆمرىدە ھەر كىمەرسىگە قانداق، قانچىلىك تالاپەت (زەخمە، زىيان، بەختسىزلىك — ئا) كەلتۈرگەن بولسا، ئاخىر ئۆزىمۇ ئۇنىڭدىن ئېغىرراق تالاپەت (زەخمە، بەختسىزلىك، ھالاكەت) بىلەن خاراب بولغاي...»، «... زالىم زالىمنىڭ، خائىن خائىننىڭ قولى بىلەن ھالاك بولغاي...»، «... ئەلقىساسۇل مىنەل ھەق» (كىشىنىڭ قىساسى كىشىدە قالماس — ئا)، «... خۇدا زالىمغا زاۋال بەرگۈچىدۇر» («بورقۇم ئەۋلىيا»دىن).

شۇنداق قىلىپ، ئۇيغۇر دىيارنى جۇڭغارىيە ۋە قەشقەرىيەگە بۆلۈپ 100 يىلغا يېقىن ئىدارە قىلىپ كەلگەن جۇڭغار ھۆكۈمرانلىقى ئاخىرلىشىدۇ. پۈتۈن ئۇيغۇر دىيارى تەلتۆكۈس مانجۇ خانلىقى قولىغا ئۆتىدۇ.

ئىككىنچى، بۇرھانىدىن خوجا ۋە ئۇنىڭ بىر قىسىم «يېقىن ياران»لىرىنىڭ تارىختىكى قەبىھ قىلمىشلىرى توغرىسىدا

بۇرھانىدىن خوجا قەشقەرىيەدە «ھاكىمىيەت»نى قولغا ئېلىش جەريانىدا ۋە قولغا ئالغاندىن كېيىن ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا ئىسلامنى پاكلاشتۇرۇش (ئەمەلىيەتتە سوپىزمنى ئافاق خوجا يولى بىلەن داۋاملاشتۇرۇش — ئا) «ئىسھاقىيە» چىلەر بىلەن «جىددىت» لەرنى يوقىتىش، ئەدىپىنى بېرىشنى ئالاھىدە مەسىلە (خىزمەت) قىلىپ تۇتىدۇ. ئاتالمىش مۇسۇلمانچىلىقنىڭ يېڭى «قائىدە»لىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ ئىجرا قىلىشقا باشلايدۇ. بۇ يېڭى قائىدىسى: مۇسۇلمانلارنى دائىم ئالەمدىن ئۆتكەن خوجا، ئىشان، سوپىلارنىڭ توپا - تۇپراق باشلىرىغا بېرىپ تاۋاپ قىلىپ، دۇئا ئوقۇپ، «ئۇلۇغ» مازارلارغا باش قويۇپ تۇرۇشقا، رىياكارلىق بىلەن توختىماي ئىبادەت قىلىشقا، خانىقا ئىلاھىيەتچىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىشقا، تۇپراق بېشىغا چىقىپ تۇرلۇك غەيرىي مۇراسىملارنى ئۆتكۈزۈشكە، غايىبنى بىلىشكە، پالغا ئىشىنىشكە، بېشارەت، ئالامەتلەرگە ئىشىنىشكە چاقىرىش ۋە كۆندۈرۈشتىن ئىبارەت بولىدۇ. بۇ يېڭى «دىنىي قائىدە» نىڭ ئەڭ مۆتىۋەر يېتەكچى «جامائەت» تۈركۈملىرىمۇ پەيدا قىلىنىدۇ. بۇلار ئەمەلىيەتتە بۇرھانىدىن خوجا ئوغرانكىلىرى (ژاندارما جاللاتلىرى — ئا) بولۇپ، ئۇلارنىڭ

تۇپ ۋەزىپىسى: «خۇدا يولىدا»، «دىن دۈشمەنلىرى»نى (ئافاق خوجىلار بىلەن بۇرھانىدىن خوجىلارنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشمىگەن، ئۇلارغا مۇرت بولمىغان بارلىق مۇسۇلمانلارنى — ئا) جازالاش، ياۋاشلىتىش، توۋا قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت بولغان. «تەزكىرەئى پىر ياران»دا رەھىمسىز مانجۇ قوشۇنلىرىغا تايانغان بۇ «جامائەت» توغرۇلۇق مۇنداق دېيىلگەن: «... ئاقسۇلۇقلارنى ياركەنت، خوتەن، قەشقەرگە، قەشقەرلىكلەرنى ئاقسۇ، كۇچا، ئۇچتۇرپانغا، يەكەن، خوتەنلىكلەرنى قەشقەرگە قىستاپ، زورلاپ كۆچۈرۈپ ۋەيران قىلدىلەر... نارازى بولغۇچىلارنى قىرىپ، چېپىپ قۇرۇتتىلەر... ئۇنىڭ زۇلمىنى قەلەم يېزىپ تۈگەتكىلى بولماس ئىدىلەر... كىشىلەرنىڭ يۇرتتىن يۇرتقا بېرىپ كېلىشىنى مەنئىي قىلدىلەر...»، «... خوجا بۇرھانىدىن ھەزرەت سىپاھگەرچىلىكتە غەزىپى زىيادە زات ئىدىلەر... خان يولى ساي لەنگەر (قاغىلىق بىلەن گۇما ئارىلىقىدىكى ھازىرقى چولاق خارابىلىكى كۆزدە تۇتۇلىدۇ — ئا) دېگەن جايغا بارغاندا، يۈز ئىسھاقىيە خوجىسىنى قوللىرىنىڭ بېغىشلىرىدىن كېسىپ، چولاق قىلىپ قانغا بوياپ، چۆلدە كۆنگە قاقلاپ، رەھىمسىز ھالسىرىتىپ ئۆلتۈردىلەر... شۇنىڭدىن بېرى بۇ يەر ‹چولاق› دەپ ئاتالدىلەر... كۇچا شەھىرىنى پەتىھ قىلغاندا 1000 مۇسۇلمان رەقىبىنى تىغدىن ئۆتكۈزۈپ، باشلىرىنى تەنلىرىدىن جۇدا قىلدىلەر...»

«زەپەرنامە»نىڭ تەرجىمە نۇسخا 4 ـ بېتىدە يەنە مۇنداق يېزىلغان: «شۇنداق رىۋايەتلەر قىلىندۇلەركىم، بۇرھانىدىن خوجا ئىلىدىكى ئامورسانا — مانجۇ تائىپىلىرىنىڭ ھىمايىسىدە ئىسھاقىيە خوجىلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، پۈتۈن سەككىز شەھەر[①] خەلقىدىن ئامورسانانىڭ ھۆكمى دەپ، 80 مىڭدىن ئارتۇق بىچارە پۇقرانى ‹سەنلەر يۈسۈپ خوجا، جاھان خوجىنىڭ ياردەمچىلىرى› دەپ تۇتۇپ ناھەق ئۆلتۈرۈپ، مال ـ مۈلكىنى كۆپارلارغا بۇلاتقۇزۇپ ۋەيران قىلىشۋەتتىلەر...» بەزى تارىخىي خاتىرىلەردە

① مانجۇلار ھاكىمىيىتى قەشقەرىيەنى رەسمىي ئىشغال قىلىپ، ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى راۋان يۈرگۈزۈشكە باشلىغان دەسلەپكى يىللاردا قەشقەرىيەنى مەمۇرىي جەھەتتىن سەككىز شەھەرگە يەنى خوتەن، يەكەن، يېڭىسار، قەشقەر، ئاقسۇ، كۇچا، ئۇچتۇرپان، قارا شەھەر (كورلا) لارغا بۆلۈپ ئىدارە قىلغان ـ ئا.

بۇرھانىدىن خوجا مانجۇ قىسىملىرىغا قارشى جەڭلەردە قۇربان بولغان قەشقەرىيە مۇسۇلمانلىرىنىڭ تېخى بالاغەت ئۆمرىگە كىرمىگەن گۇناھسىز ئەۋلاد، ۋارىسلىرىدىن (يېتىم - يېسىرلەر، تۇل خوتۇن ۋە ھەر خىل پاناھسىز بىچارىلەردىن ـــ ئا) 12 مىڭدىن ئارتۇقنى بىر نەچچە قېتىم ئىلىغا توپلاپ ھەيدىتىپ، كۆپ قىسمىنىڭ پىيادىلىك، ئاچلىق، سوغۇق زەخمىتى بىلەن ئۇزۇن سەپەر ھالاكەتچىلىكىدە قىرىلىپ كېتىشلىرىگە سەۋەبكار بولغان، ئون مىڭدىن ئارتۇق «ئىسھاقىيە» چىنى يىغىپ، تۇتۇپ ئىلىغا سۈرگۈن قىلىۋەتكەنلىكى بايان قىلىنغان.

«... ئافاق خوجىنىڭ سەككىزىنچى بوۋىسى مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئۇستازى ئوتتۇرا ئاسىيالىق ئەبەيدۇللا خوجا ئەھرار ئۆز زامانىسىدا قولغا كىرگۈزگەن دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى يەرلەرنى ھەيدەشتە قۇللارنى قوشقا قېتىپ داڭق چىقارغان... ئافاق خوجىنىڭ ئاتىسى مۇھەممەت يۈسۈپ خوجىمۇ يالغۇز قەشقەردىلا 42 جايدا مېۋىلىك چوڭ باغ ئىگىلەپ، ھېسابسىز مال - دۇنيا تاپقان بولسا، ئافاق خوجىنىڭ بۇ پەر نەۋرىسى بۇرھانىدىننىڭ ئىگىلىۋالغان مېۋىلىك چوڭ بېغىمۇ 31 گە يەتكەن...» («جۇڭغارلارنى تىنجىتىشنىڭ ئۇسۇل - تەدبىرلىرى» دېگەن خەنزۇچە ماتېرىيالدىن). «بىزگە دۇنيا كېرەك ئەمەس، ئىنسانىي مېھرىبانلىق كېرەك» دېگەندەك چىرايلىق سۆزلەر بىلەن ئۆزىنى پەردازلاپ كەلگەن بۇرھانىدىن خوجا ۋە شۇ خىل خوجىلار «خوجا» لىق قىلغان، «ھاكىمىيەت» تۇتقان چاغلار توغرىسىدا 18 - ئەسىردە ياشاپ ئىجاد قىلغان شائىر مۇھەممەد سادىق قەشقەرىي «زەپەرنامە» داستانىدا مۇنۇلارنى يازغانىدى:

بىراۋنىڭ كۆڭلىنى قىلسا جاراھەت،
تېپىپ جىسمى پاراغەت، روھى راھەت.
ئەگەر يەتكۈزسە ئول مەزلۇمغا ئەزار،
بولۇبان ئول ئىشدىن خەندانە سەرشار[1].
بەھەرنتۇر ئەتسە بىر ئاجىزنى رەنجۇر[2].

---

[1] سەرشار ـــ خۇش بولۇپ، كۈلۈپ
[2] رەنجۇر ـــ رەنجىتىش، خاپا قىلىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولۇبان ئول ئىشدىن شادە مەسرۇر[1].
ئاناسى قىزى سارىغا[2] باقماي،
ئاتاسى ئوغلىنى ئىستەپ تاپالماي.
بىر ـ بىرىگە مۇھىبب ـ مۇشپىق[3] بۇرادەر،
بولالماي بىر ـ بىرىگە يارۇ ـ ياۋەر[4].
ھەم ئۇلپەت ـ دوستلىرى بىر ـ بىرىگە باقماي،
كۆرەرگە بىر ـ بىرىنى ۋاقىت تاپماي.
بىناكى بىر ـ بىرىنى كۆرسىلەر ھەم،
چۇشۇپ ھەر بىرىگە يۈز تۈمەن غەم.
بۇلار بىر ـ بىرىگە ھىچ ئىشەنمەي،
دېيىنكىم پەھلىگە ھىچ ئىنەلمەي[5].
خوتەن ئەھلى قاچىبان ياركەنگە،
كېتىپ ياركەن ئەھلى قەشقەرگە.
چىقىبان قەشقەرلىكلەر بۇخارا،
قاچىبان خالايىقلار كوھە، سەھرا[6].
بىرى ھەج سارىغا ئەيلەپ سەپەرنى،
بىرى كەشمىرگە ئەيلەپ مەقەرنى[7].
باھانە تاپسا ھەر كىم ھەر سارىغا،
بۇ غۇربەتتىن تېپىپ ئەل يۈز ـ ھالاۋەت،
ھالاۋەت دېمەيىن يۈز مىڭ پاراغەت،
ياد ئەتمەي كۆڭلىگە يارۇ ـ ۋەتەننى.
نە يەركەن، نە قەشقەر، نە خوتەننى.
بولۇبان كۆڭلى ئۇ ۋەتەن قەيتىدىن ئەزار،
كى بۇ ئازارلىقتا يۈز تۈمەن شار.

---

① مەسرۇر ــ خۇرسەنلىك ھېس قىلىپ
② سارىغا ــ تەرەپكە
③ مۇشپىق ــ شەپقەتچى، بۇرادەر
④ ياۋەر ــ ھەمكارلىشالماي، قارىشالماي
⑤ ئىنەلمەي ــ ئىشىنىشكە جۈرئەت قىلالماي
⑥ سەھرا ــ تاغ، چۆللەر
⑦ مەقەرنى ــ تۇرۇشلۇق جايىنى

... ... ...
بۇ باتۇر قىيامەتتىن ئالامەت،
ئالامەت دېمەيىن بۇدۇر قىيامەت.

20 ـ ئەسىردە ياشاپ ئۆتكەن قەشقەرلىك مەشھۇر دىنىي ئۆلىما، تارىخچى، شائىر ئىمىر ھۈسەيىن قازى ھاجىم بۇ خىل جاھالەتپەرەس «ئۇلۇغ»لارغا دارىتما قىلىپ، يېپىق تەگكۈزۈپ ئۆز زامانىسىدا مۇنۇ قۇرلارنى يازغانىدى:

پۇقرالارنى ئالدايدۇ باخشى بىلەن داخانلار،
«سۈپكۆچ» قىلىپ يالغاندىن خەلق مالىنى ئالغانلار،
توسقۇنچى تەرەققىغە مەدداھ، خوجا ـ ئىشانلار،
مازارغا قاداپ تۇغنى گوللايدۇ بۇ شەيتانلار.

ئەل كۆرمىدى نۇرلۇق زامان ئۇلار قالاق دەۋرانىدا،
ھەسرەت بىلەن غۇربەتتە خەلق دەردمەن بولۇپ ھەيرانىدا.
يۇرتلار خاراب، تارقاق ماكان تۇرغان بۇ ئەل ۋەيرانىدا،
ئالۋان ـ ياساق، سانسىز چىقىل زالىمنىڭ پەرمانىدا.

قەدرى بىلمەس «زات»لىنىڭ قولىدىن ئىچكۈچە مەي،
ئىت يالىقىغا قۇيۇلغان قىپقىزىل قان ياخشىراق.
قەدرى بىلمەس ئادەمنىڭ گۈل ـ چىمەنلىك باغىدىن،
دەشت ـ باياۋان كەڭ دالا، جاڭگالە ـ مەيدان ياخشىراق.
قەدرى بىلمەس كىبرى مەغرۇرلۇق تەمەننا ئەھلىدىن،
بىر ۋاپادار ئىت بىلەن ئۆلپەتكە ھايۋان ياخشىراق.
شەخسىيەت، تەپسانىيەتلىك «ئىلىم بىلگەن» زاتلىدىن،
بولسا كەمتەر، كىبىرسىز ئەخلاقتا نادان ياخشىراق.
... ... ...

كىم قورساقنىڭ بەندىسى يۇرسە ھاياتى قارنى توق،
قوي گۆشى بىرلە ئىشەكنىڭ گۆشىن تېتىشقا پەرقى يوق.
قاغىلارغا ئۇچرىسا ئالتۇن تاۋاقتا قەنت ـ گېزەك،
پەرقى يوقتۇر قاغىلارغا قىغدا تۇرغان توك تېزەك.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## 7. ۋەلىخان خوجا ھەققىدە

جاھالەت ئەھلى بىلەن قىلما سۆھبەت،
يېتەر ھەر دەم بۇ ئىشتىن جانغا زەخمەت.

(ناسىر خىسراۋ)

19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا پۈتـۈن قەشقەرىـيەنىڭ سـىياسىـي ھاكىمىيىتىنى تالاشقان ۋە بىر مەزگىل قەشقەر دائىـرىسـىدە «ھاكىمـىيەت» تىكلەپ، پەۋقۇلئاددە جاھـالەت ئەسەبـىيلىـكى (ياۋۇزلۇق، خـۇنخورلۇق قىلمىشى) بىلەن بىر قىسىم ئەجدادلىرىمىز ئارىسىدا ئافاق خـوجىنىڭ 19 ـ ئەسىر سوپىلىق ئىدىيەسىنى («ئىـشقىـيە» تەرىقـىتىنـى) قايتىدىن تىرىلدۈرگەن (يۇرگۈزگەن، كېڭـەيتكەن) ھـەم ئۆزىنى كـېيىنكى زامانلاردىكى ئۇلۇغ زات ــ «ئەۋلىيا ھەزرەت» دەپ ئېلان قىلـغان مەشھۇر سوپى ـ زاھىدلاردىن بىرى ــ ۋەلىخان خوجىدۇر.

تارىخىـي خاتىرىـلەردىن مەلـۇم بولۇشـىچە، ۋەلىخـان خوجا ئافـاق خوجىنىڭ پەر نەۋرىسى خوجا باھاۋىـددىن ئىشـانىنىڭ ئـوغلى بولـۇپ، 1807 ـ يىللىرى ئەتراپىدا قوقاندا دۇنياغا كەلگەن. 1827 ـ يىلىدىـن 1850 ـ يىللارغىچە (قوقان خانى مەدەلىخان ۋە خۇدايارخانلار زامانلىرىدا) دىنىي، سىياسىي، ئىجتىمائىي، ھەربىي ئىشلار بـويىچە تـۆۋەن ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك مـەنسەپ، دەرىجـىلەردە بولـۇپ، 1850 ـ يىللارغـا كەلگەندە، «ئىشقىيە» سۇلۇكىنىڭ «پىرى»، ئافـاق خوجىنـىڭ «يېڭـى ۋارىـسى» سالاھـىيىتى بـىلەن ئوتـتۇرىغا چـىققان. 1852 ـ يـىللـىرى ئەتراپىدا شۇ چاغلاردىكى قوقان ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئىچكى جېدەللىـرىدىگە چېتىلىپ مەغلۇپ بولغان تەرەپلەرنىڭ تەرىپىدە تۇرۇپ قالغـانلىقـى ئۈچۈن غالىب گۇرۇھلار تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنىش ئارىلىقىدا قـەشقەرگە قېچىپ كېلىپ، بىر مەزگىل ئافاق خوجا مازىرىدا پـاناھلانغـان. 1856 ـ يىلىغىچە قەشـقەر، يەكەن، قـومۇل، تۇرپانـلاردا، چاررۇسىيە

هۆكۈمرانلىقىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بىر قىسىم جايلىرىدا ۋە مەككە، ئىستانبۇل، كابۇل قاتارلىق داڭلىق مۇسۇلمان شەھەرلىرىدە قاتراپ يۈرۈپ، ئافاق خوجا تەرىقىتىنى بازارغا سالغان ھەم قەشقەرىيىنىڭ بىر پۈتۈن سىياسىي ھاكىمىيىتىنى ئىگىلەش كويىدا ھەرىكەتلەنگەن. 1857 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئۆزىنىڭ بىر قىسىم قوقانلىق سىياسىي شېرىكلىرى بىلەن بىرلىشىپ، قەشقەردىكى ئەگەشكۈچى ئاق تاغلىق سوپى ـ مۇرتلارنىڭ ياردىمى بىلەن قەشقەرنىڭ سىياسىي ھاكىمىيىتىنى ئىگىلەپ ــــ «قەشقەر ۋەلىخان خوجا خانلىقى»نى قۇرغان. قوقانلىق ھۆكۈمرانلارنىڭ ھىمايىسى بىلەن قۇرۇلغان بۇ «خانلىق»نىڭ شۇ چاغلاردىكى تەۋەلىكى ھازىرقى قەشقەر كونىشەھەر، يېڭىشەھەر، پەيزاۋات، ئاتۇش، يوپۇرغا، مارالبېشى دائىرىسىدىنلا ئىبارەت بولۇپ، قەشقەرىيەنىڭ باشقا جايلىرىدىكى خەلقلەر بۇ خوجىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى رەت قىلغان (خالىمىغان). نەتىجىدە ئاخىر بۇ يېتىم «خانلىق» كېڭىيىپ داۋام قىلالماي، شۇ يىلى 9 ـ ئايغا كەلگەندە چىڭ سۇلالىسى كۈچلىرى تەرىپىدىن قەشقەردە تەلتۆكۈس تارمار قىلىپ تاشلانغان. ۋەلىخان خوجا بىر قىسىم شېرىك، چاپارمەنلىرى بىلەن بىرلىكتە قوقان تەرەپكە قېچىپ يوقالغان. مانجۇ قىسىملىرى ئەينى چاغلاردا بۇ خوجا ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرىگە ئەگەشكەن قەشقەر مۇسۇلمانلىرىدىن كۆرگەن تالاپەتلىرى ئۈچۈن پەۋقۇلئاددە قاتتىق ئۆچ ئالغان. خۇددى «ئەشئار دۇرنات خازىكەئىت خوجا پادىشاھ» دېگەن ئەسەردە كۆرسىتىلگەندەك: مانجۇلار «خەلقنىڭ مال ـ چارۋىلىرىنى، ئاشلىق، مۈلۈكلىرىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلغان. مەسچىت، خانىقالارنى كۆيدۈرگەن. تارىختا ئۆتكەن خوجىلارنىڭ قەبرىلىرىنى تېپىپ ئېچىپ، جەسەتلىرىنى چىقىرىپ كۆيدۈرۈپ، كۈللىرىنى كۆككە سورۇۋەتكەن. خوجىلار تەرەپدارلىرى دېگەن باھانە ـ سەۋەبلەرنى دەستەك قىلىپ، بىگۇناھ مۇسۇلمان جاماـ ئەتچىلىكىنى تەكرار ـ تەكرار قىرغىن قىلغان ھەم بەزى مۆتىۋەر مۇسۇلمان پېشۋالىرىنىڭ باشلىرىنى كېسىپ قەپەسلەرگە سېلىپ، ئۇزۇن بادىرلارنىڭ ئۇچلىرىغا ئېلىپ سانجىپ، بېكىتىپ، قەشقەرنىڭ شەھەر

دەرۋازىلىرىغا، كوچا دوقمۇشلىرىغا، رەستە چاسلىرىغا ئېسىپ، ئەلنى چۆچۈتۈش ھەرىكىتىنى ئېلىپ بېرىشقان. بۇ خىل پاجىئەدىن چۆچۈگەن قەشقەر ئاھالىلىرىدىن 15 مىڭدىن ئارتۇق كىشى شۇ يىلى تەرەپ - تەرەپكە پىتىراپ قېچىپ، چۆل - جەزىرىلەردە ئاچارچىلىق، يول ئازابى ۋە ھەر خىل پاجىئەلىك كەچۈرمىشلەر بىلەن ئۆلۈپ تۈگەشكەن.»

جوھۇت ۋە مۇسۇلمان قىلاتتى جاڭجال،
سۆزلىرىدىن كۈلكەم ئۆرتەندى شۇئان.
«جوھۇت بولاي ئەگەر، ئەي خۇداۋەندە،
ئەھدىم چىن بولمىسا» دەيتتى مۇسۇلمان.

جوھۇت دەر: «تەۋراتتىن ئىچەي مەن قەسەم،
سەندەك مۇسۇلمان بولاي، ئەھدىم بۇزغان ئان».
يەر يۈزىدە ئەقىل يوقاپ كەتسىمۇ،
ھېچكىم دېمەيدىكەن ئۆزىنى نادان.

(سەئىدى شىرازى)

مانا بۇ، خوجا - ئىشانلار تارىختا ئەجدادلىرىمىزنى گىرىپتار قىلغان سانسىزلىغان پاجىئەلەردىن پەقەت بىرلا سەھىپە. يەنى بۇ، خوجا - ئىشانلار ئىخلاسمەنچىلىكىگە قارىسىغىلا كۆنۈپ كەتكەن، جۇملىدىن ۋەلىخان خوجىنىمۇ «ئەزىزانە ۋەلى»، «پىرىم ۋەلىئۇللا» دەپ تىللىرىدىن چۈشۈرمەي، دىللىرىدىن ساقىت قىلماي، پايى - قەدەملىرىگە ياندىشىپ، «خوجام ئۈچۈن»، «ئاخىرەت ساۋابى ئۈچۈن»، «جەننەت ئۈچۈن» دەپ جېنىنى ئاتاپ يۈرگەن بىر قىسىم ساددا، ئالدانغان ئەجدادلىرىمىز يولۇققان پاجىئەلەردىن بىرىدۇر.

يامانغا قوشۇلساڭ بولارسەن يامان،
يۇقتۇرار قارا سىن دائىما قازان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يامانغا يولۇقساڭ بالاسى يۇقار،
قازانغا يولۇقساڭ قارىسى يۇقار.
(ئۇيغۇر خەلق ماقالى)

ۋەلىخان خوجا 1865 ـ يىللىرى ئەتراپىدا خۇدايارخان ھاكىمىيىتىنىڭ تىنىمسىز رەقىبلىرى قاتارىدا يەنە ئەيىبلىنىپ، تۇتۇلۇش پەيتىدە خۇدايارخان ھاكىمىيىتىدىن چۆچۈگەن كاتتاخان تۆرە باشلىق 7000 ھەربىي سەرگەردان بىلەن بىللە قوقاندىن قەشقەرگە قېچىپ كېلىۋالغان. 1865 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى قەشقەرنى ئىشغال قىلغان ياقۇپ بەگ بۇ قوقان قاچقۇنلىرىنى، جۈملىدىن ۋەلىخان خوجىنىمۇ ياخشى كۈتۈپ، ئورۇن بەرگەن. لېكىن، ۋەلىخان خوجا يەنىلا «پىر» لىق «ھۈنىرىنى» ئاشكارىلاپ، خۇددى «تارىخىي ھەمدىيە» نىڭ 347 ـ بېتىدە كۆرسىتىلگەندەك: «زامانىنىڭ زامانى ۋەلىخان تۆرەمنىڭ زاماتى» دەپ كوچىلاردا جار سېلىپ، ناغرا ـ كانايلارنى شادىيانىگە سوقۇشقا باشلىغان... ياقۇپ بەگ بۇ ئەھۋالنى بىلىپ قېلىپ، ئىككى پانساتنى ياردەمچىلىرى بىلەن بۇيرۇپ، ۋەلىخاننى بارىگاھقا ئېلىپ كېلىپ، غەزەپ بىلەن قاتتىق سۆكۈپ: «بىزلەر بۇ يەردە خىتاي شەھىرىنى ئالالماي، بىر مۇنچە جاپا ـ مۇشەققەتلەر چېكىپ، ھەر نېمە ئىشلارنى قىلىپ يۈرۈپتىمىز، سىز بولسىڭىز بەش ـ ئوندەك باشباشتاقنى ئەگەشتۈرۈپ، ئۆزىڭىزچە بۇ يۇرتلارغا ئىگىدارچىلىق ئىشتىياقىنى قىلىپ يۈرۈپسىز. ئىلگىرى كېلىپ قەشقەرنى تۇتالماي، مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ جەسەتلىرىدىن كاللا مۇنارىلەرنى ياساپ، كۆپ ناھەق قانلارنى تۆكۈپ، نەچچە مىڭلىغان مۇسۇلمانلارنىڭ خۇنلىرىغا زامىن بولۇپ، قېچىپ كەتتىڭىز. ئەمدى بىز خىتايلار بىلەن ئۇرۇشۇپ جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى تارتىپ تۇرغان ۋاقتىمىزدا، سەن نېمە ئادەم دېيىشكە ئاغزىڭىز بارماي، شەھەرنى ئۆزىڭىزنىڭ قىلغىلى قەست قىپسىز» دەپ قاتتىق سۆزلەرنى قىلىپ، غەزەپ ـ ئاتەشلىرى ئۆرلەپ، خەنجىرىنى سۇغۇرۇۋېلىپ چاپقىلى تەمشەلگەن... كېيىن ئۇ-

نىڭ ئىمە بولغانلىقىنى ھېچكىم كۆرمىگەن ھەم بىلمىگەن (يەنە شۇ كىتاب 348 ـ بەت). بەزى خاتىرىلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، ۋەلىخان خوجا ياقۇپ بەگ كۈچلىرى تەرىپىدىن 1866 ـ يىلى 2 ـ ئايدا يېڭىساردا تامغا باستۇرۇۋېتىلگەن. جەسىتىگىمۇ يېڭىسارلىق مەنسەپدارلار قەبرىگاھلىقىدىن يەرلىك بېرىلمىگەن (ئاللاھ زالىملارغا زاۋال بەرگۈچىدۇر — تەپسىردىن).

كىمكى تىغ كۆتۈرسە بىراۋ جانىغا،
زامان تەشنا بولار ئۇنىڭ قانىغا.

(ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى)

بەزىبىر جاھالەت ھامىيلىرى يەنى سوپىلىق ئەسەبىيلىكىدە ئالجىغان، نادان، يالغانچى ۋايىزلار (غايىبانە ئىخلاسمەنچىلىك ئاساسىدە تۇرۇپ كەلگەن بىھۇدە ئېتىقادچىلارمۇ ھەم) تەرىپىدىن «ئۇلۇغ» لۇقتا «تەڭداشسىز زات» دېگەن سۈپەتلەر بىلەن تەرىپلىنىپ كەلگەن بۇ خوجىنىڭ تارىختىكى ھەقىقىي ماھىيىتىنى يەنى قىيايەت، قىلمىشلىرىنى تۆۋەندىكىچە ئەسلەپ ئۆتىمىز:

**1. ۋەلىخان خوجا — قەشقەر مۇسۇلمانلىرىنىڭ باشلىرىدىن كاللا مۇنارىلەر ھاسىل قىلغان «پىر» دۇر**

«جازالاشنىلا ھالاۋەت بىلگەن، كۆڭلى قاتتىق، زاتى قوپال، قاپىقى يامان، ئەقلى كەم، ئاداۋەتنى دوست تۇتىدىغان، ئالاھىدە شۇم غەرەز، شەپقەتسىز، مىجەزى سۇس، قارا بىس، خۇنخور ئىنسان — ئىسلامغا دۈشمەنلىك قىلغۇچى ھەم ھاياتقا رەقىب ئىنساندۇر...» («بورقۇم ئەۋلىيا»دىن).

ۋەلىخان خوجا قاتتىق قىرغىنچىلىق بىلەن قەشقەرنى بېسىۋالغان ۋە بىر مەزگىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان چاغلار ئىچىدە ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن «كامالەتلىك دىندار» لىرى، «ئۇلۇغ ئالىم ـ ئۆلىما»، «غازىلىق

مەرتىۋىسىگە يېتىشكەن» ئالاھىدە ھەربىي، مۇلكى ئەمىنىيەت چوڭلىرى (سوت، تەپتىش، ساقچى ئەمەلدارلىرى) ئارقىلىق قەشقەر مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا تۈنجى ئىش سۈپىتىدە — «ئىسلامىنىڭ كۈچىنى كۆرسىتىش» (ئەمەلىيەتتە ئۆزىنىڭ ھەيۋىسىنى نامايان قىلىش)، «دىنىنىڭ پاكلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش» (ئەمەلىيەتتە ئافاق خوجىنىڭ «ئىشقىيە» تەرىقىتىنى ئومۇملاشتۇرۇش)، مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى «پاسىق»، «بۇزۇق»، «مۇرتەد»، «بىدئەت»، «دىنىي زىياندۇش» لارنىڭ ئەدىپىنى بېرىش، توۋا قىلدۇرۇش، «جەمئىيەتنى پاكلاش» (ئەمەلىيەتتە بۇ خوجىنىڭ قانخور «ھاكىمىيىتى» گە ۋە خوجا كۈچلىرىنىڭ قىلمىشلىرىغا قارشى كۆرەشكەن، قەشقەر ۋەتەنپەرۋەرلىرىنى، يەرلىك ئالىم، ئۆلىما، مەرىپەت ئەھلىلىرىنى، يېڭىلىق ئىجادچىلىرىنىڭ بارلىقىنى ئۆلتۈرۈش، كاردىن چىقىرىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ «ھاكىمىيىتى» نى مۇستەھكەملەش) ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرغان. نەتىجىدە قەشقەر جەمئىيىتىدە پەۋقۇلئاددە ئەسەبىيلەشكەن جاھالەت كۈچلىرى يەنى خۇددى «بورقۇم ئەۋلىيا»دا تەرىپلەنگەندەك: «ئەۋلىيا ھەزرەت ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلغان، خاس قاتىللىقىنىلا كەسىپ قىلغان بىر بۆلۈم نادان، رەھىمسىز قىرغىن كۈچلىرى...» يامراپ كەتكەن. بۇ كۈچلەر ئەمەلىيەتتە ۋەلىخان خوجىغا ۋە ئۇنىڭ «پىر» شېرىكلىرىگە مۇرتلىق مەجبۇرىيىتى بىلەن باغلىنىپ تۇرغان، «پىر» غا سادىق بولۇشقا، «پىر» ئۈچۈن ئۆلۈش، ئۆلتۈرۈشكە، ئۆلۈمدىن قورقماسلىققا، سىر ساقلاش، رەھىمسىزلىككە ئۆگىتىلگەن قارام، ياۋۇز كۈچلەر ئىدى. «بورقۇم ئەۋلىيا»دىن بىلىشىمىزچە، ۋەلىخان خوجا ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئەنە شۇ خىل قارام كۈچلەرگە تايىنىپ 1857 ـ يىلى 4 ـ ئايدىن 9 ـ ئايغىچە ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالغان قەشقەر زېمىنىدىن يەنى شۇ چاغلاردىكى قەشقەر شەھىرى (قەشقەر كونىشەھەر، يېڭىشەھەر بىلەن قوشۇلۇپ)، ئاتۇش، پەيزاۋات، مارالبېشى، يوپۇرغا... تەۋەلىرىدىن «99 گۇناھ» بىلەن بالاغەت ۋە سالاھىيەتكە يېتىشكەن 4000 مۇسۇلمانىنىڭ جېنىنى تېنىدىن جۇدا ئەيلىگەن. بۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىس-

مى تىنچ پۇقرادارچىلىق قىلىدىغان ئەھلى مۆمىن «سۈننىي» مۇسۇل-مانلاردىن (نامرات، ئاقكۆڭۈل، جاھان غوۋغالىرىدىن خالىي، ئەھلى كاسىپ، دېھقان، باغۋەن، مالچى، تىجارەت ئەھلىلىرىدىن) ئىبارەت بولغان. ۋەلىخان خوجا كۈچلىرىنىڭ بۇ خىل پاجىئەلىك جىنايەت تا-رىخى توغرىسىدا 19 ـ ئەسىردە ياشاپ ئىجاد قىلغان باي ـ سايراملىق تارىخچى، موللا مۇسا بىننى موللا ئەيسا سايرامى ئۆزىنىڭ «تارىخى هە-مىدىي» دېگەن ئەسىرىنىڭ 156 ـ، 157 ـ بەتلىرىدە مۇنداق يازغانىدى:

«... ۋەلىخان تۆرەم قەشقەر شەھىرىنى مۇھاسىرە قىلىپ، قىشلاق ۋە كەنتلىرىنى قولغا كىرگۈزۈپ، نۇرغۇن پاسىق، بۇزۇق... لارنى قەتل قىلىپ، جەسەتلىرىنى ئىت ۋە قاغا ـ قۇزغۇنلارغا تاشلاپتۇر. يا-مان، پاسىق مۇسۇلمانلار ئىچىدىكى ئەر ـ ئايال زىناخورلارنىڭ بېشىنى كېسىپ، ئارىلاشتۇرۇپ تۆت كاللا مۇنارىسى ياساپتۇر. مۇنارىنىڭ ئې-گىزلىكى ئون ئىككى گەز مىقدارى كېلەتتى دەيدۇلەر... ئۇنىڭ ئۆزى (ۋەلىخان تۆرىنىڭ ئۆزى — ئا) بەك چېكىش، هاياسىز ئىشلارنى قى-لىش ۋە قان تۆكۈشتىن هېچقانداق ئۆزىنى تارتىپ، ئېھتىيات قىلماي-دىكەنلەر. ... كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر شاپىگەر تۆمۈرچى (قىلىچ سوق-قۇچى — ئا) بىر قىلىچ تەييارلاپ، تۆرەمگە كۆرۈنۈش بېرىپ، دۇئالى-رىنى ئېلىپ بىر زىيارەت قىلىپ كەلسەم دېگەن نىيەت ۋە ئارزۇدا 17—18 ياشلاردىكى تېپىلماس بىر ئوغلىنى ھەمراھ قىلىپ، تۆرەمنىڭ هۇزۇرىغا ئېلىپ كىرىپ، كۆرۈنۈش بېرىپ نەزىردىن ئۆتۈپتۇلەر. بۇ چاغدا تۆرەم: «ئەي ئۇستا، قىلىچىڭىز كېسەمدۇ؟» دەپ سورىغاندا، ئۇستا: «بەك ياخشى كېسىدۇ» دەپ جاۋاب بېرىپتۇلەر. تۆرەم: «ئەي ئوغۇل، ماڭا يېقىن كەل» دېگەن ئىكەنلەر، بۇ بالا يېقىن بېرىشى بى-لەنلا قىلىچ بىلەن ئۇ بالىنىڭ گەدىنىگە ئۇرغانىكەن، بالىنىڭ بېشى سەكرەپ يەرگە چۈشۈپتۇلەر. تۆرەم: «كېسىدىكەن، ئۇستىغا تون ئې-لىپ چىق» دەپ بىر چىت تون بېرىپ چىقىرىپتۇلەر. ئۇستا يىغلاپ ـ يىغلاپ بالىسىنىڭ جەسىتىنى كۆتۈرۈپ ئۆيىگە كېتىپتۇلەر...»

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يىلاننى قانچىكى قىلساڭ تەربىيەت،
بىر كۈنى زەھرىنى سالىدۇ ئەلبەت.
پەس كىشىمۇ خۇددى يىلان مىجەزدۇر،
يامان دىداردىن يىراق بول غايەت.

(ئەبۇ ئابدۇللا روداكى)

زالىم ۋەلىخان خوجىنىڭ تۆت ئايلىق قانلىق «هاكىمىيىتى» جەريانىدا قەشقەر مۇسۇلمانلىرىنىڭ كىيسلگەن باشلىرىدىن تىكلەنگەن كاللا مۇنارىلەر ئىچىدە روزى، ناماز، ئۆشرە ـ زاكات قازا قىلغان «گۇناھ» لىرى ئۈچۈن، «زىنايى هارام»، «غەيۋەت»، «بىدئەت ئىشلار»، «گۇناھ» كارلىقى ۋە باشقا «ئىللەت» لەر سەۋەبلىرى بىلەن ئۆلۈمگە بۇيرۇلغان ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ باشلىرى، ئىنتايىن جىق نىسبەتنى تەشكىل قىلغان. «ئەشئار دۇرنات خازىكەنت خوجا پادىشاھ» دېگەن ئەسەردىن مەلۇم بولۇشىچە، ۋەلىخان خوجىنىڭ «هۆكۈما» لىرى بىلەن «چوڭ پېشۋا»لىرى 1857 ـ يىلى 6 ـ ئايدا (رامىزاننىڭ 30 ـ كۈنى يەنى هېيت هارپىسى كۈنى)، ئۇلۇغ رامىزان ئېيىدا «گۇناھ» قىلغان، مەسىلەن: رامىزان ئېيىدا زىنا قىلغان، بەڭ، تاماكا تارتقان، روزى، ناماز «قازا قىلغان»، ئۆشرە ـ زاكات بەرمىگەن، «پىر»نى ئۇنتۇغان، «ئۇلۇغ» لارغا تىل تەگكۈزگەن، نامەھرەم يۈرگەن... دېگەندەك «ئىللەتلەر» ئارتىلغان 900 ئادەتتىكى ئەھلى مۇسۇلمانىنى يەتتە جايدا ئۆلۈمگە بۇيرۇپ ئىجرا قىلغۇزۇپ، كاللا مۇنارىلەرنىڭ 4 ـ سىنى تىكلەپ، قەشقەر مۇسۇلمانلىرىنى چۆچۈتۈش بىشارىتى، تەھدىت دەبدەبىسى كۆرسىتىشكەن.

قانخور ۋەلىخان خوجا بىلەن ئۇنىڭ ياندىماچ ھەمراھلىرى ئۆزلىرىنىڭ قانلىق قوللىرىنى شۇ چاغلاردا قەشقەرىيە زېمىنىدىن يول ئېلىپ جۇڭگونىڭ ئىچكى جايلىرىغا سەپەر قىلىۋاتقان چەت ئەل ئالىم ـ ساياھەتچىلىرىنى ئۆلتۈرۈشكىچە سوزۇپ، ۋەتىنىمىزنىڭ تارىختىكى خەلقئارالىق ئىناۋەت ئاساسىغا ئاپەت خاراكتېرلىك زىيانلارنىمۇ يەتكۈزگەن. 1857 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ۋەلىخان خوجىنىڭ ھۆ-

كۆمى بىلەن قەشقەر شەھرىدە قىلىچ بىلەن چېپىپ ئۆلتۈرۈلگەن گېرمانىيەلىك ئاكا ـ ئۇكا ئۈچ ساياھەتچى ئالىمنىڭ ۋەقەلىكى بۇ پىكىرىمىزنىڭ دەلىلىدۇر. بۇ ۋەقە 1947 ـ يىلى ئىلىدا نەشر قىلىنغان «كۈرەش» ژۇرنىلىنىڭ 8 ـ سانىدا مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «.. گۇمبولت ئۇردىسىنىڭ ۋەكىلى نېمىس ئالىم ئادولفوس، شىلاگىنتۋېت يېتەكچىلىك قىلغان ئۈچ ئاكا ـ ئۇكا ساياھەتچى قەشقەر زېمىنىغا كەلگەندە قەشقەر ۋەلىخان تۆرىنىڭ قاتتىق ھاكىمىيىتى ئاستىدا ئىدى. بۇ چاغلاردا قەشقەرگە باسقۇنچىلار ھەر تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ تۇراتتى. قەشقەرلىكلەردىن بىر قانچىسى بۇ ياۋروپالىق ساياھەتچىلەرنى باسقۇنچىلاردىن ئۆز يەرلىرىنى مۇداپىئە قىلىشتا پايدىسى تېگەر دېگەن ئۈمىد بىلەن تۇتۇپ، ۋەلىخان خوجا ئالدىغا ئېلىپ كېلىشتى. ۋەلىخان بۇ ساياھەتچىلەردىن قەشقەرىيەگە كىرىش توغرىسىدىكى گۇۋاھلىق خەتلىرىنى سورۇشتە قىلدى. بىز، — دېدى ساياھەتچىلەردىن گىنتۋېت ئەدەپ بىلەن، — بومبايدىن خاس خىتاي خانىغا مەنسۇپ مەخسۇس خەت بىلەن كېلىۋاتىمىز. ئۆتۈپ كېتىۋاتقان يولىمىزدىن كىشىلەر بىزنى سىزگە ئەكەلدى، — دەپ جاۋاب بەردى. بۇ جاۋاب تىن غەزەپلەنگەن ۋەلىخان خوجا خانلىق گىلىمىدىن سەكرەپ تۇرۇپ جاللات چاقىردى. ساياھەتچىلەر ئۆز ئۆمۈرلىرىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى سەزدىيۇ، ئەتراپقا تويۇنۇپ قارىيۇپلىشتى. جاللاتلار ساياھەتچىلەرنى تار كوچىدىن ھەيدەپ يېڭى مەسچىت ئەمىدانىغا (مەسچىت مەيدانىغا — ئا) ئېلىپ كېلىشتى. ئۇلار ئەمىدانىدا كىشىلەر باشلىرىدىن ياسالغان يوغان باش دۆۋىلىرىنى كۆردى ھەم ئالتە شەھەر ھاۋاسىدا ئاداققى دەملىرىنى ئالدى. جاللاتلارنىڭ قىلىچلىرى كۆتۈرۈلدى، ساياھەتچىلەرنىڭ باش سۆڭەكلىرى ياسالغان دۆۋىلەرنىڭ ئەڭ يۇقىرىسىغا قويۇلدى...»

**2. ۋەلىخان خوجىنىڭ «دىنىي مەۋقە»سى ۋە مۇسۇلمانچىلىق «خىسلەت» لىرى توغرىسىدا**

ۋەلىخان ۋە ۋەلىخان خوجا سوپىلىرىنىڭ كېيىنكى چاغلار ئەقىدە-

چىلىرىدىن بولغان بەزى سوپى ـ زاھىد مۇئەللىپلەر يازمىش «ئىناۋەت-نامە» لەردە ۋەلىخان خوجىنىڭ ئۆز ئۆمرىدە مۇرت ـ يارانلىرىغا «ئىسلام ئەقىدىلىرى» دىن «تەلىم بەرگەن» دە ھەر دائىم: «تاھارەت، ناماز، زاكات، روزا، ھەج، جىھاد (جەڭ ـــ ئا)، پىر (ئىمام ـــ ت)، .ساۋاب› نى مۇسۇلمانچىلىقنىڭ ھەممە ئەھكاملىرىدىن ئالاھىدە يۇقىرى قويۇشنى تاپىلاپ ـ جېكىپ تۇرغانلىقىنى تەكىتلەشكەن. ھەتتا بۇ خىل مۇئەللىپلەر يەنىمۇ پاسقىلىشىپ (ئىسلام دىنى ئەقىدىۋىلىكىدىن خېلىلا چەتنەپ) قانداقتۇر: «... بۇ زاتنىڭ مەۋجۇت مۇبارەك تۇرقى ـــ ئاللاھنىڭ تىنىقى، ئاللاھنىڭ يۈزى، ئاللاھنىڭ يېنى، ئاللاھنىڭ تىلى ۋە ئاللاھنىڭ دىلى بىلەن بىر ئىدى... بۇ زات مۇسۇلمانلاردىن گۇناھ ـ ساۋاب ھېسابىنى ئالغۇچى، جەننەت، دوزاخقا ئايرىغۇچى، توغرا يول، توغرا نىيەت، توغرا ئەقىدە ۋە توغرا ھەقىقەت مۇئەككىلى ئىدى... بۇ چۈشەنچىسىن كەچكەنلەر ‹ئىسلام دىن پاسىقلىرى›، ‹مۇرتەد› (دىندىن چىققان ـــ ئا) ‹كاپىر› لار قاتارىدا ئۆلۈمگە ياكى مەڭگۈلۈك نەپرەت، سازايى رەسۋاچىلىق، خورلۇققا مەھكۇمدۇر...» («تەزكىرەئى پىر ياران» دىن) دېگەندەك ئويدۇرمىلارنى پەيدا قىلغانىدى. مانا بۇ خىل «دىنىي مەۋقە» ۋەلىخان خوجىنىڭ مەيلى «خانلىق» ۋە مەيلى «پىرلىق»، «خوجىلىق» تارىخىدىكى دىنىي مەۋقەسىدۇر. بىزگە ئايانكى «قۇرئان كەرىم» دە ۋە باشقا دىنىي قىبلىنامىلەرنىڭ ھېچبىر سەھىپىلىرىدە مۇسۇلمانلارغا «پىر تۇتۇش» دېگەندەك نەرسىلەرنىڭ پەرز قىلىنغانلىقى كۆرسىتىلمىگەن. پەقەت روزا، ناماز، زاكات، ھەج، ئىماننىڭ پەرزلىكى مۇقىم ئېيتىلغان بولۇپ، بۇ خىل پەرزلەرنى ئورۇنداپ كېتەلمىگەنلەرنى ئۆلتۈرۈۋېتىش، مەڭگۈلۈك نەپرەت، سازايى رەسۋاچىلىق، خورلۇققا مەھكۇم قىلىۋېتىشمۇ زادىلا تەكىتلەنمىگەن.

ۋەلىخان خوجا ئۆزىنىڭ يۇقىرىقىدەك «دىنىي مەۋقە» سىنى چىقىش قىلىپ، ئىسلام دىنىنىڭ پەرزلىرى تەركىبىگە ئۆزىنىڭ «تاھارەت»، «پىر تۇتۇش»، «ساۋاب تېپىش» لىرىنى سىغداپ ئارىلاشتۇرۇپ،

«پەرز» قىلىپ بېكىتىپ، مۇشۇ خىل «ئاساس» بىلەن ھەر خىل «دى-
نىي پەتىۋا»، «دىنىي تەدبىر» لەرنى ئىسلام نامىدىن ئەمەلگە ئاشۇ-
رۇشقا باشلىغان. ئۆزىنى «ئاللاھ بىلەن بىللە» پۈتۈن بېھىش،
دوزاخلارغا مۇئەككىل دىنىي ئادالەت ھامىيسى ھېسابلاپ، توغرا ئەنئە-
نىۋى ئىسلام شەرىئىتىنى، ئىسلام ھەقىقىتىنى ۋە ئىسلام يولىنى خالى-
غانچە ئۆزگەرتكەن، بۇزغان، ئاياغ - ئاستى قىلغان. تاھارەت، روزا،
ناماز، زاكات، جىھاد، ھەج، پىر تۇتۇش، ئىبادەت، ساۋاب تېپىش...
مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلمىغان ياكى «دىنىي پەرزلەرنى» ئادا قىلمىغان
دېگەندەك «سەۋەب»، «باھانىلەر» بىلەن ئەنە شۇ چاغلاردا قەشقەردە
ئۆلتۈرۈلگەن مۇسۇلمانلارنىڭ باشلىرىدىن تىكلەنگەن تۆت كاللا مۇنا-
رىنىڭ قەۋەت - قاتلاملىرىدىن تامچىپ تۇرغان مۇسۇلمان قانلىرى
ئەنە شۇ «ئەۋلىيا زات»، «ئۇلۇغ پىر»لارنىڭ يۇقىرىقىدەك «دىنىي
مەۋقە» لىرىدىن تۆكۈلگەن ھېسابسىز قانلارنىڭ بىر قىسمىدۇر. تارىخ-
تا مۇشۇنداق «ئۇلۇغ پىر»لارغا ئەگەشكەن، ھەتتا ھېلىھەم ئۇلارنى قا-
رىغۇلارچە ياد ئېتىپ، يوللىرىنى تۇتۇپ بەندىچىلىك قىلغان، قىلىۋاتقان
نادان مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزنى بىز مۇشۇنداق «ئۇلۇغ پىر»لاردىن
ھېلىھەم پەخەس بولۇشقا، پۈتۈنلەي قول ئۈزۈشكە، پاك، توغرا مۇ-
سۇلمانچىلىق يولى بىلەن بېرىشقا دەۋەت قىلىمىز.

ۋەلىخان خوجا ۋە شۇ خىل خوجىلارنىڭ «زامانى» ۋە ئۇلارنىڭ
مۇسۇلمانچىلىق خىسلەتلىرى توغرىسىدا تارىخچى ئۇستاز موللا مۇسا
سايرامىنىڭ يازغان مۇنۇ تەرىپىنى جامائەتچىلىكىمىز سەمىگە تەقدىم
قىلىمىز: «... ئۆزىنى مۇسۇلمان شەكلىگە كىرگۈزۈپ، خالايىقنى ئاز-
غۇنلۇق، زالالەت ۋە جاھالەتكە باشلايدىغان جاھىل، نادان، ئىپلاس
سوپىلار ناھايىتى كۆپەيدى، ئەگەر ئىسلامى شېرىپنىڭ قەتئىي دەلىللى-
رىنى ئىنكار قىلغۇچىلار بار دەيدىغان بولساق بۇ ئادەملەر پەقەت جاھىل
سوپى ۋە ئالدامچى ماشايىخلارنىڭ دەل ئۆزىدۇر. ئەي خۇداۋەندە كې-
رىم! مۇسۇلمانلارنىڭ ئىمانىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئىش - ئەمەللىرىنى بۇ
خىل ئالدامچى ماشايىخ ۋە سوپىلارنىڭ يامانلىقىدىن ساقلاپ ئامان

قىلغايسەن...»

ۋەلىخان خوجىنىڭ ۋە ئۇنىڭ يېتەكچى «پىر»لىرىنىڭ مۇسۇلمانچىلىق «خىسلەتلىرى» توغرىسىدىمۇ «تارىخى ھەمىدىي»نىڭ 156 ـ بېتىدە مۇنداق بىر تارىخىي مىسال خاتىرىلەنگەن: «كۆنلەرنىڭ بىرىدە سەھرالىق بىر قېرى مەزلۇم نان ـ توقاچ، قېتىق، قايماقلارنى ئېلىپ خوجامنىڭ ئوردىسىغا كىرىپتۇ. ياساۋۇل بېشى: ‹ئەي ئانا نېمە ئەرزىڭىز بار؟› دەپ سورىغاندا ئۇ موماي: ‹خوجامدىن ئىمان تىلەپ كەلدىم. ئۇنىڭدىن بۆلەك ئەرزىم يوق› دەپتۇ. ياساۋۇل بېشى: ‹ئەنجاندىن ئېلىپ كەلگەن ئىمانلىرىمىزنى تامامەن ئادەملەرگە ئىنئام قىلىپ بەردۇق. ھالبۇكى، خوجامدا ياكى بىزدە ئىمان قالمىدى. ئەنجاندىن ئىمان ئېلىپ كېلىش ئۇچۇن نەچچە ئات چىقاردۇق. ئىمان كەلگەندە مەن خەۋەر قىلاي، شۇ چاغدا كېلىپ ئىماننى ئېلىپ كېتىڭ› دەپ ئۆز زامانىغا لايىق ۋە ئاقىللارچە ئاجايىپ ياخشى جاۋاب بېرىپتۇ...»

ئىمانسىزدىن ئىمان سورىما،
ۋىجدانسىزدىن ۋىجدان.

(ئۇيغۇر خەلق ماقالى)

## جاھالەت كۈچلىرىنىڭ كېيىنكى چاغلاردىكى قىسمەت ۋە ھەرىكەتلىرى توغرىسىدا

ۋەلىخان خوجا «ھاكىمىيىتى» يىمىرىلگەندىن كېيىن مەنچىڭ خانلىقىنىڭ قەشقەرىيەنى، جۇملىدىن ئۇيغۇر دىيارىنى ئىگىلىگەن ھۆكۈمران كۈچلىرى خېلى بىر مەزگىل قەشقەرىيەنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا خوجا ـ ئىشانلارنى سۈرۈشتۈرۈش، جىمىقتۇرۇش، تەقىبلەش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئەينى چاغلاردا ۋەلىخان خوجىغا ۋە باشقا خوجىلارغا ئەگىشىپ ئۆز ھاكىمىيىتىگە قارشى يول تۇتقان ھەتتا كېيىنكى چاغلاردا يەنىلا يول تۇتۇش ئېھتىمالى بولغان «پەيلى يامان»، «نەسلى ئىسيانچى» بىر قىسىم چوڭ، ئوتتۇرا خوجا ـ ئىشانلار بېتەكچىلىرىنى تۇتقۇن قىلغان، تەقىبلىگەن، جازالىغان ۋە ئۆلتۈرگەن. شۇنداق قىلىپ خوجا ـ ئىشانلارنى كەلتۈرمەيدىغان بولغان. يەنە بىر قىسىم «ياۋاش» خوجا، ئىشانلارنى بولسا ئۆزلىرىگە تارتىپ «ئەل» قىلىپ، ئەتىۋارلاپ خانلىق ئۈچۈن جان پىدا قىلىپ خىزمەت كۆرسىتىدىغان ساداقەتمەن كىشىلەرگە ئايلاندۇرۇۋالغان. يەنى خوجا بىلەن خوجىنى، ئىشان بىلەن ئىشاننى، «پىر» بىلەن «پىر»نى، «مۇرت» بىلەن «مۇرت»نى، ئۇمۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ئاتالمىش «دىندار»لار بىلەن پۈتۈن مۇسۇلمانلارنى تۇتۇپ، باغلاپ، ئۆزلىرىگە مۇسۇلمانلاردىن، ئاتالمىش «دىن»چىلەردىن كېلىدىغان بارلىق خەۋپ ـ خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىپ تۇرغان.

19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمى ئىچىدە قەشقەرىيەنى بىر مەزگىل ئىشغال قىلىپ ئىدارە قىلغان ياقۇپ بەگ كۈچلىرىمۇ قەشقەرىيەدە يەنىلا خۇددى مانجۇ كۈچلىرىگە ئوخشاشلا يول تۇتۇپ، ئۆزلىرى ئۈچۈن خەۋىپلىك، «ۋاپاسىز» دەپ ھېس قىلىشقان بىر قىسىم «ئۇلۇغ» خوجا ـ ئىشانلارنى يوقىتىش سىياسىتىنى قوللىنىپ، ئىجرا قىلىپ تۇرغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

1868 ـ يىلى ئىراق تەرەپتىن قەشقەرگە كېلىپ ئۆزلىرىنى «ئىمام مەھدى ئاخىر زامان»① ئېلان قىلىپ قەشقەرىيەنىڭ دىنىي ئىشلىرىنى قولغا ئېلىش ھەرىكىتىگە تەرەددۇتلەنگەن چوڭ سوپى ـ پىرزادىلەردىن شەيخ مۇھەممەد بىلەن شەيخ ئەھمەدلەرمۇ ياقۇپ بەگ كۇچلىرى تەرەپىدىن: «شەرىئەت ۋە مىللەتنىڭ توغرا ۋە پاك ھۆكۇم، يوللىرى» بىلەن قەشقەردە چالما ـ كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن. ياقۇپ بەگنىڭ قەشقەرىيەنى بېسىۋېلىشتا «باشلىقى»، «تۆرىسى» بولۇپ بەرگەن بۇزرۇكخان (ئافاق خوجىنىڭ كۆكۈن نەۋرىلىرىدىن بىرى ـــ ئا) خوجىمۇ رولىنى ئويناپ بولغاندىن كېيىن ياقۇپ بەگ كۇچلىرى تەرىپىدىن قەشقەرىيەدىن قوغلىۋېتىلگەن. مەشھۇر سىياسەتچى، ھەربىي ئۇستاد خوجا كاتتاخان تۆرىمۇ زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن. ئاقسۇ، كۇچا، خوتەن، يەكەنلەرنىڭ «خان» خوجىلىرىمۇ ئۇستادلىق بولۇپ بىر ـ بىرلەپ بېسىقتۇرۇۋېتىلگەن. شۇنداقلا ياقۇپ بەگ كۇچلىرى يەنە زور بىر تۈركۈم خوجا ـ ئىشان، سوپى «ئۇلۇغ»لارنى ئۆز «ئىلتىپات» لىرىغا ئەل قىلىپ «ئىشىنىپ ئىشلىتىپ» (مۇسۇلمان يۇرت، مەھەللە كويلىرىغا «خوجا بەگ»، «خوجا ئاقساقال»، «خوجا ئامان» ۋە «خوجا پاششاپ»، «خوجا مىرشاپ» يېتەكچىلەردىن قىلىپ تەيىنلەپ) يەنىلا «پىر»نىڭ قولى بىلەن «مۇرت» نى تۇتۇش، خوجىنىڭ قولى بىلەن يۇرتنى ئىدارە قىلىش ئارقىلىق ھۆكۇمرانلىق سەنئىتىنى جارى قىلدۇرۇپ تۇرغان.

بۇ 16 ـ ئەسىردىن 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە بولغان زامانلاردا ئۇيغۇر دىيارىدا سوپىزم ئېقىمىغا، خوجا ـ ئىشان كۇچلىرىگە

① «ئىمام مەھدى ئاخىر زامان» ـــ ئەئەممە ئىمامىيە (12 ئىمام) لەرنىڭ ئاخىرقىسى بولۇپ، ئەسلىي ئىسمى ئوبۇلقاسىم مۇھەممەت بىننى ھەسەن ئەسكىرى. ئۇ مىلادىيە 875 ـ يىلى باغدادتا تۇغۇلغان. بىر رىۋايەتتە دادىسى ئىمامى ئەسكىرى ۋاپات بولۇپ 4 ـ يىلى يەنى مىلادىيە 878 ـ يىلى، يەنە بىر رىۋايەتتە مىلادىيە 892 ـ يىلى ئۇشتۇمتۇت غايىب بولغان دېيىلىدۇ. شۇڭا بۇ كىشى خوجا ـ ئىشانلار تەرىپىدىن «ئىمام مەھدى ئاخىر زامان» (ئاخىر زامان ئاقىۋىتىدىن قۇتقۇزغۇچى ـــ ئا) دەپ ئاتالغان. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئۇ قانداقتۇر بىر زاماندا «مەھدى» سۈپىتىدە پەيدا بولۇپ، «دۇنيادىكى يامانلىقنى تۈگىتىپ»، «ئادىللىقنى ئورنىتىپ»، «تىنچ ۋە پاراۋان دۇنيا» قۇرارمىش. شۇڭا ئۇ «مەھدى ئاخىر زامان» دەپ ئاتالغانمىش. سوپى ـ ئىشانلار بۇ رىۋايەتنى «ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان» شەك ـ شۈبھىسىز «راست»لىق دېيىشىپ ھەم بۇ غايىب «كۈچ»نى دائىم ئەسلەپ، مۇسۇلمانلارغا ئەسلىتىپ، كەلگۈسى «نىجادكار»نىڭ روھى، «كارامەت» لىرىگە ئىشىندۈرۈپ كەلگەن ۋە كەلمەكتە.

(«ئۇلۇغ چوڭ پىر»، «ۋەلى» ئەۋلىيالارغا) تۈنجى قېتىم تەگكەن سىـ.
ياسىي زەربە، قاتتىق ئىجتىمائىي دەككە ۋە تازا قاتتىق تېگىش ــ چىـ.
قىلىش بولۇپ ھېسابلىناتتى. بۇ چاغلار تەبىئىيكى، ئۇيغۇر دىيارىدىكى
جاھالەت ئېقىمى ـــ «مۇقەددەس» سوپىزم ئېقىمىنىڭ ھەم ئۈنىڭ
«دەخلىسىز، ئۇلۇغ» يېتەكچىلىرى بىلەن پەيداكار قوۋم ــ سەپداشلىرىـ.
نىڭ ئەنئەنىۋى «دەخلىسىز، ئىناۋەت» لىرىدىن ئايرىلىپ، شەرمەندە،
شۇم پېئىل، ئېتىبارلىرى بىلەن «ئىززەت ــ نەپسى»، «ھۆرمەت دەبدەـ.
بىلىرى» دىن چۈشۈپ، ئەل نەزىرىدىن قېلىپ، ئەجدادلىرىمىز ئاردـ.
سىدا بىچارىلەشكەن، ئوساللاشقان چاغلىرى ئىدى. نەتىجىدە ئەجدادـ.
لىرىمىز دىنىي، روھىي، ئىدىيە، جىسمانىي، تىرىكچىلىك جەھەتتە بىر
مەزگىل ۋەھىمىلىك ۋەز ــ تەشەببۇس، بېسىم ــ ئىختىيارسىزلىق كىـ.
شەنلىرىدىن ئارامىلانغان، يەڭگىللەنگەن ئىدى.

لېكىن سوپىزم كۈچلىرىنىڭ نەزەردىن قالغان بۇ خىل قىسمىتى
ئانچە ئۇزاق داۋام قىلمىغان. شۇ زامانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىرى يەنىلا بۇ
«مۇقەددەس ئەقىدە»نى ۋە ئۈنىڭ يېگىدىن يېگى «پىر يېتەكچى»
كۈچلىرىنى قايتىدىن ئوتتۇرىغا چىقىرىشىپ، ئۆز مەقسەتلىرى يولىدا
تېپىلماس قورال سۈپىتىدە ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشقا باشلىغان. يەنى زامان
ھۆكۈمرانلىرىغا نىسبەتەن يېتەكلەش رولىدىن يېتەكلىنىش، بويسۇنـ.
دۇرۇش رولىدىن بويسۇنۇش مەۋقەلىرىگە چۈشۈپ، زالىم كۈچلەرنىڭ
بۇيرۇق، قوماندانلىقلىرى ئاستىدا زامانغا بېقىپ قايتىدىن قەد كۆتۈرـ.
گەن. مانا مۇشۇنداق بىر بۆلۈم يېڭى خوجا ــ ئىشان «پىر» زادىلەر
قەشقەرىيە زېمىنىدا قايتىدىن يامراشقا، دەۋران سۈرۈشكە باشلىغان.
يېڭىچە ئۇسۇل، يېڭىچە نام، يېڭىچە شەكىل بىلەن مەيدانغا چىقىشقان
بۇ «دىنىي كۈچ» لەر (يۇقىرىغا قاتتىق بېقىنىپ، تۆۋەننى قاتتىق بىـ.
قىندۇرۇپ تۇرىدىغان بۇ يېڭى ياللانما كۈچلەر) خۇددى ئۆلىما مولـلا
مۇسا سايرامى تەسۋىرلىگەندەك: «بىر ــ بىرىگە ھەسەت، ئاداۋەت قىـ.
لىشىپ، بىرى بىر ئىشانغا ئىتائەت ۋە ئىنابەت قىلىپ، يەنە بىرىگە ئىنـ.
كار ۋە ئاداۋەت كۆرسىتىپ، ئۆزلىرىنى ھالاكەت، زالالەتكە سېلىپ،

www.uyghurkitap.com

ئىتتىپاقسىزلىق ئۇرۇقلىرىنى چېچىپ، بۇنداق ئەقىدە ۋە نالايىق ئىشلار-
نى ئۆزلىرىگە لايىق ۋە مۇناسىپ كۆرۈپ، بۇ ئىشلارنىڭ يامان - شۇم-
لۇقىنى، مۇسۇلمان ئەھلىگە مەنسۇپ ئەمەسلىكىنى ھېس قىلماي، ئەس-
لىمەي ئۆز نەپسى - ھالاۋەتلىرى ئۈچۈن تۇغرا، ھەق دىنىي ئەقىدى-
لەردىن چەتنەپ، مۇسۇلمانلارنى خار - زار قىلىشنى نىيەت قىلىپ تۇ-
رۇشىدىغان تەرسا، ۋاپاسىز، مەككار، ئەسەبىي ياللانما خوجا - ئىشان
تۇركۇملىرىدىن ئىبارەت ئىدى». ئۇلار يېڭى يېتەكچىلىرىنىڭ مۇددىئا،
تەلەپ - تاپشۇرۇقلىرى بويىچە قەشقەرىيە مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا سو-
پىزىم مۇجادىلەلىرىنى (سوپىزمنى ئۇستۇنلۇككە ئىگە قىلىش ئۇرۇنۇش-
لىرىنى — ئا) قايتىدىن راسا ئەۋج ئالدۇرۇپ، بۆلگۈنچىلىك، تەپرى-
قىچىلىك ئۇرۇقلىرىنى بولۇق چېچىپ، «دىنىي»، ئىجتىمائىي زىددى-
يەت، رىقابەتلەرنى كەسكىنلەشتۈرۈپ، ئاتالمىش «خان ئامانلىقى»،
«يۇرت ئامانلىقى» ۋەزىيەتلىرىگە پايدا يەتكۈزۈشۈپ تۇرۇشقا باشلى-
غان. مەسىلەن 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن 20 - ئەسىرنىڭ باش-
لىرىغىچە قەشقەرىيە تۇپرىقىدا كۆتۈرۈلگەن «ئاق تاغلىق»، «قارا تاغ-
لىق» لار سۈركىلىشلىرى، «لىك»، «لىق» چىلىق ئىللەتلىرىنىڭ ئۇل-
غايتىلىپ، پالانى يەرلىك، پالانى جايلىقلارنىڭ بىر - بىرىگە زىت، تە-
نە، ھېس - تۇيغۇ، خىياللار بىلەن خىرىسلىشىدىغان، قۇۋلاشماي
«جاھان تۇتۇش سۇخەنچىلىكىدە» بولۇشىدىغان «ئەل كەيپىياتى»،
«خەلق مىجەزلىرى» يېتىشتۈرۈلگەن ۋە «پىرغا قول بېرىش»، «پىر
تۇتۇش»، «ئاخىرەتلىكنى كۆزلەش»، «تەقدىرگە تەن بېرىش»، «خان-
غا ئامانلىق تىلەش»، «جاھانغا ئامانلىق بېرىش»، «پىر»، «ئۇلۇغ»
لارغا ئاسايىشلىق تىلەش تەرغىباتلىرى ئەۋج ئالدۇرۇلغان. بەزى تارى-
خىي خاتىرىلەردە كۆرسىتىلىشىچە، 20 - ئەسىرنىڭ 10 - يىللىرىغىچە
يەرلىك خوجا - ئىشانلارنىڭ قۇتراتقۇلۇقى، باشلامچىلىقى ئاستىدا
قەشقەرلىك «ئاق تاغلىق» لار بىلەن يەكەنلىك «قارا تاغلىق» لار،
مەكىتلىك سوپىلار بىلەن قاغىلىقلىق سوپىلار، يەكەن ئېلىشقۇلۇق سو-

① «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1986 - يىلى 3 - سان، 92 -، 93 - بەتلەر

پىلار بىلەن بازارلىق سوپىلار، يەكەن قوشراپلىق «پىر»لار بىلەن قا-
غىلىق چوپانلىق «مۇرت» لار ئوتتۇرىسىدا ئىنتايىن قەبىھ «مەزھەب»
جېدەللىرى كېلىپ چىقىپ، نۇرغۇن «مۇرت»، «پىر» لار جانلىرىدىن
ئايرىلغان، ئۆمرى زەخمىدارلىققا گىرىپتار بولۇشقان. قارا قاش زاۋىلىق
خوجىلارنىڭ «تەزكىرە» ناملىق قول يازمىسىدا كۆرسىتىلىشىچە:
1898 ـ يىلىدىن 1908 ـ يىلىغىچە بولغان ئون يىلدا مەكتىلىك سو-
پىلار بىلەن قاغىلىقلىق سوپىلار ھەر قايسىلىرى ئۆز «پىر»لىرىغا يان
بېسىپ مەكتىنىڭ «قۇم قۇسار» دېگەن يېرىدە تۆت قېتىم، قاغىلىقنىڭ
«لالمىلار» دېگەن يېرىدە تۆت قېتىم چوڭ «غازات» ئېچىپ (سوقۇ-
شۇپ) سەككىز قېتىمدا ئىككى تەرەپتىن جەمئىي 20 ئادەم قازا قىل-
غان. قاغىلىقلىق سوپىلار «ئۆچ ئېلىش» ھېسابىدا قاغىلىق زېمىنىدىن
مەكىت زېمىنىغا سۇ بارىدىغان تىزناپ ئېقىنىنى بىر قانچە قېتىم بوغۇپ
تاشلاپ، مەكىت خەلقىگە ئېغىر زىيانلارنى كەلتۈرگەن. شۇ چاغلاردى-
كى خوجا ـ ئىشانلارنىڭ يۇقىرىقىدەك قىلمىشلىرىدىن شۇنى چوڭقۇر
ھېس قىلىمىزكى: ئۇلار تارىختا خەلقىمىز ۋە مىللىتىمىز ئارىسىغا ئىچكى
تەپرىقچىلىك، بۆلگۈنچىلىك، زىتلىشىش، بىرى بىرىنىڭ ئەدىپىنى بىرى
بېرىپ ئۆتۈشتەك ئەڭ قەبىھ پارچىلىنىش ــ تېگى ـ تەكتىدىن ئال-
غاندا يوقىلىشقا يۈزلىنىش ئۇرۇقىنى چاچقان، تېرىغان مەرەز كۈچلەر-
نىڭ دەل ئۆزىدۇر. بىز ئۇلارنى تەكرار ئەسلىگەنلىرىمىزدە تۆۋەندىكى
مىسرالارنى ئىختىيارسىز سېغىنىمىز:

ئۆزىنى دانا بىلگەن ئۇ ئۈچ ـ تۆت نادان،
ئېشەك تەبىئىتىنى قىلار نامايان.
بۇلار سۆھبىتىدە سەنمۇ ئېشەك بول،
بولمىسا «كاپىر» دەپ قىلىشار ئېلان.

(ئۆمەر ھەييام)

نادانلىق دۇنيادا ئەڭ زور پادىشاھ،
جاھىلنى ئاجرىتىپ بولماس نادانىدىن.

شۇنداق، ئۇ بەيد، نىجاد ئەسلا كۆرۈنمەس،
نە خوجايىنلاردىن ۋە نە خۇدادىن.
(ئۇبەيد زاكۇنى)

دەرۋەقە بۇ خىل زەبۇنچىلىق ۋە نەسلىك تېگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا شۇ زامان جەمئىيىتىمىزنىڭ ئىنتايىن قەبىھ ئىچكى ئىللىتى، مىللىتىمىز ۋە خەلقىمىزنىڭ ئەقلىي مەغلۇبىيىتى ۋە خەلقىمىز تەقدىرىنىڭ قاراڭغۇ ئىسكەنجىسى ھېسابلىناتتى. ئەلۋەتتە. يەنە بىر تەرەپتىن ئالغاندا، شۇ زامان ھۆكۈمرانلىرى بۇ خىل ھالەتنى «خان ئامانلىقى»، «جاھان ئامانلىقى» ئۈچۈن خەۋپلىك «ئىللەت»، چېكىدىن ئاشقان سىرلىق بېشارەت دەپمۇ بىلەتتى. شۇڭا، شىنجاڭنىڭ شۇ چاغلاردىكى باش ھۆكۈمرانى ياڭ زېڭشىن بۇ خىل ھادىسىلەرگە قارىتا: «يەرلىك ئەمەلدارلار دىنىي ئىشلارغا مەمۇرىي سالاھىيىتى بىلەن ئارىلاشماسلىقى زۆرۈر، ئەمما جەمئىيەت تەرتىپىنى ساقلاش يۈزىسىدىن بەزى جېدەل ـ ماجىرالارنى ياراشتۇرۇش ۋەزىپىسىنىمۇ ئۆتىمەي بولمايدۇ...» «ئۇلار خانىقا سېلىپ يىغىلىپ، دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىش نامى بىلەن نادان خەلقنى ئازدۇرۇپ سەدىقە يىغىۋالىدۇ... كۆندۈزى تارقاپ، كېچىسى يىغىلىپ نۇرغۇن كىشلەرنى قىزىقتۇرۇپ ناماز ئوقۇش، دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىش ئورنىغا... ساماغا چۈشىدۇ. بۇلارنىڭ (ئىشان ـ پىرلارنىڭ) پائالىيەت شەكلىمۇ سىرلىق، ئۇنىڭدىن ئەكسىيەتچىلەر ئاسانلا پايدىلىنىپ كېتىدۇ، چاتاق تېرىيدۇ[①]» دەپ جاي ـ جايلارغا يولىيورۇق ـ ئۇقتۇرۇشلارنى چۈشۈرگەن ۋە تارقاتقان. دېمەك، ياڭ زېڭشىنمۇ بۇ چاغلاردا شىنجاڭ خەلقنى ئىدارە قىلىشتا: يەنىلا خەلقنى ئىچكى پۈقرادارچىلىقتا، ئېتىقادتا ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىش، نادانلىقتا، تارقاقلىقتا، ئۆزئارا زىتلىشىپ تۇرۇش ئىسكەنجىسىدە تۇتۇپ تۇرۇش سىياسىتىنى قوللىنىپ، شىنجاڭنى جېدەل ـ ماجىرا چىقمايدىغان، «ئوغرى ـ قاراقچىلىرى» يوق، پاراكەندىچىلىك يۈز بەرمەيدىغان تېپتىنچ جەمئىيەتكە، ياۋاش ئىنسانلار ماكانىغا ئايلاندۇرۇش يولىنى تۇ-

تۇپ، شۇنداقلا خوجا ـ ئىشانلارنىمۇ دىققەت ـ ئېتىبارىدىن پەقەت چىقارماي ئىش كۆرۈپ تۇرغانىدى. مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن ئېتىبارەن بىزنىڭ خەلقىمىز بۇ پىشكەل ـ ساختا «دىنىي ئەقىدە»نىڭ ۋە ئۇنىڭ نامى بىلەن «جاھان تۇتقۇچى» «پىر»، «خوجام»لار ساختا، يالغان نىقاب ـ ماھىيەتلىرىنى، تارىختا ئوينىغان سەلبىي روللىرى، جىنايەتلىرى ۋە قىلمىشلىرىنىڭ ئومۇمىي خۇسۇسىيەتلىرىنى چۈشىنىشكە ۋە بۇ خىل «ئەقىدە» نى ئۆز ئىخلاس ـ ئېتىبارلىرىدىن چىقىرىپ تاشلاشتەك تارىخىي ئويغىنىش دەۋرىگە قاراپ بۇرۇلۇشقا باشلىغان. 1920 ـ يىللاردا قەشقەر، ئاتۇش، ئۇچتۇرپان، يەكەن، خوتەن خەلقلىرى بىلەن بۇ جايلاردىكى دىنىي ئۆلىمالار ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقىي ئەھكاملىرىنى جارى قىلدۇرۇش، ئىسلام ئەقىدىلىرى نامى بىلەن پەيدا قىلىنغان غەيرىي «دىنىي قىلىق»، «دىنىي يول ـ ئادەت» لەرنى چەكلەش، ئىسلامنى قوغداش تەشەببۇسلىرى بىلەن جامائەت ھەرىكىتى قوزغاپ، شىنجاڭدا يەنە يېڭىدىن دىن تارقاتماقچى بولغان چەت ئەللىك مىسسىيونېرلارنى، ئىسلام دىنى نامى بىلەن ئۆز غەرەز ـ مەقسەتلىرى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلغۇچى ئىسلام دىنى دۈشمەنلىرى — خوجا ـ ئىشان، «ۋەلى»، «پىر» لارنى توسقان، يەكلىگەن ۋە ھەرىكەتلىرىنى چەكلىگەن. ھەتتا بىر قىسىم جايلاردا بۇ خىل كىشىلەرگە قارشى پۈتۈن جەمئىيەت بويىچە (ھاكىمىيەتتىن يۇقىرىغىچە، تۆۋەندىن يۇقىرىغىچە) دەككە بېرىش ھەرىكىتى كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن. 1931 ـ، 1932 ـ يىللىرى ئۆزىنى ھازىرقى زامان ئەۋلىياسى دەپ ئېلان قىلىپ يەكەنگە پەيدا بولغان «ئاتەش خوجا» لار خەلق تەرىپىدىن كەلگەن يەرلىرىگە ھەيدىۋېتىلگەن. قەشقەر، ئاتۇش، ئۇچتۇرپان، يەكەن قاتارلىق جايلاردا شۋېت مىسسىيونېرلىرىنىڭ «مۇناسىۋەتداشلىرى» بولۇۋالغان بەزى خوجا ـ ئىشانلارنىڭ بىر قىسمىغا قاتتىق دەككە بېرىلگەن. يەكەن، قاغىلىقلاردا ھىندى، ئافغان، كەشمىرلىك باتىلارنىڭ كەتمەنلىرىنى چېپىپ ـ ھەمكارلىشىپ يەرلىك خەلقنىڭ نورمال ـ ئادەتتىكى دىنىي يوسۇنلىرى، دىنىي چۈشەنچە ۋە دىنىي ھەرىكەتلىرىگە «يېڭى-

لىق» كىرگۈزۈش، چەت ئەللىك ساھىبلارنى «پىر» تۇتۇشقا ئۈندەش ھەرىكەتلىرىدە بولۇشقان راپىزە ئىشانلار تووۋا قىلدۇرۇلغان، قاتتىق يەكلەنگەن. ئۆزىنى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ 36 ـ نەۋرىسى دەپ ئېلان قىلىپ پۇتۇن قاغىلىق، پوسكامنى بېشىغا كىيىپ، مىڭلاپ مۇرت، سوپى، ھاپىز، خەلىپە قوبۇل قىلىپ، ئەگەشتۇرۇپ جاھاننى قايتا سوپىلاشتۇرماقچى بولۇپ مەيدانغا چىققان سىياسىي «دىندار» شەخس سابىرخان خوجىمۇ 1930 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا قاغىلىقتا يەرگە تىرىك كۆمۈپ ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن. پۈتۈن شىنجاڭدا سوپى ـ ئىشانلارغا، سوپى ـ ئىشانلىققا قارشى دىنىي، ئىجتىمائىي تەشۋىقاتلار قانات يايدۇرۇلغان. نەتىجىدە شىنجاڭدا خوجا ـ ئىشان، سوپى، «پىر» مۇرت شەخسلەرنىڭ ھەممىسى بىر مەزگىل ئەلدىن يىراق، يۇرتتىن سىرت، پىنھان جاي، چەت، بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلاردا «خۇدا بەرگەننى يەپ»، «دىيانەتنى بۇزۇلغان»لاردىن خەۋپسىرەپ، چۆچۈپ كۈن ئالىدىغان پەقىر — «مىسكىن»، «بىچارىلەر»دىن بولۇپ كېتىشكەن.

پەرىشتە ئولتۇرسا دىۋە بىلەن گەر،
ئۆگىنەر ۋەھشىيلىك، نەپرەت خىيانەت.
ياماندىن ياخشىلىق ئۆگىنىپ بولماس،
بۆرە جۇۋىچىلىقنى قىلامدۇ ئادەت؟

(سەئىدى شىرازى)

جاھالەت كۈچلىرى — ئەزەلدىن ئۆزلىرىنىڭ تارىخىي مەغلۇبىيەتلىرىگە تەن بەرمەي (ئۆزلىرى، تۇتقان يوللىرىنىڭ زاۋال ـ جاھالەت يولى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشماي) خەلقنى ئالداش، خورلۇققا، زۇلۇمغا گىرىپتار قىلىش، دۇنياۋى مەئىشەت، بايلىق، ئابرۇي، ئىناۋەت ئۈچۈن ھەر قانداق ئىپلاسلىقلارنى قىلىشتىن يانماسلىقتەك ئەسەبىيلىك ۋەقەلىرىنى «خۇدالىق ئۈچۈن» ياكى «مۇسۇلمان» لىق پەردىلەت ھېسا-

بىدا ئۆزلۈكسىدىن ئۆزگەرتىكەن، تاشلىۋەتكەن ئەمەس. خوجا ـ ئىـ.
شانلارنىڭ كېيىنكى چاغلاردىمۇ ھەر خىل زامان، ھەر خىل شارائىت
ۋە ھەر خىل پەيت ـ پۇرسەتلەردە ھەر خىل يوشۇرۇن شەكىل، چا.
رە ـ ئامالّلار بىلەن ئۇ يەر ـ بۇ يەردىن باش كۆتۈرۈپ چىقىپ خەلقـ.
مىزگە زىيانكەشلىك قىلىپ تۇرغان ۋە تۇرۇشماقتا. مەسىلەن، 1946
ـ يىلى بەزى خوجا ـ ئىشانلار كۈچلىرى تەرىپىدىن قاغىلىقتا پەيدا
قىلىنغان «تاغلىق ئوغرىلار» (گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى
قوزغالغان قوراللىق تاغ ئىنقىلابى ـــ ئا) غا قارشى تۇرۇش «خەلق
ھەرىكىتى ۋەقەلىكى»دىكى ۋەتەنپەرۋەر دىنىي ئۆلىما شېھىت، خەلق
قۇربانى راشىدىن مۇپتىھاجى ئۆلۈمى، 1940 ـ يىللاردىن 1950 ـ
يىللارنىڭ باشلىرىغىچە چەرچەن، نىيە، چارقىلىق ناھىيەلىرىنىڭ بىر
قىسىم جايلىرىدا ئەندىرىنى مەركەز قىلغان ئەۋلادى قاچقۇن ئىشان ـــ
«قۇشقاچ ھەزرەت» پاراكەندىچىلىكى، 1950 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا
بەزى جايلاردا خوجا ـ ئىشانلار تەرىپىدىن پەيدا قىلىنغان ھەر خىل
شەكىلدىكى ئەكسىلئىنقىلابىي ۋەقەلەر، ھادىسىلەر ۋە تارىختىن بېرى
بىزنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە، زامانىۋىلىشىش، خەلقنى ئىتتى.
پاقلاشتۇرۇش، ئۇيۇشتۇرۇش... ساھەلىرىدىكى بارلىق ھەرىكەتلىرىـ.
مىزگە خوجا ـ ئىشانلار تەرىپىدىن قىلىنىپ كەلگەن زىيانكەشلىكلەر.
نىڭ مىسالى خاتىرىلىرى بۇ پىكىرلىرىمىزنىڭ مەۋجۇت دەلىللىرىدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# خوجا ـ ئىشان «پىر» لىرىنىڭ بۇگۈنىمىزدىكى جاھالەتچىلىك قىلمىشلىرى توغرىسىدا

بىلىشىمىزچە، شىنجاڭ بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭ مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا ھازىر يەنىلا سوپىزم كۈچلىرى («خوجام»، «ئىشانىم»، «سوپۇم»، «پىرىم»، «بۇۋىم»، «ئاشىق»، «مۇرت» ۋە باشقا «دىن» تونىغا يۆگىنىپ يۈرگەن تېجىمەل نوقانچىلار)نىڭ ھەرىكەتلىرى ساقلىنىپ تۇرماقتا. يەنى ئۇ كونا مەرەزنىڭ يېڭى تۈرلىمىسى، كونا جاھالەت شەكىللىرىنىڭ يېڭى ئەۋرىشكىلىرى ۋە ئۆتمۈش «ئەنئەنە»لىرى سۈپىتىدە «دىنىي ئىش» شەكلى بىلەن رول ئويناپ تۇرماقتا. ئۆز مەقسەت، ئەپئاللىرىنى ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرى قىلىپ پەردازلاپ ۋە ئۇنى خەلقىمىز دىنىي ئىدىئولوگىيەسىنىڭ «ھازىرقى مەنبەسى» قىلىپ دەسسىتىشكە، «دىنىي داھىي» لىق، «ۋەلى»لىق، «پىر» لىق تەمەلىرى بىلەن ئىشلىمەي چىشلەپ، ئالدامچىلىق بىلەن جان بېقىشقا ھەم ئۆز «ئىستىقبال» لىرى ئۈچۈن خەلقىمىزنى ھازىرقى دۇنيانىڭ تەرەققىيات يولىدىن چەتنىتىپ، غەپلەت ۋە جاھالەت ئىلكىدە تۇتۇپ تۇرۇشقا زوقمەن بولۇپ تۇرغان بۇ كۈچلەر بۈگۈنكى كۈندە يەنىلا خەلقىمىز ئارىسىدا «ئىمانغا ئۈندەش»، «ئىمان يېڭىلاش»، «ئاغرىنغا ئىمان سېلىش»، «دۇئا بېرىش»، «توۋا ئىستىغپار ئېيتقۇزۇش»، «كارامەت كۆرۈپ بېرىش» (پالچىلىق — ئا)، «ئۆچ قىلىش»، «ئامراق قىلىش»، «غايىبنى بىلدۈرۈش»، «پىرە ئوينىتىش»، «كۆز دۇئالىرى» تارقىتىش، «قەست قىلىش»، «قەست ياندۇرۇش»، «شىپا دۇئا ئوقۇش»، «بەنت قىلىش»، «بەخت دۇئاسى قىلىش»... بىلەن شۇغۇللىنىشماقتا. بىزنىڭ بەزى تۈز كۆڭۈل، ساددا، ئاللاھنىڭ بەرھەق دىنىغا ھېرىسمەن ئېتىقادكار يارانلىرىمىز ئۇلارنىڭ ئەنە شۇ خىل «دىن» نامى، «دىن» «قۇدرىتى» بىلەن ئەمەلگە قويۇۋاتقان سۇيىقەستلىرىنىڭ ئاڭسىز قۇر-

بانلىرىدىن بولۇپ بېرىشمەكتە. بۇ تېگى ــ تەكتىدىن ئالغاندا يەنىلا بىزنىڭ مىللىي تەركىبىمىزنىڭ ھازىرقى زامان ئىجتىمائىي كېسىلىدۇر. مىللىي ئەيىبىمىز ۋە ئەقلىي مەغلۇبىيەتچىلىكىمىزدۇر. مەن بۇ پىكىرلىرىمنى تۆۋەندىكى ئازغىنە بىر قىسىم نۇقتىلىق مەۋجۇت مىساللار بىلەن ئاساسلايمەن.

**1. ئۆلار يەنىلا جاھالەت تەرغىباتچىلىقىدا**

1983 ــ يىلى 9 ــ ئاينىڭ 4 ــ كۈنى يەكەننىڭ چىمدۇ دېگەن يېرىدىكى بىر چوڭ مەسچىتتە: «يەكەن چىلتەنلىرىمدىن كەلدىم، ھەزرىتى ئىسھاقى ۋەلىيۇللانىڭ ھازىرقى زامان نەسەبلىرىدىن بولىمەن. جەڭگىرخان خوجامنىڭ مۇخلىسىمەن...» دەپ ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ دۇئاغا قول كۆتۈرگەن بىر سوپى جامائەتكە مۇنداق دېگەن: «ئەي مۇسۇلمانلار، غاپىللار! ئاخىر زامان بولاي دەپ قالدى. خۇداۋەندە كېرىم بەندەم، پەيغەمبىرىم ئۈممىتىم دېسۇن، جەننەت ساۋابى تاپاي دېسەڭلار ناماز، روزا، ئۆشرە ــ زاكات، سەدىقە ــ پىتىرنى زادىلا تەرك قىلماڭلار. «ئۇلۇغ پىر»لارنىڭ، ئەزىز ئەۋلىيا ــ ئەنبىيالارنىڭ مازارلىرىنى، قەدەم جايلىرىنى زادىلا تاشلىماڭلار، پىرسىزلىق گۇناھىدىن ساقلىنىڭلار، پىرلاردىن دائىم دۇئا ئېلىپ، قول بېرىپ مۇرت بولۇپ، ئىمانى كامىللىققا ئېرىشىڭلار... خوتۇن ــ قىزلىرىڭلارنى روپاش، سەدرە (يۈزىنى يۆگەپ جەمئىيەتكە كۆرسەتمەي دېمەكچى ــ ئا) تۇتۇڭلار. نارەسىدە قىز، نەبىرە ۋە جىنسىي مەزلۇم بىچارىلەرنى نامەھرەمدىن توسۇپ، بالاغەت يېشىغا يەتكەن ھامان پەرزنى ئادا قىلىۋېتىڭلار (قىزلارنى كىچىك چېغىدىلا ئەرگە بېرىۋېتىڭلار دېمەكچى ــ ئا). ئويۇن ــ كۈلكە، مەشرەپ، نەغمە، بەزمە، ھارام ھاۋايى ــ ھەۋەسلەرنىڭ ھەممىسى كۇپۇرلىقتۇر... بۇنىڭغا ھەۋەسلەنگۈچىلەر دوزاختا چۇچۇلا بولغۇچىلاردۇر. بەندىدىن شىپالىق، شاپائەت، رىزقى تىلەش ــ كۈتۈش (دوختۇردىن داۋالىنىش، جەمئىيەتتىن، كىشىلەردىن ياردەم ئېلىش، مەدەت كۈتۈشنى دېمەكچى ــ ئا) ئاللاھقا شەك كەلتۈرگەن-

لىكتۇر، شىپالىقنى، شاپائەتنى پەقەت بىر ئۇلۇغلاردىنلا كۈتۈشكۈلار، شۇلارغا ئوقۇتۇشكۈلار، پەتىۋا قىلدۇرۇشكۈلار، تەقدىرگە تەن بېرىشكۈلار، هارام دۇنيانىڭ، پاسىقلارنىڭ ئېزىتقۇلۇق قىلىقلىرىدىن، سۆز - لەۋزىلىرىدىن پاك ۋە خالىي تۇرۇشكۈلار. دۇنيانىڭ هارام نازۇ - نېمەتلىرى ئۈچۈن بىهۇدە زورۇقماي، ئاللاهنىڭ بەرگىنىگە، تەقدىردە پۈتۈلگەن رىزقى لوقمىلارنىڭ هەممىسىگە شۈكۈر - قانائەت قىلىشكۈلار... ئازنا، پەيشەنبە كۈنلىرى كۇپارلار (مۇسۇلمان ئەمەسلەرنى دېمەكچى — ئا) نىڭ قولىدىن هېچ نەرسە ئالماشكۈلار، بەرمەشكۈلار، سۆز قىلماشكۈلار، سۆزىنى ئاڭلىماشكۈلار، مۇئامىلىدە بولماشكۈلار. سولتەكلەر (كادىرلار، مائارىپچىلار، زىيالىيلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەر، زامانىۋى تۇرمۇشقا يۈزلەنگەن ياشلار ۋە ئاهالىلەرنىڭ هەممىسىنى يەنى كالتا چاپان كىيگەنلەرنىڭ هەممىسىنى ئۇلار شۇنداق ئاتايدۇ — ئا) قولىدىن بىر نەرە ئېلىش - بېرىش هارامدۇر... پەرزەنت، ئەۋلاد، پۇشتى نارەسىدىلەرنىڭ هەممىسىنى دىندىن دىل ئۈزمەيدىغان، هالالچى، مۇسۇلمان، خۇداگۇي مۆمىنلەردىن قىلىپ تەربىيەت قىلىشكۈلار. زامان ئېزىتقۇلىرىدىن پەخەس بولۇشكۈلار... دىندا ئوقۇتۇشكۈلار، ئوقۇتۇشكۈلار، مۇسۇلمان ئادەم قىلىشكۈلار (زامان ئىلمىدىن يىراق، نادان تۇتۇشكۈلار دېمەكچى — ئا)، پىر، سەئىدلەرنىڭ دۇئالىرىنى ئېلىپ، نەزەرلىرىدىن ئۆتۈپ تۇرۇشنى قەرز بىلىشكۈلار...».

مېنىڭچە، بۇ خىل «ۋەز - نەسىهەت» لەرنىڭ هازىرقى زامان تەرەققىياتىدىن بىر قەدەر چەترەك قېلىۋاتقان، بەزى قارىسىغىلا ئىشىنىۋېرىشكە ئادەتلىنىپ كەتكەن ساددا، خۇداگۇي مۇسۇلمان يارانلىرىمىزغا كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى تۆۋەن چاغلاشقا بولمايدۇ. بۇ خىل ۋەزخانلار هازىرقى چاغلاردا ئىدىئولوگىيە جەهەتتىن تەرغىباتچىسى يوق يەرلەرنىڭ تەرغىباتچىلىرى، يۇرتدارچىلىقتا چوڭى يوق يەرلەرنىڭ چوڭلىرى، نازارەتتە ئىگىسى يوق يەرلەرنىڭ ئىگىلىرى، دىنىي تۇرمۇشتا يېتەكچىسى يوق جايلارنىڭ يېتەكچىلىرى بولۇۋالغان ئالدامچىلاردۇر. شۇنداقلا ئۇلار خېلى بىر قىسىم مۇسۇلمانلار يۇرتلىرىدا بو-

لۇپمۇ جاھالەتچىلىك ئادەت شەكلىگە كىرىپ كەتكەن بەزىبىر ئاھالىلەر تۇركۇملىرىنىڭ دىنىي تۇرمۇش، تىرىكچىلىك، ئىقتىساد ۋە پائالىيەت، ھەرىكەتلىرىدىن ئۆزلىرىنىڭ «دىنىي داھىي»، «ئۇلۇغ پىر» لىق ئو-رۇنلىرىنى رەسمىي تىكلەپ ئېلىشقان روھىي ھۆكۈمرانلاردۇر. ئۇلارنىڭ بىزنىڭ ھازىرقى ئىدىئولوگىيە، دىنىي تۇرمۇش ساھەيىمىزگە كۆرسى-تىۋاتقان زىيانلىق تەسىرلىرىنى ھەرگىز تۆۋەن مۆلچەرلىيەلمەيمىز، ئەل-ۋەتتە. بۇ خىل سەلبىي تەشۋىقاتلارنىڭ تەسىرى بىلەن 1983 - يىلى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بەزى جايلارنىڭ مائارىپ، مەدەنىيەت، سەنئەت، ئىلىم - پەن خىزمەتلىرىدە بىر مەزگىل چېكىنىش يۈز بەردى. ئاياللار خىزمىتى، نىكاھ، قانۇن خىزمەتلىرى، بەزى قانۇنلار، جەمئىيەت خىز-مەتلىرى ھەر خىل دەرىجىدە دەخلىگە ئۇچرىغان. ھەتتا ھېلىمۇ ئۇچراپ تۇرماقتا. قاغىلىق ناھىيەسىنىڭ چوپان يېزىسىدا 1980 - يىلىدىن بۇ-يان سوپى «پىر» لارنىڭ يۇقىرىقىدەك «ۋەز - نەسىھەت» لىرى ئەدەپ كېتىپ، شۇ يېزىنىڭ 8000 دىن جىقراق ئاھالىسى بار توققۇز كەنتتە ئەنئەنىۋى خەلق مەشرەپلىرى يوقاپ كەتكەن. پۈتۈن يېزىدىكى مەك-تەپلەرنىڭ ھەممىسىدە ناھىيە ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى دەرىجىلىك ھەر خىل مەكتەپلەرگە قىز ئوقۇغۇچىلار ئاساسەن بارالمىغان. يەنە شۇ نا-ھىيەنىڭ بىر قىسىم جايلىرىدا 1981 -، 1982 - يىللىرى 4000 دىن ئارتۇق بالا جاھالەتچىلەر تەرىپىدىن ئاتالمىش «دىنىي مەكتەپ» لەرگە تارتىپ كېتىلگەن. گۇما ناھىيەسىدە بىر نەچچە «پىر» نىڭ «بېشارە-تى» بىلەن (يوشۇرۇن قۇترىتىشى بىلەن) بەزىبىر باشلانغۇچ مەكتەپ-لەرنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى ئۇرۇلغان، بەزىبىر ئايال ئوقۇتقۇچىلار سىقى-لىشقا ئۇچرىغان.

مىللىتىمىزنى ھازىرقى دۇنيادا يەنىلا ئاتالمىش «دىنىي» يول يەنى تەركىدۇنيا جاھالەتچىلىكى بىلەن تۇتۇپ، تۇرۇشقا ئۇرۇنۇۋاتقان بۇ خىل جاھالەت تەرغىباتچىلىرىنىڭ يۇقىرىقىدەك زەھەرلىك تەرغىباتلىرى دىنىي جەھەتتىن ئەمەلىيەتتە ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ: «... بىلىم تەھسىل قىلىش ئەر - ئايال مۇسۇلمانلار ئۈچۈن پەرز-

www.uyghurkitap.com

دۇر...»، «كىشىنىڭ بارلىق ھەرىكىتى خالىس خۇدالىق ئۈچۈن بولۇشى ۋە چوڭ مۇسىبەت، ۋەقەلەرگە سەۋەب بولىدىغان دۇنيا مەنپەئەتىنى كۆزدە تۇتماسلىقى لازىم...»، «مۇسۇلمانلار بەدىنىيەتلىك قىلماسلىقى، پاك بولۇشى، ئېھتىياتچان بولۇشى، مۇئامىلىدە سىلىق بولۇشى، ناتوغرا ئىشلارنى پۈتۈنلەي تەرك ئېتىشى لازىم. ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن ھەممەيلەن شۇنداق قىلغاندىلا قىلغان ئىبادىتى ئاندىن قوبۇل بولىدۇ» (يۇقىرىقى ستاتىلار «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى» نىڭ 31 ـ بېتىدىن، قۇرئاندىكى «سۈرە ئال ئىمران 169 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمىدىن كۆچۈرۈلدى) دېگەن تەلىماتلىرىغا زىتتۇر. ئۇ خىل تەرغىباتچىلار يالغان ۋە ئەڭ قەبىھ گۇناھ قىلغۇچى نەپسانىيەت خىيانەتچىلەردۇر. مۇسۇلمان يارەنلىرىمىز خۇددى پەيغەمبىرىمىزنىڭ: «ئىنسانلار پەرۋەردىگارى، ئىنسانلارنىڭ پادىشاھى، ئىنسانلارنىڭ ئىلاھى ئاللاھقا سېغىنىپ، كىشىلەرنىڭ دىللىرىدا ۋەسۋەسە پەيدا قىلغۇچى جىنلاردىن ۋە ئىنسانلاردىن بولغان يوشۇرۇن شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمەن» («قۇرئان كەرىم»، 11 ـ سۈرە ناس، مەككىدە نازىل بولغان 6 ـ ئەيەت) دېگىنىدەك بۇ خىل جىن ـ شەيتان، ھازازۇل ئالدامچىلارنىڭ يۇقىرىقىدەك تەرغىباتلىرىغا ئالدانماسلىقلىرى، ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇشلىرى، ئۇنداق كىشىلەرنىڭ ئەدىپىنى بېرىشلىرى لازىمدۇر.

### 2. ئۇلار يەنىلا «پال» چىلىقتا

پالچىلىق (رەمباللىق، قۇرئىيلىق) ـــ ئەسلىدە ئىسلام ئەقىدىلىرىگە زىت، ئىپتىدائىي جەمئىيەت ئىنسانلىرىنىڭ خىيالىي تەسەۋۋۇرلىرى ئاساسىدا شەكىللەنگەن بىر خىل خۇراپىي چۈشەنچىدىن باشقا نەرسە ئەمەستۇر. ئىسلام ئەقىدىچىلىرى بۇ خىل چۈشەنچىنى تارىختىن بېرى بىر خىل «غەيرىي ئەقىدە» سۈپىتىدە ناھايىتى قاتتىق رەت قىلىپ، ھارام قىلمىش سۈپىتىدە قارىلاپ كەلگەندۇر. لېكىن، بىزنىڭ دىنىي تۇرمۇشىمىزغا ئارىلىشىۋالغان، سوپى ـ ئىشانلار بۇ خىل «ئەقىدە»نى

بىزنىڭ جەمئىيىتىمىزدە تارىختىن بېرى ئىسلام ئۇقۇمى سۈپىتىدە يەنى
ئۆزلىرىنىڭ «كارامەت» كارلىق «خاسىيەت» لىرىنى «ئىسپات» لايدى-
غان «مەۋجۇت رېئال مۆجىزە» سۈپىتىدە كۆرسىتىپ ۋە جارى قىلدۇ-
رۇپ كەلمەكتە. بۇمۇ بىزگە تارىختا سوپى - ئىشانلار تەرىپىدىن يۇق-
تۇرۇپ قويۇلغان روھىي زەئىپلىك، روھىي بەدبەختلىكتىن ئىبارەت
بىر تۇردۇر. بۇ خىل «ئەقىدە» دىن ۋە بىزنىڭ بۇ خىل بەدبەختلىك-
مىزدىن سوپى - ياران «پىر»لار ھازىرمۇ ئاجايىپ قاراملىق ۋە ھىيلە-
گەرلىك بىلەن پايدىلانماقتا. بىز بۇ ھەقتە سانسىزلىغان ئېچىنىشلىق
مىساللارنىڭ بىرى سۈپىتىدە 1980 - يىللاردا قاراقاش ناھىيە زاۋا يې-
زىسىدىكى «رەمبال بۈۋىم» ساجىدە «پىر» خېنىم (يەرلىكتە «چىشى
ئەۋلىيا» نامىنى ئالغان — ئا) نىڭ چىرا ناھىيەسىنىڭ نۇرى يېزىسىدا
سادىر قىلغان مۇنۇ «رەمبال»لىق ۋەقەسىنى ئەسلەپ ئۆتىمىز.

... بۇ يېزىدىكى 32 ياشلىق خۇراپات رىياكارى توختى بارات يې-
قىنقى بىر قانچە يىل مابەينىدە ئۆيكە كېسەلىگە گىرىپتار بولۇپ بىر
قانچە نۆۋەت داۋالانغان بولسىمۇ ساقىيالمىغان ھەم «بۇ كېسەلدىن سا-
قىيالماسلىقىمدا چوقۇم باشقىلارنىڭ قەستى بار (كىشىلەر ئوقۇپ قەست
قىلغان دېمەكچى — ئا)» دېگەن ئويدا بولغان. ئۆتكەن يىلى 5 - ئاي-
نىڭ 27 - كۈنى قاراقاش ناھىيەسىنىڭ زاۋا يېزىسىدىكى رەمبال سا-
جىدە بۈۋىنى ئۆز ئۆيىگە چىللاپ پال سالدۇرغان. «پالچى» ساجىدە
«بۈۋىم» بىر قاتار غايىب «كارامەت» لەرنى بېشارەت قىلغاندىن كېيىن
توختى باراتقا: «سىلىگە باشقىلارنىڭ قەستى بار ئىكەن، قەست قىل-
غۇچى ئىككى ئادەم بولۇپ، ئۇلار قىلغان قەستىنىڭ بىرى («قەست ئا-
يىتى» ئوقۇلغان ماددىي نەرسىنىڭ بىر پارچىسى دېمەكچى — ئا) بو-
سۇغىلىرىنىڭ ئاستىدا، يەنە بىرى مازاردا ئىكەن. ئەگەر ئۇ نەرسىلەر
تېپىلمىسا كېسەللىكلىرىدىن ئۆمۈرۋايەت ساقىيىپ كېتەلمەيدىكەنلا...»
دېگەن. بۇ چاغدا توختى بارات قورقۇپ تىترەپ «بۈۋىم» گە بۇ نەر-
سىلەرنى تېپىپ بېرىشنى قاتتىق ئىلتىجا قىلىپ (يالۋۇرۇپ) تۇرۇۋا-
غان. «پالچى بۈۋىم» ئۇنىڭ قىلتاققا چۈشكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن

www.uyghurkitap.com

مەزكۇردىن كۆپرەك ئولجا ئۇندۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئۆيىنىڭ
بوسۇغىسىنى كولاپ ئۇ يەردىن چىققان تاش ـ كېسەك، توپا ـ چالـ
ملارنى كۆرستىپ «سىلىگە قەست قىلىپ ئايەت ئوقۇپ يۇرۇپ كۆـ
مۈۋەتكەن نەرسىلەر مۇشۇ» دەپ ئىشەندۈرگەن. توختى بارات بۇنىڭـ
دىن تەسىرلىنىپ «رەمبال بۇۋىم» گە بىر تاي، بىر ئېشەك، 50 يۈەن
نەق پۇل ۋە بىر يارتا قوي گۆشى «دۇئا» قىلدۇرۇپ، ئاتالمىش ئۆزىگە
قەست قىلغان كىشلەرنى تېپىش، ئۇلاردىن ئۆچ ئېلىش نىيىتىگە كەلـ
گەن ھەم «قەست» تىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن دەرھال بىر قۇتىغا بىر
پارچە گېزىت قەغىزىدەك چوڭلۇقتىكى بىر تۇمار، ھۆپۈپ تاجىسى ۋە
بىر پاي ئالتۇن زىرىنى سېلىپ يېنىدا ساقلاپ «قەست»تىن مۇداپىئەـ
لەنگەن. نېرى ئويلاپ، بېرى ئويلاپ ئاخىر ئۆز يېزىسىدىكى سادىر قاـ
رىم بىلەن مەسۇم موللام دېگەن كىشلەردىن ئورۇنسىز «گۇمان» لىنىپ
ئۇلارنىڭ پېيىغا چۈشكەن. كېچىلىرىمۇ «قارا بېسىپ» ئۇخلىيالمايدىغان
بولۇپ كەتكەن. ئاخىر «قەستچىلەر»دىن «ئىنتىقام» ئېلىش قەدىمىنى
تېزلىتىپ، سادىر قارىم دېگەن بىگۇناھ كىشىنىڭ يانلىرىنى ئاختۇرغان.
ئالداپ ئۆيىگە ئاپىرىپ، ئادەم يىغىپ باغلاپ، ئۇرۇپ قاتتىق قورقۇتۇپ
قىستاپ «ئىقرار» قىلغۇزۇشتا قىلمىغان ۋەھشىيلىكى قالمىغان. مەسۇم
موللام دېگەن كىشىنىمۇ باغلاپ تېڭىپ قويۇپ ئىككى چىشىنى سۇغۇـ
رۇۋالغان، ئاغزىنى يىرتىۋەتكەن. سادىر قارىم دېگەن كىشىنىڭمۇ ئىككى
چىشىنى چۈشۈرۈۋەتكەن، ئاغزىنى، گال، تامغاقلىرىنى قاتتىق زەخىمـ
لەندۈرگەن... شۇنداق قىلىپ «رەمبال بۇۋىم» «پال» سېلىپ توختى
باراتنىڭ جىنايەت قىلىشى، بىگۇناھ ئىككى دېھقاننىڭ قاتتىق زىيان ـ
زەخمەتلەرگە دۇچار بولۇش ئاقىۋىتىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان، مۇسۇلمان
كىشلەرنىڭ ئۆزئارا بىرلىكىگە، ئىتىپاقچىلىقىغا، خاتىرجەملىكىگە زىـ
يانكەشلىك قىلغان بۇ خىل ئالدامچىلار جەمئىيىتىمىزنىڭ ھەممىلا يەرـ
لىرىدە ساقلىنىپ، ھەرىكەتلىنىپ كەلمەكتە. بەزى گول، نادان يارانلىـ
رىمىز ھېلىمۇ يۇقىرىقىدەك «سوپى»، «پىر»، «بۇۋىم» لەرنىڭ بىـ
خۇدلاشتۇرۇشلىرى بىلەن «بارىنى ئوغرى، قالدىسىنى رەمبال ئالىدىـ

غان» «تەقدىر» دىن قۇتۇلالمايۋاتىدۇ. بۇ خىل «دىنىي تەقدىر» دىن ۋە بۇ خىل روھىي قۇللۇقتىن قۇتۇلۇش بىزنىڭ ھازىرقى ئەڭ جىددىي، مىللىي قەرزىمىز ۋە مەجبۇرىيىتىمىز بولۇپ تۇرماقتا.

### 3. ئۇلار يەنىلا «دۇئا»، «تىلاۋەت» ئالدامچىلىقى يولىدا

دۇئا قىلىش، ساۋابلىق ئىزدەش — مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي ئادەتلىرى جۈملىسىگە كىرىدىغان، خالىس ۋە ئىنتايىن ھالال نىيەت بىلەن ئادا قىلىشقا تېگىشلىك دىنىي مەجبۇرىيەتتۇر، يەنى ھەقىقىي مۇسۇلمانلىق مەجبۇرىيىتىدۇر. ھەر بىر دۇئاگۇي — ھەقىقىي دىندار، ئەڭ ئەخلاقلىق، مۆمىن، ئىسلام ئىلمىغا سادىق، دىيانەتكارلىقى مۇسۇلمانلارغا تەسىر ۋە تۈرتكە بولىدىغان، دىندارلىقى قۇسۇرسىز، مەۋقەسى سۇسلاشمايدىغان، خۇدا يولىدا چۈشكەنلىكى خۇدا يولىغىلا خالىس سەرپ قىلىدىغان، نامرات، شەخسىيەتسىز، ئالىيجاناب، پەس ھەۋەسلەردىن تولىمۇ خالىي دىندارلاردىن بولۇشى زۆرۈردۇر. قۇرئان ھەدىسىنىڭ روھىدا، پاسىق، جاھىل، نادان، بىلىمسىز، قىلىقى سەت، ھىيلىگەر، ئاز بىر نېمىنى دەپ كۆپكە زىيان سالىدىغان، مەنپەئەت تەمەگەرلىكى ئۇستۇن، سۇخەنچى، ئىبتىقادى سۇس، ئالدامچىلىقنى كەسىپ قىلىۋالغان سۇيىقەستچى، تىرىكتاپ، ئۇششۇقلۇقتا كۆنگەن ھەر قانداق ئەھلىي مۇسۇلماندىن دۇئا ئېلىش، ساۋابلىق كۈتۈش، ئاللاھنىڭ ئالدىدا كەچۈرگۈسىز گۇناھ ھېسابلىنىدىغانلىقى تەكىتلەنگەن. دۇئاگوي: «... دۇئادا ئالغان ئولجا (نەرسە) نىڭ نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭ بەشتىن بىر قىسمىنى ئاللاھقا (ئەمەلىيەتتە جەمئىيەت ئىشلىرىغا — ئا) قالغىنىنى ئاللاھنىڭ ئەلچىلىرىگە، تۇغقانلارغا، يېتىم ـ يېسىرلارغا، نامرات، بىچارىلەرگە، مۇساپىر يولۇچىلارغا ئاتىشى كېرەك...» (قۇرئان: 8 ـ سۈرە 41 ـ ئايەتتىن) «مۇسۇلمان كىشىنىڭ بىراۋغا بولغان دۇئاسى (بىراۋغا بولغان ئالقىشى ياكى قارغىشى دېمەكچى — ئا) ئۆز مەقسىتى ئۈچۈن ئەمەس، ئاللاھ ئۈچۈن بولۇش لازىملىقىنى ئۆگىنىش كېرەك...» («مۇھەممەد

ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمھالى» 334 ـ بەت) دېگەن پىرىنسىپلىرىغا قەتئىي رىئايە قىلىشلىرى شەرتتۇر. لېكىن، بىزدىكى بىر قىسىم «دۇئا-گۇي» — سوپى، ئىشان، «پىر» لار يەنى ئاتالمىش «دۇئا»خانلار ھا-زىرقى چاغلاردا ئىسلامنىڭ «دۇئا» توغرىسىدىكى يۇقىرىقى پىرىنسىپ ۋە دىنىي ئەخلاق ئۆلچەملىرىگە پۈتۈنلەي خىلاپلىق قىلىشىپ، دۇئانى ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەت تېپىش، ئىشلىمەي چىشلەش، كىشىلەرنىڭ قان ـ تەرىنى شوراپ دۇنيا تېپىش، مۇسۇلمانلارنى ياۋاش، مۆمىن، بوي-سۇنغۇچىلارغا ئايلاندۇرۇش، ئاخىر خەلقىمىزنى مىللىي خورلۇق، مىل-لىي چۈشكۈنلۈككە ئىتتىرىشتەك قەبىھ ۋە ئىنتايىن رەزىل مەقسەتلىرى ئۈچۈن پايدىلىنىپ كەلگەن ۋە كېلىشمەكتە. ئۇلارنىڭ بۇ ساھەدىكى بەزىبىر ئوسال قىلمىشلىرى توغرىسىدا يېقىنقى يىللار جەريانىدا يۈز بەرگەن مىساللاردىن ناھايىتى ئازلا بىر قىسمىنى قىسقىچە ئەسلەپ ئۆت-تۈش ئورۇنلۇقتۇر:

1981 ـ يىلى قاغىلىقنىڭ چوپان يېزا 2 ـ كەنتىدە سوپى ـ ئىشان خۇراپاتچىلىقىغا تېۋىنىدىغان بىر دېھقان تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈت-تۈرگەن قىزىنى بۇ ئائىلىدىكىلەرنىڭ چوڭلىرىنى «دۇئا» بىلەن ئۆزىد-گە رام قىلىۋالغان، كېلىش مەنبەسى نامەلۇم بىر نائەھلى سوپىغا «ساۋاب»لىق ئۈچۈن «دۇئا» قىلدۇرۇۋېتىلىدۇ. ئۇ قىز بۇ سوپى بىلەن ئىككى يىل «خۇداغا قۇلچىلىق» قىلىپ ياشايدۇ. بۇ سوپى تۇغۇلغان بىر بالىسى بىلەن ھەممە «ساۋاب» نى بۇ قىزغا قالدۇرۇپ بىر كېچى-دىلا غايىب بولىدۇ، قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بىرەر يىلغىچە ئىزدەپ ئۇ-قۇشۇپ بۇ «دۇئاگۇي» «پىر»نىڭ خەۋىرىنى گۇما ناھىيەسىدىكى تۈرمە كامېرلىرىنىڭ بىرىدىن ئالىدۇ. مەلۇم بولۇشىچە، گۇمىلىق كەس-پىي ئوغرى مەممەت 1970 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا 10 نەچچە يىللىق قولغا ئېلىنغان بولۇپ، تۈرمىدىن قېچىپ، مۆكۈپ ـ چۆكۈپ ئېقىپ يۈرۈپ نۇرغۇن جىنايەتلەرنى قىلىش جەريانىدا بۇ يەرگە كېلىپ، بۇ «ئولجا» غا «دۇئا» قىلغان.

1980 ـ يىلدىن 1982 ـ يىلغىچە قەشقەر شەھەر ئىچىدە «دىنىي

ئۆلما» لىق قالپىقنى كىيىۋالغان 80 نەچچە ياشلىق بىر «ئۇلۇغ زات» «دۇئا» خۇمار، «ساۋاب»قا تەقەززا بولۇپ يۈرىدىغان ئۈچ ئائىلىدىن ئۈچ كىچىك باكىر قىزغا «دۇئا» قىلىپ، مەلۇم مەزگىل ئىچىدە ئۇلارنىڭ ئائىلىلىرىگە تېگىشلىك «دۇئا» سىنى، «ساۋاب» نى بېرىپ، قىزلارنى نىكاھ زىندىنى قىلىپ قويۇپ ئاخىر «دۇئا»نىڭ سىرى پاش بولۇش ئالدىدا، بۇ قىزلارنىڭ بىرىگە «چۆچۈرىنى چوڭ تۈگىدىكەن» دەپ، يەنە بىرىگە «قولى قاتتىق، ئۆزى قوپال ئىكەن» دەپ، يەنە بىرىگە «سامسىنى يوغان ياقىدىكەن...» دەپ «گۇناھ» قويۇپ «تالاق خېتى» نى بېرىپ ئاتا ـ ئانىلىرىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن.

1979 ـ يىلى ئۈرۈمچى پويىز ئىستانسىسىنىڭ قاچىلاش، چۈشۈرۈش مەيدانىنىڭ ئائىلىلىكلەر قورۇسىغا نامەلۇم بىر «ئۇلۇغ پىر» پەيدا بولۇپ، بىر ئىشچىنىڭ ئۆيىدە بىر ـ ئىككى ئاي «دۇئا» ئوقۇپ «ئىمان يىغىلاپ»، «ساۋاب» ئاتا قىلىپ يۈرۈپ ئاخىر بۇ ئىشچىنىڭ ئىككى بالىلىق بولغان خوتۇنىنى «دۇئا قىلىپ» ئالداپ ئېلىپ قېچىپ كەتكەن.

«شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1987 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈندىكى سانىدا خەۋەر قىلىنىشىچە، ئاقسۇ شەھەر ئىچىدە «خەلپەت» نامى بىلەن «دىنىي زات» بولۇپ يۈرگەن جاھالەتچى مۇرتەد تۇرغۇن ئۆمەر 1986 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئاغزىغا «ئىمان» سېلىش، «دىندا ئوقۇتۇش» نامى بىلەن «دۇئا» بېرىپ چۆرىسىگە يىغىۋالغان چوڭى 11 ياش، كىچىكى سەككىز ياش بەش ئۇيغۇر قىزنى گوللاپ «ساۋاق» بېرىدىغان خالىي جايغا (قېيىن ئاتىسىنىڭ ئادەم ئولتۇرمايدىغان ئۆيىگە) ئاپىرىۋېلىپ ئۇلاردىن ئۈچىنىڭ ئىپپەت ـ نومۇسىغا تەگكەن. يەنە ئىككىسىگە بەدقىلىقلىق قىلغان. خەلقنىڭ قاتتىق غەزەپ ـ نەپرىتى بىلەن ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى تەرىپىدىن يېقىندا مۇددەتسىز تۈرمىگە ھۆكۈم قىلىنغان بۇ «دۇئاگۆي»، «ئىمان سالغۇچى»نىڭ قىلمىشىنى قانداقمۇ مۇسۇلمان قىلىقى دېيىشكە بولار؟ ئاغزىدىن سۈت تېمىپ تۇرغان گۆدەك قىزلىرىنى ئىك-

كى قوللاپ ئەنە شۇنداق «ئاغزىغا ئىمان سالغۇچى»، «مەلئۇن» دىندارنىڭ قارا چاڭگىلىغا سېلىپ بەرگەن ئاتا ـ ئانىلار ئۆزلىرى تاپ-قان بۇ «ساۋاب»نىڭ دەردىنى ئۆمۈرۋايەت تارتماي قالارمۇ؟ بىز بۇ يەردە تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر مۇسۇلمان ئەدىب ئابدۇلمەجىد سانائىنىڭ «غاپىل ۋە جەسەت ـــ بىر نەرسە پەقەت» دېگەن ھېكمەتلىك مىسرا-سى بىلەن ئۆز ئەپسۇسىمىزنىلا ئىچىمىزگە يۇتۇپ قالىمىز خالاس.

يەنە مىساللار: جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئۇرۇمچىگە پەيدا بولۇپ «ئافاق خوجامنىڭ 5 ـ ئەۋلاد نەۋرىسىمەن» دەپ «پىر»لىق قىلىپ يۈرگەن بىر ئىشاننىڭ مۇشۇ بىر نەچچە يىل ئىچىدە ئۇرۇمچىدە «دۇئا»غا ئالغان «خوتۇن»لىرى ئون نەچچىدىن ئېشىپ كەتكەن. ئىگىلىشىمىزچە، ئاپ-تونوم رايونىمىز مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا يېقىنقى ئىككى ـ ئۈچ يىل ئى-چىدە «دۇئا بېرىش»، «دۇئا قىلىپ قويۇش»، «نىجات دۇئاسى»، «كۆز دۇئاسى»، «شىپالىق دۇئاسى»، «قورقاق دۇئاسى»، «ئىمان يې-گىلاش دۇئاسى»، «چۈش دۇئاسى»، «گۆدەكلەرنى مۇسۇلمان قىلىش دۇئاسى»، «ساۋاب دۇئاسى»... دېگەندەك سانسىزلىغان «دۇئا» لارنى «ئىجاد» ۋە دەستەك قىلىشىپ يۈرىدىغان «ئۇلۇغ پىر»، «ئۇلۇغ سو-پى»لار خېلىلا كۆپىيىپ كەتكەن. «دۇئا» ئالدامچىلىقى بىلەن خەلق-نىڭ پۇل ۋە جېنى، مال ـ مۈلكىنى قاقتى ـ سوقتى قىلىدىغان، ھەتتا كىشىلەرنىڭ جېنىغا، خوتۇن ـ بالىلىرىغا، مال ـ مۈلۈك تىرىكچىلىكى-گە «دۇئا» قىلىپ قويىدىغان يەنى «دىن»نى قالقان قىلىۋېلىپ ئوغرى-لىق، بۇلاڭچىلىق، قاتىللىق، باسقۇنچىلىق، بۇزغۇنچىلىق جىنايىتى بى-لەن شۇغۇللىنىدىغان «دۇئاگوي» قىزىلكۆزلەردىن قاتتىق ساقلىنىش، مۇداپىئەلىنىش ۋە ئۇلارغا قارشى ھەرىكەت قىلىش ھەر بىر مۇسۇلمان-نىڭ ھازىرقى چاغلاردىكى ۋىجدانى ۋە ئىمانى قەرزىدۇر. بىز بۇ خىل «دۇئاگوي» لارنى زامانىمىزدىكى پەم ـ ئىدراكتىن خالىي، ئەقىلسىز، غەيرەتسىز، ئىنسابسىز، ھاياسىزلار دەپ قارايمىز. ئۇلار خۇددى «مەھ-بۇبۇل قۇلۇپ» تا كۆرسىتىلگەندەك: «ئۇلارنىڭ كۆڭۈلدۈزى ھەر يانلارغا قاتراشلىرى ـــ ئالدامچىلىق بىلەن خەلقتىن نەرسە ئېلىش ۋە

كېچىسى كېلىپ ئوغرىلىق قىلىش ئۈچۈن ھەر يانغا كۆز سېلىشتىن ئىبارەتتۇر. ئۇلار كىشىلەردىن ياخشىلىق كۆرسە شۈكۈر قىلمايدۇ. كۆڭۈللىرىنى رىياكار سوپىلارنىڭ كۆڭلىدىكىدەك ناخۇشلۇق قاپلىغان. ۋەج تاپسا تۈگۈنچەككە تۈگىشىدۇ. ئۇلارنىڭ تۈگۈنچەكلىرىنى ئۆلۈكنى يۇغان كىشىلەردىن باشقا كىشىلەر ئاچالمايدۇ، يېشەلمەيدۇ. ئۆلۈكى بىلەن قوشۇلۇپ يەرگە كۆمۈلۈپ كېتىدۇ. ئۇنى تۇپراقتىن باشقا ھېچنېمە يېيەلمەيدۇ. بۇ دۇئاگۇيلارنىڭ ئارىسىدا يەنە ئۆزىنى ‹قەلەندەر› دەپ ئاتايدىغانلىرى بار. ئۇلار ئادەمىيلىكتىن يىراق، ھەتتا دىۋە، شەيتانلارمۇ ئۇلارنى تىللايدۇ. ئۇلار ئىنسانىيەتتىن، مۇسۇلمانچىلىقتىن يىراق بولۇپ، تۈگۈز ۋە ئېيىقلار ھاياتتا ئۇلاردىن ياخشىراقتۇر...»

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# يېڭى مازارپەرەس «ئاشىق»، «مۇرت»لار توغرىسىدا

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بىر قىسىم جايلىرىدا، بولۇپمۇ مەدەنىيەت تەرەققىياتى تۆۋەنرەك، زاماندىن كېيىنرەك قېلىۋاتقان جايلاردىكى مۇسۇلمان ئاھالىلەر ئارىسىدا بىز يەنىلا جاھاندىن قول ئۈزۈپ، بىر جايدا ماكانلاشماي، ئۆيلۈك - ئوچاقلىق، بالا - چاقىلىق بولماي، ئۇ-دۇللۇق تاپقىنىنى ئۇدۇللۇق يەپ تۈگىتىپ، كەلگەن يەردە يېتىپ - قوپۇپ، يۇيۇنماي، تارانماي، بۆرگە، پىت - قۇشلارغا بوغۇلۇپ، قاس-ماقلىشىپ، نېمە تاپسا شۇنى يەپ، جۇلجۇل، قۇراق كىيىملەرنى كىيى-شىپ، يالىڭاياغ، يالاڭباش، تەلەتى سەت، تەرى قورقۇنچلۇق، ھەتتا كىيىم - كېچەكسىز يۈرىدىغان بەزى بىر ھەر خىل سەت قىياپەتلىك تەركىدۇنيا كىشىلەرنى ئارىلاپ ئۇچرىتىپ تۇرماقتىمىز. ئۇلار بەزى سوپى «پىر» لارنىڭ نەزىرىدە «ئاخىرەت» لىكنى تاپقان، «كۆڭلى ئاق» ، «دىلى يورۇق» دەپ قارىلىدىغان، ئۆزلىرىنى بولسا «ئا-شىق»لار، «مۇرت»لار دەپ ئاتىشىدىغان غەلىتە مۇسۇلمانلاردۇر. ئۇلار : پالانچى «ئۇلۇغ مازار»دىن، پالانچى «ئۇلۇغ جاي»دىن كەل-دۇق، پالانچى ئەۋلىيا، «پىر» ، «خوجام»لارنىڭ «مۇرت» ، «ياران» ، «ئاشىق»لىرىمىز... دېگەندەك نام - ئاتاقلارنى شېپى كەلتۈرۈپ، كى-شىلەر ئارىسىدا «ئاشىق»لىق، «مۇرت»لىق قىلىشماقتا. ئۇلارنىڭ مۇشۇ كۆڭلەردىكى «دىنىي مەركەز» لىرى ئاساسەن پىچاندىكى «تۇيۇق خو-جام» (ئەسھابۇل كەھىف)، نىيەدىكى «ئىمامى جەپىرى سادىق مازى-رى»، يەكەندىكى «چىلتەن مازىرى» ، قەشقەردىكى «ئافاق خوجا ما-زىرى» قاتارلىق بىر قىسىم «سىرلىق» «مازار»لاردىن ئىبارەت بولماق-تا. شۇڭا بىز بۇ خىل كىشىلەرنى زامانىمىزدىكى مەلۇم دىنىي تەرىقەت ئىدىئولوگىيەسىنى ئاساس قىلغان، «پىر» ، «ئۇستاز» لىرى ئېنىق،

نشانىسى تەركىيدۇنياچىلىق (دۇنيانى «دوست تۇتماس» لىق) تىن ئىبارەت بولغان، ھاياتقا قىزغىنلىقى سۇس، چۈشكۈن روھىي ھالەتكە ۋەكىللىك قىلغۇچى، خاراباتى ئىنسانلار تۈركۈمىدىن ئەتقىق قىلىمىز، كۆزىتىمىز. بۇ خىل «ئاشىق»، «مۇرت» لار توغرىسىدا ھازىرچە قولدىمىزدىكى بىر قىسىم ماتېرىياللارنىڭ بىرلا پارچىسىنى يەنى نىيە ناھىيەسىدىكى «ئىمام جەپىرى سادىق مازىرى»، پىچاندىكى «تۇيۇق خوجام مازىرى»نى تولىراق شىپى كەلتۈرۈپ «ئاشىق»، «مۇرت» يېتىشتۈرۈپ، يېتەكلەپ يۈرۈۋاتقان مەلۇم بىر «پىر» نىڭ مۇشۇ ھەقتىكى پائالىيەتلىرى توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز. بۇ «پىر» 1982 - يىلىدىن 1985 - يىلى يازغىچە ئالتە «ئاشىق» ھەمراھى بىلەن پىچان، سانجى، قۇتۇبى، گۇچۇڭ، مورى، جىمسار، ئۈرۈمچى، تۇرپان ناھىيەلىرى ۋە شەھەرلىرىنىڭ بىر قىسىم بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدا «ئىمان يىغىلاش»، «دۇئا بېرىش»، «توۋا ئىستىغپار قىلدۇرۇش» ۋە «ھالال - ھارام» پەتىۋاچىلىقى... بىلەن شۇغۇللىنىپ نۇرغۇن كىشىلەرنى «ئىمانى كامىل» لىققا «يېتەكلىدى»، بەزىلەرنى «ئاشىق»، «مۇرت» قىلدى. «ئىمامى جەپىرى سادىق»، «تۇيۇق خوجام» «مازار» لىرىنى ھەر يىلى تاۋاپ قىلىپ تۇرۇشنىڭ «ئەڭ ئۇلۇغ»، «ئەڭ ساۋابلىق»، «ئەڭ خاسىيەتلىك» «ئەھمىيەت»لىرىنى كۆچەپ چۈشەندۈردى. ھەتتا كىشىلەرنى ئىبادەت ئۈچۈن مەككىگە بارماي شۇ يەرلەرگە بېرىشقا چاقىردى. ئۇ «ئىمامى جەپىرى سادىق مازىرى» توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: «بۇ مازار مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇلۇغ سەجدىگاھى بولۇپ ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسەبى — ئىمامى جەپىرى سادىق رەزد-

---

① بۇ «خوجام» بۇ يەردە پۈتۈنلەي يالغان ئېيتىپ، ئۆزىنىڭ ئالدامچىلىق، يالغانچىلىق ھۈنىرىنى ئاشكارىلاپ قويغان. «رەۋزە تۇسساپا» دېگەن تارىخ كىتابىدىن ۋە باشقا تارىخىي ماتېرىياللاردىن بىلىشىمىزچە، ئىمام جەپىرى سادىقنىڭ ئەسلىي ئىسمى ئىمام مۇھەممەت جەپىرى سادىق بولۇپ، ئۇ شىئە مەزھىپى تارىخىدىكى «ئەئەممە ئىمامىيە» (12 ئىمام — ئا) نىڭ بەشىنچىسى بولغان ئىمامى مۇھەممەت باقىرنىڭ ئوغلى يەنى زەينۇل ئابىددىن بىننى ئىمامى ھۈسەيىننىڭ نەۋرىسىدۇر. بۇ زات ھىجرىيەنىڭ 148 - يىلى (مىلادىيە 765 - يىلى) مەدىنەدە ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۆمرىدە ئۇيغۇر دىيارىغا كېلىپ باقمىغان. ئەمەلىيەتتە خوتەندىكى بۇ مازار خوجا - ئىشانلار تەرىپىدىن ئويدۇرۇپ پەيدا قىلىنغان ياكى بىر بىرەر چوڭ سوپى - ئىشان «پىر»نىڭ ئۆلۈكى قويۇلغان زاراتگاھلىق بولۇشى مۇمكىن.

يەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇبارەك جەسەتلىرى قويۇلغان تەۋەرۈك جايدۇر. مەن بۇ «ئالەم»نىڭ بارلىق ھارام ھەۋەسلىرىدىن خالىي ۋە پاك تۇ-رۇپ، بۇ مازاردىن ۋەھىي ـ بىشارەت ئېلىپ «پىر»لىق دەرىجىسىگە ئې-رىشىپ، ئىككىلا دۇنيالىقىمنى تاپتىم. «پىر»لارنىڭ ئارقىلىرىدىن قال-ماي، «پىر» لىق رىشتىسىغا سادىق بولۇپ، دىگەنلىرىنى شەرتسىز، شەكسىز، تەخىرسىز ئورۇنداپ تۇرغانلار تاڭلار مەھشەر كۈنى بەرھەق ئىمانى كامىل، «ئەھلى جەننەتلەر» قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ...». بۇ خوجا ئۆزىنىڭ «ئىشقىيە» سۇلۇكى (ئافاق خوجا تەرىقىتى ــ ئا) گە خاس ھەم سادىق ئىكەنلىكى بىلەن پەخىرلىنىپ تۇرۇپ: «ئىنسان ئە-گەر بۇ سۇلۇككە كىرسە ئورنى بارغانسېرى ئاشىدۇ، ئاللاھنىڭ زاتىغا ئۇلىشىدۇ. مەڭگۈ ئىمانى كامىل بولىدۇ. ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىن يىراقلاشمايدۇ. ساۋابى مەڭگۈ ئەبەدىيلىشىدۇ...»، «... بۇ دۇنيا ئۆت-كۈنچى بىۋاپا دۇنيادۇر، مۇسۇلمان ئاخىرەتلىكنى كۆزلەش لازىم...» دەيدۇ. ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ «نەسەبنامە» سىنى تەسۋىرلەپ ئاخىر: «ھەز-رىتى شاھابىدىن خوجامنىڭ نەۋرە نەسەبىدىن بولىمەن» دەيدۇ. بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىش لازىمكى، شاھابىدىن خوجا ــ مىلادى 1850 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا قەشقەردە بىر مەزگىل ھۆكۈم سۈرگەن ۋەلىخان خوجىنىڭ ئاتالمىش «قازى رەئىسى» بولۇپ، ئۇ خۇددى «بورقۇم ئەۋلىيا»دا كۆرسىتىلگەندەك: بىگۇناھ مۇسۇلمانلارنىڭ ناھەق كېسىلگەن باشلىرىدىن كاللا مۇنارىلەر ياساشقا قاتناشقان تارىخىي قا-تىل «زات» دۇر.

بۇ خوجا كەينىگە سېلىۋالغان ئالتە «ئاشىق» ۋە ئۇلارنىڭ تەركى-بىگە شۈيموگۇ، لوخانگۇ، يامالىق تاغ مەھەللىلىرىدىن قوشۇلغان ئۈچ يىگى «ئاشىق» يەنى بىز يىگىدىن تونۇشقان توققۇز ئۇيغۇر «ئاشىق» توغرىسىدا شۇنى ئېيتىش كۇپايىكى، ئۇلار بەئەينى ھېلىقى «خو-جام»نىڭ ھازىرقى زامان تىرىك قورالىرىدۇر. توغرىسىنى ئېيتقاندا، ئۇلار بەزىبىر دىندارلار ياكى «پىر» پەرەس تەقۋادارلار ئائىلىلىرىدىن مەلۇم سەۋەب، پىشكەللىك ياكى كۆڭۈل ئازارلىقى سەۋەبلىرى بىلەن

قاڭقىپ چىقىپ كېتىپ (تۇرمۇش مەنبەلىرىدىن ئايرىلىپ)، ئۆزلىرىنى «خۇداغىلا» ئاتنۇەتكەن دىنىي «يېتىمچى» ــ بىچارىلىكتىن بۇ «پىر»غا باغلىنىپ قالغان بىقۇۋۋۇل دىنىي سەرگەردانلاردۇر. ئۇلارنىڭ هازىرقى دىنىي تۇرمۇشى، ئىنسانلىق كەيپىياتلىرى، تىرىكچىلىكلىرى ئومۇمەن مۇنداق:

(1) ئۇلار مۇسۇلمانچىلىقنىڭ «بەش پەرز»ىنى، ئىسلامنىڭ ئەسلىي ئەركانلىرى ــ تاھارەت، ناماز، زاكات، روزا، ھەج ۋە باشقىلارنى ئۇ-رۇنداشقا قىزىقمايدۇ، روزا تۇتمايدۇ، ناماز ئوقۇمايدۇ، تەرەت ئالمايدۇ، زاكات بەرمەيدۇ، خاس ئۆز «پىرى»دىن باشقا ھەر قانداق «دىنىي داھىي»، «دىنىي قۇدرەت»نىڭ بارلىقىنى خىياللىرىغا كەلتۈرۈشمەيدۇ. ھەر جۈمە كۈنى دېيىشكەن جايلىرىغا جەم بولۇپ ياكى بىردىن - ئىك-كىدىن بۆلۈنۈپ قانغۇدەك نەشە چېكىپ مەستۇمۇستەغرەق بولۇشۇپ، ئۆزلىرىچە بۇنى «خۇداغا ئاشىقلىقنى ئىپادىلىگەنلىك» دەپ بىلىشىدۇ. چاچلىرىنى ئۇزۇن ئۆستۈرۈپ، ئەرۋەڭ - سەرۋەڭ يۈرۈپ «خۇدانىڭ ئىشقىغا» ئۆزلىرىنى «پىدا» قىلىشقان بولۇشىدۇ. ئۇلاردىن مۇسۇلمان-لىق خىسلىتى، مۇسۇلمانلىق تۇرمۇش شەكلى ۋە ئىنسانچىلىق تەبىئىتى كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن. نە ئەقىل، نە ھايا، نە تەمكىنلىك يوق. ئىجتىما-ئىي تۇرمۇشتا ئىشەنچىسىزلىك، ناپاكلىق، نامەردلىك ئادەتلىرىگە كۆنۈپ كەتكەن. مىللىي روھ، نەسىل - نەسەب، ئادەمگەرچىلىك پەزىلەتلىرى-نى يوقىتىپ قويغان. قىلىشىدىغان دائىملىق «دىنىي ۋەزىپىلىرى»: ھەر كىم ئۆزى تۇرغان يەردە كۈندە بىر قېتىم ئىككى قولىقىنى تۇتۇ-ۋېلىپ كۆزلىرىنى يۇمۇپ، ئاغزىدىن شال، بۇرنىدىن سۇيۇقلۇق چېچىپ تۇرۇپ: «ئاللاھ ھۇم! ئاللاھ ھۇم! ياپىرىم ئاللاھ ھۇم!...» دەپ ساراڭلاردەك ئۈنلۈك ۋارقىراپ، بىر يەردە، بىر ئىزىدا توختىماي بىر خىلدا ئايلىنىپ... بېشى قايغاندا يىقىلىپ، چاچلىرىنى يۇلۇپ، يۈز، بە-دەنلىرىنى تاتىلاپ - تىرمىلاپ ھوشىدىن كېتىپ، ھوشىغا كېلىپ «ئىبادەت» قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. بۇ كىشى ئۆزى ئۆگەتكەن «ئا-شىق»لىرىنىڭ بۇ خىل «ئىبادەت» چىلىك رىيازەتلىرىنى شەرھلەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «... مېنىڭ ‹ئاشىق› لىرىم بۇ دۇنيادىكى ھەممە جاپا ـ جەبىرلەرگە بەرداشلىق بېرىپ شۈكۈر قىلىشقا، ‹ئاخىرەت› لىكنى ئىزدەشتە، ‹ئىبادەت كامىللىقى› غا يېتىشكەنلەردۇر...»

(2) بۇ «ئاشىق»لار ئاساسەن «تىلەپ»، «دۇئا» بېرىپ، «تەسىر» كۆرسىتىپ، چۈمكەش بېقىپ «ھەق» ئېلىپ كۈن ئۆتكۈزۈشمەكتەە. «مازار»، «زەراتلىق»، «سىرلىق جاي»، «سىرلىق» نەرسىلەرنىڭ، «سىرلىق ئاغرىق ـ سىلاق»، «خەۋپلىك تەگكەن جىن»، «شەيتان»، «دىۋە ـ پىرى» ۋە باشقا غايىب «كۈچ» لەردىن خالاس قىلىپ، قوغداپ (ئەمەلىيەتتە خەلقنى ئالداپ) «خۇدايىم بەرگەن رىزقى» بىلەن (ئەمەلىيەتتە ھارام نىيەت ۋە ھارام تۇرمۇشتا بولۇپ) جاھاندارچىلىق قىلىشماقتا. مېنىڭچە بۇ خىل «ئاشىق»، «مۇرت» لار ھەم ئۇنداقلارنىڭ «پىر»، «ئۇستاز» يېتەكچىلىرى ھازىرقى چاغلاردا يەنىلا بىر قىسىم جايلاردا مەلۇم سالماقنى ۋە مەلۇم تەسىر دائىرىنى تەشكىل قىلىشىۋاتىدۇ. بۇ خىل قىلمىشلار تېگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا ئىسلام دىنى نامى بىلەن ياكى شۇ دىنىنىڭ بەزى توغرا ئەقىدىلىرىگە قىستۇرۇلۇپ ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان. ئىسلامغا زىت، ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتكە خىلاپ، ھاياتقا مۇخالىپ ـ زىيانلىق جىنايى ۋەقەلەردۇر. بۇ خىل قىلمىشلارنىڭ ئىجادچى «پىر» لىرى «قۇرئان كەرىم» نىڭ: «ئۆزىنىڭ روھىنى پاك يېتىشتۈرگەنلەر تەھقىق مۇرادىغا يېتۇر؛ ئۆزلىرىنىڭ روھىنى بۇزغانلار تەھقىق مۇرادىغا يېتەلمەس...» (91 ـ سۈرە، 9 ـ، 10 ـ ئايەتلەر) دېگەن ئايىتىدىكى «روھىنى بۇزغان»لاردۇر. «قۇرئان كەرىم» دە بۇنداقلاردىن قەتئىي ساقلىنىش توغرىسىدا مۇنداق دېيىلگەن: «مەخلۇقاتنىڭ شەررىدىن (ئازدۇرۇشى، قېنىدىن چىقىرىشى، ئىسكەنجىگە ئېلىشىدىن دېمەكچى ــ ئا) تۈگۈنلەرگە دەم سالغۇچى سېھىرگەرلەرنىڭ شەررىدىن، ھەسەتخورنىڭ ھەسەت قىلغان چاغلىرىدىكى شەررىدىن، سۈبھىنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن، دېگىن» (113 ـ سۈرە خەلەق 5 ـ ئايەت).

# تەۋسىيەلىك خاتىمە

ئىسلام دىنى —— جاھالەت ئەمەس. ئاللاھنىڭ كالامىغا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىگە، پۈتۈنلەنگەن تەلىم - ئەھكاملارغا ئاساسلانغۇچى دىنىي ئۆلىما، پېشۋالارنىڭ ھېچبىرى زادىلا جاھالەتچى ئەمەس. بىز ئەزەلدىنلا ھەقىقىي ئىسلام دىنىنى، ئىسلام دىنىنىڭ ئۆلىما - ھامىيلىرىنى، ۋەتەنپەرۋەر، خەلق سۆيەر دىنىي ئەربابلارنى، دىنغا سادىق پىداكار دىن مۇخلىسلىرىنىڭ ھەممىسىنى ناھايىتى سەممىي سېغىنىپ، ھۆرمەتلەپ، دىنىي ۋە ئىجتىمائىي تىرىكچىلىكىمىزنىڭ روھىي مەنبەسى، قەلبداش ھەمىيارانلىرى ھېسابلاپ كەلگەنمىز. بۇنداق قىلىش بىزنىڭ تارىختىن بېرى داۋام ئەتكۈزۈپ كەلگەن مۇقەددەس ئەنئەنىۋى دىنىي ئەخلاقىمىز ۋە دىنىي مەۋقەئىمىزدۇر. بىز مىللىتىمىزنىڭ، خەلقىمىزنىڭ سۈپىتى، مەدەنىيىتى، تەرەققىياتى يەنىلا ھازىرقى دۇنياۋى سەۋىيەسىدىن ئارقىدا تۇرۇۋاتقان، دۇنياغا يۈزلىنىشىمىز، تەرەققىي قىلغان ھازىرقى زامان مىللەتلىرى ۋە خەلقلىرى بىلەن قاتارلىشىشىمىز تېخى تۆۋەن ئەھۋالدا تۇرۇۋاتقان ھازىرقى ھالىتىمىزدە، ئىسلام دىنى ۋە دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ ھەممىسى بۈگۈنكى دۇنياغا يۈزلىنىپ - ئۆرلەپ كېتىۋاتقان مۇشۇ چاغلاردا بىز تارىختا پەيدا بولۇپ تارىختا يوقالغان، ئارخىپ بولۇپ كەتكەن، تارىختا يامان - سەلبىي رول ئوينىغان ياكى ئىستېمالدىن پۈتۈنلەي قالغان زىيانلىق ئەنئەنىۋى ئىدىيە، كونا ئادەت، كونا تۇرمۇش، كونا چۈشەنچىلىرىمىزنى ئايدىڭلاشتۇرماي، ئۆزگەرتمەي، يېڭىلىماي، ئەتراپقا قارىماي «مۇقەددەس مىراس»، «مۇقەددەس ئېتىقاد» ۋە «مۇقەددەس ئادەت»، «ئەجدات تەۋەررۈكى» قاتارىدا قارا قويۇق ئۆز پېتىچە ساقلاپ، جىمجىتلا ئەتىۋارلاپ تىۋىنىۋېرىپ، كېتىۋېرەلمەيمىز. نېمىنىڭ دىن، نېمىنىڭ «دىن» ئەمەسلىكىنى، كىملەرنىڭ دىنچى ۋە كىملەرنىڭ يالغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

«دىن»چى ئىكەنلىكىنى، دىن بىلەن خۇراپاتلىقنىڭ پەرقىنى سۇرۇشتۇرمەي، ئايرىماي، بىلمەي «شۇنداق» دەپلا يۇرگۇچى روھى ئۆلۈك، «تەلەي» پەرەسلەردىن بولۇپ كېتىۋېرەلمەيمىز. بۈگۈنكى دۇنيادا بىزنى يەنىلا خۇراپات بىلەن، «خوجا»، «ئىشان»، «پىر»، «كارامەتچى»، «ئۇلۇغ» لار قولى ۋە يولى بىلەن تۇتۇشقا ئۇرۇنغۇچى ھەر قانداق كۈچنىڭ «ئىلتىپات» تەدبىرلىرىگە سۈكۈت قىلىپ كېتىۋېرەلمەيمىز. بىز مۇسۇلمانچىلىق مەۋقەيىمىز بىلەن ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ: «... توغرا يولغا ئەگەشكەنلەرگە سالام... ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىش، ئۇنىڭغا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۇرمەسلىك، ئاللاھنى قويۇپ بىر - بىرىمىزنى خۇدا قىلىۋالماسلىقتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپكە ئورتاق بولغان ئەقىدىگە ھۆرمەت قىلايلى...» («سۈرە ئال ئىمران»، 64 - ئايەتتىن)، «مۇسۇلمان كىشىنىڭ بىراۋغا بولغان مۇھەببىتى پاكى نەپرىتى ئۆز مەقستى ئۈچۈن ئەمەس، ئاللاھ ئۈچۈنلا بولۇشى لازىم...» («مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى» 334 - بەتتىن) دېگەن ئايەت، تەلىملىرىگە ئەمەل قىلىپ، خەلقىمىز ئارىسىدا بىر - بىرىنى «خۇدا» قىلىۋېلىپ («ئۇلۇغ زات»، «دىن ھامىيسى» بولۇۋېلىپ)، ھەرىكەت قىلىشىۋاتقان بۇ خىل كۈچلەرنى — ئىسلام دىنىنى بۇزغۇچى جاھالەت كۈچلىرى، مۇسۇلمانلارنىڭ ھەر «ئىككى»لا ئالەملىك قەبىھ دۈشمەنلىرى قاتارىدا قارىلايمىز.

ئۇلار ھازىرغىچىلىك يەنىلا بىزنىڭ سەھىيە، نىكاھ، ئەخلاق، قانۇن - تۇزۇم، جەمئىيەت ئامانلىقى، ئاياللار، بالىلار خىزمىتى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتى، دىنىي، سىياسىي خىزمەتلەر، تۇرمۇش، ئۆرپ - ئادەت، ئېتىقاد ۋە باشقا ئومۇمىي ئىشلار ۋە ھەرىكەتلىرىمىزگە زىيانلىق قىلمىش، سۆز - ھەرىكەتلىرى بىلەن زىيانلىق تەسىرلەرنى پەيدا قىلماقتا. ۋەھالەنكى، بىزنىڭ بەزى تەسىر كۈچكە ئىگە كىشىلىرىمىز ھېلىمۇ بەزى جايلاردا بۇ خىل جاھالەتلىك قىلمىشلارنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى ۋە ئەۋج ئېلىپ كېتىشى بىلەن دېگەندەك كارى بولمايۋاتىدۇ. ھەتتا بەزىلىرى دىن بىلەن جاھالەتنىڭ چەك - چېگراسىنى ئې-

نىق ئايرىيالماي، جاھالەتنى قانۇنلۇق «دىنىي ئىش»، باشقىلارنىڭ ئۇ-نىڭغا ئارىلىشىشىغا، چەكلىشىگە يول قويۇلمايدۇ دەپ قارىشىۋاتىدۇ. ئەڭ يامىنى، بەزىلەر ئۆلارنى «ئەمگەكتە تايىنىپ جان بېقىۋاتىدۇ»، «ئۆز ئارتۇقچىلىقىغا تايىنىپ پۇل، مال ـ مۈلۈككە ئىگە بولۇۋاتىدۇ، بۇ يامان ئىش ئەمەس، ياخشى ئىش...» دېيىشىپ، بۇنداق «دىن» چى-«پىر»لارغا يار ـ يۆلەك بولۇشۇۋاتىدۇ. «دۇئا ئوقۇش»، «پال سې-لىش»، «ئاشىق»، «مۇرت» بولۇش، پىر ئوينىتىش، «پىر»لىق قى-لىش، «پىر» تۇتۇش، دىن نامى بىلەن مۇسۇلمانلارنى ئالداش، ئالدى-نىش... لارنىڭ ھەممىسى ئىسلام دىنىدا يوق، رەزىل غەيرىي «ئېتىقاد» ئىكەنلىكىنى يۇرەكلىك ئېيتىشالمايۋاتىدۇ. قۇرئان ۋە ھەدىسلەرگە ھەم مۇشۇ دائىرىدىكى دىنىي دەستۇرلارنىڭ ھەممىسىگە، ئىسلامنىڭ پەرز، سۈننەت، ئەھكام، ئەقىدە ـ پىرىنسىپلىرىنىڭ ھەممىسىگە، ئۆز چۈشەن-چىمىزدىكى مەزھەپ ئۇقۇمىمىز بويىچە سادىق بولغان ھالدا بارلىق مۇ-سۇلمان يارەنلىرىمىزنى، جەمئىيەت كۈچلىرىنىڭ ھەممىسىنى، ئىسلام ئەقىدىلىرىگە زىت، «پىرىنسىپ» لىرى خۇنۇك، مۇجمەل، يېتەكچىلىرى مۇقىم ئەمەس، قارا كۆڭۈل، «دىنىي» ئىستىلى سۈيىقەستچىلىكتىنلا ئىبارەت بولغان بۇ ئېقىمغا ۋە ئۇنى «دىن» شەكلى بىلەن بىللە تېڭىپ كېلىۋاتقان جاھالەت ھامىيلىرىنىڭ ھەممىسىگە قەتئىي قارشى تۇرۇشقا، يول قويماسلىققا، چەكلەشكە، پاش قىلىشقا چاقىرىمىز. بىز دىنىي زاتلىرىمىزنى، ھېلىمۇ يەنىلا غايىبانە ئىخلاسمەنچىلىككە، بىھۇدە ئېتىقاد-قا ئەسىر بولۇپ كېلىۋاتقان كىشىلىرىمىزنىڭ نەزىرىدە مەلۇم ئېتىقاد ۋە ھۆرمەت ئوبيېكتىغا سازاۋەر بولۇپ تۇرۇۋاتقان «ئىمان» تونىغا يۆگە-نىۋالغان يالغان «دىن» چى مەككارلارنىڭ ھەرىكەتلىرىگە قارشى ھە-قىقىي ئىسلام ئىستىلى بىلەن تاقابىل تۇرۇشلىرىنى تەۋسىيە قىلىمىز. جاھالەتكە تەڭ تاقابىل تۇرۇش ھەممىمىزنىڭ ۋىجدانىي بۇرچىمىزدۇر.

مۆھتەرەم يارەنلىرىمىزنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارلىرىغا تارىختا ئۆتكەن مۇسۇلمان كىلاسسىك ئەدىبلەرنىڭ جاھالەتچىلىكنى سۆكۈپ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن تۆۋەندىكى مىسرالىرىنى ھاۋالە قىلىمىز:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

جاھالەت ئەھلى بىلەن قىلما سۆھبەت،
يېتەر ھەردەم بۇ ئىشتىن جانغا زەخمەت.

جاھالەت ئەھلى تاپماس ئارزۇ ـ ئىززەت،
بۇ خام مېۋە يا پۇراق يوق، يا لەززەت.

قېرىنداش بولسىمۇ جاھىل، كېچىپ كەت،
راھەتتىن كۆپ ساڭا زىيانى ـ زەخمەت.
(ناسىر خىسراۋ)

ناداندىن زارلايدۇ ھەتتا تاغۇ ـ تاش،
نادانغا تەنتەنە بولمايدۇ يولداش.

نادانلىقتىن يامانلىق كېلىدۇ پەقەت،
نادانغا يولىما باسمىسۇن غەپلەت.

پاتقاقتىن خارراقتۇر جاھاندا نادان،
بىرەر ياخشىلىقتىن خالىيدۇر ھامان.

پەقەت يامانلىقتۇر ناداندىن ئەسەر،
بىلىمسىز بار ياققا تاشلىما نەزەر.
(ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى)

قۇل ۋە ئازادىغا مەلۇم ۋە ئايان،
دانا تىرىكتۇر ئۆلۈكتۇر نادان.

دانا سۆھبىتىدىن باش تارتسا نادان،
دەۋراندىن ياخشىلىق كۆرمەس ھېچقاچان.
(ئابدۇراھمان جامى)

پايدىلانمىلار:

① «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1982 ـ يىلى 4 ـ سانىدا ھاجى نۇرھاجى ئاپتورلۇقىدا ئېلان قىلىنغان «تەسەۋۋۇپ (سوپىزم) نىڭ مەيدانغا كېلىشى، تارقىلىشى ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدا» دېگەن ئەسەر.

② ھىجرىيە 1226 ـ يىلى موللا مۇھەممەد ھۇسەيىن كۇچارى بىلەن موللا توختى خەلپەت قەشقەرىيلەر تەرىپىدىن يېزىپ قالدۇرۇلغان «تەزكىرەئىي پىر ياران» دېگەن پارسچە قولىيازما.

③ موللا مۇسا سايرامىنىڭ «تارىخى ھەمىدىي»، «تارىخىي ئەمىنىيە» دېگەن كىتابلىرىنىڭ كونا، يېڭى، باسما ۋە قولىيازما نۇسخىلىرى.

④ «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى».

⑤ «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمە نۇسخىسى. يەنە بەزى دىنىي ئەسەرلەر.

⑥ ئابدۇقادىر داۋۇت تەرىپىدىن تەييارلانغان «يەكەن تارىخى».

⑦ 1929 ـ يىلى قاغىلىق چوپان ئازغانساللىق دىنىي ئۆلىما سۇلتانباي ھاجىم تەرىپىدىن يېزىپ قالدۇرۇلغان «بورقۇم ئەۋلىيا» دېگەن قولىيازما.

⑧ قەشقەردە نەشر قىلىنغان «قەدىمكى كىتابلار تەتقىقات خەۋىرى» نىڭ 1984 ـ يىل 2 ـ سانىدا ئابدۇرېھىم توختى تەرىپىدىن تەييارلاپ ئېلان قىلىنغان نەۋائىينىڭ «مەھبۇبۇل قۇلۇب» دېگەن ئەسىرى.

⑨ 1891 ـ يىلى بۇگۇر يېڭىسارلىق ئەدىب موللا غۇلامىدىن تەرىپىدىن يېزىپ قالدۇرۇلغان «تارىخىمىزدىكى ئىسلامىيەت» دېگەن قىسقا قولىيازما.

⑩ 1986 ـ يىلى 9 ـ ئايدا گۇمىنىڭ شەيدۇللا دېگەن يېرىدىكى قىرغىز بەيشەك تۆرە قولىدىن تېپىلغان ئافاق خوجا ھەققىدىكى بىر قىسىم خاتىرە، ۋەسىقە، خەت ـ چەكلەر.

⑪ «تارىخى رەشىدىي» نىڭ خەلق ئىچىدە ساقلىنىپ يۈرگەن

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئايرىم بۆلەك قولىيازما، كۆچۈرۈلمىلىرى.

⑫ 1950 ـ يىلىدىن 1986 ـ يىلىغىچە مۇخبىرلىق ۋە باشقا ئىشلار سەۋەبى بىلەن جەمئىيەتىمىزدىن يېزىلغان ئەسلىمە، خاتىرىلەرىم.

⑬ بەزىبىر سىياسىي قانۇن، ئەدلىيە ئورۇنلىرى، دىنىي، ئىجتىمائىي، مائارىپ، مەدەنىيەت... ئورۇنلىرى تەمىنلىگەن خاتىرە ماتېرىياللار.

⑭ باشقا مەنبە ۋە ماتېرىياللار، ئالاھىدە ئېلىنغان ئۈنئالغۇ لېنتىلىرى.

ئەسكەرتىش: قەلەمكەشلىك زۆرۈرىيىتى بىلەن ئىستاتىستىكىلاردىن سانلىق مەلۇماتلارنى، بەزى ماتېرىياللاردىن كۆچۈرۈلمە جۈملىلەرنى ئەينەن پايدىلىنىشقا توغرا كەلدى. ئۇستاز مۇئەللىپلەرگە رەھمەت.

## 1987 ـ يىلى ئۆرۈمچىدە يېزىلدى

# 16 ــ 18 ـ ئەسىر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي ئۇچېركى

بىز 16 ــ 18 ـ ئەسىر (كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەر دەپ ئاتاشقىمۇ بولىدۇ) ئۇيغۇر مەدەنىيىتى دېگەندە، تارىخىمىزدا ئۆتكەن سەئىدىيە خانلىقى زامانى (16 ــ17 ـ ئەسىر) ۋە چىراغسىز جاھالەت زامانى بولغان خوجىلار دەۋرى (18 ـ ئەسىر) دىن ئىبارەت ئۈچ ئەسىرلىك ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى ئەنئەنىۋى ئىجتىمائىي مىللىي مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنى كۆزدە تۇتىمىز.

## بىرىنچى قىسىم. سەئىدىيە زامانىدىكى سائادەت

### 1. سەئىدىيە خانلىقىنىڭ سۇلتانلىرى

چاغاتاي خان نەسەبىدىن بولغان تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ 7 ـ ئەۋلادى سۇلتان سەئىدخان تەرىپىدىن مىلادىيە 1514 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى يەكەننى پايتەخت قىلىپ قۇرۇلۇپ 1679 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئافاق خوجا ۋاستىچىلىقىدىكى جۇڭغار خانلىقىنىڭ خانى غالدان قوشۇنلىرى قىسمىلىرى تەرىپىدىن يەكەندە ئاغدۇرۇپ تاشلانغان ئىسمائىلخان، مۇھەممەتئىمىنخانلار ھاكىمىيىتىگىچە بولغان ئاز كەم ئىككى ئەسىر دەۋر سۈرگەن سەلتەنەت زامانى تارىختا سەئىدىيە خانلىقى زامانى ياكى يەكەن خانلىقى زامانى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ زامان ئىچىدە سەئىدىيە خاندانىدىن ئاساسەن 13 كىشى خانلىق قىلغان. ئۇلار: سەئىدخان، ئابدۇرەشىتخان، ئابدۇكېرىمخان، مۇھەممەتخان، شىجائىددىن ئەھمەتخان، قۇرەيشخان، ئابدۇلېتىپخان (ئابابەكرىخان)، پولاتخان، مەھمۇدخان، ئابدۇللاخان، يولۋاسخان، ئىسمائىلخان، مۇھەممەت-

www.uyghurkitap.com

ئىمىنخانلاردىن ئىبارەتتۇر. بۇلاردىن سۇلتان سەئىدخان 1514 ـ يىلىدىن 1533 ـ يىلىغىچە 20 يىل، ئابدۇرەشىدخان 1533 ـ يىلىدىن 1559 ـ يىلىغىچە 26 يىل، ئابدۇكېرىمخان 1559 ـ يىلىدىن 1591 ـ يىلىغىچە 33 يىل، مۇھەممەدخان 1592 ـ يىلىدىن 1610 ـ يىلىغىچە 9 يىل، شىجائىددىن ئەھمەدخان 1610 ـ يىلىدىن 1619 ـ يىلىغىچە 10 يىل، قۇرەيشخان 1618 ـ يىلى ئون كۈن، ئابدۇلېتىپخان 1620 ـ يىلىدىن 1630 ـ يىلىغىچە 11 يىل، پولاتخان 1630 ـ يىلىدىن 1633 ـ يىلىغىچە تۆت يىل، سۇلتان مەھمۇدخان 1634 ـ يىلىدىن 1636 ـ يىلىغىچە ئۈچ يىل، پولاتخان (2 ـ قېتىم) 1636 ـ يىلىدىن 1939 ـ يىلىغىچە تۆت يىل، ئابدۇللاخان 1639 ـ يىلىدىن 1652 ـ يىلىغىچە 13 يىل، يولۋاسخان 1653 ـ يىلىدىن 1654 ـ يىلىغىچە ئىككى يىل، ئىسمائىلخان، مۇھەممەتئىمىنخانلار 1655 ـ يىلىدىن 1678 ـ يىلىغىچە 13 يىل (چىقىپ ـ چۈشۈپ) خانلىق قىلغان. بۇ خانلارنىڭ دەۋران سۈرگەن ۋاقىت ـ زامانلىرىنى مۇنۇ ئۈچ جەريانغا يەنى سۇلتان سەئىدخان، ئابدۇرەشىدخان، ئابدۇكېرىمخانلار زامانى (80 نەچچە يىللىق ۋاقىت) — گۈللەنگەن زامان؛ مۇھەممەدخان، شىجائىددىن ئەھمەدخان، قۇرەيشخان، ئابدۇلېتىپخان، پولاتخان، مەھمۇدخان، ئابدۇللاخانلار زامانى (50 نەچچە يىللىق ۋاقىت) — پارچىلانغان، زەئىپلەشكەن زامان؛ يولۋاسخان، ئىسمائىلخان، مۇھەممەتئىمىنخانلار زامانى (20 نەچچە يىللىق ۋاقىت) — خاراب بولغان، ئاغدۇرۇلغان زامانغا بۆلۈپ تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

سەئىدىيە خانلىقىنىڭ دەسلەپكى بىر ئەسىر (ئاساسەن 16 ـ ئەسىر) دىكى تېررىتورىيەسى ھەققىدە لى جىنشەن «يەكەن مۇسۇلمان خانلىقى توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق يازغان: «سەئىدخان قۇرغان دۆلەت دەسلەپكى مەزگىلدە زېمىن كېڭەيمىچىلىكى ۋە ئاكتىپ دىپلوماتىيە سىياسىتىنى يۈرگۈزدى. ئالتە شەھەردىن باشقا يەنە يەدەخشان، پەرغانە، ۋاخان رايونلىرىنى ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا كىرگۈزدى. يەتتىسۇ بويلىرىدىكى قازاق قەبىلىلىرى ۋە ئىسسىقكۆل

ئەتراپلىرىدىكى قىرغىز قەبىلىلىرى سەئىدخانىنىڭ ھەيۋىسىدىن قورقۇپ يەكەن خانلىقىغا بەيئەت قىلدى. سەئىدخان يەنە «غازات» نامى بىلەن نەچچە قېتىم قوشۇن چىقىرىپ لاداق (بۈگۈنكى كەشمىر)، بالور (پاكىستاننىڭ شىمالىي قىسمى) ۋە ئورساڭ (شىزاڭدا) رايونلىرىغا يۈرۈش قىلدى...» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1987 ـ يىلى 5 ـ سان 29 ـ بەت).

يەنە باشقا تارىخىي مەنبەلەردىن بىلىشىمىزچە، بۇ خانلىقنىڭ دەسلەپكى تېررىتورىيەسى: ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئالتاي، ئېمىل (تارباغاتاي) تاغلىرىدىن باشقا ھەممە جايلىرى، بەدەخشان (شەرقىي شىمالىي ئافغانىستان)، پەرغانە، يەتتىسۇ، ئىسسىقكۆل، ھازىرقى ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان، قازاقىستان تەۋەلىرىدىكى ئىلى، نارىن، قىزىلسۇ دەريالىرىنىڭ ۋادىلىرى، ۋاخان (ھازىرقى ھىندىقۇش ئېگىزلىكى)، لاداق (كەشمىر)[1]، بىلۇچ (پاكىستاننىڭ گىلگىت، ھىندى دەريا بويلىرىنىڭ شەرقىي شىمالى تەرەپلىرى)، ئورساڭ (تىبەتنىڭ ھازىرقى ئالىي رايونى)غىچە بولغان. بۇ خانلىقنىڭ خاراب بولۇش ـــ ئاغدۇرۇلۇش ۋاقتىدىكى تېررىتورىيەسى بولسا پەقەت يەكەن، قەشقەر (ئابدۇرەشىدخان زامانىدىكى تېررىتورىيەسىنىڭ 17 دىن بىر قىسمى) دىنلا ئىبارەت بولۇپ قالغان.

شۇ زامانلاردىن بىزگىچە يېتىپ كەلگەن تارىخىي ھۆججەتلەردىن ۋە ھازىرقى زامان تارىخچىلىرىنىڭ ئاساسلاشلىرىدىن مەلۇمكى: بۇ خانلىق تارىختا قاراخانىلار خانلىقى ۋە قوچۇ خانلىقلىرىغا ئوخشاشلا ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن قۇرۇلغان خانلىقتۇر. يەنى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنى تۈپ گەۋدە، ئۇيغۇرلار زېمىنلىرىنى ئاساس قىلغان، تېررىتورىيە، بازىس، ئۈستقۇرۇلما (ئىقتىساد، ئىدىئولوگىيە، سىياسىي، ھاكىمىيەت شەكلى، مەدەنىيەت، تىل، يېزىق، ئادەت، دىن...) ساھەلىرىدە تولۇق

① شۇ زامانلاردىكى بىر پۈتۈن كەشمىر زېمىنىنى 1940 ـ يىللاردىن بۇيان ھىندىستان بىلەن پاكىستان بۇ يەردىكى ئاھالىلەرنىڭ دىنىي ئېتىقاد پەرقى بويىچە ئىككىگە بۆلۈپ (مۇسۇلمانلار رايونلىرىنى پاكىستان، ھىندىلار رايونلىرىنى ھىندىستان) ھامىلىقىدا تۇتۇپ. ئىدارە قىلىپ كەلمەكتە ـــ ئا.

مىللىي خۇسۇسىيەت شەكلىدە بولغان، شۇ زامانىنىڭ ئىجتىمائىي زۆرۈرىيىتى ۋە مۇقىم سىياسىي بىرلىك، مۇھىت، ئىمكانىيەتلەر تۈپەيلىدىن مىللىي گۈللىنىش يولىنى تۇتقان (شۇ زامانلارغا نىسبەتەن ئىلغارلىقى، ھۆرلۈكى ۋە كۈچلۈكلۈكى بىلەن شۆھرەتلەنگەن) ئۇيغۇر خانلىقىدۇر. لى جىنشەن يۇقىرىقى ماقالىسىدا بۇ خانلىق توغرىسىدا يەنە مۇنداق يازىدۇ: «يەكەن خانلىقى 16 ـ ئەسىردىن كېيىنكى ئۇيغۇرلار سىياسىي، ئىقتىساد، دىن، تىل ـ يېزىق جەھەتتە بىرلىكنى دەسلەپكى قەدەمدە ئىشقا ئاشۇرۇپ، يېڭى مىللەت ئورتاق گەۋدىسى — يېقىنقى زامان ئۇيغۇرلىرىنى شەكىللەندۇرگەندىن كېيىن قۇرۇلغان. يەكەن خانلىقى دەل يېقىنقى زامان ئۇيغۇرلىرى شەكىللەنگەن مەزگىلدىكى مەدەنىيەتنى نامايان قىلغاچقا، ئۇيغۇرلارنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى مۇھىم بىر دەۋرى — يەكەن خانلىقى دەۋرىنىڭ بىر مۇنچە يېڭى ئالاھىدىلىكلىرىنى تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.»

## 2. سەئىدىيە خانلىقىنىڭ خاسىيەت ئاساسلىرى

سەئىدىيە خانلىقىنىڭ خاسىيەت ئاساسلىرى يەنى ئاساسلىق قۇرغۇچىلارنىڭ غايىۋى جەريانلىرى، خانلىقنىڭ بازىس ئاساسلىرى ۋە ئەھمىيەتلىرى توغرىسىدا ئەينى دەۋر تارىخچىلىرى تەرىپىدىن يېزىلىپ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن يازما نەمۇنىلەرمۇ ئاز ئەمەس. بۇ خانلىقنىڭ تۇنجى قۇرغۇچىسى بولغان سۇلتان سەئىدخان بىلەن ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى، تەخت ۋارىسى ئابدۇرەشىدخانلار توغرىسىدا «ئەشئار دورنات خازىكەنت خوجا پادىشاھ» دېگەن ئەسەرنىڭ ئومۇمىي بايان قىسمىدا: «... يۇرتنى يۇرت بىلەن، ئەلنى ئەل بىلەن سورىغان، ئاقىل دانالىقى بىلەن جاھانغا تونۇلغان، ئاددىي، خەلقپەرۋەر، مەرىپەت چاچقۇچىلار ئىدى» دەپ تەرىپلەنگەن.

«... سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئالدىدا كېڭەشلىك قېرىلار بولۇپ، قەدىمكى دەستۇر، قانۇننى كۆرسىتىپ بېرەتتى. ئۇلار ھەر مىللەت،

ھەر قەبىلە، ھەر ئايماقلاردىن زىچ بىرىككەن قىرى كىشىلەردىن ئىدى... دۆلەت ئەربابلىرىدىن ئالىم كىشىلەر كۆپ ئىدى...» («تارىخى رەشىدىي زەيلى» 28-، 60 - بەتلەر).

«سۇلتان سەئىدخان ئېسىل، ئىجادكار ۋە ئالىيجاناپ كىشى ئىدى. تەكەللۇپنى ياخشى كۆرمەيتتى. بۇنىڭدىن باشقا، جەسۇر، جەڭگىۋار بولۇپ سىپاگەرچىلىكتە قوماندان ئىدى... موڭغۇل، ئۆزبېك، چاغاتاي ئۇلۇسلىرى ئىچىدە سەئىدخاندەك ئۇستا مەرگەن يوقتۇر» (خوتەنلىك تەرجىمان موللا مۇھەممەت نىيازى پارسچىدىن ئانا تىلىمىزغا تەرجىمە قىلغان «تارىخى رەشىدىي[1]» — «قازاقچە تەبىرى» رۇسچە نەشرى 137 - ۋە 139 - بەتلەر). ئۇلار خۇددى «مەھبۇبۇل قۇلۇپ» تا تەرىپلەنگەن ئادىل، دانالىقى بىلەن شۆھرەتلەنگۈچى ئادىل پادىشاھ - ئۇلۇغلار ئۆلچەملىرىگە تەگىلىشىپ ۋە ياندىشىپ ئۆتكەن زاتلاردۇر. سۆزىمىزنىڭ دەلىل تەرىپاتى سۈپىتىدە ئەلىشىر نەۋائى ھەزرەتلىرىنىڭ ئەسىرى «مەھبۇبۇل قۇلۇپ» تىن ئېلىنغان پارچە ئەلگە ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئۇسىبىتىگە ئېرىشكەن يارانلارنىڭ ئىستىل، ئەخلاق دۇنياسىغا كۆچۈرمە قىلىپ تەقدىم قىلىندى: «ئادىل پادىشاھلار (جاھان ۋە يۇرت تۇتقۇچىلار — ئا) ئەلۋەتتە ماختاشقا لايىق بولۇپ، كىشىلەر ئۇلارنىڭ زامانلىرىدا تۇغۇلغانلىقى بىلەن ماختىنىشىدۇ. ئادىل پادىشاھلار باھار يامغۇرىغا ئوخشاش قارا تۇپراقتىن گۈل ئۈندۈرۈپ، مەملىكەت خەلقىنىڭ بېشىغا ئالتۇن، گۆھەرلەر چاچىدۇ. كەمبەغەللەر ۋە ئاجىزلار ئۇلارنىڭ مېھىر - شەپقىتىدىن بەخت تاپسا، زالىملار ئۇلارنىڭ سىياسىتىدىن خەۋپتە بولىدۇ. ئۇلارنىڭ مۇھاپىزەتچىلىكىدە قوي - قوزىلار

---

[1] «تارىخى رەشىدىي» — ئاتاقلىق ئۇيغۇر تارىخچىسى، دۆلەت ئەربابى، مىرزا مۇھەممەد ھۇسەيىن كوراگانى تەرىپىدىن 1545 - يىلى كەشمىردە يېزىلغان دۇنياۋى تارىخ كىتابىدۇر. بۇ كىتاب سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئۈچىنچى قۇرغۇچىلىرىدىن بىرى — سۇلتان ئابدۇرەشىدخان نامىغا يېزىلغان بولۇپ،18 - ئەسىردە خوتەنلىك ئالىم موللار مۇھەممەد نىياز ئاخۇنۇم تەرىپىدىن پارسچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان. مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ ھازىرغىچىلىك تۈرك، ئەرەب، خەنزۇ، رۇس، نېمىس، ئىنگلىز، ياپون، موڭغۇل تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ تارقىتىلغان. ئۆزبېك، قازاق، قىرغىز، ئەرەبەيجان... تىللىرىغا كۆچۈرۈپ نەشر ئېتىلگەن. بۇ كىتاب ئۇيغۇر تارىخىنى، جۈملىدىن شىنجاڭ تارىخىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش ئىشلىرىمىزدا قىممەتلىك مەنبەلەردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۆرىنىڭ خەۋپىدىن، مۇساپىرلار ئوغرى ـ قاراقچىلارنىڭ ۋەھىمىسىدىن خاتىرجەم ياشايدۇ. ئۇلارنىڭ شەپقەت ـ مەرھەمىتى بىلەن بالىلار مەكتەپلەردە ئىلىم ھاسىل قىلسا، مۇھاپىزىتى بىلەن ئاجىز ـ يېتىملار باياشادلىقتا كۈن كەچۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەيۋىسىدىن يوللار قاراقچىلاردىن خالىي بولۇپ، ئۇلارنىڭ چىڭ تۇتۇشى بىلەن ئەمەلدارلارمۇ خەلققە خالىغانچە زۇلۇم ـ سىتەم قىلالمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئىقتىسادى بىلەن مەسچىتلەر جامائەت بىلەن تولغان، مەدرىسىلەردە ئىلمىي مۇھاكىمە، مۇنازىرىلەر قايىنىغان بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئادىل سىياسىتىدىن ئوغرىلارنىڭ قولى ئەلنىڭ مېلىغا يېتەلمەيدۇ. باياۋاندا قاراقچىلار قالمايدۇ. كېچىلەردە كىشىلەر خاتىرجەم، دۇكانلاردا چىراغلار يېقىقلىق، سودا يۈرۈپ تۇرىدۇ. كۈن ئولتۇرغاندىن تارتىپ تاكى سەھەر ۋاقتىغىچە خانىقالارنىڭ ئىشىكى ئوچۇق، ئىبادەتخانىلار ئىبادەت نۇرىدىن يوپيورۇق بولۇپ تۇرىدۇ. ئادىل پادىشاھلار شەھەر ۋە مەھەللىلەرنىڭ پاسىبانى، يېزا، تاغلاردا قويلارنىڭ چوپانىدۇر. پۇقرانىڭ راھەت يېغى ئۇلار بىلەن ئاۋاتتۇر. ئەسكەرلىرى راھەت ـ پاراغەتتە قايغۇ ـ غەمدىن ئازاتتۇر. ئۇلار بىلەن ئاجىزلار كېچىنى بىمالال ئۆتكۈزسە، باللىرى ئاقسۆڭەك ئويناش بىلەن ئۆتىدۇ. قېرىلار ئۇلارنىڭ ھەققىدە دۇئا بىلەن بولىدۇ. كېنىزەكلەر مامۇق ساۋاپ قېرىلارنىڭ دۇئاسىغا جور بولىدۇ. پۇقرا ئۇنىڭغا ھەم دۇئا قىلىدۇ ۋە ئەركىلەيدۇ. پۇقراغا ھەم سېخىيلىق قىلىش، ھەم پۇقرانىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۇلارنىڭ ئادىتىدۇر. ئاچلار ئۇلارنىڭ غىزاسىدىن ئوزۇقلانسا، يالىڭاچلار ئۇلارنىڭ رەھىم ـ شەپقىتىدىن كىيىنىدۇ. ئۇلار مەملىكەتنى يامغۇرلۇق بۇلۇت بولۇپ سىراپ قىلسا، ئۇلارنىڭ مېھرى مەملىكەت خەلقىنىڭ كۆزىنى قۇياش بولۇپ يورۇتىدۇ. باشقا مەملىكەتلەر خەلقلىرى ئۇلارنىڭ ئارزۇسىدا بولۇپ، ئۇلارنىڭ

ئادىللىقلىرى توغرىسىدا ھېكايىلەر سۆزلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ ياخشىلىقلىرى ھەققىدە ئالىملار كىتابلار يازىدۇ. شائىرلار قەسىدە توقۇيدۇ. سازەندىلەر ئۇنى ماختاپ نەغمىلەر تۈزىدۇ. شائىرلار سازەندىلەرگە ئاتاپ ناخشا تېكىستلىرى يازىدۇ. ئۇ خەلقنى رازى قىلىش بىلەن خۇدانىڭ رازىلىقىنى ئىستەيدۇ. مەسىلە ھەل قىلىشتا ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق قىلىدۇ...»

سۇلتان سەئىدخان، ئابدۇرەشىدخانلار ئەنە شۇنداق خانلاردۇر.

بۇ خانلارنىڭ زامانىسىنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى: ھاكىمىيەت مەركەزلەشكەن، جەمئىيەت تىنچلىنىپ گۈللىنىشكە يۈزلەنگەنلىكى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.

ئۇلارنىڭ زامانىدا خەلق ئۈستىدىكى ھەددىدىن ئارتۇق باج، ياساق مۇۋاپىق تەڭشەلگەن. خانلىق نىزامى يولغا قويۇلۇپ، ئوردا ئىچىدىكى چېكىدىن ئاشقان چېرىكلىك ۋە كەيپ - ساپالىق تۈرمۇشقا خاتىمە بېرىلگەن. خان بولغان كىشى ھەر يىلى تەۋەلىكىدىكى يۇتكۇل يۇرتلارنى ئارىلاپ، پۇقرانىڭ ئەرزىنى تىڭشايدىغان ۋە شۇ ئاساستا يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ خەلقنى خالىغانچە دەپسەندە قىلىشىنى چەكلەيدىغان ھالەت شەكىللەنگەن. چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدە ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان ئىقتىسادىي ئىگىلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن. سۇ ئىنشائاتلىرى، يول، كۆۋرۈك، تۇغان قۇرۇلۇشلىرى ئېلىپ بېرىلغان. سودا - سانائەت كۆرۈنەرلىك تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن. چاغاتاي خانلىقى زامانىدا ئۈزۈلۈپ قالغان «كارۋان بۇيۇك» (يىپەك يولى) سودىسى قايتا راۋاجلىنىپ، بۇ رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈشتە تۈرتكىلىك رول ئوينىغان. ئىچكى ئۆلكىلەرگە قاشتېشى، ئالتۇن، جاۋاھىر، ماتا - چەكمەن، يۇڭ، تېرە، زىلچا كىرگۈزۈلۈپ، كۆپ مىقداردا تاۋار، چىنە - قاچا، فارفۇر بۇيۇملارغا ئالماشتۇرۇلغان. ھىندىستان، ئىراق، ھەمەدان، شىراز، تەبرىز، تېھران، مىسىر قاتارلىق جايلارغا كىگىز، جەيناماز، ماتا، چەكمەن، ئالتۇن، يىپەك بۇيۇملار چى-


ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىرىلىپ دورا ـ دەرمەك ۋە باشقا بۇيۇملارغا ئالماشتۇرۇلغان، شەھەر، بازارلار ئاۋاتلاشتۇرۇلغان... كەلپىن، مەكىت، مارالبېشى، پەيزىۋات، كىرىيە، چىرا، قاغىلىق، ئاۋات قاتارلىق يۇرتلارنىڭ بازارلىرى سېلىنغان ياكى كېڭەيتىپ سېلىنغان. قەشقەر، يەكەن، خوتەن، يېڭىسارلاردىكى يەرسىز ئاھالىلەر كۆچۈرۈلۈپ، تارىم دەرياسىنىڭ باشلىنىش ساھىلىدىكى قوشلاش (يەكەن، خوتەن، ئاقسۇ دەريالىرى قوشۇلىدىغان جاي) ـــ غولتوغراق ۋادىسى[①] ئاۋات قىلىنغان ۋە كۆچۈملەشتۈرۈلگەن. چاغاتاي خانلىقى زامانىدىن قالغان تۇرمۇش خارابىلىكى مەمۇرلاشتۇرۇلغان (ئۆزگەرتىلىپ اباداشتۇرۇلغان). يەرلىك سانائەت تۈرلىرى، بىناكارلىق، كاھىشچىلىق، ئارخىتېكتورلۇق، نەققاشلىق قاتارلىق كەسىپلەر كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە يۈكسەلگەن. كان ـ مەدەنچىلىك سانائىتى شۇ جەمئىيەتنىڭ ئاساسلىق ھۆكۈمەت مەبلىغى بولغان. ئەنە شۇ دەۋردە يېڭىساردا شاناز تۆمۈر رۇدىسى كانى، كۇچادا مىس كانى، كىرىيە، چەرچەنلەردە مىس، تۆمۈر رۇدىلىرى كانلىرى بىلەن ئالتۇن كانلىرى ئېچىلىپ، ئۆنىڭدىن قېزىۋېلىنغان مەدەنلەر خانلىق ھاجىتىدىن ئېشىپ قوشنا ئەللەرگە سەلتەنەت سودىسى يەنى چېقىندى سودا (ئېكسپورت) قىلىنىپ تۇرغان.

دېمەك، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ بۇ خىل خاسىيەت ئاساسلىرى (ئىلغار غايىۋى جەريانلار، بازىس ئاساسلىرى...) بۇ جەمئىيەتنىڭ گۈللەنگەن مەدەنىيەت ئاساسىنى تىكلىگەن ۋە جانلاندۇرغان. ئابدۇرەشىدخانلار زامانىدىن بىزگە يېتىپ كەلگەن مۇنۇ قىممەتلىك يازما يادنامە شۇ جەمئىيەتنىڭ گۈللەنگەن مەنزىرىسىنىڭ گۇۋاھنامىسى ھەم يۇقىرىقى تەرىپلىرىمىز ئۆچۈن پولاتتەك دەلىلدۇر.

---

① ئابدۇرەشىدخانلار زامانىدا كۆچمەن كۆچۈرۈلۈپ ئاۋات قىلىنغان جايلار 1913 ـ يىللىرى ئەتراپىدا (ياڭ زېڭشىن زامانىدا) مەمۇرىي جەھەتتىن شۇ چاغدىكى ئاقسۇ ناھىيەسىگە قاراشلىق بىر رايون، 1930 ـ يىللىرى ئەتراپىدا (جىن شۇرېن زامانىدا) بىر ناھىيە (ھازىرقى ئاۋات ناھىيەسى) قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. بۇ ناھىيەدە تارىختىكى «غولتوغراق»لىقتىن ھازىرمۇ 730 مىڭ مو ئەتراپىدا تەبىئىي توغراقلىق بار. تارىختىكى كۆچمەنلەر «دولانلار»، «دولان مەھەللە» لەر ھېلىھەم ساقلىنىپ تۇرۇپتۇ ـــ ئا.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يازما يادنامىنىڭ مەزمۇنى:

... شەھەرنىڭ دەرۋازىسى ئوتتۇز ئالتە①، ھىندىمانلارنىڭ مەھەللىسى سەكسەن بەش②، مەھەللە مەسچىتى بەشيۈز سەكسەن بەش، ھامام ③ تۆتيۈز ئوتتۇز يەتتە، باقىندىنىڭ مەھەللىسى ئۈچ مىڭ بەشيۈز سەكسەن تۆت④، مەكتەپخانا بىر مىڭ ئالتە يۈز توقسان، ئۆتىدىغان كوچا، يەر⑤ بىر مىڭ بەشيۈز سەكسەن تۆت، مەدرىسە بەشيۈز يەتمىش ئۈچ، خانىقا توققۇز يۈز قىرىق سەككىز، كۆل⑥ سەككىز يۈز ئوتتۇز بەش، ئاقابە ئېرىق ئالتە يۈز ئون سەككىز⑦، كوچا، گۇزەر تۆت يۈز يىگىرمە تۆت⑧، كارۋان ساراي بىر مىڭ يەتتە يۈز ئوتتۇز ئالتە، تۈگمەن توققۇز يۈز توقسان ئىككى⑨، ئېرىق - ئۆستەڭ بىر مىڭ بەشيۈز يىگىرمە بەش⑩، جوھۇتلارنىڭ قەبىلىسى ئىككى مىڭ يەتتە يۈز ئاتمىش تۆت⑪، بازار بىر يۈز توقسان سەككىز، بۇلاق بىر يۈز ئاتمىش ئۈچ⑫، كىشى قاراپ بارىدىغان يەر، كېلىدىغان جاي ئالتە مىڭ توققۇز يۈز سەكسەن بەش⑬، ئاھاڭگەرلىك يەر بىر مىڭ بەشيۈز ئاتمىش تۆت⑭، رۇشتەگەرلىك يەر ئالتە يۈز قىرىق بىر⑮، سودا قىلىدىغان دۇكان سەككىز يۈز سەكسەن توققۇز، بۆز توقۇيدىغان يەر بەشيۈز يەتمىش توققۇز⑯، مۆزە تىكىدىغان يەر ئۈچ مىڭ ئالتە يۈز ئەللىك⑰، تۇماق ساتىدىغان يەر بىر مىڭ يەتمىش بەش⑱، نانۋايلىق دۇكان سەككىز مىڭ يەتتە يۈز توقسان توققۇز⑲، ئاشپەزلىك دۇكان ئالتە يۈز قىرىق⑳، باققاللىق دۇكان بىر يۈز ئون ئىككى، سامبۇساخانا يەتمىش ئۈچ㉑، پۇزۇل بەش مىڭ سەككىز يۈز ئاتمىش تۆت㉒، مەقپىرزارلىق بىر يۈز ئوتتۇز يەتتە㉓، قىمارخانا يەتتە يۈز سەكسەن، ھاراقخانا توقۇز يۈز يىگىرمە ئۈچ㉔، بوزخانا ئۈچ يۈز ئون ئالتە، لولەخانا يەتمىش توققۇز㉕، جوھۇتلارنىڭ بۇتخانىسى يەتتە يۈز قىرىق بەش㉖، تەرسالارنىڭ بۇتخانىسى ئالتە يۈز ئاتمىش ئۈچ㉗، يەھۇدىيلارنىڭ بۇتخانىسى بەش يۈز قىرىق ئالتە㉘، مولتانىلارنىڭ بۇتخانىسى سەكسەن سەككىز㉙، ھىندىلارنىڭ بۇتخانىسى ئۈچ يۈز ئەللىك يەتتە ㉚ بولۇر ئىكەنلەر دەپ ھەر قايسىسىنى ئۆز دەپتىرىدە شۇنداق

پۈتكەن ئىكەنلەر. بىزلەر ھەم شۇڭا قاراپ پۈتۈپ قويدۇق. ۋاللاھۇ ئە-
لەم بىسسۋاب، سىنە (ھىجرىيە 1036 ـ يىلى).

**يازما يادنامىدىكى ئاچقۇچلۇق سۆزلەرگە ئىزاھات:**

(مەنبەلىك شەخسىي پەرەز، چۈشەنچىلەر ئاساسىدا تۈزۈلدى)

① 36 دەرۋازا — ھەر بىر شەھەرگە تۆتتىن جەمئىي توققۇز شە-
ھەرگە تەۋەلىشىدۇ. بەزى يەرلىك تارىخچىلار بۇ توققۇز شەھەرگە:
يەكەن، خوتەن، قەشقەر، ئاقسۇ، كۇچا، تۇرپان، پەرغانە، بەدەخشان،
راجىدانلار (راجىدان شۇ چاغلاردىكى كەشمىرنىڭ پايتەختى ئىدى) نى
سانايدۇ. ئابدۇرەشىدخانلار قولىدىكى ئارساڭ (ھازىرقى ئالىي رايو-
نى)دا تارىختىن بۇيان شەھەر بولۇپ باقمىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ شەھەر-
لەر قاتارىدا سان بىرىلمىگەن بولسا كېرەك.

② ھىندىمانلار مەھەللىسى — شۇ زامانلاردا كەشمىر، بەدەخشان
ۋە باشقا جايلاردا ياشايدىغان ھىندى، ھىندى تىلىدا سۆزلەشكۈچى ۋە
ھىندى دىنىدا بولغان ئاھالىلەر مەھەللىلىرى كۆزدە تۇتۇلغان. «مەھەل-
لە» سۆزىگە بەزىلەر «كەنت» دەپ ئىزاھات بىرىشىدۇ. مېنىڭچە شۇ
چاغلاردىكى كەنت ھازىرقى چاغلاردىكى «دادۈي» دىن چوڭ، يېزىدىن
كىچىك مەمۇرىي بىرلىكنىڭ نامىدۇر.

③ ھامام — مۇنچا، سەرراپ، يۇيۇنۇش ئورنى. شۇ زامانلاردا
تاش ھامام، تام ھامام، سۇ ھامام، تەر ھامام دەپمۇ ئاتالغان.

④ باقىندى مەھەللىسى — ئاۋام خەلق، رەئىيە، پۇقرالار مەھەللى-
لىرى. بەزى تەزكىرىلەردە، سەئىدىيە زامانلىرىنىڭ ئەمەلدار، ئۆلىما،
دۆلەت، ھۆكۈمەت ئەربابلىرى، كاتتا، كىچىك ئەمەلدارلىرىنىڭ ھەر
قاندىقى ئىمتىيازغا ئېرىشكەن ھامان «باقىندى مەھەللە»لىرىدىن ئاي-
رىيلۇقلار تۇرالغۇ جايلىرىغا كۆچۈپ كېتىپ تۇرغانلىقى كۆرسىتىل-
گەن.

⑤ ئۆتىدىغان كوچا، يەر — شەھەر، بازارلاردىكى سودا ـ سانا-
ئەت، ساياھەت، تەكشۈرۈش، بايقاش نۇقتىلىرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى www.uyghurkitap.com

⑥ كۆل ـــ خەلق سۇ ئىچىدىغان كۆل.

⑦ ئاقابە ئېرىق ـــ يىل بويى سۈيى ئۈزۈلمەي ئېقىپ تۇرىدىغان ئېرىق.

⑧ كوچا، گۈزەر ـــ شەھەر، بازارلاردا ھەر بازار كۈنى تازا قىزىپ بازار بولىدىغان چوڭ سودا ـ سېتىق گۈزەر ـ رەستىلىرى.

⑨ تۈگمەن ـــ سۇ تۈگمەنلىرى.

⑩ ئېرىق ـ ئۆستەڭ ـــ پەسىللىك چاپما ئېرىق ـ ئۆستەڭلەر.

⑪ جوھۇتلار ـــ بەزى تارىخىي خاتىرىلەردە كۆرسىتىلىشىچە، ئىيسا دىنىدىكى (خىرىسىيان دىنىدىكى) لەر شۇ زامانلاردا جوھۇتلار ياكى نىسارالار دەپ ئاتالغان. ئابدۇرەشىدخان ھاكىمىيىتىگە كىرگەن پەرغانە، ئىسسىقكۆل ۋادىلىرى، بەدەخشان، ۋاخان، كەشمىر، ھەتتا قەشقەرىيە تەۋەلىرىدىمۇ بۇ خىل تائىپىلەر بولغان.

⑫ بۇلاق ـــ قېزىلغان كارىزلار كۆزدە تۇتۇلغان.

⑬ كىشى قاراپ بارىدىغان يەر، كېلىدىغان جاي ـــ لەنگەر، ئۆتەڭ، قونالغۇ جايلار.

⑭ ئاھاڭگەرلىك ـــ مېتالچىلىق ۋە مېتال پۇرۇشلۇق (تېپىش، مېتال تاۋلاش، ئايرىش ئورۇنلىرى بىلەن تۆمۈرچىلىك، چويۇنچىلىق، تۇچچىلىق، مىسكەرلىك، زەرگەرلىك، قۇيمىچىلىق... كەسپىي ساھەلىرى، ھەر خىل قورال ـ ياراق، سايمان، جابدۇق ياساش ئورۇنلىرى) كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

⑮ رۇشتەگەرلىك ـــ ئومۇمىي توقۇمىچىلىق ئورۇنلىرى (يۇڭ، پاختا، يىپەك، كەندىر توقۇمىچىلىق دۇكان، كارخانا ئورۇنلىرى، خالۋاپلىق، زىلچەۋاپلىق، ئىچمەكچىلىك يەنى ئات يوپۇقلىرى تەييارلاش خانىلىرى).

⑯ بۆز توقۇيدىغان يەر ـــ خام، چەكمەن، سەگەز، شەتلەنگە، داسمال، ئورامال، چوتا... توقۇش ئورۇنلىرى ياكى كارخانىلار، دۇكانلار...

⑰ مۆزە تىكىدىغان يەر ـــ موزدۇزلۇق ئورۇنلىرى.

⑱ تۇماق سانىدىغان يەر ـــ باش كىيىم تەييارلاش، تەمنىلەش،

سېتىش ئورۇنلىرى.

⑲ نانۋايلىق دۇكان — ناۋايلىق كەسپىنىڭ ھەر خىللىرى بويىچە كەسىپ قىلغۇچى ئورۇنلار.

⑳ ئاشپەزلىك دۇكان — ھۆكۈمەت ئاشخانىلىرى بولۇپ، ھەربىي، مۇلكىي، خارجى، ئىلمىي، دىنىي، كەسىپىي گۇرۇھلار، مېھمانلار (ھۆكۈمەتتىن كۈتۈلىدىغان كىشىلەر) ھۆكۈمەت ھېسابىدىن تائاملىنىدىغان چوڭ، ئالىي، خاس ئاشخانىلار ياكى دۇكانلار كۆزدە تۇتۇلغان.

㉑ سامبۇساخانا — سامسا، گۆش گىردە، پەرمۇدە، تونۇر كاۋاپچىلىقى بىلەن كەسىپلەنگەن دۇكان ۋە خانىلار.

㉒ يۈزۈل — جەمئىيەت ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدىغان كەسپىي تىجارەت ئاشخانىلىرى.

㉓ مەقبىرزارلىق — مۇسۇلمانلار زاراتگاھلىقى، قەبرىگاھلىقى، قەبرىستانلىقى.

㉔ هاراقخانا — هاراق ئىشلەش، تارقىتىش، سېتىش ئورۇنلىرى.

㉕ لولەخانا — جىنسىي تاماشا قىلىشقۇچى (زىنا قىلىشقۇچى، نىكاھسىز شەھۋانە جۇپلەشكۈچى) لار بەھرىمەن بولىدىغان خاس ئىمكانىيەتلىك ئورۇنلار.

㉖ جوھۇتلارنىڭ بۇتخانىسى — خىرىستىيانلارنىڭ ئىبادەت ئورۇنلىرى كۆزدە تۇتۇلسا كېرەك.

㉗ تەرسالار — شۇ زامانلاردا چەرچەن، ئالتۇنتاغ، ماڭاي، تىمبۇلاق، ئاقساي، چايدام، كۆكشىلتاغ تىزمىلىرى، لوپنۇر، بايىنبۇلاق، تۇرپان، قومۇل... تەرەپلەردە ئىسلامنى قوبۇل قىلمىغان ئۇيغۇر، سېرىق ئۇيغۇرلار، سارت موڭغۇل (موڭغۇل ئۇيغۇر) لار ئىسلام دىنىغا كىرمەي، كونا دىنلىرىدا چىڭ تۇرغانلىقى ئۈچۈن «تەرسالار»، «جاھىللار» دەپ ئاتالغانلىقى توغرىسىدا تارىخىي دەلىللەر بار.

㉘ يەھۇدىيلارنىڭ بۇتخانىسى — هازىرچە ئېنىق ئىزاھلاش مۇمكىن بولمىدى.

㉙ مولتانلار — شۇ زامانلاردا ئۆتكەن بىر مىللەت بولۇپ، ئۇلار-

نىڭ كېيىنكى چاغلاردىكى ئەۋلادلىرى ھازىر سوۋېت ئىتتىپاقىدا يا-
شايدۇ. قەشقەرىيە تەۋەسىدە بولغانلىرى 18 - ئەسىرلەردە كۆچۈپ
كەتكەن. ھازىرقى چاغلاردىكى «مولداۋان»لار شۇلار بولسا كېرەك.
بەزىلەرنىڭ ئەسلەشلىرىچە، ئۇلار تارىختا قارا قۇرۇم سىگانلىرى دەپمۇ
ئاتالغانمىش.

⑳ ھىندىلارنىڭ بۇتخانىسى — ھىندى دىندىكىلەرنىڭ ئىبادەتخا-
نىلىرى.

**يۇقىرىقى يازما يادنامىگە چۈشەنچە:**

بۇ يازما يادنامە — «تارىخنامە ئابدۇرەشىدخان» دېگەن قولىيازما (ھىجرىيە 951 - يىلى، مىلادىيە 1545 — 1544 - يىللىرى يېزىلغان) دىن ھىجرىيە 1036 - يىلى (مىلادىيە 1626 -، 1627 - يىللىرى) سەئىدىيە خانلىقىنىڭ 7 - نۆۋەتلىك تەخت سەلتەنەتىنى ئىگىلىگەن ئەھمەدخان ئوغلى ئابدۇلېتىپخان زامانىدا مۇھەممەد نىياز ئاخۇن دېگەن كىشى تەرىپىدىن كۆچۈرۈپ تارقىتىلغان. شۇ زامان جەمئىيىتىنىڭ يۇتۇن مۇلازىمەت قۇرۇلمىسىنىڭ مۇكەممەل تىزىملىكى بولغان بۇ ۋاراقنىڭ قەغىزى پاتلىق، قېلىن يەرلىك سۇت قەغەز. ۋاراق ئۇزۇنلۇقى 36 يېرىم سانتىمېتىر، كەڭلىكى 23 سانتىمېتىر. خېتى 18 قۇر. قۇمۇش قەلەم بىلەن يېزىلغان. خەت قۇرۇلمىسى شۇ زامان چاغاتاي خەتچىلىك ئۇسلۇبىدا. ۋاراقنىڭ بېشىدىكى ئەرەبچە «3» دېگەن رەقەمدىن قارىغاندا، بۇ ۋاراق ئەسلىي كۆچۈرۈلمىنىڭ قوشۇمچە ئاخىرقى ۋاراقلىرىنىڭ داۋامىدىن بىر ۋاراق بولۇشى مۇمكىن دېگەن گۇمان بار. كۆچۈرگۈچىنىڭ نامى يادنامە ۋاراقنىڭ ئوتتۇرىسىغا بېسىپ قويۇلغان ئۈزۈك (يۈزلۈك) تامغىدا كۆرۈلىدۇ. «تارىخنامە ئابدۇرەشىدخان» يەنى مۇشۇ ۋاراق بولۇنگەن ئەسلىي كىتاب 1952 - يىلى قاراقاش ناھىيەسىنىڭ زاۋا يېزىسىدىكى مۇھەممەد ئېلىخان خوجا ئائىلىسىدىن تېپىلىپ مېنىڭ قولۇمدا مەلۇم ۋاقىت ساقلانغاندىن كېيىن 1956 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيغا (يۇسۇپبەگ مۇخلىسوف، ئابلىمىت روزى، ئابدۇ-

رىشىت ئىسلاملار ئارقىلىق) ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن. بۇ قولىيازمىدىن سۈ-
زۈندە قىلىشقا بولىدىغان خاتىرە ھېلىمۇ قولۇمدا بار. بىراق بۇ يادنامە
ۋاراقىنى مەن 1983 - يىلى قاغىلىقتا پېشقەدەم مائارىپچى ئابلىز ھاجى-
نىڭ ئوغلى دىلشاتتىن ئالدىم. ھازىرقى چاغلارغىچە بۇ گۆھەرنى
ساقلاپ، خەلقىمىزگە تەقدىم قىلغان بۇ ياش تارىخ ھەۋەسكارىغا چوڭ-
قۇر مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن. بۇ يىپ ئۇچىدىن بىز «تارىخنامە ئابدۇ-
رەشىدخان»نىڭ كۆچۈرۈلگەن نۇسخىلىرىنىڭ ھېلىمۇ خەلق قولىدا
ساقلىنىپ تۇرغانلىقىنى ھېس قىلىمىز. تىلەكىمىز شۇكى، ساقلىغۇ-
چىلارنىڭ بۇ قىممەتلىك ئەسەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ خەلقىمىز بىلەن
يۈز كۆرۈشتۈرۈشىگە تەشنامىز.

## 3. سەئىدىيە زامانىدىكى مەدەنىيەت - مائارىپ

سەئىدىيە خانلىقى زامانىدىكى مەدەنىيەت - مائارىپنى چۈشىنىش، تەتقىق قىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن شۇ زامان مەسىلەك داھىيلىرى (ئىدىئولوگىيە يېتەكچىلىرى)نىڭ غايىۋى پوزىتسىيەلىرى (مەدەنىيەت - مائارىپ ئىدىيەسى، مەدەنىيەت - مائارىپ ئۈچۈن ئورناتقان تەشكى-لىي قۇرۇلمىلىرى، ئىقتىسادىي، ماددىي جەھەتلەردىكى ئېتىبار، ئورۇن، تۈزۈم، شارائىت جەھەتلەردىكى مەدەتلىرى) نى قىسقىچە ئەسلەپ ئۆ-تۈشكە توغرا كېلىدۇ.

**1) غايىۋى پوزىتسىيەلەر**

مەدەنىيەت - مائارىپنى تۇتۇش ئارقىلىق پۈتۈن جەمئىيەتنى ئىلىم - ئىرپان كانىغا ئايلاندۇرۇش — سەئىدىيە خانلىقى ئاساسچىلىرىنىڭ يەنى سۇلتان سەئىدخان، سۇلتان ئابدۇرەشىدخان، سۇلتان ئابدۇكې-رىمخانلارنىڭ ئاز كەم بىر ئەسىرلىك غايىۋى جەريانلىرىدۇر. شۇنداقلا بۇ زاتلار نەسەب، زامان، تارىخىي شارائىت جەھەتلەردىن ئىلىم - مائا-رىپ ئەھلى تۈركۈمىگە مەنسۇپ شۇنداقلا ئەقلىي بالاغىتى، مول ئىلمى، ئېسىل پەزىلەتلىرى بىلەن تەختتە ئولتۇرغان ۋە ئىلىم - مائارىپ يولىدا تەلەپچان ھەم تىرىشچانلىقى بىلەن شۆھرەت قازانغان زاتلاردۇر.

— سۇلتان سەئىدخانىنىڭ ئۆزى، — دەپ يېزىلىدۇ «شىنجاڭ ئۇ-نىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 1983 - يىلى 1 - سانىدا: «مەرد-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پەتپەرۋەر ئائىلە مۇھىتىدا ئۆستى. ئۇنىڭ چوڭ دادىسى يۇنۇسخان ئەينى دەۋرلەردىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەرىپەتپەرۋەر خانى — مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ ياردىمى بىلەن بۈيۈك ئالىم مەۋلانە ئەلى يەزدى① گە شاگىرت بولۇپ 12 يىل ئوقۇپ، ئۆز دەۋرىنىڭ ئالىمى بولۇپ يېتىشكەندى. سەئىدخاننىڭ دادىسى ئەھمەدخان يۇنۇسخاندىن بىۋاستە تەربىيە ئالدى ۋە ئوغلى سەئىدخاننى كىچىك چېغىدىن تارتىپلا ئىلىم - مەرىپەت سۆيى بىلەن سۇغۇردى. سەئىدخان يەنە بىر نەۋرە تۇغقىنى شائىر ئوبۇلقاسىم بابۇر بىلەن بىر مەزگىل ھەمسۆھبەت بولۇپ، ئۆز ئانا تىلىدىن باشقا ئەرەب، پارس تىللىرىنى ناھايىتى پۇختا ئۆگەندى... 20 ياش ۋاقىتلىرىدا ھەر قايسى ساھەلەر بويىچە ئۆز دەۋرىنىڭ ئالىمى بولۇپلا قالماستىن، ئەدەبىيات، مۇزىكا، ئىلىم ئەھلىلىرىگىمۇ ئالاھىدە ئېتىبار كۆرسەتتى». «تارىخى رەشىدىي — زەيلى» دېگەن كىتابتىمۇ: «سۇلتان سەئىدخان خەتتاتلىق، شېئىرىيەت، ھەلچىلىك (خەتكە ھەل بېرىش)، زەرگەرلىك، نەققاشلىق، مىمارلىق، سازچىلىق، سازەندىلىك، تىغ، ئوق ئۆتمەيدىغان كىيىم تەييارلاش، ئوق، قىلىچ، نەيزە ياساش، مېتال ئايرىش قاتارلىق ھۈنەر - سەنئەتلەردە ئۆز دەۋرىنىڭ قابىلىيەتلىك كاملى ئىدى. سەنئەتنى قىزغىن سۆيەتتى. ئۇد، ساتار، تەمبۇر، چارتار (تۆت تار)، غىجەكلەرنى ياخشى چالاتتى. تۈركچە ۋە پارسچە شېئىرنى بەھۇزۇر يازالايتتى. قىسقىسى، ئۇ ھەم ئەلەم، ھەم قەلەم ساھەسىنىڭ ئۇستىپداتلىق ماھىرى ئىدى...» دەپ يېزىلغان.

سۇلتان ئابدۇرەشىدخان② مۇ ئاتاقلىق ئالىم، مەرىپەت باغۋىنى، بۈيۈك مائارىپپەرۋەر زات ئىدى. «يەكەن تارىخى» نىڭ 58 - بېتىدە بۇ

① يەزدى — ئىرانىنىڭ پارس دېگەن يېرى بىلەن ئىراق — ئەجەمنىڭ ئارىسىدىكى بىر جاينىڭ نامى. ئەدىب، تارىخچى ئەلى شۇ يەرلىك كىشى بولۇپ، ئەلىشىر نەۋائىنىڭ كىچىك چاغدىكى ئۇستازلىرىدىن بىرى بولغان — ئا.

② موللا ئىسمەتۇللا مۆجىزى دېگەن ئالىمنىڭ «تارىخى مۇسقىيۇن» دېگەن ئەسىرىدە كۆرسىتىلىشىچە: سۇلتان ئابدۇرەشىدخان 1520 - يىلى تۇغۇلۇپ، 1569 - يىلىغىچە 49 يىل ئۆمۈر كۆرۈپ، يەكەندە ۋاپات بولغان. «ئالتۇنلىرىم» زاراتگاھلىقىغا دەپنە قىلىنغان.

بۇ زات 1533 - يىلىدىن 1559 - يىلىغىچە 26 يىل سەئىدىيە خانلىقىنىڭ خانى بولغان. «دىۋان رەشىدى»، «غەزەلىياتى رەشىدى»، «سىسىلاتنىنامە» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇزىكا مىراسلىرىنى توپلاش، رەتلەش، بېيىتىشتا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى، مەدەنىيەتنى، مائارىپ، ئەدەب - ئەخلاقنى... يۈكسەلدۈرۈشتە ئاجايىپ تۆھپىلەرنى قوشقان.

زات توغرۇلۇق مۇنداق يېزىلغان: «... ئابدۇرەشىدخان مەرىپەتپەرۋەر، مۇتەپەككۇر، شائىر، مۇزىكىغا پىششىق، قەتئىي ئىرادىلىك، جەسۇر پادىشاھ ئىدى. قەشقەر، يەكەنلەردە چوڭ خانلىق مەدرىسە قۇرغانىدى. ئۇلاردا ئاتاقلىق ئالىملار مۇدەررىسلىك قىلاتتى. ئاسىيانىڭ كۆپلىگەن جايلىرىدىن كىشىلەر كېلىپ ئوقۇيتتى. بۇ دەۋردە ئەدەبىيات ـ سەنئەت، مۇزىكا، پەن، مەدەنىيەت ناھايىتى راۋاجلاندى. ئاتاقلىق ئالىملار، شائىرلار، تەرجىمانلار، خەتتاتلار مەيدانغا كەلدى. چوڭ ـ چوڭ دىۋانلار تۈزۈلدى. ئەرەب، پارس، ھىندى كىتابلىرى تەرجىمە قىلىندى...»

يۇقىرىقى تارىخىي ماتېرىيال ۋە تەتقىقاتلاردىن مەلۇم ۋە بېشارەتكى، سەئىدىيە دەۋرى ھۆكۈمرانلىرى ئۆزلىرىنىڭ يۇقىرىقىدەك بىلىم خۇسۇسىيەتلىرى، تەرەققىيپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك غايە، ئىنتىلىشلىرى بىلەن شۇ زامان ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئالتۇن دەۋرىنى بەرپا قىلغان. دېمەك، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى تۈپ مەنبە قىلغان مائارىپچىلىق — ئۇلار ئۆمرىنىڭ بىر پۈتۈن غايىۋى جەريانى — ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ يۈكسىلىشىگە تۈرتكە بولغان تاشقى ئامىللارنىڭ ئەڭ تۈپ ئاساسىدۇر. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يۈكسىلىش ھېسسىياتى كۈچلۈك، ئىلىم ـ پەنگە، يېڭىلىققا ھەممىدىن بەك ئەھمىيەت بېرىدىغان، بىلىم، مەدەنىيەتكە ئامراق، ئىزدىنىش ئارزۇسى كۈچلۈك، پاراسەتلىك، زېھنى ئۆتكۈر، تەن دۇرۇس، ھىممەتلىك، تىرىشچان، ئىشچان خەلق بولۇشتەك ئالاھىدىلىكىمۇ بۇ يۈكسىلىشنىڭ تۈپ ئىچكى مەنبەسىدۇر.

**2) مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىدىيەسى**

تارىخىي پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، مېنىڭچە سەئىدىيە خانلىقىنى تېگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا دىنىي خانلىق ۋە ياكى دىنىي ھاكىمىيەت، ئۇلارنىڭ باشقۇرغان دۆلەت ۋە جەمئىيەتنى نوقۇل دىنىي دۆلەت ۋە جەمئىيەت دېيىشكە بولمىغاندەك مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىدىيەسىنىمۇ دىنىي ئىدىيە، دىنىي مەۋقە دېيىشكە بولماس. بەزىبىر تەتقىقاتچىلار ھا-

زىر: «ئۇ جەمئىيەت نوقۇل دىنىي جەمئىيەت ئىدى، سەئىدىيە ھۆكۈمرانلىرى شۇ جەمئىيەتنىڭ مۇسۇلمانلىق خاسىيەتلىرىنى جانلاندۇرۇش، ‹خۇدا ـ رەسۇل› يولىدا جان بېرىش، كالامىرىزىمنى دۆلەت دەستۇرى قىلىشتەك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن خاراكتېرلەنگەن. شۇڭا، ئۇلارنىڭ جەمئىيەت ئىدىيەسى، جۈملىدىن مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىدىيەسىمۇ ئەلۋەتتە ئىسلام دىنى ئىدىيەسىدۇر...» دېيىشىدۇ. بۇ تارىخىي پاكىتلارغا ئۇيغۇن ئەمەس قاراشتۇر. مېنىڭچە، سەئىدىيە خانلىقى قۇرۇلغاندىن تارتىپ تاكى ئاغدۇرۇلۇپ تۈگەشكىچە دىن بىلەن سىياسىنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋېتىپ، ئىجتىمائىي ھاكىمىيەتچىلىك سەلتەنەتلىرىنى قولدىن بەرمىگەن سىياسىي ھاكىمىيەت دېيىشكە بولىدۇ. تارىخچى لى جىنشەن بۇ ھەقتە مۇنداق يازىدۇ: «... پايتەخت يەكەن ۋە قەشقەردە سوپىزم ئىسلام دىنىدا بويسۇندۇرغۇچى ئورۇندىكى مەزھەپ بولۇپ قالدى. بۇ مەزگىلدە دىن جەمئىيەتكە خېلى كەڭ ۋە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى ھەم ئۇنىڭ سىياسىيغا ئارىلىششىمۇ ناھايىتى ئېغىرلاشتى. لېكىن بۇ ھەرگىزمۇ يەكەن خانلىقى ‹سىياسىي بىلەن دىن بىرلەشكەن› ھاكىمىيەت شەكلىنى قوللانغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەرمەيدۇ، ئەمەلىيەتتە يەكەن خانلىقى دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە سىياسىي بىلەن دىننى بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋېتىش سىياسىتىنى يولغا قويغان بولغاچقا، دىن ئوردىنىڭ سىياسىي ئىشلىرىغا ئارىلاشمايتتى. دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ ئاساسلىق رولى — ھۆكۈمرانلارنىڭ دۆلەت تەرتىپىنى ساقلاش، ھەربىي قوشۇن ۋە باج ـ سېلىق قاتارلىقلارنى ئەنئەنىۋى ئۆرپ ـ ئادەت بويىچە بىر تەرەپ قىلىشقا ياردەملىشىش ئىدى...» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 1987 ـ يىلى 5 ـ سان 36 ـ بەت). دېمەك ناھايىتى ئايانكى، سەئىدىيە ھۆكۈمرانلىرى دىنغا نىسبەتەن: دىنىي ئېتىقاد بىرەر جەمئىيەت، بىرەر مىللەت ۋە بىرەر خەلقنىڭ ئومۇمىي ئىجتىمائىي ھاياتىنى، سۈپىتىنى، تارىخىي تەقدىرىنى، تەرەققىياتىنى بەلگىلەپ بېرىشكە قادىر كۈچ ئەمەس، مۇتلەق شەرت ھېسابلانغان ئىدىيەۋى چەك ياكى نەزەرىيەۋى ئۆلچەم، غايە —

دۇنيا قاراش كۆرسەتكۈچىمۇ ئەمەس، تارىختا ئۇنداق بولمىغان، بولالـ
مىغان ھەم بولماسلىقى كېرەك، ئەكسىچە ئۇ بىر تارىخي ۋە تارىختىن
قېپقالغان دىنىي ئۇقۇم بولۇپ، ئۇ پەقەتلا ئۆز ئېتىقادچىلىرىنىڭ ئومۇ-
مىي ئىجتىمائىي ھاياتىنى، تەقدىرىنى، تەرەققىياتىنى ياخشىلاش ۋە
ئۈستۈرۈشكە خىزمەت قىلىشى، پايدا يەتكۈزۈشى مۇتلەق شەرت ۋە
زۆرۈردۇر، دەپ قاراشقان. شۇنداقلا ئۆز خانلىقىنىڭ ئىدىئولوگىيەسىد-
ىمۇ، سىياسىي، ئىقتىسادىي مەۋقەسىنىمۇ ئېتىقادى ئىسلام، شەكلى
مىللىي، شۇغۇللىنىدىغىنى ئىجتىمائىيەت، كۆزلەيدىغىنى سىياسىي، ئىج-
تىمائىي تەرەققىيات ئۈنۈمىدىن ئىبارەت ئىجتىمائىي سىستېما قىلىپ
تۇرغۇزۇشقان ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئىدىيە، نەزەرىيە، سىياسىي، ئىقتىمائىي،
دىنىي... مەۋقەلىرىنىڭ ھەممىسىنىمۇ مۇشۇ مەۋقەنى چىقىش قىلىپ
تۈزگەن، ئىجرا قىلىشقان. دېمەك، ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت - مائارىپنى
تۈتۈش، يۈكسەلدۈرۈش — ئۇلارنىڭ غايىۋى ھايات جەريانلىرىدۇر.
شۇنداق ئىكەن، سەئىدىيە جەمئىيىتى جۈملىدىن سەئىدىيە مەدەنىيەت
- مائارىپىنىڭ تۈپ ئىدىيەسى ھەرگىز دىنىي ئىدىيە ئەمەس. پەقەت
پەنىي، ئىجتىمائىي ئىدىيەدۇر. يەنى دۇنياۋى پەن (مەدەنىيەت - مائا-
رىپ) ئىدىيەسىدۇر.

### 3) مەدەنىيەت - مائارىپ قۇرۇلمىلىرى

ئۇ زاماندىن بىزگىچە يېتىپ كەلگەن يۇقىرىقى يازما يادنامىدىن مە-
لۇمدۇركى، سەئىدىيە خانلىرى زامانىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرى (ئابدۇ-
رەشىدخان زامانى) دىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتى (مۇسۇلمان ئۇيغۇر رايون-
لىرى) دە 2263 مەدرىسە (ئوتتۇرا، ئالىي دارىلفۇنۇن — ئا)، مەكتەپ-
خانا (باشلانغۇچ مەكتەپلەر — ئا)، 1533 مەسچىت، خانىقا بارلىقىدىن
ۋاقىپلاندۇق. بۇ يەردە شۇ نەرسە ئايان بولدىكى، شۇ زامانلاردا ئىجتى-
مائىي مەدەنىيەت - مائارىپ ئورۇنلىرى بىلەن دىنىي پائالىيەت ئورۇن-
لىرى تەشكىلىي قۇرۇلما، ئورۇن، تۈزۈم... جەھەتلەردىن بىر - بىرد-
گە قەتئىي بىقنماي، ئارىلاشماي ھەر قايسىسى ئۆز مۇددىئا - لىنىيەلـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

رى، كەسپىي پەرقلىرى، مۇرات ـ مەقسەتلىرى بويىچە مۇستەقىل مۇ-
ئەسسەلەر سۈپىتىدە پائالىيەت ئېلىپ بارغان. ئەڭ مۇھىمى ئىجتىمائىي
مەكتەپ، مەدرىسىلەر بولسا مەسچىت، خانىقالاردىن كۆرۈنەرلىك جىق
(730 ى ئارتۇق) بولغان، يەنى 3784 مەھەللە ـ كەنت (شۇ زامانلاردا
ھازىرقى قاغىلىق، پوسكام تەۋەسى بىرىكىپ 66 كەنت ھېسابلانغانىكەن
ـــ ئا) نىڭ ھەر بەشىدە تۆت مەكتەپخانا ياكى مەدرىسە، ھەر ئىككى
كەنتتە بىردىن خانىقا ياكى مەسچىت بولغانلىقىدەك بۇ ئۇچۇر سەئىدى-
يە مەدەنىيەت ـ مائارىپىنىڭ ئەمەلىي نامايەندىسى ھېسابلىنىدۇ. شۇنىسى
ھەم ئېنىقكى: بۇ مەكتەپخانىلار بىلەن مەدرىسىلەر خاس مۇسۇلمان
ئۇيغۇر ۋە ئۇيغۇر قەبىلىلىرىگىلا مەنسۇپ بولۇپ، شۇلار ئۇچۇنلا قۇ-
رۇلغان ھەم شۇلار تەرىپىدىن باشقۇرۇلغان. غەيرىي دىندىكى ـــ تېخى
ئىسلام دىنىدا بولمىغان سەئىدىيە پۇقرالىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئوقۇش ـ
ئوقۇتۇش ئورۇنلىرىنىڭ سانى بۇتخانا، ئىبادەتخانىلارنىڭ تەركىبىگە
كىرگۈزۈلۈپ قويۇلغان. بۇ يادنامىدە كۆرسىتىلگەن: تەرسالار بۇتخانى-
سى، مولتانىلار، ھىندىلار بۇتخانىلىرى دېگەندەك بىشارەتلىك سانلار ئە-
مەلىيەتتە شۇ زامانلاردا چەرچەن، چاقىلىق تاغلىرىدا ياشاۋاتقان سېرىق
ئۇيغۇرلار، مولتانىلار، شىكلار، ھىندى، تاڭغۇتلار، تېخى مۇسۇلمان
بولمىغان ئۇيغۇرلار (سارت موڭغۇللار) قەبىلىلىرى ۋە باشقا نامۇسۇلمان
تائىپە پۇقرالارنىڭ ئىبادەت، ئۆگىنىش، ئاقارتىش ئورۇنلىرىنىڭ ئومۇ-
مىي ھېسابىدۇر. بۇ سانلىق ئۇچۇر بىزگە يەنە سەئىدىيە خانلىرىنىڭ
ئىلكىدە ياشىغان غەيرىي دىندىكى خەلقلەرنىڭ ئۇيغۇرلار بىلەن تەڭ،
جۈملىدىن مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسى بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرۇشقا
ھەقلىق بولۇپ تۇرغانلىقى، يول قويۇلغانلىقى، ھۆرمەت قىلىنغانلىقىدەك
ئىجتىمائىي تەڭلىك ـــ ئادالەت ئىستىلىنىمۇ ئەسلەتمەي قالمايدۇ. دې-
مەك، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ دىنى، مەدەنىيەتى، تىلى، تۇرمۇش ئۇسۇلى،
تۇرمۇش شەكلى، جۈملىدىن مەدەنىيەت ـ مائارىپ پوزىتسىيەلىرىنىمۇ
باشقىلارغا سىڭدۈرمىگەن، تاڭمىغان.

4) مەدرىسە، مەكتەپلەر

مەدرىسە، مەكتەپلەرنى تەشكىللىي قۇرۇلما جەھەتتىن مۇنۇ تۆت چوڭ تۈر بويىچە كۆرسىتىش كۇپايىدۇر.

خانلىق مەدرىسەلەر: خانلىق مەدرىسەلەر سەئىدىيە زامانىنىڭ ئالىي بىلىم يۇرتلىرى بولۇپ، خانلىق مەركىزىدە، مەركىزىي چوڭ شەھەرلەردە، خانلىق مەھكىمىلەر، مەشھۇر داھىي ئەربابلار تەرىپىدىن، ھەر ساھە بويىچە يۇقىرى دەرىجىدە تونۇلغان چوڭ ئالىم، ئۆلىمالارنىڭ ئىشتىراكلىرى بىلەن قۇرۇلغان. شۇ زامان ئۇلۇغلىرى (كاتتىلىرى)نىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. مالىيەسى، مەبلىغى، خانلىق خەزىنىلەردىن سەرپ قىلىنغان، خانلىق مەھكىمىلەر تەرىپىدىن باشقۇرۇلغان. بۇنداق مەدرىسەلەرگە يەكەندە 1520 ـ يىللىرى ئەتراپىدا مىرزا ئابابەكرى تەرىپىدىن قۇرۇلغان «مىرزا ھەيدەر مەدرىسەسى» (بەزى تارىخىي خاتىرىلەردە بۇ مەدرىسە «مەدرىسەئى ئىقلىمات» — «جاھان مەدرىسەسى» دەپمۇ خاتىرىلەنگەن)، 1530 ـ يىللاردا سۇلتان سەئىدخان نامىدىن سېلىنغان يەكەن «خانلىق مەدرىسەسى»، 1640 ـ يىللىرى ئەتراپىدا ئابدۇللاخان تەرىپىدىن يەكەن ۋە قەشقەرلەردە قۇرۇلغان خانلىق مەدرىسەلەر، يەنە شۇ چاغلاردا قۇرۇلغان ۋە كېڭەيتىپ قۇرۇلغان كۇچادىكى «ۋەلىيە»، ئوپالدىكى «مەدرىسەئى مەھمۇدىيە» مەدرىسەلىرى، 1630 ـ يىللار ئەتراپىدا قۇرۇلغان «ساقىيە» مەدرىسەسى قاتارلىق چوڭ يېڭى مەدرىسەلەرمۇ كىرىدۇ. بۇنداق مەدرىسەلەردىن «مىرزا ھەيدەر مەدرىسەسى»نىڭ ياسىلىشى توغرىسىدا «يەكەن تارىخى»نىڭ «زوبدە تۇل ئەخبار» دېگەن كىتابتىن كەلتۈرگەن نەقلىدە مۇنداق يېزىلغان: «مىرزا مۇھەممەد ھەيدەرنىڭ مىرزا ئابابەكرىگە ناھايىتى ئاچچىقى كېلىپ ئۇنى ئۆلۈمگە بۇيرۇيدۇ. مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئەمەلدارلىرى ئۇنىڭ ئۆلتۈرۈلمەسلىكىنى تىلەپ تۇرۇۋالدۇ: ‹مىرزا ئابابەكرى ئۆزىنىڭ گۇناھىنى يۇيۇش ئۈچۈن، ئۆزلىرىنىڭ نامىدا بىر كاتتا مەدرىسە ياساتسا، ئۇنىڭ گۇناھىدىن ئۆتسىلە...› دەيدۇ. مىرزا ئابابەكرى گۇناھىنى يۇيۇش ئۈچۈن پىششىق خىش ـ كاھىشلىق ياسىداق مىرزا

ھەيدەر مەدرىسەسىنى ياساتقانىدى...»،

يەكەنلىك پېشقەدەم تارىخچى ئۆلىمالارنىڭ ئەسلەشلىرىچە، بۇ مەدرىسەنىڭ مۇنارىسى ناھايىتى ئېگىز بولۇپ، ئۈستىگە چىقىپ قارىسا يەكەن دەرياسى (30 چاقىرىملىق كۆجۈم ئارىلىق)نى كۆرگىلى بولىدىكەن. مۇنار ئۈستىگە چىقىپ ـ چۈشكۈچىلەر مۇنار ئىچكىزلىكىدىن ھېرىپ، مۇنار ئۈستىدە قونۇپ قالىدىكەن. يەكەندىكى ھازىرقى چوڭ يېزىلار: ھەيدەر، جاھانباغلار ئۆز زامانىسىدا شۇ مەدرىسەنىڭ ۋەخپىلىرىكەن. بىزگە مەلۇمكى، بۇ يەردە تىلغا ئېلىنىۋاتقان مىرزا ھەيدەر سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ كۈيئوغلى، ۋەزىرى بولۇپ ئابدۇرەشىدخان تەرىپىدىن كەشمىر، ھازىرقى پاكىستان، ئافغانىستانلارنىڭ سەئىدىيەگە تەۋە قىسمىنى باشقۇرغان. قەشقەر، يەكەنلەرنىڭ ھاكىملىقىنى قىلغان، مەشھۇر ئەسەر «تارىخى رەشىدي»نى يازغان مەرىپەت ھامىيسى، مەشھۇر زاتتۇر. «مىرزا ھەيدەر مەدرىسەسى» دە ئوتتۇرا ئاسىيا (ھازىرقى سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىياسى، شىنجاڭ، ئافغانىستان، كەشمىر، ھازىرقى پاكىستانلار نەزەردە تۇتۇلىدۇ)، ئىران، مىسىر، تۈركىيە قاتارلىق نۇرغۇن ئەللەردىن تەلەبىلەر ياكى ئوقۇغۇچىلار كېلىپ ئوقۇپ كەتكەنلىكى توغرىسىدا تارىخىي دەلىللەر بار.

مەدرىسەلەر: بۇ ئادەتتە پۈتۈن جەمئىيەت مىقياسىدا بىر قەدەر ئومۇملاشقان، يۇقىرى، ئوتتۇرا، تۆۋەن دەرىجىلىك ئاممىۋى بىلىم يۇرتلىرىدۇر. بۇ خىل مەدرىسەلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى تارىختا يۇقىرى، ئوتتۇرا قاتلام ھۆكۈمران شەخسلەر، ئالىم، ئۆلىمالار، دەرىجىلەر بويىچە ھەر خىل مەھكىمىلەر، دىنىي ئورۇنلار، جامائەت مۇئەسسەسەلىرى، پۇلدارلار «ساۋابلىق» ئىزدەپ ياكى نام ـ شەرەپ قازىنىش ئارزۇسىدا قۇرغان، بىر قىسمىنى بولسا، يەنىلا يەرلىك ھاكىمىيەتلەر بىنا قىلغان. چوڭ، ئوتتۇرا شەھەرلەردە، ناھىيە مەركەزلىرىدە، يېزىلاردا، ئاھالىلەر مەركەزلىرىدە قۇرۇلغان. باشقۇرۇلۇشى — تۈزۈمى يەرلىك ھاكىمىيەتلەر، دىنىي ئورۇنلار، جامائەت بىرلىكلىرى تەرىپىدىن تۇتۇلغان. ۋەخپە، ئەۋقاپ، سەدىقە، خۇدايى ئىئانە، ئىجتىمائىي ياردەم، ئىگىسىز مۈلۈك

كىرىمى، مىراسخورسىز شەخسلەرنىڭ كۆچمە ۋە كۆچمەس مۈلۈكلىرى ۋە باشقا شەكىللىك، شەكىلسىز كىرىملەرنىڭ قوۋۋىتى بىلەن داۋاملاشقان. بۇنداق مەدرىسىلەرنى شۇ زامان تۈزۈمىنىڭ، كىشىلەر ھېسسىياتلىرىنىڭ خەير خاھلىقى، ھېسداشلىقى، ھامىيلىقى، ياردىمى، قوللىشى بىلەن ئەڭ كەڭ ئىجتىمائىي ئاساسقا ئىگە خەلق بىلىم يۇرتلىرى، جەمئىيەت چىرىغى دەپ تەرىپلەش ئۇزۇنلۇقتۇر. قۇرۇلما، سالاھىيەت، ئورۇن، مەۋقە جەھەتتىن خانلىق مەدرىسەلەر (خانلىق ئالىي - چوڭ بىلىم يۇرتلىرى)دىن تۆۋەنرەك، ئىپتىدائىي مەكتەپلەردىن يۇقىرىراق تۇرغان مۇنداق مەدرىسەلەرنى كىشىلەر تارىختا «خۇدايى مەدرىسەلەر» ياكى «جامائەت مەدرىسەسى» دەپمۇ ئاتاشقان. بۇنداق مەدرىسەلەر، مەسىلەن: قەشقەردىكى «مەدرىسە كىرىمىيە»، «قازانچى مەدرىسەسى»، يەكەندىكى «مەدرىسە مۇھەممەدىيە» (بۇ مەدرىسەنى كېيىنكى چاغلاردىكى ئىشانلار: «مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ 23 - بوغۇن نەۋرىسى دەۋالغان مەشھۇر ئىشان مۇھەممەد شېرىپ نامىغا سېلىنغان» دەپ چۇۋەندۇرۇشىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ بىر ئويدۇرمىدۇر. بۇ مەدرىسىنىڭ 1594 - يىلى سۇلتان مۇھەممەدخان نامىدا ياستىلغانلىقى توغرىسىدا تارىختىن يېتەرلىك دەلىل بار)، سۇلتان سەئىدخاننىڭ دەپنە قىلىنىش مۇناسىۋىتى بىلەن 1534 - يىلى يەكەندە ياسالغان «غازىيە مەدرىسەسى»، «مەدرىسە مەھمۇدىيە»، «ئوردانلىق مەدرىسەسى»، «ئارسلانباغ مەدرىسەسى»، «ھۆرىيەت مەدرىسەسى» (يېڭىسااردا)، «سايرام مەدرىسەسى» قاتارلىق نۇرغۇن مەدرىسەلەر كىرىدۇ.

ئىپتىدائىي مەدرىسەلەر: بۇنداق مەدرىسەلەر تولىراق مەركىزىي يېزا، قىشلاق بازارلىرىدا، چوڭ مەسچىت، خانىقالارنىڭ يانلىرىدا، مازار، قەدەم جايلاردا قۇرۇلغان بولۇپ، ئاساسەن شۇ يەرلەرنىڭ جامائىتى بىلەن جامائەت مۆتىۋەرلىرى، دىنىي ئەربابلار، ئىمام، خاتىپلار... تەرىپىدىن جامائەت شاپائىتى بىلەن باشقۇرۇلغان. چىقىمى ئاتا - ئانىلار، كىچىك كۆلەملىك ئەۋلادى ۋەخپىلەر، ئاممىۋى خەير - ئېھسان، جامائەت ئىئانىسى بىلەن ھەل قىلىنغان. ئىپتىدائىي مەكتەپلەرنى تۈگەتكەن بالىلار-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نى ئوقۇتۇپ ئوتتۇرا قاتلام مەدرىسەلەرگە ئاتلىتىپ بېرىش ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن.

كەسپىي مەكتەپلەر: بۇ خىل مەكتەپلەر ــ تارىختا زاماننىڭ كەسپىي ئېھتىياجى، زۆرۈرىيەتلىرى، ھاجەت، ئىمكانىيەت، شارائىتلىرىغا قاراپ تۈرلۈك ناملار بىلەن تەسىس قىلىنغان مەكتەپلەردۇر. يەكەن، قەشقەر، خوتەن، كۇچا، ئاقسۇ، پەرغانە، تۇرپان... لاردا 16 ـ، 17 ـ ئەسىرلەردە پەيدا بولغان «مەكتىپى سىپاھىيە» (ئەمەلدار، خادىملارنى تەربىيەلەش مەكتەپلىرى)، «مەكتىپى ئەمنىيەت» (سىياسىي، قانۇن مەكتەپلىرى)، «ئايىنەئى ساپارات» (ئەلچىلەر ئەينىكى مەكتەپلىرى)، «مەكتىپى ھۆدۈدىيە» (چېگرا ـ تاموژنا خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈش تەربىيەلەش مەكتەپلىرى)، «مەكتىپى شىپاھىيە» (سەھىيە مەكتەپلىرى) قاتارلىق ھەرخىل ئوقۇتۇش ئورۇنلىرىمۇ ئاز بولمىغان. بۇنىڭدىن باشقا يەنىلا مەكتەپ ـ ئۆگىنىش ئورۇنلىرى شەكلىنى ئالغان «نەغمىخانىلەر»، «سانايى نەفسەلەر»، نەغمە ـ ناۋا سورۇنلىرىمۇ ھەممىلا يەرلەردە تەشكىل قىلىنغان. «تارىخى مۇسىقىيۇن» (مۇزىكانتلار تارىخى)دا بايان قىلىنىشىچە، ئابدۇرەشىدخان زامانىدا ئۇيغۇر مۇزىكا ئالىمى قىدىرخان خوراسان، خارەزىم، ئىران، ئىراقلاردىن كەلگەن كۆپلىگەن مۇزىكا تالىپلىرىغا يەكەندە دەرس ئۆتكەن، مۇزىكا ئۆگەتكەن.

مەكتەپخانىلار: بۇ خىل مەكتەپلەر ئاساسەن كەنت ـ مەھەللە، مەسچىت، خانىقالارنىڭ جامائىتى، ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەر، دىنىي، ئىجتىمائىي، كەسپىي ئابرۇيلۇقلار، بايلار، ئاخۇنلار، ساۋابلىق ئىزدىگۈچى شەخسلەر تەرىپىدىن چوڭ مەركىزىي كەنتلەرنى ئاساس قىلىپ قۇرۇلغان، ئورۇن، مەبلەغ، كۈچ، ئادەم (ئوقۇتقۇچى)، كەنتلەر، مەسچىتلەر جامائىتى تەرىپىدىن ھەل قىلىنىدىغان. بەزىلىرى بولسا بايلار، موللا، ئاخۇنلار تەرىپىدىن شەخسىي قۇرۇلغان، مەسچىت ۋەخپىلىرىدىن، «پەيشەنبىلىك» كىرىملىرىدىن پايدىلىنىپ باشقۇرۇلغان ئىپتىدائىي مەكتەپلەردۇر. بۇ خىل مەكتەپلەرنىڭ ھوقۇقى، ئوقۇش ـ ئوقۇتۇش، ئوقۇغۇچى ئېلىش، چىقىرىۋېتىش ئىشلىرى ئوقۇتقۇچى شەخسنىڭ

ئىختىيارىيلىقىدا بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ ھەقتىكى ھوقۇق، ئىمتىيازلىرى ھېچقانداق قانۇنىي كۈچ ياكى جامائەت پىكرى شەكىللىرى بىلەن چەكلەنمىگەن. كىم بالىسىنى ئەكىلىپ بەرسە شۇنى ئوقۇتقان، كەلمىسە ئىزدىمىگەن. بالىلارنى شەخسىي ئىشقا سېلىش، جازالاش قاتارلىق ئىشلارنى ئۆز خاھىشى بويىچە ئەركىن «ئىمتىياز» قىلىۋالغان.

يۇقىرىقىدەك مەدرىسە، مەكتەپ شەكىللىرى تۈپ نېگىزىدىن ئالغاندا، تارىختىن بېرى داۋاملىشىپ كەلگەن ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى سۈپىتىدە سەئىدىيە — ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ نۇرى، دىل چىرىغى ھېسابلىناتتى. سىنىپنى ئاساس قىلىپ ئوقۇتمايدىغان، تەتىل تۈزۈمى يوق، مەمۇرىي تەشكىلى، ئىقتىسادىي تۈزۈمى، تۇتاش بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن دەرس پىروگراممىسى ياكى باسقۇچلارغا ئايرىلغان دەرس جەدۋەللىرى، قائىدە ـ مىزانلىرى يوق بولسىمۇ، يەنىلا بۇ خىل ئوقۇتۇش ئورۇنلىرى تېگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا، بالىلارنى ئىجتىمائىيەتكە، ئاڭ ـ چۈشەنچىگە، تىرىكچىلىك قەدىمىگە، ئەخلاق ـ ئەدەپكە، قىسقىسى ئىجتىمائىي ئادەمگە ئايلاندۇرىدىغان ئىپتىدائىي ئاڭ خەزىنىسىدۇر.

### 5) مائارىپنىڭ ۋاقىت تۈزۈمى ۋە دەرسلىكلەر

سەئىدىيە مائارىپى ئومۇمەن ھەر يىلىنىڭ نورۇز بايرىمى (باش ئەتىياز بايرىمى)نى ئوقۇش بېشى — دەرس باشلاش مەۋسۇمى قىلىشنى ۋاقىت ئادىتى قىلغان. ئاتا ـ ئانىلار قىزىنى بەش، ئوغۇلنى يەتتە يېشىدىلا ئاساسەن شۇ ۋاقىتنىڭ ئازنا، پەيشەنبە كۈنلىرى (ئەجدادلىرىمىز بۇ كۈنلەرنى مەكتەپ كۈنلىرى — ئۇلۇغ كۈنلەر ھېسابلاپ ۋاقىت بېشى قىلىشاتتى — ئا) تېگىشلىك خۇدايى داستىخانلىرى بىلەن بىللە ئەكېلىپ، ئۆز رازىلىقلىرىنى ئىپادە قىلىشىپ يالۋۇرۇپ، ئوقۇتقۇچىلارغا ئەدەب ـ ئېھتىراملار بىلەن: «پەرزەنتىمىزنىڭ جېنى يارىتقان ئىگەمدىن، ئۇستىخىنى ئاتا ـ ئانا بولغۇچى بىزدىن، ئىمانى، بەخت ـ ئىقبالى ئۇستازىدىن بولغاي» دېيىشىپ تۇتۇپ بېرىشكەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن

بالا «مەكتەپ بالىسى» بولۇپ تۇرغان. بۇ خىل قائىدە بىلەن ئوقۇغۇچى ئېلىش سەئىدىيە خانلىقى مەكتەپلىرىنىڭ نىزام ـ قائىدىلىرىدۇر.

مەكتەپ ـ مەدرىسەلەرنىڭ مۇكەممەللىشىش، داۋاملىشىش، ۋاقىت، جەريان سىستېمىلىرى ئومۇمەن مۇنداق بولغان: ئوقۇغۇچى ۋە ئوقۇغۇچى ھامىيلىرىنىڭ ئۈمىد، ئىرادە، ئىمكانىيەت، تەلەپلىرىگە بېقىپ، جايلار ۋە ھەرخىل مەدرىسە، مەكتەپلەردە ئوخشاش بولمىغان شەكىللەر بويىچە مائارىپ، ۋاقىت تۈزۈمى بەرپا قىلىنغان. مەسىلەن ئالايلى: نىسابى ئوقۇش (چېكىگە يەتكۈزۈپ ئوقۇش)قا تۇتۇنغان تەلەبە ياكى تالىپ باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇشنى تاختىدىن باشلاپ (ھەرپ ئۆگىنىشتىن باشلاپ) تاكى كىتاب بىلگىچە (كىتاب ئوقۇيالايدىغان، چۈشىنەلەيدىغان تولۇق ساۋاتى مۇقىملاشقان بولغۇچە) 2 — 4 يىل (ئىككى يىلدىن تۆت يىلغىچە)، ئادەتتىكى ئىپتىدائىي مەدرىسلەردە بىر نەچچە ۋە بىر نەچچە خىل كىتابنى مۇتالىئە قىلىپ، ئوقۇش، ئوقۇتۇش، يېزىش، چۈشىنىش ساۋاتى بويىچە جەمئىيەتكە ياراپ تونۇلغۇچە 2 — 4 يىل، تولۇق، تولۇق ئوتتۇرا سالاھىيەتلىك مەدرىسەلەردە ئادەتتىكى مۇدەررىسلىك سالاھىيىتىگە ئېرىشكۈچە 2 — 4 يىل ۋە خانلىق مەدرىسەلەر (ئالىي بىلىم يۇرتلىرى) دا جەمئىيەت ۋە زامان تەقدىرىدە ئالىم، دانا، يېتەكچى قەلەمدان شۆھرىتىنى تاپقۇچە 5 — 10 يىل ۋاقىت ـ جەريان سەرپ قىلىنىدىغان مائارىپ ۋاقىت سىستېمىسى — مۇقىملاشتۇرۇلغان. دېمەك، مۇشۇ ۋاقىت بويىچە بولغاندا بىر تەلەبە ئىپتىدائىي مەكتەپنىڭ ئىپتىدائىي سىنىپىدىن باشلاپ ئالىي مۇتالىئە مەكتەپ ھۇجىلىرىغىچە ئوقۇپ بىلىم ئېلىش ئۈچۈن 12 يىلدىن 30 يىلغىچە ۋاقىت سەرپ قىلىدۇ. بۇ خىل ۋاقىت تارىخىمىزدا «ئالمىشىش» ۋاقتى دەپمۇ ئاتالغان. بۇ خىل مائارىپ ۋاقىت سىستېمىسى: مىڭىنچە پۈتۈن مۇسۇلمان دۇنياسىدا، جۈملىدىن تۈركىي خەلقلەر دۇنياسىدىمۇ بىلىم ئېلىش ئۈچۈن كىشىلەر ئۆمرىدە سەرپ قىلىنىدىغان ۋاقىت، جەرياننىڭ ئەڭ ئۇزۇن ۋاقىت سىستېمىسىدۇر (ئىنسان ئۆمرىنىڭ ئەڭ مۇھىم جەريانىغا تىكىلگەن، باشقىلاردىن بەك ئارتۇق، ئەڭ ئۇزاق ۋاقىتتۇر).

مەكتەپلەردە ئۆتۈلىدىغان دەرسلىكلەر ئاساسەن مەدرىسە، مەكتەپلەرنىڭ قابىلىيەت ۋە سالاھىيەت پەرقلىرى بويىچە تۆۋەندىكى پەنلەرنى ساھەلىرىنى مەزمۇن قىلغان. دەرسلىك — مۇتالىئە، تەتقىقاتلاردىن ئىبارەت بولغان. بۇلار : دىنىي دەرسلەر، ئىلمى تەجۋىد (مۇكەممەل يېزىق ساۋاتى ياكى خەتتۇرۇشلۇق)، تىل، ئانا تىلى، ھەندىسە (ھېساب ئىلمى)، تارىخ، ئىلمى ئىقلىمات (جۇغراپىيە)، ئەدەبىيات، ئەخلاق، ئىلمى نۇجۇم (ئاسترونومىيە)، روھىي ئىلىم (پسىخولوگىيە ياكى روھىي پەن)، كەزمە (تەنتەربىيە)، شىپاھىيە (تېببىي ئىلىم)، ئەل قانۇن، رۇشتە (توقۇمىچىلىق ئىلمى)، ئاھانگىرە (مېتاللىچىلىق ئىلمى)، ئىلمىي خەزىنە (مالىيە، ئىقتىساد ئىلمى)، ئىلمىي غايىب (كان قېزىش، ئىزدەش ئىلمى)، ئىلمىي تەبىئەت (تەبىئەتشۇناسلىق)، ئىلمى سىپاھىيە (ھۆكۈمەتدارلىق ئىلمى)، رەققاسلىق (ئۇسسۇل، سەنئەت)، چىپەرلىك ئىلمى (چاماشچىلىق)، ھەييارلىق ئىلمى (سېھرىكچىلىك)، مۇسقا ئىلمى (مۇزىكا - ساز ئىلمى)، خەتتۇرۇشلۇق قائىدىسى (ھۆسن خەتچىلىك) قاتارلىق 90 خىلدىن جىقراق بولغان.

### 6) مائارىپ ئەخلاقى

سەئىدىيە زامانىنىڭ مائارىپ ئەخلاقى توغرىسىدا توختالغىنىمىزدا، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تۇنجى قۇرغۇچىسى، مەسلەك داھىيسى سۇلتان سەئىدخاننىڭ : «... ئادالەتنى، ئەدەب (ئەخلاقنى دېمەكچى — ئا) نى، ئىنسان خاسىيىتىنى ئەلى يەزدى، ئەلىشىر نەۋائىي، بابۇرى... لەر (سەئىدخاننىڭ بىر نەۋرە تۇغقىنى ئوبۇلقاسىم بابۇر كۆزدە تۇتۇلىدۇ — ئا) دىن ئۆگىنىڭلار، ئۇلارنىڭ خىسلەت، پەزىلەتلىرىدىن ئۈلگە ئېلىڭلار، ئۇلار ئەدەپ ئالىملىرىدۇر... بۇيرۇغانلىرىنى قىلىڭلار...» («دۇرنات خازىكەنت خوجا پادىشاھ» نىڭ «نەسىھەتنامە» بابىدىن — ئا) دېگەن سۆزىنى نەزەرگە ئېلىپ، تەبىئىيكى شۇ زامان بىلىمدانلىرى (ئالىم، داھىي، مائارىپچى، پېداگوك، ئەدىب، دانىشمەن...لەر) نىڭ مائارىپ ئۈچۈن تۈزۈپ مىراس قىلىپ كەتكەن، شۇ زامان مائارىپىدا

جارى بولغان. ئەخلاقىي تەشەببۇس ۋە روھىي ئەدەب، مەجبۇرىيەتنى بىلىرىنى ئەسلىمەي ئۆتەلمەيمىز.

مۇدەررىس توغرىسىدا نەۋائىي مۇنداق يازغان: «مۇدەررىس شۇنداق بولۇشى كېرەككى، ئۇنىڭ غەرىزى مەنسەپتە بولماسلىق، بىلمەيدىغانى بىلىمەن دەپ ئېيتماسلىق، ئۆزۈم بىلەرلىك قىلماسلىق، ئۆزۈمچىلىك بىلەن غوۋغا كۆتۈرمەسلىك، نادانلىقىدىن سەللىسىنى يوغان، چۇچىسىنى ئۇزۇن قىلماسلىق، مەدرىسەنىڭ ئۆيلىرىنى ئۆزىنىڭ ئەرزىمەس ئىشلىرى ئۈچۈن ئىشلەتمەسلىك، ئىلىم ۋە ئېتىقاد مەسىلىلىرىدىن ئەلگە تەلىم بېرىش، بىپاكلاردىن ئۆزىنى ساقلاش، ناپاكلاردىن قېچىش لازىم. ئۆزى نادان، ئەمما ئۆزىنى ئالىم چاغلاپ، يامان ئىشلارنى ياخشى ھېسابلاپ ناباپ ئىشلارنى قىلماسلىقى، يامان ئىشلىرى ئەلگە رەسىم ـ قائىدە بولۇپ قالماسلىقى لازىم. مۇدەررىس يوق ئادەتلەرنى پەيدا قىلغۇچى بولسا، ئۇنداق مۇدەررىس بىلەن ئىسلام ئەھلىنىڭ سۆھبەت قىلىشىنى توسۇش كېرەك. مۇدەررىس پەرھىزكار ۋە ئاگاھ بولۇپ ئېيتقىنى: ‹قالەللا بىلەن قالە رەسۇلىللا› بولسۇن» (خۇدا ۋە رەسۇلىللاھنىڭ دېگىنى بولسۇن — ئا).

ئوقۇتقۇچىلار توغرىسىدا نەۋائىي يەنە مۇنداق يازىدۇ: «بىر قىسىم ئوقۇتقۇچى باركى گۇناھسىز مەسۇملار (گۆدەكلەرگە دېمەكچى — ئا) غا جاپا قىلغۇچىدۇر. ئۇ باللارنى جازالاشقا ئامراق، زاتى قوپال، كۆڭلى قاتتىق، قاپىقى يامان، كۆڭلىدە ئاداۋەت ساقلايدۇ. مىجەزىدە سۇسلۇق، ئەقلىدە كەملىك بار. يەنە بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلار باركى يۇمران باللارنى جاپالىق ئىزدىنىشلەر ئارقىلىق ئۆزىگە رام قىلىۋالالايدۇ. باللارنىڭ يامان قىلىقلىرىنى تۈزىتەلەيدۇ. كۆرۈنۈشتە قوپال كۆرۈنسىمۇ باللارنى تۈزىتىشتە ئېرىگەن قوغۇشۇنغا ئوخشايدۇ. ئۇنداق ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قىلغان ئىشىنى ھېچقانداق كىشى قاملاشتۇرۇپ قىلالمايدۇ. كۈچلۈك بىر ئادەم كىچىك بىر بالىنى باشقۇرۇشتىن ئاجىزلىق ھېس قىلىدۇ. ئوقۇتقۇچى بىر مۇنچە شوخ، بەڭۋاش باللارغا ئىلىم، ئەدەپ ئۆگىتىشتە نۇرغۇن جاپا چېكىدۇ. قانداق بولمىسۇن ئوقۇتقۇ-

چىلارنىڭ ئوقۇغۇچىلاردا ھەققى ناھايىتى كۆپتۇر. ئەگەر ئوقۇغۇچى پادىشاھ ياكى شەيخۇل ئىسلام ۋە ياكى قازى بولسۇن ئوقۇتقۇچىغا قۇللۇق قىلغان خوپراقتۇر. ئۇنىڭدىن ئۇستاز رازى بولسا، ئاللاھ رازى بولىدۇ...» («مەھبۇبۇل قۇلۇپ» تىن).

سەئىدىيە بىلىم يۇرتلىرىدا تالىپلارنىڭ ۋە جامائەتچىلىكنىڭ ئەقلىي تەسەۋۋۇرلىرىغا يانىدىشىپ مەرىپەت تەرغىباتچىلىقىنى قىلىدىغان مائارىپ ناتىقلىرى ياكى قۇلاق مولللىرى (ۋەقەشۇناس ۋايىزلار) دائىم مائارىپنىڭ ئەھمىيىتى ھەققىدە نۇتۇقلار بېرىپ تۇرۇشاتتى. بۇ خىل نۇتۇقلارنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى توغرىسىدا شۇ زامانلاردىن بىزگىچە يېتىپ كەلگەن تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى ئەقلىيە سۆز شەكلىدە كۆرۈپ بېقىش ئورۇنلۇقتۇر.

⊙ ئۆزىدە سېخىيلىق، ئىلىم ۋە ساداقەت سۈپەتلىرى يېتىشكەن كىشى مەرد بولالايدۇ.

⊙ ھەققانىيەت ئۈچۈن كەلگەن بالا ـ قازانى راھەت بىل.

⊙ خەلق پايدىسى ئۈچۈن ئۆزۈڭنىڭ زىيىنىغا رازى بول.

⊙ زىيادە مۇبالىغە ۋە مەدھىيەچىلىك ــــ شائىرنى يالغانچىلىققا باشلايدۇ.

⊙ مەدھىيە، مۇبالىغەڭ ئۆرلىگەنسېرى ئۆزۈڭ شۇنچە قۇللۇق ئورنىغا چۈشۈپ خورلىنىسە.

⊙ ئاچچىقىڭنى ئاشكارىلىماسلىققا ئادەت قىل.

⊙ خالىمىغان ئىشىڭنى كىشىگە تاڭما.

⊙ قازى خاپا بولغان كۈنى ئىشكى ئالدىغا بارما.

⊙ مۇناپىققا ياخشىلىق قىلىش ياخشىلىقنى زايا قىلىشتۇر.

⊙ كىشىگە دۈشمەن بولما، كىشى دۈشمەن بولمەن دېسە قورقما.

⊙ مەنىسىز سۆھبەتداشلىقتىن تەنھا خىيال ياخشى.

⊙ بۇگۈنكى مېھنەت ئەتىنىڭ راھىتى.

⊙ ھۇرۇنلۇق بەختسىزلىكنىڭ ئالامىتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

⊙ ئىلىم، ھۈنەر ئۆگەنمەكچى بولغانلار ئۈگىنىش جەريانىدىكى جاپا-مۇشەققەتلەرگە بەرداشلىق بېرىپ، بىچارىلىككە رازى بولغانلىقتۇر.
⊙ تەلۋىگە بېرىلىدىغان ياخشى جاۋاب — سۈكۈت.
⊙ ئۆز پەرزەنتىدىن ھۆرمەت تەلەپ قىلغۇچى كىشى، ئاۋۋال ئۆزى-مۇ ئاتا-ئانىسىغا قانداق قىلغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرسۇن.
⊙ ئاتا-ئانىنىڭ قەرزى — پەرزەنتلىرىنى مال-دۇنيالىق قىلىپ قويۇش ئەمەس، بىلىم، ھۈنەرگە ماھىر قىلىپ قويۇش.

## 4. يۈتۈكچىلىك ۋە دەپتەردارلىق سەنئىتى ھەققىدە

سەئىدىيە زامانىنىڭ ئالتۇن چاغلىرى (سۇلتان سەئىدخان، سۇلتان ئابدۇرەشىدخانلار زامانى) دا يۈتۈن جەمئىيەت مىقياسىدا ئالاھىدە ئېتىبارلانغان، يۈكسەلدۈرۈلگەن مىللىي مەدەنىيەت-سەنئەت تۈرلىرىدىن بىرى — يۈتۈكچىلىك (خەتتاتلىق، خەتچەكچىلىك، مىرزىلىق...) ۋەپ دەپتەردارلىق (ئارخىپشۇناسلىق، دىۋانچىلىق، كۆچۈرمەچىلىك، رىسالەۋازلىق) سەنئىتىدۇر. بىز بۇ خىل سەنئەتنىڭ ئومۇمىي تەرەققىياتى ھەققىدە توختىلىشتىن بۇرۇن يەنىلا ئەڭ ئالدى بىلەن تارىختا بۇ خىل تەرەققىيات يولىنى ئاچقان ئەقىللىق ئۇلۇغ سەۋەبكار زاتلار بىلەن ئۇلارنىڭ بۇ خىل ئىشلارغا قاراتقان غايىۋى جەريانلىرىنى قىسقىچە تىلغا ئالماي ئۆتەلمەيمىز. ئەلۋەتتە. «تارىخى رەشىدى — زەيلى» دە كۆرسىتىلىشىچە: سۇلتان سەئىدخان، ئابدۇرەشىدخانلار گۈزەل خەت، شېئىرىيەت، ھەلچىلىك (خەتكە ھەل بېرىش)، مۆھۈر ئويۇش، زەرگەرلىك، نەققاشلىق، مىماركارلىق، سازچىلىق... ئومۇمەن خەلق شادلىقى، جەمئىيەت مەدەنىيەت-سەنئىتىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ئۆز ئىمكان، كۈچ-قۇدرەتلىرىنى زادىلا ئايىمىغان زاتلاردىن بولغان. ئۇلارنىڭ ئەل تۇتۇش مەۋقەلىرى: «خان قانداق بولسا، پۇقراسى شۇنداق بولۇر، زاماندار قانداق بولسا، ئۇنىڭ جاھانسازلىرىمۇ شۇنى ئەگىشەر، دورار... خانغا بېقىپ پۇقرا، ئاتىغا بېقىپ بالا ئۆسەر، ساقا بېقىپ مەن، ئىشىككە بېقىپ دەم...»، «پادىشاھ بىلىمدان، ئادىل

بولسا بىلىمدان، ئادىللارنىڭ پادىشاھى بولغاي. نادان، نائادىل پادىشاھ بولسا نادان، نائادىللارنىڭ پادىشاھى بولغاي...» («بەلەن گەپلەر» دىن) دېگەندىن ئىبارەتتۇر. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ شۇ زامان ئەقىل ئۇستازلىرىدىن بىرى بولغان نەۋائىينىڭ: «... كىمكى پادىشاھلارغا مۇلازىم ۋە تەۋە بولسا، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىدا ئوخشاشلىق بولىدۇ. ئەگەر پادىشاھ ئادىل بولسا، خەلقنىڭ ئىشلىرىدىمۇ ئادالەتنىڭ تەسىرى بولىدۇ. ئەكسىچە پادىشاھ زالىم بولسا، خەلقنىڭ زۇلمىدىن قورقۇنچىسى بولىدۇ... ھۆكۈمالار پادىشاھلارنى دەرياغا، ئۇنىڭ خەلقلىرىنى دەريا ئەتراپىدىكى ئۆستەڭلەرگە ئوخشىتىدۇ. دەريا سۈيىدە نېمە خاسىيەت ۋە قانداق كەيپىيات بولسا، ئۆستەڭلەرنىڭ سۈيىدىمۇ شۇ خاسىيەت ۋە شۇ كەيپىيات بولىدۇ... ئۇ ئاچچىق بولسا، بۇمۇ ئاچچىق، ئۇ تاتلىق بولسا، بۇمۇ تاتلىق، ئۇ دۇغ بولسا، بۇمۇ دۇغ، ئۇ سۈزۈك بولسا، بۇمۇ سۈزۈك بولىدۇ...» دېگەن ئەقلىيە ۋەسىيەتلىرىنىڭ سادىق پىداكارلىرى ھەم جارچىلىرىدۇر. مانا بۇ خىل ئىجتىمائىي ئېڭىق مەۋقەلەرنىڭ كۈچلۈك تۈرتكىسى، خانلارنىڭ ئۆزرىسىز ۋە ئۈزۈكسىز تەشەببۇسى، خاھىشۋى بېسىم، ئەخلاقىي دالالەتلىرى تۈپەيلىدىن جەمئىيەتنىڭ پۈتۈكچىلىك، دەپتەردارلىق سەنئىتى ئالاھىدە شەكىل ئالغان ۋە يۇقىرى ئىلمىي ئىز بىلەن جانلاندۇرۇلغان، ئومۇمىيلاشتۇرۇلغاندۇر. شۇ زاماننىڭ بۇ خىل خاسىيەتلىك سەۋەبكار پۈتەكچىلىرىنى سېغىنىش، ئەسلەش، ئۇلارنىڭ يول، تەشەببۇسلىرىدىن پايدىلىنىش، ۋارىسلىق قىلىش — مېنىڭچە بىزنىڭ ئەڭ ئېسىل مىللىي خىسلەت ۋە ۋىجدانىي بۇرچىمىزدۇر، ئەلۋەتتە.

ئادىمى ئېرسەڭ دېمىگىل ئادىمى،
ئانىكىم يوق خەلق غەمىدىن غەمى.

(نەۋائىي)

**پۈتۈكچىلىك ھەققىدە قىسقىچە تەرىپات**

ئۇلۇغ ئەدىب ئەلشىر نەۋائىي (1441 — 1501) ئۆز زامانىدا پۈتۈكچىلىك سەنئىتى ھەققىدە مۇنداق يازغانىدى: «... كاتىپلار (پۈ-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

تۇكچىلەر ـــ ئا) شائىر سۆزىنىڭ گۈزەل ۋارىقى، سۆز خەزىنىسىنىڭ
خەزىنىچىسىدۇر... ياخشى يېزىلغان خەت ۋە چېكىتلەر گۈزەلنىڭ يۇ-
زىدىكى خالدەك كىتابنىڭ بەتلىرىگە زىننەت بېرىپلا قالماستىن، ئوقۇ-
غۇچىغىمۇ راھەت كەلتۈرىدۇ... خەت يازغۇچىنىڭ خېتى توغرا بو-
لۇپ، ئۇ بىر ياكى يۈز بېيىت يازسا، توغرا ئادەملەرنىڭ كۆڭلى دەرھال
ئۇنى قوبۇل قىلىدۇ. ئەگەر خەت يازغۇچىنىڭ خېتى سەت بولسا، خەت-
تىكى مەنىلەر ئوقۇغۇچىنىڭ چۈشەنچىسىنى مۇجمەللىككە سېلىپ قو-
يىدۇ. خۇشخەت بولۇپ خېتىدە خاتا كۆپ بولسا، ئۇنىڭ قولى پالەچكە
گىرىپتار بولسۇن، ئۇ خىل كاتىپلار چېكىتنى ئۆز جايىغا قويماي ھەب-
بىنى خەببى، مۇھەببەتنى مېھنەت قىلىپ يازىدۇ. ئۇ خىل كاتىپلارغا
يۈز لەنەت. خېتىمۇ يامان بولۇپ (سەت بولۇپ دېمەكچى ـــ ئا) خاتا-
سى ھەم كۆپ بولسا، ساقىلىنى بويىۋالغان قېرىغا ئوخشاش مەسخىرى-
گە قالىدۇ... ياخشى كۆرگەن كىشىدىن كەلگەن مەكتۇبنىڭ خېتىمۇ،
مەزمۇنىمۇ ياخشى بولسا، تولىمۇ ياخشىلىقتۇر...»

1907 ـ يىلىدىن 1941 ـ يىلىغىچە ياشاپ ئىجاد قىلغان كىلاسسىك
شائىر، خەتشۇناس ـــ مەكىتلىك ئەھمەد ئىگەمبەردى ھاجىم ئوغلى[1] پۇ-

① ئەھمەد ئىگەمبەردى ھاجىم ـــ 1907 ـــ 1908 ـ يىللىرى مەكىت ناھىيەسىنىڭ غازكۆل يېزا پاختى-
لىق كەنت چېكىلىك مەھەللىسىدە ئۆلىما ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1920 ـ يىلىدىن 1927 ـ يىلىغىچە قەش-
قەر ھېيتگاھ مەدرىسەسىدە ئوقۇغان. ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى، ئۇيغۇر خەتشۇناسلىقى ھەم مۇسۇلمان
شەرق ئەدەبىياتى بىلەن تونۇشقان ھەم ئوقۇشنى تاماملاپ، مەكىتكە قازى بولغان. 1935 ـ يىلىدىن ئېتى-
بارەن يېڭى مائارىپچىلىق، مىللىي ئاڭ ۋە مىللىي غۇرۇر تەرغىباتچىلىقى بىلەن شۇغۇللىنىپ تونۇلغان.
1938 ـ يىللىرى ئەتراپىدا شېڭ شىسەي كۆچلىرى تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنىش، تەقىپلىنىش، يوقىتىلىش
ئوبيېكتى قىلىنغان. شۇنداق خەۋپ سەۋەبىدىن 1939 ـ يىلىدىن 1941 ـ يىلىغىچە يەكەن، يېڭىسار، پەي-
زىۋات... لاردا يوشۇرۇندى مۇساپىرچىلىك ئۆمرىنى ئۆتكۈزۈپ، 1941 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى
34 يېشىدا دەرد بىلەن ئالەمدىن كەتكەن. بۇ زاتنىڭ ئۆمۈر بايانى توغرىسىدا ئىزدەنگەن ئابدۇرېھىم سايىت
«ئەھمىدى ۋە ئۇنىڭ غەزەللىرى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسىدە مۇنداق يازىدۇ: «... ئۆز ھاياتىدا 3800
مىسرادىن ئارتۇق غەزەل، مەسنەۋى، مۇخەممەس، رۇبائىي يازغان. شەيخ سەئدىنىڭ ‹گۈلىستان›، ‹بوس-
تان› ناملىق ئىككى كىتابىنى ۋە ‹لوقمان ھېكىمنىڭ 100 نەسىھىتى› دېگەن ئەسىرىنى نەزم شەكلىدە،
مەسنەۋى ئۇسلۇبىدا بىر قۇرنى بىر مىسراغا سىغدۇرۇپ پارسچىدىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە
قىلغان. ئۇنىڭ تەرجىمىلىرى ئىچىدە يەنە ئەللامە زەمەخشەرىنىڭ ‹ناۋا بىخول كەلىم› دېگەن كىتابىنىڭ
نەزمە شەكلىمۇ بار. ھازىر رەتلىنىشى بۇزۇلۇپ كەتكەن، ساقلىنىشى مۇكەممەلسىزرەك (ئەسلىي رەتلىنىشى
دەخلىگە يولۇققان دېمەكچى ـــ ئا) ئىككى پارچە دىۋانى بار. بىرىنچى دىۋاندا ‹كەيدان›، ‹رىسالەئى رەپئى
سابابە›، ‹ھەدىس›، ‹ھەدىس مۇنتەخىبە›، ‹مىفتاھۇل ئەدەب› (ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئەسىرى)، ‹قۇتبىئى
ئىزھار› قاتارلىق قازان، تاشكەنت، لاھور مەتبەئەلىرىدە بېسىلغان ۋە قولىيازما قىلىپ كۆچۈرۈۋالغان ئە-
سەرلەر بار... ئاپتورنىڭ يەنە ‹ئەجرۇمىيە› (تىل قائىدىسى ـــ ئا)، ‹قائىدە مەكتۇب› (خۇشخەت يېزىش
قائىدىسى) قاتارلىق ئەسەرلىرىمۇ ساقلىنىپ تۇرماقتا».

تۇكچىلىك سەنئىتى ھەققىدە ئەينى چاغلاردا يەنە مۇنداق يازغان :

«... خەتنىڭ چىرايلىقى دىلدارنىڭ ھۆسنىدىن چىرايلىقراقتۇر. ئۇ قاراڭغۇ كېچىنى يورۇتىدىغان بىر ئايغا ئوخشايدۇ. ھەر گۈلنىڭ خازان ۋاقتى بولىدۇ. چىرايلىق خەتنىڭ خازانى بولمايدۇ. ھەمىشە گۈلزاردەك ئېچىلىپ تۇرىدۇ. ئەي ئوغلۇم، خېتىڭنىڭ چىرايلىق بولۇشىغا تىرىشقىن. خەتكە كۆپ ئەجىر قىلغايسەن. ئاللاھتائالا سېنى ئەزىز قىلىدۇ. ھەممە ئالەمگە سەرۋەر بولۇرسەن... ئەي تالىپ مەشىق قىلغىل، تاكى ئالىملارنىڭ ھۆسنىگە مەنزۇر (مەنزىرە — ئا) بولۇرسەن. جاھاننىڭ ھەممىسىگە سەرۋەر بولماقمۇ خەت بىلەندۇر... «قالە ئەلەيھىسسالامۇ ئەلخەتتۇ نىسپىل ئىلىم» — جانابى ھەزرىتى رەسۇلىللاھى ئەلەيھى ۋەسسەللەم: «خەت دېگەن ئىلىمنىڭ نىسپىدۇر» دېگەنىدى... كىشى خېتىم چىرايلىق بولسۇن دېسە، پۈتۈۋەرگەي، پۈتۈۋەرگەي، پۈتۈۋەرگەي...»

يۇقىرىقى تارىخىي تەرىپاتلارنىڭ بىرى (نەۋائىي تەرىپاتى) سەئىدىيە خانلىقى ئالتۇن دەۋرىنىڭ پۈتۈكچىلىك ئىلمى مىزانى ۋە يېزىقچىلىق ئەخلاقى دەستۇرى بولغان بولسا، كېيىنكىسى (ئەھمىدى تەرىپاتى) شۇ زامان تەسىرىنىڭ كېيىنكى چاغلاردىكى قىممەتلىك داۋامى ھەم ئۇيغۇر پۈتۈكچىلىك سەنئىتىنىڭ ھازىرقى زامان نەزەرىيەسى، مىزانى سۈپىتىدە بىزگە تەۋەرۇكتۇر. سەئىدىيە زامانىدىن بىزگىچە يېتىپ كەلگەن يەنە بەزى ئىلمىي ئەستىلىكلەر (زاماندىن زامانغا ئۇلىنىپ قەلەمگە ئېلىنىپ كەلگەن «بەلەن گەپ»لەر، «ئۇنىڭدىن ـ بۇنىڭدىن» دېگەندەك ماۋزۇسىز كۆچۈرۈلمە خاتىرىلەر) دىن بىلىشىمىزچە، سەئىدىيە زامانىنىڭ ئۇلۇغلىرى بىلەن ئەھلى ئىلىملىرى جەمئىيەتتە بەدخەتچىلىككە (خەتنى قائىدىسىز، ناباب، سەت يېزىش ـ ئوقۇشقا — ئا) قارشى ئەخلاقىي، ئىستىلىي جەھەتلەردىن پىسخىكىلىق يەكلەش شەكىللىرى بىلەن ئاشكارا پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ، پۈتۈكچىلىك سەنئىتىنىڭ راۋاجى، ساغلام تەرەققىياتى ئۈچۈن قىممەتلىك تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەن ۋە بۇ ھەقتە مەلۇم ئىلمىي ئادەت شەكىللىرىنى جەمئىيەتكە سىڭدۈرۈپ ئومۇملاشتۇرۇشقاندۇر. مەكتىلىك پېشقەدەم مائارىپچى،

www.uyghurkitap.com

ۋەقەشۇناس («قۇلاق موللىسى») ماموت ئىسلام[1] سەئىدىيە زامانىنىڭ بۇ خىل خاسىيەتلىرىنى تەرىپلەپ ئۆزىنىڭ «ئۆتكەندىن ـ بۈگۈنگىچە» دېگەن خاتىرىسىنىڭ «بەلەن گەپلەر» قىسمىدا مۇنداق يازغان: «... خانلارنىڭ سەردارى، سەئىدىيەنىڭ پاناھى ھەزرىتى ئابدۇرەشىدخان زامانىدا... مالائىكىدىن ئىنسانغىچە، شاھتىن گادايغىچە، موللىدىن نادانغىچە، گولدىن تادانغىچە... ھەممىسى سەت ۋە سەتچىلىكتىن بىزار بولاتتىلەر... بەدخەت ـــ قەغەزدىن قەغەزگە، كىتابتىن كىتابقا، خەقتىن خەققە يۈقۇپ تۇرىدىغان ئەنە شۇنداق سەت ۋە سەتچىلىكنىڭ كىتابى خەزىنىسى دېيىلەر ئىدى... بەدخەت تالىپ پېشكەللىك ھەمراھىدۇر. خەتداشلىرىنىڭ ئەرەجمىنىدۇر. ئۇنداقلارغا مەرتىۋە زايا بولۇر. ھۆرمەت قىممەتسىزلىشەر... بەدخەت ـــ قارغىشقىمۇ، كۆلكىگىمۇ خېتى بىلەن قالار... بەدخەتنى ئۇستازى ئەگەشتۈرمىگەي، دۇئا بەرمىگەي، خېتىدىن لەززەت، ھۆرمىتىدىن ئابرۇي ئالمىغاي، دوستلۇقتا يەكلەنگەي، يارانلىرىدىن ئېتىبار كۆرمىگەي... ئۇلارنىڭ ھەۋەس ئىنتدارى گۇنۇس، مىجەز ـ خۇلقى زىل ۋە نەپىس ئەمەس، تۇراقسىز، خىيالى كۆچمەدۇر. ئۇلار قەلىمى ئالىم، ئەللەما، قازى، ھۆكۈما، ئەل باشلىقى، يۇرت سەردارى، جاھانساز ۋە نازۇك بولۇشقا بىنىپسىپ... ئۇلار... قولى قىسقا بايغا، ئاۋازسىز نەغمىچىگە، پەردازساز قىزغا، گۈلسىز زىلچىغا، رەڭسىز قوغۇن، بويالمىغان مەشۇت، بىنەپەس قارىغا... ئوخشار».

### شۆھرەتلەنگەن ئەنئەنە ـــ خەتتاتلىق

سەئىدىيە خانلىقى مەدەنىيەت ـ مائارىپىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدە پەخرەن خاراكتېرى شۇ يەردىكى، خەتتاتلىق ـــ ئۇ چاغلاردا جەمئىيەتنىڭ ھۆكۈمران يېزىق ئەخلاقى، دۆلەت، مىللەت ھاياتىنىڭ زىننەـ

---

① ماموت ئىسلام ـــ 1940 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدىن 1970 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىغىچە خوتەن، قاغىلىق، مەكىت، يەكەن، ئۈرۈمچى... لەردە مائارىپچىلىق قىلغان. جامائەت خەتپۈرۈشلۈقى، ھۆسنخەتچىلىك، ھۆسنخەت تارىخى بىلەن شۇغۇللانغان. جامائەت يىغىلىشلىرىدا ئىلىم ـ پەن تەرغىباتچىلىقى ۋە جامائەت بىلەرمەنچىلىكى بىلەن تونۇلغان. مەكتەپتە ئالەمدىن ئۆتكەن ۋەقەشۇناس تەخسىتۇر ـــ ئا.

تى، دەۋرنىڭ غۇبارسىز نۇر تىزمىسى سۈپىتىدە پەۋقۇلئاددە ئەھمىيەت- لەنگەندۇر. يەنى ئۇ چاغلاردا دەرسلىكلەر، نادىر ئەسەرلەردىن تارتىپ ھەر خىل نامىلەر (ئىجتىمائىي يېزىقچىلىق ئالاقىلىرىنىڭ ھەممىسىلا) خۇشخەت، راۋان خەت ــ «مالالسىز خەت» (ئوقۇشتا قىينالمايدىغان پۇچۇركا ــ ئا) شەكلىدە يېزىلىشى مۇتلەق شەرت قىلىنىدىغان بول- غان. خۇددى ئابدۇللا تالىپ ئۆزىنىڭ «ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدىن ئۇي- چېر كىلار» دېگەن ئەسىرىدە توختالغىنىدەك: مۆھۈر، تامغا، قەبرە تاشلىرى (قەبرە بەلگىلىرى ــ ئا)، مەدرىسە، گۈمبەز، مۇنار، ئىمارەت، سەيلىگاھ... لارنىڭ ناملىرى (ھاجەتلىك كۆركەملىرى ــ ئا) غا كۆز- نى چاقنىتىپ تۇرىدىغان ھۆسنخەتلەر يېزىلغان، نەقىشلەنگەن. گۈل چىقىرىپ ئىچىگە نەقىش شەكلى بىلەن قوندۇرۇلغان ھۆسنخەتلەر ئە- مارەتكە (نەپىس، مىماركارلىق كۆركەملىرىنىڭ ھەممىسىگە ــ ئا) سىن (زىننەت، ھەيۋەت، نەپىس سەنئەت تۈسى ــ ئا) كىرگۈزۈپ، كۆر- كەملىكى (ھەشەمكارلىقى ــ ئا)نى ئاشۇرۇپ تۇرغان. شۇ زامانلاردا خەتتاتلىق سەنئىتىنى بىلمىگەن كىشىلەر تولۇق بىلىملىك ھېسابلانمى- غان. شۇنىڭ ئۈچۈن ھۆسنخەت سەنئىتى خانلىق مەدرىسەلەرنىڭ (مى- نىگچە بارلىق مەدرىسە، ئاقارتىش، يېزىقچىلىق ئورۇنلىرى بىلەن ھۆ- كۈمەت، دىنىي ئورۇنلارنىڭ، پۈتۈكچىلىك، دەپتەردارلىق ساھەلىرىنىڭ ــ ئا) ھەممىسىدە رەسمىي دەرسلىك، ئۆگىنىش مۇتلەق شەرت قىلىن- غان ئىلمىي نىزام سۈپىتىدە ئۆگىتىلىدىغان بولغان.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر خەتتاتلىرىنىڭ ئەسلەش، ئىزدىنىشلىرىدىن بىلىشىمىزچە، شۇ زامانلاردىن بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ھازىرقى ئۇي- غۇرچە ھۆسنخەت نۇسخىلىرى (خېتى پارسى، خېتى تۈركىي، خېتى پۇشتى، خېتى ئەرەبى، خېتى رۇقئە يەنى پارسچە، تۈركچە، پۇشتۇچە، ئەرەبچە، رۇقئەچە خەت شەكىللىرىنى قوشۇمچە شەكلەن ئەۋرىشكە قىلغان مىللىي خەت نۇسخىلىرى) نىڭ تۈر ـ شەكىللىرى تۆۋەندىكە- لەردىن ئىبارەت بولماقتا. بۇلار: «خېتى تەئلىق»، «خېتى رۇقئە»، «خېتى دىۋان»، «خېتى سۇلۇس»، «خېتى جەللى سۇلۇس»، «خېتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۇفا »، «خېتى نەسفى »، «خېتى ئىجازەت »، «خېتى مۇھاققەت »، «خېتى نايىب »، «خېتى تۇز »... دېيىلىپ كەلمەكتە. بىزنىڭ ھازىرقى خەتپۇرۇشلۇق ھەتتاكى ھۆسنخەتچىلىك سەنئىتىمىزدە تولۇقراق يېزىلىپ كېلىۋاتقان «خېتى تۇز » خەتچىلىكى — خەتچىلىك تارىخىمىزدا ئۇنتۇلۇپ كەتكەن، شاگىرتىسىز قالغان خەت شەكىللىرىنىڭ نۇسخىلىرىنى تېپىۋېلىشىمىز ۋە پۇتۇكچىلىكىمىزنى يۇكسەلدۇرۇشىمىز ئۇچۇن قىممەتلىك نەق مەنبە ھېسابلىنىماقتا.

**دەپتەردارلىق ياكى قەلەمدارلىق توغرىسىدا**

دەپتەردارلىق ـ قەلەمدارلىق تېگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا، ئارخىپچىلىق (تەزكىرىچىلىك، شەجەرىچىلىك، ئىجتىمائىي ۋەسىيەتچىلىك، تارىخ ماتېرىيالچىلىقى ۋە ھۆكۈمەتدارلىق...) ھەققىدىكى تارىخىي خاتىرىلەرنى تۈپ مەنبە قىلغان بىر خىل زۆرۈرىي ئىجتىمائىي سەنئەتتۇر.

ئىنسانلار ھەر قانداق پائالىيەتلەر بىلەن مەشغۇل بولغاندا دەپتەر (يېزىق خاتىرىسى) شەكىللەندۈرىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىدۇ. ئۇنى ئاساس قىلىپ ھەر خىل ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى كۆزىتىدۇ، ئۆگىنىدۇ، بىر تەرەپ قىلىدۇ. دېمەك، بۇ خىل زۆرۈرىي سەنئەت — جەمئىيەتتىكى ئىشلەپچىقىرىش، تىرىكچىلىك پائالىيەتلىرى، سىياسىي، ئىجتىمائىي پائالىيەتلەر، ئىلمىي تەجرىبە كۇرىشىدىن ئىبارەت تۈپ، چوڭ ساھەلەرنىڭ ئەمەلىيەتلىرى جەريانىدا بىۋاسىتە ھاسىل بولغان چىن تارىخىي خاتىرە ۋە قىممەتلىك مەدەنىي بايلىق بولغىنى ئۇچۇن، ھەر قانداق زامان، ھەر قانداق ھاكىمىيەت، ھەر قانداق شەخس ۋە ھەر قانداق ھادىسە ئۇچۇن مەڭگۈ ئېتىبارسىزلانمايدۇ، قىممىتىنى يوقاتمايدۇ، زامان تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ بارغانسېرى زۆرۈرلىشىپ بارىدۇ. ئادالەت ـ ئادالەتسىزلىك، ھەقچىلىق ـ ناھەقچىلىق، مەغلۇبىيەت ـ غالىبىيەت، ھادىسە ـ جەريان... ۋە جىمىكى ئالەم ھادىسىلىرىنىڭ يېزىققا مەنسۇپلاشقان ۋە يېزىققا ئېلىنغان قىسىملىرىنىڭ ھەممىسى بۇ خىل سەنئەت ئۇچۇن ئەڭ خالىس ۋە ئەڭ نازۇك مەنبەدۇر.

سەئىدىيە زامانىدىكى ئومۇمىي تارىخىي جەريان، ۋەقە، ھادىسە (تۇ-
زۇم، خاراكتېر، مەدەنىيەت ـ مائارىپ، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش،
ئەخلاق، ئېتىقاد، كۈرەش، ئادەت، سىياسەت... قاتارلىق جەمئىيەت
پەنجىلىرى) لەرنىڭ بىرگىچە بىر قەدەر قويۇقراق، ئوچۇقراق ئۇلىنىپ
يېتىپ كېلىشى — سەئىدىيە زامانىدىكى دەپتەردارلىق سەنئىتىنىڭ نە-
قەدەر ئىلمىي مۇكەممەللىكى، پۇختىلىقى ۋە سىجىللىقى بىلەن ئالاھىدە
خاراكتېرلىنىدۇ. بۇ ھەقتە جامائەتچىلىكىمىزگە شۇ زامانلاردىن بىزگە
يېتىپ كەلگەن يېزىقچىلىق ئىلمىي مەنبەلىرىدىن بەزى مىسالىي خاتىرى-
لەرنى ئەسلىتىپ ئۆتۈش چۈشەنچىمىز ئۈچۈن ئورۇنلۇق قوشۇمچە-
دۇر. مەرھۇم ۋەقەشۇناس ماموت ئىسلام يېزىپ كەتكەن «ئۇنىڭدىن ـ
بۇنىڭدىن» دېگەن قولىيازمىنىڭ «بەلەن گەپلەر» قىسمىدا رىۋايەت
شەكلى بىلەن مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «... ئۇ زامانلاردا خانلىق ئور-
دىلار، خانلىق مەھكىمىلەر، مەھكىمە شەرئىيلەر، مۇتالىئە، ئەدلە، خەزى-
نە، سىپاھ مەھكىمىلىرى (شەرىئەت، تەتقىقات، ئەدلىيە ـ قانۇن، مالىيە
ـ ئىقتىساد، ھەربىي ئورۇنلار دېمەكچى — ئا)، ساپارەت، مەمۇرىيات،
ساياھات، باراۋات، تېبابات، مەسلاھات... (ئەلچىلىك، مەمۇرىيەتچىلىك
ياكى ھۆكۈمەتچىلىك، ساياھەتچىلىك، كىرىم ـ تاپاۋەت، تېبابىي ـ
داۋالاش، كېڭەش ئورۇنلىرى... دېمەكچى — ئا)، مەدرىسە، مەكتەپ،
ئەۋقاپ ۋە ئىتام... ئورۇنلىرىدىن تارتىپ (ئالىي، ئوتتۇرا ئوقۇتۇش
ئورۇنلىرى، تۆۋەن ۋە باشلانغۇچ مەكتەپلەر، خانلىق ھەم جامائەت
ھېسابىدىكى ئېلىشقا تېگىشلىك يەر، زېمىن ھەققى ۋە باجلىرىنى شە-
كىللىك ۋە شەكىلسىز كىرىم، دەخلىسىز ھۆكۈمەت ھەققلىرىنى يىغى-
ۋېلىش، باشقۇرۇش ئورۇنلىرى) يېتىم ـ يېتىملەرنى، ئەمگەكسىز، ئى-
گىسىز ـ بېقىمغىلا بېقىنىدىغان (بىر تەن بىر جان بىقۇۋۇل ئىسانلارنى
بېقىش — پاناھ بولۇش ئورۇنلىرىنى دېمەكچى — ئا) لارغىچە ھەممىلا
مۇئەسسەسەلەرنىڭ دەپتەر ـ دىۋانلىرى (ئارخىپلىرىنى دېمەكچى —
ئا) بولغان... ئۇ خىل دىۋانلار ھەر قانداق ۋاقىتتا ئەڭ ئېتىبارلىق، ھەر
قانداق چاغ، ھەر قانداق سەۋەب، ھەر قانداق ھۆكۈمران ۋە ياكى ھەر

قانداق جەڭگى ـ مۇجادىلە چاغلىرىنىڭ ھەممىسىدىلا قەتئىي دەخلىسىز بولغان ئىكەنلەر...» بەزىبىر تېرىندى خاتىرىلەر، خەلقنىڭ ئاغزاكى ئەستىلىكلىرىدىن ھازىرچە شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرىمىزكى: ئۇ زامانلاردا ھەر خىل مۇكەممەل قانۇنلارنىڭ بولغىنىدىن سىرت، رىسالەسىز كاسىپ ـ ھۈنەرۋەن، شەجەرىسىز ئۇرۇق ـ قوۋم، جامائەت، خاتىرىسىز سورۇن، ۋەقە، دادىخا، تەزكىرىسىز جاي ـ ماكان (يۇرت)، نەسەبنامىسىز چوقا (باش)، ئەنگە ئېلىنمىغان ئەۋلادى ۋەسىقە، ئەرز، مىراسنامە، دىۋانىسىز مەھكىمە، ئوردا، ھۆكۈمدار ياكى ئالىم، ئەدىب قازناقلىرى (ئىلمىي ئەسەرلەر، كىتابلار خەزىنىلىرى كاتولوگلىرى)، ھۇدۇد (چېگرا)، تاغ، دەريا، سۇ، كۆل، ئورمان، كان، مەدەن، يايلاق، چارۋا مال، مال خىللىرى، سودا، ئېكىنزارلىق، دېھقانچىلىق، ھۈنەر، تىرىكچىلىك... قىسقىسى ـــ خانلىقنىڭ ئاستىدىن ئۈستىگىچە، ئاسمىنىدىن يېرىگىچە، ئۇ ھۇدۇدىدىن بۇ ھۇدۇدىغىچە، كۈندۈزىدىن كېچىسىگىچە، ئادىمىدىن ھاشارىتىغىچە، ھاۋاسىدىن ئاپتىپىغىچە، يېيىدىن يىگىنىسىغىچە دەپتەرلەنمىگەن (ئېلىنمايدىغان ھېساب، ئىز ـ دېرىكى يوق ئادەم، ئىگىسى يوق يەر... ۋە باشقا) ھېچنەرسە بولمىغاندۇر (يۇقىرىدا بېرىلگەن بىر ۋاراق يازما يادنامە يۇقىرىقى گەپلىرىمىز ئۈچۈن قوشۇمچە مىسالدۇر). ئوردا، مەھكىمىلەر، سىياسىي، ئىقتىسادىي، مۈلكىي، ھەربىي، ئەمنىيەت، قانۇن، ساپارات... ۋەھاكازالار ھەر دەرىجىلىك يېتەكچى دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ كاتىبات مەھكىمىلىرى دۆلەت ئېتىبارىدىكى ئورۇن دەرىجىلىرى جەھەتتە ھەر دەرىجىلىك ھەر قانداق چوڭ ـ كىچىك، يۇقىرى ـ تۆۋەن ئوردا، مەھكىمىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئەڭ تۆرىدىن ـــ تاجىسىزلارنىڭ باش ئوردىسى، ئوردىنىڭ مىڭە ئاپپاراتى سۈپىتى بىلەن مەۋجۇت بولۇپ تۇرغاندۇر. بۇ خىل ئورۇنلارنىڭ قەلەمدارلىرى (سەر كاتىپ، مىرزا، كاتىپ ۋە كۆچۈرمە كاتىپلىرى) تۈركۈملىرىنىڭ ئورۇن، ھەشەم، مەئىشەت، ئابرۇي، ئىناۋەت... جەھەتلەردىكى ئىمتىيازلىرىمۇ «تاجىسى يوق پادىشاھ» لار بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرغانلىقى ھەققىدە «بۇرقۇم ئەۋلىيا» ناملىق قولىيازمىنىڭ ئاپتو-

ری سۇلتان باي ھاجىم مۇنداق يازغان: «ئۇلار — ئەلەم بىلەن ئىلىپ قەلەم بىلەن تۇتۇپ، ناھەق، ناراۋاجلىقا، پەريادى ئەلەمگە ئورۇن، ئىشارەت بەرمەي، ھەق جاھان تۇتۇپ، ئەدلە بىلەن ئىش قىلىپ، يېزىپ يۇرت سوراپ، ئەل تۇتۇپ تۇرغان ھۆكۈمرانلارنىڭ دىۋان - دەپتەر پەرىشتىلىرى، توغرىلىقنىڭ مۇئەككىلى سانىلاتتى...» شۇنىسى ناھايىتى ئايانكى، خانلىق ھۆكۈمالىرى پۈتۈكچى دەپتەردارلاردىن ھەر قاچان راستلىقا، ئادالەتكە، ئىلىم - ئەدەبكە مايىل، قۇسۇرسىز، خاتىرى سۇسلاشمايدىغان، توغرىلىقتا مۇۋاپىق، راستىنى يازىدىغان، خاھىشى مال - مۈلۈك دىمەيدىغان، كۆڭلى ھەيىار، ھىيلىگەرلەرنىڭ «مۇلايىملىقلىرى»نى ياقتۇرمايدىغان بولۇشىنى، ئۆزىگە ۋە ياتقا ھۆكمى ھەم قەلىمى بىردەك، ئىلىم، راستلىق تەقۋاسىدىن كۆڭلى ئىچىلىدىغان، دىققىتى ۋە ئەقىل - پاراستىدىن دىيانەتسىزلەر غەمگە چۆكىدىغان، ھىيلە - شەررە ئىشلاردىن كۆڭلى ئوچۇق، نىشانى يورۇق، پارىخورلار يېنىدا ھۇزۇرسىز، ھىيلىگەرلەر ئالدىدا ئەيىبلىك، ئۆز مەسئۇلىيىتىدىن باشقا ھېچقانداق قورقۇنچتىن چۆچۈمەيدىغان، مۇتلەق توغرا، راستلىقنى ئىككى ئالەملىك ئىتىقاد ئۆلچىمى قىلغان بولۇشنى تەلەپ قىلىشقانلىقى شۈبھىسىزدۇر.

سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئالتۇن چاغلىرىدا دۆلەت، ھاكىمىيەت، جەمئىيەت، جامائەت جاھانسازلىقىغا مەنسۇپ دەپتەردارلىقتىن باشقا يەنە ئىجتىمائىي خەلق دەپتەردارلىقى يەنى خەلق ئارىسىدىكى كىتابپۇرۇشلۇق، رىسالىچىلىك، تەزكىرىچىلىك، نەسەبنامە، جەڭنامە، زەپەرنامە، شادنامە، مۇسىبەتنامە... دېگەندەك ئىجتىمائىي ئەسەرۋازلىقمۇ ئالاھىدە ئومۇمىي كەسپىي ھۇزۇرۋازلىق ھېسابلىناتتى.

بۇ خىل ئىسىل مىللىي ئەنئەنىنىڭ داۋامى ھېلىمۇ خەلقىمىز ئارىسىدا ئۆز تەسىرىنى يوقاتقىنى يوق. بىز يەنىلا ھازىرقى جەمئىيىتىمىزدىن بۇ خىل ئەنئەنىنى — ئادەت، تارىخ، تۇرمۇش، ئەدەپ، نەسەب، مۇھەببەت، نەپرەت، شەجەرە، ھادىسىلەر مەزمۇن قىلىنغان نۇرغۇن رىسالىلەر شەكلى بىلەن ئۇچرىتىپ تۇرماقتىمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەنبەلەردىن بەزى مىساللار

رىسالىچىلىك توغرىسىدا: چوپانلار (ھايۋاناتچىلىقنى، چارۋىچىلىقنى كەسىپ قىلغانلار) رىسالىسىنىڭ بىر بېتى مۇنداق پۈتۈلگەن: «... ئادەم ئاتىدىن بۇيان، ئەلمىساقتىن بېرى يەتتە ئاتىدىن، يەتتە ئانىدىن تەۋە بولۇپ كەلگەن ئەۋلادى تەۋەرۇكاتنامە (رىسالە)نى ئالاھازەل ھەر جۇمەدىن كېيىن ئېچىپ ئوقۇماق، كۆچۈرۈپ يېڭىلىماق، كۆپەيتمەك سۈننەتتۇر. ياخشى ساقلىماق، مىراس قالدۇرماق قەرزدۇر... رىسالىسىز چوپان پۇشتى (ئەجداد) قەبرىسىنى تاشلىۋەتكەن، ئەجداد ماكانىدىن كەچكەن (ۋەتەنسىزلەشكەن)، ئەل يۇرتىغا ۋاپا قىلمايدىغان، پۇشتى ـ ئەجدادلىرىنىڭ نام ـ شەرەپلىرىگە نۇقسان، تارىخىغا تۆھمەت ـ ھاقارەت تاپقان... ئەۋلادى قارغىشقا ۋە لەنەتكە مەھكۇم چوپاندۇر... ئۆزىنىڭ رىزقى ـ تاپاۋەت خەزىنىسى بولغان ئىلكىدىكى ھالال مالنى ناشايان ۋە ناباب سەرپ قىلغان، تارتتۇرۇپ قويغان، ئىشلەتكەن، بۇزغان، زەخىمدار قىلغان، ئەتىۋارلىمىغان، خورلىغان... چوپان — چوپانلارنىڭ پىرى ھەزرىتى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئا ـ شەپقەتلىرىدىن مەھرۇم، رىزقى كەم، تەتۈر پەلەك، شۇم پېشانە، ئۆمرى خار چوپاندۇر...» (بۇ رىسالىنى مەن 1954 ـ يىلى قاغىلىقنىڭ كۆل دېگەن يېرىدىكى توختى چوڭ دېگەن كىشىدىن ئالغان ئىدىم — ئا).

كىتابپۇرۇشلۇق توغرىسىدا: كىتابپۇرۇشلار (كىتاب، رىسالىلەرنى كۆچۈرۈپ، كۆپەيتىپ تارقىتىپ، جامائەتنى، كىتابخانىلارنى كىتابلىق قىلىدىغانلار) توغرىسىدا «ئۈنىڭدىن ـ بۇنىڭدىن» نىڭ «بەلەن گەپلەر» قىسمىدا مۇنداق خاتىرە يېزىلغان: «... ھەر ئىككىلا ئالەمدە ياخشى كىتاب ـ رىسالە، سالنامە... گۆھىرى كىتابلارنى پۈتكەن (يازغان)، ساقلىغان، ئەزىزلىگەن، كۆپەيتكەن، مىراس قالدۇرغان، ئەھلى جامائەتكە بىلدۇرگەن، ئوقۇپ بەرگەن، تارقاتقان، يايغاندىن ئارتۇق ساۋاب، خاسىيەت، نام ـ شەرەپ بولمىغاي... كىتاب ـ رىسالىلەر... نى ئالماق ـ ساتماق قىلغانلار، تاشلىۋەتكەنلەر، خورلىغانلار، ئوقۇماي،

تاۋاپ قىلماي توپا ـ تۇپراق قونىدۇرۇپ، پۇكلەپ، ناباب ئورۇنىدا... قويۇپ ساقلىغانلار دائىما ئەرەجمەنلىك (ئۆمۈرۋايەت ھەرەج ـ جاپا تارتىپ يۇرۇشكە نىبىسىپ بولۇش ـــ ئا) ئەلىمىدىن قۇتۇلالمىغاي...»

بىزگە مەلۇمكى، بىزنىڭ تارىخىمىزدا كەسىپىي تىجارەت، يەرلىك سودا ۋە چارۇ بازارچىلىق... كارۋان سودىگەرچىلىكىنىڭ ئىنتايىن راۋاجلانغانلىقى توغرىسىدا سان ـ ساناقسىز مەلۇماتلار بولسىمۇ، لېكىن كىتاب، رىسالە سودىگەرچىلىكى توغرىسىدا ھېچقانداق خاتىرە، ئىز ـ دېرەك ئۇچرىمايدۇ. سەۋەب: ئەدىبلەر، كىتاب پۇتكەنلەر، كۆچۈرگەنلەر، تاپقانلار ياكى كۆپەيتكەن، شەرھلىگەنلەرنىڭ ھېچبىرى ئۆز ئەمگەكلىرىگە باھا دېمەيدۇ. كۆڭلى خالىغان ياكى تەلەپ قىلغان ھاجەتمەن، خۇشتارمەن ھەمىيارانلىرىغا ھەدىيە قىلىدۇ. ھەدىيەگە جاۋابەن تۆھپە ـ ئىنئام قوبۇل قىلىدۇ. «ئۇمۇ كاپىردىن يامان، بۇمۇ كاپىردىن يامان، پاك كىتاب سازانگىرى (كىتابنىڭ نەرخىنى ئۆزە قويۇپ، باھا تالىشىپ، سازايى قىلىپ خېرىدار خۇمارلىق نەپسانىيەتچىلىكى بىلەن كىتاب ساتىدىغانلار ـــ ئا) ھەممە كاپىردىن يامان»، «دۇنيانىڭ ھەممە بايلىقى ياخشى كىتابنىڭ خۇنىغا تەڭ بولالماس» دېگەندەك ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى بۇ قارىشىمىزنىڭ ئاساسىدۇر.

**مۇسىبەتنامە توغرىسىدا:** سۇلتان ئابدۇكېرىمخاننىڭ ھازىسى مۇناسىۋىتى بىلەن يېزىلغان «مۇسىبەتنامە» دېگەن كۆچۈرۈلمە دەپتەرنىڭ بىر بېتىدە مۇنداق خەت ـ قۇرلار تىزىلغان: «تارىخىي توققۇز يۈز توقسان توققۇز، سەرتان جامادىيەل ئاخىرىنىڭ باش يەكشەنبە كۈنى ئېردى ـــ (1591 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ باش ھەپتە كۈنى يەكشەنبە ـــ ئا). چاھار باغ دىيارىدا (مارالبېشىنىڭ چارۋاغ يېزا تەۋەلىكىدە بولسا كېرەك ـــ ئا) شاھلارنىڭ شاھى، ئەزىزلەرنىڭ ئەزىزى، خەلقى ئالەمنىڭ باشپاناھى، ۋەتەن تۇپرىقىنىڭ نۇرى، جاھان ئەقلىمىنىڭ سەردارى... ھەزرىتى ئۇلۇغخان (ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئوغلى ھەم ئابدۇرەشىدخان ۋاپاتىدىن كېيىن تەخت ۋارىسى بولۇپ، ئادىل پادىشاھ نامىنى ئالغان ئابدۇكېرىم تارىختا «ئۇلۇغخان»، «ئادىلخان» دېگەندەك لەقەملەر بىد-

لەنمۇ شۆھرەتلەنگەن ـــ ئا) تەقدىرى ـ قەستى قازا بىلەن باقىي ئالەمدىن پانىي ئالەمگە رەھلەت قىلدىلەر. جۈملە ئالەم، ئادەمىزات، دەۋ ـ پەرىزات، مەۋجۇزات... بىر ياشاردىن 100 ياشارغىچە، بۇ زاتنى بەرىكاتقا تەئزىيە ھازىلىرى بەجا كەلتۈردىلەر. بۇ مۇسىبەت ئالىمىدىن، ھازىلار زارىدىن قۇياش ئۆز نۇرىنى ياشۇردىلەر، شاھىنىڭ شەۋكەتلىك ئوردىسى قىرىق كۈنگىچە ماتەم دىيارى بولۇپ دەريا ـ دەريا كۆز ياشلىرىنى ھەمراھ ئەيلىدىلەر...» (بۇ پۈتۈك ـــ 1970 ـ يىلى مەكتۇمەنتالدا مامۇت ئىسلامدىن كۆچۈرۈۋېلىنغان خاتىرە دەپتىرىمدىن كۆچۈرۈلدى ـــ ئا) ناھايىتى ئېنىقتۇركى، سەئىدىيەنىڭ ئالتۇن چاغلىرىدا ئارخىپقا باغلانمىغان، يېزىققا ئېلىنمىغان جەمئىيەت تەركىبى، نەسەبنامىسى ـــ تېگى يوق ئادەم، تەزكىرىسى يوق يۇرت، رىسالىسى يوق جاھانساز، يېزىق تارىخسىز جەمئىيەت ـــ تەبىئىيكى، ھاياتقا ناقابىل، كېلەچىكى ئىستىقبالسىز، تەقدىرى غۇۋا، ئەجداد بىلەن ئەۋلاد ۋارىسلىشالمايدىغان، مىللىي ئاڭ ۋە مىللىي ئىشەنچ سېزىمى خۇنۈك، ۋەتەنپەرۋەرلىكى سۇس، ئىلىم ـ مەرىپەتتىن ئەسەرسىز... زاۋال جەمئىيەتكە ھامىلىدار دەپ قارالغاندۇر.

«ئەلمىساقتىن بېرى، ـــ دەپ يازىدۇ ھۆرمەتلىك ۋەقەشۇناس ئەدىب مامۇت ئىسلام، ـــ نەسەپنامىسى يوق ئادەمدە، رىسالىسى يوق ھۈنەر ـ ۋەن ـ كاسىپتا، خېتى يوق زېمىندا، تەزكىرىسى يوق يۇرتتا، تارىخى ئېتىبارسىز ئەلدە... غۇرۇر، بەرىكەت، ئۈنۈم تۆۋەن ۋە ھوزۇرسىز بولار، بىرلىك سۇس، تەپرىقچىلىك ئادەتلەشكەن، جامائەتنى قولالمايدىغان، ھەمغەيۋەتلەر يامرايدىغان مەنبە ھېسابلىنار. ئۇنداق جەمئىيەتتە پېشكەللىك، بەدبەختلىك ھۆكۈمران تەقدىر ئورنىنى ئالار... دەپ قارىلاتتى.»

## مۇئەللىپتىن تەۋسىيە:

يۇرتىمىز ۋە خەلقىمىزنىڭ تارىختىكى مەدەنىيەت بايلىقلىرىنى، مىراسى تەۋەرۇكات ـــ سەنئەت خەزىنىلىرىنى ھازىرقى چاغ كىشىلە-

رىمىزگە بىلىشىمىزچە يېزىپ تونۇشتۇرۇش — مېنىڭ ئارمان جەريا-
نىمدۇر. دۇنيادا تارىخنى ئەسلەشتىن ئارتۇق ھۇزۇر، پەخىرىمەنلىك
بولمىسا كېرەك. تارىخ دېمەك ئاتا - بوۋاڭدىن قالغان ۋە سېنى ئادەم
قىلغان جەريان بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىنسان ھايات - ماماتلىقىنىڭ
كالېندارى ۋە ئەينىكىدۇر. جامائەتچىلىكىمىزنىڭ قىممەتلىك ۋاقتى -
غەنىيمەتلىرىنى جىق گەپ، ئۇزۇن خەتلەر بىلەن زايا قىلىشتىن ساقلى-
نىش مەقسىتىدە بۇ ماقالەمنىڭ تارىخ بويلاپ يېزىلىدىغان داۋامى بابلى-
رىنى مەزكۇر ژۇرنالنىڭ كېيىنكى سانلىرىغا ئاتىماقچىمەن. ماقالەمدە
كېتىۋاتقان سەۋەن - خاتالىقلار بولسا تۈزىتىش، پىكىرلەر بېرىلسە،
سەمىمىي مىننەتدار بولىمەن، پايدىلىنىمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## 5. سەئىدىيە زامانىدىكى ئۇيغۇر خەلق سەنئىتى

مۆھتەرەم ئوقۇغۇچىلىرىمىزنى سەھىپىلىرىمىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى داۋام ئارىلىقلىرىدا بەزىبىر «تەنەپپۇسلۇق سوۋغاتلار» (قوشۇمچە - قىستۇرمىلار) بىلەن ئارىلاپ تەمىنلەپ تۇرۇشنى ئىستىلىي زۆرۈرىيەت دەپ بىلدىم، غەيرىيلىك بىلىنمىگەي.

تەرىپات

*«... سازەندە — شادلىق يەتكۈزگۈچى، ناخشىچى — غەمنى كەتكۈزگۈچىدۇر. ھال ئەھلى — (ئىشق — مۇڭ ئەھلى — ئا) ھەر ئىككىسىنى تولىمۇ ياخشى كۆرىدۇ. ياخشى سازچىنىڭ ساز ۋە نەغمىسىگە ئىشتىكۈچىنىڭ ھاياتى پەيدا بولسۇن. خۇش ئاۋازىدىن كۆڭۈل ۋە روھ قۇۋۋەت تاپىدۇ. خۇش ئاۋاز ناخشىچىنىڭ ناخشىسىدىن دەردمەنلەرنىڭ يۈرىكىدىكى ئوتى ئۆلغىيىدۇ. يەنە ئۇ ناخشىچىغا گۈزەللىك قوشۇلسا ھال ئىگىلىرىگە قىيامەت بولىدۇ. بىر ناخشىچى دەرلىك نەغمە چەكسە زەخىملىك يۈرەكتە چوڭقۇر تەسىر قوزغايدۇ. گۈزەل ناخشىچىنىڭ ئاغزىدىن چىققان ئاۋاز ھال ئىگىلىرىنىڭ كۆيگەن باغرىدىن ئوت چىقىرىۋېتىدۇ. سازچىنىڭ مىجەزى مۇلايىم بولۇپ، ئۇنىڭ ئەقىل - پەمى بولسا ئادەمنىڭ كۆڭلى ئاشتىن بولسىمۇ ئېرىتىۋېتەلەيدۇ. بولۇپمۇ ناخشىچى ھەم ناخشا ئوقۇپ ھەم ساز چالسا كۆڭۈل مەملىكىتىگە قوزغىلاڭ سالالايدۇ. تەرىقەت يولىدىكى كىشىلەرگە ئەنە شۇنداق جايدا — (ياخشى ساز چېلىنغان، ناخشا ئوقۇلغان جايدا — ئا) بىر خەۋپ باركى — يا بىر «ئاھ» بىلەن مەقسىتىگە يېتىدۇ ياكى بىر نەچچە يىل توپلىغان نەرسىسىنى قولىدىن كەتكۈزۈپ قويىدۇ...»*

*(نەۋائىي)*

ئىشقىي سەنئەت ئەھلىنىڭ پسىخىكىلىق خاسىيەت، خىسلەتلىرى ۋە

سەنئەت ھۆزۈرى تەسىرىنىڭ ئىنسانلار روھىي ھاياتىدىكى ئوينىغان رولى، ئەھمىيەتلىرى توغرىسىدا بايان قىلىنغان بۇ تەۋرىرۈك تەرپىات — تەبئىيكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ — جۈملىدىن بىزنىڭ ئومۇمىي ھېسسىي، ئىلمىي سەنئەت چۈشەنچىمىزدۇر.

## 1) غۇبارسىز مەۋقەلەر
(سەھىپىمىزنىڭ تارىخ قىسمى)

سەئىدىيە خانلىرىنىڭ — ئەڭ ئاساسلىقى سۇلتان سەئىدخان، سۇلتان ئابدۇرەشىدخانلار ۋەكىللىك قىلىدىغان 16 - ئەسىر سەئىدىيە خانلىرىنىڭ تارىختا بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن ئەڭ گەۋدىلىك خىزمەت - ئۆتتۈق - تۆھپىلىرىدىن بىرى — ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر ئىجتىمائىي سەنئىتىنى جانلاندۇرۇش، بولۇپمۇ باش ئوتتۇرا ئەسىر دىنىي جاھالەت — (سوپىزم جاھالەتچىلىكى) ئىسكەنجىسىگە دۇچ كېلىپ، بوغۇلۇپ تۇرۇۋاتقان ئىجتىمائىي خەلق ئويۇن - سەنئىتىنى ئاز كەم بىر ئەسىرلىك ھاكىمىيەت كۈچى بىلەن قۇتقۇزۇش، قەدىرلەش، يۈكسەلدۈرۈش، سەنئەت ۋە سەنئەت ئەھلىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنى، غۇرۇرىنى تىكلەش، ئېتىبارلاش، بولۇپمۇ جاھالەتنىڭ ئەنئەنىۋى ئىشقىي ئىلىم ۋە ئىجتىمائىي شادىمانچىلىق ئېقىمىغا قارشى قىلىۋاتقان خىرىس، تەسىر - بېسىملىرىنى چەكلەش، توسۇشتىن ئىبارەتتۇر. تارىختا خۇددى «يەكەن تارىخى»دا تەسۋىرلەنگەندەك: «كىشىلەر ئاردىسىدىكى ئادەمگەرچىلىك، دوستلۇق تازا ۋايىغا يەتكەن، قومۇلدىن تارتىپ بەدەخشانغىچە كىشىلەر ئۆزئۆق - تۈلۈك ئالماي خاتىرجەم - بەمالال بېرىش - كېلىش قىلىپ تۇرىدىغان بولغان...» ھەقىقىي ئازاد، پاراۋان ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى بەرپا قىلىپ ھەم بۇ خىل جەمئىيەتنى ئاز كەم بىر ئەسىر ئۆز ئىلكىلىرىدە مۇقىم ساقلاپ ئالەمدىن ئۆتكەن بۇ خىل ئەزىز زاتلارنىڭ تارىختىكى سەنئەت مەۋقەلىرىنى ئەسلەش، ئۆگىنىش بىز ئۈچۈن تولىمۇ ئەھمىيەتلىكتۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سۇلتان سەئىدخان ئىجتىمائىي ئىشقىي مۇھەببەت ۋە سەنئەت ھۇزۇرى توغرىسىدا مۇنداق يازىدۇ:

قايسى گۈلشەننىڭ يۈزۈڭدەك بىر گۈلى رەناسى بار،
قايسى گۈلنىڭ بىر مېنىڭدەك بۇلبۇلى شەيداسى بار.

ھۆرى[①] بىرلە جەننەتۇل مەئۋانى كۆڭلۈم نەيلىسۇن،
يارنىڭ كويىدا[②] يۈز مىڭ جەننەتۇل مەئۋاسى بار.

لەئلىدىن كەتتى بۇدۇر[③] ھەردەم تىرىكلىككە نىشان،
خۇش نىشاندۇركى ئىككى قاشىدىن توغراسى[④] بار.

بىر چۈچۈك سۆز بىرلە ئۆلگەن جىسمىمگە بەردىڭ ھايات،
لەئلى جان بەخشىڭدە[⑤] گويا كىم مەسىھ ئەنباسى[⑥] بار.

يۈزى ئۈزرە كاكۇل ۋە زۇلپىن[⑦] پەرىشان كۆرگىلى،
ئى سەئىد ئاشىپتە[⑧] كۆڭلۈمنىڭ ئەجەب سەۋداسى بار.

ئىجتىمائىي ئىشقىي مۇھەببەت ۋە سەنئەتنىڭ قەدىردان ھامىيلىرىدىن بولغان بۇ خاسىيەتلىك زاتنىڭ ئۆز زامانلىرىدا مەدەنىيەت ـ سەنئەت سۆيەرلىك خىسلەتلىرى توغرىسىدا ئۇيغۇر تارىخچىسى مىرزا ھەيدەر بىننىي مىرزا مۇھەممەد ھۈسەيىن قەشقەرىي ــ (كوراگانى) مۇ مۇنداق يازغانىدى: «سەئىد خان كۈچلۈك مەرىپەتپەرۋەر، مەدەنىيەت

① ھۆرى ــ ئەپسانىلەردە سۆزلىنىدىغان «جەننەت» تىكى ھۆرى ـ پەرىلەر؛
② يارنىڭ كويىدا ــ يارنىڭ كوچىسىدا.
③ لەئلىدىن كەتتى بۇدۇر ــ يارنىڭ ئىللى لېۋىدىن چىققان ھەر تىنىقتا ھاياتقا نىشان بېرىلىدۇ.
④ ئىككى قاشىدىن توغراسى ــ يارنىڭ ئىككى قېشى ئۇتىنىڭ قاشلىرىغا ھايات يولىنى كۆرسەتكۈچى ماۋزۇ ـ بەلگە.
⑤ لەئلى جان بەخشىڭدە ــ سۆيگۈنۈمنىڭ لېۋىدە ئۆلۈككە جان ئاتا قىلىدىغان نەپەسلىرى بار.
⑥ مەسىھ ئەنباسى ــ ئەپسانىلەردە ئېيتىلىشىچە، ئىيسا پەيغەمبەر ئۆلۈككە مەسىھ ــ (دەم) سالسا ئۆلۈك تىرىلگەندەك، يارنى سۆيۈش ئۇتنىڭ ئىشقىدا ئۆلگەن ئاشىقلىرىنى تىرىلدۈرىدۇ.
⑦ كاكۇل ۋە زۇلپىن ــ تال ـ تال بولۇپ يۈزلىرىگە سىرىلىپ تۇرغان چاچ.
⑧ ئاشىپتە ــ زارلانغان، نالە قىلغان.

ئاشىناسى ئىدى... ئۇنىڭ دەۋرىدە قەشقەرنىڭ مەدەنىيەت ھاۋاسى نۇرلاندى... سەئىدخان ئىبسل، نىجادكار ۋە ئالىيجاناب زات ئىدى...» («تارىخى رەشىدىي» — «قازاقچە تەبىرى»، رۇسچە نەشرى 137 — 139 - بەتلەر).

مەشھۇر تارىخچى مىرزا مەھمۇد جۇراسمۇ ئۆزىنىڭ «تارىخى رەشىدىي — زەيلى» دېگەن كىتابىدا سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئىجتىمائىي سەنئەت مىجەزى توغرىسىدا توختىلىپ مۇنداق يازغانىدى: «... ھۈنەر - سەنئەتتە ئۆز دەۋرىنىڭ كامىلى ئىدى. ئويۇن - سەنئەتنى قىزغىن سۆيەتتى. ئۇد، ساتار، تەمبۇر، چارتار، غىجەك... لەرنى ياخشى چالاتتى. تۈركچە، پارسچە شېئىرلارنى بەھۇزۇر يازالايتتى. غەزەلخان ئىدى. ئەلەم ۋە قەلەم ساھەسىنىڭ ئىستېداتلىق ماھىرى ئىدى...»

سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئىجتىمائىي مەرىپەت، سەنئەت سۆيەرلىك پەزىلەتلىرى توغرىسىدىمۇ مىرزا مەھمۇد جۇراس يەنە شۇ كىتابىنىڭ 74 - ۋە 82 - بەتلىرىدە: «مۇزىكا ئىلمىنىڭ مۇسەننىي — (ئۇستازىنىڭ ئۇستازى — ئا) ئىدى. «ئىشرەت ئەنگىزى» — (خۇشاللىق قوزغاش) دېگەن بىر مۇقام ئىجاد قىلدى. بۇ مۇقام ئالدىدا بارلىق ئەھلى ساز تەسلىم بولدى. چارتار، دۇتار، قالۇن، راباب، ئۇد، غىجەكلەرنى ياخشى چالاتتى... سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ساز چالغاندا بىمەززاقلەر — (زەۋق - شەۋقى يوق كۆڭلى تۇن، ئىشقىي - ھەۋەس تۇيغۇسى زەئىپ، بىمەزىلەر — ئا) بولسىمۇ تەسىر قىلاتتى ۋە تەسىرلىك ھالەت پەيدا قىلاتتى. تۈركىي بېيىت، غەزەللەرنى ئىجاد قىلىشتا، ئېيتىشتا كامىل شائىر ئىدى...» دەپ تەرىپلەر يېزىپ كەتكەنىدىلەر. سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئىجتىمائىي ھاياتتا، جۈملىدىن خەلق ئىلىم - سەنئەت ھۇزۇرى ئىستەكلىرىگە بولغان قاراش، غايە - مەۋقەلىرىنى ئۇنىڭ مۇنۇ مىسرالىرىدىنمۇ ئوچۇق بىلىۋېلىشقا بولىدۇ:

«دۇنيا بىر ھۆسنى ئەھلىدەك نامىھرىبانى پىش ئەمەس،
كىمنىكى كۆيسە سودىدىن كۆپرەك زىيانى پىش ئەمەس.

دۇنيانى[1] باقىي تەسەررۇپ تۇتمىغىل شەددادىدەك،
نەچچە بىر ئىت كەم دىگەندەك ئۇستىخانى پىش ئەمەس.

سەلتەنەت تەختىدە «مەن دۇرمەن» دىگەن ئول شاھلار،
جان بىرەردە بىر گادايى ناتىۋانى پىش ئەمەس.

ئەي رەشىدى بولمىغىل مەغرۇر جاھان گۈلزارىغا،
قايسى گۈلشەننىڭ گۈلى ئاخىر خازانى پىش ئەمەس.

(«تارىخى رەشىدي — زەيلى» كۆچۈرۈلمە نۇسخا 86 ـ بەت)

يۇقىرىقىدەك سانىسىزلىغان تارىخىي ئاساسلاردىن ۋە سەھىپىمىزنىڭ بۇنىڭدىن كىيىنكى پەيتلىك بەتلىرىدە تەكىتلەنگۈسى ئىلمىي دەلىللەر-دىن ھەقلىق ھالدا شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرەلەيمىزكى: سەئىدىيە خانلىقى-نىڭ ئالتۇن زامانلىرىنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئىتى شەك ـ شۈبھىسىز ئىجتىمائىي ئىلغار مىللىي سەنئەت (ئۇيغۇر خەلقىنىڭ شۇ زامانغا نىسبە-تەن ئىلغار بولغان ئەنئەنىۋى دۇنياۋى تەپەككۇر سەنئىتى — ئا) تۇر.

سۇلتان سەئىدخان، سۇلتان ئابدۇرەشىدخانلارنىڭ بىزنىڭ سەنئەت تارىخىمىزدىكى ئەڭ قىممەتلىك خاسىيەتلىرىدىن بىرى — ئۇلارنىڭ سەنئەت مەۋقەلىرىنىڭ ھەقىقىي ئىلغار بولغانلىقى بىلەنمۇ ئالاھىدە خاراكتىرلىنىدۇ. شۇڭا، بىز ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي سەنئەت مەۋقەلىرى كىيىنكى ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ — (ھاكىمىيەت، جەمئى-يەت، دىن، ئەخلاق، تۇرمۇش، ئادەت، پەن، مەدەنىيەت ساھەلىرىنىڭ) ھەممە تەركىبلىرىگە سىڭىپ، تەسىر ئۆتكۈزۈپ، ھۆكۈمران جەمئىيەت چۈشەنچىسىگە ئايلىنىپ كەتكەن مەنىۋى ئۆلچەم ھالىتىدىكى قەتئىي ۋە غۇبارسىز مەۋقەلەر ئىدى دەپ باھالايمىز. ھەم لۇتفى، ئاتائى، ئەھمە-

---

[1] دۇنيانى — ۋەج ـ ئوقەتنى

دى، يەقىنى، سەئىددىن قەشقەرى، ئەلىشىر نەۋائى قاتارلىق بۈيۈك ئالىم، ئەدىبلىرىمىزنىڭ ئىجتىمائىي تەپەككۇرچىلىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت مەۋقەلىرىنى ئۆزلىرىگە نىشاننامە قىلغان بۇ زاتلارنىڭ تارىختىكى تۆھپىلىرىنى تارىخ خەزىنىمىزدىكى ئەڭ قىممەتلىك تەدبىرنامىلەر سۈپىتىدە ئەسلەيمىز ۋە قەدىرلەيمىز.

**(1) شەرەپلىك قەدەملەر**

ئىبادەت ئەسلى خەلققە خىزمەت قىلىش،
مەسچىت، جايىنامازدا ئەمەس بۇ ئىش.
(سەئدى شىرازى)

سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئالدىنقى خانلىقلىرى — (ئاساسەن سۇلتان سەئىدخان، سۇلتان ئابدۇرەشىدخان زامانى) ناھايىتى روشەنكى، ئۆز پەيتلىرىدە ئىنتايىن نامرات ۋە خاراب ـ خۇراپىي جەمئىيەتكە — (بازىستا ئاساسەن تەبىئەت ئىگىلىكى ۋە تەبىئىي تۇرمۇشقا، ئىدىئولوگىيە ـ ئۇستقۇرۇلمىدا بولسا ئاساسەن «تەقدىر» چىلىككە — جۈملىدىن جاھالەت تەقدىرچىلىكىگە، ھاكىمىيەت ۋە سىياسىي تۈزۈلمىدە بولسا زۇلۇم ـ زەخمىتى ئېغىر چاغاتايلار ئوردىلىرىغا بىقىنىپ ھالسىزلىنىپ كەتكەن قاششاق جەمئىيەتكە) بۆسۈپ كىرگەن ئېغىر دەردسەرلىك ھاكىمىيەتلەر ھېسابلىناتتى. شۇڭا، بۇ خانلىق يېتەكچىلىرىنىڭ ئالدىدا ئۆزلىرى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان چاغاتايلار ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئومۇمىي تەسىرلىرىنى، بولۇپمۇ ئەڭ مۇھىمى ھىراتلىق تەسەۋۋۇپچىلار «داھىيسى» — چوڭ ئاقسۆڭەك خوجا ئەبەيدۇللا ئەھرار باھاۋىددىن نەقشىبەندىگە غايىبانە ئېتىقاد قىلدىغان جاھالەت ھامىيسى زالىم مىرزا ئابابەكرى خاندانلىقىنىڭ 40 نەچچە يىللىق تەسىرى زەخمىلىرىنى تۈگىتىش، خەلقنىڭ ماددىي، مەنىۋى ئازادلىقىنى تەمىن ئېتىشتەك بۈيۈك ۋەزىپىلەر تۇراتتى.

بۇ يەردە شۇنى ئەسلەپ ئۆتۈش لازىمكى، مىرزا ئابابەكرى چاغاتايلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىدىن بولۇپ، مىلادى 1467 ـ يىلىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

1514 ـ يىلىغىچە 40 نەچچە يىل شۇ زامانلاردا ئۇيغۇر ۋە ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنى مەركەز قىلغان يۇرتلارنىڭ يەنى ھازىرقى شىنجاڭ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ بىر قىسمى، شەرقىي ئافغانىستان ـ ۋاخان، كەشمىر، غەربىي تىبەتلەرنىڭ باش خانلىقىنى قىلغان، خوجا ئەبەيدۇللا ئەھرار سوپىلىق ئېقىمىنىڭ ھىماتچىسى بولۇش بىلەن بىللە ئىنتايىن زالىم خان ئىدى. «مىرزا ئابابەكرى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا شۇنداق زالىملاشتىكى... ــ دەپ يازىدۇ تارىخچى مىرزا مەھمۇد جۇراس، ... بىر يۇرتتىن بىر تۈركۈم ئادەملەر يەنە بىر يۇرتقا بارسا پىتنە ـ پاساتقا سەۋەب بولىدىغان بولسا بېرىش ـ كېلىشنى مەنئىي قىلىشقا بولامدۇ؟، دەپ سورىدى مىرزا ئابابەكرى. ئالىملار: ‹پىتنە ـ پاسات بولىدىغان بولسا مەنئىي قىلىش توغرا بولىدۇ›، دەپ جاۋاب بېرىشتى. مىرزا ئابابەكرى كىشىلەرنىڭ شەھەردىن شەھەرگە بېرىشىنى مەنئىي قىلدى، جۇملىدىن ‹سىلەرنى مەنئىي قىلمەن›، دەپ 3000 دىن ئارتۇق ئادەمنىڭ پۇتىنى تىزىدىن كېسىپ تاشلىدى. ئۇ ئادەملەرنى ئۆلتۈرمىدىم، پۇتىنى كەستىم... شەرىئەت بويىچە ئىش قىلدىم... دېدىلەر. ئەمما پۇتلىرى كېسىلگەنلەر ئۆلۈپ كېتىشكەن ئىدىلەر...»

دەرۋەقە زالىم سۇلتان مىرزا ئابابەكرى زامانىدا ئۇيغۇر مەدەنىيەت ـ سەنئىتىمۇ زەبۇنلاشقان ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە مەنسۇپلىشىپ تۇرغان سەنئەت ئىدى. بىزگە مەلۇم ــ شۇ دەۋردىكى سەنئەتمۇ مەلۇم بىر سىياسىي ئىدىيەنىڭ بېقىندىسى، سوپىزم مەسلىكىنىڭ مەھكۇمى بولغىنى ئۈچۈن سۇلتان مىرزا ئابابەكرى ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ سەنئىتىنىمۇ ئىككى چوڭ ئېقىملىق گۇنۇس، خارابلاشقان سەنئەت پەنجىمىگە مەنسۇپلىشىپ كەتكەن سەنئەت دېيىشكە بولاتتى. ئىككى چوڭ ئېقىمنىڭ بىرى ــ دىنىي ئىدىئولوگىيەنىڭ ــ (ئاساسەن تەسەۋۋۇپ ئىدىئولوگىيەسىنىڭ) چەكلىشى ئىچىدە داۋام قىلىدىغان «دىنىي سەنئەت» بولغان بولسا؛ يەنە بىرى، ئىجتىمائىي ھاياتقا بولغان مۇھەببەتنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەنئەنىۋى مىللىي خەلق سەنئىتى ياكى «ئىجتىمائىي تەپەككۇر سەنئىتى» ھېسابلىناتتى. «ئىجتىمائىي تە-

پەككۇر سەنئىتى » يەنىلا خەلقنى كۆيلەيدىغان خەلق سەنئىتى ھەم ھۆكۈمران سىنىپ ۋە ھاكىمىيەتلەرنىڭ مەنپەئەتىنى كۆيلەيدىغان ئوردا سەنئىتى ياكى كەيىپ ـ ساپا سەنئىتى دەپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ تۇراتتى. «دىنىي سەنئەت» كە چېقىلىش ـــ ياشاشتىن مەھرۇم بولۇش دېگەنلىك ئىدى. «دىنىي سەنئەت» چۈشەنچىسى تەسەۋۋۇپ تەلىماتچىلىرىنىڭ تەرىپلىرى بويىچە شەرھلەنگەنلىكى ئۈچۈنمۇ ئۇ خىل «سەنئەت» ئەڭ ئومۇمىي ۋە ئەڭ مەڭگۈ ھۆكۈمران «سەنئەت» دېيىلىپ، باشقا ئىجتىمائىي سەنئەت جۈملىدىن خەلق سەنئىتى تەسەۋۋۇپ كۈچلىرى تەرىپىدىن «دەججال ئويۇنى»، «شەرمەندە، سەرمىسازلىق»، «دەھرىيلىك» دېگەندەك قەبىھ ناملار بىلەن قارىلىنىدىغان، يەكلەش، چەكلەشكە مەنسۇپلاشتۇرۇۋېتىلگەن ھىمايىسىز سەنئەت ئىدى. ھېچ- قانداق ئىجتىمائىي كۈچ تەسەۋۋۇپچىلارغا تاقابىل تۇرالمايتتى. تارىخىي زامان ۋە شارائىت نۇقتىسىدىن شۇنىمۇ قەيت قىلىشقا بولىدۇكى: دىنىي جەمئىيەتتە ئىجتىمائىي مەسىلىنى دىنغا باغلاپ تەھلىل قىلىپ ئاخىرىنى دىنىي يول بىلەن ياكى «ئاخىرەتلىك راھەت»كە دەۋەت قىلىش ئۇسۇ- لى بىلەن ھەل قىلغان سەنئەتنى «دىنىي سەنئەت» دېيىشكە بولاتتى. تېگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا، ھەر قانداق سەنئەت شەكلى ياكى سەنئەت تۈرى ھامان ئىجتىمائىي مەسىلەرنى ئەكس ئەتتۈرىدىغانلىقى شۈبھە- سىز ئىدى. بۇ مەسىلىدە تەسەۋۋۇپ كۈچلىرى بىلەن يەرلىك مۇسۇل- مانلار، مەھكىمە شەرئىيلەر ئوتتۇرىسىدىمۇ جىددىي رىقابەتلىك مۇجادى- لە، كۈرەشلەر داۋاملىشىپ كەلمەكتە ئىدى.

سۇلتان سەئىدخان ھاكىمىيەتنى ئىگىلىگەندىن كېيىن تەسەۋۋۇپ كۈچلىرى يەنىلا بۇ ھاكىمىيەتنى پۈتۈن دېيىشمىدى ـــ (نىيەت ۋە قىد- لىقلىرىدىن يانمىدى، قىلىدىغانلىرىنى قىلىشتىن توختاشمىدى). شۇڭا سۇلتان سەئىدخان زالىم مىرزا ئابابەكرىنىڭ قالدۇق كۈچلىرىنى تا- زىلاش، خانلىق جەمئىيەت تەرتىپىنى تۇرغۇزۇش ۋە ئومۇمىي جەمئىيەت- تىن جەمئىيەتنى تۈزەش خىزمىتىنىڭ مەلۇم نەتىجە باسقۇچلىرىنى تا- ماملىغاندىن كېيىن ئىدىئولوگىيە جەھەتتە ئاساسىي كۈچنى خوجا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەھرار تەسەۋۋۇپ ئىدىيەسىنى چەكلەش، تەسەۋۋۇپ جاھالەتچىلىككە خاتىمە بېرىش، ھەددىدىن ئاشقان جاھالەت كۈچلىرىنىڭ چوڭ ۋەكىل-لىرىنى ھەرىكەتتىن چەكلەش، ھەتتا جازالاش خىزمەتلىرىنى قانات يايدۇرۇشقا باشلىدى.

*تەنەپپۇسلۇق سوۋغاتلاردىن*

*شەيخ سەئدى مۇنداق يازىدۇ: «بىر چاغدا ھىجاز سەپىرىدە بىر توپ پاك يىگىت مەن بىلەن ھەمدەم - ھەمسەپەر بولغانىدى. ئۇلار پات - پات غەزەل ئېيتىشاتتى ۋە زوق بىلەن شېئىر ئوقۇشاتتى. يولدا بىر سوپى يىگىتلەرنىڭ بۇ ئىشىنى ياراتمىدى. چۈنكى بۇ ئادەم ئۇلارنىڭ دەردىدىن بىخەۋەر ئىدى. بىز بەنى ھىلال ئۆتىڭىگە يېتىپ بارغاندا ئە-رەبلەرنىڭ چەللە - بارىڭىدىن قارا قۇمچاق بىر بالا چىقىپ شۇنداق غەزەل ئوقۇغىلى تۇردىكى، ھاۋادا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قۇشلار يەسكە چۈشۈپ، قېشىغا ئولاشتى. قارىسام ھېلىقى سوپىنىڭ تۆگىسى راسا ئۇسسۇلغا چۈشتى - دە، سوپىنى يەرگە ئېتىپ ئۆرۈپ باياۋان تەرەپكە چېپىپ كىرىپ كەتتى. مەن دېدىم: ھەي شەيخ. بالىنىڭ غەزىلى ھايۋانغىمۇ تەسىر قىلدى، ئەمما ساڭا بۇنىڭ ھېچ پەرقى يوق ئىكەن - دە.*

**(1) سەنئەت كۈشەندىلىرى دەككىدە**

ئىشق مۇنبىرىگە چىققان چاغدا بىز،
ئىشقتىن باشقا سۆز بىلمىدۇق ھەرگىز.
بىزنىڭ بۇ مەنزىلگە ئاياغ قويمسۇن،
ئىشق بىلەن يانمىغان يۈرىكى ھېسسىز.

(گەنجەۋى)

ئاقىلغا ئىشارەت، نادانغا جۇۋالدۇرۇز.

(خەلق تەمسىلى)

سۇلتان سەئىدخان جاھالەت كۈچلىرىگە زەربە بېرىش، چەكلەش، خەلقنىڭ ئىجتىمائىي ئويۇن - سەنئەت ئازاتلىقىنى تەمىن ئېتىش ۋە سەنئەتنى قەدىرلەش، جانلاندۇرۇش، سەنئەت ئەھلىنى ئېتىبارلاش خىزمىتىنى ئالدى بىلەن يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قارىتىپ قانات يايدۇرۇشنى خانلىقنىڭ ئىجتىمائىي ئۇستقۇرۇلما سىياسىتى قىلىپ بەلگىلەپ، خانلىقنىڭ بارلىق ئەقلىي كۈچلىرىنى بۇ ئىشقا سەپەرۋەر قىلغان، ئۇيۇشتۇرغان. نەتىجىدە 1522 - يىللىرى ئەتراپىدا پەرغانە تەرەپلەردىن قەشقەرگە ئېقىپ كىرىپ ھازىرقى جەنۇبىي شىنجاڭ شەھەر، بازارلىرىدا خوجا ئەھرار سوپىلىق يولىنى — «نەقشبەندە سۇلۇكى»نى تارقىتىش، كېڭەيتىش، مۇرت توپلاش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇپ، پۈتۈن جەنۇبىي شىنجاڭنى «ۋەلى» — (ئەۋلىيا)لىق دەبدەبىسى بىلەن بېشىغا كىيگەن ئەجنەبىي چوڭ ئىشان خوجا خاۋەندە مەھمۇد بىلەن ئۇنىڭ ئىنىسى خوجا مۇھەممەد يۇسۇپ — (بالا گەردان ۋەلى) بىر قىسىم چوڭ شېرىك ياندىماچلىرى بىلەن («بۇرقۇم ئەۋلىيادا 40 زات ئىدى» دېيىلگەن) بىللە 1526 - يىلى ئىككى دەپئەدە ھاكىمىيەت كۈچى بىلەن ھازىرقى جەنۇبىي شىنجاڭدىن ھەيدەپ چىقىرىلغان. بەزىلىرىنىڭ قاتتىق ئەدىبى بېرىلگەن. بىر قىسىم ئەسەبىي تەسەۋۋۇپ كۈچلىرىنىڭ نەزەر ئېتىبارلىرىدا «ھەر قانداق ئىنساندىن ئۇلۇغ»، چېقىلىشقا زادىلا بولمايدىغان «كارامەتكار»، «ئەۋلىيا پىر» دەپ قارالغان بۇ «زات» لارغا قىلىنغان يۇقىرىقىدەك مۇئامىلىلەر بەزى جايلاردىكى بىر قىسىم ئەسەبىي جاھالەت كۈچلىرىنىڭ قاتتىق قارشىلىقىنى پەيدا قىلغان. «بۇرقۇم ئەۋلىيا» دا كۆرسىتىلىشىچە: يەكەن دەرياسى، خالاستان دەرياسى ۋادىسىدىكى تەسەۋۋۇپ ھامىيلىرى جەمجۇم، لالىملار، سوپىلار، قۇمقۇسار، تەلۋىلەر، شەيدان دېگەن جايلاردا، خوتەن سوپىلىرى پىيالما، قۇمات، گۈلاخما، زاۋا، جالالباغ①... دېگەن يەرلەردە «خۇدايى غازات» ئىرادەتلىرى بىلەن «نۇسبەت تالىشىش»

① ھازىرقى چاغلاردا جەمجۇم. لالىملار — قاغىلىقنىڭ، سوپىلا، تەلۋىلە — يەكەننىڭ، قۇمقۇسار — مەكىتنىڭ، پىيالما، قۇمات — گۇمىنىڭ، گۈلاخما، چىرانىڭ، زاۋا — قارىقاشنىڭ، جالالباغ — خوتەننىڭ كەنت، مەھەللىلىرى ھېسابلىنىدۇ — ئا.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

(سۇلتان سەئىدخان كۈچلىرىدىن غەلىبىنى تارتىۋېلىش) ھەربىكەت
توپلىرىنى پەيدا قىلىپ، سۇلتان سەئىدخان كۈچلىرىگە ئۇچۇقتىن
ئوچۇق قارشى چىققان (خانغا يانغان). قەشقەر، ئاقسۇ، كۇچا تەرەپ-
لەردىمۇ بەزى سوپىلىق «غازات» لىرى پەيدا بولغان. جاھالەتنى ئادا-
لەتتىن ئۈستۈن قويۇشقا ئۇرۇنۇۋاتقان بۇ رەزگى كۈچلەرگە نىسبەتەن
سۇلتان سەئىدخان كۈچلىرى دەل پەيتىدە قاتتىق جازا بەرگەن. يەنى
خۇددى «بۇرقۇم ئەۋلىيا»دا: «تەقدىرى ئىرادەتلىرىدىن نۇسبەت كې-
تىپ (ئامەت كېتىپ — ئا) سەئىدخانلار نۆكەرلىرى تەرىپىدىن شېھىت-
لىق دەرىجىسىگە يەتكۈزۈلگەن 40 زاتنىڭ مۇبارەك جەسەتلىرى شې-
ھىتدانغا قويۇلدىلەر...» دېيىلگەندەك بولغان. «تەزكىرەئى پىر ياران»
دىن بىلىشىمىزچە، سۇلتان سەئىدخان كۈچلىرى 1527 ـ يىللىرى
ئەتراپىدا يەكەندە ئۆزىنى «پەرزانە ۋەلى» (ئۇستاز ئەۋلىيا) دەپ ئېلان
قىلىپ، مۇرت ئېلىپ كۆپەيتىپ، يەكەن دەرياسى، خالاستان دەرياسى
ۋادىلىرىدىكى بىر قىسىم يۇرتلاردا، قارا قۇرۇملۇق ساددا مۇسۇلمانلار
ئارىسىدا خۇدالىق ئۈچۈن «توققۇز ئادا» تەرغىباتى بىلەن شۇغۇللانغان
ھەم ئۇنى ئەمەلدە ئىجرا قىلدۇرۇش ئۈچۈن بەزى جايلاردا بىر قىسىم
تەلۋە مۇرت ـ ئاشىقلىرىنى بۇيرۇپ، خەلق ئويۇن ـ سەنئىتى بىلەن
مەشغۇل بولغان سەنئەت ئەھلى ۋە سەنئەت جامائەتلىرىدىن ۋەكىللىك
خاراكتېرى كۈچلۈك بەزى كىشىلەرنى «شەيتان پوقى يېگەن» دېگەن
پەتىۋا بىلەن سازايى قىلدۇرغان، «توۋۋا قىلدۇرغان»، ھەتتا ئۆلتۈرگۈ-
زۈۋەتكەن. خۇراسانلىق قۇتبىددىن ئىشان بىلەن ئۇنىڭ چوڭ شېرىك-
لىرىدىن 90 نەچچىسىنى ھازىرقى پوسكامنىڭ شەيدان دېگەن يېرىگە
يىغىپ قاتتىق جازالىغان: بىر قانچىسىنىڭ كاللىسىنى ئالغان، كۆپچە-
لىكنىڭ ئالدىنى 100 دىن، كەينىنى 40 تىن دەررە ئۇرغۇزۇپ، جەمئى-
يەتە «دىن» نامى بىلەن دىن ئەھلىگە قىلغان زالىملىقى، قاتىللىقلىرى
ئۈچۈن توۋۋا قىلدۇرغان. ئۇلارنىڭ باش ئارقا تىرىكى قۇتبىددىن ئىشان
(ئاپئاق ۋەلى) نى بولسا توققۇز ھەمراھى بىلەن بىللە ئاپەت بولۇڭ، مو-
موق، توققۇز بويناق، كاپا بويناق، تار ئاغزى تاغلىرى (قارا قۇرۇم تاغ

ئـاربلىرىـدىكى جايـلار) دا ھەيدەپ ئەلـگە سازايى قـىلدۇرۇپ، تاغـارت ئەتراپلىرىدا كاللىسىنى ئالغۇزغان. ئىشەنچلىك مەنبەلەردىن بىلىشىمىز- چە، ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى خىسلـەت، پەزىلەت، ئـاڭ، خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ تەبىئىي خەزىنىسى بولغان ئىجتىمائىي سـەنئەتنـى بىر پۈتۈن دىنىي «ھەمدۇسانا سەنئىتى» (تەسـەۋۋۇپ ئۇچۇن روھـىي ئوزۇق بولىدىغان يىرگىنچلىك ئاھۇ ـ زار تـەلقىن ۋە يـىغا ـ زارلىـق جـاۋراشلارغا)گە ئـايلاندۇرۇش شوئـار قىلـىنغان «توقـقۇز ئادا »لىـرى مەزمۇنەن مۇنۇلاردىن ئىبارەت: (1) توينى، سورۇننى؛ (2) مېھماننى ـ ئەل يۇرتنى؛ (3) نورۇزنى ـ بايرامنى؛ (4) شەپقەت ـ شاپائەتنى؛ (5) چـۆپقەت ـ تاپـاۋەتنى؛ (6) سەپـەرنى ـ ھاردۇقنـى؛ (7) ئۇتۇقنـى ـ شادلىقنى؛ (8) نامنى ـ ئاتاقنى؛ (9) سوئال ـ سوراقنى شەرتسىز دۇئا ـ ئىبادەت بـىلەن ئادا قـىلىش ـــ (بـىجىرىـش)تىن ئىـبارەت بولغـان. سۇلتان سەئىدخان كۈچلىرىنىڭ يۇقىرىقىدەك كەسكىن تەدبىرلىرىنـى ئەجدادلـىرىمىز ئەڭ قىزغـىن ھىمـايە قىلـغان، قوللـىغان. قارا قـۇرۇم- لۇقلارنىڭ قۇتبىددىن (ئاپـئاق ۋەلى) بىـلەن ئۇنىـڭ ھەمراھلـىرىنىـڭ جەسىتى قالغان جاينى تارىختىن بىرى «ئاق قانجۇق جىلغىسى»، «ئاق قانجۇق مازىرى» دەپ، يەكەن دەرياسى ۋادىسىدىكى ئاھالىلەر قۇتبىد- دىن ئىشان شىرىكلىرىنىڭ پوسكامنىڭ شەيدان دېگەن يېرىدە كاللىسى ئېلىنىپ جەسىتى كۆمۈۋېتىلگەن يەرنى «شەتـىم شەيدا» (رەھـىمسىز- لىككە، زالىملىققا، قاتىللىققا شەيدا بولغان ـــ ئا) زەرەتگاھـلىقى (بـەزى سوپىلار ھازىر بۇ يەرنى «شەيدان مازىرىم» دەپ ئاتاپ كـەلمەكتـە ـــ ئا) دەپ ئاتىشىپ كېلىۋاتقانلىـقى ئەجدادلـىرىمىزنىڭ تارىـختا ئۇلارغـا تۇتقان مەۋقەلىرىنىڭ ئاغزاكى ئەستىلىكلـىرى ھېسابلىنىـدۇ. 1540 ـ يىللار ئەتراپىدا سۇلتان ئابدۇرەشىدخان كۈچلىرى (سۇلتان سەئىدخان 1533 ـ يىلى ۋاپات بولۇپ ئورنىغا شۇ يىلـى ئوغلى ئـابدۇرەشىدخـان خانلىققا ئولتۇرغان) جەنۇبـىي ئۇيغۇر يـۇرتلىرىـنىڭ، بولـۇپمۇ يەكـەن دەرياسى ۋادىسىنىڭ بـىر قىسـىم شەھەر، بازارلـىرىدا خوجـا مۇھەممـەد شېرىپ بىلەن خوجا مۇھەممەد ۋەلىلەر قانـات يايدۇرۇۋاتقـان «ئىمامـى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

رەببانى» سۇلۇكىنىڭ بىر قىسىم «چوڭ كەشپىياتچى»لىرى، «ئۇستاز»لىرى، «بەرھەق ئۇلۇغ زات»لىق ناملىرى بىلەن ئەتراپىغا ئادەم توپلاپ ئىشقىي سەنئەت ئەھلى ئارىسىدا «قىنىغا سىغماس قويۇش»، يەنى «قىنىدىن چىقىپ كەتكەن» («دىنىدىن چىقىپ كەتكەن» دېمەكچى — ئا) لەرنى «توۋا قىلدۇرۇش»، «ئەدەبلەش» ھەرىكەتلىرىنى قانات يايدۇرغان «زاتلار»دىن بىر قىسمىنى قاتتىق جازالىغان (خانلىق تەۋەسىدىن قوغلاپ چىقارغان، شەرىئەت جازاسى بەرگەن، دەررىگە باسقان). خوجا مۇھەممەد شېرىپ «پىر»نىڭ باش تايانچلىرىدىن بىرى — چوڭ سىياسىي سۇيىقەستچى، بەدەخشانلىق ئەجنەبىي ئىشان سەئىد ئاسىپ خان (لەقىمى سەردار ئىشان) باشلىق يەتتە «چوڭ زات»نى بولسا يېسى (پوسكامنىڭ ھازىرقى ياستۇق دېگەن يېرى — ئا) دېگەن جايدا ئۆلۈمگە بۇيرۇغان. بۇ يەتتە جەسەت قويۇلغان يەرنى كېيىنكى زامانلاردىكى سوپىزم كۈچلىرى «ياستۇق مازىرىم» — (قارىلىق بولغان جاي) دەپ ئاتاپ كەلمەكتە.

كاللىسى ئېلىنغان بۇ يەتتە «زات»نىڭ ئەڭ يامىنى بولغان سەئىد ئاسىپ ئىشان (سەردار ئىشان)نىڭ جىنايى قىلمىشى مىسالىمىز ئۈچۈن ئالاھىدە خاراكتېرلىك قىلمىشتۇر. «تەزكىرەئى پىر ياران»دا يېزىلىشىچە: بۇ ئىشان سۇلتان ئابدۇرەشىدخانغا ھەم ئابدۇرەشىدخانىنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ۋەزىرلىرىگە دىن بىلەن — («ئىمامى رەببانى» سۇلۇكى ئەقىدىسى بىلەن دېمەكچى — ئا) سىياسىينى، دىنىي ئورۇنلار بىلەن ھاكىمىيەت ئورۇنلىرىنى بىر - بىرىدىن ئايرىۋېتىشكە زادىلا بولمايدىغانلىقى توغرىسىدا «تەلىم خاراكتېرلىك» مەسلىھەت بەرگەن، «نەسىھەت» قىلغان. ھەتتاكى سۇلتان ئابدۇرەشىدخانىنى ئوچۇقتىن ئوچۇق بارلىق ۋەزىر ئەزەملىرى بىلەن قوشۇلۇپ «ئۇلۇغ پىر» خوجا مۇھەممەد شېرىپ، خوجا مۇھەممەد ۋەلىلەر بىلەن بىر پىكىر، بىر نىيەتتە بولۇشقا، ئۇلارنى «پىر» تۇتۇشقا دەۋەت قىلغان. «جەننەت دۇئاسى» بېرىپ ئۇنى «ئىماندارچىلىق ئىنسابى»غا چاقىرغان. بۇ تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا، خاننى، خان كۈچلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ئىشانلىق مەۋقە-

لىرىنى قوللاشقا، قارىغۇلارچە «خۇدا يولى»دا ھىمايە قىلىشقا قىستىغان-
لىق ئىدى.

## *تەنەپپۇسلۇق سوۋغاتلاردىن*

*«سەردار ئىشان» نىلڭ ئابدۇرەشىدخانغا قىلغان «جەننەت دۇئا-
سى» دىكى «جەننەت» ئىسلام ئەقىدە ئۇقۇمىدىكى «جەننەت» تۇر.
ئۇلار: «جەننەتۇل فىردەۋس»، «جەننەتۇل خولىت»، «جەننەتۇل
رىزۋان»، «جەننەتۇل ئەدنىس»، «جەننەتۇل مەئۋا»، «جەننەتۇل تۇ-
با»، «جەننەتۇل ئەئلا» — (ئەلڭ ئالىي جەننەت) دۇر. بەزى دىنىي
رىۋايەتلەردە «سەككىز جەننەت» دېيىلگەن بولسىمۇ، سەككىزىنچىسى
نامەلۇمدۇر.*

*بىلىشىمچە، بۇ ئالەمدە ئۆز غەرەز - مۇددىئالىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش
نىيىتىدە كىشىلەرگە «جەننەت» ۋەدە قىلىش، بىتەھقىقكى خۇدادىن
خۇدالىق تالاشقانلىق، يەۋقۇلئاددە دىنىي خائىنلىق، دىنىي ئالدامچىلىق
ھېسابلىنىدۇ.*
*(مۇئەللىپ)*

*ئۆزىنى دەيدىغان بەدنىيەت دوستتىن،
جىنىنى يولۇغا تىككەن ئىت ياخشى.*

*(ناسىر خىسراۋ)*

.... ... ...

*شەپقەتسىز قاراقچى زەپەر تايقاندا،
كارۋان زارىغا قىلامدۇ پەرۋا.*

... ... ...

*خۇدا ئازابىدىن قۇتۇلۇش تۇۋا بىلەن مۇمكىندۇر،
ۋە لېكىن مۇمكىن ئەمەس خەلق تىلىدىن قۇتۇلماقلىق.*

*(«گۇلىستان»دىن)*

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى www.uyghurkitap.com

«سەردار ئىشان» جۈملىدىن ئۇنىڭ سەردار شېرىكلىرى تېخىمۇ ھەددىلىرىدىن ئېشىپ، ھەر بىرى ھەر يەرلەردە ئۆز چۆرىلىرىگە ئەسەبىي دىنىي لۈكچەك، تەلۋە سوپى — «ئاشىق» لارنى توپلاپ، باشلاپ، يەكەن دەرياسى ۋە خالاستان دەرياسى ۋادىلىرىدا — (ھازىرقى يەكەن، پوسكام، قاغىلىق، مەكىت، مارالبېشىلاردا) ئىلىم - پەن، ئىشقىي سەنئەت ئەھلىلىرى يەنى كەسپىي سەنئەت پېشۋالىرى، مۇزىكا - ئەسۋاب ئۇستىلىرى، سەنئەت ئىشقىۋازلىرى ئارىسىدا «تووۋا قىلدۇرۇش»، «قىنىغا سېلىپ قويۇش»، «نوخۇلىسىنى ئېلىۋېتىش»، «رەسۋايى ئەزەم قىلىش» ھەرىكەتلىرىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، قەدىمى يەتتەكەنلىكى يەرلەردە بىر مەھەل «خۇدا بىلەن رۇسۇل» چىلىقنى تازا راۋاج تاپقۇزغان. بەزىبىر پېشقەدەم ئۆلىمالىرىمىزنىڭ ئەسلەشلىرىدىن بىلىشىمىزچە، بۇ جاھالەت كۈچلىرى (بەزى خاتىرىلەردە «سەردار خوجام لەشكەرلىرى» دەپمۇ يېزىلغان) بارغانلىكى يۇرت، كىرگەنلىكى ئۆي، كۆرگەنلىكى يەرلەرنىڭ ھەممىسىدە ئۇچرىغانلىكى نەغمە ئەسۋابلىرىنى چېقىپ، كۆيدۈرۈپ، نەغمە، ئۇسسۇل، غەزەل، قوشاق، بېيىت، قىزىقچىلىق قىلغان، قىلدىغان، ئوقۇغان، ئوقۇيدىغان، باشلىغان، باشلايدىغانلارنىڭ ھەممىسىنى «شەيتان پوقى يېگەن» دېگەن «گۇناھ» بىلەن «تووۋا» قىلدۇرۇپ، «نوخلىسىنى ئېلىۋېتىپ» تۇرۇشقان. «بابا قەمبەر» (قولىيازما) ناملىق رىسالىدە يېزىلىشىچە: «سەردار خوجام لەشكەرلىرى» يەكەن، قاغىلىق، مەكىت تەۋەلىرىدىن داڭدار نەغمىچى، ئۇستا رەققاس، نەغمە - ناۋا ئەسۋاب، سايمان جابدۇقلىرى ھۈنەرۋەنچىلىكى بىلەن شۆھرەتلەنگەن ئىشقىي سەنئەت نامدارلىرىدىن يەكەنلىك مەشھۇر تارچى (تارلىق سازلار بويىچە چوڭ ئۇستات) بابايى قەمبەر ئاتايى باشلىق 13 زاتنى چۇپان سۈيى (چۇپان دەرياسى) بويىدا غارلارغا كىرگۈزۈپ، تۆشۈكلەرنىڭ ئاغزىنى ئېتىپ (دۈملىمە تۆشۈك

قىلىپ) ئۆلتۈرۈۋېتىشكەن. بۇ ۋەقە مەزكۇر رىسالىدە: «... جاۋجانغا[1] بەنت قىلىنغانلار ئۈچ خەررەك[2]، بىر خاررەت[3]، ئىككى داپەندە[4]، ئىككى نايناق[5]، ئىككى تارچى[6]، ئۈچ ئاغلاقچى[7] لار ئىدىلەر بابايى قەمغەر تاگلا مەھشەرگىچە تار چېكىپ هايات تۇرىدىلەر» دەپ بايان قىلىنغان. تارىختىكى جاھالەت پىرلىرىنىڭ بۇ خىل قەبىھ زىيانكەشلىكىگە يولۇقۇپ بۇۋاقىت ئالەمدىن كەتكەن بۇ ئەزىز ئۇيغۇر سەنئەتكار ــــ (سازەندە)نىڭ ئىجادىي بايانى توغرىسىدا قەشقەر ياۋاغلىق مەشھۇر مۇقامچى مەرھۇم قاسىم ئاكا[8] 1953 ـ يىلى ماڭا: «بابايى قەمبەر ئاتايى بۇرۇنقى زامانلاردا ئۆتكەن سازەندىلەرنىڭ پىرى، دۇتارچىلارنىڭ ئەۋلىياسى بولۇپ، تەرىقەت بەندىچىلىكىنى سۆكۈپ غەزەل توقۇپ دۇتاردا چالغانلىقى ئۈچۈن تەرىقەت كۈچلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن زات ئىكەن... مۇنۇ غەزەللەر ھازىرغىچىلىك بىزدە ‹قەمبەر ناۋالىرى› دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە...» دېگەن ھەم تۆۋەندىكى مىسرالىرىنى شۇ زاتنىڭ نامىدىن ئەسلەپ بەرگەنىدى: (ئۇ كىشىنىڭ ھازىرقى زامان شەكلى ـ ئۇسلۇبىدا ئېيتىپ بەرگىنى بويىچە كۆچۈردۈم ــــ ئا)

---

① جاۋجانغا بەنت قىلىنغان ــــ جاۋ ـ جاۋ قىلىپ تاۋۇش چىقىرىپ تۇرىدىغان غار ــــ (شەيتان غار) غا بەنت قىلىنغان. جاۋجان ــــ قاغىلىقنىڭ چۇپان يېزىسىدىكى تاراغىز ـ ئازغانسال ئوتتۇرىسىدىكى «تار» دېگەن يەردىكى بىر تىك (100گىرادۇس تىك) تاغنىڭ نامى. بۇ تىك تاغنىڭ بەردىن تەخمىنەن 150مېتىر كۆتۈرۈلگەن بىر يېرىدىكى تۆشۈكنىڭ ئاغزىدا خۇددى دۇتار چېلىپ ئولتۇرغان قىياپەتتىكى بىر ئاقساقال نەغمىچىنىڭ ھەيكەل شەكلى بار. كىشىلەر تارىختىن بېرى بۇ يەرنى «بابايى قەمبەر مازىرى» دەپ ئاتىشىپ كەلمەكتە.

② خەررەك ــــ بېزىلىك ــــ (لوپنىڭ ئەڭ چەت تاغ ئىچىگە جايلاشقان بىر كەنت) ئۇيغۇرلارنىڭ يەرلىك تىل شېۋىسىدە قاسقانسىز چالغۇ ئەسۋابلىرى ياسىغۇچى ھۈنەرۋەن ــــ «خەررەك» دەپ ئاتىلىدۇ.

③ خاررەت ــــ داپ، دۇمباق، ناغرا... قاسقانلىرى، نەقىش ـ گۈل ئويۇلغان ياغاچچىلىق جاھازلىرى ياسايدىغان ياغاچچى ــــ (خوتەندە ياغاچچىلى «خاررەت» دەپ ئاتايدىغان تىل ئادىتى ھازىرغىچە بار).

④ داپەندى ــــ داپچى ــــ داپ چالغۇچى.

⑤ نايناق ــــ ئۇسسۇلچى ـ ئارتىس ــــ (چەرچەندىكى تاتران ئۇيغۇرلىرىنىڭ شېۋە تىلى).

⑥ تارچى ــــ تارلىق چالغۇ ئەسۋابلىرى چالغۇچى.

⑦ ئاغلاقچى ــــ ئويۇنچى، دەۋەت قىلغۇچى. يەتكۈزگۈچى.

⑧ قاسىم ئاكا موللا تۇردى ئوغلى 1899 ـ يىلى قەشقەر شەھىرىنىڭ ياۋاغ كوچىسىدا سازەندە ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 19 ـ ئەسىردە شۆھرەت قازانغان قەشقەرلىك مەشھۇر مۇقامچىلاردىن ھېلىم، سېلىم، ئوزاق ھاجى قاتارلىقلاردىن تەلىم ئالغان ھەم شۇلارغا كېيىنكى چاغلاردا ۋارىسلىق قىلغان دادىسى موللا تۇردى ئاخۇندىن مۇشاۋرەك سەنئەت پارچىلىرىنى ۋە باشقا كىلاسسىك مۇزىكىلارنى تولۇق ئۆگەنگەن ھەم ھازىرقى چاغلارغا ئۇلىنىپ كېلىشكە قىممەتلىك ھەسسە قوشقان، سەۋەبكار بولغان. 1954 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى 55 يېشىدا ۋاپات بولغان. (مۇخبىرلىق خاتىرەمدىن)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

... ... ...
سېنىڭ سەللە، كۇلايىڭدىن،
مېنىڭ تەتۈر جالام ياخشى.
... ... ...
سېنىڭ تەسبىھ، ئىمانىڭدىن،
نامازسىز پاك نادان ياخشى.
... ... ...
هارام نەپسى مالامەتتىن،
هالال نەغمە ـ ناۋا ياخشى.
... ... ...
سېنىڭ سۇلتان مازارىڭدىن،
مېنىڭ مەشرەپخانەم ياخشى.
... ... ...
سېنىڭ «ئاپتاپ» چىرايىڭدىن،
مېنىڭ مەشرەپ كۆڭۈم ياخشى.
... ... ...
سېنىڭ راھەت ـ پاراغىڭدىن.
مېنىڭ نەغمە ـ كۆيۈم ياخشى.
... ... ...
ئايا قەمبەر تىنىم تاپماي،
يولۇڭدىن يۈرگۈنۈڭ ياخشى

(مېنىڭچە شۇ زاتنىڭ بۇ مىسرالىرى جۈملىدىن باشقا غەزەللىرىمۇ كېيىنكى چاغلارغىچە خەلق ئېغىز داستانلىرى تەركىبلىرىگە ئارىلىشىپ سىڭىپ تۇرغاندەك قىلىدۇ — ئا)

### *تەنەپپۇسلۇق سوۋغاتلاردىن*

*ئىتائەت قىلىش ئىبادىتىنى كۆرسەتكەن ۋە دوستلۇق ئىزهار قىلغان*

*ئاجىز دۈشمەن پەقەت كۈچلۈك دۈشمەنگە ئايلىنىشىنىلا مەقسەت قىلىدۇ. چۈنكى «دوستلارنىڭ دوستلۇقىغا ئىشەنچ يوق» دېيىلىۋاتقان يەردە دۈشمەننىڭ خۇشامەتكۈيلۈقىغا قانداق ئىشەنگىلى بولسۇن؟!...*

*كىمكى كىچىك دۈشمەننى بەك تۆۋەن چاغلىسا، كىچىككىنە ئوتنى پەرۋاسىزلىق بىلەن ئۆچۈرمەي قويغانغا ئوخشاش بىر ئىش بولىدۇ...*

*يامانلارغا رەھىم ـ شەپقەت قىلىش ـــ ياخشىلارغا زۇلۇم قىلىشتۇر. زالىملارنى ئەپۇ قىلىش ـــ كەمبەغەللەرگە جەبرە سېلىشتۇر.*

*بولسا ياۋۇزغا سېنىڭ غەمخورلۇقۇڭ، يۇمشاقلىقىڭ،*
*قىلسا ئۇ ئەلدە جىنايەت، بار سېنىڭ ئورتاقلىقىڭ.*

*(«گۈلىستان» دىن*

(سۇلتان سەئىدخان، سۇلتان ئابدۇرەشىدخان كۈچلىرىنىڭ تارىختا جاھالەتچى كۈچلەر ۋەكىللىرىگە بەرگەن بۇنداق زەربىلىرىنى بىز مەڭگۈ ئۇنتۇمايمىز، ئۇلارغا ئاللاھ رەھمەت ئاتا قىلغاي. ئامىن)

## 2) يۈكسەك پەللەر

(سەھىپىمىزنىڭ سەنئەت قىسمى)

ئويۇن ـ كۈلكە شوخلۇقتىن،
شوخلۇق كېلەر توقلۇقتىن.

(ئۇيغۇر خەلق ماقالى)

راست سۆزلۈك تارىخچىلار، پەم ـ پاراسەتلىك ئۇستاز مۇئەللىپلەر يېزىپ قالدۇرۇپ، ئەسلىتىپ كەتكەن تارىخ، رىۋايەت، قىسسە، خاتىرىلەردىن مەلۇمكى: سۇلتان سەئىدخان، سۇلتان ئابدۇرەشىدخانلار ھاكىمىيىتىنىڭ ئۇيغۇر خەلق ئويۇن ـ سەنئىتىگە يان بېسىپ، بۇ سەنئەتكە كۈشەندىلىك قىلىۋاتقان جاھالەت كۈچلىرىنىڭ ھەرىكەت ئۇرۇنۇشلىرىنى يۇقىرىقىدەك چەكلەشلىرى ۋە خەلق ئويۇن ـ سەنئىتىنىڭ ئىجتىمائىي راۋاجلىنىشى، راۋاجى ۋە داۋاملىشىش تەرەققىياتى ئۈچۈن قوللانغان يەنە باشقا نۇرغۇن چارە ـ تەدبىرلىرى تۈپەيلىدىن خەلقنىڭ

ئىجتىمائىي ئويۇن ـ سەنئىتى ئەسلىدىكى تارىخىي ئەنئەنىۋى خاسىيەت، ئالاھىدىلىكىنى چۆرىدىگەن ھالدا يۇكسەك پەللىدە راۋاج تېپىش ـ گۈللىنىش ئىزىغا چۈشكەنىدى.

### (1) سەنئەت ئىدىيەسى

ھەر قانداق دىن، جۈملىدىن ھەر قانداق بىرلىكى تارىختا بىرەر مىللەتنىڭ مىللىي ئىدىئولوگىيەسىگە ئاساس بولۇپ باققان ئەمەس، ئۇنداق بولۇشىمۇ مۇمكىن بولمايدۇ. بۇ دېگەنلىك سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ مۇسۇلمانچىلىق ئېتىقادىنى — ئۇلارنىڭ مىللىي ئىدىئولوگىيە، جۈملىدىن مىللىي ئويۇن ـ سەنئىتىگە زىت، بىر ـ بىرىگە قارىمۇ قارشى مەۋقەدە ئىدى دېگەنلىكىمىز ئەمەس، ئەلۋەتتە. دىن ـ دىن، مىللەت ـ مىللەت. دىنىي ئېتىقاد بىر مىللەتنىڭ ئومۇمىي مەۋجۇتلۇقىنى بىر تەرەپ قىلىۋېتەلەيدىغان ھەل قىلغۇچ ئامىل ئەمەس، بەلكى مەلۇم شارائىت ئاستىدىلا تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان روھىي ئامىل. مۇشۇ چۈشەنچىمىزنى ئاساس قىلىپ، سەئىدىيە خانلىقى ئالتۇن چاغلىرىنىڭ سەنئەت ئىدىيەسىنى بىز ھەقلىق ھالدا: ئېتىقادى ئىسلام، شەكلى مىللىي، مەزمۇنى ئىجتىمائىيەتتىن ئىبارەت بولغان مىللىي سەنئەت ئىدىيەسى ئىدى، دەپ قارايمىز. يەنىمۇ ئوچۇقراق ئېيتقاندا، بۇ خىل سەنئەتنىڭ مەزمۇنى، ماھىيىتى، ئەھمىيىتى، رولى، خاراكتېرى، ئىپادىلەش شەكلى، ئۇسۇللىرىنىڭ ھەممە قۇرۇلما ۋە بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى پەقەت بىرلا ئىدىيە، يەنى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي غۇرۇرىنى، ئىقتىدارىنى، ئىرادىسىنى، خاسىيەت، خىسلەت ئالاھىدىلىكلىرىنى، ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىنى نامايان قىلىش نۇقتىسى ئۇستىگە يىغىشلانغان، مەركەزلەشكەن، سىپى ئۆزىدىن ئۇيغۇر مىللىي سەنئەت ئىدىيەسى ئىدى دەپ تونۇيمىز.

بىزگە مەلۇمكى، بىرەر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتى، جۈملىدىن سەنئىتىمۇ شۇ مىللەتنىڭ مىللىي ئىقتىدارىنى، مىللىي غۇرۇرىنى، مىللىي ئىرادىسىنى ۋە مىللىي ئىستەك ـ ئارزۇلىرىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بې-

رەلمسە، ئۇنداق سەنئەتنى مىللىي مەۋقەسى مۇجمەل، مىللىي مەزمۇن-دىن يىراقلىشىۋاتقان «شالغۇت سەنئەت» ياكى خەلقتىن ئايرىلغان «سۇنئىي سەنئەت» دەپ قاراشقا توغرا كېلىدۇ. تارىختا، بولۇپمۇ تە-سەۋۋۇپ ئەۋجىگە چىققان «چىراغسىز جاھالەت» تارىخىدا، ھەتتاكى بەزىبىر كېيىنكى چاغلار تارىخىدىمۇ ئارىلاپ بىرەر مەزگىللىك بوغۇلۇپ دەخلى - تەرۇزگە ئۇچراپ تۇرغان ئۇيغۇر سەنئىتىنى قۇتقۇزۇش، ئەسلىي مىللىي ئىزى بىلەن راۋاجلاندۇرۇش (بۇ يەردە مەن سەنئەتتە ئىشسكنى تاقىۋالايلى دېگەن تەرغىباتنى ئوتتۇرىغا چىقارماقچى ئەمەس، ئەلۋەتتە) ئۈچۈن ئىشلىيەلىگەن، ئىشلىمىگەن ھەر قانداق «مىللىي سەنئەت»نى بىزنىڭ مىللىتىمىز ۋە خەلقىمىزنىڭ قەدىمدىن ھازىرغىچە يەكلەپ «غەيرىي سەنئەت» ياكى «تېگىلما سەنئەت» — «غەلتە ئو-يۇن - كۈلكە» سۈپىتىدە «چىرايلىق» رەت قىلىپ، تاشلىۋېتىپ تو-رۇشلىرى ئەنە شۇ سەئىدىيە زامانىدىكى سەنئەت پىسخىكىسىنىڭ داۋامى ھەم خىسلەتلىك ئادەت مىراسمەنلىكىدىن بولغانلىقى شۈبھىسىزدۇر. شۇڭا بىز ھازىرقى زامانلارغىچە مەۋقە، مەزمۇن، شەكىل، ئۇسلۇب، مەقسەت جەھەتلەردىن تېخى رولىنى يوقاتمىغان بۇ خىل سەنئەت ئىزد-نى — ئىلمىيلىقى، ئاممىۋىيلىقى، چىنلىقى، تەسىرچانلىقى، شوخلۇقى، خىلمۇخىللىقى، جەڭگىۋارلىقى ئىنتايىن يۇقىرى بولغان، ئەل ئارىسىدا ئەڭ يۇقىرى شۆھرەت قازىنىپ، پۈتۈن سەئىدىيە تۈپرىقىدا، جۈملىدىن پۈتۈن تۈرك، مۇسۇلمان خەلقلەر دۇنياسىدا بىردەك يۇقىرى ئېتىبارغا ئېرىشكەن، بۇ سەنئەت ئىزىنى سەنئەت تارىخىمىزنىڭ شەرەپلىك مەنى-ۋى داۋامى، سۈپىتىدە قەدىرلەيمىز، تەتقىق قىلىمىز، ئۆگىنىمىز، ۋارىس-لىق قىلىمىز.

### (2) سەنئەت ئىستىلى ۋە سەنئەت ئەخلاقى

سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئالتۇن چاغلىرىدىكى ئۇيغۇر خەلق سەنئىتى-نىڭ، جۈملىدىن شۇ چاغلار يېتىشتۈرگەن ئۇيغۇر سەنئەت ئەھلىنىڭ (سەنئەت گۇرۇھلىرى، سەنئەت ئورۇنلىرى ۋە سەنئەتكارلارنىڭ) سەن-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەت ئىستىلى، سەنئەت ئەخلاقى، مىنىگچە، تەبىئىيكى خەلققە خىزمەت قىلىش يەنى خەلقنى كەلگۈسى بەخت ـ سائادىتى ئۇچۇن كۈرەشكە ئۈندەش، يېتەكلەش، بارلىق جەمئىيەت كىشىلىرىنى كۈرەشكە، ئىجتىمائىي ھەققانىيەتكە، پاك مۇھەببەت، ھالال تۇرمۇش، گۈزەل غايە، گۈزەل ئەخلاق ۋە گۈزەل خىسلەتلەر ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا چاقىرىدىغان مىللىي ئىستىل ۋە مىللىي خىزمەت ئەخلاقىدۇر.

.... .... ...

ــ مۇسۇلمانچىلىقنى كىمدىن ئۆگەندىڭ؟
ــ موللا ـ خەلپەت ـ ئۆلىمالاردىن.

ــ ئادەم بولۇشنى كىمدىن ئۆگەندىڭ؟
ــ ئاتا ـ ئانامدىن، ئۇستازىمدىن. ئىشقىي ناۋا ئەھلىنىڭ غەزەل، ناۋا بېشارەتلىرى، مىجەز ـ خىسلەتلىرىدىن.

ــ كىملەرنى كۆرۈپ، ئەگىشىپ، شادىمان، شاد ـ خۇرام بولدۇڭ؟
ــ ئەلنەغمە، غەزەل، ساز ئەھلىگە، ئىشقىۋاز ئويۇنچىلارغا.

ــ قېنىپ يېتىلگەن شادلىق نەدىن كېلىدۇ؟
ــ شۇ خىل قېنىپ يېتىلگەن پەسلى، پاراغەتنى بىلگەن، كۆرگەن، كۈيلىگەن ئىشقىي نەغمە ـ ناۋا ئەھلىدىن.

ــ ئىنسان ئۆمرىنىڭ ئوزۇقى نېمە؟
ــ قۇۋۋەت، توقلۇق، ئاب ـ ھاۋا، ساغلاملىق، قۇلاق ھوزۇرى، كۆز ھوزۇرى، كۆڭۈل ئىشقىي ھوزۇرى.

ــ ئەدەب ـ ئەخلاقنى نەدىن بىلدىڭ؟
ــ نەغمە ـ ناۋا سورۇنلىرىدىن.

— نومۇسنى نەدىن ئۆگەندىڭ؟
— پېشقەدەم نەغمىچىدىن، رەققاستىن (ئۇسسۇلچىدىن — ئا)

— ھاياسىزلىق، كاززاپلىقنىڭ پىرى كىم؟
— كۆڭلى قىش، دۇنياپەرەس، تەمەگەر، سۇخەنچى.
(«بەلەن گەپلەر» خاتىرىسىدىن)

دېمەك، شۇ زامانلاردىن بىزگىچە خەلق يادنامىلىرى سۈپىتىدە ئەسلىنىپ كېلىۋاتقان يۇقىرىقى «بەلەن گەپلەر»دىن بىز شۇنى ھېس قىلىمىزكى: سەنئەت — شۇ جەمئىيەتنىڭ ئەخلاق ئىلمى، پىسخولوگىيە ئىلمى، جەمئىيەتشۇناسلىق، ئىنسانشۇناسلىق ئىلىملىرى بىلەن زىچ بىرىككەن ئۇنىۋېرسال ئىلىم رولىنى ئۆتىگەن. تېخىمۇ يېشىپراق ئېيتقاندا، سەنئەت كۆچلىرى جەمئىيەتكە ئەدەپ - ئەخلاق ئۆگىتىدىغان، مەنىۋى قۇدرىتى بىلەن خەلقنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىنى بېيىتىدىغان، خەلقنىڭ مىللىي غۇرۇرىنى، ئىقتىدارىنى نامايان قىلىدىغان ھەم خەلقنى ھەقىقىي بەخت - سائادەتكە ئۈندەيدىغان، سەنئەت ھۇزۇرىنى ئاشۇرىدىغان قۇدرەتلىك مەنىۋى ئەڭگۈشتەرلىك رولىنى ئۆتىگەن. بىر ئۇتۇقى بىلەنلا بىر ئۆمۈر كۆرەڭلەيدىغان ۋە ئۇنى ئۆزىنى كۆرسىتىشنىڭ شەخسىي چىرىغى قىلىۋالىدىغان، ئىلىم - مەرىپەت، كەمتەرلىكتىن يىراق، مىجەزى ھاكاۋۇر، چاكىنا، نادان، رەپ - رەپ، قۇرۇق سۆلەت سەنئەتچى — ئۇ جەمئىيەتتە چاكىنا «سەنئەتچى»، «سائىل نەغمىچى» — (نەغمە قىلىپ نان تىلەيدىغان نوقانچى — قەلەندەر)، «بىشەم ئۇسسۇلچى» — (ئىززەت - ئابرۇيىدىن ئايرىلىپ كەتكەن، سەنئەت ئەخلاقى بۇزۇق... تەمەگەرلىك، ياسانچۇقلۇقنى ئادەت قىلىپ ئەل نەزىرىدىن چۈشۈپ قالغان شاللاق، مەسلەكسىز، بەدقىلىق ئۇسسۇلچى) دەپ قارىلىپ، دائىم رەت قىلىنىپ، يەكلىنىپ تۇرغان. سەنئەت ساپلىقى، سەنئەت قىممىتى، سەنئەت رولىنىڭ دائىم ئۈستۈنلەپ تۇرۇشىغا ئاساس سېلىنىپ بارغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## تەنەپپۇسلۇق سوۋغاتلاردىن

ئەلشىر نەۋائىي «مەھبۇبۇلقۇلۇب»تا مۇنداق يازىدۇ:

«... بىر خىل سازەندىلەر باركى، گەرچە ئۇلار شادلىق قوزغىغۇچى، غەمدىن خالاس قىلغۇچىلار بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە پەس تەبىئەتلىك تىلەمچى سۇپەت كىشىلەردۇر؛ بۇنداق ناخشىچى ۋە چالغۇچىلار زارلىنىش ـ يىغلىنىش بىلەن يول تاپىدۇ. ئەگەر بۇيرۇغۇچىدىن ئىنئام ـ ئىھسان بولسا، مۇلاھىم بولۇپ خىزمىتىنى بىجىرىدۇ. سۆھبەتتە نازۇنېمەت كەم بولمىسىلا، بۇيرۇلغان ۋە توسۇلغان ئىشلارنىڭ ھەممىسنى ئورۇنلاشقا تەييار. ناۋادا بەزمىدە نازۇنېمەت كەم بولسا، ئۇلار نازلىنىپ تەكەببۇرلۇق قىلىدۇ. ئەگەر نازۇنېمەت يوق بولسا ـــ داستىخان سېلىنمىسا، كۆڭلى سەندىن قالىدۇ. ھەتتا ھەممىسى يوق بولىدۇ. ئۇلار يىل بويى سېنىڭ ئېھسانىڭدىن بەھرە ئالغان تۇرۇقلۇق، يېنىڭدىن ئەسلا تونۇمايدىغان قىياپەتتە ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئاز ئېلىپ قالسا، مىننەتدار بولمايدۇ؛ كۆپرەك ئالسا، ھەق قەدرىنى بىلىدىغان بولۇپ كېتىدۇ. كۆپىنچىسى پاستق ۋە بەتخۇي، قالغىنى كاج تەبىئەت ۋە قوپال سۆزلۈك. ھەرىكەتلىرى تۈتتۈرۇقسىز، گويا تولۇزۇلمىگەن سازلىرىدەك. ۋاپا ئۇلارنىڭ تەبىئىتىدە ئېتىبارسىز. ئۇلار ئالدىدا ۋاپا ئەھلى قەدىرسىز. «مۇغەننى ۋاپاسىز، مەست ھاياسىز». ئۇلار بىلەن ئۇزۇن يىل بىللە بولۇپ بىر قېتىم پايدا بەرمەي قويساڭ سەندىن ياتلىشىدۇ؛ ئەر سۈرىتىدە كۆرۈنسىمۇ نازلىنىش ئۇنىڭ خۇيى، ئۇنىڭ كىيىگەن كىيىملىرىدىن بۇزۇقلۇقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئۇلار ناخشا ۋە نەغمىلىرى بىلەن كىشىلەرنى يولدىن چىقىرىدۇ... كىشى ئۇنداقلارغا يولۇقمىسۇن.»

ئۇ دەۋردە سەنئەتچىنىڭ ئويۇنخانا بىلەن جەمئىيەتنىكى ئىستىلىي كەيپىياتى، غايىۋى ئەخلاقى بىردەك بولۇشى، دىگىنى بىلەن قىلىقى، قىلىقى بىلەن تۇرقى، سۆزى بىلەن ھەرىكتى، ۋەدىسى بىلەن مۇددد-

ئاسى، غايىسى بىلەن قىلمىشى، جاپاسى بىلەن شۆھرىتى، تۆھپىسى بىلەن ھۆرمىتى... ئەخلاقى جەھەتتىن بىردەك، ئىستىللىي جەھەتتىن ئىزچىل بولۇش — سەنئەت ئىستىلى مەجبۇرىيىتى سۈپىتىدە چىلىك تۇتۇلۇپ كەلگەن. شۇڭا ئۇ جەمئىيەتنىڭ سەنئەتكە، سەنئەت ئەھلىگە بولغان ئېتىبارى، ھۆرمىتى، ئىخلاسى داۋاملىق ئېشىپ، ئاممىۋىيلىشىپ ۋە بىردەك تەركىسىز ئادەت شەكلىگە ئۆرلەپ تۇرغان.

«... دولانلار كۆندۈزلىرى ئاياغ ياماپ، كېچىلىرى مەشرەپلەردە ئۇسسۇلنى قولدىن بەرمەس ئىدىلەر... نامازدا خۇدا بىلەن رۇسۇل، قالغان چاغلاردا داپ بىلەن ئۇسسۇل قىلاتتىلەر... خۇدايى سائىللارغا، دۇئا - تىلاۋەت ئۇقانچىلىقى بىلەن ئۆيلەرگە كېلىپ - كېتىپ تىلەپ تاپاۋەت قىلىپ تۇرىدىغان سوپى، زاھىدلارغا كىشىلەر ياخشى كۆرگەن چۈشلىرى ئۈچۈن كاپارەت، يامان كۆرگەن چۈشلىرى ئۈچۈن نان، بىرەر ئاياغ ئۇن ياكى دان، ئۇچىدىن چۈشكەن نىمكەش كىيىملەرنى ئىشكىلىرى ئالدىلىرىدا ناخۇش سەدىقە بېرىپ دۇئا ئېلىپ يولغا ئۇزىتىپ قويۇر ئىدىلەر... ئۇنداقلارنى ھېچكىم ئۆيلىرىگە يولاتمىغان ھەم ئۇنداق ئادەت ئەلمساقتىن بېرى جارىي بولۇپ باقمىغان ئىدىلەر. سائىلدىن ھەزەر قىلىشاتتىلەر... ئەمما ۋە لېكىن دەر ئەۋجە سازەندە ۋە ياكى ئۇسسۇلچى، ئويۇنچى، قىزىقچىلار يۇرت ئارىلىشىپ، سەيلە قىلىپ يۈرۈپ مەھەللە، چاقالىرىغا كېلىپ قېلىشقۇدەك بولسا، ئۇلارنىڭ قەيەردە، كىملەرنىڭ خانىلىرىدا بولىدىغان، تۇرىدىغانلىقلىرى توغرىسىدا بىلگۈلىرى كېلىپ، پايىپېتەك بولۇشۇر، ئۆيلىرىگە چاقىرىش نۆۋەتلىرىنى تالىشار ئېدىلەر. دەرئەۋجە — (ئەڭ داڭلىق ئۇستا) سازەندىگە ھېچنېمە ئايىماي ھەتتاكى ئات مىندۈرۈپ، تون كىيدۈرۈپ، دەرئەۋجە ئۇسسۇلچىنىڭ بېشىدىن ئالتۇن، كۈمۈش ئۆرۈپ، ئويۇنچى، قىزىقلارنى مال سويۇپ مېھمان قىلىپ كۈتۈۋېلىش — ئويۇنچى دولانلار ئۈچۈن ئەڭ ھۇزۇرى ئادەمگەرچىلىك بولاتتىلەر... ئويۇن - كۈلكە، نەغمە - ناۋا ھەققىدىكى ھەر قانداق خەۋەر ئۆلۈم - يىتىم ۋە دۇنيا ماجىراسى خە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى www.uyghurkitap.com

ۋەرلىرىدىن نەچچە قۇلاق بالدۇر، نەچچە مەھەللە ئارتۇق ۋە نەچچە ۋاقتلاپ چاپسان، تېز تارقىلىپ كېتىدىغان ئىدىلەر... بىرەر يىرىم سازەندە كېلىپ قالسا ئۇنلاپ، يىگىرمىلەپ شوخ ياش ئارقىسىغا كىرىپ كېتىپ ھەرىكەت، ئوقەتلىرىدىن قالاتتىلەر...»

(«بەلەن گەپلەر»)

مېنىڭچە، «بەلەن گەپلەر»نىڭ مۇئەللىپى ھۆرمەتلىك ئۇستاز مامۇت ئىسلامنىڭ شۇ زامانلارنىڭ سەنئەت ئىستىلى، سەنئەت ئەخلاقى توغرىسىدىكى بۇ تارىخىي ئەستىلىكلىرى شۇ زامان كىشىلىرىنىڭ سەنئەتكە، سەنئەت ئەھلىگە بولغان ھۆرمەت، ئېتىبارىنى، ئىخلاسىنى يەنىمۇ ئوچۇقراق چۈشىنىۋېلىشىمىز ئۈچۈن تولىمۇ قىممەتلىك مەنبەلەرنىڭ بىرىدۇر.

### (3) سەنئەت تۈرى ۋە سەنئەت شەكىللىرى

بىز مۇناسىۋەتلىك تارىخىي مەنبەلەرگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئالتۇن دەۋرىنىڭ سەنئەت تۈرى ۋە شەكىللىرىنى ماھىيەت جەھەتتىن بىر پۈتۈن مىللىي خاسلىققا ياتىدىغان، تارماق ـ تەركىب لىنىيەلىرى ئىنتايىن كەڭ ۋە كۆپ ئىدى دەپ قارايمىز. بۇ خىل مىللىي خاسلىق مېنىڭچە كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەر ئىسلام تۇرمۇشى ۋە ئىسلام چۈشەنچىسى بىر قەدەر قويۇق سىڭگەن، ئىجتىمائىي مىللىي مەدەنىيەت، مىللىي ئاڭ، شەكىل، پسىخىكا، ھالەت، غۇرۇر، ئارزۇ... يېتەرلىك ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، زامان، ماكان، تەرەققىيات، تۈزۈم روھى دەۋر قىلىنغان ۋە بۇ خىل ھالەتلەر ئۆز ئارا زىچ بىرىكىپ، سىڭىشىپ ئالاھىدە مەۋجۇتلۇق ھاسىل قىلغان پاك مىللىي خاسلىقتۇر. ئەگەردە تارىختىكى ھەر خىل ئالاقىلەر، ھادىسە، سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن شۇ زامانلاردىكى سەنئىتىمىزنىڭ تۈر، شەكىللىرىگە شەرقىي ئاسىيا ياكى باشقا جايلارنىڭ، جۈملىدىن ئەرەب، پارس، ھىندى، تاڭغۇت، موڭغۇل، خەنزۇ، مانجۇ ۋە باشقىلارنىڭ سەنئەت تۈر، شەكىللىرى يا-

كى بۇ خىل تۈر، شەكىللەرنىڭ تەسىرلىرىمۇ ئارىلاشقانغۇ... دېگۈچە-
لەر بولسا (مېنىڭچە بىزگە ئۇ چاغلاردا ئەرەب، پارس... لارنىڭ بەزى
تىل، تۇرمۇش، دىنىي ئادەتلىرى شەكلەن تەسىر سۈپىتىدە يۇقۇندى
بولۇپ كىرگەنلىكى راست)، بىز ئۇلارغا: بۇ خىل تەسىرلەر پەقەت
بىر ئەزىم دەرياغا باشقا دەريا، ئېقىنلاردىن بىر نەچچە قاچا سۇنىڭ
قوشۇلۇپ كەتكىنىدەكلا شەكلەن تەسىرلەر ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتمە
قىلىمىز. ھەتتاكى شۇ زامان ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۇ خىل شەكىل، تە-
سىرلەرنى مىللىي سەنئەت تۈر، شەكىللىرىمىزنىڭ تەقلىدچىلىك ئېھ-
تىياجلىرى ئۈچۈن شۇمۇرۇۋېلىپ پايدىلانغانلىقىنىمۇ ئىنتايىن قىممەت-
لىك ئىجابىي ھالەت ياكى بىباھا سەنئەت ئىستىلى ئىدى دەپ تونۇي-
مىز. چۈنكى بۇ خىل شۇمۇرۇۋېلىش تارىخىمىزدا ھېچقاچان بېقىنىش
خاراكتېرىدە ئەمەس، بەلكى بېقىندۇرۇش (ئۆزلەشتۈرۈۋېلىش) ئاسا-
سىدا داۋام ئەتكۈزۈلگىنى ئۈچۈن ئۇنى خاسلىققا تەگكەن داغ ھېسابە-
دىن ئەمەس، بەلكى خاسلىققا قوشۇلغان زىننەت، قىممەتلىك مەنىۋى
بايلىق ھېسابىدىن ئالقىشلاش، قەدىرلەش — شۇ زامان دەۋرى روھى-
نىڭ مۇقەررەر ئالاھىدىلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. دېمەك، بۇ يەردە مۇ-
قەررەر خۇلاسە شۇكى، ئۇ چاغلاردىكى ئۇيغۇر مىللىي سەنئىتىنىڭ
تۈر، شەكىللىرى خۇددى پىروفېسسور جاۋ سۇڭگۇاڭ تەسۋىرلىگەن-
دەك: ئۇ قەدىمىي غەربىي دىيار سەنئىتىنىڭ نوقۇل داۋامى بولۇپ، ئۆز
ئالدىغا ئالاھىدە سەنئەت ئىدى. ئۇ شەرقىي ئاسىيا سەنئەت سىستېمى-
سىغىمۇ، ياۋروپا سەنئەت سىستېمىسىغىمۇ ئوخشىمايتتى... ئۇ سەنئەت
ئۆزىنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا ھىندىستان، پارس، ئەرەب، شىمالدىكى
كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇلار مە-
دەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە يولۇققان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئىچىدىكى ھېچ-
قايسىسىغا ئوخشىمايتتى. ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل گەۋدە ھاسىل قىلىپ
دۇنيا مەدەنىيىتىگە ئۆزگىچە تۆھپە قوشقان... («شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ
سەنئەت خەۋىرى» 1986 ـ يىلى 1 ـ سان، 46 ـ، 47 ـ بەتلەر)
ھالەتتە ئىدى.

بىز بۇ خىل سەنئەتنىڭ تۈرى ۋە شەكىللىرى دېگىنىمىزدە: بىز پۈتۈن مىللىي سەنئەتنىڭ ئىككى چوڭ تۈر (ئېقىن) نى يەنى 1 ـ قەلەملىك سەنئەت ياكى يېزىق، سىزىق ۋاستە قىلىنىدىغان سەنئەت تۈرنى، 2 ـ قەلەمسىز سەنئەت ياكى يېزىق، سىزىق ۋاستە قىلىنمايدىغان خەلق سەنئىتى تۈرىنى ۋە مۇشۇ تۈرلەرنى چۆرىدىگەن سانسىزلىغان سەنئەت شەكىللىرىنى كۆزدە تۇتىمىز. تارىخىي خاتىرىلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، قەلەم سەنئىتى تۈرىنىڭ شۇ چاغلاردىكى رەسمىي ئىجتىمائىي ئاممىۋىلاشقان تەركىبىگە ئومۇمەن سەھنە ـ ئەمىدانلاشتۇرۇلغان ئاپتورلۇق سەھنە ئويۇنلىرى — يەنى كۈي ـ ناخشا، كونسېرت، مۇزىكا، ئەلشاد (ئومۇمىخور)، داغدۇغ (گېمىن)، ئولام ياكى ئولامچىلىق (خەۋەرلەندۈرۈش، جار سېلىش خورى)، مەشرەپ، مۇتەيۋە (سەھنە ئېتىشۋازلىقى) لەر (بەزى ماتېرىياللاردا 99 خىل دەپ تەرىپلەنگەن) نى تولىراق مەنبە قىلغان، كۆپ خىللىق شەكىللەر بىرلىكلىرى بىلەن ئىپادىلىنىپ تۇرىدىغان زامان شەكىللىرى (مەلۇم سىياسىي، ئىجتىمائىي تۈزۈملەرگە بېقىنغان سەنئەت شەكىللىرى) كىرەتتى. بۇ خىل سەنئەت تۈرىنىمۇ يەنىلا مۇنۇ تۆت چوڭ ئۆزگىچە شەكىلگە يەنى بىر ـ بىرىدىن نۇرغۇن ھالەتلىك تارماق شەكىللەر بىلەن شەكلەن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان شەكىللەرگە تۈرلەندۈرۈشكە بولاتتى. بۇ تۆت خىل ئۆزگىچە شەكىل:

1) سەھنە ـ ئەمىدان سەنئەت شەكىللىرى ياكى ئۆملۈك سەنئەت شەكىللىرى؛

2) ئوردا ـ مەھكىمىلەر ياكى ئەھلى سەلتەنەتچىلەر سەنئەت شەكىللىرى؛

3) دىنىي سەنئەت ياكى دىنىي ھەمدۇ ـ سانا سەنئەت شەكىللىرى؛

4) داستانچىلىق ياكى مەدداھلىق (ئاقما ـ كۆچمە) سەنئەت شەكىللىرىدۇر. بۇنىڭ ئالدىنقى ئىككى خىلى 16 ـ ئەسىردىن ھازىرغىچە ئۈلنىپ كېلىۋاتقان مۇزىكا، سۆز (تېكىست)، ئاھاڭ، ھەرىكەت (ئاسا-سەن ئۇسسۇل) دىن ئىبارەت تۆت تەركىبلىك ھالەت بىرلىكىدە قىياپەتلىنىدىغان، گىرىم ۋە سۆلەت تۈزەش ھاجەت بولغان ۋە مۇكەممەل

مىللىي شەكىللەر خاسلىقى بىلەن دۇنياۋى ئىلمىي سەنئەت ئۇستۇنلۇ-
كىدە شۆھرەتلىنىپ كەلگەن ئەڭ تۇپ شەكىللەردۇر. 3 ـ خىل سەن-
ئەت شەكىللىرى بولسا مەلۇم دىنىي كۇچلەر، بولۇپمۇ شۇ زاماندىكى
تەسەۋۋۇپ كۇچلىرىگىلا خاس، ئىجتىمائىيەت ئۇچۇن سەلبىيلىك ما-
ھىيىتى ئىغرراق، ئىپتىدائىي ئىدىيالىستىك ئەبجەش سەنئەت شەكىل-
لىرىگە يانداشقان بىر خىل سەنئەت شەكىللىرىدۇر. بۇ شەكىل —
ئاساسەن مەلۇم بىرەر باشلامچىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئىبادەت ئۇقۇمىدا
ئۇيۇشتۇرۇلىدىغان سۆز (ھۆكمەت)، ھەرىكەت (ساما) بىلەنلا تۇس ئا-
لىدىغان، دىنىي ئورۇنلار، ئۆيلەر ھەتتا ئوچۇقچىلىقتا ئورۇندىلىدىغان
بولغىنى ئۇچۇن ئالدىنقى ئىككى خىل سەنئەت شەكىللىرىگە ياكى مۇ-
زىكا، ئۇسسۇل، سۆز، ئاھاڭ بىرىككەن سەنئەت شەكىللىرىگە ياندىشال-
مايدىغان، كېيىنكى چاغلار ئۇچۇن غەلىتىلىك ئالاھىدىلىكى بىلەن
سورۇنسىز (قەدىرسىز) لىشىۋاتقان، بىر خىل ئىسكەتسىز سەنئەت شە-
كىللىرىدۇر. 4 ـ خىل سەنئەت شەكىللىرى بولسا — يۇقىرىقى شە-
كىللەردىن ئالاھىدە پەرقلىنىدىغان «تەيىيارغا» «ھەيىيار»، «نەققە ـ
نەق»، ئەڭ كۆڭۈللۈك ۋە ئەڭ ئاممىۋى، ئىجراچىلىرى جەلپداش، ئەل
ـ يۇرت (مەھەللىۋى) سەنئەت شەكىللىرىدۇر. بۇ خىل سەنئەت شە-
كىللىرىنىڭ تەقلىدىي داۋامى ھازىرغىچىلىكمۇ خەلقىمىز ئارىسىدا
«ۋەزخانلىق ياكى مەدداھلىق»، «كوچا نەغمىسى»، «جان نەغمە»،
«تىلەم نەغمىسى»، «نەخ نەغمە»... دىگەندەك ناملار بىلەن ساقلىنىپ
كەلمەكتە. ساماۋەر، ئاشخانا، مېزىخانىلاردىمۇ بۇ خىل نەغمىلەرنىڭ
داۋام قىلىۋاتقانلىقىنى ھېلىھەم دائىم ئۇچرىتىپ تۇرماقتىمىز.

*تەنەپپۇسلۇق سوۋغاتلاردىن*

... ... ...

*ئاقار ئۆرلەپ يىراقلارغا،*
*راۋانى قۇش ئىرۇر نەغمە.*

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

*يارالغاندا يىپپىشقاندۇر،*
*مۇجەزلەر ھەمراھى نەغمە.*
... ... ...
*چىمەنزاردىن، باياۋاندىن —*
*بىبىك[1] ئاتلاپ كېتۇر نەغمە.*
*ساراي، ئايۋان، ئېتىز، خامان —*
*باياني مىڭ ئىرۇر نەغمە.*
... ... ...
*جاھاندا تەڭدىشى يوقتۇر،*
*قۇياشتەك بىغۇبار نەغمە.*
*شىپادۇر ھەممە دىللارغا،*
*بۇ ئەلنىڭ خەزىنىسى نەغمە.*
*(«ئاي چاغ كۈيلىرى»دىن[2])*

تېماتىك زۆرۈرىيەتلەر تۈپەيلىدىن تەرىپلىمىزدىكى سەنئەت شەكىللىرىنىڭ بەزىبىر مىسالىي تەركىبلىرى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

**سەھنە — ئەمدان سەنئەت شەكلىگە ئائىت بەزىبىر مەنبەلىك مىساللار**

شۇ زامانلار خاسىيىتى بىلەن ئىجادىي يېگىلىق سۈپىتىدە جەمئىيەتلەشكەن يېڭى سەنئەت شەكىللىرىنىڭ ئەڭ يىرىك مىسالى تەركىبلىرىدىن بىرى سەھنە — ئەمدان سەنئەت شەكلىدۇر. بەزىبىر سەنئەت تەتقىقاتچىلىرى بۇ خىل سەنئەت شەكلىنى ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئىج-

① بىبىك — ئېگىز - ئېگىز تاغلار مەنىسىدە.

② «ئاي چاغ كۈيلىرى» — ئاي چاغ — كۆڭۈللۈك شۇ زامان ئوخشاتمىلىقى بېشارەت قىلىنغان بۇ كۈيلەر (قوشاق، غەزەللەر) شۇ زامانلاردىن بىزگىچە شەكلىنى يېگىلاپ مەزمۇنىنى يوقاتماي، ئۆلۈنۈپ كەلگەن تارىخىي قوشاقلاردۇر. مىساللىمىزدىكى بۇ قوشاقلارنى مەن 1951 - يىلى قارا قۇرۇمنىڭ ئارغانسال دارىسىدىكى پېرىخۇن ھەسەيدىن باقشىنىڭ قولىدا ساقلىنىپ تۇرغان «سەيدە خانلار» ناملىق خەلق داستانىنىڭ «ئاي - چاغ كۈيلىرى» قىسمىدىن كۆچۈرۈۋالغانىدىم.

تىمائىي سەھنە — ئەمدان سەنئىتىنىڭ كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىردىكى مۇقەددىمىسى ياكى يېڭىلىنىش باسقۇچىنىڭ ئارىلىق بېكىتى ئىدى دەپ قاراشماقتا. مېنىڭچىمۇ شۇنداق. دەرۋەقە بۇ ئارىلىق — ئىجتىمائىي ئەقىل - ئىدراك، مۇھەببەت، ئىجتىمائىي ئازاتلىق، بولۇپمۇ ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي تەقدىرى، ھۆرلۈكى، باراۋەرلىكى، مەدھىيە، تەربىيە، ئىنسان غۇرۇرى، مىللىي ئاڭ، ئۈمىد - ئارزۇلار ھەققىدىكى ئىجابىي تېمىلار ئۈچۈن يورۇتۇلغان، سەنئەتنىڭ ئىجتىمائىي رولى، دەبدەبىسى، كۈچى بىر قەدەر جارى قىلدۇرۇلغان، سەنئەت ئىدىيەسى، سەنئەت كۈچلىرى ۋە ھامىيلىق سەنئەت مۇئەللىپلىرى بىلەن سەنئەت كوللېكتىپلىرى (بىرلىكلىرى)، تۈرلۈك كونا زامان خۇراپاتلىقى ۋە تۇسالغۇلاردىن خالاس قىلىنغان، بېيىغان، بىر قەدەر يېڭىلانغان پۇرسەت ئارىلىقتۇر. شۇڭا بۇ ئارىلىقنى ھازىرقى زامان سەھنە سەنئىتىمىزنىڭ كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى بىر ئۇلانما (يېڭىلىنىش) مۇقەددىمىسى دېيىشكىمۇ بولىدۇ، ئەلۋەتتە. شۇ زامانىنىڭ سەنئەت يادنامىلىرىدىن بىرى بولغان «ئۇششاق» سەھنە سەنئەت شەكلى بۇ قارىشىمىزنىڭ ئەمەلىي دەلىلىدۇر.

«ئۇششاق» ئەرەبچە سۆز بولۇپ، مۇھەببەت دېگەن مەنىدە. بۇ سۆز سۇلتان ئابدۇرەشىدخان زامانىدىن بۇيانقى سەنئەت تىلىمىزنىڭ لۇغەت تەركىبىدە بىزگە مەنسۇپلىشىپ ياكى ئۆزگىرىپ تۇرۇپتۇ. «سۆيگۈ» نىڭ ئورنىنى ئالغان بۇ ئاتالغۇنىڭ ئەسلىي مەنە دائىرىسىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى ھازىرغىچە بىلىپ كۆرگىنىمىز يوق. بىراق، بۇ ئاتالغۇدىن «ئۇششاق» توغرىسىدا بىزگە مۇنداق بىر خاتىرە يېتىپ كەلگەن: «... مۇسۇلمانچىلىقتا كۆپۈرانە — تاشايان قىلىقلار، ساز، نەغمە - ناۋالار، كۈلكە - ئەپسانە قىلىقلا قەتئىي تەرك ھېسابلانغان زامانلارنىڭ بىرى ئىدى. پىر - ياران ئۇلۇغلارنىڭ پايى - قەدەملىرى

تېخى يەتمىگەن، دۇئا ـ نەپەسلىرى تەسىرى پۇرسەت تاپمىغان ئۇلۇغ ئېقىن بويلىرىدىكى يەر باشى سەھراسىدا شاھ تاتارلىق[1] چوكان سېكىلەك خاتون ئامەتلىرى ئاسمانغا ئۆرلەپ، شاھى رەشىدىل ئەزەم[2] بىلەن 40 كېچە ـ كۈندۈز كۆپرانە ـ ناشايان «ئۇششاق» بىدئەتلىكى سادىر ئەتتىلەر... شاھى ئالەم شادلىقى خالايىققا ئالقىش ئەتمەك ۋاجىپلىنىپ، بىدئەتلىك قىلىدىغان تەرسائى بەندىلەرنىڭ سانى ئېشىپ، نوخالىرى ئۆرلەپ، ئاشكارا ئۇششاق قىلماققا تۇتۇندىلەر... بۇ ئىش ئادەت بولۇپ يايىلدىلەر... شاھى ئالەم چوكان خاتۇنى بىرلە 40 كېنىزەك، 40 ئەللامە، سىپاھ ھەمراھ ئەيلەپ كۆكيەر، يولبورىسى[3] ئوردىگاھلىرىدا[4] ئۇششاق رەققاسلىرى شادلىق كۆرسەتتىلەر... تاراتتىلەر، بۇ چاغلار تارىخقا توققۇز يۈز ئەللىك يەتتە رەجەپ، شەئبان[5] ئىدىلەر...» — («سەئىدنامە» پارسچە قولىيازما 6 ـ بەت)[6]

بىزگە مەلۇمكى، دەرۋەقە ئىسلامىيەت پىرىنسىپلىرىدا مۇسۇلمانلار خۇدايى تىرىكچىلىكتە سۈننەت ھېسابلانمىغان ياكى ۋاجىپ قىلىنمىغان غەيرىي ئىبادەت ۋاستىلىرىدىن، شەكىللىرىدىن (ھەر خىل سەنئەت چالغۇلىرى، سەنئەت گىرىملىرى، سەنئەت كىيىم ـ كېچەكلىرى، سەنئەت سورۇنلىرى، سەنئەت تىل، يېزىق، قىلىقلىرى، سەنئەت بۇيۇملىرى) يىراق — خالىي تۇرۇشلىرى تەكىتلەنگەن ياكى قەيت قىلىنغانلىقى بەرھەقتۇر. ئەمما سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئىسلامىيەتنىڭ 10 ـ ئەسىرلەردىكى بۇ ئۇقۇملىرىدىن 16 ـ ئەسىر دەۋرى شارائىتى بويىچە چەتنەپ، غۇرۇرى غالىبلىقى بىلەن 1550 ـ يىلى 7 ـ، 8 ـ ئايلاردا تەسەۋۋۇپ كۈچلىرىنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىدىن يىراقراق، ئۆزىنىڭ

① شاھ تاتار — مەكىتنىڭ ھازىرقى قومۇش مەھەللە كەنتى.
② رەشىدىل شاھى ئەزەم — سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ بىر خىل سۈپەت نامى يەنى بەزىبىر دىندار تارىخچىلار قويغان سۈپەت ئىسىم.
③ كۆكيەر، يۇلبۇرسى — قاغىلىقتىكى ھازىرقى كۆكيار، يۈۋس كەنتلىرىنىڭ نامى.
④ ئوردىگاھ — ھەرىبىي گازارما.
⑤ رەجەپ، شەئبان — 7 ـ، 8 ـ ئايلار.
⑥ «سەئىدنامە» — سەئىد ئاسىپ ۋاخانى — (ئېھتىمال ۋاخان تاجىكى بولسا كېرەك — ئا) ئىسىملىك بىر كىشىنىڭ كۆچۈرمە ئاپتورلۇقىدا 1911 ـ يىللىرى ئەترايىدا كۆچۈرۈپ كۆپەيتىلگەن پارىسچە رىسالە. ئىشانلار تارىخىمۇ ياكى سەئىدلەر تارىخىمۇ ئۇنىسى ھازىرچە نامەلۇم.

ئوردىگاھلىرىغا يېقىنراق، ئەڭ پاك، ھاۋالىق، باغ - چىمەنلەر كانى، چىچەن، قەلبى پاك، زېرەك ئاھالىلەر ئارىسى — ئۈلۈغ ئېقىن بويىدىكى يارباش (قاغىلىق ناھىيەسىنىڭ ھازىرقى ئۈلۈغ دەريا يەنى ئۈلۈغئۆستەڭ ۋادىسىدىكى يار بېشى سەھراسى) تا 26 ياشلىق مەھبۇبى مەلىكە، سا-زەندە ئامانىسا (ھازىرقى قومۇش مەھەللىلىك) خېنىم بىلەن (ئابدۇرە-شىدخان ئۆ چاغلاردا 39 ياشلاردا ئىدى — ئا) جايلىشىپ ئوششاقچى-لىق بىلەن مەشغۇل بولغان، ئىشقىي ئويۇن، ئىجادىيەت پەيزىنى سۈر-گەن. ئېنىقراق ئېيتقاندا، بۇ جاينى يازلىق ئارامگاھ قىلىپ مەلىكە ئاما-نىسانىڭ ئوششاق ئۇسسۇلى (مۇھەببەت ئۇسسۇلى) ۋە ئۇنى چۆرىدىگەن سەككىز ئۇسسۇل پەردىسى، ئوششاق نەغمىسى ھەم ئۇنىڭ يەتتە ئىقراتـ-لىق ساز قىسمى، ئوششاق ئەلنەغمىسى — (سەھنە كونسېرتلىرى) ۋە ئۇنىڭ بىر نەچچە خىل ئۇسسۇل شەكىللىرى ئىجاد قىلىشىغا ۋە ئۇنى جەمئىيەتلەشتۈرۈشكە (سەھنە ئەمىدانلاشتۇرۇشغا) ئىلھام - مەدەت بەرگەن، يېتەكلىگەن. خۇددى «ئايا چاغ كۈيلىرى» دە تەسۋىرلەنگەن-دەك:

قىرىق قىز قىرىق خىل قىلىق ناز بىلەن،
قىرىق سۆز، قىرىق ئۈن، قىرىق ساز بىلەن.
قىزىرىپ قارداشلار قىرىق كۈنلەپ كۈلگەن،
قىرىق پىرلىق قەدىردان قېدىرى[1] بىلەن.

دېگەندەك ھالەت بولغان. شۇنداقلا خۇددى خوتەنلىك موللا ئىسمەتۇللا مۆجىزىنىڭ 1854 - يىلى يازغان «تەۋارىخ مۇسقىيۇن» (مۇزىكا تارىـ-خى) دېگەن ئەسىرىدە قەيت قىلىنغىنىدەك شۇ قېتىملىق ئارامچىلىقتا مەلىكە ئامانىسا خېنىم بىر قىسىم مۇزىكا ئەسىرىنىڭ باش ئورىگىنالىنى شۇ جايدا ئىشلىگەن:

كىشى كەلدى جاھانغا كۆردى تەڭسىزلىك بالاسىنى،
خۇداۋەندە قوبۇل قىلغىن پەقىرلەر ئىلتىجاسىنى.

① قېدىرخان يەركەندى كۆزدە تۇتۇلغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئادالەت بىرلە دۇنيادا ھۆكۈم سۈرسە ئۇلۇغ خىسلەت،
شۇڭا ئەل باش پاناھ دەرلەر دىيارىم پادىشاھىنى.

چىمەندە گۈل ئىچىلغاندا قىلۇر بۇلبۇل نىچۈك تاقەت،
شۇ چاغ بۇلبۇل تۇرالامدۇ جاراڭلاتماي ناۋاسىنى.

ھەقىقەت ھەم ئادالەتنىڭ ئۇلۇغ سەردارىنى يادلاپ،
نەفسە[2] چالدى شۈكرانە قىلىپ بۇ پەنجىگاھىنى.

«تەۋارىخ مۇسقىيۇن» دا مۇنداق دېيىلىدۇ: «... مەلىكە ئامانىسا خېنىم سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ خانىشى ئىدى. ئۇ ئۆز دەۋرىنىڭ يېگانە شائىرەسى بولۇپ ‹دىۋان نەفسى› (نەفسە شېئىر توپلىمى) ناملىق شېئىردىن بىر كىتاب يازغانىدى. خەتتاتلىقتا ئۇستۇن ماھارەتكە ئىگە ئىدى. مۇزىكا ئىلمىدىمۇ شۇنداق كامالەت ئىگىسى ئىدىكى، سۇلتان ئۇنىڭغا تاقەتسىز ئاشىق ۋە ئىختىيار شەيدا بولغانىدى...» ... «خۇدايى تائالا بۇ قىزغا شۇنداق ئەقىل ـ پاراسەت ئاتا قىلغانىدىكى... ‹دىۋان نەفسى› نى يازدى. خوتۇن ـ قىزلارغا نەسىھەت قىلىش مەزمۇنىدا ‹ئەخلاقىي جەمىلە› (گۈزەل ئەخلاق) ناملىق بىر كىتاب يازدى. ‹شۇرۇھۇل قۇلۇپ› (قەلبلەر شەرھى) ناملىق بىر رىسالە يازدى. شائىرەلىك، نەغمىچىلىك، خەتتاتلىق توغرىسىدا بۇنىڭدەك مەنىلىك كىتاب ئاز. ‹ئىشرەت ئەنگىز› ناملىق بىر مۇقامنىمۇ بۇ مەلىكە ئىجاد قىلغانىدى... 34 يېشىدا تۇغۇتتا ۋاپات بولغان...» («ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدىن تىزىس»، 140 ـ بەت).

ئەپسۇسكى، شۇ زامان جاھالەت كۈچلىرىنىڭ ئوردا ئىشلىرىغا ياماشقان ۋەكىل گۇرۇھلىرى ياكى تەرسا «پىر ـ ئالى» تەسىردارلارنىڭ پىتنە ـ خۇسۇمەتلىرىدىن ھەزەر ئەيلەش، ساقلىنىش زۆرۈرىيىتى بىلەن

① نەفسە ــ ئامانىسا خاننىڭ ئەدەبىي تەخەللۇسى ياكى سۆيەت نامى بولسا كېرەك ــ ئا.

بۇ خىل ئەمگەكلەرنىڭ مۇئەللىپلىك شەرىپى سۇلتان ئابدۇرەشىدخان نامى بىلەن شۆھرەتلەنگەن (ئاتالغان) ئىدى. ئەڭ ئەپسۇسلۇق يەنە بىر ئىش شۇكى، سەئىدىيە نەسەبلىرىگە مەنسۇپسىزلىقى تۈپەيلىدىن ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇر مۇزىكا سەنئىتىنىڭ شۇ چاغلاردىكى داھىي ئىجادچىلىرى — ئامانىساخان، قىدىرخان، مەھمۇد ئاكالارنىڭ ئاشۇ تارىختىكى ئىجادىي تۆھپىلىرى سەئىدىيە تارىخچىلىرى تەرىپىدىن تۈزۈكرەك شەرھلەنمىگەن ياكى ئېتىباردىن چەتنىرەك قالدۇرۇلغاندى. خەلقىمىز ئۆزىنىڭ تارىختىكى تارىخقا ئۇلاپ رىۋايەت شەكلى بىلەن ئەجدادلارغا ئىز سىلىپ تۇرۇشتەك خۇسۇسىيەتلىرىدە بۇ خىل قىممەتلىك تارىخنىڭ ئىزىنى يوقىتىپ قويغىنى يوق. بۇنىڭغا ھازىرچە بىرلا مىسال شۇكى، شۇ چاغلاردا يۇقىرىقى زاتلار بىر ياز ئېھتىيات ئارامگاھى قىلغان جاي — «ئۇلۇغ ئېقىن يەر باشى» (بەزىلەر كېيىنكى چاغلاردا «يار بېشى» دەپ خاتا تەلەپپۇز قىلىپ ئادەتلەنگەن — ئا)نى ھازىرغىچىلىكمۇ ھازىرقى زامان سەھنە ئەلنەغمىچىسى (سەھنە مۇزىكا ئومۇمىي خورى، سەھنە ئۇسسۇل دەبدەبىلىرى ھەم سەنئەت نامايىشلىرى) نىڭ ئىپتىدائىي مۇقەددىمىلىرى ياكى يېڭىلانغان مۇقەددىمىلىرى ھېسابلىنىدىغان «ئوششاق» باشتىلا — تۇنجى قېتىم ئىجاد قىلىنغان جاينى تارىختىكى ئورۇن شەرىپى بىلەن «ئوششاقباش» — (ئۇششاقچىلىق باشلانغان جاي مەنىسىدە) نامى بىلەن ئاتاپ، يادلىنىپ كەلگەن. دەل مۇشۇ يەردە ھازىر ھەقلىق ھالدا شۇنىمۇ ئىزاھلاش زۆرۈركى، بۇ قىممەتلىك سەنئەت ئادرېسىنى قانداقتۇر كېيىنكى چاغلارنىڭ بەزى «بىلەرمەن» لىرى «ئوششاقباش» (ئىسكەتسىز، قولاشمايدىغان، ئۇششاق - چۈششەك خەلق ياشايدىغان يۇرت) ئۇقۇمىدا چۈشىنىپ، سەلبىي مەنىلىك سۈپەت ئىسىم ئۇقۇمىدا ئاتاپ كېلىشكە باشلىغان. ھازىرقى چاغلارغا كەلگەندە بولسا تېخىمۇ يىراقلىشىپ (50 - يىللاردىن بۇيان) ئۇ يەرنى «ئۇششارباش» — (ئۇششار ئەمەس باشنىڭ تەتۈر ھەمراھى) ئۇقۇمى بىلەن ئاتاپ كېلىشمەكتە. بۇ بىر ئاڭسىز پېشكەلچىلىك ئىكەنلىكى ئەجەب ئەمەس.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قانداقلىكى بىرەر ئىشنى ئىشلەشتە،
ئاخىرىنى ئويلاپ كۆر، قالما تەشۋىشتە.
... ... ...
كىرىشمەكچى بولساڭ بىرەر ئىشقا شۇدەم،
چىقىش يولىنى كۆزلەپ ئاندىن باس قەدەم.
... ... ...
ئەيىبلىمە بىراۋنى ئويلىنىپ كۆرمەي،
ئۆز ئەيىبىڭنى دوستۇم ياخشىراق بىلمەي.
... ... ...
كىمنىڭكى بار بولسا بىر بۇردا نېنى،
ئۆزىگە يارىشا ئۆي ـ ئاشىيانى.

(ناسىر خىسراۋ)

بۇ خىل ئىجابىي سەنئەت ۋەزىيىتىنىڭ شۇ زامانغا نىسبەتەن بولغان ئىلغارلىق ۋەزىنىنى تۆۋەندىكىچە يەكۈنلەش مۇمكىن:

1) جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي سەنئەت ئەركىنلىكى. بولۇپمۇ ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي سەنئەتكە كىرىش ئورنى (دىنىي، ئەنئەنىۋى خۇراپىي ئادەت، بېسىم ـ رامكىلاردىن قۇتۇلۇپ جەمئىيەتكە يۈزلىنىش ئورنى) هاكىمىيەت كۈچى بىلەن كاپالەتلەندۈرۈلگەن.

2) ئۇسسۇل بىلەن هەرىكەتلەر قىياپەتلىنىدىغان مۇزىكا، مۇزىكا بىلەن شەكىل ئالىدىغان ئارىلاشما هەرىكەت، ئۇسسۇل ۋە بۇ خىل سەنئەت هالەتلىرى ئورۇنلىنىدىغان چوڭ سەهنە ـــ (ئىجتىمائىي ئىلمىي سەنئەت سورۇنلىرى) مۇتلەق جەمئىيەتلەشتۈرۈلگەن، كېڭەيتىلگەن، دەخلىسىزلەشتۈرۈلگەن.

3) سەنئەتنىڭ هەر قانداق تۈر، شەكىللىرىنى مەۋجۇد دۇنيا مەۋ-

جىزىلىرىنى ئۆزنەك، ئەۋرىشكە قىلىپ ئەركىن تاللايدىغان، ئەركىن ياسايدىغان ھەم بۇ ساھەدىكى كەسپىي، ئىجادىي، مۇلازىمەت ئىشلىرىنى دەخلىسىز ئىشلەشكە بولغان يېڭى ئىجتىمائىي ئادەتكە ئۇل سېلىنغان، يول قويۇلغان.

4) سەنئەت سېپىدىكى ئىجادىيەتلەرنى سەنئەت بەلگىلىرىنى، ۋاسىتىلىرىنى، شەكىللەرنى، ماتېرىياللارنى، مەنبەلەرنى، ئورۇن ۋە ھەر خىل سەنئەت بۇيۇملىرىنى بەرپا قىلىش، ياساش، تېپىش، ئىشلىتىش، زۆرۈرى ئىجتىمائىي كەسىپ ـ ھەرىكەتلەر قاتارىدا ئېتىبارلىنىدىغان، قوغدىلىدىغان ۋەزىيەت تۇرغۇزۇلغان.

بۇ يەردە شۇنىمۇ قەيت قىلىش لازىمكى، بۇ خىل سەنئەت شەكىللىرى بىلەن سەنئەت ۋەزىيىتى ھامان يەنىلا شۇ زامان ئەنئەنىۋى جەمئىيەت تۈزۈمىنىڭ (مىللىي فېئوداللىق تۈزۈمىنىڭ) ئېتىقاد، ئەدەب ـ ئەخلاق دائىرىسىدىن، يەنى شۇ زامانىنىڭ شارائىت چەكلىمىسىدىن ئاساسەن ھالقىپ كېتەلمەسلىكتە سەلبىي ئەھمىيەتتىن تولۇق خالىي بولۇپ كېتەلمىگەن. بۇ ھالەت تولىراق ئەر ـ ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت تېمىسىدا شۇ دەۋرنىڭ فېئوداللىق مۇناسىۋەت ئەنئەنىلىرىنى چىقىش قىلماي مۇمكىن بولمىغانلىقى، دىنىي سەۋەبلەر ياكى مەلۇم ئىدىئولوگىيەلىك تەسىر، بېسىملار سەۋەبلىرى تۈپەيلىدىن (سۇلتان سەئىدخان، سۇلتان ئابدۇرەشىدخانلارنىڭ ئاتالمىش تەسەۋۋۇپ ئېتىقادچىلىرىغا دىنىي، روھىي جەھەتتىن ئىختىيارسىز ئىخلاس قىلىشقا توغرا كەلگەنلىكى تۈپەيلىدىن) ئىجتىمائىي ئەركىن سەنئەت رەقبىلىرىنىڭ يەنىلا خىرىسمەنلىك بىلەن مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقانلىقى، بەزىبىر ئەرەب، پارس تىل رامكىلىرىنىڭ ئۇيغۇر سەنئەت تۇرمۇشىغا ئۇسۇپ كىرگەن ۋە كىرىۋاتقانلىقى ھەمدە يېڭى ئادەت كۈچلىرىنىڭ كونا ئادەت كۈچلىرى بىلەن كۈچ سېلىشتۇرمىدا يېتەرلىك ئۈستۈنلۈك تىكلەپ تۇرالمىغانلىقى... ھالقىلىرىدا ئىپادىلىنىپ تۇرغان. بۇ خىل «زامان چاتىقى» كونا ئىسلام ئىدىئولوگىيەسى پرىنسىپلىرىغا ئارىلىشىپ تارىختا ھامان بىزنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىمىز بىلەن زىتلىشىش مادارىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھازىرغىچىمۇ مادارىدىن قالغىنى يوق، ئەلۋەتتە.

سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئالتۇن چاغلىرىنىڭ يۇقىرىقىدەك زىددىيەت-لىك سەنئەت مەۋقەلىرى — (مەدەنىيەت مەۋقەلىرىمۇ ھەم) توغرىسىدا ئەينى زاماندا سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ھۇزۇرىدا ئۆتكەن يەكەنلىك شا-ئىر ئاياز بەگ مۇنداق يازىدۇ:

ساقى مەي پەرەخبەخش تۆتكىم باھار كەلدى،
ئىشرەت زامانى يەتتى ئول گۇلئۇزار كەلدى.
بولدى چىمەن مۇنەۋۋەر ئېچىلدى رەڭگى گۈللەر،
تۇت جام روھ پەرۋەر كىم غەمگۇزار كەلدى.

بۇ شېئىرنىڭ ئومۇمىي مەنىسى مۇنداق: ئەي ساقى، خۇشاللىق بەخش ئەتكۈچى شارابىڭنى سۇنغىن، چۈنكى باھار كۈنلىرى كەلدى. خۇشاللىقنىڭ زامانى يېتىپ كەلدى. گۈل يۈزلۈك سۆيگۈنىمىز كەلدى. چىمەن باغلار جۇلالىنىپ رەڭمۇرەڭ گۈللەر ئېچىلدى. شادلىق شارابى-نى ئۈزمەي قۇيغىن، دەردىمىزنىڭ دەرمانى كەلدى.

دېمەك، بىز سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئالتۇن چاغلىرىنىڭ سەھنە — ئەمىدان سەنئەت شەكىللىرىنى ئەنە شۇ خىل زىددىيەتلىك دەۋر شارا-ئىتىدىن كۆزىتىشكىمۇ داخىل بولىمىز. بۇ تارىختا ئۆتكەن ھەقىقىي مىللىي قەھرىمان، مىللەتنىڭ پەخرى، غۇرۇرى ھېسابلىنىدىغان سۇلتان سەئىدخان، سۇلتان ئابدۇرەشىدخانلارنىڭ ئومۇمىي سەنئەت ئۇتۇقلى-رىنى (مىللىي مەدەنىيەتكە قوشقان تۆھپىلىرىنى) سەلبىي كۆپتۈرۈش-لەرگە سەۋەب بولالماسلىقى كېرەك، ئەلۋەتتە.

ھۆرمەتلىك مۇئەللىپلىرىمىزنىڭ بىرى بولغان ئابدۇكېرىم رەھمان «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1983 ـ يىلى 1 ـ سانىدا بىزنىڭ مەۋقەيىمىزگە ياندىشىپ مۇنداق يازىدۇ: «ئابدۇرە-شىدخاننىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى مۇھىم تۆھپىسى — ئۇي-غۇر خەلقىنىڭ مۇزىكا مىراسلىرىنى توپلاش، رەتلەش، بېيىتىشتا كۆ-

رۇلىدۇ... ئابدۇرەشىدخان مۇزىكا ئىلمىنىڭ مۇسەننى ئىدى. «ئىشرەت ئەنگىز» مۇقامىنى ئىجاد قىلدى... شۇ دەۋرنىڭ ئاتاقلىق مۇقامچىلىرىنى ئۆز ئەتراپىغا توپلىدى. ئابدۇرەشىدخان دەۋرىدە ئۇيغۇر خەلق ناخشا - مۇزىكىلىرى (نۇقتىلىق هالدا ئون ئىككى مۇقام) نى توپلاش، رەتلەش، ئۆگىنىش ئورنى تەشكىللىنىپ، ئۇنىڭغا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەشهۇر مۇقامشۇناسى، شائىرەسى ئامانىسا بىلەن قىدىرخان يېتەكچىلىك قىلدى...» كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، بۇ پەقەت سۇلتان ئابدۇرەشىدخان دەۋرىنىڭ مۇزىكا، مۇقام ساهەسىدىكى نەتىجىلىرىدىنلا ئىبارەت بىر تەرىپىدۇر. ئۇلارنىڭ يەنە ئۇسسۇل، ئەلنەغمە، كۆرەك سەنئىتى (سەھنە كونسېرتلىرى)، مۇرەككەپ سەھنە - ئەمىدان تاماشالىرى، خور ۋەھاكازا سەنئەت شەكىللىرى بويىچمۇ ياراتقان نەتىجە - ئۇتۇقلىرىنى هەم ئىزدەش، تېپىش، تەتقىق قىلىش، ئۆگىنىش بىز ئۈچۈن يەنىلا قەدىرلىك مەجبۇرىيەتلەردىندۇر.

## قەلەمسىز سەنئەتنىڭ بەزى شەكىللىرىدىن مىساللار

سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئالتۇن چاغلىرىنىڭ ئەڭ جانلانغان سەنئەت تۈرى — قەلەمسىز سەنئەت ياكى يېزىق، سىزىقسىز خەلق سەنئىتى تۈرىنىڭ ئەڭ ئاممۇبلاشقان شەكىللىرىنى ئاساسەن تۆۋەندىكى تەركىبى شەكىللەرگە مەركەزلەشتۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا بولىدۇ:

1. نەغمىلەر، غەزەل - قوشاقلار، بېيىت، مۇتەيۋىلەر، هەزىل - زىغىرىقلەر، تېپىشماقچىلىق، قىزىقچىلىق، گەپدانلىق، دورامچىلىق، مەسخىرىۋازلىق، لاپخورلۇقلارنى چۆرىدىگەن ئىشقىي - كۈي نەغمچىلىكى ياكى مەشرەپبازلىقلار.

2. چالغۇ ياكى چالغۇلۇق هەرىكەت بىلەن بىرىككەن رىۋايەت، چۆچەك، تارىخ، ۋەقەلەر، ئەپسانىلەر، تەنە - دارىتمىلار، ئەگىتمە - قاس چىقىرىشلار هەم شۇنىڭغا ئوخشاش تۇرمۇش تېمىلىرىنى ئىپادىلەيدىغان داستانچىلىق ياكى نەسىرۋازلىقلار.

بۇ خىل سەنئەت — ئەلمىساقتىن بېرى روهىي دۇنياسىغا سەنئەت

مىجەزى سىڭىپ كەتكەن ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ ھەممە ئىنىق ھەرىكەتلىرىگە، ئۆيلىرىگە، بۆشۈكتىن گۆرگىچە بولغان بارلىق تىرىكچىلىكلىرىگىچە ئاب ــ ھاۋاغا ئوخشاشلا سىڭىپ تۇرىدىغان (قوبۇل قىلىنىدىغان، ئىجاد قىلىنىدىغان) قىلىق سەنئىتى ياكى جان سەنئىتىدۇر. تارىختىن بىرى يەر يۈزىدە سەنئەت مىجەزى يوق، سەنئەت تۇيغۇسى ئۆلگەن ياكى سەنئەتنى يات كۆرىدىغان بىرەرمۇ ئۇيغۇر نەسلىنى ئۇچراتقىلى بولمىغاندەك، بۇ خىل جان سەنئىتىنىمۇ بىزنىڭ خەلقىمىزنىڭ ئارىسىدىن ھازىرغىچىلىك جىنىمىز، قېنىمىز، غۇرۇرىمىز، ۋىجدانىمىز، سۆزىمىز، تەقدىرىمىز، ئىزىمىزنىڭ سىمۋولى شەكلىدە ئۇچرىتىپ، قەدىرلەپ كەلمەكتىمىز.

يۇقىرىقى پىكىرلىرىمنى ئىپتىياج، زۆرۈرىيەت ۋە ئىمكانىيەت چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن بىر نەچچە مىسالىي ماۋزۇلار بىلەن (قىسقىچە) ئاساسلاپ كۆرمەكچىمەن:

**مەشرەپلەر توغرىسىدا**

تارىخىمىزدا مىللىي خاسلىق ئالاھىدىلىكى ئالاھىدە ئىپادىلىنىپ تۇرىدىغان، ئەڭ ئاممىۋى، ئەڭ باي مەزمۇنلۇق ئىلمىي سەنئەت شەكىللىرىمىزدىن بىرى كۈي ــ نەغمە يەنى مەشرەپتۇر.

سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئالتۇن چاغلىرى ئويۇن سەنئىتىنىڭ خېلى كۆپ ساقىندى ياكى ساقلاندى نەمۇنىلىرىمۇ تارىختىن بىزگە ئاساسەن سەنئىتىمىزنىڭ مۇشۇ شەكلىدىن تولىراق ئۇلىنىپ، ئىپادىلىنىپ كەلگەن ۋە كەلمەكتە. مەسىلەن، قارا قۇرۇمىلۇقلاردىكى «چىمەن كۈي نەغمىلىرى»، قومۇل تاغلىرىدىكى «كۆك نەغمىلىرى»، خوتەن سەھرالىرىدىكى «نورۇز» نەغمىلىرى، لوپنۇر ــ تاترانلاردا ساقلانغان ھەر خىل «ئاي»، «كۈن» كۈي نەغمىلىرى، باشقا جايلاردىكى «بۇلبۇل»، «گۈل»، «ئاشىق»، «مەشۇق» كۈي نەغمىلىرى ھەم بۇ خىل كۈيلەرگە مەنسۇپ ھەر خىل سەنئەت بويۇم، ۋاسىتىلىرى (ئومۇمەن باھار سىمۋولى) بۇ پىكرىمىزنىڭ دەلىلىدۇر. بۇ ھەقتە رۇسىيەلىك پانتوسوف

مۇنداق يازىدۇ: «خۇشاللىقتىن يايرىغان بۇ تەرەپلەردە خەلق شادلىقىنى جاكارلاش ئۈچۈن چىچەكلىك چىمەن، يەنى ‹ئۆلەن› سۆزىنى قوللىنىپ كۈيلەيدۇ (ناخشا ئېيتىدۇ، مەشرەپ ئوينايدۇ، دېمەكچى ــ ئا) مىللىي سەنئەتتە خوتۇنلىرىنىڭ چىگكەن، توقۇغان بويۇملىرىغا ئەنە شۇ سەۋەبتىن چىچەكلىك چىمەنلەرنى ئەكس ئەتتۈرگەن نۇسخىلار چۈشۈرۈلىدۇ... بۇ ئۆلىنىپ كىلىۋاتقان سەنئەت ئەنئەنىسىدۇر...» («شەرق تارانچىلىرى» 57 ـ، 59 ـ بەتلەر).

كۈي ـ نەغمىلەر، قوشاق ـ بېيىتلار تارىخ گۇۋاھچىسى ۋە سۇلىماس مىراسنامىلەر بولغىنى ئۈچۈن تارىخىمىزدىكى كۈي ـ نەغمە (مەشرەپ)لەرنى هازىرقى زامان سەنئەت شەكىللىرىمىزنىڭ كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىردە يېتىلانغان يەنىمۇ بېيىتىلغان خەزىنە بۆشۈكلىرىدىن بىرى دەپ قاراشقىمۇ توغرا كېلىدۇ، ئەلۋەتتە. تارىخىي مەنبەلەردىن بىلىشىمىزچە، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئالتۇن چاغلىرىنىڭ دەسلىپىدە نەغمە ـ كۈيلەرنىڭ (مەشرەپلەرنىڭ) جارىلىنىش دائىرىلىرى ئاساسەن شەهەر، بازارلار، كۆجۈم مەدەنىي تۈرالغۇ رايونلار ئارا مەلۇم شارئىتتىلا ئوينىلىدىغان تار ئىجتىمائىي سورۇنچۇلۇقتىن ياكى غەلىبە، تەنتەنىلەر نىشانلىنىدىغان (مەلۇم كۈچلەر شادلىنىدىغان) چەكلىك دائىرىلەردىن ئىبارەت بولغان بولسا، كېيىنچىرەك (ئابدۇرەشىدخان زامانلىرىدا) ئومۇمەن ئادەم قەدىمى يېتىدىغانلىكى هەممە جايلارغىچە بىردەك ئومۇملىشىشقا، مەلۇم خۇراپىي رامكىلاردىن، سەلبىي كۈچلەرنىڭ، هۆكۈمران دىنىي، سىياسىي ئىدىيەلەرنىڭ تەسىرىدىن خالاسلىنىپ، ئۆزلەش پۇرسەت پەللىلىرىگە كۆتۈرۈلۈشكە يۈزلەنگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن مەشرەپلەرنىڭ تاكامۇللىشىش، راۋاجلىنىش، يېيىلىش دائىرىلىرى پۈتۈن ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىلا ئەمەس، ئوتتۇرا ۋە كىچىك ئاسىيا ئەللىرىگە، هەتتاكى پۈتۈن دۇنياغىمۇ كېڭىيىش، تەسىر كۆرسىتىش دەرىجىسىگىچە بېرىپ يەتكەن. خۇددى هۆرمەتلىك ۋەقەشۇناس ماۋۇت ئىسلام تەرىپلىگەندەك: كاداڭ مەشرەپلەر (چوڭ، مۇكەممەل ئىلمىي مەشرەپلەر ــ ئا) 120 خىلغا (12 مۇقام، 72 ساز، ساناقسىز كۈي، نەغمە، ئۇسسۇل، پە-

دىلەرنى چىقىش قىلغان چوڭ مەشرەپلەر دېمەكچى — ئا)، «چىم» مەشرەپلەر (ھەممىلا يەردىن بىردەك ئۇنۇپ چىقىدىغان ئوت - چىم ئوخشاشلىقى تەقلىد بولغان ئىجادىي، يەرلىك، چاقار، مەھەللە مەشرەپلىرى دېمەكچى — ئا) كۆكتىكى يۇلتۇزلاردەك جاھاننى قاپلاپ كەتكەن شەھەر، بازار، لەنگەر، كۆجۇم جايلاردىكى تۇرمۇش ئورۇنلىرىدىن تارتىپ تاغ - تاران، باياۋان سەيياتلىرى ( ئوۋچى)، چوپان، قانقىغانلارنىڭ ئورتاق (ئوتاۋ) لىرىغىچە، كارۋانلارنىڭ مەنزىلگاھلىرى بىلەن سەيياھلارنىڭ قونالغۇلىرىغىچە كېڭەيگەن، ئومۇملاشقان. بەزى يەرلىك تېرىندى خاتىرە مەنبەلەردىن بىلىشىمىزچە، 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە سەئىدىيە خانلىقى زامانلىرىدىكى مەشرەپلەرنىڭ ساقىندى داۋامى سۈپىتىدە ساقلىنىپ كەلگەن تەقلىدىي شەكىللەر 100 دىن جىقراق بولغان. بۇنىڭدىن قومۇل، تۇرپان مەشرەپلىرى 11 خىلنى، قارا قۇرۇم، پامىر مەشرەپلىرى 13 خىلنى، خالاستان، يەكەن، گېس، تۇمەن دەريا ۋادىلىرىدىكى مەشرەپلەر — (يەكەن، قەشقەر ئويمانلىقى — ئا) 20 خىلنى، ئاقسۇ، كۇچا، بۇگۇر... مەشرەپلىرى 20 نەچچە خىلنى، ئالملىق — (غۇلجا، تارباغاتاي، ئالتاي، بورتالا... لارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) مەشرەپلىرى 14 خىلنى، بېشبالىق — (ھازىرقى ئۈرۈمچى، شىخەنزە، قاراماي، مايتاغ، سانجى ئوبلاستى... تەۋەلىكىدىكى جايلار) مەشرەپلىرى 7 - 8 خىلنى تەشكىل قىلغان. بۇلاردىن قەدىمىراق مەشرەپ خىللىرىنىڭ ئەڭ كۆپ ساقلانغان جايلىرى قومۇل، قارا قۇرۇم، پامىر، ئالتۇن قۇرۇم (كۇئېنلۇن) تاغ ئارىلىرىنىڭ يىراق تاغ ئىچى ئاھالىلەر رايونلىرىدۇر.

*تەنەپپۇسلۇق سوۋغاتلاردىن*

*ئاپال ئېيتىدۇ:*
*ئەسسالام دەپ ئۆيگە كىرسەم،*
*تۆردە بىر مېھمان تۇرۇر.*

قاشلىرى قىيغان قەلەمدەك،
كۆزلىرى ئويناپ تۇرۇر.
... ... ...
مەن سالام بەردىم ساڭا،
قىلغان ئىشارەتىڭ قېنى؟
كۆڭلى يازلىقتىن خەۋەر
ئەقلىڭ ـ كارامەتىڭ قېنى؟

ئەر ئېيتىدۇ:
تۆردە مېھمانىڭ بولۇپ،
تۇرغان چېغىم ـــ كۈلگەن چېغىم.
رەھمىتىم ـ مېھرىم بىلەن،
ساڭا بېرىلگەن بۇ دىلىم.
... ... ...
بىر سالامغا مىڭ ئىشارەت،
قىلمىقىم ئارزۇ ھەۋەس.
بۇ كۆڭۈلنىڭ قىشى يوقتۇر،
ئەقلىم ـ كارامەتىم پەۋەس.

ئايال ئېيتىدۇ:
دىل خۇمارىم سەن ئىبرۇرسەن،
شوخا بويلۇق شۇل يىگىت،
لەۋزىدىن شېكەر تامادۇر،
ھۇشمۇ تاقەتلىك يىگىت.
... ... ...
سەن ئۈچۈن كۆيمەكلىكىم،
غەپلەت ئەمەس، يا جا ئەمەس.
كۆڭلىمىز كۈن، قىلچە شەك يوق،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

*مەن ساڭا ئورتاق نەپەس.*
*... ... ...*
*ئەر ئىبىتىدۇ:*
*بۇ ئەزىز قەلبىڭ ئۈچۈن،*
*قەلبىم، ۋۇجۇدۇم، سەندەدۇر.*
*ئىككى دۇنيا بىر قەدەمدۇر،*
*سەن بىلەن ئۆتسە نەپەس.*
*(قارا قۇرۇملۇقلارنىڭ تويى ــ مەشرەپ بېيىتلىرىدىن)*

**مەشرەپ مۇتەيۋىلىرىدىن نەمۇنە:**

... ئەسسالامۇئەلەيكۇم جامائەت!

... بىزنىڭ يۇرتىمىزنىڭ ئىچىدە، ئۇ يەردىمۇ ئەمەس، بۇ يەردىمۇ ئەمەس چېتىدە، ئاكامنىڭ، ياق ئاكامنىڭ ئاكىسىنىڭ، ياق! ئۇكامنىڭ قېيناتىسىنىڭ قېينانىسىغا تۇغقان كېلىدىغان، ئاڭلىمىغان، بىلمىگەن يېقىن تۇغقانلىرىمىزنىڭ ئۆيىدە تۇنۇگۈن بىر قوي قوزىلاپتۇ. بېشى ئىتقا، قۇيرۇقى قويغا، قاۋىشى كۈچۈككە، مەرىشى قوزىغا ئوخشايدىكەن، تۆشۈكتىنمۇ كىرىدىكەن، ئىشىكتىنمۇ كىرىدىكەن، ئوتمۇ يەيدىكەن، گۆشمۇ يەيدىكەن. بۇنىڭ گۆشى هالالمىدۇ؟ نېمە دەپ ئات قويىمىز؟

ــ بۇنىڭ جاۋابى ئوڭاي: ئالا كۆڭۈل، مىجەزى غەش، ئاللاھ ئۇقۇشماي ياراتقان، قەدرى كۆل ــ توپراق، چالا ئىنسانلارنىڭ خۇيى ــ پەيلى... دەل شۇنداقتۇر.

مانا بۇ مەشرەپ مۇتەيۋىلىرىنىڭ نەسرىي شەكلىدۇر. نەزم شەكىللىرىمۇ نۇرغۇن. مەسىلەن:

... ... ...
ئەي خالايىق بىلىپ ــ بىلمەي قالماڭلار،

بىر نەزم بار قۇلاق سالماي قويماڭلار.
ئۆلگەنىكەن بىر تۆگە ئۆزى بەك ئورۇق،
بىغىنىڭ كۆپلۈكىدىن ھېچ مادارى يوق.
ئۆلگەن يېرى سۇدا ئەمەس ياكى قۇرۇق،
ئۆلگەن ۋاقتى شامغا يېقىن، سەھەر - يورۇق.
... ... ...
بۇ نەزمنى بىلىپ بولدۇم ئاڭلاپ قويسىلا،
ئەل ئىچىدە مېنىمۇ بىر داڭلاپ قويسىلا.
بېخىل كارۋان تۆگىسىدۇر ئۆزى بەك ئورۇق،
يۈكلەنگەن ياغ جىقلىقىدىن ھېچ سانى يوق.
كۆۋرۈك ئۈستى يىقىلىپتۇ بىلاق - پۇلۇق،
شام شەھىرىگە يېقىنلاپلا تاڭلا يورۇق.
. . . ... ...

بىز يەنە مەشرەپ مۇتەيۋىلىرىنىڭ زىغىزىق شەكىللىرىنىمۇ —
(ھەرپ ياكى مەلۇم بىر خىل تىل ئادىتى شەكلى بىلەن مەشرەپكە زىغ-
زىق چىقارغۇچى، قىزىتقۇچى، ھەيبارلارنىڭ ئۈستىلىقىنىمۇ — ئا)
ئۇچ ىتىپ تۇرىمز. مەسىلەن:

ھۆرمەتلىك ھەقەمسايىلەر، ھازىر ھەر بىرلىرىگە «ھ» دىن ھېكايە
ھازىرلىدىم. ھەلىمخان ھامامنىڭ ھەمشىرىسى ھەبىبۇللا ھاپپازوف ھا-
كاۋۇرلۇقتىن ھەمىشە ھال قىلىپ، ھەسەتخورلۇقتىن ھەر ھەپتە ھو-
قۇشتەك ھوۋلىشىپتۇ. ھۈنەر - ھېكمەتنى ھاجەتسىز ھېسابلاپ، ھۇرۇن-
لۇق، ھاماقەتلىكتە ھېرىپ ھالسىراپتۇ. ھاپپاز ھەبىبۇللا، ھەقەمسايىلىرى
ھېلاخۇن، ھەمدۇللا، ھوشۇر ھورۇن، ھەقىقۇلى ھاپىزلاردەك ھاراققا
ھېرىسمەنلىكتىن ھاپاشلىشىپ ھۇزۇرلىنىپتۇ. ھاماقەتلەر ھاراقنىڭ ھو-
زۇرىدا ھەپتىدىن ھەپتىگىچە ھەپىلىشىپ ھارغانلىقتىن ھاسىراپ - ھۆ-
مىدەپ، ھىجايغانغا ھىجىيىپ، ھۆرپەيگەنگە ھۆركىرىشىپ ھەسرەت

ھەلقۇمىدا ھاناتىلىشىپتۇ. ھەر بىر ھەرىكەت، ھازارە ـ ھەپسۇنلىرىدا ھاراقنىڭ ھەسەتخورلۇقىدىن ھېكايە ھازىرلىشىپتۇ. ھورۇننىڭ ھېكايىسى ھەيتىدىن ھالقىپتۇ. ھەسەلنىڭ ھەرىسىدىن، ھارۋىكەشنىڭ ھومىسىدىن ھاماچامنىڭ ھالۋىسىغىچە، ھېكىماخۇننىڭ ھېيلىسىدىن ھاتەمنىڭ ھۆكۈم، ھۆكۈمالىرىغىچە، ھاراقنىڭ ھۇزۇرىدىن ھالال ھۈنەرنىڭ ھىممىتىگىچە ھېسابلىشىپتۇ. ھاماقەتلەر ھامىنى ھامان ھاراقنىڭ ھۇزۇرىدىن ھۈنەرنى ھېكمەتلىك ھېسابلىماپتۇ.

ھۆرمەتلىك ھەقەمسايىلەر: ھاكاۋۇرلۇق، ھەسەتخورلۇقتىن ھالال ھۈنەرنىڭ ھالاۋىتى ھېسابسىزدۇر. ھورۇنلۇق، ھاماقەتلىكتىن ھۈنەر ھېكمەتلىكتۇر. ھەممىمىز ھالال ھۈنەرنىڭ ھالاۋىتىدىن ھەق ھېسابلاپ ھەردەم ھۈنەر ـ ھېكمەتكە ھەرىكەتلىنەيلى...

(غۇلامىدىن يۈسۈپ رەتلىگەن بۇ زىغزىق «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 1987 ـ يىلى 3 ـ سانىدىن ئېلىندى)

مەشرەپنىڭ ئەڭ ياراشقان يارىشىقلىرى ھېسابلىنىدىغان بۇ خىل مۇتەيۋىلەرنى ھەر قانداق مەشرەپتە نەغمە ـ ئۇسسۇل تەنەپپۇسلىرى ياكى سىنچايلىق ۋاقلاردا بىر كىشى، بەزىدە بىر جۈپ كىشى بىر تال ياسىما گۈل بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ مەشرەپخانلارغا ئۇنلۈك ھەم ھەرىكەتلىك ئادا قىلىپ بېرىشىدۇ. ئومۇمەن نەسىھەت، ئەقىل، ئىدراك، پەم ـ پاراسەت مەزمۇن قىلىنغان بۇ خىل سەنئەت شەكلىنى بىز باشقا خەلقلەر ئارىسىدىن ھازىرغىچىلىك تۈزۈكرەك سېزىپ باقمىدۇق. «باقىي تاز لەتىپىلىرى» دېگەن بىر كۈلكىلىك ئەپسانىلەر خاتىرىسىدىن بىلىشىمىزچە، بۇرۇن بىر چەترالىق (ھازىرقى پاكىستاننىڭ بىر يېرى) كىشى ھەرپىلىك زىغزىقتىن بىرنى 40 كۈن يادلاپ ۋە دوراپمۇ ئەپلەشتۈرەلمىگەنمىش. يەنە بەزىبىر تارىخىي ئەسلىمىلەردە: سۇلتان ئابدۇرەشىدخان زامانلىرىدا بۇ خىل مۇتەيۋىلەرنىڭ ئىجادچىلىرى رەسمىي ئالىملار قاتارىدا تونۇلغانلىقى ھەم مۇتەيۋىلەرنىڭ ئوتتۇرا، كىچىك ئاسىيالاردىكى تۈركىي خەلقلەر، مۇسۇلمانلار دىيارلىرىدا ناھايىتى قىزغىنلىق ئىلمىي ئەقلىي ئويۇنلار قاتارىدا قەدىرلەنگەنلىكى خاتىرىلەنگەن.

مېنىڭچە، مۇتەيۋەنىڭ ئادەتتىكى چاقچاقچىلىق سەنئىتىدىن توپ پەرقى شۇكى، مۇتەيۋە پەقەت مەشرەپلەردىلا تۇرۇق، ئۇسسۇل، ئىشارەت، دەللىسىنىڭ بىرىككەن بىر خىل ھەجۋىي شەكىل بىلەن ئادا قىلىنىدىغان، بىردەملىك ئەگەشمە كۆلكىلەر، مەسخىرە، پاراڭ سۆزلەر كەمرەك بولىدىغان، ئەقلىي قانائەت، زېھىن سىناش رولىنى ئۆتەش خاراكتېرى كۈچلۈكرەك بولغانلىقى بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدۇ.

مۆھتەرەم يارانلار!

ھازىرغىچىلىك بىر قىسىم ئۇستاز مۇئەللىپلىرىمىز سەئدىيە خانلىقىنىڭ ئالتۇن چاغلىرىنىڭ مەدەنىيەت، جۈملىدىن سەنئەت ئورمىلىقلىرىدىن ئەرمىلار ئورۇپ، خەزىنىلەر خامانلىرىنى ياساشماقتا. مەنمۇ زەئىپرەك زېھنىم، تۆۋەن سەۋىيەم، كۈچسىز قەلىمىم بىلەن شۇلارنىڭ كەينىدىن باش تېرىشنى داۋام ئەتكۈزدۈم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# 6. سەئىدىيە خانلىقى زامانىدىكى مىماركارلىق ھۈنەر ـ سەنئىتى

## 1) تارىخ بويلىغاندا...

16 ـ ئەسىر سەئىدىيە خانلىقى زامانىدا ئالاھىدە ئېتىبارلانغان، يۈكسەلدۈرۈلگەن ئەنئەنىۋى ئىجتىمائىي مىللىي ھۈنەر ـ سەنئەت تۈرلىرىنىڭ بىرى مىماركارلىق (بىناكارلىق، ئارخىتېكتورلۇق) تۇر.

ئۇيغۇر خەلق مىللىي مىماركارلىقىنىڭ بۇ چاغلاردىكى ئومۇمىي تۈرق، نەتىجە، ئالاھىدىلىكلىرىنى شەرھلەپ ئۆتۈش ئۈچۈن ئالدى بىلەن بۇ مىماركارلىقنىڭ قەدىمىيلىكىنى، تارىختىكى تەرەققىيات جەريانلىرىنى، دۇنيانىڭ، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مىماركارلىق سەنئىتىگە سىڭدۈرگەن ھەل قىلغۇچ ئۆرنەك ـ تەسىرلىرى بىلەن باشقا خاسلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى قىسقىچە ئەسلەپ ئۆتۈش زۆرۈر ۋە ھاجەتتۇر.

تارىخىي خاتىرىلەردىن (ئەڭ مۇھىمى ھازىرقى زامان ئارخېئولوگىيە ئىلمىنىڭ ئاساسلاشلىرىدىن) ۋە مەلۇمكى: ئۇيغۇرلار بۇنىڭدىن 4000 يىلدىن 6000 يىللارغىچە بۇرۇن ئانا ماكانلىرىدا (ھازىرقى شىنجاڭنىڭ قەدىمىي دائىرىسىدە ۋە باشقا ئۇيغۇر زېمىنلىرىدا) مۇكەممەل دېھقانچىلىق مەدەنىيىتى بەرپا قىلىش بىلەن تەڭلا، مەدەنىي ئولتۇراقلىشىش — شەھەرلىشىش دەۋرىگە قەدەم قويغان. بۇ تەبىئىي ھالدا مىماركارلىقنى شەكىللەندۈرگەن ھەم بۇ مىماركارلىق تۈرلىرىنى پۈتۈن جەمئىيەت كىشىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىم تىرىكچىلىك مەنبەسى، ئۈلى ۋە كەم ـ كۈتىسىز ۋاستىسى سۈپىتىدە ئالاھىدە چىڭ تۇتۇپ يۈكسەلدۈرۈشكە سەۋەب بولغان.

«جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەردىن ئىلگىرى، — دەپ يازىدۇ تارىخچى شىن شې، — ئۇيغۇرلارنىڭ ئىدىقۇت شەھىرىنى مەركەز قىلـ

غان دۆلەتدە سەككىز شەھەر، شىمالىي جۇ سۇلالىسى دەۋرىدە ئون شەھەر، سۈي سۇلالىسى دەۋرىدە 18 شەھەر، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە 21 شەھەر بولغان... بۇلاردىن ئىدىقۇت، يارغول... شەھەرلىرىنىڭ ئىز - قىياپەتلىرى ھېلىغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە. ئۇلار ئىنتايىن چوڭ، ھەيۋەتلىك قىياپەتلىرى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ يىپەك يولى دەۋرىدىمۇ قاناچىلىك مەشھۇر شەھەرلەر ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىپ تۇرىدۇ.[1]» بۇ يەردە تەكىتلەنگەن سۇلالىلەر جۈملىدىن شىمالىي جۇ سۇلالىسى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 11 - ئەسىردىن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 256 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن سۇلالىدۇر.

شىنجاڭغا ئىسلام دىنى كىرىشتىن بۇرۇنقى خەنزۇ يىلنامىلىرىدا... — دەپ يازىدۇ ھاجى مەتمۇسا ئۆزىنىڭ «ئۇيغۇر مىمارچىلىقى ۋە مىللىي شەكىل» دېگەن ماقالىسىدا: «تۇرپاندىكى ئىدىقۇت، كۇسەن (كۇچا) قاتارلىق جايلاردىكى شەھەر قۇرۇلۇشلىرى ھەققىدە ھەۋەسلىنىپ يېزىلغان خاتىرىلەر كۆپ ئۇچرايدۇ. تۇرپاندىكى يارغول قەدىمىي شەھىرى مىلادىيەدىن ئىلگىرى بار بولۇپ، 19 - ئەسىرگىچە داۋام قىلغان. تارىختا ئۆتكەن بەنگو غەربىي رايوننى (شىنجاڭنى — ئا) «شەھەر قەلئە مەملىكەتلىرى» دەپ ئاتىغان. ھازىرقى بېيجىڭ شەھرىنىڭ غەربىي رايونىدىكى ئاتاقلىق يىخېيۈەن باغچىسىنىڭ لايىھەلىنىشى قۇرۇلۇشىغا ئۇيغۇر مىماركارلىرى ئىشتىراك قىلغان...» («شىجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ئىچكى ژۇرنال 1986 - يىلى 10 - سان).

دېمەك، تارىخ بويىلىغاندا شۇنى تولۇق ئاساسلاپ كېتەلەيمىزكى: ئۇيغۇر مىماركارلىقى — باشلىنىش قەدىمىيلىكى جەھەتتىن 4000 يىلدىن 6000 يىلغىچە بولغان ئۇزاق تارىخىي جەريانىنى بېسىپ ئۆتكەن. مول مەزمۇن، خىلمۇ خىل كۆپ شەكىللەر مۇكەممەللىكىگە ئىگە، چىرايلىق ھەم كۆركەم. شۇنداقلا دۇنيانىڭ مىمارچىلىق كەسىپ سەنئەت خەزىنىسىگە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان، مىللىي خاسلىقى شۈبھىسىز تارىخىي مىماركارلىقتۇر. بۇ مىماركارلىق — بىر چوڭ مىللىي

[1] («شىنجاڭ گېزىتى» 1980 - يىلى 7 - ئاينىڭ 17 - كۈنىدىكى سان 5 - بېتىدىن)

ئىجتىمائىي كەسىپ شەكلى بىلەن تونۇلغاندىن تارتىپ تاكى زامانىمىزغىچە بولغان ئۇقىرىقىدەك ئۇزاق تارىخىي زامانلار ئىچىدە ئۇيغۇرلار ئېتىقاد قىلغان بۇددا، مانى، ئىسلام دىنى دەۋرلىرىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت، تۇرمۇش، قۇرۇلما ئەنئەنىلىرىنى مەنبە قىلىپ، بېيىپ، خىلمۇ خىللىشىپ ۋە مۇكەممەللىشىپ بارغانلىقى ئۇچۇن ئۇيغۇر ماددىي چىداش ۋاقتىمۇ — ئوتتۇرا ئاسىيا مىماركارلىقىنىڭ ئەڭ ئالدىنقى چىداش ۋاقت ئۇزاقلىقىنى شەكىللەندۈرگەن. مىمارلارنىڭ (ئىمارەت-لەرنىڭ) كۆركەمدارلىقى بىلەن سۈپەت، ماتېرىيال، ھۈنەر، ئورۇن، تەسىر، شەكىل، بابلىق ۋە دەللىك جەھەتلەردىكى ئالاھىدىلىكلىرىمۇ تارىختا بىر تەرەپتىن تارىخىي ئەندىزىلىك رولىنى ئۆتەپ كەلگەن بول-سا، يەنە بىر تەرەپتىن ئەمەلىي نەق ئۆرنەكلىك (ئەۋرىشكىلىك) رولىنى ئۆتەپ تۇرغان. مەسىلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ بۇددىزم زامانىدىكى لەھەڭ (ئەجدىھا) نۇسخىلىق مىماركارلىق شەكىللىرى ئۇيغۇرلار ئىسلامىيەتكە كۆچكەنگە قەدەر پۈتۈن ئاسىيا بۇددا رايونلىرىنىڭ ئورتاق ئۆرنەك شەكىل مەنبەسى بولۇپ كەلگەن بولسا، ئۇيغۇرلار ئىسلامىيەتكە كىر-گەندىن كېيىن (ئىسلامىيەت قەشقەر، خوتەن رايونلىرىغا 11 ـ ئەسىر-لەردە، كۇچا، كورلا رايونلىرىغا 12 ـ ئەسىرلەردە، تۇرپان، قومۇل رايونلىرىغا 15 ـ ئەسىرلەردە ئومۇملاشقان — ئا) باشقىلارنىڭ شۇمۇ-رۇۋالغان شەكىللىرىگە ئايلىنىپ كەتكەن تۇرۇقلۇقمۇ يەنىلا ئەسلىي ۋارىسلىرى ئارىسىدىكى ساقلىنىش رولىنى يوقاتمىغان. 11 ـ ئەسىردىن كېيىن بىنا بولغان مىماركارلىق خارابىلىرىمىزدىن لەھەڭ نۇسخىلىق ئىمارەت شەكىللىرىنىڭ ھازىرغىچىلىك كۆپلەپ تېپىلىپ تۇرۇشىنىڭ تارىخىي سەۋەبىمۇ دەل شۇ يەردە.

دېمەك، بىزدە بۇددا دىنى، مانى دىنى، ئىسلام دىنى مەدەنىيىتىگە مەنسۇپ قەدىمىي خارابىلەرنىڭ، بولۇپمۇ لەھەڭنى توتېم قىلغان بۇددا مەدەنىيىتى خارابىلىرىنىڭ بىر قەدەر قەدىمىيلىك ھالىتى بىلەن جىقراق تېپىلىپ تۇرۇشى ئەجدادلىرىمىزنىڭ نۇرغۇن مەدەنىي، دىنىي دەۋرلەر-نى بېسىپ ئۆتۈپ، كۆچۈم، مەدەنىي ئولتۇراقلىشىش، شەھەرلىشىش

مەدەنىيىتىگە نەقەدەر بالدۇر قەدەم باسقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۆتمۈشتە بەزىلەر تارىخىي نۇقتىئىنەزەر جەھەتتە؛ تارىختىكى ئۇيغۇر يۇرتلىرىدىن غەيرىي ئىسلام خارابىلىرى بىلەن غەيرىي ئىسلام مەدەنىيىتى، غەيرىي ئىسلام تۇرمۇشىغا مەنسۇپ مەدەنىي يادىكارلىقلارنى، مەسىلەن، لەھەڭ توتېملىق قەدىمىي ئىمارەت شەكىللىرىنى، ساندۇقلۇق جەسەتلەرنى، بۇددا، مانى، شامان مەدەنىيىتىگە مەنسۇپ قەدىمىي ئىز - خارابىلارنى كۆرۈپلا ئۇنى 11 -، 12 - ئەسىرلەردىن بۇيانقى ئۇيغۇرلار دىنىي (ئىسلام دىنى) مەۋقەسىدىن كۆزىتىپ، مىماركارلىق تارىخىمىزنىڭ باشلىنىش ۋاقتىنى ئىسلامنىڭ بىزگە كىرىش ۋاقتى بىلەن بىر قىلىپ قويۇشقا تىرىشقانىدى. بۇ ئىنتايىن خاتا قاراش ئىدى. يەنى بۇ ئۇيغۇر خەلق مەدەنىيىتىدە هازىرغىچىلىك قويۇق ساقلىنىپ تۇرغان قەدىمىي نەمۇنىلەر، ئاق ئۆيلەر (كىگىز ئۆيلەر)، كىگىز، گىلەم گۈللىرى، هەر خىل ئوي-لار، دۇبۇلغا، سوپەر (قالقان)، قۇش بېشى ئېگەر، توقۇناق، لىڭگىرچاق، هارۋا چوقىيى، مورا، پېشايۋان، تەقىيە، ئىشىك، تۈنۈك كېشەكلىرى، دەرۋازا، راۋاق قورقۇتقۇلىرى، تەكچە، نەۋەي، ئويۇق، پە-لەمپەي، تۇرقاغا، قورغان، مەراب... قاتارلىق غەيرىي ئىسلامغا مەنسۇپ (بۇددا، مانى زامانلىرىغا خاس) مىماركارلىق، تۇرمۇش سەنئەت شە-كىللىرىنىڭ ساقلىنىپ تۇرغانلىقىنى كۆرمىگەنلىك، ئۇيغۇرلار كەشتە-چىلىكى بىلەن نەققاشچىلىقىدىكى قەدىمىي نەمۇنىلەرنى كۆرمىگەنلىك ئىدى. بۇ تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا، تارىخىمىزنىڭ قەدىمىيلىك جەر-يانلىرى بىلەن كېيىنكى جەريانلىرى ئارىسىنى ئۈزۈپ تاشلىغانلىق ئى-دى. بۇ خىل قاراشلار رەت قىلىنىشى زۆرۈر ئىدى. هەر قانداق بىر مىللەتنىڭ تارىختا تۇتقان دىنىي ئېتىقادى شۇ مىللەتنىڭ مەدەنىيەت تارىخى ياكى مىللەتنىڭ تارىخىنى شەكىللەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان مۇت-لەق ئامىل ئەمەس. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندىمۇ، بىزنىڭ يۇرتىمىزغا 10 - ئەسىردىن 15 - ئەسىرلەرگىچە كىرىپ پەيدا بولغان ۋە ئومۇملاشقان ئىسلام قۇرۇلۇشلىرىنى — (مەسچىت، گۈمبەز، خانىقا، قەبرە، مازار ۋە باشقا دىنىي قۇرۇلۇشلارنى بىر يەنىلا «سىرتنىڭ»، «ئەرەب، پارس

مۇسۇلمانلىرىنىڭ» قىلىۋېتىشكىمۇ زادىلا قوشۇلالمايمىز. چۈنكى بۇ خىل قۇرۇلۇشلارنىڭ ئەگمە، ئويما، پەگا، لىگگە، زىغزىق، پەرمان، سىزىق، كەشتە، گۈل، نەقش، پەرداز، ئىسكەت... لىرى يەنىلا ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي ھۈنەر - سەنئەت نەمۇنىلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ كەلگەن ۋە كەلمەكتە.

16 - ئەسىر سەئىدىيە خانلىقى زامانىنىڭ مىماركارلىرى دەرۋەقە ئۆز پەيتلىرىدە ئۇيغۇر مىماركارلىقىنىڭ ئەنە شۇنداق ئۇزاق تارىخىي مۇكەممەللىكىگە ۋارىسلىق قىلىپ، تەرەققىيات تەقدىرىگە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتىنى ئېچىش، ئەسلىنى ساقلىغان ئاساستا يۈكسەلدۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بىرىشكەن. ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتىكى ئاساسىي ئۇتۇق - نەتىجىلىرىنى تارىخىي خاتىرىلەر ئاساسىدا مۇنداق يەكۈنلەش مۇمكىن: ئۇلار مىماركارلىق ھۈنەر - سەنئىتىنى گۈللەندۈرگەن، خانلىقنىڭ بۇ ساھەدىكى شان - شەرەپ ئالاھىدىلىكىنى ئاشۇرغان، مىماركارلىق ئىجادىيىتىنى جانلاندۇرغان، تۈرلىرىنى ئاۋۇتقان. مىماركارلىقنىڭ مۇلازىمەت تارماقلىرىنى، تەركىبلىرىنى، مەسىلەن، ياغاچچىلىق، قىرغۇچلۇق، ئويمىكارلىق، دىلكارلىق، نەققاشچىلىق، كاھىشچىلىق، خۇمدانچىلىق، توشۇمالچىلىق، ماتېرىيالچىلىق، سىر - بوياقچىلىق، تۆمۈرچىلىك، لايىھەچىلىك، يېزىقچىلىق، ئارخىپچىلىق، مەسلىھەتچىلىك، ئۇستىكارلىق... بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كەسىپلەنگەن ئورۇن ۋە ھۈنەرۋەن كۆچلەرنى يېتىشتۈرۈش، كۆپەيتىش، ئەتىۋارلاش، مىماركارلىقنى تاۋارلاشتۇرۇش، تۈزۈملەشتۈرۈش، ئاممىۋىيلاشتۇرۇش، ئۈستىلاشتۇرۇش ۋە قانۇنىي قائىدە - مىزان - رىسالىلەر ئاساسىدا يۈرۈشتۈرۈش... ئىشلىرىنى جانلاندۇرغان. ئاۋات، كەلپىن، مەكىت، مارالبېشى، پەيزاۋات، چىرا، كىرىيە، قاغىلىق، پوسكام، توقسۇ، نىيە، چارقىلىق، ئۇلۇغچات قاتارلىق جايلارغا بازار سالغان ياكى كېڭەيتىپ سالغان. يەكەن، خوتەن، قەشقەر، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، يېڭىسار، تۇرپان، قومۇل، قارا شەھەر... لەرنى مىمارچىلىق جەھەتتە يەنىمۇ كۆچۈملەشتۈرگەن. بۇ زامان شەھەرلىرىنىڭ شەكلى توغرى-

ـسىدا ھۆرمەتلىك مۇئەللىپ ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر ۋارىسى مۇنداق يازىدۇ: «... 1533 ـ يىلىدىكى قەشقەر شەھىرىنىڭ شىمالىي تەرىپى جانقورغان، شەرقىي تەرىپى يۇلاقبېشى، تۆشۈكدەرۋازىسى، غەربىي تەرىپى ئوردا ئالدى ۋە خام بازىرىغىچە بولۇپ (كېڭەيتىلىپ ـــ ئا) شەھەردىكى ئاساسلىق كوچىلارنىڭ ئىككى تەرىپىگە قول ھۈنەرۋەنچىلىك، سودا ـ سېتىق دۇكانلىرى ۋە تۈرلۈك مۇلازىمەت ئورۇنلىرى ياسالغان». («شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1986 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىكى سانىدىن) بەزىبىر يې. ىلك خاتىرىلەردە يەكەن شەھىرىنىڭ چوڭلۇق ئىسكەتى پۈتۈن سەئىدىيە خانلىقى ئىلكىدىكى شەھەرلەرنىڭ ھەر قاندىقىدىن ـېلىلا چوڭلۇق ھالىتىگە كېڭەيتىلگەنلىكى، شەھەرنىڭ ئېگىز ھەشەمەت تۈرلىرى ـــ (سەلتەنەت مۇنارلىرى، ھەربىي كۆزىتىش قاغىلىرى، دىنىي جارچىلىق پەشتاقلىرى، سەيلە ـ ساياھەت كۆزنەك قىلىنغان ئېگىز راۋاقلار...) 30 ـــ 40 چاقىرىملىق يىراق كۆجۈم مۇساپىلەردىن كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ئېگىزلىك ئىسكەتىدە بولغانلىقى كۆرسىتىلگەن ۋە تەسۋىرلەنگەن.

«تارىخنامە ئابدۇرەشىدخان» قولىيازمىسىدا بايان قىلىنغان تەرىپ ـ تەسۋىردە سەئىدىيە خانلىقىنىڭ 7 ـ قېتىملىق تەخت ۋارىسى ئەھمەدخان ئوغلى ئابدۇلېتىپخان زامانىدىكى (1620 ـــ 1630 ـ يىللار ئارىلىقىدىكى) ئۇيغۇر يۇرتلىرىدا جەمئىيەت ئۈچۈن راۋان خىزمەت قىلىدىغان 437 ھاممام ـــ (مۇنچا)، 2263 ھەر خىل مەكتەپ، 835 كۆل، 1736 ساراي ـــ (لەنگەر)، 992 تۈگمەن، 198 جايدا بازار، 163 قازما بۇلاق، 6985 ئۆتەڭ ـــ (قونالغۇ)، 1564 مىتالچىلىق كارخانىسى ياكى شىركەت، 641 توقۇمىچىلىق كارخانىسى، 3650 نەچچە موزدۇزلۇق، تېرە پۇرۇشلۇق كارخانىلىرى، 1075 باش كىيىم كارخانىسى، 8799 تونۇرلۇق يېمەكلىكلەر دۇكىنى، 640 خانلىق ئاشخانا، 5864 كەسپىي تىجارەت تاماقخانىلىرى، توققۇز چوڭ شەھەر... لەرنىڭ بارلىقى تەكىتلەنگەن (شۇ زامان جەمئىيىتىنىڭ ئومۇمىي تۈرقى، جۈملىدىن مىماركارلىقىغا دائىر بەزى ئىز ـ دېرەكلەر «يازما يادنامە» دې-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىلگەن تارىخىي ھۆججەت ۋە ئۇنىڭ تەرجىمە ـ چۈشەندۈرۈشىنى كۆرسىتىلگىنى ئۈچۈن بۇ يەردە تەكرار توختالمىدىم ـــ ئا).

تەنەپپۇسلۇق سوۋغاتلاردىن

... ... ...
قىممەتلىك گۆھەردىن قىممەترەك ھۇنەر،
ھۇنەر بولسا ئىشقا يارايدۇ گۆھەر.
... ... ...
ھۇنەر بىلەن ئەقلىڭ بىرلەشكەن ھامان،
ھەر ئىش بۇ جاھاندا يۈرۈشەر راۋان.
... ... ...
گەر كاسىپ مۇساپىر بولسا يات يۇرتتا،
زارلاش دېگەننى بىلمىگەي ئەسلا،
كەچتە ئاچ يېتىشقا بولىدۇ مەجبۇر،
ئۆز يۇرتىدا تەختتىن چۈشسە پادشاھ.
... ... ...
ئۆمۈرنى پايدىسىز ئۆتكۈزۈش دېمەك،
ئالمىغان نەرسىگە ئالتۇن تۆلىمەك.
... ... ...
ئادەمنىڭ قىممىتى ئەمەس كۈمۈش، زەر،
ئادەمنىڭ قىممىتى بىلىم ھەم ھۇنەر.
ھۇنەر سەۋەبىدىن باققىن دۇنيادا،
خوجىسىدىن قەدىرلىك بولار كۆپ قۇللار.
... ... ...
ھۇنەرسىز بولغاچقا قانچىلاپ خوجا،
ئامالسىز قالماقتا قۇللار ئالدىدا.
... ... ...

*ھېچكىمگە يېلىنماس ھۈنەرلىك ئادەم،*
*رىزقىنى بىغەمدىن تاپىدۇ باغۇەن.*
*... ... ...*
*ئالىم ـ ھۈنەرنى بىلمەستىن ئىنسان،*
*بەخت ئىشىكىنى ئاچالماس ھامان.*
*(ئەبۇشۇكۇر بەلخى، سەئدى شىرازى، ئابدۇراھمان جامى، ئابدۇقا-*
*دىر بىدىل شېئىرلىرىدىن)*

### 2) ئۇيغۇر مىماركارلىقىدىكى ئۆزگىچە شەكىللەر

مىماركارلىق سەنئىتىمىزنىڭ ھەر خىل شەكىللىرى بىلەن شەكىل-لەر مەنبەلىرى قەدىمدىن بۇيان ئەجدادلىرىمىز ياشاپ كەلگەن يۇرت ـ ماكانلىرىمىزنىڭ تەبىئىي مەنزىرىلىرى، ئاسمان جىسىملىرى (ئاي، كۈن، يۇلتۇز، نۇر، نۇرلار كۆرۈنۈشلىرى) ئۆسۈملۈك، ھايۋانات، جان-لىق ـ جانسىز تەبىئەت كۆرۈنۈشلىرى، ئېتىقاد، تارىخ، ئىجتىمائىي ھا-دىسىلەرگە ئائىت كۆرۈنۈشلەر، تۇرقلارنى كۆزنەك قىلىپ شەكىللەنگەن ۋە مەنبەلەر ئاساسىنى ھاسىل قىلغان. بىزگە ئايانكى، يۇرتىمىز ھەممە تەرىپىدىن ئاسمان پەلەك (قار ـ مۇز چوققىلىق) ئېگىز تاغلار بىلەن ئورىلىپ، چەكسىز ئورمان، چىمەن چادىلىرى، چۆل، قۇم، باياۋانلار، ئەڭ قەدىمىي يۇرتلار، شەھەر، دەريا، كۆل، ۋادىلار بىلەن شەكىل تاپ-قان ئالاھىدە كۆرۈنۈشلۈك زېمىندۇر. ئەنە شۇ تاغلار بىزنىڭ زېمىنى-مىزنى، شۇ زېمىن ئەجدادلىرىمىزنى يارىتىپ، ئۆستۈرۈپ، ئاۋۇتۇپ، بالاغەتلەندۈرگەن سۈت ئانىلىرىمىزدۇر، تارىخىمىزنىڭ جېنى، قېنى ھەم بۆشۈكىدۇر. قەدىمىي ئەجدادلىرىمىز ئەنە شۇ قىممەتلىك مەنبە-لەر، ئېنىقراق ئېيتقاندا، تەڭرىتاغلىرىنى، ئالتاي، پامىر، قارا قورۇم، كۇئېنلۇن، ئالتۇن تاغ ئېگىزلىكلىرىنى تارىختا ياراتقۇچى خۇدالىق دە-رىجىسىگە كۆتۈرۈپ ئۇلۇغلاپ ئۇنى ئۆز ئارزۇ، بەخت، شۆھرەتلىرىنىڭ مەڭگۈلۈك سىمۋولى قىلىۋېلىشقان. ئىنسانلار جۇملىدىن ئەجدادلىرىمىز

www.uyghurkitap.com

تارىختا ساپالچىلىق مەدەنىيىتىگە قەدەم قويغان چاغلاردىمۇ بۇ ئارزۇ-بەخت سىمۋولىنى ئۆزلىرى كەشىپ قىلغان ساپال بۇيۇملارنىڭ تۇرقلىرىدا ئىپادىلەشكەن. بۇ خىل تارىخىي قىسمەتلەر توغرىسىدا چىن كىي «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1982 - يىلى 3 - سانىنىڭ 150 - بېتىدە مۇنداق يازىدۇ: «... قەدىمكى زاماندىكى شىنجاڭنىڭ ئەمگەكچى خەلقى (ئۇيغۇرلار ئەلۋەتتە — ئا) تەتۈر ئۈچ بۇرجەكنى رەڭلىك نەقىش قىلىپ سىزىشتىن ئىبارەت بەدىئىي ۋاستە ئارقىلىق بۇ خىل رېئال تەبىئىي مەنزىرىنى ئەپچىللىك بىلەن كۈندىلىك ئىشلىتىدىغان ساپال قاچىلىرىدا كۆرسەتكەن، بەلكى ئۇستىلىق بىلەن رەڭلىك ساپال قاچىنىڭ ئەڭ يۇقىرى قىسمىدىكى ئېغىزىغا سىزىپ قارلىق تاغلارنى تېخىمۇ ئېگىز قىلىپ كۆرسەتكەن. ئەمەلىي تۇرمۇشنى مەنبە قىلغان بۇ خىل بەدىئىي ئىجادىيەت ھەقىقەتەن كىشىنى قايىل قىلىدۇ...» دەرۋەقە بۇ ئۈچ بۇرجەكلەر دەل ئەنە شۇ ئېگىز تاغلارنىڭ سىمۋولىدۇر. كېيىنچە تەبىئىي پەننىڭ راۋاجلىنىشى ئارقىسىدا بۇ خىل ئۈچ بۇرجەكلەر تەدرىجىي ئۆزلىرى قوللىنىلغان ئورۇنلاردا تەرەققىي قىلىپ ياي ئارقىلىق چىقىرىلغان گەۋدە ۋە گەۋدىنى چوققىغا تۇتاشتۇرغۇچى ياي سىزىقىغا ئىگە مۇكەممەل گېئومېترىيەلىك شەكىلگە ئايلانغان. ئۇ مەزمۇت گەۋدە ۋە ھەيۋەتلىك چوققىغا ئىگە تاغنىڭ سىمۋولى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى كۆركەم ۋە گۈزەللىككىمۇ ئىگە بىمۇكەممەل شەكىلدۇر.

ئەڭ بۇرۇنقى ئۆي - ئىمارەتلىرىمىز، — دەپ يازىدۇ، — يولداش ھاجى مەتمۇسا — «*» شەكىلدىكى ياغاچ كەپە بولۇپ، بۇ خىل قۇرۇلما ئىنشائات مېخانىكىسى نەزەرىيە ئىلمىدا گېئومېترىيەلىك شەكلى ئۆزگەرمەيدىغان سىستېما دەپ ئاتىلىپ، ئۇنىڭ تۇرغۇنلۇقى ئەڭ ياخشى ھېسابلىنىدۇ. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا كۆرسىتىلگەن ئۈچ ئاياغ تۈمۈر ئوچاق، ئۈچ پۇتلۇق كۇرسى، قازان توختىتىش ئۈچۈن قويۇلغان ئوچاق ئۇستىدىكى ئۈچ نۇقتا، ئەنئەنىۋى ساپالچىلىقىمىزدىكى تەپ-

مە چاقلىق قۇرۇلما دەستىسى، ئۈچ پۇتلۇق داڭقان، ئـۈچ پۇتلۇق چـۆ-گۈن قاتارلىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى تۇرمۇش بۇيۇملـىرىدىن قـارى-غاندا ئۇلار تۇرغۇنلۇقى ئـەڭ مەزمۇت، ئـىشەنچلـىك قۇرۇلمـىنىڭ ئـۈچ پۇتقا ئىگە بولىدىغانلىقىنى قەدىمدىلا يەكۈنلەپ ئۇنى ئىشلەپچـىقىرىـش ۋە ئەمەلىي تۇرمۇشتا كەڭ كۆلەمدە قوللىنىپ ھازىرقى زامان گېيومېت-رىيەسىدىكى «بىر تۈز سىزىقتا ياتمايدىغان ئۈچ نۇقتا بىر تەكشىلىكنـى بەلگىلەيدۇ...» دېگەن تېئورمىغا ئاساس سالغاندۇر. كېـيىنچە ئىككـى قەۋەتلىك ساتما ياكى قالىق ئۆي پەيدا بولغان... («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ئىچكى ژۇرنال 1986 ـ يىلى 10 ـ سان)

دېمەك، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئېتنىك ھۈنەر شـەكىللـە-رىدىن بىخلىنىپ تەرەققىي قـىلىپ مـىللىي خـاسلىق ئـالاھىدىلـىكىنـى زادىلا يوقاتماي كەلگەن بۇ شەكىللەر مەنبەلـىرى — خۇددى جۇڭگـو-نىڭ ئاتاقلىق مىمارچىلىق تەتقىقاتچىسى ۋاڭ شىرىن ئەپەندى ئـېيتقان-دەك: خەنزۇلارنـىڭكىدىـن پەرقلـىنىدىغـان، ئۆز تەرەققـىيات يولـى ۋە ئالاھىدىلىكىگە ئىگە شەكىللەردۇر. ۋاڭ شىرىن ئەپەنـدى يەنە مۇنـداق يازىدۇ: «... ئۇنى زورمۇزور خەنزۇچە ئۇسلۇبتىكى مىمارچىلـىققا چې-تىۋېلىشنىڭ ھاجىتى يوق...» («شىنجاڭ ئىجتـىمائىي پەنلەر تـەتقىقا-تى»، ئىچكى ژۇرنال، 1986 ـ يىلى 10 ـ سان 12 ـ بەت)

شەكىللەرنىڭ ھاسىل بولۇش مەنبەسى، مەنبەلەرنىڭ ئاساسى ھـەم بۇ خىل شەكىل مەنبەلەر ئاساسىدا مۇكەممەللەشكەن ئۇيغۇر مىماركار-لىقىنىڭ مۇكەممەل شەكىل قۇرۇلمىلىرى سەنئەتىيە خانلىقىنىڭ ئالتـۇن چاغلىرىغا كەلگـەندە يېـڭـىمۇ كۆركەمـلىشىـش، گۈللـىنىش، كېـيىنكـى زامانلار ئۈچۈن ئۆرنەك بولۇش ۋە ئەڭ ئاممىۋىلىشىش تەرەققىيات يو-لىغا يۈزلەنگەن. يەنى بۇ شەكىل پۈتۈن جەمئىيەتتە خانلىقنىڭ ھەشـە-مەتلىك قۇرۇلۇشلىرىدىن تارتىپ تاكى مۇساپىرلارنىڭ تۈنەكخانىلـىرى-غىچە، يەر ئاستى، يەر ئۈستى، كۆچمە، كۆچكۈن، مۇقىم، مۇقىمسىز... ئىنسان تۇرار جايلىرىنىڭ ھەممە تەركىب تارماقلىرىغىچە ئىپادىلـىنىـپ تۇرىدىغان ماددىي، مەنىۋى ئادەت، ئۆرنەك ئۆلچىمى، خەلقنىڭ شەكىل

مىزانى بولۇپ ئۇمۇملاشتۇرۇلغان. شۇ زامانلاردىكى ئۆي ـ ماكان قۇرۇلمىلىرىنىڭ بۇ خىل گۈزەل شەكىل مىزانلىرى ۋە ئۆرنەكلىرى توغرىسىدا شۇ زامانلاردىن بىزگىچە يېتىپ كەلگەن بەزىبىر يازما خاتىرىلەرمۇ يوق ئەمەس. بۇ خىل خاتىرىلەرنىڭ مەزمۇن ئورتاقلىقى بىردەك بولۇپ، ئۇنىڭ يىغىنچاق تەرىپىنى مۇنداق قەلەملەشتۇرۇشكە بولىدۇ: ئۆمرىنى مەنە، ھەۋەس، نام ـ نىشان بىلەن ئۆتكۈزمەككە نىيەت قىلغۇچى، ئەجداد ئىزىنى باسقۇچى، مىراس تۇتقۇچى، نەسەب ـ ئەۋلادلىرىغا ئىز ـ نەمۇنە، تۆھپە ـ تەۋەرۇكات بەخش ئەتكۈچى ھەم بۇ خىل زۆرۈرىيەتلەرنى ئەجدادىي قەرز ـ مەجبۇرىيەت بىلگۈچى جىمىكى سەئىدىل ئىقلىم (سەئىدىيە خانلىقى زامانى) ئەھلى يارانلىرىغا، ئۇلۇغ خانلارنىڭ شاپائەت، ئىلتىپات ھامىيلىقىدىن بەھرىلەنگۈچى جاھانسازلارنىڭ جىمىسىگە، جايىمىزنىڭ زامانى ئەۋۋەلىدىن زامانى ئاخىرغىچە ئۇندۇرمە ئەزىزانلىرى ھېسابلىنىدىغان قان ـ قېرىنداشلىرىمىزنىڭ جىمىكى جەم ۋە يەككىلىرىگە تاڭلا مەھشەرگىچە ۋاجىپ ھەم ۋەزىپە ھېسابلانغايكى، بىزنىڭ نەسىل ـ نەسەبلىرىمىز ئەزەلدىن ھازىرلا ئۆلىدىغاندەك ئىبادەت قىلىدىغان، مەڭگۈ ئۆلمەيدىغاندەك تىجارەت قىلىدىغان نەسەبتۇر. كۆرۈمسىز (كىشىلەرنىڭ ھۇزۇرى نەزەرلىرى چۈشمەيدىغان) قازمىلارنى يەنى گەمە، گەرەم، ئۆڭكۈر، يار تۆشۈكلىرى، سۇڭگۈچ، ناباب ياپمىلارنى، شۆھرەتكە نۇقسان، ھاياتقا خورلۇق، ئىنسانغا مالال بولىدىغان، سىدام، قاراڭغۇ، [illegible]، زىمىستان، نىجىس خانىلارنى، نادان، بېخىل بايلارنىڭ مال ـ ھايۋان ئېغىللىرىغا ئارىلىشىپ، ياندىشىپ تۇرغان ئىنسان تۆشۈكلىرىنى، دەل ـ دەرەخسىز، تەبىيار خارابە، مۇت ۋەخىپە، تاشلانما... ياپمىلارنى ماكان تۇتقۇچى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى پاك زېمىنىمىز ئۈچۈن ھارام يۈك ھېسابلانغاي. خار، بىئېتىبار، ناخۇش، ئەقلى تۆرەلمىگەن كىشىلەر جۈملىسىدە قالغاي. ئۆي ـ جايىنى، تۇرار ـ كىرەر جاي ـ ماكانلىرىنى چىرايلىق، ئازادە ھەم كۆڭۈللەرگە ھۇزۇر بېرىدىغان ھالەتتە تۇتماق، تەبىيارلىماق ھەر بىر ئىنساننىڭ ئاللاھ ئالدىدىكى، ئۇلۇغ زاماندارلار ئالدىدىكى، ھەر بىر جان ئالدىدىكى

قەرز ۋە زۆرۈرىيەتلىرىدۇر. بىز بۇ تەرىپاتتىكى «چىرايلىق»، «ئازادە»، «ھۇزۇر» سۆزلىرىنى ئۆمۈمەن شۇ زامانلاردىكى مىمارچىلىقىمىزنىڭ نەقىشلىنىش، گۈزەل، كۆركەم، پۇختا، باب ياسىلىش، پەردازلىنىش ئۇقۇمىدىن چۈشىنىمىز.

## 3) پەرداز ۋە پەۋاز نەقىشلىرى

سەئىدىيە خانلىقى زامانلىرىدىن بۇيان، بىزنىڭ مىماركارلىق تۈرمۇشلىرىمىزدا ساقلىنىپ كەلگەن ۋە كېلىۋاتقان ئۇيغۇرچە پەرداز ۋە پەۋاز نەقىشلىرىنىڭ ھازىرقى چاغلاردىكى مىسالىي تۈرلىرىنى تۆۋەندىكىچە يەنى شەۋلان، كۆپۈشەك، كەكلىك قېشى، قەنخىش، توقۇناق، زەنجىر، بادامچە، پىلتە، يازا، غۇنچە، زۇنجى، نەمۇيان، ناۋا، سۇفەر، شوئار غۇنچە، ئانار، چېچەك، مودەن، ئۈزۈم، سۇلا، شەددە، يورۇق، پىنچە، زەمىس، ئىسلىما، سەبدە، گۈنچە، مۇپەددەس، گۈلشەن، قوشقۇراق، نەستە، كەلكۈن، بەنچە، بېلىق قاسىرىقى، رىشات، ھۈنەن، شەمەشى، ھەشقىپىچەك، قەمەرچە، ساندۇقچە، گىزەك، تالا، يۇلتۇز، يوپۇرماق، تۇمارچە زەنجىر، پەتنۇس، قىيپاش زەنجىر، گۈل ـ گىياھ قاتارلىق گېيومېتىرىيەلىك سىزىقلارنى سۈزىت قىلغان شەكىل ـ تۈرلەر بويىچە ئاتاپ ئۆتۈش مۇمكىن. مىماركارلىقىمىزنىڭ پەۋاز ـ گىرۋەك ۋە قوندۇرۇلمىلىق ئورۇن، بۆلەكلىرىدە ئالاھىدە ئەھمىيەتلىك بولغان بۇ نەقىش شەكىللىرى ئومۇمەن بىر ـ بىرىگە ماسلاشتۇرۇلغان ياكى ئۆزگىچىرەك ماسلاشتۇرۇلغان ھالەتتە ھازىرقى چاغلاردىكى جامە، مەسچىت، خانىرە ئىمارەتلىرى، ئەسلەش، ئۇلۇغلاش قۇرۇلمىلىرى، ئايۋان، سارايلار، ئۆيلەر، ھۇزۇرى ـ تاماشىلار ئۈچۈن تەقلەنگەن شۆھرەتلىك ئىمارەتلەر، زال، كۇلۇب، تىياتىر بىنالىرى... گىلەمچىلىك، كۇلالچىلىق، كەشتىچىلىك، توقۇمىچىلىق، باسما، ئويمىكەشلىك، زەرگەرلىك، مىسكەرلىك، ياغاچچىلىق، قىرغۇچىلىق ھۈنەر ـ پەشمەتلىرىدە يەنىلا ئۆز قىممىتى بىلەن قەدىرلىنىپ ھەم ئىشلىتىلىپ كەلمەكتە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## 7. سەئىدىيە خانلىقى زامانىدىكى تېبابەتچىلىك

### 1) مەقسەت ئەنئەنىلىرى

ئىنسانلارنىڭ جىسمانىي ۋە مەنىۋى سالامەتلىكىنى ماددىي، مەنىۋى مەۋجۇدىيەت ئامىللىرى بىلەن يېتىلدۈرۈش، قوغداش، قورامىغا يەتكۈزۈش — ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ تارىختىن بۇيانقى ئەقەللىي مەقسەت ئەنئەنىسىدۇر. تارىخىي مەنبەلىرىمىزدىن ئايان بولۇشىچە، بۇ خىل ئەنئەنىنىڭ بىزدە مىلادىيەدىن خېلى بۇرۇن شەكىللىنىپ، دۇنياۋى تېببىي پەن مائارىپى خەزىنىسىدىن ئورۇن ئالغانلىقى مەلۇمدۇر. مىلادىيە 6 ـ، 7 ـ ئەسىرلەردە ئاسىيا تېببىي ئىلمىنىڭ ئەڭ ئالدىنقى دەستۇرلىرىدىن بىرى بولغان «يېگى تۆزۈلگەن ئۆسۈملۈكلەر قامۇسى» (خەنزۇچە) دېگەن كىتابتا كۆرسىتىلىشىچە: مۇشۇ كىتابتىكى 850 خىل دورا ئىچىدىكى 114 خىل قىسمەتلىك دورا مىلادىيەدىن بۇرۇن ئۇيغۇر تېۋىپلىرى تاپقان، ياسىغان، ئەنئەنىۋى مۇھىم دورىلاردىن ئىبارەت بولغان... يەنە شۇ زامانلاردا تۇرپان، بېشبالىق (گۇچۇڭ)، ئارا تۈرك قاتارلىق جايلاردا ئۇيغۇر تېۋىپلىرى تېبابەت ۋە يېڭىچە سانجىپ داۋالايدىغان ئورۇنلارنى تەسىس قىلىپ، ئىلمىي داۋالاش بويىچە يۇقىرى ئۈنۈملەرنى ھاسىل قىلغان. تېببىي تەربىيەلەش ئورۇنلىرىنى قۇرۇپ ھۆكۈمالارنى تەربىيەلىگەن. مىلادىيە 8 ـ ئەسىرلەردە تېببىي تارىخ شەكلىدە يېزىلغان «ئۇيغۇر تېبابىتى ھۆججەتلىرى» دېگەن كىتابتىمۇ ئادەم بەدىنىنىڭ ئورگانىك بىر پۈتۈن گەۋدە ئىكەنلىكى، ئادەمنىڭ تەبىئەت دۇنياسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەمدە كېسەللىك دىياگنوز قويۇش، داۋالاش قائىدىلىرى تەپسىلىي شەرھلەنگەن. مىللىي خاسلىق خاراكتېرى ئىنتايىن يۇقىرى بولغان بۇ كىتابتا، — دەپ يېزىلىدۇ «شىنجاڭ سەھىيەسى» ژۇرنىلىنىڭ 1982 ـ يىلى 1 ـ سان

16 ـ بېتىدە، — ھايۋاناتلار ئىچكى ئەزالىرى، قانلىرى، كالا، قوي مۈڭگۈزلىرى، سۈيدۈك، سۈت ۋە سۈت بىلەن ياسالغان يېمەكلىكلەر، ئانار، ئەنجۈر، ھەر خىل مېۋە ـ چېۋە قاتارلىقلارنىڭ تېببىي داۋالاشتىكى رولى، پايدىسى، ئەھمىيىتى... ئىچكى ـ تاشقى كېسەللىكلەر، ئاياللار، بالىلار... بۆلۈم كېسەللىكلىرىنى ئايرىش، داۋالاش قائىدىلىرى... ئاساسىي جەھەتتىن مۇكەممەل بايان قىلىپ بېرىلگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ 13 ـ، 14 ـ ئەسىرلەردە تۈزۈلگەن كىلاسسىك تېببىي ئەسىرى 36 توملۇق «مۇسۇلمان دورا رېتسېپلىرى» دېمۇ ئىچكى ـ تاشقى كېسەللىكلەر، ئاياللار، تۇغۇت، بالىلار كېسەللىكلىرى، روھىي كېسەللىكلەر، تېرە، بەش ئەزا بۆلۈم كېسەللىكلىرى، تېز قۇتقۇزۇش تەدبىرلىرى، ئۇسۇللىرى، غىزايى شىپالار، غىزالىنىش قائىدىلىرى، غىزالارنىڭ شىپالىق ئەھمىيەتلىرى، زەھەرلىنىش، يىلان، ھاشارات زەھەرلەنگەندە... يانداشلىقنى داۋالاش، مال دوختۇرلۇق قائىدىلىرى، جاراھەت كېسەللىكلىرى، ئۇچەي، قورساق كېسەللىكلىرى، تېڭىقچىلىق، دورىلارنى دەملەش، قاينىتىپ تەييارلاش، بەدەننى قۇۋۋەتلەش قائىدىلىرى، ھەر خىل مۇرەككەپ كېسەللىكلەر، چاقا ـ جاراھەتلەردىن زەھەرلىنىش، تەمرەتكە، مەقەت كېسەللىكلىرى، قۇرت كېسەللىكلىرى... ئالاھىدە شەرھلەنگەن. ھەم بۇ خىل كېسەللىكلەرنى بىلىش، داۋالاش، ساقايتىش، دورا تېپىش، تەييارلاش، ئىشلىتىش، تېببىي ئورۇن، مەنقۇلات، سايمانلارنى تەييارلاش، ئىشلىتىش، كېسەلدىن ساقلىنىش، قۇۋۋەت، مۇھىت، مۇداپىئە مەسىلىلىرىنى تەتقىق قىلىش، نەسىل كۆپەيتىش، خىللاشتۇرۇش قاتارلىق نۇرغۇن تېببىي ئىلىم مۇھاكىمىلىرى يەكۈنلەنگەن.

تارىختا تەدرىجىي مۇكەممەللەشكەن ئۇيغۇر تېبابىتى 13 — 15 ـ ئەسىرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ چاغاتايلار ئېلىكىدە بولغان جايلىرىدا ئىنسانلارنىڭ تېببىي ئېھتىياجلىق خەزىنىسىگە ئايلانغان.

— چاغاتاي ئوردىسىنىڭ باش دوختۇرى مەجىت، قۇبلاينىڭ باش

دوختۇرى يەھيالار، — دەپ يازىدۇ ھۆرمەتلىك ئابدۇللا تالىپمۇ — ئالىملىق ۋە جانابلىقتا ئاچقان سۇنۇق كېسەللىكلىرىنى داۋالاش مەكتەپ. لىرى بىلەن مال دوختۇرلۇق مەكتەپلىرى نۇرغۇن شاگىرتلار (دوخ. تۇرلار) نى يېتىشتۈرگەن. بۇ دوختۇرلار سىر دەريا ۋادىسىدىن تارتىپ تاكى خۇاڭخې ۋادىسىغىچە يۈرۈپ بىمالال ۋىراچلىق ۋە تېبىقچىلىق قىلغان. «جۇڭگىلۇ» ناملىق تېببىي ئەسەردە قۇبلايخ نىڭ باش دوخ. تۇرى يەھيانىڭ ئىچىتقۇ دورىستى كەشىپ قىلىپ، سىچۇەندە پەيدا بولغان قورقۇنچلۇق ۋابا كېسىلىنى ساقايتقانلىقى بايان قىلىنغان. شۇ كىتابنىڭ 22 ـ تومىدا يەنە مۇنداق تەسۋىرىي پاكىتلار يېزىلغان: رىن چاۋ دېگەن كىشى ئېيتىدۇ: «يىگىچياڭ ئەگمىسى يېنىدا بىر كىشىنىڭ ئېتى قورسىقى كۆپۈپ يېتىپ قالغانىكەن، بىر ئۇيغۇر دوختۇر كەلدى ـ دە، ئاتنىڭ يوتىسىدىن بىر نېمىنى كېسىۋەتتى، ھايال بولماي ئات ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئىچكىرىگە كېلىپ تىجارەت قىلىدىغان بىر نەچچە مىڭ سودىگەر قاتارىدا ئۇيغۇر تېۋىپلىرىمۇ كۆپ ئىدى. ئۇلار بېيجىڭ قاتارلىق جايلاردا نۇرغۇن دورىخانىلارنى ئاچقان ۋە داۋالاش ئورۇنلىرىنىمۇ قۇرغان. بۇ دورىخانىلاردا سېرىق قۇيرۇقلۇق ..... مەننىڭ ئەزالىرىدىن ياسالغان قىممەتلىك دورىلار بار ئىدى. بۇ دورىلار ئادەمنى سەمرىتىش، سوغۇق يەلنى ھەيدەش خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە ئىدى. ياز كۈنلىرى دورىخانىلاردا قىمىز سېتىلاتتى. قىمىز بولسا قىرىلىقنى كەتكۈزۈپ ئادەم ئورگانىزمنى، بولۇپمۇ ئۆپكە بىلەن يۈرەكنى ياشارتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە ئىدى...» («ئۇيغۇر مائارىپى تارىخىدىن ئو. چېركلار»، 67 ـ، 68 ـ بەتلەر).

تارىختىكى تېبابەتچىلىكىمىزنىڭ بۇ خىل قىسمىتى بىلەن ئىجتىمائىي ئۇنۇم ئەنئەنىسى خۇددى بەزىبىر سەلبىيەتچى — (ئىنسانلار ئۆمرىنى ئىلاھىي تەقدىرچىلىك نۇقتىسىنىلا شەرھلىگۈچى) «ھۆكۈما» «تارىخ. چى»لار تەكىتلەشكەندەك: «ئىلاھىيەت سەۋەبكارلىقى» يەنى «دۇئا»، «ئايەت»، «مازار»، «جىن» ياكى «ئوچۇق»، «قارغىش»، «پىرە»،

«دۇرۇت نىجاد»، «سەدىقە ـ پىتىر»، «پال»، «نىجاد» كارلىقى بىلەن ئەمەس، بەلكى نەچچە مىڭ يىللىق ئىلمىي تەجرىبىلەر ئاساسىدا ھاسىل بولغان، ماددىي مەۋجۇدىيەت ئامىللىرىغا تايانغان، ئەجدادلىرىمىزنىڭ تەقدىرىدە ھەل قىلغۇچ ماددىي قۇۋۋەت، ھاياتلىق ـ ھۆددىگەرلىك روـلىنى ئۆتەپ كەلگەن ئىلمىي ئەنئەنىدۇر. ئوزۇق ـ تۈلۈك، قۇۋۋەت، ھەرىكەت، ساقلىنىش، مۇھىت، تازىلىق، تەبىر، ئىرسىيەت، نەسىل، دورا ـ دەرمەك، داۋالاش، پەرۋىش، ئاسراش، پەرز، ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت، ئادەت، تۇرمۇش، كەسىپ، ھادىسە... ۋاستىلىرىنى داۋالاش، بىر تەرەپ قىلىش ۋاستىسى قىلغان بۇ خىل ئىلمىي ئەنئەنە توغرىسىدا مۇتەخەسسىس شېن شي «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1980 ـ يىلى 30 ـ ئىيۇل سانىدىكى ماقالىسىدا مۇنداق يازىدۇ: «... شىنجاڭـنىڭ (ئۇيغۇرلارنىڭ دېمەكچى — ئا) ئەنئەنىۋى داۋالاش ۋە دورىگەرـلىك ئىلمى ئەنزۇ، زاڭزۇ قاتارلىق قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ جەۋھەرـلىرىنىمۇ قوبۇل قىلغان. غەربنىڭ تەسىرىنىمۇ ئالغان... ئۇيغۇر تېۋىپـلىرى كېسەلنى داۋالاشتا، قاراش، ئاڭلاش، سوراش، تومۇر تۇتۇشنى، دورا ئىشلىتىشتە «شاھ، ۋەزىر، ياردەمچى، ئەلچى»نى تەكىتلەپ كەلـگەن. ھىندىستان، ئەرەبىستان تەرەپلەردىن كىرگەن دورا ماتېرىياللىـرىنى، رېتسىپلارنى قوللانغان... ئەپيۈن، ھىن، پىستە قاتارلىق قىممەت دورىلار ئىچكىرىگە شىنجاڭدىن كىرگەن...»

## *تەنەپپۇسلۇق سوۋغاتلار*

*ئۇلۇغ ئەدىب نەۋائى «مەھبۇبۇلقۇلۇب» تا مۇنداق يازىدۇ:*

*«... تېۋىپ ئۈز كەسپىگە ماھىر بولۇشى، كېسەللەرگە شەپقەتلىك بولۇشى، مىجەزى مۇلايىم بولۇشى، ھۆكۈمالارنىڭ سۆزىگە ئەگىشىپ خىزمەت قىلىدىغان بولۇشى، سۆزلىرى يۇمشاق ۋە كۆڭۈل ئايايدىغان بولۇشى، ئۆزى خۇش خۇي ۋە خۇش رۇي بولۇشى لازىم. شەپقەتلىك ماھىر تېۋىپنى ئىيسا رەسۇلىللاھقا ئوخشىتىشقا بولىدۇكى: ئىيسا ئەلەيـ*

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

*ھېسسالام دۇئا بىلەن چىققان جاننى تەنگە كىرگۈزگەن بولسا، ماھىر تېۋىپ چىقىپ كېتىۋاتقان جاننى داۋا بىلەن توسۇپ قالالايدۇ. مۇنداق تېۋىپنىڭ يۈزى كېسەلنىڭ كۆڭلىگە، سۆزى كېسەلنىڭ جېنىغا كۈچ بېرىدۇ. ئۇنىڭ ھەر تىنىقى ۋە باسقان قەدىمى كېسەلنى ساقايتىش ئۇسۇلى بولىدۇ. ئۇنىڭ بەرگەن دورىسى ئابىھاياتتەك ئوخشاش، ئەمرىنىڭ كۆرۈنۈشى خىزىر ئىجادقا ئوخشاش بولىدۇ. ئەگەر تېۋىپ ئۆز كەسپىدە ماھىر بولۇپ، بەدخۇي، بىپەرۋا، گېپى سوغۇق بولسا، ئەگەرچە كېسەلگە بىر تەرەپتىن داۋا قىلسا، نەچچە تەرەپتىن كېسەلنىڭ مىجەزىنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. نادان تېۋىپ جاللاتنىڭ شاگىرتى بولۇپ، ئۇ (جاللات) تىغ بىلەن ئادەم ئۆلتۈرسە، بۇ (تېۋىپ) زەھەر بىلەن ئادەم ئۆلتۈرىدۇ. جاللات بۇنىڭدىن ياخشىراقكى، ئۇ گۇناھكارنى ئۆلتۈرىدۇ. نادان تېۋىپ گۇناھسىز ئادەمنى ئۆلتۈرىدۇ. شۇڭا ھېچبىر ئادەم نادان تېۋىپ ئالدىدا خار بولمىسۇن... مۇلايىم سۆزلۈك ماھىر تېۋىپ — بەدەننىڭ ئاغرىقىغا داۋادۇر. بەدخۇي، نادان تېۋىپ خەلقنىڭ جېنىغا بالادۇر...»*

## 2) تارىخىمىزدىكى تېبببي تەدبىرلەر ۋە تېبببي تەۋسىيەلەر

ھىجرىيە 1299 ـ يىلى يەنى مىلادىيە 1881 ـ يىلى ئەتراپىدا يەكەنلىك تېبببي ئۆلىما لوقمان ھەزرىتىم دېگەن كىشى تەرىپىدىن قايتا رەتلىنىپ توپلام قىلىنغان «ھۆكۈما تەسنىپلىرى»[1] — (تېبببي ھۆكۈمالارنىڭ تەۋسىيە ـ نەسىھەتلىرى — ئا) ماۋزۇلۇق تېبابەتچىلىك قولىيازمىلار توپلىمىدىكى ئەسلەنمىلەردىن ۋە باشقا يەرلىك تېبببي تا-

① «ھۆكۈما تەسنىپلىرى» — 1881 ـ يىللىرى ئەتراپىدا يەكەنلىك لوقمان ئارسلانى ئىسىملىك بىر تېۋىپ (يەكەن ئارسلانباغلىق تېبببي ئالىم لوقمان ھەزرىتىم — ئا) تەرىپىدىن رەتلەپ توپلام قىلىنغان تېبببي قولىيازما. بۇ توپلامدا 16 ـ ئەسىردىن 19 ـ ئەسىرگىچە بولغان ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىگە دائىر بىر قىسىم ماتېرىياللار، رېتسېپلار، تېبببي ھېكايىلەر، رىۋايەتلەر، ۋەسىيەتنامىلەر، شۇ زامانلاردىكى بىر قىسىم داۋالاش ئۇرۇنلىرى، مەشھۇر تېۋىپلار ۋەقەلىكلىرى، ھەر خىل زامانىدىكى ھەر خىل كېسەللىكلەرنىڭ ئەلگە كەلتۈرگەن زەخمەتلىرى ۋە باشقا تېبببي ھادىسىلەر خاتىرىلەنگەن.

رىخ ماتېرىياللىرىدىن بىلىشىمىزچە: 16 ـ ئەسىر سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئالتۇن چاغلىرىغا كەلگەندە ئۇيغۇر تېبابىتى بىر مەزگىللىك گۈللىنىش (يېڭىلىنىش، مۇكەممەللىشىش، يەنىمۇ ئىلمىيلىشىش، ئىجتىمائىي ئۆز-لەش، شۆھرەتلىنىش) جەريانلىرىنى ھاسىل قىلغان. شۇ دەۋر تۈزۈمى-نىڭ خاسىيىتى، مەدىنىي ۋە ھامىيلىقى بىلەن گۈللىنىش دەۋرىگە كىر-گەن بۇ تېبابەتچىلىكنىڭ ئالاھىدە ئەۋزەل ئىپادە ـ ئالامەت ساھەلىرىنى تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا ئىخچاملاش مۇمكىن:

1) ئىلمىي تېبابەت كۈچلىرىگە ھەم تېبابەتچىلىك خىزمەت ساھە-لىرىگە بولغان ئېتىبارنى ئاشۇرۇش، تېببىي مۇئەسسەسە، مۇلازىم تار-ماقلىرىنى قۇرۇش، كۈچەيتىش ـــ قىسقىسى تېببىي ساھەنى خانلىقنىڭ ئەڭ ئېتىبارلىق ساھەلىرى قاتارىدا تۇتۇشتەك بىر يۈرۈش ئىشلار جانلاندۇرۇلغان. تېگىشلىك تېببىي تەرتىپلەر، تۈزۈملەر، زۆرۈرىيەتلەر تىكلەنگەن، تەكىتلەنگەن. بۇ ھەقتىكى تەرغىباتلار كۈچەيتىلگەن. «ھۆكۈما تەسنىپلىرى»نىڭ تېببىي ۋاجىباتلار توغرىسىدىكى بايانلار قىسمىدا بۇ خىل ئىجابىي ۋەزىيەت توغرىسىدا مۇنداق تەرىپلەر تەكىت-لەنگەن: «... ئەزىزانلار دەۋرى دەۋران سۈرگەن زامانلاردا تېببىي ئەللامە[①] لەر، جەررايلار[②]، ھۆكۈما ـ شىپاگەرلەر[③]، دورا ـ گىياھگەر-لەر[④]، باقشاگەرلەر[⑤]، ئاقتەگەرلەر[⑥]... ئالاھازەل ئەلنىڭ ئەزىزانلىرى، يۇرتنىڭ خىزرە ـ خەزىنىلىرى، ئاللاھ نۇسبەت ـ ئىنايەت ئاتا قىلغان دانىشمەنلەر... دېيىلەر ئەردىلەر... تۆت تۆرنىڭ تۆردارلىرى[⑦] (ۋەزىرىل

① «ئەللامە» ـــ ئالىم.

② «جەراي» ـــ ۋىراچ.

③ «ھۆكۈما ـ شىپاگەر» ـــ تېۋىپ، دوختۇر.

④ «دورا ـ گىياھگەر» ـــ ئۆسۈملۈك ۋە باشقا دورىلىق نەرسىلەردىن دورا تەييارلىغۇچى دورىگەر.

⑤ «باقشىگەر» ـــ مال، قۇش داۋالىغۇچى.

⑥ «ئاقتەگەر» ـــ ھەربىيگە، ترانسپورتقا، تىسلەپچىقىرىش، تۇرمۇشقا ھاجەتلىك ئات، تېشەك، ئۇلاغلارنى يېتىشتۈرگۈچى؛ ئاختا قىلغۇچى، داۋالىغۇچىلارنى ئىلمىي يېتەكلەش خىزمىتىنى ئىشلىگۈچى ئۇستام.

⑦ «تۆت تۆرنىڭ تۆردارلىرى» ـــ خانلىقنىڭ، خەلقنىڭ، ئەلنىڭ، سورۇننىڭ (ئەڭ يۇقىرى ھۆر-مىتى) بولىدىغان ئەزىز، ھۆرمەتلىك كىشىلەر.

www.uyghurkitap.com

ئەزەم، پازىل ئۆلىما، ھاكىم ـ ھۆكۈمدار، قازى ـ قۇززاتلار قاتارىدىكى يۇقىرى ئورۇن) دەر ئەردىلەر... گۇفتار جولۇس ئابدۇرەشىدخان ئىبنى سۇلتان سەئىدخان ئەنە رەللاھۇ بۇرھانەھۇ ئەمرى ۋاجىپ قىلىپدۇرلەركى: «ئوغۇللىرىم تېۋىپ ـ ھۆكۈمالارنى ئۇستاز، ئۇلۇغ بىلگەي، ئىلتىپاتتا ھۆرمەت، ئېتىبارلاردا ئۇلارغا يار ـ مەدەت بولغاي... پىر ياران، كاتتا ـ كىچىك، پېقىر ـ مىسكىن، ياساۋۇل ـ سەرباز، پىداكار ـ پەرمانبەردارلارنىڭ جىمىسى ئەللامە، ھۆكۈما، ئەھلى ئىلىم... ھاياتنى ھەممىدىن غەنىمەت بىلگۈچى كارامەتكار مۇنەججىملەرنىڭ خاسىيەتلىك تەلىملىرىگە بېقىنغاي، ئۇلارنى ئۇلۇغلىغاي، نەزەرلىرىدىن ئۆتكەي، دۇئا، شىپا ـ شاپائەتلىرىدىن يىراقلاشمىغاي، باشلىرىدا كۆتۈرگەي، ئەمىن، پاراغەتلىك، مالالسىز، مەشغۇل ـ ئىستەك، مەئىشەت، رىزقى ئامەتلىرىنىڭ ئېشىپ بېرىشلىرىغا، كەسپىي ھەۋەس، شىجائەتلىرىنىڭ راۋاجىغا يار ـ ھەمدەم بولغاي...»

16 ـ ئەسىر سەئىدىيە خانلىرىنىڭ بۇ خىل قىممەتلىك تېببىي مەۋقەلىرى تۈپەيلىدىن، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىرى ئەڭ ئالدى بىلەن جەمئىيەتتە تېبابەتچىلىك تۈرلىرىنى ھاكىمىيەت ھامىيلىقى بىلەن بەرپا قىلىش، كېڭەيتىش، ئىجتىمائىي رولىنى جانلاندۇرۇش ئىشلىرىنى كۈچەيتكەن. نەتىجىدە، شۇ جەمئىيەتنىڭ بارلىق قاتلام، تەركىبلىرىدە (سىياسىي، ئىجتىمائىي، دىنىي، مەمۇرىي، كەسپىي ساھەلەرنىڭ ھەممىسىدە) تېببىي داۋالاش، تېببىي دورىگەرلىك، تېببىي مۇداپىئە، تېببىي تەپتىشلىك، تېببىي مائارىپ، تېببىي قانۇن، تېببىي نازارەت، تېببىي تەرغىبات، تېببىي تەتقىقات، تېببىي ئالاقە ۋە تېببىي مۇلازىمەت تەركىبلىرى بىلەن بىر يۈرۈش مۇكەممەل يۈرۈشلەشكەن تېبابەتچىلىك ئاپپارات، ئورۇن، تۈرلىرى تىكلىنىپ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئاز كەم بىر ئەسىرلىك گۈللىنىش جەريانلىرىغا ھەل قىلغۇچ تۆھپە، مېسۇۋلەر سىڭدۈرۈلگەن. بەزىبىر تارىخىي مەنبەلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، 1590 ـ يىللاردا سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان جايلاردىكى 914

مەھكىمە شەرئىي، 10 مىڭدىن ئارتۇق يېزا، بازار، مەدرىسە، چوڭ ساراي، بەندەرلەردە مەخسۇس مەلىكىلىك كەسپىي تېبىبىيخانىلار (تېبىبىي ئورۇن ـ پونكىت، تارماقلار) ئىشلەپ تۇرغان. توققۇز بەندەر (خانلىق چېگراسىدىن رەسمىيەتلىك كىرىپ ـ چىقىش ئېغىزلىرى)دە داۋالاش، تەكشۈرۈش، نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش، چەكلەشلەر بويىچە قانۇنىي ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيدىغان مۇنتىزىم تېبىبىي قاراۋۇلخانىلار ۋەزىپە ئۆتىگەن. بارا ق ھەربىي، مۇلكىي، خارجى، كەسپىي ئورۇن، ساھە، تارماقلارنىڭ ھەممىسىدە تېبىبىي شىپاگەرلەر تەخ تۇرىدىغان ئاسايىشلىق ۋەزىيەت ھۆكۈم سۈرگەن. تېبىبىي رەسمىيەتلەر، جاھاز، ئورۇن، مەبلەغ، مالىيە، مەمۇرىي مۇلازىمەت نۇقتىلىرى جەھەتتىكى مەسىلىلەر ياخشى ھەل قىلىنىپ بارغان. بۇ خىل تېبىبىي قۇرۇلمىلار يىلەن يېتەكچى تېبىبىي ئەللامە، ھۆكۈمالارنىڭ شۇ چاغلاردىكى تېبىبىي خىزمەت ۋە تېبىبىي تەرغىبات مەۋقەلىرى توغرىسىدا «ھۆكۈما تەسنىپلىرى» نىڭ تېبىبىي دەۋەتلەر قىسمىدىن مۇنداق گەپلەرنى ئوقۇيمىز:

... .... ...

— قانداق جايغا بارمىغۇلۇق ۋە تۇرمىغۇلۇق؟

— ھاياتلىق ئىززەت ـ غۇرۇرى تۆۋەن، تەبىئىتى غەش، ھۆكۈمادىن يىراق ـ خەۋەرسىز، ھېچبىر سەھەت بولمىغان... زېھنىسىز ئىنسانلار جايلىرىغا ۋە جايلىرىدا!

— ئەر زەبۇندۇر؟

— خەلقى ھەمىشە رەنجۇ ـ ئەلەم، دەردى بىمارچىلىقتا ئۆتىدىغان، تېۋىپ ـ ھۆكۈمالىرى يوق ياكى كېرەكسىز، ئەمىن، تىنچلىق، ئەرزانلىق بولمىغان، ھېچبىر سەھەتسىز ماكان!

— خارابىچىلىق، بەدبەختلىك نەدىن كېلۇر؟

— مەرەزلەشكەن جاي ۋە تىرىكلىكتىن — (تۇرمۇش ئادىتىگە تازىلىق ئۆزلەشمىگەن، تېبابەت ئىخلاسى يوق، مۇھىتى نىجىس، ئادەت ـ قىلىقلىرى زەئىپ، ئىشتىھا غۇرۇرى پەس، لەززەت سېزىمى تۆۋەن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مۇددىئاسى گال، هالال ـ هارام، نىجىس ـ پاكلىق توغرىسىدا پەرق پەمى يوق ئادەملەر ۋە تىرىكلەر ماكانلىرىدىن دېمەكچى ــ ئا،

ــ بەد بەختلىك نېمىدۇر؟

ــ ياشلىقنى قېرىلىقتىن ئىلگىرى، ساقلىقنى كېسەللىكتىن ئىلگىرى، پاراغەتنى مەشغۇلاتتىن ئىلگىرى، بايلىقنى گادايلىقتىن ئىلگىرى غەنىمەت بىلمەسلىك.

ــ دەردنىڭ خەزىنىسى نەدە؟

ــ نادانلىق، نىجىسلىق قويۇق يەردە!

ــ ئىنسان كىم ۋە نېمىدىن ھەزەر ئەيلىشى كېرەك؟

ــ نادانىدىن، تەربىيەتسىزلىكتىن.

ــ تىرىكلىكنىڭ تۈپ يىلتىزى نېمە؟

ــ ھەرىكەت، قۇۋۋەت، ھېيىز سەھەت ــ (سەھىيە ـ نازىلىق)، خاتىرجەملىك، ئۈمىد، ئىرادە.

ــ قانداق كىشى كەم رىزىق، بىئېتىبار بولۇر؟

ــ ھورۇن، قاسماق، يالغانچى، ھەسەتخور، تۈن كۆڭۈل، ئۇرىتى ئادەمىيلەر (ئاللاھ بۇنداقلارنى بەندەم، پەيغەمبىرىم ئۇممىتىم، ئادەمزات قۇر ـ قاتارىم دېمىگەيلەر ــ ئا)

... ... ...

بەزىبىر تارىخىي مەنبەلەردىن بىلىشىمىزچە، شۇ زامانلارنىڭ ھامىيلىقى، رىغبەت ـ مەدەتلىرى بىلەن مۇكەممەل تەشكىلىي قۇرۇلمىلارغا ئۇيۇشقان ئۇيغۇر تېبابەتچىلىرى جەمئىيەتتە يۇقىرىقىدەك ھۆقە، تەشەببۇسلىرى بىلەن شۆھرەتلىنىپلا قالماستىن، بەلكى يەنىمۇ ئۇرغۇنلىغان ئىجتىمائىي تېببىي مىزان، مەجبۇرىيەتلىرىنىمۇ شۇ زامانلارنىڭ ھاكىمىيەت كۆچى، جامائەت كۆچى، تېببىي ساھە كۆچلىرىنىڭ تېببىي خىزمەت تۈزۈملىرىگە، جەمئىيەتنىڭ، خەلقنىڭ تېببىي ۋاجىپ ـ مەجبۇرىيەت مىزانلىرىغا سىڭدۈرۈشتەك دانىشمەنلىك پاراسەتلىرىنى نامايان

قىلىشقا مۇۋەپپەق بولۇشقان. مەڭگۈلۈك ئىجتىمائىي تىببىي تۈزۈملەر (ھاياتلىق ۋاجىپلىرى، ئىنسانلارنىڭ مۇتلەق مەجبۇرىيەتلىرى) سىۋىلىزاتسىيە دەرۋازىسىنى ئاچقان بولۇپ، مۇتلەق ھۆكۈمران ئۈچۈن ئىنسانىيەت ئەقىللىرىنىڭ يەتكەن ساھەسى - تۈزۈملىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ تەشەببۇس، تەۋسىيە ۋە زۆرۈرىيەت رامكىلىرى — مەسىلەن، سۇنى، رىزقىنى، ماكانىنى، مۇھىتىنى، تىرىكچىلىكىنى، كەسىپىنى، ۋاستىلەر (قورال - ياراغ، مال - ۋاران ھەم ئۆزىنىڭ مەنبە - ئورۇنلىرى) نى، بەدىنىنى، لىباسىنى، بىساتىنى، تۇرمۇشىنى پاك ئۆتكۈزۈش، تۇتۇش، ساقلاش، ئىشلىتىش توغرىسىدىكى تەشەببۇس، تەۋسىيەلەر ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ئۈچۈن ھەر قاچان ئوخشاشلا بىباھا ئۇلۇغ مەنىۋى تەلەپنامىلەردۇر، ئەلۋەتتە. شۇ چاغلاردىكى جىمىكى (ھەر دەرىجىلىك، ھەر خىل) ھاكىمىيەت تەشكىللىرىدە، دىنىي، ئىجتىمائىي مەھكىمىلەرنىڭ ھەممىسىدە ۋە ھەر قاندىقىدا ھەم بارلىق ئەل - يۇرت مۇرەسسە - مادارىچىلىق سورۇنلىرىدا ھاكىمىيەت كۈچى، خەلق كۈچى، تىبابەت كۈچلىرى ۋاستىچىلىقى بىلەن قەتئىي جارى بولۇپ تۇرغان تىببىي نىزام - تۈزۈم، ئادەتلەر ئىچىدە كېسەل - كېسەلمەنلەرنى، بىمار - ئەر جەمەنلەرنى، قېرى - ياشانغانلارنى، پەرزەنت - بالاغەتسىزلەرنى، ھامىلىدار ئانىلارنى، جىنسىي دەردمەنلەرنى، روھىي ناتىۋانلارنى خورلىماسلىق، ئۇلارغا خەيرخاھلىق قىلىش، تىۋىپ - ھۆكۈمالارنى، شەپقەت - شاپائەتنى دوست تۇتقان تىببىي ياران - مەسلىھەتداشلارنى ھۆرمەتلەش، تىببىي ئەخلاقنى قەدىرلەش، تىببىي تۇرمۇش ئادەتلىرىگە رىئايە قىلىش، تىببىي مەجبۇرىيەتلەرنى ئاڭلىق ئورۇنداش قاتارلىق نۇرغۇن مەسىلىلەر قاتتىق تەكىتلەنگەن تىببىي ئادەت - مەجبۇرىيەتلىرىمىز ئاز ئەمەستۇ. ھەر خىل ئۇچرىشىش، ئىزدىنىش، ئەسلىشىشلىرىمىزنىڭ تۈنجى تىل قەدىمىنى تىببىي ئاسايىشلىق ئارزۇسىدىن باشلاش، ئىپادىلەش (ئېسەنلىشىش)، مەسىلەن: «تەنلىرى ساق، ئۆيى ئىچى تىنچلىق، ئورۇق - تۇغقانلار سالامەتمۇ؟» دېگەندەك تىل ئادىتى بىلەن سالام - سەھەت قەدىمىنى باشلاش ئەنە شۇنداق ئېسىل تىببىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۇرمۇش ئادەتلىرىمىزدىن بىر نەمۇنەدۇر. پىقىر بۇنىڭغا ئاتاپ يوندا بىر نەزم پۈتتۈم:

بىراۋلار ئىزدىشەر تائام گېپىن قىلىشىپ،
بىراۋلار ئىزدىشەر دۇنيا دەپىن دېيىشىپ.
بىراۋلار ئىزدىشەر دۇئا ـ نىشان بېرىشىپ،
بىز خەقچۇ ئەزەلدىن تائەبەدكىچە،
ئۆتىمىز ساقلىقتىن دېرەك ئىزدىشىپ.

«كىشىنىڭ ئۆلۈمىنى تىلىگۈچە، ئۆزۈڭنىڭ ئۆمرىنى تىلە» دېگەندەك غايىۋى مەۋقە، ھەر قانداق كېسەلگە شىپالىق تىلەش، يوقلاش، زىيارەت قىلىش، دورا ـ شىپالىق ئىلتىپاتلارنى ئاتا قىلىش، كېسەلمەنىنى روھىي ئەرەجدىن ۋە ماددىي، مەنىۋى خاپىلىق ۋە غەم ـ غۇسسىدىن خالاسلاندۇرۇش، ئىچ ئاغرىتىش، خورلىماسلىق، دەككە ـ دەشنام بەرمەسلىك، كۆڭلىنى كۆتۈرۈش، ۋەھىمە قىلماسلىقتەك نۇرغۇنلىغان ئىسىل قىلىق ۋە كەيپىياتلىرىمىز بىزنىڭ تارىختىن ساقلىنىپ كەلگەن تېببىي ـ سەھىيە ئەخلاقىمىزدىن تامچىلاردۇر.

2) سەئىدىيە خانلىقى زامانىدا تېببىي داۋالاش، ساقلىقنى ساقلاش، تېببىي دورىگەرلىك كۆرۈنەرلىك جانلاندۇرۇلغان ھەم بۇ ساھەدە يېڭىدىن ـ يېڭى سەۋىيەلەر يارىتىلغان. كېسەلمەنلەرگە نىسبەتەن مۇۋاپىق روھىي ئاسايىشلىق ئاتا قىلىش، بەدەننى قۇۋۋەتلەش، ئىچكى تەرەپتىن دورا ئىچكۈزۈش، تاشقى تەرەپتىن دورا ئىشلىتىش، كۈنگە سېلىش، تەرلىتىش، يۇيۇندۇرۇش، مۇۋاپىق ئوزۇقلاندۇرۇش، پەرھىز تۇتۇش، ھاراق ـ شاراب، چېكىملىكلەردىن چەكلەش، مۇۋاپىق ھەرىكەت قىلدۇرۇش، تازىلىقنى ياخشىلاش، بەدەننى نورمال تۇتۇش، ئۇمىدلەندۈرۈش، شادلاندۇرۇش، مۇدايىئەلىنىش قاتارلىق ئەڭ ئۈنۈملۈك ماددىي، مەنىۋى سالامەتلىك ئامىللىرى بىلەن تەركىبلەنگەن بۇ خىل ئىجتىمائىي تېببىي سەۋىيەنى مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، شۇ زامانلارغا

نسبەتەن دۇنياۋى ئىلغار دۇنياۋى تىببىي سەۋىيەلەر قاتارىدىن ئاتاشقا بولاتتى. بۇ بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز تارىختىن بېرى كۆنۈپ، ئادەتلىنىپ كەلگەن سەۋىيەدۇر.

### *ئەنەپپۇسلۇق سوۋغاتلاردىن*

— ئۆلۈمنىڭ ئالدىنى ئېلىش مۇمكىنمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ بىر شەھەرلىك كىشى.

— بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىش مۇمكىن، — دەپتۇ ئىبنى سىنا، — ئۆلۈمنى داۋالاشنى بىلمەيمەن، ئەمما ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ئۆمۈرنى ئۇزارتىش يوللىرىنى بىلىمەن.

— شۇنى ماڭا ئۆگىتىپ قويساڭ! — دەپ چىڭ تۇرۇۋاپتۇ ھېلىقى كىشى. ئىبنى سىنا:

— مەيلى ئۆگىتىپ قويسام قويايى. سەن مەن بىلەن ئۆزۈم كۆكەرتكەن باغقا كىرسەن. باغدا ساڭا ئۆمۈرنى ئۇزارتىدىغان دورا بېرىمەن، — دەپتۇ ۋە ھېلىقى كىشىنى باشلاپ ئۆز بېغىغا ئېلىپ كىرىپتۇ، قولىغا بىر تۈپ چىنار كۆچىتى بىلەن نەشپۈت كۆچىتىنى بېرىپ:

— مانا بۇ چىنار كۆچىتىنى ۋايىگە يەتكۈزۈپ، ئۇنىڭ شاخ - ياغاچلىرىدا ئۆزۈڭگە ئۆي سالىسەن، ماۋۇ نەشپۈت كۆچىتىنى بولسا مېۋىگە كىرگۈزۈپ، مېنى نەشپۈت يېيىشكە چاقىرىسەن، شۇ چاغدا مەندىن ئۆمۈرنى ئۇزارتىدىغان دورىنى ئالىسەن، — دەپتۇ.

شەھەرلىك كىشى چىنارنى ئۆستۈرۈپ ئۆي سالماقچى، نەشپۈتنى مېۋىگە كىرگۈزۈپ ھوسۇل تويىغا ئىبنى سىنانى چاقىرماقچى بولۇپ يۈرۈۋېرىپتۇ. مېھنەت كەينىدىن مېھنەت قىلىۋېرىپ ھايات زوق - شەۋقى بىلەن ياشاپتۇ. مۇشۇنداق قىلىپ ئۇ يۈز ياشتىنمۇ ئېشىپ كەتكەنلىكىنى ئۆزىمۇ بىلمەي قاپتۇ.

قىسسەدىن ھىسسە، بۇ ئۈمىدلىك دۇنيا ئىكەن، ئۈمىد قىلغان مۇرادىغا يېتىدۇ. نائۈمىد ئۆز ئايىغىدا يۈتىدۇ. ياخشى نىيەتلىك بولايلى.

(«ئەللامىلەر ئىبرەتى» دىن)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇ خىل سەۋىيە ـ ئامىللار ـــ شۇ زامانلار تارىخىدا تەسەۋۋۇپ ھۆكۈمالىرى «دەۋا» قىلىشقان «دىنىي ئىجادىلىق ئامىللىرى» [1] سۈپكۆچ ـــ «پىرىم شىپا»، «مازار شىپا»، «ئايىتى شىپا»، «باقشى ئامىل»، «ئادەم بىقۇۋۇل، قازا ئىگەمدىن») دېگەندەك سەلبىي ئەپسانىلەردىن پۈتۈنلەي مۇستەسنا، ئادەملەر ئەقلىي ئەرەجلىرىدىن تۆرەلگەن، تاكا-مۇللاشقان، ئىلمىي قىممىتى يۇقىرى، ئەڭ بالاغەتلىك، مۇكەممەل ئا-مىللاردۇر. مەسىلەن، ئۇيغۇر تېۋىپلىرىنىڭ تارىختىن بۇيانقى «قۇۋۇ-ۋەت، قۇۋۋەتلەندۇرۇش» تەدبىرلىرى بۇ پىكرىمىز ئۈچۈن يېتەرلىك ئاساسلاردىن بىرىدۇر. «ھۆكۈما تەسنىپلىرى» دە بۇ ھەقتە مۇنداق گەپلەر ئېيتىلغان:

ـــ ئاغرىق نېمىدىن؟

ـــ يىندىن ـ قارىندىن! (قورساقنىڭ ئاچ ـ توق قىلىشىدىن، ئاش-قازاننى ئاسرىماسلىق، بىقارار تويۇنۇشلاردىن دېمەكچى ـــ ئا).

ـــ قۇۋۋەت نېمە؟

ـــ ئوزۇقلۇق، ئۈمىد، ھەرىكەت، ئامىل، مادار...

ـــ ئاغرىقنىڭ سەۋەبكارى نېمە؟

ـــ تويۇنماسلىق، تاپلىق (تىرىكتاپلىق ـــ ئا) دەرد، مۇھىت، چاغ...

ـــ ئاغرىقنى ساقايتىشنىڭ شىپالىق يولى قانداق؟

ـــ تويۇندۇرۇش، روھلاندۇرۇش.

ـــ جاننىڭ ئارامى نەدە؟

ـــ يۇمشاق تائام، يۇمشاق گەپ، يۇمشاق ئورۇن، يۇمشاق ئادەمدە.

ـــ نېمە يامان؟

ـــ ئاچ قېلىش، قۇۋۋەتسىزلىك.

ـــ تائام نېمە؟

ـــ سىگىدىغان، پايدىلىق ھالال لوقما»

ئەجداد تېبابەتچىلىرىمىزنىڭ بۇ خىل تېببىي مەۋقەلىرى — تېگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا، دۇنياۋى تېببىي ئىلىم خەزىنىسىگە قوشۇلغان ئەھمىيەتلىك ئىلمىي مەۋقەلەر ئىدى. شۇڭا بىز ئۇنى ئۇلارنىڭ بىر پۈتۈنلۈك نەزەرىيەۋى ئاساسلىرىدىن ھاياتلىق ھەرىكىتىدىن تارتىپ تەبىئەت دۇنياسىدىكى ماددىلار ھەرىكەتلىرىگىچە ئىنچىكە، چوڭقۇر ئىزدىنىش ۋە تەتقىق قىلىشلىرىدىن كېيىن بەزى ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەت ھەم ئوبيېكتىپ باسقۇچلارنىڭ ئورتاق نۇقتىسى ۋە مۇناسىۋەت نۇقتىسىغا قارىتا ئوتتۇرىغا قويغان يەكۈن خاراكتېرلىك تېببىي ئىلىم تۆھپىلىرى تۈركۈمىدىن قەدىرلەيمىز، ۋارىسلىق قىلىمىز.

دېمەك، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئالتۇن چاغلىرىدىكى تېبابەتچىلىكىمىزنىڭ تۈپ نىشانى: پۈتۈن جەمئىيەت مىقياسىدا تۆۋەندىكى نۇقتىلار

1) ئوزۇقلىنىشنى كۈچەيتىش، يېمەك ـ ئىچمەكلىرىگە دىققەت قىلىش، لايىقلاشتۇرۇش؛

2) تۇز ئىستېمالىنى تەڭشەش؛

3) ئەدىنى ئېلىشنى كۈچەيتىش، ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ تۇرۇش؛

4) زىيانلىق ئىچىملىك، چېكىملىكلەردىن ساقلىنىش، چەكلەش؛

5) سالامەتلىك تەربىيەسىنى كۈچەيتىش، كېسەل پەيدا قىلىدىغان ئامىللارنى يوقىتىش؛

6) مۇۋاپىق كىلىنىكىلىق داۋالاش تېخنىكىسىنى جانلاندۇرۇش؛

7) سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن ھەم ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن شۇ جەمئىيەتنىڭ سەھىيە، ساغلاملىق ۋەزىيىتى كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىپ تۇرغان.

### 3) نەسلىگە ۋاپا

سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئالتۇن چاغلىرىنىڭ تېبابەتچىلىرى، سۇل-

تانلارنىڭ، داھىي سوپەت ئەربابلارنىڭ رىغبەت ۋە مەدەتلىرى بىلەن خانلىق خەلقنىڭ سوپەت ـ سالاپەتلىرىنى ئۆستۈرۈش، ساغلاملىق دەرىجىسىنى ئاشۇرۇش (خەلقنىڭ خىللىق، ساغلاملىق دەرىجىسىنى، ئۆڭ ـ چىراي، بوي ـ تۇرق، كۈچ ـ مادار، تۇرمۇش، ئادەت جەھەتلەردىكى تاكاموللۇقنى تىكلەش، ئومۇملاشتۇرۇش) ئىشلىرىغا ئىز-نىل ئەھمىيەت بېرىپ، ئەجدادلىرىمىزنى پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار ئارىسىدا شۇ زامانلارغا نىسبەتەن سوپەتتە كۆزنەك، ئۈلگە ئاناقلىرىغا ئىگە قىلغان، داملىنىپ تۇرىدىغان خىل نەسەب تۇركۈملىرىنىڭ يېتىشىش جەريانلىرىنى تېزلىتىشكەن...

— ۋەتەنىنىڭ شان ـ شۆھرىتى نېمە بىلەندۇر؟
— خەلقنىڭ سوپەت ـ سالاپەت ئەنئەنىلىرى بىلەندۇر!
— ئامانلىق ۋە ئاراملىق نېمە بىلەندۇر؟
— تەن بالاغىتى، ئەقىل ـ ئىدراك بالاغىتى، ساغلام، تىنچ كۆڭۈل بالاغىتى بىلەندۇر.
— شەرەپ نېمە؟
— ساغلاملىق.

(«ھۆكۈما تەسنىپلىرى» دىن)

مەنبەلەردىن مەلۇم بولۇشىچە: 16 ـ ئەسىر سەئىدىيە خانىدانلىقىنىڭ خانلىرىدىن سۇلتان ئابدۇرەشىدخان جەمئىيەتنىڭ ھۆكۈمران ئەقلىي كۈچلىرى — (ئالىم، ھۆكۈمالىرى) خەلق ۋە مىللەتنىڭ دۆپەت ـ سالاپەتلىرىنى كۆتۈرۈش، ساپاسىنى خىللاشتۇرۇش (ئۆستۈرۈش)، پۈتۈن جەمئىيەت بويىچە تەندۇرۇسلۇق، ساغلاملىق دەرىجىسىنى ئاشۇرۇش ھەم بۇ ساھەگە تېگىشلىك پايدىلىق چارە ـ ئامالىرنى ئىزدەش، تېپىش تەدبىرلىرىنى يولغا قويغان. «تەزكىرەئى پىر ياران» نىڭ رىۋايەتلەر قىسمىدىن بىلىشىمىزچە: سۇلتان ئابدۇرەشىدخان خانلىق پۇقرالىرى ئارىسىدا بولىدىغان قورقۇش، قايغۇرۇش، غەزەپلىنىش،

خارلىنىشتەك ئەھۋاللارنى تەبىئىي كىسەللىك ئالامەتلىرى دەپ قارىغان
ھەم مۇنۇ جۈملەرنىڭ سۆھبەتلىرىدە: «... كىشى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆر-
مەكنى، ئاغرىق - سىلاقتىن خالىي بولماقنى ئىزدىسە يېمەك - ئىچمەك-
لىرىنى ئىدىتلىق، مۇۋاپىق، يېتىپ - قوپۇشىنى، ھەرىكەت، پاراغەتلە-
رىنى نورمال ئەھۋالدا، كەيپىياتلىرىنى غەشسىز قىلماقلىرى ھاجەت ۋە
زۆرۈردۇر...» دەپ تەۋسىيە قىلغان. جەمئىيەتنىڭ مۇلازىم كۈچلىرد-
نى، نەسىل - نەسەبتە بىرىنچى ئەۋلادى كالىۋا، ئىككىنچى ئەۋلادى
دۆت، ئۈچىنچى ئەۋلاد كىرەكسىز يۈك بولۇپ چىقىدىغان جايلار ۋە ئا-
ئىلىلەرنىڭ، ئادەملىرى كالۋا، ۋىجىك، لەقۋا، گاس، گاچا... قاتارلىق
نەسلى پېشكەللىكلەرگە، يامان شارائىت، يامان مۇھىتقا يولۇقۇپ تۇرد-
دىغان جاي، ئورۇنلارنىڭ ۋەزىيىتىنى ئۆزگەرتىشكە چاقىرغان، سەھىيە
- تىبابەت، تازىلىق، كەزمە (تەنتەربىيە) ئىشلىرىنى جانلاندۇرۇشقا،
قېرىنداشلار ئارا نەسلى ھەمكارلىقنى يولغا قويۇشقا، ئورۇن، جاي يۆت-
كەش (نەسىل ئالماشتۇرۇش)كە، تېببىي ئامىللارنى تېپىشقا، يېمەك -
ئىچمەك، مۇھىت، تۇرمۇش... جەھەتلەردىكى پاسسىپ ئامىللارنى تۈ-
گىتىشكە رىغبەتلەندۈرگەن.

«... شاھى ئالەم — ئىنسان ئۆمرىنى كۈن، لوقما، ئوزۇق، مېھ-
نەت، ئېتىقاد ئاشۇرار... دەپ قارار ئېردىلەر...» («تەزكىرەئى پىر
ياران» دىن). سۇلتان ئابدۇرەشىدخان پۈتۈن خانلىق تەۋەسىدە ئۆز
مۇلازىملىرىدىن يېمەك - ئىچمەككە، ئىنسان نەسلىگە، ئىنسان تەقدى-
رىگە، ئىنسان غۇرۇرىغا ۋە ئىنسان ئېتىقادىغا زىيان - زەخمەت يەت-
كۈزگۈچىلەرنى ھېچبىر ئاياۋسىز جازالاپ تۇرۇشنى تەلەپ قىلغان.

«... ئەي جاھان پاسبانى، ھەر ئىككىلا ئالەمدىكى گۇناھ - كىبە-
رىلەر ئىچىدە ئەڭ ئ ‌رى — تووۋا بىلەن تۈگىتىپ بولمايدىغىنى قاي-
سىدۇر؟» دېگەن سوئالغا:
«ئەركەكنى ئەركەككە نىكاھلاش، ئەركەكنى خاتۇنلۇققا، جىنسىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

جۇپلۇككە قىستاش، زورلار، ئەرد ئۈ ئەرلىكىنى ناكا قىلىش... ئۈچ چاغدا ـــ بىرى، ئەر بىلەن ئەر زىنا قىلىشقان چاغدا، ئىككىنچى، خوتۇن بىلەن خوتۇن زىنا قىلىشقان چاغدا، ئۈچىنچى، پەرزەنت بىلەن پەرزەنت، قان ـ قېرىنداش بىلەن قېرىنداش، ئاتا ـ ئانا بىلەن پەرزەنتلەر ئارىسىدا زىنا ئۆتۈلگەن چاغدا ئاللاھ ئالەم ۋە ئىنسانغا ئاپەت، غەزەپ ئاتا قىلىۇر، كەچۈرمەس، ـــ دەپ جاۋاب بەرگەن.»

(«تەزكىرەئى پىرياران» دىن)

قېرىنداش مۇساپىرلار بىلەن قۇدىلىششىنى، چەت جايلاردىن كۈيئوغۇل، ياقا يۇرتلاردىن كېلىن ئېلىشنى، يەكەن ۋە خالاستان ئىككىسۇ ۋادىسى (هازىرقى قاغىلىق، پوسكام، يەكەن تەۋەلىرى)دىن شاھ تاتار (مەكىت تەۋەسى)، غولتوغراق (هازىرقى ئاۋات ناھىيەسى) تەۋەلىرىگە نەسلى سۈپەت ئېھتىياجلىرى ئۈچۈن كۆچمەن ئالماشتۇرۇشنى، يىراق جايلارغا كۆچكۈچى، يىراق جايلاردىن كۆچۈپ كەلگۈچىلەرگە مەدەت، ئىلھام بېرىشنى خالىغان، تەۋسىيە قىلغان.

ـــ كىملەرگە مېھرىبان، ئاشيان بولمىغۇلۇق؟

ـــ رەنجۇ ـ ئەلەم پېئىلىقلارغا (دائىما رەنجىپ، سۆرۈنلىشىپ، ئۆگۈپ ـ تاتىرىپ يۈرۈش مىجەزىگە سىگىپ كەتكەن نەس پېئىل كىشىلەرگە دېمەكچى ـــ ئا).

(هۆكۈما تەسنىپلىرى» دىن)

دېمەك، ئابدۇرەشىدخان قەيەردە ۋە كىمدە رەنجىش ۋە خاپىلىق كۆپ بولسا شۇ يەردە ۋە شۇ كىشىدە ئاغرىق، جىسمانىي نادامەت ئېغىر بولىدۇ، دەپ قارىغان.

ـــ ئەي مۇنەججىم، ـــ دەپ سورىدى شاھ ئەقىلدارىدىن، ـــ قايسى كېسەلنىڭ داۋاسى يوق؟

— رەنجى ئەلەمنىڭ، ئىشقى ئوتىنىڭ...
— يوق، — دېدى شاھ مۇنەججىمگە ئىشارەت بېرىپ، — رەنجىنىڭ داۋاسى — كۆلكە ـ شادلىق، ئىشقىنىڭ دەۋاسى — ئىرادە ـ جان تىكىش.

(«ھۆكۈما تەسىنىپلىرى» دىن)

ئىنسانلارنىڭ، جۈملىدىن ئەجدادلىرىمىزنىڭ نەسلى ئىقتىدارلىرىنى ياخشىلاش، سۈپەت ـ سالاپەتلىرىنى ئۆستۈرۈش — سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇنىڭ قەدىردان ۋارىسلىرى تەرىپىدىن «ئاتا ۋەسىيىتى»، «بۈيۈك ۋەزىپىلەر» سۈپىتىدە ئىزچىل داۋام ئەتكۈزۈلگەن. سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ تەخت ۋارىسى ئوغلى ئابدۇكېرىمخان خانلىق ئۆمرىدە خانلىقنىڭ مۇلكىي، خارجى، ھەربىي، ئەمنىيەت، ئىچكى، مۇلازىمەت تارماقلىرىنىڭ جىمىكى تەركىبلىرىگە، جامائەت، جەمئىيەت، دىن، كەسىپ، تۇرمۇش، دەۋا، مۇرەسسە ئىشلىرىنى تۇتىدىغان مۇئەسسەسەلەرنىڭ ھەر قانداقلىرىغا ھەر قانداق جاي ۋە ھەر قانداق چاغدا مۇلازىم قويۇش، تاللاشتا تۆۋەندىكى خاسىيەتلىكلەردىن باشقىلارنى زادىلا قوبۇل قىلماسلىق بۇيرۇقىنى چۈشۈرۈپ جارى قىلدۇرغان. بۇ خىل خاسىيەتلىكلەرنىڭ ئۆلچىمى:

1) ئات ۋە ئاتلىق مەشغۇلاتلاردا ئىقتىدارسىزلىق قىلمايدىغان بولۇش؛

2) چېلىشتا يىقىلىپ قالمايدىغان بولۇش؛

3) شاش ئات، يولۋاس، تۆگە ـ ھايۋانلاردىن قايتمايدىغان، ياش ئەگدۈرمەيدىغان بولۇش؛

4) ماجىرا ـ جېدەل، جەڭ، خەۋپ ئىچىدە كۆچسىزلىك، چىدامسىزلىق، ئاجىزلىق سادىر قىلمايدىغان بولۇش؛

5) تۇرق ـ دىدارلىرى قورقۇمسىز، كۆچكە توشۇق، پەمگە باي، تەندە كۆركەم، تۇرقتا سۈرلۈك بولۇش؛

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

6) ئىشتىهاسى سۇس، سۆلەي (كەم تاماق)، خەسە گال، تاۋى تال زۇك، چىدىماس، پەزىلەتسىز، نىيەت ـ مەۋقەسى غۇۋا، قىلىقى بىئەپ، سۆزى مىغىزسىز، قىزغانچۇق، چىقىمچى، ھەرىكىتى گال، تۇرقى كۆرۈمسىز، بىنەپەس (تاۋۇشى سەت)، ئەخلاقتا چولتا، ھەرىكەتتە قوپال كىشىلەرنى ئىشلەتمەسلىك، ئارىلاشتۇرماسلىقتىن ئىبارەت بولغان.

ــ شاھى ئابدۇللاخان زامانىدا دەپ يېزىلىدۇ: «دورنات خازىكەنت خۋاجە پادىشاھ» دېگەن قولىيازمىنىڭ باش 6 ـ بېتىدە: زامان ـ زامانلار سەھىيە ـ تېببىيەت ئەسرى جارى بولمىغان زېمىنغا، تەندۇرۇسلۇق بالاغەتلىرى يېتىلمىگەن. مىجەزى سۇس، مادار ـ غەيرەتتە بىچارە، زەئىپ تەن، نەسلى ئەرەجمەن، دەردى ئەلەمگە ۋارىس بىمار مىسكىنلەرگە شىپا، تەدبىر تاپقۇچى ھاكىم، ئۆلىما، ھۆكۈما ـ تېۋىپ، شىپاگەرگە خانلىق خەزىنىلەر تەخىرسىز، شەرتسىز ئېچىپ، ئاشكارىلاپ بېرىلەر ئىدىلەر...

بۇ ئەستىلىكتىن شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىزكى: نەسىلگە ۋاپا قىلىشنى زۆرۈر بىلگەن سەئىدىيە ھۆكۈمدارلىرى خەلقنىڭ سەھىيە ـ تېببىي تۇرمۇش بالاغىتىنى يۇقىرىلىتىش، مىللەت ۋە خەلقلەرنىڭ سان، سۈپەت، ساپاسىنى ياخشىلاش مەسىلىسىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشكەن. بەزىبىر رىۋايەت، ئەسلىمىلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئابدۇللاخان زامانىنىڭ ھۆكۈمران مۇلازىملىرى بىلەن ھەر دەرىجىلىك جەمئىيەت خىزمەتكارلىرى قوراي بوي، شوينا بەل، ۋىجىك، جانسىز، بىئىسكەت (ئىسكەتسىز)، تەلەتى سۆرۈن، رەنجى چىراي، جىسمانىي غۇرۇرسىز، مۇنەك، بىقۇۋۋەت، بىئېتىبار، بوران كۈشەندىلىك (بوراننىڭ ئۇچۇرۇپ كېتىشىدىن قورقىدىغان)، بىخەستە، چالا ئادەملەرنى سەھىيە، مائارىپ، تەربىيەت ۋاستىلىرى بىلەن ئۆزگەرتىپ يېتىلدۈرۈشنىڭ چارىلىرىنى ئىزدەشكە ھەم ئۇنداقلارنى ھېچقانداق ئىجتىمائىي سىلىق، مەجبۇرىيەتلەرگە زورلىماسلىقنى، كېسەل ـ بىمارلارنى زورلىماسلىق ھەققىدىكى ئەمىر ـ پەرمانلار قاتارىدىن ئىجرا قىلىپ تۇرغان.

— ئەي پاسىبانىم، — دەپ سورىدى مۇنەججىم شاھى ئالەمدىن ئىلتىجا بىلەن، — ئەگەر رەنجىشكە زۆرۈر كۆرۈلسە، كىملەردىن ۋە قانداقلاردىن رەنجىش ئورۇنلۇق؟

— سەھتە بەدەنلىك سالاھىيتى تۆۋەن، تەندۇرۇس ئەمەسلىكى ئاشكارا كىشىلەرنى بىلىپ تۇرۇپ رەنجىتكۈچىلەردىن...

(«ھۆكۈما تەسنىپلىرى»دىن)

سەئىدىيە خانلىقى جەمئىيىتىنىڭ 11 - قېتىملىق خانى ئابدۇللاخان توغرىسىدا رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ رىۋايەت ئەستىلىكلىرىدىن مەلۇم. دۇركى: ئابدۇللاخان كۆچسىز، تۇرق - دىدارلىرى زوقسىز، بىكۆرۈم، ئەلنىڭ نەزىرىدە يوق، زار چىراي، ۋاي داد پەرەس، ئانا جىنىس، جىنسىي بىچارە، جىسمانىي نۇقسانى بار، چاكىنا يىگىتلەردىن سەرۋاز ئالغان، كارۋان تۈزگەن، سورۇن ئاچقان، جەڭ باشلىغان، ئىش تۇتقان كاتتا - كىچىك ئەمەلدار، جاھانسازلارنىڭ ھەر قاندىقىنى خىزمەت - ئەمەل ئورۇنلىرىدىن ھەيدىۋېتىپ تۇرغان. 10 سەرۋاز بىلەن 100 دۈشمەننى، 100 ئاتامان بىلەن 1000 ئاتامان قاراقچىنى، 1000 يىگىت بىلەن 10 مىڭ تاجاۋۇزچى جاللاتنى تارمار قىلالمايدىغان ئەزمە، توخۇ يۈرەك قوماندان ئابدۇللاخان ھۇزۇرىغا كىرەلمەيدىغان بولغان.

تارىخىمىزدىكى جىسمانىي كۆركەملىك — (جىسمانىي، مەنىۋى تەندۇرۇسلۇق) يەنى ئاز كۈچ بىلەن جىق ياۋغا، بىر تەن بىلەن بىر نەچچە تەنگە، بىر كۈچ بىلەن بىر نەچچە كۈچكە تېتىيالايدىغان مۇكەممەل ئۇيغۇر تۇرقى، ئۇيغۇر قىنى، ئۇيغۇر سالاپىتى — شۇ چاغلاردىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ سەھىيە - تىبابەتچىلىك قۇدرىتىدىن ھاسىل بولغان خاس مۆجىزىلەردىندۇر. بىز تارىخىمىزدىكى بۇ خىل مىللىي ۋاپادار زاتلارنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمىز، ئەلۋەتتە.

1. بىلىم بەرگەن ئۇستازىمنى ئاتا - ئانامغا ئوخشاش ھۆرمەتلەيمەن. زۆرۈر تېپىلسا مال - مۈلكۈم، بايلىقىمدىن تەڭ بەھرىمەن قىلىپ ئۈنى باقىمەن.

2. ئۇستازىمنىڭ پەرزەنتلىرىنى ئۆز پەرزەنتىمدەك كۆرىمەن. ئەگەر ئۇلار تېبابەتچىلىكنى ئۆگىنىشنى خالىسا، قىزغىنلىق بىلەن ئۆگىتىپ قويىمەن، ھەق تەلەپ قىلمايمەن.

3. پەرزەنتلىرىمگە، ئۇستازىمنىڭ پەرزەنتلىرىگە ۋە شاگىرتلىرىمغا تېبابەتچىلىك بىلىملىرىنى ئىخلاس بىلەن ئۆگىتىمەن.

4. ئىمكانىيىتىمنىڭ يېتىشىچە كېسەللەر ئۈچۈن پايدىلىق دەپ تونۇغان داۋالاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىمەن، كېسەللىكلەرگە ئازاب ۋە خەۋپ يەتكۈزمەيمەن.

5. ھېچقانداق كىشىگە زەھەرلىك دورا بەرمەيمەن.

6. تۇرمۇشتا ۋە تېبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىشتا پاك بولىمەن.

7. باشقا كىشىلەرنىڭ ئۆيىگە كىرىشتە، داۋالاشنىلا مەقسەت قىلىمەن، باشقا تەمەدە بولمايمەن، پارا ئالمايمەن، غەيرىي جىنسىي ئىشلارغا ئازدۇرمايمەن.

8. باشقىلارنىڭ تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان لېكىن ئاشكارىلىنىشقا بولمايدىغان ئىشلارنى مەيلى ئۇ دوختۇرلۇق كەسپىگە مۇناسىۋەتلىك بولسۇن - بولمىسۇن قەتئىي ئاشكارىلىمايمەن — مەخپىيەتلىكنى چىڭ ساقلايمەن.

(ھىپپوكرات)[1]

---

① ھىپپوكرات — مىلادىيەدىن ئىلگىرى 460 - يىلدىن 377 - يىللارغىچە ئۆتكەن يۇنانلىق مەشھۇر تېۋىپ. ئۇ تۈزۈپ چىققان تېبىبىي داۋالاش ئەھلىلىرىنىڭ يۇقىرىقى مىزانى 2000 نەچچە يىل يىللاردىن كېيىنكى ھازىرقى چاغلار (1948 - يىلى) دا دۇنيا تېبابەتچىلىك جەمئىيىتى يىغىنىدا ماقۇللانغان جەنۋە خىتابنامىسىنىڭ ئاساسى قىلىنغان. 1949 - يىلى دۇنيا تېبابەتچىلىك جەمئىيىتى چوڭ يىغىنىدا خەلقئارا تېبابەت ئەخلاق قائىدىلىرى قىلىپ بېكىتىلگەن («شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1984 - يىلى 20 - سېنتەبىر سانىدىن).

## 3. سەئىدىيە خانلىقى زامانىدىكى مىللىي ئەخلاق ۋە مەنىۋى كەيپىيات

تارىخىي ئاساسلىرىمىزغا بىنائەن بىز 16 ـ ئەسىر سەئىدىيە خانلىقىنىڭ خەلىرى ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي مىللىي ئەخلاقى بىلەن مەنىۋى كەيپىياتىنى، ئەڭ مەنىلىك، ئىلمىيلىق دەرىجىسى مۇكەممەل، مىللىي خاسلىق خاراكتېرى ساغلام ۋە ئالاھىدە، مىللىي ئىدىيولوگىيە، مىللىي مەدەنىيەت، مىللىي تۇرمۇش، مىللىي ئادەت ھەم ئېتىنىك خۇسۇسىيەتلەرنى تولۇپ مەنىبە قىلغان ئەڭ گۈزەل، ساپ مىللىي ئەخلاق، ئەۋزەل مەنىۋى كەيپىيات ئىدى، دەپ قارايمىز.

مىللىي ئەخلاق دېگەن نېمە؟ مىللىي ئەخلاق تېگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا، بىر مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش (تىرىكچىلىك) مۇناسىۋەت مىزانى تولۇپ كۆزلەنگەن مىللىي ئادەت قانۇنىدۇر. بىزگە مەلۇمكى، ھەر بىر مىللەتنىڭ تارىخىي تەرەققىيات جەريانلىرىدا ياراتقان، شۇ مۇرگەن ئۆزىگە خاس تۇرمۇش يولى، ياشاش ئۇسۇلى بولىدۇ. بۇ شۇ مىللەتنىڭ ئۆزى ئۇچۇن پەقەت نوقۇل پسىخىكىلىق خاسلىق ھېسابلىنىدۇ. مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، بۇ خىل خاسلىق ئەنە شۇ مىللەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان، تۇرۇۋاتقان ماكان، زامانلىرىدىكى تەبىئىي شارائىت، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئۇتتۇرىسىدىكى ماددىي، مەنىۋى مۇناسىۋەت، ئىستېمال، تۇرمۇش مۇناسىۋىتى، ئالماشتۇرۇش ـ ئايرىۋاشلاش مۇناسىۋىتى، ئىقتىسادىي ـ تاۋار مۇناسىۋىتى، ھەر تۈرلۈك تارىخىي مۇناسىۋەتلەر... شەكىللىرىدىن ھاسىل بولغان ھەم تارىختىكى تۈرلۈك كۈرەشلەر، ئۆزگىرىش، داۋالغۇشلار جەريانىدا تاسقىلىپ، مۇكەممەللىشىپ، كىشىلەر تەبىئىتىگە سىڭىپ، غەيرىي سىزىلمەي، ئادەت قانۇنى شەكلى بىلەن نامايان بولۇپ تۇرغان ئوبيېكتىپ مىزان (مەنىۋى قانۇن) خاسلىقىدۇر. مانا بۇ خىل خاسلىق ــ ئەخلاق دېمەكتۇر. 16 ئەسىر سە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىدىيە خانلىقى جەمئىيىتىنىڭ بارلىق قانۇن، نىزام، پەرمانلىرى ئەنە شۇ خىل خاسلىقنىڭ ئوبيېكتىپ مىزان ئالاھىدىلىكلىرى ياراتقان مەز-مۇنلارنى چىقىش قىلىپ تۈزۈلگەن ۋە جارى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي سىياسىي ئەخلاقى (ھاكىمىيەت ئەخلاقىنىمۇ ھەم)نى تولۇق (100% لىك) ئۇيغۇر مىللىي ئەخلاقى (ھۆكۈمران ئەخلاق) نۇقتىسىدىن چۈشىنىمىز. شۇنداقلا بۇ خىل ئەخلاقتا مەلۇم خاسلىق پەرقى، ئالاھىدە شەكىل ۋە ئالاھىدە خاراكتېرى بىلەن ھەر خىل دۇنياۋى ئەخلاق تۈركۈملىرىدىن، مەسىلەن: دىنىي ئەخلاق، ئىرقىي ئەخلاق، نەسەب ئەخلاقى، ئومۇمىي ئىجتىمائىي ئەخلاق، ھەر خىل دۇنياۋى كەسپىي ئەخلاقلار تۈركۈملىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرغان، ئەخلاق بىلەن ھاكىمىيەت، سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىدىئولوگىيە بىلەن ئەخلاق قارىمۇ قارشىلىقى بولمىغان، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسى-ۋەتتە ھەسەت ئەمەس، ھەۋەس، مىللىي تەڭسىزلىك ئەمەس، مىللىي تەڭلىك شوئارى مەزمۇن قىلىنغان ئىلغار، ئىلمىي مىللىي ئەخلاق ئۇ-قۇمىغا ۋارىسلىق قىلىمىز، ئۆگىنىمىز.

## 1) ئەخلاقىي مەۋقەلەر

ھىجرىيە 1226 ـ يىلى ئۇيغۇر تارىخچىلىرى ــــ موللا مۇھەممەد ھۈسەيىن كۈچارى بىلەن موللا توختى خەلپەت قەشقەرىيلەر تەرىپىدىن بىرلىكتە يېزىپ قالدۇرۇلغان «تەزكىرەئى پىرىياران» دېگەن پارسچە قوليازمىنىڭ «ئەزىزانلار تەسنىپلىرى» دېگەن قىسمىدا سۇلتان ئابدۇ-رەشىدخان، سۇلتان ئابدۇكېرىمخان... لارنىڭ ئەخلاقىي مەۋقە ۋە ئەخلاقىي دالالەتلىرى توغرىسىدا مۇنداق تەرىپلەر تەكىتلەنگەن: «نە-زىرلەرنىڭ ئەزىزى، شاھلارنىڭ شاھى، ئەلنىڭ باشپاناھى ھەزرىتى سۇلتان سەئىدخان ئەنەرەللاھۇ بۇرھانەھۇ ئەدەپ ـ ئەخلاق توغرىسىدا مۇنداق ۋەسىيەت قىلغان: ‹بەد ئەخلاقلىق ــــ بەدبەختلىكتۇر. جىمىكى رەئىيەنى (جىمىكى ئەھلى پۇقرانى دېمەكچى ــــ ئا) ئەخلاقىقا چاقىر-

ماق، كۆندۈرمەك ــــ ئىمانىنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئەمرى ۋاجىپتۇر. بەد ئەخلاق بەدرەكلەرنى (يامان قىلىق، ئەخلاققا كەسىپلەنگەنلەرنى ــــ ئا) ئەدەبلىمەك، توسماق، تووۋا قىلدۇرماق، شاھلار، بەگ ـ سىپاھلار، شەرىئەت ۋە ئەھلى جامائەت پېشۋالىرى ئۈچۈن تەخىرسىز زۆرۈرىيەتلەر جۈملىسىدىندۇر.» ئەزىز خاقان ـ كۈفتار جولۇس ئابدۇكېرىمخان ئىبنى ئابدۇرەشىدخا[1]، غازى ئىبنى سۇلتان سەئىدخان ئەنەرەللاھۇ بۇرھانەھۇم (ئابدۇكېرىمخان سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ۋاپاتىدىن كېيىن 1559 ـ يىلدىن 1591 ـ يىلغىچە 33 يىل سەئىدىيە خانلىقىنىڭ خانى بولغان، 63 يىل ئۆمۈر كۆرۈپ 1591 ـ يىلى يارچۇقتا (مارالۋېشىدا) خوجا ئىساق ۋەلى كۈچلىرى تەرىپىدىن قەستلەپ ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن ــــ ئا) خانلىق ئۆمرىدە كىبىرى مەغرۇرلۇق تەمەننا ئەھلىنى، ئەدەپ ـ ئەخلاق، دىيانەت، نامۇس مەۋقەسى سۈيۈق، خىيالى تۇراقسىز، ناكەستە كىشىلەر (غىدايماققا ھەۋەسلەنگەن، ھاكاۋۇر ئالىم ـ ئۆلىما، ۋەزىر ـ سىپاھلارنى، ۋەزخانلارنى، تەقۋادار تەرىقەت كۈچلىرىنى، راھەت كۈتۈپ ياشاشقا يۈزلەنگەن بايۋەچچە گاڭگۇملارنى، ئەسكەرلىكتىن، خەلق جاپاسىدىن قورقىدىغان، قاچىدىغانلارنى، پۇلدار سودىگەرلەر، ھۈنەرۋەنلەرنى، نادان ئەمەلدار، نادان غەنىلەر (بايلار) ھەم شۇنداقلارنىڭ ھەمىيارانلىرىنى، دىيانىتى بۇزۇق تەربىيەتسىز خاتۇنلارنى، بىكارچى كەسىپى تېجىمەللەر (غۇرۇرسىز نوقانچىلار ــــ ئا) نى ئەخلاققا چاقىرىپ، كىرگۈزۈپ تۇرماقنى خانلىقنىڭ كەسپى سىياسىتى قىلىپ تۇتقان. ئەخلاقسىزلىق قىلغان بەدپېئىل كىشىلەرنى ئەدەبلەشكە يارلىق چۈشۈرگەن. ئۆزىگە گۈزەل، شەرمى ـ ھايالىق بولمالىقنى، ئىنساب، توغرىلىقنى، شەپقەت ـ شاپائەتنى، ئىنسانىي مېھرىبانلىق ھەم ئىنسانىي ئادالەتنى ئەخلاق يولى قىلغان بارلىق ئەل سۆيەر ھۆكۈمدار يارانلارنى، ئەخلاقنى مۇرادىمەقسەت يولى قىلغان ھەممە پۇقرا،

ئەھلى جامائەتنى مۇرات ـ مەقسەتلىرىگە يېتكۈزمەككە ئىپادە (ۋەدە) ئىشارەت قىلغان. جىمىكى خانلىق مۇلازىم ئەربابلىرىدىن، رەئىيىيە ـ پۇقرادىن، بەد ئەخلاقلىقنى كەسپىي نىيەت قىلغان، هارامىلىق، نىجىسلىق پەيلى ئېتىبارىدىن يانمايدىغان خۇمسا بەدرەكلەر (جەمئىيەت ئۇچۇن زىيانلىق قەبىھ ئىنسانلار ـــ ئا) نى يەكلەشنى، توسۇش، دەككىلەشنى، ئۇلارغا يان باساسلىقنى تەلەپ قىلغان ھەم ئۇنداقلارنى جەمئىيەت جىنايەتچىلىرى قاتارىدا جازالاشنى ئەمىر قىلغان.»

20 ـ ئەسىر ۋەقەشۇناسلىرىمىزدىن مۆھتەرەم ئەدىب مامۇت ئىسلام سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئالتۇن چاغلىرىنىڭ ئەدەب ـ ئەخلاق ۋە مەنىۋى كەيپىياتلىرى توغرىسىدا ئۆزىنىڭ «بەلەن گەپلەر» خاتىرىسىدە توختىلىپ مۇنداق يازىدۇ: «... قەيەردە ئەدەپ ـ ئەخلاق، دىيانەت، نومۇس بولمىسا ياكى بۇزۇلغان بولسا يەنى ئادەملەرنىڭ ئەپئال، كەيپىيات، مىجەز ـ قىياپەتلىرىدە غەيرىيلىك، بۇزۇلۇش ئالامەتلىرى ئاشكارا ئۆرلەپ تۇرسا، ئۇ هالدا شۇ يەرنىڭ، شۇ ئەلنىڭ بەخت ـ ئىقبالى، رىزقى هالاۋىتى، مىللىي شۆھرىتى زەبۇنلۇققا بۇرالغاي. بۇ مىللىي پاكلىق ۋە مىللىي ئىستىقبالغا ئۇسۇپ كىرگەن نەسلىك، ئۇنى تەقدىرىمىزگە، تارىخىمىزغا ھەم نەسلى ئەجدادىمىزغا زىيانلىق بىخ، بۇزۇلۇش ۋە يوقىلىشنىڭ بىشى دەپ بىلىش هاجەت ۋە زۆرۈردۇر...»

دەرۋەقە مىللىي ئەخلاقنى جو ا دىن ئومۇمىي ئىجتىمائىي ئەخلاقنى سۆيۈش ـــ تېگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا، ئەلنى سۆيۈش، ۋەتەننى سۆيۈش، ئۆزىنى سۆيۈش، هاياتنى سۆيۈش دېمەكتۇر. ئەجدادلىرىمىزنىڭ پاك ئىزىنى باسماقنى راۋا بىلگەن، تارىخ ئالدىدا، مىللەت ئالدىدا، خەلق ئالدىدا، ۋەتەن ئالدىدا شان ـ شەرىپى بىلەن قەدىرلىنىشنى، غۇرۇرى، ۋىجدانى بىلەن ياشىماقنى ئىستىگەن ھەر بىر مەزمۇت ئادەم، ھەر بىر غۇرۇرلۇق قېرىنداش سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ «بەدئەخلاقلىق ـــ بەدبەختلىكتۇر» دېگەن قىممەتلىك ھۆكمى (ئەخلاقسىزلىق، ئاگسىزلىق، نادانلىق، خورلۇق، بۇزۇلۇش، يوقىلىشتۇر دېگەن مۇتلەق توغرا

ھۆكمى — ئا) گە دىققەت ـ ئېتىبار بىلەن نەزەر تاشلىمىقى شەرتتۇر. قەيەردە ئەخلاقسىزلىق ئېغىر بولىدىكەن، كىم ئەخلاقسىزلىقنى ئادەت قىلىدىكەن، شۇ يەر ھەم شۇ كىشىنىڭ ۋەيران بولۇش (نامراتلىشىش ۋە قاششاقلىق، قالاقلىق) ئاقىۋىتى ئېغىرلىشىپ بارىدۇ. بۇ تەلتۆكۈس بەدبەختلىك (بەختسىزلىك — ئا) تۇر. بۇ تەقدىرنىڭ، تارىخنىڭ، نەسلى ئەجدادنىڭ بۇزۇلۇش باشلانمىسىدۇر. بۇ يەردە شۇنىمۇ مۇقەرـ رەر قەيت قىلىش لازىمكى: دۇنيادا مۇتلەق ساپ قان، ساپ دىن، ساپ مىللەت، ساپ نەسەپ... بولمىغاندەك، مۇتلەق ساپ مىللىي ئەخلاقـ نىڭمۇ بولۇشى مۇمكىن ئەمەستۇر. مىللىي تەرەققىيات ئېھتىياجى، زامان ئېھتىياجى ۋە ھەر خىل قىسمەت ـ زۆرۈرىيەتلەر سەۋەبلىرى بىلەن شەكىل ئالغان تارىخ ئېھتىياجى تۇپەيلىدىن، بىر خەلق ياكى بىر مىلـ لەت ئۆزىنىڭ ئەخلاق ھەم ئەخلاق سىستېمىلىرىنى يېڭىلاش، ئۆزگەرـ تىش، تەرەققىي قىلدۇرۇش، كونىراپ كەتكەنلىرىنى، ھەتتاكى سەلبىي ئەھمىيەتلىشىپ تۇرغانلىرىنى تاشلىۋېتىش (ئومۇمەن يېڭىلىقا كۆـ چۈش)كە ئاگلىق يۈزلەنسە، ئۇنى مىللىي تەرەققىيات نۇقتىسىدىن قەتـ ئىي قوللاش، ئالقىشلاش لازىمدۇر. بۇ خەلق تەرەققىياتىدۇر، بۇ زامانـ ۋى ئەخلاقتۇر. ئەمما ۋە لېكىن ئۇنىڭ تەتۈرسىچە يەنى نەسلى بەدنـ يەتلىك، مىللىي خورلاش ياكى مىللىي دۈشمەنلىك چىقىش قىلىنغان زورلۇق كۈچ (ھاكىمىيەت كۈچى، تاجاۋۇزچى يات كۈچ — ئا)لەر دەخلى ـ تەرۇزچىلىقى بىلەن بولغان، باشلانغان، ئاگسىزلىق، ناداذـ لىق، جاھالەت مەنبە بولۇپ تۇرغان زورلۇقلار تۇپەيلىدىن تېڭىلغان ھەر قانداق غەيرىي تېڭىلما «ئەخلاق»، دىنىي «ئەخلاق»، سىياسىي «ئەخلاق»، خۇراپىي «ئەخلاق» لار (تاجاۋۇزچى يات «ئەخلاق») نىڭ ھەر قاندىقىغا قارشى تۇرۇش، يەكلەش — ئەڭ ئېسىل مىللىي مەجبۇـ رىيەت، ھەقلىق مىللىي قوغدىنىش ھېسابلىنىدۇ. ئەخلاق پاكلىقنى، دەخلىسىزلىكنى ساقلاش، قوغداش، ئەخلاق پرىنسىپلىرىغا ئەمەل قىـ لىش — ئىنسانلىق قەرز، تەركىسىز مىللىي ۋىجدان ۋە مەجبۇرىيەتتۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## تەنەپپۇسلۇق سوۋغاتلاردىن

ياخشى خۇلۇق شاھلىق ھەمدە زور دۆلەتتىن ياخشىراق،
ساپ تەبىئەت تىللا - گۆھەر كانلىرىدىن ياخشىراق.

... ... ...

پەرىلەردەك پاكتۇر ياخشى تەبىئەت،
يامان خۇلق دېۋىدەك ھەممىگە ئاپەت.

... ... ...

كەمتەرلىكتىن كېلەر ئىززەتۇ ئىكرام،
كىبىرلىكتىن يامان بولار ياخشى نام.

... ... ...

ھايا - ئادەملىك ئەسلىيدۇر ئەسلى،
شۇندىن ئادەم بولار ھەر ئادەم نەسلى.

... ... ...

كىبرەك بولسا ئابرۇي ئالەمدە،
ياخشى خۇلق بولسۇن ئادەمدە.

.... ... ...

خۇش چىراي ئەمەس ياخشىلىقنىڭ بەللىسى،
ياخشى خۇلقتۇر ياخشىلىقنىڭ بەلگىسى.

... ... ...

تەنە قىلما خۇنۇك يۈزىگە قاراپ،
ئەي، ئەقلى ئىنسابتىن بىخەۋەر كىشى.
تەن غىلاپ، ئەمما جان - غىلاپتا قىلىچ،
ئۆتكۈرلۈك، كەسمەكلىك قىلىچنىڭ ئىشى.

(«دانالار خەزىنىسىدىن» دىن)

⊙گۈزەل ئەخلاق ـــ بىباھا گۆھەردۇر.

⊙ نامرات بولساڭمۇ، سەممىي بول.
⊙ ئاتا ـ ئانىنىڭ ئىبسىل ئەخلاق – پەزىلىتى بالىغا قالدۇرۇلغان ئەڭ ياخشى مىراستۇر.
⊙ ياخشى كۆڭۈل باغ، ياخشى نىيەت بىلتىز، ياخشى گەپ گۈل، ياخشى ئىش مېۋە دېمەكتۇر.
⊙ ئاچچىقىڭ كەلسىمۇ ئىززەت ـ ھۆرمىتىڭ بىلەن بول، ئۇنى يوقاتما.

(چەت ئەل ھېكمەتلىرىدىن)

## 2) مەڭگۈلۈك پىرىنسىپلار

ئىشەنچلىك تارىخىي خاتىرە، ئەستىلىكلەردىن ئايان ۋە مەلۇمكى: سەئىدىيە خانلىقى ھاكىمىيىتىنىڭ 16 ـ ئەسىر تەشكىلىي تەركىبىدە، بارلىق جەمئىيەت ئىدارىچىلىك قۇرۇلمىلىرى (دىنىي، جامائەت، كەسىپ، ساھە ۋە ھەر خىل ئاممىۋى ئۇيۇشما، ئاپپاراتلار)نىڭ ھەممىسىدە جەمئىيەتنىڭ ھاكىمىيەت ئەخلاقى (سىياسىي ـ ئىجتىمائىي ئەخلاق) نى توغرا ئىز بىلەن جانلاندۇرۇش، قەبىھ بەد ئەخلاقلىق ئىللەتلىرىنى چەكلەش ۋە بەد ئەخلاق بەدرەكلەر (بەدئەخلاقتا كەسىپلەشكەنلەر) نى توسۇش، جازالاش ۋە جەمئىيەتنىڭ، خەلقنىڭ ئەخلاق پاكلىقىنى قوغداش بويىچە مۇقىم، دائىملىق ئىشلەپ ۋە نازارەت قىلىپ تۇرىدىغان ئەڭ ھوقۇقلۇق ئاپپاراتلار بولغان. خانلىق ئەخلاقنى خەلقنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئادەت مىزانى، دىنىي ۋاجىباتى ھەمدە تۈزۈم پىرىنسىپى قىلىپ تۇتقان بۇ خىل ئاپپاراتلارنىڭ بىردەك تەقىپلەش، چەكلەش ئوبيېكتى قىلىنغان بەد ئەخلاقلىق ئىللەتلىرىنىڭ ئالامەت، شەكىللىرى توغرىسىدا «ئۇلۇغلارنىڭ نەپەس مۇبارەكلىرى» دە مۇنداق تەكىتلىنىدۇ: «... ياراتقان ئاللاھقا، ۋەتىنىگە، ئىگىسىگە (خەلقىگە، قوۋم ـ قېرىنداشلىرىغا ـــ ئا) تۇزكورلۇق (خائىنلىق) قىلغانلار، ھاياتلىق ئۆمرىدە مەزلۇملارغا زۇلۇم قىلغانلار، نەسلىنى ساتقانلار،

زوراۋانلار، خۇسۇمەتكارلار، جىنسىي گۇناھ قىلغانلار، رەھىمسىز جاڭجالخورلار، ئوغرىلار، جىنايەتچىلەر، ئەيش - ئىشرەتچىلەر، زالىم ئەمەلدارلار، لۈكچەكلەر، قەھرى غەزەپلىكلەر، خۇنخور، تۆھمەتخورلار، پىتنە ۋە ناھەق غوۋغا قىلغانلار، ئادالەتسىز، ھاياسىز، ئىنسابسىز، قارا بىس، نىيىتى بۇزۇق، پەيلى شەيتان، دىن ھەم قىنىدىن چىققان بەدقىلىق بەدرەكلەر، بەد ئەخلاقلىق جازاسى (دەككىلەنگۈچى گۇناھكارلىققا — ئا) غا نىشان ئىدىلەر...» ئەگەر بۇ تەرىپاتنى شەرھلەش توغرا كەلسە شۇ زامانىنىڭ دەككە، چەكلەش ئوبيېكتى قىلىنغان ئىجتىمائىي - سىياسىي بەد ئەخلاقلىق قىلمىشلىرى تەركىبىدىن مۇنۇ 15 ئىللەتنى ئاتاش ۋە ساناش ئورۇنلۇقتۇر:

(1) ۋەتىنىگە، خەلقىگە، ۋىجدانىغا، نەسلىگە مۇناپىقلىق، تۇزكورلۇق (خائىنلىق، ئاسىيلىق — ئا) قىلغانلار ھەم بۇ ئىشتا توۋىسى كۆپايەسىزلەنگەن قارا يۈزلەر؛

(2) ھەق ۋە توغرا يول تۇتقان ئۇلۇغلار (ئەلگە ئازادلىق، بەخت ئاتا قىلىشقا ئۆزىنى ئاتىغان داھىي، يېتەكچى ئۇستاز، ئالىم - ئۆلىما، خاسىيەتلىك پېشۋالارغا، راست، توغرا، ھالال يول تۇتقۇچىلار)غا خۇسۇمەت، بوھتان، ۋابال قىلغانلار؛

(3) ئۆز نەپسانىيىتى ئۈچۈن ۋىجدانسىزلىق، ناھەق سۆكۈتپەرەسلىك قىلغان، ئەلدىن - ئادەملەردىن چەتنىگەنلەر؛

(4) زالىملىق، خۇنخورلۇق يولىنى تۇتقۇچىلار؛

(5) سۇخەنباز - ئارا بۇزغۇچىلار؛

(6) جازانە، ئالدامچىلىقنى كەسىپ قىلغانلار؛

(7) بەدنىيەت (سۇيىقەستچى، ھەسەتخور) لەر؛

(8) ئۆكتەم، زوراۋانلار؛

(9) قىمار ۋە ناتوغرا يولنى تاللىغانلار؛

(10) كەسپىي كەيپچىلىك (كەيپى نىجاسەتلەرگە بېرىلگەن، ئۇنى پەيدا قىلغان، تارقاتقان، كىشىلەرگە سايە قىلغان، يۇقتۇرغان بەڭگى، شاراپخور) يولىغا چۈشكەنلەر؛

(11) جىنسىي نىجىسلىق (جىنسىي بۇزۇقچىلىق، غىتمەكچىلىك، جىنسىي دەللاللىق، جىنسىي بىمارچىلىق ۋە جىنسىي ۋەيرانچىلىق) نى كەلتۈرگەن، راۋا كۆرگەنلەر؛

(12) قاتىللىق قىلغانلار؛

(13) بۇلاڭ ـ تالاڭ، ئوغرىلىق، خىيانەت، پارا جىنايىتى سادىر قىلغانلار؛

(14) كۆكەمە، ئۇششۇق، رەزگى، نومۇسسىز، تەييارتاپ، تىجمەل ئادەملەر تۇركۇمىنى ھاسىل قىلغانلار؛

(15) ۋەتەن، خەلق دەردىگە دەرمان بولغۇچىلار قاتارىدىن يالتايغان ۋاي دادچىلار، بىلى بوشلار، مىللىي شۆھرەت، غۇرۇر نۇقسانچىلىقى (ۋىجدانسىزلىق) قىلىقىنى شەكىللەندۈرگەن، ۋىجدان ۋۇجۇدى يوق، ئۆمرى قەدىرسىزلەر...

تىماتىك ئىخچامچانلىق تۇپەيلىدىن بۇ ئىللەتلەرنىڭ بەزىبىر مىسالىي يەشمىلىرى (ئايرىم بىر قىسىملىرى توغرىسىدىكى چۈشەنچىلىرىمىز) نى تۆۋەندىكىچە شەرھلەشكە توغرا كېلىدۇ.

## 3) مىسالىي يەشمىلەر

**مىسالى يەشمىلىك تىما (1) تۇزكورلۇق (خائىنلىق)، مۇناپىقلىق ئىللىتى سادىر قىلغۇچىلارنى يەكلەش ۋە چەكلەش توغرىسىدا.**

تۇزكور ـ خائىن ـ مۇناپىقلار ھارام نىيەت بىلەن ھارام دۇنيا، ھۇزۇرى مەئىشەت، شۆھرەتكە ئىخلاس باغلىغان بەدنىيەت كىشىلەردۇر. ئۇلارنىڭ ھەسەتلىك قەلبلىرىدە سۈت بەرگەن مېھرىبان ئانىلىرى، ئۆستۈرگەن ئەزىزان ئاتا، قېرىنداشلىرى، بىر مۇجۇق تىرىك گۆشنى ئادەمگە ئايلاندۇرغان مېھرىبان ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ ئەجرى،ئادەملىك قىممىتىگە، سالاھىيىتىگە ئېرىشتۈرگەن، جانىجان ۋەتىنىنى، ئادەمنىڭ بەخت ـ ئامىتى، سەلتەنىتى ـ قانىتى بولغان ئەل ـ ياران (مىللىتى، قوۋمى) لىرى يوق، ئۇنتۇلغان. ئۇلارنىڭ مەسلەك، نىيەتلىرى — پۇل،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەمەل، «شۆھرەت»، كەيىپ ـساپادۇر، ۋىجدان ئۇلارنىڭ چىقىشالماس رەقىبىدۇر. ئۇلار تۇزكورلۇقنى بىر ئۆمۈر كەسپىي ئەخلاق قىلىشقان. تۇزكور بولغاندىمۇ ئۆزلىرىنىڭ ھەممە قىلىق، ئۇرۇنۇشلىرى بىلەن مۇكەممەللەشكەن، تۇزكورلۇق ئەپىئالىنى چۈشىنىشكىمۇ تۇزكورلۇق قىلىدىغان مەخلۇقلار ۋە بەدبەخلەردۇر.

«... تۇزكور (خائىن) غا يان باسقان، يۈلۈشقان ئەۋلادتىن، دوست ـ يارانىدىن تېنىپ كەتمەكلىك، قاچماقلىق پەزىلەتتۇر ۋە ئالىي ساۋابتۇر... يەر يۈزىدە خائىننىڭ كۆلكىسىنى ئاڭلاشتىن ئېغىر ئازاب، گۇناھ، ئەلەم يوقتۇر. خائىننى كۆرمەك بەدبەختلىكتۇر... ئەي ئامۇ خاس، خائىنلارنى يەكلەڭلار، ئۇلارغا تۇغقان بولماڭلار، دۇئا قىلماڭلار، دۇئا ئالماڭلار، خائىن يۈرگەن يولغا كىرمەڭلار، خائىن جەسەت دەپنە قىلىنغان زاراتگاھلىققا جەسەت قويماڭلار. خائىن تۇۋىسىغا ئىشەنچ قىلماڭلار. خائىنغا ھۆرمەگەن شىكار ئىتلىرىنى قىرىپ تاشلاڭلار. خائىنغا ھومىيش، تۇكۇرۇش... ھەر بىر ۋىجدانلىق، راۋۇرۇس ئىنسان ھەم مۇسۇلماننىڭ ۋىجدان، ئىمان قەرزىدۇر... خائىننى رەسۋا قىلماق، ئۇنىڭ ئىپلاس قەدىمىنى پاك زېمىندىن يوقاتماق — ھەر بىر ئىنسانغا تاڭلا مەھشەر ئۈچۈن تېپىلغۇسىز ساۋاب، ئىككىلا ئالەملىك شۆھرەت، ئانا سۈتىگە جاۋاب، ئەل ـ يۇرتقا تۆھپە ھېسابلانغاي... خائىن — ئاللاھنىڭ غەزەپ، بەندىنىڭ نەپرەت ئوچىقىدۇر...»

(«پەتىۋايى شېرىپ» تىن)

دەرۋەقە، مەڭگۈلۈك ھەسەت، نادامەت خائىننىڭ روھىي ئۆمرى، ئۆمۈرلۈك مەغلۇبىيەت — ئۇنىڭ چىقىش يولى، نەپرەت ئۇنىڭ ھايات ئوزۇقىدۇر. خائى — پاك زېمىن ئۈچۈن نىجىس يۈكتۇر...

1640 ـ يىللار ئەتراپىدا يەنى سەئىدىيە خانلىقىنىڭ خانلىرىدىن سۇلتان ئابدۇللاخان زامانلىرىدا يەكەن خانلىق مەدرىسە دامىدىكى خانلىق «شەرئىيەتى غاررا» (شەرئىەت ھۆكۈملىرىنى پەتىۋا يولى بىلەن

جاكارلاش، » داھىيلىرى تەرىپىدىن تۈزكورلۇق (خائىنلىق) گۇناھى سادىر قىلغانلارغا دوقال ـ دەككە ئۇتقى (سىگنال بۇيرۇقى) سۈپىتىدە بايان قىلىنغان يۇقىرىقى سۆزنى سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ۋە جەمئىيىتىنىڭ تۈزكور ـ خائىن كىشىلەرگە تۇتقان مىجەزنامىسى دېيىشكە بولىدۇ. خائىن قېرىنداش، خائىن دىنداش، خائىن يولداش ۋە خائىن زامانداشنى بىلمەيدىغان، تونۇيالمايدىغان، دەككىلىيەلمەيدىغان ۋە چەكلىيەلمەيدىغان ھەر قانداق تائىپە، گۇرۇھ ھامان تەقدىرى قۇللۇقتىن، مەۋجۇدلۇقى ئادامەت ـ ئەلەمدىن قۇتۇلالمىغۇچىلاردۇر. 16 ـ ئەسىر سەئىدىيە خانلىقى كۈچلىرىنىڭ سەلتەنەت تارىخى ئەنە شۇنداق تۈزكور كۈچلەرنى جىمىقتۇرۇش، خائىن ھەم خائىنلىققا يول بەرمەسلىك ئالاھىدىلىكى بىلەن خاراكتېرلەنگەن، شەرەپلىك تارىختۇر.

تارىخىمىزدا تۈزكورلارغا، مۇناپىقلارغا مەڭگۈلۈك رەقىب، مۇرەسسەسىز جاللاتلىق ئالاھىدىلىكى بىلەن شۆھرەت قازانغان ئەزىز بوۋا ـ ئەجدادلىرىمىزنىڭ روھىناتلىرى، ئىستىل، تەجرىبىلىرى بىزگە ھەر قاچان ئۇنتۇلغۇسىز ئۆچمەس سىگنالدۇر. مەنىۋى مەدەت، ئەخلاقىي، ۋىجدانىي، روھىي جەڭگىۋارلىق قورالى سۈپىتىدە نەمۇنە ۋە تەۋەررۇكتۇر. دېمەك خائىن ـ مۇناپىقلارغا نەپرەت ـ غەزەپلىنىش ئۇيغۇرنىڭ تەبىئىي خىسلىتىدۇر. تارىخىمىزنىڭ مەدھىيە، رەھمەتلىرى شۇلارغا مەنسۇپ ۋە نېسىپ بولغاي.

نەچچە ئىشلار باركى، رەھمانى ئېرۇر،
نەچچە ئىشلار باركى شەيتانى ئېرۇر.

ئابىدى بولغىلكى پاسىق بولماغىل،
سالىھ بولغىل مۇناپىق بولماغىل.

... ... ...

نەچچە ئىشلار بىل ـ مۇناپىقلار ئىشى،
نەست ئىلەگەر ئېنى قىلسا كىشى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

... ... ...
كىم مۇناپىق بولسا ئول مۇرداردۇر،
يىل مۇناپىقتىن خۇدا بىزاردۇر.
كىم مۇناپىق بىرلە گەر ھەمراھدۇر،
ئاڭلىغىل ھەر ئىككىسى گۇمراھدۇر.
... ... ...

(مۇھەممەد بىننى ئابدۇاللا خاراباتى)

*تەنەپپۇسلۇق سوۋغاتلاردىن*

*بېھىش يەڭلىغ جاڭگال، چىمەنگاھلار ئارا تۇمەن - تۇمەن مۆجىزە، خەس، گۇل - گىياھلاردىن بەھرە ئېلىپ ھاياتلىق كۆرىدىغان جاندار - تىنالىقلار ئىناق، ئۆم، ماس ھەم خاس ئۆتكەن زامانلارنىڭ بىرىدە ئۇلارنىڭ ماكانلىرىغا قاڭقىرغان تىجىمەل نوقانچى يېتىمەكلەردىن بىرى پىنھان پەيدا بولغان. ئۇنگەن ئىدىلەر. ناكەستىلىك يولىغا كىرگەن بۇ يەجۇج (قولىغا چىققانىنى كۆتۈرۈپ كېتىشكە ئادەتلەنگەن لاماكان ئادەم — ئا) بۇ يەردىن لالما، قاۋامچىل تايغانلاردىن بىرنى تېپىپ بويىندىن باغلاپ، ئۇنىڭ بىلەن شىكار قىلماققا تەرەددۇت قىلدىلەر. نىگاھان شۇنداق قىلىپ شۇ چىمەنگاھ ئاب - ھاۋاسىدىن، لوقما، پاناھلىقىدىن تىرىلىپ ئۆسكەن، ئىتلىق نەپسىنى چوڭايتماق، جاڭگال جاندارلىرىدىن رىزقى قىزغانماق، بارچە جاندىن ئۆزىنى ئۆرە قويماق مۇددىئاسىدا لالىملىق قىلىپ يۈرگەن تايغاندىن بىرنى باغلاپ ئۆزىگە كۆندۈردىلەر ۋە تايغان كىرىدىغان «بېھىش» بارلىقىنى، ئۆزىنىڭ چىنىگەن سىزىقىدىن چىقماي رازى قىلسا، شۇ بېھىشكە مەڭگۈلۈك باشلاپ كېتىدىغانلىقىنى ۋەدە ئىنئام قىلدىلەر. تايغان كۆندى، ئۆگەندىلەر. بۇ ئارىدا بىر توكۇر يېتىم جەرەن ئوغلىقى بار ئەردىلەر. تىجەمەل، تايغاننى باش بۇرۇن قىلىپ ئۇنىڭغا سالدىلەر. ئوغلاق قېچىپ تۇتۇق بەرمىدىلەر. تايغان دىدى: ئەي توكۇر تۇك! بوگۇن قېچىشىڭ*

*قالتىسقۇ؟ مېنىڭ بۇ چاغلارغىچە ھەر قانداق شاش ھايۋاننى تۇت-سەكرەپلا تۇتۇۋالىدىغانلىقىمنى بىلمەمسەن؟*

*جەرەن ئوغلىقى جاۋاب بېرىپ دېدى: سەن ئۆزگەردىڭ، مەن ئەمدى ئۆزۈم ئۇچۇن قاچىمەن، سەن بويىنۇڭدىن باغلىغان ئىگەڭ ئۇ-چۇن قوغلايسەن، مەڭگۈ تۇتالمايسەن، تۇتالمايسەن. بۇ تەقدىرنىڭ قىسمىتى.*

*(ئۇيغۇر خەلق ھېكايىتى)*

**مىسالى يەشمىلىك تېما (2): ھەق، توغرا يول تۇتقۇچى داھىي، ئۇلۇغلار (ئادالەتكار داھىي، ئۇستاز، ئالىم، ئۆلىما، مۇنەججىم، پېشۋالارغا، يۇرت، ئەل مۆتىۋەرلىرىگە، زات ئەزىز، ئەل غەمگۈزارلىرى)غا خۇسۇمەت، بوھتان، قەست ئىللەتى سادىر قىلغان ھەم بۇ خىل قەبىھى بەد ئەخلاقلىقلىقنى كەسىپ مىجەز قىلىۋالغان، كۆڭلى تار، كۆرەلمەسلىك ھەسرىتىدە ئۆرتىنىپ يۈرگەن دەرد خۇمارلارنى چەكلەش، توسۇش، قىلمىقلىرىدىن ياندۇرۇش، توغرا نىيەتكە كۆندۇرۇش توغرىسىدا.**

«ئامىمىغا خاس ئۇلۇغ داھىي، پېشۋالارنىڭ، ئالاھازەل ئوردىگاھ، شەرئىيە، بىلىم، ئادالەت مەھكىمىلىرىنىڭ ئەمرى ــ ۋاجىپلىرىنى قولاق-تا تۇتمىغان، ئۇلارنىڭ ئارىلىرىنى بۇزغان، ئۇلارغا تۆھمەت ــ خۇسۇ-مەتلەر قىلغان، شان ــ شۆھرەتلىرىنى تۆككەن، ئۆز باش، ئۆز خان، ئۆز سۆز باش كۆتۈرمەك بولغان ھەر قانداق بويۇنتاۋلىق قىلغۇچى شاكىداك ئادەم ـــ ئىتائەت ئەخلاقىدىن مەھرۇم، ئەل ــ جامائەت پېشۋا-لىرى ئىلتىپاتىدىن يىراق، ياخشى تەربىيە ــ ئىلىم خەزىنىلىرىدىن ھۇ-زۇرسىز، بەدپېئىل، مەمەدان، تەقدىرى يەككە ھەم غۇۋا، ئەل ــ يۇرتقا ۋاپاسىز ئادەمدۇر... ئۇلارغا ياران بولماق، نىيەت، غايە بىرلىكىدە تۇر-ماق، ئەگەشمەك، ئەگەشتۈرمەك ئىككىلا ئالەملىك يەككىلىك، ئەلسىز-لىك بالاسىغا گىرىپتار، ئەل نەپرىتىگە سازاۋەر بولغانلىقتۇر... ئۇ-لۇغلاردىن قارغىش، ئەلدىن نەپرەت، زاماندىن گۇناھ تاپقانلىقتۇر...»

(«پەتنۋايى شېرىپ» تىن)

دەرۋەقە داھىي ئېتىقادى بولمىغان، قەلبىدە ئىنسان تايانچىسى يوق، ئۇستاز ھۆرمىتىنى، توغرا، ئادىل، خەلق يېتەكچىلىرىنىڭ قەدرىنى ئېتىبارلىمىغان ئادەمدە ئۆز خەلقىگە مۇھەببەت، ۋەتىنى ئۈچۈن مەسىلەك ـ غايە، ئەلگە خىزمەت ئىستىكى بولمايدۇ. بۇ دېمەك ئېتىقادىنى ئۇستاز تۇتمىغان ئادەمدە ھۆرمەت بولمايدۇ، دېگەنلىكتۇر.

«... ئەي ئامۇ خاس! ئۇلۇغ ئەل پاسىبانلىرىغا، خەلق داھىيلىرىغا، ئۇستاز، ئالىم، مۇنەججىملەرگە، ئاتا ـ ئانا، چوڭ پېشۋا، ئەجداد، جامائەت چوڭلىرىغا ھۆرمەت ـ ئېھتىرامدا بولۇڭلار. بۇ ھەممىڭلار ئۈچۈن ۋاجىپ ۋە ۋەزىپىدۇر...»

(«ئەزىزانلار تەسنىپلىرى»دىن)

**مىسالى يەشمىلىك تېما (3): ئۆز نەپسانىيىتى، بەد ئەخلاقلىق ھەۋەسىنىڭ راۋانلىقى ئۈچۈن ۋىجدانسىزلىق، ئەلنى كۆزگە ئىلماسلىق، ئىنساننى خورلاش ئىللىتى ـــ (گۇناھى) سادىر قىلغانلارنى ئەددەبلەش، قىنىغا سېلىپ قويۇش توغرىسىدا.**

ـــ داد، ھۆكۈمدار، ـــ دېدى شاھىت تەكەللۇپ بىلەن، ـــ بەرھەق راستلىق ۋە توغرىلىق بىلەن گۇۋاھ، شاھىدمەنكى، يۇرت پاناھىمىزدىن غەنىلىقى (بايلىقىنىڭ زىيادىلىقى) بىلەن ئەلگە، ئۇ يۇرتتىن بۇ يۇرتقا نام چىقارغان كارۋان بېگى ـــ سەگپەرەست (ئىتپەرەس ـــ ئا) ئۆكتەمنىڭ ئون جۈپ قاۋان ئىتى باردۇر. خالايىقلار بۇ ئىتلارنىڭ ھەيۋە، زەخمەتلىرىدىن ۋەھىم قىلىشىپ، يىراق ـ يېقىن يوللىرىدىن توختايدۇ. تۈن كېچىلەردە كۆز يۇمماي تۈنەيدۇ، چالا كۆز يۇمىدۇ، ئۇششاقلار، قېرى، ئايال، ئاجىز ـ ناتىۋان پەقىر مىسكىنلەر بۇ ھالدىن خەۋپسىرەيدۇ، زارلايدۇ. سەگپەرەست ئۆكتەمدىن چۆچۈشىدۇ. ئۆكتەم بۇ ھالدىن زوق، ھۇزۇر ھېس قىلىدۇ. ئىتلىرىنى گۆش چوختەك (تۇخۇم، سۈت، ئاق ئۈن، قوي يېغى، كېپەكلەنگەن سېمىز گۆش،

تۇز بىلەن قىلىنىدىغان بىر خىل نان — ئا) تە سەمرىتىدۇ. ئۆكتەمنىڭ خاس كىشىلىرى بولسا، بۇ خىل چوختەكلەرگە سەگبازلاردىن قىزغىنىپ (يەپ، تېتىپ كۆرمەكلىرىدىن گۇمان، شەك سېزىپ)، پىت - بۈرگىلەر، نىجىس قۇرتلار ئارىلاشتۇرۇشىدۇ. يەنە مىسالەن، كۆنچى - چەمگەر ئۆز كەسپىي بەرىكىتىنى نىشان قىلىپ مەھەللە - كويلارغا تۆ- تۈن، بۇس بىلەن زەرەر كەلتۈردى. نىجىسلىق (سېسىقچىلىق) تارقاتتى. نېمە قىلماق كېرەك؟

هۆكۈمدار دېدى ۋە بۇيرۇدى:

— سەگپەرەست ئۆكتەمگە بوينىغا قارا ئارغامچا باغلاپ، سازايە - شەرمىسار قىلىپ توۋا قىلدۇرماق، خوتۇن، پەرزەنت، ياران - بۇرادەر- لىرىدىن ئايرىپ ئادەمزاتسىز چۆل هودۇد (چۆللەردىن ئۆتىدىغان خاند- لىق چېگرا — ئا) باقماققا ئىتلىرى ئىلە پالىماق، مۇشكۈللۈك سالماق هاجەتتۇر. ئەل - ياران، ھەقەمسايە، قوۋم - جامائەتنىڭ قەدرىنى تۇ- تىيا بىلگىچە شۇنداق ئەرەج - ئەلەم كۆرگەي كۆنچى - چەمگەر خۇمدان ئىچرە بۇس، تۈتۈن يۇتماققا بەنت ۋە مەلىكە قىلىنغاي (خاند- لىق خۇمدانلىرىدا ئوت يېقىش، خۇمدان دۈملەش، تېرە ئىسلاش مالا- مىتىگە دۇچار قىلىنغاي، مورا - تۇرخۇن دەردىنى كۆرگەي دېمەكچى — ئا).

*　　　*　　　*

... قاراقچى ئوغرى يول توسۇپ بۇلاڭچىلىق قىلاتتىلەر. بىر كۈنى يولۇچى قازىنى توسۇۋېلىپ بۇلىماق بولدى.

— مەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇلۇغ قازىسى تۇرسام، نېمە ئۈچۈن بۇلايسەن، خۇدادىن قورقماسەن؟ — دېدى قازى.

— مەنمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ قارام ئوغرىسى تۇرسام، سېنى بۇلىماي كىمنى بۇلايمەن، — دېدى ئوغرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قازىنىڭ ھەممە نەرسىلىرىنى سۈپۈرۈۋېلىپ، قۇرۇق سۆڭەك ئىگىشۇقىنەك قىلىۋەتتى. بۇ ھالنى تۆت سەپەرخان كۆرۈپ، سۈكۈت قىلىپ تۇرغاندى، ۋەقە پاش بولدى. قازى، ئوغرى، تۆت سەپەرخار، ھاكىم، پاششاپ ئالدىغا كەلتۈرۈلدى، پاششاپ ئوغرىغا تەنبىھ، قازىغا نەسىھەت، تۆت سەپەرخانىنىڭ ھەر بىرىگە ناھەق سۈكۈت قىلىش گۇناھى ئارتىپ 40 تىن دەررە، تاياق ئۇرۇشنى بۇيرۇدى. شاھىت سورىدى:

— بۇ قانداق جازا، قانداق تارتقۇلۇق؟

پاششاپ دېدى:

— دەر ھەقىقەت بۇ قانۇنەن ئەمەس، سەۋەبى، كۆرۈلگەن ۋىجدان تەنبىھى، ئەخلاق جازاسىدۇر. قىلمىشلەر ئۈچۈن جازا قىلمىشىدۇر...

(«بەلەن گەپلەر» نىڭ «سەئدىيە رىۋايەتلىرى» قىسمىدىن)

ئەي خالايىق! دۇنيادا يامان كىشلەرنىڭ يامان قىلىق، قەبىھ ئۆكتەملىك ئىللەتلىرى (ناھەق قىلمىشلىرى) غا شاھىت بولۇپ، جىمجىت زەردىسىز ۋە نەپرەتسىز قاراپ تۇرۇشتىن ئارتۇق ۋىجدانسىزلىق بولمىسا كېرەك. ئورۇنسىز ئازار يېگۈچى، زىيان - زەخمەت كۆرگۈچىلەرگە بولۇشۇش، ھېسداشلىق قىلىش، ئازار قىلغۇچى ۋە زىيان - زەخمەت كەلتۈرگۈچى زوراۋان نامەرتكە ھومىيىش، نەپرەتنە تۇرۇش — ئۇيغۇر روھىنىڭ تۈپ خىسلىتى ۋە شەرەپلىك ئەخلاق مىجەزىدۇر. سەئدىيە خانلىقى زامانلىرىدىن رىۋايەت شەكلى بىلەن بىزگىچە ساقلىنىپ كەلگەن سەگپەرەست، ئۆكتەم، كۆنچى، چەمگەر، قاراقچى بىلەن قازى خاتىرىلىرىنى بىز ئەجدادلىرىمىزنىڭ تارىختىكى مىجەز ئىزلىرى، شەرەپلىك ئۆرنەكنامىلىرى سۈپىتىدە قەدىرلەيمىز.

**مىسالى يەشىملىك تېما (4): بەدنىيەتلىك (سۈيىقەستچىلىك، ھەسەتخورلۇق) نى ئۆمرى ئادەت قىلغانلاردىن پەخەس بولۇش، ئۇنداقلارنى چەكلەش ۋە ئەدەبلەش توغرىسىدا.**

ئۆز پەيتىدە سەئدىيە خانلىقى زامانلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئومۇمىي

ئەخلاقىي ۋەزىيەتلىرىنى شەرھىيە قىلغان ئۇلۇغ ئەخلاق - مىجەزشۇناس ئاقسۇلۇق ئۇيغۇر ئالىم مۇھەممەد بىننى ئابدۇللا خاراباتى① تەردىپىدىن تەخمىنەن 1720 - يىللىرى ئەتراپىدا يېزىلغان «كۇللىيات مەسنەۋى خاراباتى» دېگەن ئەسەردە بەدنىيەتلىك ۋە سۇيىقەستپەرەسلىكنىڭ مۇنداق بىر ئاچچىق ئاقىۋىتى ھېكايەت قىلىنغان:

«... بىر كۈنى ئۈچ نەپەر بايلىق ئىزدىگۈچى يولغا چىقىشتى ۋە بىر خىش ئالتۇن تېپىۋېلىپ خۇشال بولۇشتى. ئۇزۇندىن بېرى ئۇلار ئۇسسۇز ۋە ئاچ ئىدى. بۇلار شۇ يەردە بىر - بىرى بىلەن مەسلىھەت قىلىشتى. ئارىلىرىدا بىرسىنىڭ يېشى كىچىك بولغاچقا، ئۇنى شەھەرگە تاماق ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇشتى. قولىغا ئۈچ دەرھەم بېرىپ مۇشۇ سائەتتە دەرھال ئاش - نان ئېلىپ كەل، دېيىشتى. ئۇ پۇلنى ئالدىيۇ، شەھەرگە راۋان بولدى. گويا داۋانلار ئاشقاندەك يول ماڭدى. بۇ يەردە قالغان ئىككىسىنىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپ: ‹ئاش ئېلىپ كەلگىلى كەتكەن قايتىپ كەلسە، دەرھال پىچاق تىقايلى› دەپ گەپنى بىر قىلىشتى. ھېلىقىمۇ يولدا كېتىۋېتىپ: ‹ئاشۇ بىر خىش ئالتۇننى يالغۇز ئالسام نېمىدېگەن مەنپەئەت بولاتتى› دېگەنلەرنى ئويلىدى، سېتىۋالغان ئاش، نان گۆشلەرگە زەھەر ئارىلاشتۇرۇۋېتىپ، ئاندىن بىر سوغىغا ئوبدان جايلاشتۇردى. تاماقنى كۆتۈرۈپ بۇلارنىڭ قېشىغا تېزلىك بىلەن قايىسپ كەلدى.

بۇ يەردە تۇرغان ئىككىسى دەرھال ئۇنىڭ بېشىغا پىچاق ئۇردى. شۇنداق قىلىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، كۆڭۈللىرىنى خاتىرجەم قىلىشىپ

① مۇھەممەد بىننى ئابدۇللا خاراباتى (دەئۋايى ئىشق بىلەن خاراب بولغان) تەخمىنەن 17 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى 18 - ئەسىرنىڭ باشلىرى ئەتراپىدا ئاقسۇنىڭ چوغتال كەنتىدە تۇغۇلۇپ، ياشىغان، يازغان ئالىمدۇر. خاراباتى ئۇنىڭ تەخەللۇسى. ئۇ «كۇللىيات مەسنەۋى خاراباتى» ناملىق ئەسىرىنى تەخمىنەن 1726 - يىللىرى ئەتراپىدا يەنى ئۇيغۇر دىيارىنىڭ تەقدىرى جوڭغارلارنى ئارقا تىرەك قىلغان قورچاق دانىيال خوجا «خانلىقى» قولىغا چۈشۈپ قالغان نادامەتلىك چاغلاردا، مىللەت - خەلق دەئۋايى ئىشق ئوتىدا كۆيۈۋاتقان ئېغىر يىللاردا يېزىپ چىققان. بۇ ئەسەر 1907 - يىلى موللا مىرمەخدۇم بىن شاھى يۇنۇس مەرھۇمنىڭ خىراجىتى بىلەن تاشكەنت ئارىپجانوف مەتبەئەسىدە بېسىلغان. كېيىنرەك موللا مۇزەپپەر شۇكۇر مۇھەممەت ئوغلىنىڭ خىراجىتى بىلە، تاشكەنت غۇلامىيە چاپىيەسى (مەتبەئەسى) دە كۆپەيتىپ بېسىلغان. ئاقسۇلۇق ئەدىب ئەزىز ساۋۇت ئەپەندى بۇ ئالىمنىڭ مەزكۇر ئەسىرىنى «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» نىڭ 1980 - يىلى 4 - سانىدا تونۇشتۇرغان. بۇ ئىزاھات شۇ ماتېرىيالدىن سۈزۈۋېلىندى.

ئۆلتۈرۈشتى. ئاندىن كېيىن ھەر ئىككىلىسى خۇشاللىق بىلەن ھېلىقى تائاملاردىن بىر ـ ئىككى لوقمىدىن يېيىشكەنىدى، شۇ زامان ھالاك بولۇشتى...»

ئەي خالايىق! پۇل ـ دۇنيا ۋەسۋەسىسى، بەدنىيەتلىكنىڭ ئاقىۋىتىدۇر. بىر خىش ئالتۇن يەنە شۇ يەردىلا قالدى.

* * *

بىر ـ بىرى بىرلە قېرىنداش ئېردىلەر،
غەم بىرلە مېھنەتتە مۇڭداش ئېردىلەر.

بىر ـ بىرىگە ئېردى مۇشپىق، مېھرىبان،
ئەھدى ھەم ئېردى دوستلۇق چاۋىران.

تاپتى ئۈچ تەن بىر خىش ئالتۇن ناگاھان،
پىتنىلەر ھەم بولدى پەيدا شۇ زامان.

پىتنىدىن ئۆلتۈردى ئۈچ تەن بىر ـ بىرىن،
نەپسى شەيتان بىرلە بولدى ھەم قىرىن.

بارچە ئەخلاق باشىدۇر رەھمەت ۋاپا،
قېرىنداشقا پۇلنى دەپ قىلما جاپا.

**مىسالى يەشمىلىك تېما (5): كەسپي كەيپچىلىك يولىنى تۇتقانلار (كەيپى نىجاسەتلەرگە خۇمارلىق قىلىدىغان، بېرىلگەن، ئۇ خىل نەرسىلەرنى پەيدا قىلغان، تارقاتقان، كىشىلەرگە سايە قىلغان، يۇقتۇرغان ھاراقكەش، بەڭگى... بەدبەخلەر) نى يەكلەش، پەيلىدىن ياندۇرۇش، ئەدەبلەش توغرىسىدا.**

«... ئەي ئىككى جاھاننىڭ ئاپتاپى، ئەقىل خەزىنىسى، ئادالەت ھامىيسى، — دەپ سورىدى شاھتىن مۇنەججىم تەزىم بىلەن، — ئەگەر

غەزەپ نەپرەت قىلماققا ئىختىيار ئەتسىلە (ئۇنى) قانداق كىشىگە، قانداق چاغدا، قانداق ھالەتتە ئاشكارىلىماقنى راۋا كۆرەرلەر؟

شاھ دېدى: نەھى ھارام (مەست قىلغۇچى نىجاسەت — ئا) نى تاناۋۇل قىلىش (ئىچىش، چېكىش، يېيىشكە — ئا) قا ئادەت قىلغان كىشىگە، كەيىپ بولغان چاغلىرىدا، ئەل - خالايىق كۆزىدە غەزەپ قىلغايمەن. ئۇلارنى خۇدا بەندەم، پەيغەمبىرىم ئۇممىتىم، چاھارىيارلار يارانىم، ئەل - خالايىق دوستۇم دېمىگەيلەر. ئۇنداقلارنىڭ پەرزەنت، ئەۋلاد، ئەجداتلىرى... ئۇلارغا نەسلى ھەمراھ، تەقدىرى ئورتاق، رىزىقتا شېرىك بولۇشتىن ئۈيۈلىدۇ، قاچىدۇ...»

(«ئەزىزانلار تەسنىپلىرى»دىن)

دەرۋەقە، ئەجداتلىرىمىز ئەزەلدىن نەھى ھارام نەرسىلەر (ھاراق، نەشە، مەجۇن، تاماكا... مەست ۋە بىھۇش قىلغۇچى كەيىپ بۇيۇملىرى) نى ئىستېمال قىلىش، ئۇنداق نەرسىلەرگە كەسىپلىنىش، كۆنۈش، ئادەت قىلىشتەك قىلىق، ئۇرۇنۇشلىرىدا بولغۇچىلارنى قەبىھ گۇناھ يولغا كىرگەنلەر، ئەلنىڭ نەپرەت نىشانلىرى، ئۆز ئۆمرىنىڭ قاتىللىرى، ۋەتەن، خەلق مەرەزلىرى قاتارىدىن كۆرۈپ، نەپرەت، غەزەپلىرىگە نىشانلاپ كەلگەندۇر ۋە كەلمەكتە...

«دۆت (تۆتۈن)، ھاراق - شاراپلار بىلەن ئۆمۈر چىرىتكەن خەس كۆڭۈل، خاراموش، ئېتىبارى كۆل كىشىلەر ئىنسان خاسلىقى (خاسىيىتى دېمەكچى —ئا) دىن ـى ئەلگە گۇۋاھ - شاھىت بولۇشتىن، جامائەت ھۆرمىتىدىن، يۇرت غۇرۇرىدىن، كەسىپىي ئۆلپەتچىلىكتىن، ئىلمىي تەقرىز - مۇھاكىمىدىن، رىزقى - نېمەتتىن، كەسىپ، ھۈنەرلىرىدە بەرىكەتتىن، راست ۋە توغرىلىقتىن مەھرۇم ۋە چەتتىدۇر. مەستىنىڭ ۋەدىسىگە، تەۋبىسىگە، ئىمانىغا، ئىمتىياز، دۇنياسىغا ئىشەنمەك گۇللۇقتۇر.»

(«ئەزىزانلار تەسنىپلىرى»دىن)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەجدادلىرىمىزنىڭ تارىختا كەسپىي كەيپچىلىك يولىغا يۈرگۈچىلەرگە قارشى تۇتقان چارە ـ مەۋقەلىرى مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، ھازىرقى زامان ئىنسانلىرىنىڭ بۇ خىل كىشىلەرگە تۇتقان، قاراتقان مەۋقە ـ قاراشلىرى بىلەن ئاھاڭداش ھەم بىردەكتۇر.

◉ ئىچمەسلىك (ھاراق ئىچمەسلىك ـــ ئا) ئوچاقتا ئوتۇن، قازانغا گۆش، داستىخانغا نان، دۆلەتكە دارامەت، يانچۇقتا پۇل، تەنگە كۈچ، ئۇستىباشقا كىيىم ـ كېچەك، مېڭىگە ئەقىل، ئائىلىگە پاراۋانلىق بەخش ئېتىدۇ.

ـــ ب فىرانكىلىن

◉ بۇگۈنكى كۈندە بارچە تۈزۈملەرنىڭ جىنايەتلىرىنى، ۋىجدانسىزلىقنى، تۈرمۇشتىكى ئۆچمەس داغلارنى قانچىلىك ئىچىلگەن ھاراقنىڭ مۆلچىرى بىلەن ئۆلچەيسەن؟

◉ ئىچىملىك ـــ تۈرمىلەرنى تولدۇرۇپ تۇرىدىغان خىزمەتكار.

ـــ ئا. بودرىرال

◉ ئىچىملىك ـــ ئادەمنى قاتىل ۋە ئوغرىغا ئايلاندۇرىدۇ.

ـــ ك. كولتۇك

◉ كۆپلىگەن تەنتەك ۋە تەقلى زەئىپ كىشىلەر ئىچىملىككە بېرىلگەن ئاتا ـ ئانىلاردىن تۇغۇلىدۇ.

### *تەنەپپۇسلۇق سوۋغاتلاردىن*

*◉ ئەيىبسىز كىشىنى تىل تىغى بىلەن رەنجىتىش، ساق كىشىنى نەشتەر ئۇرۇپ جاراھەتلەش بىلەن تەڭدۇر.*

*◉ بىراۋغا زەرەر يەتكۈزگەن كىشى ئۇ كىشىدىن تېخىمۇ قاتتىقراق زەرەر كۆرىدۇ.*

*◉ ھىممەتلىك كىشىلەر خەلق ئارىسىدا ھۆرمەتلىك بولىدۇ.*

*◉ مېھنەت قىلىپ تېپىلغان بە تەڭگە، بىراۋنىڭ بىكارغا بەرگەن*

خەز ىنىسىدىن ياخشى.

⊙ بۇ دۇنيادا مەڭگۈ قىلىش مۇمكىن ئەمەس، ئەمما ياخشى نام قالدۇرۇش ئۇلۇغ سائادەتتۇر.

⊙ ھەر بىر قەدىمىڭنى بىلىپ باسساڭ ئەلەم كۆرمەيسەن، ھېچقاچان ئۆكۈنمەيسەن.

⊙ چېۋىنلەر ھەر قاچان يارا ۋە جاراھەتكە توپلانغىنىدەك، قارا نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ كۆڭلى ھەر خىل ئەندىشىلەردىن خالىي بولالمايدۇ.

⊙ ئەسكەرلەرنىڭ كۆڭلىنى ھۆرمەت بىلەن، خەلقنى ئادىللىق بىلەن خۇشال قىل.

⊙ ئادەملەرنى يۇقىرى مەرتىۋىگە كۆتۈرۈشتە ئالدىرىما ۋە ئەرزىمىگەن ئىش، ئۇچۇن خورلىما.

⊙ نادان تەرىپىدىن بولىدىغان مەسلىھەتتە خاتالىق بولۇشى چوقۇمدۇر ۋە دۈشمەن نەسىھەتىدە ئالدامچىلىقنىڭ بولۇشى ئېنىق.

⊙ غەرەزسىز توغرا مەسلىھەت بەرگۈچىلەر دۇنيادا تەڭداشسىز كىشىلەردۇر.

⊙ كىشىلەر ئۇچۇن پايدا يەتكۈزۈۋاتقان بولساڭ، بۇ پايدا كىشىلەردىن كۆرە ئۆزۈڭگە كۆپرەكتۇر.

⊙ قولۇڭدىن كەلسە قىلار ئىشىڭنى بىر مىنۇتمۇ كېچىكتۈرمە.

⊙ ئەقلى بولمىغان قىرىدىن ئەقىللىق بالا ياخشى.

⊙ ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئەتىنى ئىلگىرى سۈرگۈچى كىشى — دۈشمەنلىك ئوچىقىدۇر.

⊙ ھىممەتسىز كىشى پەستۇر، كىشىنىڭ ھىممىتى بولمىسا، ئۇنىڭ ھۆرمىتىمۇ بولمايدۇ.

⊙ بارلىق شىرنىلىكلەرنى تېتىدىم، لېكىن ساقلىقتىن ئارتۇق شەربەت تاپالمىدىم.

(نەۋائى)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 4) كەسپىي ئەخلاق

كەسپىي ئەخلاق نىمە؟ كەسپىي ئەخلاق — (ئاددىيلاشتۇرۇپ تەبىرلىگەندە) بەلگىلىك كەسپىي ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشىلەر ۋە كىشىلەر تۈركۈمىنىڭ مەلىكىلىك ئەمگەك. كەسپىي تىرىكچىلىك جەريانلىرىدا رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك، بەلگىلىك كەسپىي پائالىيەتلەرگە خاسلا مۇئامىلە ـ مۇناسىۋەت مىزانىدۇر. بۇ مىزان ئادەتتە كەسپىي ئەخلاق (سودىگەر ئەخلاقى، تېۋىپ ئەخلاقى، ئوقۇتقۇچى ئەخلاقى، سەنئەتچى ئەخلاقى، ھۈنەرۋەن ئەخلاقى، ھەربىيلەر ئەخلاقى دېگەنگە ئوخشاش) دېيىلىدۇ. دۇنيادا ئىجتىمائىي كەسپكە مەنسۇپسىز ئادەم بولمىغاندەك، ئىجتىمائىي كەسپىي ئەخلاققا مەنسۇپسىز كەسپمۇ بولمايدۇ. شۇڭا، كەسپىي ئەخلاق ھەر قانداق زامان، ھەر قانداق جەمئىيەتتە ئىنتايىن چوڭ ئاممىۋىلىق ئەھمىيىتى بىلەنمۇ ئالاھىدە خاراكتېرلىنىدۇ. بۇ خىل ئەخلاق — ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا، بولۇپمۇ جەمئىيەتنىڭ كەسپىي تۇرمۇش پەنجىملىرىدە ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، چىنلىق بىلەن ساختىلىق، ھالاللىق بىلەن ھاراملىق، ئادالەت بىلەن ئادالەتسىزلىك، شەرەپ بىلەن نومۇسسىزلىق... ھادىسىلىرىگە نازارەتچىلىك قىلىدىغان كۈچلۈك جامائەت پىكرى قورالى، دەخلىسىز كەسپىي ئېتىقاد، ئادەت كۈچى، سۆكۈمران خەلق ئېتىبارى بىرلىكىدىن ھاسىل بولغان مۇقىم كەسپىي تەپەككۇر (ئىدىيە) سۈپىتىدە رول ئويناپ تۇرغان، تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ھەر قانداق زاماندىكى ئەھمىيىتىنى تۆۋەن چاغلاشقا بولمايدۇ. دېمەك، كەسپىي ئەخلاقنى مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، كەسپىي ئىلىم ۋە كەسپىي قانۇن دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

مەلۇمكى، دۇنيادا ئىجادىيىتى يوق مىللەت ياكى خەلقنىڭ تارىختا شۆھرىتى بولمايدۇ. شان ـ شەرەپ، ھۆرلۈك، پەخىرمەنلىكى بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئىجادىيەت بىرەر مىللەت ياكى بىرەر خەلقنىڭ تەقدىر ئۆتكىلى ۋە تارىخ ئۆتكىلىدۇر. مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا، تارىخ-

تا، بولۇپمۇ كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەر تارىخىدا ھەر خىل ئىجتىمائىي كەسىپچانلىقى، ئىجادكارلىقى (ئىلىم، ھۈنەر، كەسىپ، تىجارەت، ئىجادىيەت، ئىختىرالىرى) بىلەن دۇنيادا، بولۇپمۇ ئاسىيادا تونۇلغان. شۇ تارىخلار بويىچە كەسىپكە كىرەلمىگەن، كەسىپلىشەلمىگەن، تەبىئىي تۇرمۇش ئادەتلىرى بىلەن داۋاملىشىپ تۇرغان مىللەتلەر ۋە خەلقلەرگە كەسىپىي مەدەنىيەت تەسىرىنى ئۆتكۈزۈپ ياكى ۋاستىلىك يۇقتۇرۇپ ئۇستازلىق، كەسىپىي ئۆرنەكلىك تۆھپىلىرى بىلەن داڭق چىقارغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىختىكى كەسىپىي ئەخلاقىنى شۇ زامانلارغا نىسبەتەن مەزمۇنى تولىمۇ كەڭ، مۇكەممەل، ئىلمىي، ئاممىباب، تەسىردار (شۆھرەتلەنگەن) مىللىي ئەخلاق ئىدى دېيىشكە تامامەن بولىدۇ.

سەئىدىيە خانلىقى، بولۇپمۇ 16 ـ ئەسىر ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ مۇكەممەل ئەخلاق سىستېمىلىرىدىن بىرىمۇ ئەنە شۇ خىل كەسىپىي ئەخلاق سىستېمىسى ئىدى. تۈرلۈك تارىخىي مەنبەلەردىن بىلىشىمىزچە، شۇ زامانلارنىڭ ئەقلىي تەربىيە، ئەمگەك تەربىيەسى، جىسمانىي تەربىيە، ئېستېتىكا تەربىيەسى ۋە باشقا تەربىيە تۈرلىرىنىڭ ھەممىسىلا دېگۈدەك ئەنە شۇ خىل كەسىپىي ئەخلاق سىستېمىسىنى تۈپ مەنبە قىلىپ جانلانغان ۋە شاخلانغاندۇر. بۇ خىل سىستېمىنىڭ ئىجتىمائىي ئۆلى — (جەمئىيەتلىشىش جەريانىمۇ ھەم) شۇ جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي كەسىپپەرەسلىك، ئادالەتچىلىك، ئىنسانپەرۋەرلىك، ھەققانىيەت، تۇغرىلىق، تەڭلىك، ھۆرلۈك ۋە تەرەققىيات مەزمۇن قىلىنغان خاسىيەتلىك مىللىي جەمئىيەت ئىدىئولوگىيەسىدىن ھاسىل بولغان ۋە جانلانغان. «بەلەن گەپلەر»نىڭ مۇئەللىپى ھۆرمەتلىك ۋەقەشۇناس ماموت ئىسلام بىزنىڭ بۇ تەرىپىمىزگە ئىجابىي ياندىشىپ ئەينى چاغلاردا مۇنداق يازغانىدى: «... ئەزىزانلار دەۋرى ـ دەۋرانلىرى — (سەئىدىيە خانلىقى زامانلىرى دېمەكچى — ئا) دا كەسىپلەنمىگەن، كەسىپىي رىسالىلەر، پىرلەر (ئۇستازلار — ئا) دامىدا بولمىغان ھەر قانداق تىرىكچىلىك ھەرىكەتلىرى ھارام ۋە مەنئىي ئېدىلەر... دىيانەت مەۋقەئى بولمىغان،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەزھەپ (كەسپىي ئېتىقادچىلىق يولى — ئا) تۈتمىغان، ھالال - ھارام چۈشەنچىسى مۇجمەل ھەر قانداق كەسپكار، جاھانساز پۇقراغا توغرا يول كۆرسەتمەك، ئۇلارنى ھالال كەسپكە كۆندۈرمەك ۋە ئۇ يولدىن بەھرىلەندۈرمەك شەرت ھەم ۋاجىپ ئىردىلەر. كەسىپ - كارى يوق، ھۈنەر - ھەرىكەتسىز ۋە ياكى ھۈنەر - ھەرىكەتكە ھىممەتسىز، ئاللاھتىن تىرىكلىك، بەندىدىن رىزىق، جاھاندىن نەپ تىلەشنى ئارزۇ - ئىستەك قىلغان لەش تەنلەر (تىرىكتاپ ئاشقىپىلار — ئا) ئەل دەكىدىن ئىخالى، گۇمانغا نىشان، رىزقىدا خاراب، يۇرتتا خار، مالاقەتتە يېتىم (ئەلدىن يەكلىنىپ دىمەكچى — ئا)، خارۇ - زار، بىئېتىبار ئېردىلەر... ئەنە شۇنداق نامىخىل پىشكەل مۇسۇلمان يارانلارنى توغرا جاھانسازلىققا، ھالال كۈنگە، توغرا تەرەپكە، ئادىمىي خىسلەتكە باشلىماق، ئەمرى ئۆگۈت (نەسىھەت) قىلماق ساۋاب، پەزىلەت تاپقانلىق بولاتتىلەر...»

سەئىدىيە خانلىقى جەمئىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي مىجەزنامىسى ھېسابلىنىدىغان بۇخىل كەسپىي ئەخلاق تەپەككۇرىدىن شۇنى ھېس قىلىشقا بولىدۇكى: شۇ جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسى ئومۇمەن ئىجتىمائىي تەرەققىيات (يۈكسىلىش) ئىزىغا چۈشۈرۈلگەنلىكى، خەلق ئىجادىيەتكە يېتەكلەنگەن، قىستالغان ھەم ئادەتلەندۈرۈلگەنلىكى ئۈچۈن. خەلقنىڭ كەسپىي تەرەققىياتى، مەئىشىتى، كەسپىلىشىشى يۈكسىلىپ، جەمئىيەتتە ئىش - ئوقەتسىزلىك، نامراتلىق، ئىجتىمائىي ئىللەت — جىنايەتچىلىك، تەپرىقە، نىزا - خۇسۇمەت، كۆچكۈنچىلىك، سەرگەردانلىق — (يۇرت، ماكانسىزلىق)، چۈشكۈنلۈك، خورلۇق، چىرىكلىك... ئىللەتلىرى جەمئىيەت خاراكتېرلىك مەۋجۇدلانمىغان، خۇددى «شەرئىيتىمىزنىڭ خاسىيەتلىرى[1]» دە تەكىتلەنگەندەك: «ئەلدە ساۋاب كۆپ، گۇناھ ئاز، يۇرتتا ھەرىكەت، بەرىكەت، خاسىيەت، ساۋاب كۆپ» بولىدىغان ئىبسىل ۋەزىيەت مۇقىملىقى تىكلەنگەن. بۇ خىل

① «شەرئىيتىمىزنىڭ خاسىيەتلىرى» — «تەزكىرەئى يىريازان» دېگەن ئەسەرنىڭ ئايرىم ماۋزۇلانغان بىر قىسمى — ئا.

كەسپىي مەۋقەلەر بىلەن كەسپىي تەرەققىياتلار خاسىيىتىدىن بىزنىڭ بۇ ئەزىز ماكانىمىزنىڭ شۇ زامانلاردىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەئىشەت بۇلىقى، بەرىكەت خەزىنىسى، يەر يۈزىنىڭ «جەننەتۇل ئەلا» سىغا ئايلانغانلىقىدا شەك يوقتۇر. شۇ چاغلاردا ئوتتۇرا ئاسىيا ھەتتاكى ئاسىيانىڭ نۇرغۇن جايلىرىدىن بىزگە ئىقىپ كىرىپ ئارام تاپقان ھەم زىيارەت، تاۋاپ، تىجارەت سەۋەبكارلىقى بىلەن بىزگە ئۆزلۈكىدىن كېلىپ يەرلىشىپ جاھان تۇتقان كىشىلەرنىڭ ئىنتايىن كۆپ بولۇشى مانا شۇ خىل ئەۋزەل شارائىت تۈپەيلىدىندۇر.

ئىخچاملانلىق ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن مەزكۇر ماۋزۇيىمىزنى مۇنۇ بىر مىسال يەنى «سودىگەر ئەخلاقى توغرىسىدا» دېگەن مىسال بىلەن خاتىمىلەيمىز.

سودىگەر ئەخلاقى توغرىسىدا: «ئەخلاقۇل مۇھسىنىن»[①] — (مۇسۇلمانلار ئەخلاقى — ئا) دېگەن ئەسەردە مۇنداق دېيىلگەن: «بەندىلەر ھەر بىر ئىشى (جۈملىدىن كەسپىي تىجارەتلىرى — ئا) دا ئۆز نەپسىنىڭ (خاسلا ئۆز شەخسىيىتىنىڭلا — ئا) پىلانىنى ئارىغا قوشماسلىقى لازىم. نەپسانىي غەرەز ھەققانىي ئەمەلنى (توغرا نىيەت، نەپسانىي غەرەز ھەققانىي ئەمەلنى — (توغرا نىيەت، توغرا ئىش ـ ھەرىكەتنى — ئا) ۋەيران قىلىدۇ...»

*　　　*　　　*

«رىسالە تەۋەرۇكات»[②] تا مۇنۇلار قەيت قىلىنغان: «سودا قىلماق، كەسىپ تۇتماق، سودا، كەسىپ ـ ھۈنەرنى نەسلىگە سايە قىلماق، شاگىرت چىقارماق، ئىشلىماق، ئۆگەتمەك، كۆندۈرمەك، ئۆز كەسپى ـ

① «ئەخلاقۇل مۇھسىنىن» — مەۋلانە ھۈسەيىن ۋائىز كاشىفى تەرىپىدىن 15 ـ ئەسىردە ھىراتتا پارس تىلىدا يېزىلغان ئەسەر. بۇ ئەسەر موللا مۇھەممەد تۆمۈر قەشقەرى تەرىپىدىن «مۇسۇلمانلار ئەخلاقى» دېگەن نامدا ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. موللا مۇھەممەد تۆمۈر قەشقەرى چوڭقۇر بىلىمگە ئىگە ئەدىب ۋە مۇتەپەككۇر بولغاچقا، مەزكۇر ئەسەر بىلەن «كەلىلە ۋە دىمنە» نى ئاجايىپ ماھارەت بىلەن تەرجىمە قىلغان.

② «رىسالە تەۋەرۇكات» — «تەزكىرەئى پىرىياران» دېگەن ئەسەرنىڭ ئايرىم ماۋزۇلانغان بىر قىسمى.

تىجارەتلىرىدە ۋە ھۈنەر ـ پەشمەتلىرىدە ئەلنى رازى قىلماق، ھالال يول تۇتماق، ئەل ـ يۇرتقا، ئاتا ـ ئانىسىغا نەپ بەرمەك، ساداقەتنى بۈز-ماسلىق ئۇلۇغ ساۋاب ھەم شەرەپتۇر. ھالال كەسىپ، توغرا يولنى ئىت-مات ئەتكەن (تاللىغان، ئىختىيار قىلغان ـــ ئا) ھەر بىر ئەھلى مۇسۇل-مان كەسپكار ـــ شەيىن، تارازا، گەز، كەمچەن، ساناق، ساندا ئۆزىنى ھاراملىقتىن، سەۋەنلىك ۋە مالالچىلىقتىن ئىنتايىن خالىي تۇتماقلىقى، ئەلگە قەھەتچىلىك، كاساتچىلىق، قىممەتچىلىك، مۇشكۈلچىلىك، نو-مۇس، كۈلپەت، خورلۇق... كەلتۈرىدىغان قىلىق ـ قىلمىشلاردىن ئۆز-لىرىنى تارتىشلىرى، ساقلاشلىرى شەرتتۇر. بۇلار شاھلاردىن يارلىق، شەرىئەتتىن ئەمر، خالايىقتىن تەلەپ، زاماندىن مەجبۇرىيەت تەرىقە-سىدە تەكىت قىلىنغان ۋە بېكىتىلگەنلىكى ئۈچۈن، مۇتلەقا ئۇقۇم ـ مۇتلەقا قانۇندۇر...»

تارىخىمىزنىڭ بۇ خىل يازما دەلىللىرىدىن ئەينى زامان ـــ 16 ـ ئەسىر سەئىدىيە خانلىقى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ سودا ـ سانائەت كە-سىپچىلىكى بىلەن كەسپىي ئەخلاقىنىڭ ئومۇمەن ئىناۋەت بىرىنچى، خېرىدار بىرىنچى، ئىنساب بىرىنچىلىكىنى مۇقىم مەۋقە قىلغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىندۇر.

## 5) ئورپىدىكى ئىجتىمائىي ئەخلاق

ئۆتمۈشتىن بىزگە ئۇلىنىپ كەلگەن تارىخىي خاتىرىلەردىن ئايان ۋە مەلۇمكى: سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئالتۇن چاغلىرىنىڭ ئىجتىمائىي مۇھىتىدا ئالاھىدە شۆھرەتلەنگەن ئورپىدىكى (ئۆرپ ـ ئادەتتىكى) ئەخلاقىي پەزىلەتلىرىمىز تەركىبىدە مۇنۇ ئىپادە ـ قىلىقلار تولىمۇ ئەھ-مىيەتلىك خاراكتېرلىكتۇر:

... ئىككىلا ئالەملىك خاسىيەت ۋە ساۋاب تاپماققا تۇتۇنغان ھەر

بىر ئادەمنىڭ ئىنسانلىق، مۇسۇلمانلىق ۋاجىباتى، قەرزى — ئادەتتە ئەخلاق يولى بىلەن ئادا بولغاي. بۇ ئەخلاق يولىدا ئىنساننى ئىنسانلىق يولىغا باشلىغان ئۇستازغا، ئىنساننى ئىنسان قىلغان ئاتا ـ ئانىلارغا، ئىنساننى دۇنيادا مەلىكىلىك ئىنسان قىلغان سەۋەبكار ئادەملەرگە، ئىنساننى توغرا يولغا يېتەكلىگەن داھىيلارغا، ئىنساننى ۋىجدان، ئادالەت، شەرەپ، ھۆرلۈك ئىزىغا سۆرەپ كىرگۈچى دانىشمەن زاتلارغا، شەپقەت ـ شاپائەتكە موھتاج نەسلىي يارانلىرىغا، نامرات قوۋم ـ ھەقەمسايىلىرىگە ۋاپا قولىنى تەگلىگەن مەرد ـ سېخىيلارغا ھۆرمەت ئەخلاقىنى ئىپادە ئەتمەك، ئېھتىرامدا بولماق، ئۇلار بىلەن سۆيۈنمەك، پەخىرلەنمەك ھەق ۋە شەرەپتۇر...»

(«شەرئىتىمىزنىڭ خاسىيەتلىرى» دىن)

يۇقىرىقى باياننىڭ ھازىرقى زامان تەرىپاتىنى مۇنداق شەرھلەش ـ يېشىش مۇمكىن.

1) ئۇستاز — (ئاغزىغا ئىلىم سالغان، تەربىيە قىلغان، كەسپىيات، ھۈنەر، كەسىپ ئۆگەتكەن، كەسپلەندۈرگەن، يېتەكلىگەن ئۇستاز، ئۇستا، يېتەكچىلەر...)غا؛

2) ئاتا (ئاتىلىق ئەجرىنى چەككەن، پۇشتى، مېھرىنى سەرپ قىلغان ئەزىز ئاتىغا ئەلۋەتتە)غا؛

3) ئانا (ۋاپالىق، تەندۇرۇس، ھالالچى، ئىشچان، ئەدەپلىك، قەيسەر، ئەل بەختىگە جان بېغىشلايدىغان ئادەملەرنى تەربىيەلەيدىغان، تەربىيىلىگەن ئانىلارغا ئەلۋەتتە)غا؛

4) ئەل پېشۋالىرى (ئەلنىڭ ھۆرمەتلىك يېتەكچىلىرىگە، ئۆلىما، ئەدىپ، تېۋىپ، سەنئەتكار، مۇنەججىم... لەر) غا؛

5) ئەھلى خالايىق (جامائەت، خەلق)قا؛

6) ئادەت (ئەل يۇرتنىڭ ئەنئەنە ئادىتى)گە؛

7) ھەق ـ ئادالەت (خەلقنىڭ قانۇنى ۋە قانۇننى چىقىش قىلغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھەر خىل ئىجتىمائىي تەرتىپ ـ تۈزۈملەر)گە؛

8) ئىستىقباللىق ئەمرى ـ مەرۇپ، يېتەكلەشلەر (توغرا ـ ەسھەت، مەسلىھەت، تەشەببۇس، چاقىرىق، دالالەتلەر)گە؛

9) بىچارىلەر (ئەمگەك، تىرىكچىلىك سالاھىيىتىدىن ئايرىلىپ، بېقىمسىزلانغان، پاناھسىز قالغان يېتىم ـ يېسىرلەر، نەسلى بىچارىلەر، بەقۇۋۇل نەسلى قانداشلار)گە؛

10) ئەلنىڭ پەخرى يارانلىرى (مىللىي قەھرىمانلار، باتۇرلار، ئىختىراچىلار، ئىجادىيەتچىلەر، ئەلگە مەنپەئەت ئاتا قىلغۇچى... لار)غا؛

11) ئۆز خىراجىتى بىلەن ئەل ـ يۇرت غېمىنى قامدىغۇچىلار (ئەل ـ يۇرت ئۈچۈن يول، كۆل، مەدرىسە، مەكتەپ، ئورمان، باغ، لەنگەر بىنا قىلغۇچىلار، ۋەخپە يەر، مۈلۈك، بايلىق بەرگۈچىلەر) گە ھۆرمەت مۇلازىمىتىدە بولۇش، تۆھپە ۋە ئەجرىگە لايىق نام، شەرەپ ئاتا قىلىش، ئەزىزلەش ـــ ئۇيغۇر مىجەزى (ئۆرپ ـ ئادەت) دىكى ئەقەللىي تۈيغۇدۇر. ئېسىل پەزىلەتنى مەدھىيەلەش، قەبىھ قىلىقلارنى ئەيىبلەش ـ ئەزەلدىن ئۇيغۇر نەسلىنىڭ پىسخىكىلىق ئالاھىدىلىكى بولۇپ كەلگەن، ئەلۋەتتە.

سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئالتۇن چاغلىرىنىڭ ئىجتىمائىي مۇھىتىدا ئىجتىمائىيەت ئۈچۈن زىيىنى روشەن، مالامىتى ئېغىر، تەسىرى قەبىھ ھېسابلانغان بەد ئەخلاق (ئەخلاقسىز، قەبىھلىك) مالامەتلەر تۈركۈمىدىن تۆۋەندىكى قىلمىشلارنى ئاتاپ ئۆتۈش زۆرۈردۇر. بۇ توغرىدا «ئۇلۇغلارنىڭ نەپەس مۇبارەكلىرى توغرىسىدا» دېگەن قولىيازمىدا مۇنداق تەكىتلىگەنكى:

«... ئىنسانى ئىنسان قىلغان ئۇلۇغ ئۇستازنىڭ، ئىنسانى بار ۋە مۇلازىم قىلغان ئەزىز ئاتا ـ ئانىنىڭ قېنىنى تۆككەن، رىزىق، شەرىپىگە ئاسىيلىق قىلغان جىمىكى ئادىمىي ئىنسانغا، مەزلۇم ـ بىچارىلەرگە زوراۋانلىق قىلغانلارغا، ۋەتىنىگە، ئەل ـ يۇرتىغا، خەلقىگە، قوۋم ـ يارانلىرىغا ئاسىيلىق ۋە ۋاپاسىزلىق قىلمىشلىرىدىن يانمىغانلارغا، نەس-

لىنى ساتقان، جىنسىي دەللاللىق كەسپىنى ئىشلىگەن، ئەر تۇرۇپ ئايال-
لىق، ئايال تۇرۇپ ئەرلىك قىلىقىدىن ئۇنۇم - نەپ كۆرۈپ كۆنگەن-
لەرگە، جازانىخورلۇق، ئوغرىلىق، قاراقچىلىق، بۇلاڭچىلىق قىلغان،
گۇناھىدىن يانمايدىغانلارغا، خەلق زىيىنىغا ئەيش - ئىشرەت قىلىشنى
ئادەت قىلغانلارغا، زالىم ئەمەلدارلار، قەھرى غەزەپلىكلەر، لۈكچەكلەر،
زوراۋانلار، خۇنخورلار، تۈزكورلار، تۆھمەتخورلار، پىتنە - پاسات-
چىلارغا، ئادالەت، ئىنساب، ھايانى كەسىپ قىلمىغانلارغا، زىنايى ھارام-
نى، نەھى - دۇت — تۇتۇن، شارابنى دوست تۇتقانلارغا خالىس كۆ-
ڭۈل، ئاق نىيەت بىلەن ئارايىش (بېرىش - كېلىش — ئا) قىلماق،
ھۆرمەت خۇشامىتىدە بولماق، تەرپ - تەسۋىرلىرىنى قىلماق نابابلىق-
تۇر، كورلۇق، خۇشامەتكارلىقنى كەسپىي ئىختىيار قىلغانلىق، ۋىجدان-
دىن بەزگەنلىكتۇر».

«كارۇك رىۋايىتى»[①] دېگەن بىر يەرلىك خاتىرىنىڭ مۇنۇ قۇرلىرى
يۇقىرىقى قاراشلار ئۈچۈن بىر مىسالىي دارىتمىدۇر:

— دادا! ھەزرىتى قازى قۇززات ئالىيلىرى، — دەپ ئەرز - ھاللىرى-
نى تۆكتى كارۇك قازى ئالدىدا ناماز خانلىق ئەلپازىدا تۇرۇپ، — پە-
قىرنى سەردار ساھىب (ھىندى سودىگەر - مۇھاجىر ئەلۋەتتە — ئا)
قارچۇغا بىلەن شىكارغا بۇيرۇغانىدى. شىكاردا قارچۇغا قولۇمدىن چى-
قىپ كېتىپ مۇنۇ ناتەس دېھقانىنىڭ ئۆگزە پەغىزىگە قونۇۋالدى. قار-
چۇغنى ئېلىش نىيىتىدە ئۆگزىگە چىقىشقا تامدىن ئېسىلدىم. ناتەس
ئۆگزىگە چىققۇزمىدى. جېدەللەشتۇق، ئۇردۇم، ئۇردى. ئاغزىمنىڭ
ئۈچ يېرىدىن ئۈچ چىشىمنى چۈشۈرۈۋەتتى. خۇن تەلەپ قىلىمەن، ئى-
گەم، ناتەسكە جازا كۈتىدۇ...
— جاۋاب بەر ھەقتا! — دېدى قازى تۆمۈرگە نەزەر سېلىپ، —
نېمىگە ئۇردۇڭ، چىشىنى چۈشۈرگىنىڭ راستمۇ؟ قانداق قىلىسەن؟

① «بەلەن گەپلەر» خاتىرىسىدىن.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

— ئۇرغۇنۇم، چىشلىرىنى تۆككىنىم راست، — دېدى دېھقان تۆۋ مۇر مەردانە قىياپەتتە، — كالا دىنىنىڭ مۇرتى (ھىندى دېمەكچى — ئا) باسقان ئۆگزىنىڭ تېگىدە ياشاش — (ئىپلاس تاپاندا پاك ۋەتەن تۇتۇش) مېنىڭ نەسلى ئەجدادىم ئۈچۈن نومۇس ۋە نەسلىكتۇر. بۇ ھىندى ساھىب ئۆز تۇپرىقىمدا مېنىڭ بېشىمدىن ئاتلاپ ئۆتمەكچى بولدى. تىل سالدى. تىلىنىڭ ھاقارەت مېغىزىنى: جەددە — پۇشتۇمنى، ئەۋلادى ئەساۋىمنى، ئەڭ يامىنى مېنى تاپقان دادام، تۇغقان ئانام، ئۆگەتكەن موللام، قىزىم، ھەمشىرە ئاجىزلىرىمنى ئاياغ - ئاستى قىلىش، كەمسىتىش مەنىسىگە ئىشلەتتى. چىدىمىدىم.. سوكۇت كاسەم تاشتى، قاتتىق ئەدەبلىمەكچى بولدۇم. لېكىن ئۆزۈمگە هاي بەردىم. پەقەت ئاغزىغىلا نەسىھەت قىلىپ قويدۇم. ئۆگزىگە چۇشكەن كۆزى، قاراپ ئىلگىرىلىگەن پۇتى، تامغا كۆتۈرۈلگەن قولىغا قىلىدىغان نەسىھەتلىرىم ئۆزلىرىنىڭ ھەققانىي ھۆكۈملىرىگە بىنائەن ئەل خالايىق ئالدىدا ئوچۇق ۋە ئاشكارا بولىدۇ...

ساھىب ئۆز قىلمىشىدىن تانمىدى. پۇشايمان يېمىدى؛ ئىقرار قىلدى. قازىمۇ ساھىبنىڭ بىر مۇسۇلماننىڭ ئانىسىنى ھاقارەت قىلغان ئەيىبى بىلەن قارىلىدى...

دەرۋەقە، ئۇيغۇر پۇشتىدا ئۆز تۇپرىقى، ئاتا - ئانىسى، ئۇستازى، خەلقى، شان - شۆھرىتىنىڭ ھاقارەتلىنىشىگە سوكۇت قىلىپ تۇرۇش سەۋرىسى ئەزەلدىن بولۇپ باققان ئەمەس. بۇ خىل سەۋر نومۇس سەۋرىسىدۇر.

### تەنەپپۇسلۇق سوۋغاتلاردىن

*ئادەم مەڭگۈ ئانىسىنىڭ بالىسىدۇر. ئانىنى مەدھىيەلەيمىز. ئۇنىڭ مۇھەببىتى چەكسىز. ئۇ بارلىق ئىنسانىنى ئاق سۈت بىلەن باققان.*

*ئاياللار دۇنيانىڭ ئانىسى. ئانا دۇنياغا پەرزەنت تۇغۇپ چوڭ قىلىپ*

*بىرىپلا قالماستىن، مۇھىمى ئادەم تەربىيەلەيدۇ. كىشىگە تۇرمۇش خۇ-شاللىقى بېغىشلايدۇ. ئانا تۇرمۇش ۋە تەبىئەتكە ئوخشاش ئادالەتچى-دۇر. بارلىق بالىلار ئۇلارنىڭ يۈرەك پارىسى... قۇياش بولمىسا گۈل ئېچىلماس. مۇھەببەت بولمىسا بەخت بولماس. ئاياللار بولمىسا مۇھەب-بەت بولماس، ئانىلار بولمىسا شائىر، قەھرىمانمۇ بولماس. دۇنيادىكى ھەممە ئىپتىخارلىق ئانىدىن كېلىدۇ. دۇنيادىكى بارلىق گۈزەل نەرسىلەر ئانىغا بولغان مۇھەببەتتىن تۇغۇلىدۇ. ئانىنى — ھەممىگە قادىر ۋە قا-بىل ھاياتلىقنىڭ بۇلىقىنى مەدھىيەلەش كېرەك.*

*(گوركىي)*

**كەلگۈسىگە مۇندەرىجىلەر:**

ھۆرمەتلىك يارانلار: «16 — 18 - ئەسىر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي ئوچېركى» نىڭ بىرىنچى قىسمى «سەئىدىيە خانلىقى زامانى-دىكى سائادەت» تاماملاندى. ئىككىنچى قىسمى يەنى «خوجىلار دەۋرى-دىكى جاھالەت» (خوجا - ئىشانلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان زامان) قىس-مىنى مەزكۇر ژۇرنال («شىنجاڭ مەدەنىيەتى»)نىڭ 1988 - يىلى 6 - سانىدىن باشلاپ داۋاملىق ئېلان قىلماقچىمەن. بۇ ئەسەر تۆۋەندىكى تارماق ماۋزۇلاردىن تەركىب تاپىدۇ.

- ⊙ مەنبەسىز — ساختا تەرىپاتلار
- ⊙ تارىختىن كەلگەن نەسلىك
- ⊙ قاباھەت «ئەقىدە»
- ⊙ قۇيۇندىن كەلگەن «ئەۋلىيا»
- ⊙ نىقابلىق «پىر»لار
- ⊙ نوقانچى ھازازۇللار
- ⊙ ئالدام كەشپىياتچىلىرى
- ⊙ زۇلمەت يارانقۇچىلار
- ⊙ زۇلۇم قازناقلىرىدا
- ⊙ شەكىلسىز جىنايەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

⊙ تەپرىقە «پەرىشتە»لىرى
⊙ قىرغىن «داھىي»لىرى
⊙ چېگراسىز «ئىنساب»
⊙ جانغا زامىن «دۇئا»لار
⊙ خاسىيەتسىز «ساۋاب»
⊙ شەيتان «مەرىپەت»تە
⊙ مازار مېتىلىرى
⊙ ئىنساب كىرمىگەن ھۇجرىلار
⊙ ھايات كۇشەندىلىرى
⊙ قاباھەت قىلىقلار
⊙ نومۇسنى يوقاتقان خوجام
⊙ خۇداغا يات قۇللۇق
⊙ ئىسلام رەقىبلىرى
⊙ ۋىجدانغا زىت «ۋىجدان»
⊙ ئالدانغان ئەۋلاد
⊙ چىراغسىز جاھالەت
⊙ بۇزۇلغان تەقدىر
⊙ خائىنلار ئىزىدىن
⊙تەتۈر پەلەك
⊙ ئىجاۋەتسىز «دۇئا»
⊙ چالا ئويغىنىش
⊙ تۇمان چولپانلىرى
⊙ زەرىبىدىكى كەيپىيات
⊙ ۋەزىيەتتىن كەلگەن ۋەزىپىلەر
⊙ ۋەتەن شېھىتلىرى
⊙ بىزگىچە كەلگەن نومۇس
⊙ خاتىمە

# ئىككىنچى قىسىم. خوجىلار دەۋرىدىكى جاھالەت

## 1. مەنبەسىز ـ ساختا تەرىپاتلار

### 1) تارىخىمىزدىكى ئېزىتقۇ «پىر» زادىلەر توغرىسىدا

تارىخىي مەنبەلەردىن بىلىشىمىزچە، 16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە بولغان زامانلار ئىچىدە بىزنىڭ يۇرت ـ ماكانلىرىمىزدا بىر بۆلۈم ئەجنەبىي تەرىقەت «داھىي» — روھانىيلىرى يەنى سوپى ـ ئىشان «ئۇلۇغ» لىرى ئاتالمىش «دىنىي» تەرىقەت ئىدىيەلىرى (سوپىلىق يوللىرى) نى تارقىتىش، تەرىقەت ھەرىكىتى يۈرگۈزۈش (ئەجدادلىرىمىزنى تەركىدۇنياچىلارغا ئۆزگەرتىش ـ سوپىلاشتۇرۇش) ئورۇنۇشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇشقانلىقى مەلۇمدۇر. «خوجا مەشپىرىم تەزكىرىسى»، «مەخدۇم ئەزەم تەزكىرىسى»، «ئافاق خوجا تەزكىرىسى»، «مەخدۇم ئەزەم نەسەبنامىسى»، «بورقۇم ئەۋلىيا» ۋە «تەزكىرەئى پىرياران» قاتارلىق ئىشەنچلىك يازما مەنبەلەرگە بىنائەن، بۇ خىل سوپىزم تەرىقەتى روھانىيلىرىنىڭ ئۇيغۇر دىيارىغا پەيدا بولغان ۋاقىت ـ جەريانلىرىنى، ئۆزئارا نام ـ نەسەب، مۇناسىۋەت، ئالاقە، مۇجادىلە، تەقدىر جەھەتلەردىكى ۋەقەلەرنى، ئۇيغۇر دىيارىدا سادىر قىلغان ھەرىكەت ـ قىلمىشلىرى بىلەن تارقاتقان «دىنىي» تەرىقەتلىرىنىڭ مەنە، خىسلەت، نام، شەكىل جەھەتلەردىكى ئۆزگىچىلىك، پەرق، خۇسۇسىيەت خاراكتېرلىرىنى تۆۋەندىكى تۆت چوڭ نۇقتىغا مەركەزلەشتۈرۈپ كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ:

بىرىنچى نۇقتا: «ئەھلى تەرىقەت» چىلەر نۇقتىسىدۇر. بۇ نۇقتىغا سۇلتان سەئىدخان زامانلىرىدا (1514 — 1533) پەرغانە، سەمەرقەند، بەلىخ، ئەھرار قاتارلىق جايلاردىن تۇنجى قېتىم يەكەن، قەشقەر، قاراشەھەر (كو. لا) تەرەپلەرگە تەرىقەت تەرغىباتچىلىقى ئۈچۈن ھىجرەت (سەپەر) قىلىپ پەيدا بولغان چوڭ تەرىقەت روھانىيلىرىدىن بۇخارالىق

www.uyghurkitap.com

ئوبۇ ھەبى كىبىرىنىڭ نەۋرىسى خوجا ئەرشىددىن، بەلخلىق شەيخ شاھابىددىن، پەرغانىلىق خوجا مۇھەممەد يۇسۇپ، ئۇنىڭ چوڭ ئاكىسى خوجا خاۋەندە مەھمۇد، خوجا مۇھەممەد ئەبەيدۇللا بىننى خوجا مۇھەممەد ئابدۇللا، ھىراتلىق مەخدۇم ئەزەم (خوجا ئەھمەد كاسانى)، ئەھرارلىق خوجا مۇھەممەتئىمىن، سەمەرقەندلىك خوجا مۇھەممەد شىرىپلەر («تەزكىرەئى پىرياران» دا تەرىپلەنگەن «سەككىز ۋەلى» ياكى سەككىز ئەۋلىيا ــ ئا) گۇرۇھ ئۇقتىسىدۇر. بىز ــ دەۋرى ــ زامان ئورتاقلىقى ئېتىبارى بىلەن گۇرۇھ دەپ قاراۋاتقان بۇ تەرىقەت ئەھلىنىڭ «داھىي»، «يېتەكچى» لىرىنى ئەمەلىيەتتە «تەرىقەت»نى مەۋھۇم شۇئار قىلغان، بىرىنىڭ «تەرىقىتى» يەنە بىرىنىڭ «تەرىقىتى» گە زىت، شۇئارى بىر، مەقستى بۆلەك، پەۋقۇلئاددە مۇتەئەسسىپ «يېتەكچى» نىزاچىلار گۇرۇھى دېيىشكىمۇ تامامەن بولىدىغان ئۇقتىدۇر. بۇ گۇرۇھ «داھىي» لىرى تۆنجى قېتىم يەكەن، قەشقەرنى مەركەز قىلىپ، قەشقەرىيە مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا ــ (ئاساسەن 16 ـ ئەسىر) ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا ئۆز ئېتىقادلىرىدىكى «تەرىقەت» لىرىنى يەنى «قادىرىيە[1]» ياكى «جەھرىيە»، «خۇفىيە[2]» ياكى «نەقىشبەندى»، «سوھرىۋەردىيە[3]»، «چىستىيە[4]»، «كىبىرىيە»، «تەرىقەت» لىرى (ئۇلار ئۆزلىرى سۇلۇك دەپ ئاتاشقان) نى تارقىتىش، كېڭەيتىش بىلەن

① «قادىرىيە تەرىقىدى» : (ئىجادچىسى ــ خۇراسانلىق شەيخ ئىسلام دېگەن كىشى) تۇغلۇق تۆمۈرخان ۋاقتىدا ئۇيغۇر دىيارىغا پەيدا بولغان. ئۇ ئىنسانلارنى بارلىق شەخسىي ئارزۇ-ھەۋەسلەردىن، مۈلۈك، مەرتىۋەلەردىن مەڭگۈ ۋاز كېچىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

② «خۇفىيە تەرىقىتى» : (ئىجادچىسى ــ شاملىق ئوبۇلھاشىم دېگەن كىشى) مەخدۇم ئەزەم تەرىپىدىن 16 ـ ئەسىردە ئۇيغۇر دىيارىغا تارقىتىلغان ھەم ئۇنىڭدىن «نەقىشىۋەندى» مەزھىپى شاخلاندۇرۇلغان. بۇ تەرىقەت مۇسۇلمانچىلىق «بەش يەرز»نى تولۇق ئادا قىلىشنى، شەرىئەت ئەھكاملىرىغا رىئايە قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئىبادەتنى «تەھەججۇت» دەپ ئاتايدۇ.

③ «سوھرىۋەردىيە تەرىقىتى» : (ئىجادچىسى ــ باغدادلىق نەجمىددىن شەيخ) 16 ـ ئەسىردە باغدادلىق ئەبۇ نەجىب سوھرىۋەردى دېگەن كىشى كېڭەيتكەن. دەۋەتلىرى «قادىرىيە» مەزھىپىگە ئوخشاش.

④ «چىستىيە تەرىقىتى» : (ئىجادچىسى ــ مەۋلانا جالالىددىن رۇمى) خۇراساننىڭ چىستى دېگەن يېرىدە ئەبۇ ئىسھاق چىستى دېگەن كىشى تەرىپىدىن كېڭەيتىلگەن. ئەھرارلىق خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشان دىيارىمىزغا كېڭەيتكەن. ئۇلار ئىبادەتنى ھەر خىل چالغۇلاردا ئورۇنداپ، ئاللاھنى مەدھىيەلەيدۇ. ئادەم ئۆلتۈرۈشكە قارشى تۇرىدۇ. ئىسلام ئۈچۈن غازات قىلىش دېگەنلەرگىمۇ قارشى تۇرىدۇ. «چىستىيە» چىلەر ھەر يىلى رامزان ئېيىدا ئادەم يوق يىنھان جايدا 40 كۈن ئىستىقامەت قىلىشنى تەرغىپ قىلىدۇ.

مەشغۇل بولۇشقان. هازىرقى يەكەن، قاغىلىق، مەكىت، گۇما، قارىقاش، لوپ، ئىلچى (خوتەن) قاتارلىق 15 ناھىيە تەۋەلىرىدە يۇقىرىقى «تەرىقەت» («ئىخلاس تەرىقەت» لەر) مەركەزلىرىنى بەرپا قىلىشقان. يەرلىكتە تەربىيەلەپ يېتىشۈرگەن («يېتىشكەن») بىر قىسىم «ئۇلۇغ زات» لارغا «مۇرت» لىق، «پىر» لىق ئىرشاتنامىلىرى (ئىشانلىق گۇۋاھنامىلىرى ـ ئا) تارقىتىشقان. ئۆز ئېتىقادلىرىدىكى تەرىقەتلەرنى بولسا، شۇئار ـ تەرىپاتلىرىدا «1 ـ ئېتىقاد — ھالال ئىجتىمائىي تۇرمۇش يولى، 2 ـ ئېتىقاد — ئىبادەت، ھەرىكەت، سۈكۈت، سەۋر، تاقەت يولىدۇر» دەپ شەرھلەشكەن. مۇشۇنداق بولغان بولسا ئەلۋەتتە ئۇ تەرىقەتچىلەرنى دەماللىقتا تەرەققىياتنى ئېتىراپ قىلىدىغان، كىشىلەرنى رېئال ھاياتنىڭ نازۇ ـ نېمەتلىرىدىن پايدىلىنىشقا، ئەمگەك قىلىشقا، يېتەكلەيدىغان ھالال ھەم توغرىلىققا مايىل تەرىقەتچىلەر دەپ قاراشقا مۇمكىن بولغان بولاتتى.

بۇخىل مۇمكىنچىلىكنىڭ ئۇلارنىڭ تەرغىبات مەزمۇنلىرىدىن يەنى «دۇنيانىڭ نازۇ ـ نېمەتلىرىنى ئىزدىگەن سوپى ئەمەس، ئۆز ھاياتىنى بەختسىزلىك ۋە غۇربەتتە، تائەت ـ ئىبادەت، ھەمدۇ ـ سانا، يىغا بىلەن ئۆتكۈزگەن كىشى ھەقىقىي سوپىدۇر» دېگەن لەۋزى بېشارەتلىرى (ساختا بېشارەتلىرى، ئەلۋەتتە) دىن ھاسىل بولاتتى. دېمەك، ئۇلارنى ئەينى چاغلاردا سىرلىرى يېپىق، كارامەتلىرى يوشۇرۇن كىشىلەر دەپ پەرەز قىلىشقىمۇ بولاتتى.

سۇلتان سەئىدخان، سۇلتان ئابدۇرەشىتخانلار ھاكىمىيىتىنىڭ بۇخىل كىشىلەرنىڭ ھەرىكەتلىرىنى «ئىخلاس تەرىقەت» يەنى نوقۇل دىنىي تەرىقەت — «خۇدالىق ئالەم» نۇقتىسىدىن كۆزىتىپ ئىجابىي ئېتىباردا مۇئامىلە قىلغانلىقى ئەنە شۇ دىنىي چۈشەنچە ۋەجىدىن ئىدى.

ئىككىنچى نۇقتا: «تەرىقەتنى بالاغەت» چىلەر نۇقتىسىدۇر (بۇ، «تەرىقەت» ئىستىبداتچىلىقى ئىنتايىن قەبىھ ئەۋج ئالدۇرۇلغان زامان نۇقتىسى، ئەلۋەتتە). بۇ نۇقتىغا 16 ـ ئەسىردىن 20 ـ ئەسىرنىڭ باش-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لىرىغىچە ئەجدادلىرىمىز ئۆستىدە «دىنىي»، سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتلەردىن قاتتىق زورلۇق ـ زومبۇلۇق يۈرگۈزگەن، ئىستىبدات، زوراۋان كۈچلەرگە تايىنىپ سەئىدىيە خانلىقىنى يوقىتىپ تاشلىغان ئەڭ ئەكسىيەتچى سىياسىي گۇرۇھ — مەخدۇم ئەزەم گۇرۇھ نۇقتىسى مەنسۇپلىشىدۇ. بۇ گۇرۇھ نۇقتىسىنىڭ نەسەب، مەزھەپ، تەشكىلىي ئاقىۋەت، ھەرىكەت، ئورۇن سىستېمىلىرىنى يېتەكچى خاراكتېرلىك چوڭ سىياسىي ئىشانلار تۈركۈملىرى دائىرىسى بويىچە تۆۋەندىكىچە ئاتاپ ئۆتۈش مۇمكىن:

(1) مەخدۇم ئەزەم: ئۇ 1471 ـ يىلى ھىراتلىق سەئىد جالالىددىن ئىشان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1520 ـ يىلدىن 1533 ـ يىلغىچە ھازىرقى جەنۇبىي شىنجاڭ تەۋەسىدە «تەرىقەت ئۇستازى» — چوڭ ئاقسۆڭەك خوجا ئەبەيدۇللا ئەھرار باھاۋىددىن نەقشبەن تەرىقتى — («نەقشبەن سۇلۇكى») نى تارقاتقان ھەم جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ دىنىي، سىياسىي ھۆكۈمرانلىقىغا خىرىس قىلىش بىلەن ئۆتكەن كىشىدۇر. بۇنى مەخدۇم ئەزەم نەسەبلىرى ئۇچۇن باشلانما — 1 ـ ئەۋلاد دېيىشكە بولىدۇ.

(2) مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئوغۇللىرى (2 ـ ئەۋلاد خوجىلار): ئىسھاق خوجا (خوجا ئىسھاق ۋەلى)، ئىشان خوجا (سەردار ئىشان)، سۇلتان ئىبراھىم خوجا، مۇھەممەد خوجا، مۇھەممەتئىمىن خوجا (ئىشان كالان)لار.

(3) ئىسھاق خوجا بىلەن مۇھەممەتئىمىن خوجىلارنىڭ ئوغۇللىرى (3 ـ ئەۋلاد خوجىلار): قۇتبىددىن خوجا، شادى خوجا، يەھيا خوجا، ئابدۇللا خوجا (بۇلار ئىسھاق خوجىنىڭ)، مۇھەممەد يۈسۈپ خوجا، مۆمىن خوجىلار (بۇلار مۇھەممەتئىمىن خوجىنىڭ).

(4) ئابدۇللا خوجا بىلەن مۇھەممەد يۈسۈپ خوجىلارنىڭ ئوغۇللىرى (4 ـ ئەۋلاد خوجىلار): دانىيال خوجا، ئەييۇب خوجا (بۇلار ئابدۇللا خوجىنىڭ)، ھىدايىتۇللا (ئاپاق خوجا)، خان خوجا، كارامىتۇللا

خوجا (بۇلار مۇھەممەت يۈسۈپ خوجىنىڭ).
(5) دانىيال خوجا بىلەن ھىدايىتۇللا (ئافاق) خوجىلارنىڭ ئوغۇللىرى (5 ـ ئەۋلاد خوجىلار): جاھان خوجا، ئەييۇپ خوجا، يۈسۈپ خوجا، خامۇش خوجا (نىزامىددىن خوجا)، ئابدۇللا خوجا (بۇلار دانىيال خوجىنىڭ ئوغۇللىرى)، يەھيا خوجا — (خان خوجا)، ھەسەن خوجا، ئىنايىتۇللا خوجا، كارامىتۇللا خوجا (بۇلار ئافاق خوجىنىڭ ئوغۇللىرى).
(6) يۈسۈپ خوجا بىلەن يەھيا خوجىنىڭ ئوغۇللىرى (6 ـ ئەۋلاد خوجا): ئابدۇللا خوجا، مۆمىن خوجا، قۇتبىددىن خوجا، بۇرھانىددىن خوجىلار — (بۇلار يۈسۈپ خوجىنىڭ ئوغۇللىرى)، ئەھمەد خوجا (ئالىي خوجا) ياكى پادىشاھ خوجا (بۇ يەھيا خوجىنىڭ ئوغلى).
(7) ئابدۇللا خوجا بىلەن ئەھمەد خوجىنىڭ ئوغۇللىرى (7 ـ ئەۋلاد خوجىلار): شەمسىددىن خوجا، يەھيا خوجا، ئەھمەد خوجا، ئابدى خوجا (بۇلار ئابدۇللا خوجىنىڭ ئوغۇللىرى)، خوجا جاھان خوجا، بۇرھانىددىن خوجا (بۇلار ئەھمەد خوجىنىڭ ئوغۇللىرى).
يۇقىرىقىلار مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئۆزىدىن ھېسابلىغاندا خاس بىر نەسەب — يەتتە ئەۋلاد، مەشھۇر 48 چوڭ (ئىرشاتلىق) خوجا بولۇپ، بۇلارنىڭ ئەجدادلىرىمىز تارىخىدا جارى قىلدۇرغان «دىنىي تەرىقەت»لىرىنىڭ شەكىلدىكى نام ـ تۈرلىرى: «ئىناقىيە»، «ئىسھاقىيە»، «داۋانىيە»، «ئىشقىيە»، «ئىمامى رەببانى»، «كىبرۇيە»، «مۇفتى»... دېگەندەك 20 نەچچە خىلغا بارىدۇ.
ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا دېگۈدەك بىزنىڭ يۇرت ـ ماكانلىرىمىزدا سىياسىي، دىنىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي جەھەتلەردىن چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى تەۋرەتكەن، «ھاكىمىيەت»، ھوقۇق، تۇتقان، سەلتەنەت سۈرگەن «پاشا خوجام»، «خان خوجام»، «ئەۋلىيا خوجام»، «ئالىي زات» لار يەنى مەشھۇر سىياسىي يېتەكچى خوجىلاردۇر. مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، بۇلارنى نەسل ـ نەسەب دائىرىسى كەڭرەك، تەسىرى چوڭ، بېقىندى مەۋقەلىك، قىلمىشلىرى ئالاھىدە ھەم ئالاھىدە خاراك-

تېرلىك تارىخىي شەخسلەر تۈركۈملىرىدىن دەپ ئاتاپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. شۇنىمۇ ئىزاھلاش ھاجەتكى، بۇلارنىڭ تەركىبىدە يېڭىلگەندە خەلق تەرەپ، يەڭگەندە ئۆز تەرەپ ياكى «يامان چاغدا ئەل بىلەن، ياخشى چاغدا ئۆز بىلەن» بولغان قوش خاراكتېرلىك شەخسلەرمۇ يوق ئەمەستۇر.

ئۈچىنچى نۇقتا: «تەرىقتى مادارا»چىلار نۇقتىسىدۇر. بۇ نۇقتىغا يۇقىرىقى «تەرىقتى بالاغەت»چىلەر تۈركۈملىرىدىن بۆلەك مەخدۇم ئەزەمنىڭ نەۋرە - نەسەبلىرىدىن 1760 - يىللىرىدىن 1900 - يىللارنىڭ بېشىغىچە ئىزچىل ھالدا «تەرىقتى مادارا» ۋامدا كۈرەش قىلىپ ئالەمدىن كەتكەن پۈرسەتچى خوجىلاردىن سامساق خوجا، ھاشىم خوجا، ھۈسەيىن خوجا، تۇردى خوجا، ئابدۇراھمان خوجا، مامۇت خوجا، پەرسا خوجا، خوجەك خوجا، ئىمىن خوجا، ئۇداي خوجا، سېيىت ئابدۇللا خوجا، خوجىس خوجا قاتارلىق خوجىلار ئەجدادلىرى مەنسۇپلىشىدۇ. بۇلارنى ئاساسەن شۇ زامان تۈزۈملىرى، ھاكىمىيەت تەبىقىلىرى، ھۆكۈمران زالىملار ۋە زالىملار تۈركۈملىرى — (ئاساسەن جۇڭغار، مانجۇ ھۆكۈمرانلىرى)نىڭ يۇمشاق قۇلاق ياندىماچلىرى، بوغۇچۋازلىرى (ئۆز خەلقىنىڭ، دىنداشلىرىنىڭ پۇت - قوللىرىنى دۈشمەنگە بوغۇچلاپ، باغلاپ، چۈشەپ بەرگۈچىلەر — ئا)، «دىنىي ئىسىپاق»چىلىرى، ئەڭ سادىق تەقدىرداشلىرى دېيىشكە تامامەن بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىمىز ئارىسىدا داۋام ئەتكۈزگەن قىلمىش - ھەرىكەت نەتىجىسى بىرلا. ئۇ بولسىمۇ «دىنىي» جەھەتتە، كىشىلەر ئېڭىغا بۇ دۇنيادىكى ھەممە تەقدىرىي قىسمەتلەر («پېشانە» گە «پۈتۈلگەن» نى كۆرمەككە — ئا) گە، جىمىكى جاپا - جەبرىلەرگە چوقۇم بەرداشلىق بېرىپ، شۈكۈر - قانائەت قىلىپ «ئاخىرەت» لىكىنى تېپىش روھىنى سىڭدۈرۈش: ئىجتىمائىي ئىنسانچىلىق جەھەتتە: كىشىلەرنى ھۆكۈمران ھاكىمىيەت تەركىبلىرى بىلەن زامان ئەزگۈچىلىرى (خوجا - ئىشان «ئۇلۇغ» لارنىڭمۇ ھەم)نىڭ ئىنسابىغا بېقىنىپ ياشايدىغان ئەڭ ئىتا-

ئەتمەن ياۋاش ـ مۆمىن بەندىلەردىن بولۇشقا يېتەكلەش، قۇللۇققا كۆندۈرۈشتىن ئىبارەت بولغان.

تۆتىنچى نۇقتا: «تەرىقەتى رەئىييە» چىلەر نۇقتىسىدۇر. بۇ نۇقتا تارىخىي مۇقەررەرلىك ئىزىدىن ھاسىل بولغان تارىخىمىزدىكى ھەققانىي خەلق ھەرىكەتلىرى (خەلقنىڭ ئىستىبدات ھاكىمىيەت، زالىم ھۆكۈمران كۈچلەرنىڭ زۇلمىغا ئېزىش، قۇل قىلىشىغا قارشى باشلىغان ھەر خىل ۋە ھەر شەكىلدىكى ھۆرلۈك، ئازادلىق كۈرەشلىرى) تەسىرى بىلەن ئەسلىي نەسەب، ماھىيەتلىرىدىن نىيەت ئايرىپ، دىنىي ۋەتەنپەرۋەرلىك يولىغا كىرىپ (ئاللاھ كۆڭلىگە ئىنساب بېرىپ) خەلق بىلەن بىر سەپ، بىر تەقدىر يولىنى تۇتقان، خاس مەۋقەلىك خەلق ھەمكارچىلىرى بولغان ۋەتەنپەرۋەر خوجىلار تۈركۈملىرى نۇقتىسىدۇر. بۇ نۇقتىغا مەنسۇپلاشقان بىر قىسىم خوجىلارنىڭ تارىخىمىزدا ئەجدادلىرىمىز ھەرىكەتلىرىگە سىڭدۈرگەن يەزى ئىجابىي قىلمىشلىرى — دىنىي مەۋقە جەھەتتىن ئالغاندا: «ئەل بىلەن بولماق ئاللاھ رازىلىقىدۇر»، «ۋەتەننى سۆيۈش — ئىمان جۈملىسىدىندۇر» دېگەن ھەدىستىن ئىبارەت بولغان بولسا، ئىجتىمائىي ئىنسانچىلىق جەھەتتىن: خەلققە كۈلپەت يەتكۈزىدىغان، ئۆز نەپسى ئۈچۈن باشقىلارغا زىيان ـ زەخمەت كەلتۈرىدىغان ھەر قانداق نائىنساب باشلامچى بەدنىيەت قاراقچىغا قارشى چىقىشتۇر. ئۇلارنىڭ پائالىيىتى ئومۇمەن قۇل بولۇش — ئۆلۈمدىن يامان دېگەن ئىجتىمائىي قاراشنى ئالغا سۈرۈشتىن ئىبارەت بولغان. شۇڭا بۇ گۇرۇھ نۇقتىسىنىڭ تارىخىمىزدىكى ئىجابىي پائالىيەتلىرىنى، رول ۋە ئەھمىيەتلىرىنى تارىخىي رېئالىزملىق نۇقتىدىن كۆزىتىپ مۇئەييەنلەشتۈرۈش، تەتىق قىلىش لازىم بولىدۇ. يۇقىرىقىلاردىن باشقا، يەرلىكتىن باش كۆتۈرگەن «تەسىرى تەرىقەت» خوجا ـ ئىشانلىرى ۋە ئۇنداقلارنىڭ ئەۋلاد ـ نەسەب ئەجدادلىرىمۇ بىزدە ئاز بولمىغان. ئۇلارنىڭ ئۆزئارا مەقسەت ئورتاقلىقى بىرلا — ئۇ بولسىمۇ نەپسانىيەتچىلىك مەقسەت قىلىنغان شۇئارى «تەرىقەت» لەردۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

2) نامدىكى «تەرىقەت» چىلەر

يۇقىرىدا قىسمەن ھەم قىسقىچە تەرىپلەپ ئۆتكەن «تەرىقەت» چىلەرنىڭ ئەسلىي ئاتالمىش «دىنىي» ماھىيەتلىرى بىلەن مەقسەت، ئىستەكلىرىنى ئەتراپلىق چۈشىنىپ بىلىش ئۈچۈن، ئۇلار تارىختا ئىستېمال قىلىپ كەلگەن ئىسلام تەرىقىتى توغرىسىدا تۆۋەندىكى سوئاللارغا توختالماي بولمايدۇ.

(1) ئىسلام تەرىقىتى دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ باشقا ئىسلام مەزھەپلىرىدىن قانداق پەرقى بار؟

(2) تارىختا خوجا ـ ئىشانلار ئەجدادلىرىمىزغا تاڭغان ئاتالمىش «دىنىي تەرىقەت» لەر ۋە ئۇلارنىڭ «تەرىنىي ئىبادەت»، «تەرىقىتى بالاغەت»، «تەرىقىتى مادارا»، «تەرىقىتى رەئىيە» شەكىللىرى راستىنلا ئۇلۇغ تەڭرى بەندىلەرگە نازىل قىلغان ـــ (ئەۋەتكەن) دىنىي مۆجىزىلەرمىدى؟ ياكى ئاتالمىش «ئۇلۇغلار» تەرىپىدىن توقۇپ چىقىرىلغان جاھالەت باسقاقلىرىمىدى؟

(3) تارىختىن بېرى ئىسلامنىڭ ئىمام ئەزەم مەزھىپىدە مۇسۇلمانچىلىق قىلىپ كەلگەن ئەجدادلىرىمىزنى سوپى ـ ئىشان «تەرىقەت» چىلەر يەنە نېمە ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ «دىنىي تەرىقەت»لىرىگە باكى «ئەھلى تەرىقەت ئېقىمى» دېگەن ئېقىمغا قىستاپ كىرگۈزۈشكەن؟ ئىسلام پىرىنسىپلىرىدا ئۇلارغا مۇرت بولمىغان، ئەگەشمىگەن، قىسقىسى «تەرىقەت» يولىغا كىرمىگەنلەر مۇسۇلمان ھېسابلانمامتى؟ ياكى بۇ خىل قىلمىشنى «مۇسۇلماننى مۇسۇلمان قىلىش» قىلمىشى ئىدى دەپ بىلەمدۇق؟

(4) خوجا ـ ئىشان «داھىي»، «پىر» لىرى راستىنلا ئۇلۇغ ئاللاھ بىلەن مۇسۇلمان بەندىلەر ئارىسىدىكى «ئەلچى»لەرمىدى؟ ئۇلار «ئۇلۇغلۇق نۇسىبەت»لىرىنى زادى قايسى ئىلاھىي ئىلتىپاتتىن سۇمۇرۇشكەن؟ ئۇلار تەكىتلەشكەن «ساۋاب»، «گۇناھ» لارنىڭ چەك ـ چېگرالىرى ئىسلامنىڭ قايسى دەستۇرلىرىدە قەيت قىلىنغان؟ دېگەندەك ساۋاتىي سوئاللارغا جاۋاب بېرىشكە توغرا كېلىدۇ.

ئىسلامدىكى تەرىقەت[1] مەزھىپى — مىنىڭچە ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي مەزھەپلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئىسلام تارىخىدا ئىلگىرى - ئاخىر پەيدا بولغان سەككىز چوڭ، 72 كىچىك — (تارماق) مەزھەپنىڭ ئەڭ كونا تۈركۈملىرىگە مەنسۇپ مەزھەپتۇر.

ئەسلىدە (تارىختا) ئىسلامنىڭ تۈپكى دىنىي شەكىل شوئارلىرى ئاساسەن: ئۆز ئېتىقادچىلىرىنى پانىي دۇنيا (بۇ ئالەم)دىكى بارلىق ئىنسانىي راھەت - پاراغەتتىن ۋاز كېچىپ باقىي ئالەم (ئۇ «ئالەم») دىكى «راھەت - پاراغەت» كە ئۇلىشىشقا باشلاشتىن ئىبارەت بولغانىدى. ئۇلار تۈپ ئىلاھىي قاراش — نۇقتىئىنەزەرلىرىنى ئومۇمەن «ۋەھدەتۇل ۋۇجۇد» (ئاللاھ بىلەن بىر ۋۇجۇد بولماق) نەزەرىيەسى رامكىسى بىلەن شەرھلىشەتتى. بۇ نەزەرىيە ئەمەلىي ماھىيەتتە دۇنيا — خۇدانىڭ بىر خىل ئىپادىلىنىش شەكلىدىن ئىبارەتتۇر — دېگەن تەسەۋۋۇرەت «نەزەرىيەسى» ئىدى. تەرىقەت داھىيلىرىنىڭ بۇ خىل ئىلاھىيەت قارىشى «نەزەرىيە» سىنى تېخىمۇ كېڭەيتىپ شەرھلىسەك، ئۇلار مۇنداق قارىغان:

كائىناتتىكى جىمىكى نەرسە ئىلاھىيەتنىڭ جۇغلانمىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس، خۇدا تەبىئەتتىكى بارلىق ھادىسىلەر ۋە ماددىلارنىڭ ھەممىسىدە مەۋجۇت، بۇ نەرسىلەر بولسا، ئۆز نۆۋىتىدە ئۆز ئىپادىلىرىنى تاپىدۇ. دۇنياغا دۇنياۋى روھ سۈپىتىدە سىڭگەن خۇدا بىر بولغاندەك دۇنيامۇ بىردۇر. ئادەممۇ خۇددى تەبىئەت ھادىسىلىرىگە ئوخشاش روھنىڭ بىر زەررىچىسىدۇر، ئۇ بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى شۇ دۇنياۋى روھقا پۈتۈنلەي سىڭىپ كېتىدۇ. ئەنە شۇنداق خۇداغا سىڭىپ كېتىش پەيتى بەخت - سائادەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى ھېسابلىنىدۇ. ھەر بىر ئادەم ئەنە شۇنداق سىڭىپ كېتىش ئۈچۈن تىرىشىشى يەنى خۇدا

① «تەرىقەت» سۆزى ئەسلىدە ئەرەبلەرنىڭ بۇرۇنقى زامانلاردىكى «تەلقە» سۆزىدىن كېلىپ چىققان دىنىي ئاتالغۇ بولۇپ، لۇغەت مەنىسى: يول — قەلبنى پاكلاپ ئاللاھتائالاغا يېقىنلىشىش يولى، زاھىدلىق يولى دېمەكتۇر. ئىسلامدىكى تەرىقەت روھانىيلىرىنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي داھىي ۋەكىللىرى (تەخمىنەن 8 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا) بۇ ئاتالغۇنى ئۆز ئېتىقادلىرىنىڭ شەرتلىك ئېقىم (يول) نامى قىلىپ بېكىتىشكەن ھەم پايدىلىنىشقا باشلىغان. «تەرىقەت»، «ئەھلى تەرىقەت»، «جەھرى تەرىقەت» دېگەندەك سانسىزلىغان «تەرىقەت» لەرنىڭ ھەممىسى تارىختا ئەنە شۇ خىل - سىلىق تەرىقىتىدىن تۈرلەنگەن مەۋسۇم «تەرىقەت» لەردۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىلەن بىرلىشىپ كېتىشى لازىمدۇر.
تەرىقەت ئىدىيولوگىيەسىنىڭ مەلۇم زامانلار سىستېمىلىرىنى كۆزدە تۇتۇپ ۋارىسلىق قىلىشقا تۇتۇنغان كېيىنكى ئەۋلاد تەرىقەتچىلەر (تەخمىنەن 12 ـ ئەسىردىن كېيىنكى بەزى تەرىقەت داھىيلىرى) تەرىقەت پىرىنسىپلىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا: «ھەممە دۇنياۋى ھارامنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ، خۇدا بىلەن مۇتلەق بىرلىشىپ كەتكەن كىشى — پىردۇر. پىر تۇتۇش، ئىبادەتنى پەقەت پىر ئارقىلىقلا ئادا قىلىش، پىر ئۇچۇن ھاياتلىرىنى ئاتاش — شەكسىز شەرتتۇر، ئەڭ ئالىي تەرىقەت قەرزىدۇر دەپ شەرھلەشكەن. ھۆرمەتلىك مۇئەللىپ ئا. سايىت بۇ ھەقتە مۇنداق يازىدۇ: «تەرىقەت يولىغا ماڭغۇچىلار تەرىقەت ئەقىدىلىرىگە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئەمەل قىلىشى، قەلب، روھىي قۇتقۇزۇش ئۈچۈن جەزمەن ئاقىلانە ئۇستاز ئىشان، خەلىپىلەرنىڭ يېتەكچىلىكىگە ئېرىشىشى كېرەك. ئۇستاز (پىر) بولغۇچى كىشى ئاللاھقا يېقىنلاشالايدىغان زات، شۇڭا تەرىقەت ئىزدىگۈچىلەر ئۇستاز بولغۇچىغا مۇتلەق بويسۇنۇشى، ھەر قانداق ئىشتا ئۇستازنى ئۆلگە تۇتۇشى شەرت. ئۇ يەنە تەركىدۇنياچىلىقنى يەنى بايلىقتىن ئۆزىنى چەتلىتىش، ھوقۇق ـ مەرتىۋىدىن ئۆزىنى چەتلىتىش، بارلىق ئارزۇ ـ ھەۋەسلەردىن ئۆزىنى چەكلەش، رىيازەت چېكىپ، پانىي دۇنيادىكى روھىي ئەلەمگە ئۆزىنى بەخشەندە قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. تەرىقەت سوپىزم ئەقىدىسى بويىچە، بۇ دىنىي گۇرۇھنىڭ باشچىسى بولغان ھەر بىر كىشى ئۆمۈر بويى نامراتلىقتا رىيازەت چېكىش بىلەن بىللە خەلىپە تەربىيەلەپ، مۇرت كۆپەيتىپ ئۆزىنى يېتىلدۈرۈشى كېرەك...»

ئوتتۇرا ئەسىر تەرىقەتچىلىرىنىڭ ئېتىقاد شوئارىنى يەكۈنلىگەن «ھېكمەتنامە» دېگەن ئەسەردىمۇ تەرىقەت سوپىلىرىنىڭ ئومۇمىي مىزانى: «دۇنيانىڭ نازۇ ـ نېمەتلىرىنى ئىزدىگەن سوپى ئەمەس، ئۆز ھاياتىنى بەختسىزلىك ۋە غۇربەتتە، تائەت ـ ئىبادەت ھەمدە يىغا ـ زارى بىلەن ئۆتكۈزگەن كىشى ھەقىقىي سوپى دۇر» دەپ تەكىتلەنگەن.

خوش، بۇ خىل ئۇقۇمدىكى دىنىي تەرىقەتنىڭ تارىختا بىزنىڭ مۇسۇلمان ئەجدادلىرىمىز تۇرمۇشىدا — بولۇپمۇ دىنىي تۇرمۇشلىرىدا ئىپادىلىنىش شەكىللىرى قانداق بولغان؟ بۇ سوئالنى ئەجدادلىرىمىز تارىختا باشلىرىدىن كەچۈرگەن «ئىشقىيە تەرىقىتى» نىڭ «ئېتىقاد شەكلى» بىلەن يېشىش مۇمكىن. ئۇ شەكىل مۇنداق: «ئىشقىيە»چىلەر جاھاندىن قول ئۈزۈپ، ئۆي - جاي تۇتماي، خوتۇن ئالماي، بالا - چاقىلىق بولماي، بىر جايدا ماكانلاشماي، جايدىن جايغا يۆتكىلىپ يۈرۈپ جاھاننى كېزىپ، بۈگۈن تاپقاننى ئەتىگە قالدۇرماي قولدىن چىقىرىۋېتىش، يەپ تۈگىتىش بىلەن ھايات كەچۈرۈشنى تەرغىپ قىلىشىدۇ. ئۇلار توپلانغان جايلاردا ياكى يەككە - يېگانە ھاللاردا قانغۇدەك چىلىم تارتىپ نەشە چېكىشنى «ئىبادەت» دەپ ھېسابلايدۇ. بۇ ئارقىلىق «خۇدا»غا ئاشىقلىقىنى ئىپادىلىمەكچى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى چاچلىرىنى ئۇزۇن ئۆستۈرۈپ، ساراڭلارچە ھاياتقا قەدەم قويغانلىقىنى «خۇدانىڭ ئىشقىغا ئۆزىنى پىدا قىلغانلىق...» دەپ قارايدۇ...

تەرىقەت روھانىيلىرىنىڭ يۇقىرىقىدەك دىنىي قىلىق، مەۋقە، شوئارلىرى تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا، ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ «قۇرئان كەرىم» مەنبە قىلىنغان بارلىق ھەدىس، تەلىم، ئەمىرلىرىگە تۈپتىن، قەبىھ زىت ۋە بارلىق مۇسۇلمان قوۋملىرىنىڭ دىنىي ئېتىقاد چۈشەنچىلىرىگە جىددىي مۇخالىپتۇر. مېنىڭچە، ئۇ خىل «تەرىقەت» لەر مۇسۇلمانچىلىق ئەھكاملىرى يەنى ئاللاھنىڭ مەۋجۇدلۇقىغا، ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىگە، پەيغەمبەرلەرگە، ھەزرىتى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى — بەرھەق پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە، قىيامەت كۈنىگە، تەقدىرگە شەك - شۈبھىسىز تەن بېرىش، ئىشىنىش، ئىمان، ناماز، روزا، ھەج، ئۆشرە - زاكات شەرت قىلىنغان «بەش پەرز»نى تەركىسىز ئادا قىلىش، ئاللاھقا چەكسىز قۇلچىلىق قىلىش — (تونۇش، تايىنىش، قورقۇش، يېقىنلىشىش) دېگەندەك تۈپ ئەقىدە - ئۇقۇملىرى بىلەن زادىلا چىقىشالمايدۇ. ئۇلار ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھىسسالامنىڭ: «كىشىنىڭ بارلىق ھەرىكىتى خالىس خۇدالىق ئۈچۈن بولۇشى، چوڭ مۇسىبەتلەرگە سەۋەب بولىدىغان دۇنيا مەنپەئەتىنى كۆزدە تۇتماسلىقى كېرەك»، «توغرا يولغا ئەگەشكەنلەرگە سالام! ئەي ئەھلى كىتاب، پەقەت ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىش، ئۇنىڭغا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىك، ئاللاھنى قويۇپ بىر - بىرىمىزنى خۇدا قىلىۋالماسلىقتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپكە ئورتاق بولغان ئەقىدىگە ھۆرمەت قىلايلى... توغرا يولغا ئەگەشكەن، ئاللاھقا ئىمان ئېيتقان ۋە ئاللاھنى ئېتىراپ قىلغانلارغا سالام. مەن سىنى ھېچ شېرىكى يوق بىر ئاللاھقا ئىشىنىشكە دەۋەت قىلىمەن...» («سۈرە ئال ئىمران، 64 ـ ئايەت»تىن) دېگەندەك بۈيۈك تەلىملىرىگە، لەۋزە مۇبارەكلىرىگە زىت يول تۇتقان كىشىلەردۇر. ئۇلارنىڭ بۇ خىل زىت يوللىرى يالغۇز تەسەۋۋۇردىكى «ئىسلام نەزەرىيەلىرى» ئەمەس، بەلكى ئادەتتىكى دىنىي مۇراسىملار، دىنىي ئىبادەت، دىنىي تۇرمۇش ۋە دىنىي رەسمىيەتلەرنىڭ ھەممىسىدىمۇ ئۆزگىچە ئىرىم، شەكىللەر بويىچە ئوچۇق ئىپادىلىنىپ بارىدۇ، ئەلۋەتتە.

### 3) قىساس ۋارىسلىرى

يۇقىرىدا نام ـ نەسەب، ئىسىم ـ سۈپەت، لەۋزى ـ تەرغىباتلىرى قىسمەن شەرھلەپ ئۆتۈلگەن ئاتالمىش «ئۇلۇغ تەرىقەت» روھانىيلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىنى بىز تارىخىمىزدا (ئىجتىمائىي، سىياسىي، دىنىي ۋە ئومۇمىي تارىخ سىستېمىلىرىدا بولمىسۇن) بەزىبىر تەرىپاتچىلار تەرىپلەشكەندەك پەقەت «خۇدا ـ رەسۇل يولىدىكى» نوقۇل «دىنىي ئۇلۇغ»لار، «ئەھلى تەرىقەت پېشۋا» لىرى ياكى «ئىسلام مۆتىۋەر» لىرى تۈركۈملىرىدىن ئەمەس، بەلكى قەبىھ سىياسىي قارا نىيەتلەر (قانخور، خىيانەتكار چوڭ «زات»لار) تۈركۈملىرىدىن ئۇچرىتىمىز. دەرۋەقە ئۇلار ئۆز پەيتلىرىدە ئۆز ئىشلىرىنى «خۇدايى تەرىقەت»، «تەرىقەت داھىي»لىقى، «خوجا»، «پىر»، «ئۇلۇغ زات» لىق لەۋزى ـ

تەرغىباتلىرى بىلەن باشلاپ، ئاقىۋەت ـ نەتىجىلىرىنى قان تۆكۈش، خەلق ئۈستىدە «خان»لىق، «پادىشاھ»لىق، «داھىي»لىق، «پىر»لىق ھۆكۈمرانلىقلىرىنى تىكلەش بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇشقان سىپىي ئۆزىدىن جاھالەتچى، مەلئۇن كىشىلەردۇر.

بۇ قارىشىمىزنى مۇنۇ قىستۇرما ئەسكەرتىملىرىمىز بىلەن تۆۋەندىكىچە ئاساسلايمىز:

(1) ئۇلار تارىخىمىزدىكى ئىدئىيولوگىيە جىنايەتچىلىرىدۇر. «مۇسۇلمان ئۇممەتلەرىنىڭ نىيەت، ئەپئاللىرىنى ئۇلۇغ پىرلەر نىيەت، ئەپئاللىرى بىلەن بىر قىلماق، ھەر تىنىق، ھەر قەدەمدىكى خۇدالىق قەرزدۇر... ئىككىلا ئالەملىك ۋەزىپە، شەرت ھېسابلانغاي... قوۋم ـ رەئىيەلىرىنىڭ نىيەتلىرى بۇزۇلغان، ئەزىز پىرلارغا بويۇنتاۋلىق كۆرۈلگەن يەر، ئەل ـ يۇرتلاردىن خوجام رازى بولمايدۇ، ئاللاھ رازى بولمايدۇ... توغرا نىيەت — پىر بىلەن بىر نىيەت دېمەكتۇر...»

(«تارىخىمىزدىكى ئىسلامىيەت» تىن)

دېمەك، ئۇ «زات» لار يۇقىرىقىدەك نەزەر ـ ئېتىبارلىرى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئۆمۈر مەشغۇلاتلىرىنى، بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىزنى مىللىي روھ جەھەتتىن ئەنئەنىۋى خىسلەت، پەزىلەت، خۇسۇسىيەتلىرىنى تاشلاپ، سوپى ـ ئىشانلارنى ئەگىشىپ ھەم شۇلارنىڭ رايى ـ قىلىقلىرىنى ئۆرنەك ـ ئۈلگە قىلىشىپ ياشاپ، ھەر بىر يۇرت، ھەر بىر مەھەللە، ھەر بىر ئائىلە بىردىن «پىر»نىڭ ئارقىسىغا جەملىشىپ پارچىلىنىپ، خوجام چىنىگىدىن چىقماسلىققا ئادەتلەندۈرۈشكە قاراتقان. ھەرىكەت جەھەتتىن بولسا، ئەجدادلىرىمىزنى جاھالەت تەرىقىچىلىكىگە، جاھالەت بۆلگۈنچىلىكىگە، ئۆزئارا قولاشماي، تۇرلۇك جامائەت تۇركۇملىرىگە پارچىلىنىپ، «بۆلۈنگەننى بۆرىگە بېرىپ» تۇرىدىغان پەۋقۇلئاددە قارام نادانلىق ئىسكەنجىلىرىگە دالالەت قىلىشىپ، يېتەكلىشىپ تۇرغان. تارىختا ئۇيۇشقاقلىقتا، غۇرۇرپەرەسلىكتە، قەيسەرلىكتە، ئادالەت، دىيانەت، مەرىپەت ۋە مادار ـ غەيرەتتە شۆھرەتلىنىپ كەلگەن

ئۇيغۇر روھى نابۇت قىلىنىۋېتىلگەن ياكى قەبىھ تەسىراتلارغا يەم قىلىپ بېرىلگەن. دېمەك، بىزنىڭ كېيىنكى ئەسىرلەردىكى ئەجدادلىرىمىز زىتلىششتا بىر - بىرىدىن قىلىشمايدىغان، ئۆزئارا زىيانكەشلىكتە بىر - بىرىنى بېسىپ چۈشىدىغان، سۇخەنچىلىك پېئىل - ئېتىبارلىرىنى جاھانسازلىق دەپ بىلىدىغان يارىماس قىلمىشلارنى ئەنە شۇ «زات»لاردىن مىراس، تەلىم ئالغان، ئۆزلەشتۈرۈشكەن.

(2) يۇقىرىقى «ئۇلۇغ پىر»لارنىڭ تارىخىمىزدىكى ئەڭ قەبىھەتلىك تەقدىرى پائالىيەتلىرىدىن يەنە بىرى — ئۆزئارا نىزاھ - تەپرىقىچىلىك، سۇيىقەست، ھىيلە - مىكىر ئىستىبداتلىقىنى چىقىش قىلغان قىساسۋازلىق ۋە خۇنپەرەسلىكتۇر. مەسىلەن، 16 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن ئۇيغۇر دىيارىغا بىزنىڭ يۇرتىمىزغا پەيدا بولۇپ، ھەر بىرى بىردىن «تەرىقەت»نى بازارغا سالغان چوڭ سەككىز ئەۋلىيادىن بۇخارالىق ئەبۇ ھەبى كىبىرنىڭ نەۋرىسى خوجا ئەرشىددىن ئاقسۇ، كۇچا تەرەپلەردە، مەخدۇم ئەزەم قەشقەر، ئاتۇش تەرەپلەردە، ئەھرارلىق خوجا مۇھەممەتئىمىن بىلەن مۇھەممەد شېرىپلەر يەكەن، قاغىلىق تەرەپلەردە «تەرىقەت» تارقىتىپ، مۇرت توپلاپ، سەپ تارتىپ تۇنجى قېتىم دىنىي مەزھەپ ۋە ئىچكى نىزاھ (بىر - بىرلىرىگە قارشى) كۈرەش ئەھكىللىرىتى ھاسىل قىلىشقان. نەتىجىدە، بۇلاردىن خوجا مۇھەممەد شېرىپ كۈچلىرى مەخدۇم ئەزەم «تەرىقەت»چىلىرىگە قارشى قوزغىلىپ، 1532 -، 1533 - يىللاردا ھازىرقى پەيزاۋاتنىڭ ئاخۇنلۇقۇم، يەكەننىڭ تېرەكلەنگەر (خاڭدى)، مەكىتنىڭ شوردۆڭ (ھازىرقى شېھىددۆڭ) قاتارلىق جايلىرىدا قاتتىق مەزھەپ ئۇرۇشلىرى ئېلىپ بارغان ھەم مەخدۇم ئەزەمنى كەلگەن يېرىگە كېتىشكە مەجبۇر قىلغان. خوجا ئەرشىددىن كۈچلىرى شەيخ شاھابىددىن سوپىلار گۇرۇھىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى كورلا - بۈگۈر تەرەپلەردىن ھەيدەپ چىقارغان. ئۆزىمۇ شاھابىددىنچىلارنىڭ يوشۇرۇن قەستلىرى بىلەن كۇچادا تۈگىشىپ كەتكەن.

1678 - يىلدىن 1761 - يىللىرى ئارىلىرىدا قەشقەرىيەدە جۇملە

دىن ئۆز ۋاقتىدىكى ئۇيغۇر دىيارىنىڭ ئومۇمىي دائىرىسىدە «خان»لىق، «پادىشاھ»لىق سەلتەنەتلىرىدە بولغان ئەڭ يوغان 48 «ئۇ-لۇغ»، «داھىي زات»نىڭ 29 ى ئۆزئارا ھوقۇق ـ مەنپەئەت تالىشىش ئاداۋەتلىرى بىلەن بىر ـ بىرىنى ھەر خىل يول، شەكىللەر بىلەن قەستلەپ قەتل قىلىشقان. مەسىلەن، 1644 ـ يىللىرى ئەتراپىدا ئىس-ھاق ۋەلىنىڭ نەۋرىسى ئابدۇللا ئىشان قەشقەرنىڭ باش ئىشانلىقىنى قىزغىنىپ ئۆز تاغىسى مۇھەممەت يۈسۈپ خوجا (ئافاق خوجىنىڭ دادىسى) نى بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. ئافاق خوجىمۇ بۇنىڭغا جاۋابەن چەۋرە ئىنىسى شۇ ئەيىب خوجىنى چەت ئەلدىن ئالداپ ئەكەلدۈرۈپ تىزناپ دەرياسى بويىدا سوپىلىرىغا چۇماقلىتىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. ئافاق خوجىنىڭ ئۆزىمۇ 1694 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى يەكەندە ئابدۇللا خوجا جەمەتلىرى تەرىپىدىن مەخپىي زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى ئ كىكى يالىسى بىلەن ئافاق خوجىنىڭ خوتۇنى «جاللات خېنىم» تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن. ئۇ خوتۇنىمۇ قىساسى ئۇچۇن ئۆز رەقىبلىرى تەرىپىدىن پىچاقلاپ ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن...

(3) 1678 ـ يىلىدىن 1761 ـ يىلىغىچە داۋام قىلغان 83 يىللىق خوجا ـ ئىشانلار «خان»، «پادىشاھ» لىقلىرى زامانلىرىدا بۇ «ئۇلۇغ» لارنىڭ سىياسىي ۋەكىللىرى «شاھ»لىق، خۇنخورلۇق، ھەشەمەتچىلىك ئەدەپ كەيپ ـ ساپا، دۇنيا پاراغىتى بىلەنلا بولۇش، دىنىي ئەقىدىلەرنى ئۆز نەپسلىرى ئۇچۇن ئاياغ ـ ئاستى قىلىش، ئەھمىيەتسىز قالدۇ-رۇش، دىنىي ئەھكاملارغا ئۆزلىرى ئەمەل قىلماسلىقتەك قەبىھ سىياسىي ئىستىبداتلارغا ئايلىنىپ كېتىشكەن. «دىنىي» ۋەكىللىرى بولسا، بىزنىڭ جاي ـ ماكانلىرىمىزدا مەلۇم ئىجتىمائىي ئاساسقا (ئاساسەن ئەگىشىدى-غان سوپىزم جامائىتىگە) ئىگە بولۇشقاندىن كېيىن بىرىنچى ئەۋلاد تەرىقەتچى بوۋىلىرى بازارغا سالغان تەرىقەت ئەقىدىلىرىگە خىلاپ ھالدا تەركىيدۇنياچىلىقتىن يەنى ھوقۇق، مەرتىۋە، بايلىقتىن ئۆزىنى چەتلىتىشتىن ئۆزگىرىپ، دۇنيا تۇتۇشقا قاراپ مېڭىشقان. بەزى خوجا

ـ ئىشان «ئۇلۇغ» لار فېئودال ـ پومېشچىكلارغا ئايلىنىپ كەتكەن، بەزىلىرى ھاكىمىيەت سىستېمىلىرىغا كىرىپ ئەمەلدار بولغان. تاجاۋۇزچىلارنىڭ غالچىلىرىغا، يۇرتىمىز ۋە مىللىتىمىزنىڭ مەڭگۈلۈك خائىنلىرىغا، ئىسلام دىن ئاسىيلىرىغا ئايلىنىپ كەتكەن. مۇتلەق كۆپ خوجا ـ ئىشان «پىر» لار خەلققە دۈشمەن ـ ئەزگۈچى تەبىقە — گۇرۇھلارنىڭ يېتەكچىلىرىگە، دىنىي خوجىدارلىق ئىگىلىكىنىڭ تايانچ تۈۋرۈكلىرىگە ئايلىنىپ خەلق بىلەن، مۇسۇلمانلار بىلەن تۈپتىن قارىمۇقارشى مەۋقەلىك قارا بىس ئەزگۈچى دىنىي فېئودال گۇرۇھلارغا مەنسۇپلىشىپ قالغان. شۇنىمۇ تەكىتلەش لازىمكى، ئۇ «ئۇلۇغ» لار جارى قىلدۇرۇشقان «دىنىي تەرىقەت»، «ساۋابى چوڭ ئۇلۇغ ئىش»، «خاسىيەتلىك دۇنيا» نىڭ ئەڭ ھۆرمەتلىك «مۇرادى ھاسىل» جامائەتى مۇنداق ئادەملەردىن يەنى ئېڭىدا ۋەتەن، مىللەت، دۆلەت، دىن، نەسلى ـ نەسەب، چېگرا، ئەدەب، ئىلمي ئەخلاق، مۇئامىلە كەسپى، ھالال ـ ھارام، ھەق ـ ناھەق ئۇقۇملىرى يوق «خۇدايى پىدائىي» لاردىن، تەركىيدۇنيا «ئاشىق»، تەلۋە، «دىنىي» زوراۋان قارامالاردىن، ئاڭسىز قۇل ـ چەرەندىلەردىن ئىبارەت بولغاندۇر. ھەق ـ ئادالەت يولىدا يۈرگەن ھەقىقىي مۇسۇلمانلارنى، مەرىپەت مۆتىۋەرلىرىنى، ئەدلى ـ ئادالەت ئورۇنلىرى بىلەن بارلىق ئىجتىمائىي ئىلغار كۈچلەرنى يوقىتىش، كاردىن چىقىرىش ئۇرۇنۇشلىرى يەنىلا ئۇلار يۈرگۈزگەن ئاساسىي «ئۇتۇق» لاردۇر.

# 2. تارىختىن كەلگەن نەسلىك

ئاڭقاۋ ئەلنىڭ ھارامدىن موللىسى بولىدۇ.

— قازاق خەلق ماقالى

### 1) مىراسخور گېزەندىلەر

### (1) قارا كۆلەڭگىلىك «خان»، «پادىشاھ» خوجاملار توغرىسىدا

ئالدىنقى مەزمۇنلاردا قىسمەن نام، نەسەب ۋە دىيارىمىزدىكى قىلمىش، قىسمەتلىرى قىسقىچە ئىزاھلاپ ئۆتۈلگەن بىر قىسىم داڭدار خوجا - ئىشانلارنىڭ، بولۇپمۇ تارىخىمىزدا ئۆتكەن مەشھۇر سوپىزم - تەرىقەت «داھىي»لىرىدىن بىرى، چوڭ روھانى — خوجا مەخدۇم ئەزەم نەسەبلىرىدىن بولغان خوجا - ئىشانلارنىڭ يۇرت - ماكانلىرىمىزدا داۋام ئەتكۈزگەن «دۇئا - تىلاۋەت»، «دىنىي تەرىقەت» ھەرىكەتلىرى 17 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن كېيىن خېلى ئۇزاق مەزگىللەرگىچە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئومۇمىي تەقدىرى (ئىدېئولوگىيە، سىياسىي، دىنىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىي، ئىقتىسادىي... ھاياتىنى كونترول قىلىش بىلەن ئاقىۋەتلەنگەنىدى. بۇ خىل ئاقىۋەتنىڭ ئالدىنقى باسقۇچىنى ھاسىل قىلغان خوجا - ئىشان، «پىرزات»لارنىڭ ئاساسلىق «خان»، «پادىشاھ» لىقلىرىنى ھەم ئۇنداق «ھاكىمىيەت»لەرنىڭ «خانى»، «پادىشاھى» بولغان «ئۇلۇغ زات»لىرىنى تارىخىي دەلىللەر ئاساسىدا ھەقلىق ھالدا قوش قىياپەتلىك، قوش نىيەتلىك ياكى قارا كۆلەڭگىلىك «خان»، «پادىشاھ»لار يەنى ئۆز «تايانچى»، «ئۇلۇغ»لىرى ئالدىدا ئېشەك قىياپىتىدە، ئەجدادلىرىمىز ئالدىدا، مۇسۇلما بەندىلەر ئارىسىدا بولسا بۆرە قىياپىتىدە «جاھان تۇتقان» ئەپتى - بەشىرىسىنى تېخىمۇ روشەن كۆرسىتىش كېرەك. ئۇلارنى قەلبىدە دىن، ۋىجدان، ھەق - ئادالەت تايانچىسى يوق، پەۋقۇلئاددە مەنپەئەت خۇمار «شەيخۇل-

ئىسلام»لار سۈپىتىدە شەرھلەشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇلارنى سەئىدىيە خانلىقىنىڭ كېيىنكى داۋامىنى ۋەيران قىلىپ، 1678 ـ يىلىدىن ئېتىبارەن قەشقەردە جۇڭغار ھۆكۈمرانلىقى پاناھلىقىدا «ھاكىمىيەت» تىكلىگەن ئافاق خوجا «خان»لىقى زامانىدىن تارتىپ، 1760 ـ يىللىرى ئەتراپىدا مانجۇ ھۆكۈمرانلىرى تەرىپىدىن ئاغدۇرۇۋېتىلگەن بۇرھانىددىن خوجا «خانلىقى» زامانىسىغىچە سوزۇلغان جاھالەتلىك زامان (پەۋقۇلئاددە زۇلمەتلىك قاراڭغۇ زامان) ئالاھىدىلىكى بىلەن خاراكتېرلەش لازىمدۇر. بۇ خىل سەلبىي ئاقىۋەتنىڭ تۈپ مەنبەسى ـــ پەقەت خوجا مەخدۇم ئەزەم «دىنىي» ئىددىيەسىنىڭ يەنى ئىشانلىق ئىدىيەسىنىڭ مەڭگۈ زىددىيەتلىك كۆرەش چارىسى يەنى قوش تارماقلىق، كۆپ خىل «دىنىي» ئاقىۋەتلەر پەيدا قىلغان قەبىھ كۆرەش تاكتىكىسى (ئافاق خوجىنىڭ «ئاق تاغلىق»چىلىق كۆرەش چارىسى بىلەن دانىيال خوجىنىڭ «قارا تاغلىق»چىلىق كۆرەش چارىسى)دىن ھاسىل بولغان مەنبەدۇر. بۇ خىل مەنبەنىڭ ئەينى زامان جەمئىيىتىدىكى شەكلى ـ ئىپادىلىرى توغرىسىدا 19 ـ ئەسىردە ياشاپ ئىجاد قىلغان مەشھۇر ئۆلىما ۋە ئاتاقلىق تارىخچى موللا مۇسا سايرامى مۇنداق يازغاندۇر: «... گەرچە ئۇلار بىر مەزھەپ بولسىمۇ، لېكىن ئىككى پىرقە ھەتتا بىرقانچە تائىپەلەرگە بۆلۈنۈپ، بىر ـ بىرىگە ھەسەت ۋە ئاداۋەت قىلىشىپ، بىر تائىپە بىر سەئىدكە ئىناۋەت، ئىتائەت قىلىشىپ، يەنە بىر سەئىدكە ئىنكار ۋە ئاداۋەت كۆرسىتىپ ئۆزىگە ‹ئاق تاغلىق› ياكى ‹قارا تاغلىق› دەپ ئات قويۇپ، ئۆزلىرىنى ھالاكەت ۋە زاۋالەتكە سېلىپ، ئىتتىپاقسىزلىق قىلىپ بۇ يۇرتلارنى ۋە يۇرت ئادەملىرىنى قالماق ياكى خىتايغا (مانجۇلارغا دېمەكچى ـــ ئا) تەۋە قىلىپ بېرىپتۇ. ھەتتا بۇنداق ئەقىدە ۋە نالايىق ئىشلارنى ئۆزلىرىگە لايىق ۋە مۇناسىپ كۆرۈپ، بۇ ئىشلارنىڭ يامان ۋە شۇملۇقىنى ئايرىپ ئالالماپتۇ. بەلكى بۇ خىل جاھىل، ۋاپاسىز، مەككار سوپىلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ قىلغان قىلمىشلىرىدىن ھايا ۋەياكى نومۇس قىلماپتۇ...» («تارىخىي ھەمىدىيە» 141 ـ بەت).

ئەزەلدىن مۇكەممەل مىللىي ئەنئەنىلىرى بىلەن شۆھرەتلىنىپ كەلگەن ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ بۇ خىل سەلبىي قىسمەت ئاقىۋەتلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن ۋە داۋام ئەتكۈزگەن يۇقىرىقى قوش قىياپەتلىك «خان»، «پادىشاھ» غوجىلارنىڭ ۋە ئۇلار بەرپا قىلىشقان ھەر خىل «دىنىي ھاكىمىيەت»، «خان»لىق، «پادىشاھ»لىقلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى تارىخىمىزدا ئۆز نەپسى شۆھرەتلىرى ئۈچۈن: 1) مۇسۇلمان ئەجدادلىرىمىزغا ئەمەس، نامۇسۇلمان جۇڭغار، مانجۇ زالىم ھۆكۈمرانلىرىغا ئېتىقاد باغلىغان، خىزمەت كۆرسەتكەن، ئۇلار ئۈچۈن جان كۆيدۈرگەن؛ 2) تارىخىمىزدا قانخور، ئىستىبدات كۈچلەرنىڭ قانلىرىنى ئەمەس، شۇلارنىڭ پايدىلىرى ھېسابىغا سانسىزلىغان پاك دىل، ئىسلامغا سادىق، مۆمىن، گۇناھسىز مۇسۇلمان ئەجدادلىرىمىزنىڭ پاك قانلىرىنى تۆككەن، ھاياتىنى خارۇزار قىلغان، قىسمىتىنى قۇللۇققا باغلاپ بەرگەن؛ 3) يۇرت ـ ماكانلىرىمىزنىڭ، مىللەت ۋە خەلقىمىزنىڭ ئومۇمىي تەقدىرى ـ قىسمەتلىرىنى، ئىسلام دىنى، مىللىي مەدەنىيىتىمىزنى، مىللىي بارلىقىمىزنى پاجىئەلىك كەچۈرمىشلەرگە دۇچار قىلغان (بۇزغان، خاراب قىلغان، شۇلارنىڭ مەنپەئەتلىرىگە قۇربان قىلىپ بېرىشكەن).

قىسقىسى بەزى تارىخىي مەنبەلەردە تەكىتلەنگەندەك: ئەجدادلىرىمىزنى خان ـ خوجاملاردىن دۇئا ئېلىپ، قالماق ـ مانجۇلارغا سالام بېرىپ، «پىر»، «سەئىد»لەرگە سەدىقە، پىتىر تارقىتىپ، قالماق... مانجۇلارغا يەر تېرىپ، مال بېقىپ، «قالماققا بۆز، مانجۇغا سۆز قىلىپ» (قالماقلارغا رەخت توقۇپ تون كىيدۈرۈپ، مانجۇلارنىڭ دىگىنىگە كىرىپ، ئەلۋەتتە)، «ئىبادەت» تىلا ئۆرە، بويسۇنۇشتا يۈكۈنۈپ، زالىم كۈلسە كۈلۈپ، يىغلىسا يىغلاپ، بۇيرۇغانغا مېڭىپ بەرگەنگە شۈكرى قىلىپ تۇرۇشىدىغان بالايى ـ ئاپەتلىك تەقدىرگە گىرىپتار قىلىشقانلىقلىرى ئۈچۈن، بىز ئۇلارنى ھەقلىق ھالدا تارىخىمىزنىڭ كەچۈرگۈسىز جىنايەتچىلىرى — كونا جەسەت (مەخدۇم ئەزەم جەسىتى)دىن كۆكلىگەن يېڭى شۇمبۇـ

يىلار ياكى مىراسخور گېزەندىلەر دەپ تەرىپلەيمىز. بولۇپمۇ ئۇلار نىڭ ئىچىدە 17 ـ، 18 ـ ۋە 19 ـ ئەسىر داۋا ـدا بىزگە «خان»، «پادىشاھ»لىق قىلىشقان ئافاق خوجا («خان»لىق دەۋرى 1678 ـ يىلىدىن 1694 ـ يىلىغىچە 16 يىل)، دانىيال خوجا (چىقىپ ـ چۇشۇپ تەپكى «خان»لىق قىلغان دەۋرى 1697 ـ يىلىدىن 1734 ـ يىلىغىچە 37 يىل)، ياقۇپ خوجا (جاھان خوجا)، يۇسۇپ خوجا، ئەييۇپ خوجا، ئابدۇللا خوجا كىچىك («خان»لىق دەۋرى — (1734 ـ يىلىدىن 1745 ـ يىلىغىچە 11 يىل)، بۇرھانىددىن خوجا — (ئۇنىڭ تەپكى «خان»لىق قىلغان دەۋرى 1757 ـ يىلىدىن 1760 ـ يىلىغىچە 4 يىل)، ۋەلىخان خوجا ( چىقىپ ـ چۇشۇپ «خان»لىق قىلغان، «غازات» ئاچقان چاغلىرى 1865 ـ يىلىدىن 1866 ـ يىلىغىچە ئاز كەم 2 يىل) قاتارلىق «خان»، «پادىشاھ»لارنىڭ نىقابى بىلەن «ھاكىمىيەت» تۈرەلمىلىرى زادى قانداق نېمىدى؟ مېنىڭچە، ئۇلارنىڭ نىقابىنى دىنىي مەزھەپ دېگەندىن كۆرە سىياسىي گۇرۇھ، سىياسىي سەپ دېگەن تۈزۈكرەك. ئۇلارنىڭ «ھاكىمىيەت»لىرىنى بولسا، تارىخىمىزدا ئۆتكەن مىللىي ھاكىمىيەتلەر تۈركۈملىرىدىن ئەمەس، تەپرىقە «ھاكىمىيەت»لەر قاتارىدىن تونۇشقا توغرا كېلىدۇ. «ھاكىمىيەت» تۈرۈلمىلىرىدا خوجا ـ ئىشانلار «خان»لىق باشقۇرۇش ئىدىيەسى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈلگەن، «تەردەقەت» — سوپىلىق ساھەسىدە ھەرقايسى جايلار (تۆۋەندىن يۇقىرىغىچە بولغان بارلىق جايلار)نىڭ ھەممە دىن، ھاكىمىيەت، سىياسەت، ئىجتىمائىي... ھوقۇقلىرى «خان»، «پادىشاھ» خوجىلارنىڭ «مۇرىت»، «سوپى»لىرى قوللىرىغا مەركەزلەشكەن، ئۇلارنىڭ ئورۇنلىرى يەرلىك مۆتىۋەرلەردىن، جامائەت چوڭلىرىدىن، مەمۇرىي مۇلازىملاردىن يۇقىرى قويۇلغان، ھېچقانداق كونكرېت تەشكىلىي سىستېمىسى بولمىغان، ئۆز بېشىمچىلىق، زۇلۇم چېكىدىن ئاشقان، «دىنىي تەرىقەت بىلەن ھاكىمىيەت»، «دىن» بىلەن سىياسەت بىرىكىپ، مۇكەممەل جاھالەت ئىستىبداتلىقىنى شەكىللەندۈرگەن. دېمەك، بۇ خىل قاراڭغۇ «ھاكىمىيەت»لەرنى قانداقمۇ تارى-

خىمىزدىكى مىللىي ھاكىمىيەتلەر بىلەن بىر قاتارغا قويغىلى بولسۇن؟

بەزىبىر خوجا ـ ئىشان خۇشامەتچىلىكى بىلەن «شۆھرەت»لىنىپ كەلگەن، يالغانچى مۇئەللىپلەر بىلەن يەنە باشقا بەزىبىر سوپى كاتىپلار ئۇلارنىڭ تارىختىكى «خاسىيەت»، «ماھارەت» ۋە «خىسلەت»لىرى (ئەمەلىيەتتە خۇنخورلۇق قىلمىش ئۇسۇللىرى، ئەلۋەتتە) توغرىسىدا ئالاھىدە توختىلىپ، قانداقتۇر ئۇلار «... ئاللا تائالا ئىككىلا ئالەملىك زىرەك، دانالىق خىسلىتىنى ئاتا قىلغان»، «قۇدرەتلىرى ئالەمگە تەڭ»، «قۇۋۋەتلىرى چەكسىز»، «پۈتۈن ئالەمنىڭ سېھرىي ـ ھېكمەتلىرىگە مۇئەككىل»، «كارامەت كاتىبىن» (پۈتۈن كارامەتلەرنىڭ دەپتەردارى ـــ ئا)، «بىر دۇئا بىلەن ئاسمان ـ زېمىننى زىلزىلىگە سالالايدىغان، بىر قارغىش بىلەن ئادەمنى جىن ـ ئالۋاستىغا، جىن ـ ئالۋاستىنى ئادەمگە سۈرىتى مۇبەددەل قىلىپ تاشلايدىغان... ئۆزلىرىگە بەنت قىلىپ قويالايدىغان، نەزەرلىرىدىن ئۆتۈپ، دۇئا ئېلىپ، كارامەتلىرىگە تەن بېرىپ تۇرۇش شەرت بولغان ئۇلۇغلاردىن ئىدى...» دەپ يالغان «خاسىيەتنامە»لەرنى پەيدا قىلىشقان ۋە قىلىشماقتا.

پاھ، بۇ نېمىدېگەن تەڭداشسىز «خاسىيەت»، نېمىدېگەن «ئۇلۇغ»لۇق ـ ھە؟ تارىختا پەقەت ئۆزىنىڭلا پىكىر ـ خىيالىنى چىقىش قىلغان، ئۇنىڭ قىممىتى توغرىسىدىكى مەسىلىنى ھەل قىلىشنى تارىخ ھۆكۈمىگە تاپشۇرۇشنى رەت قىلغۇچى، پەۋقۇلئاددە قارام بەدنىيەت، «ۋەھدە تۇل ۋۇجۇد» (ئاللا بىلەن ۋۇجۇدى بىر، ۋۇجۇدى بىرلىكتە بولغۇچى ـــ ئا)لۇقنى دەۋا قىلىشىدىغان، غايە دېگەن نەرسە يوق، چىرىكلىشىپ ۋىجدانىنى، ئىمانىنى يوقاتقان، ئورۇن، شۆھرەت، بايلىقنى «ئىمان»، «ۋىجدان» قىلغان، ئۆزلىرىنى تارىختا «مەڭگۈ خاتالىق ئۆتكۈزمەيدىغان ئەۋلىيا» دەپ بىلىشىپ ئالەمدىن كەتكەن بۇ خىل قارابىس شەخسلەرنى يۇقىرىقىدەك پەردازلاپ تەرىپلەش مېنىڭچە، قارا يۈزلۈك، خۇشامەتنى ئېتىقاد مەنبەسى قىلغانلىقتۇر. بۇ دەل «ئىت ئۆزىنىڭ خوجايىنىنى ئۆزد-

نىڭ خۇداسى دەپ بىلىدۇ، بۇ خوجايىن بولسا ئەڭ رەزىل ئادەم بولۇشىمۇ مۇمكىن» دېگەن سۆزنى مىساللىغانلىقتۇر. تارىخنىڭ رېئال جەريانلىرىدىن بىز ئۇلارنى: راستىنلا ئۆزلىرىنى بۇ ئالەمدە بىلمەيدىغانلىرى يوق، ھەممىنى ئېنىق كۆرۈپ، بىلىپ تۇرالايدىغان، بارلىق ئىنسانلارنىڭ مەقسەت ـ مۇددىئالىرىغا ۋەكىللىك قىلالايدىغان، قوللىرىدىن ھەرقانداق ۋە ھەممە ئىش كېلىدىغان، ئىنسانچىلىقى غۇبارسىز، ھەرىكەتلىرىدە قىلچە سەھۋە ـ خاتالىق «كۆرۈلمەيدىغان»، ئۆز قارىشىدىن باشقا بارلىق قاراشلارنىڭ ھەممىسىنى رەت قىلىشنى ئادەت قىلغانلار... دېگەندەك سۈنئىي سۈپەتلەر بىلەن پەرداز قىلىشقان، بوينى قاتتىقلىقى ۋە مۇستەبىتلىكىدىن نىيىتى ئۆزلىرىنىڭ نىيىتى بىلەن بىر ئەمەسلىكى سېزىلگەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە زوراۋانلىق، ئەجەل يەتكۈزۈپ تۇرىدىغان پەۋقۇلئاددە ئۇستات، ھىيلە ـ مىكىرلەرگە كامىل، مەككار، جاھىل، يالغان دىنچى، يالغان تەرىقەتچى مەلئۇن بەدنىيەتچىلەر قاتارىدىن قارىلايمىز. بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىش زۆرۈركى، ئۇلار گۈللەنگەن سوپىزم ئەقىدىسىنى ئۆز مەنپەئەتىگە بويسۇندۇرۇپ پايدىلانغان يالغان «دىن»دارلاردۇر. ئۇلارنى قانداقمۇ ئىسلام دىنىنىڭ سوپىلىق مەزھىبىگە ۋارىسلىق قىلىدىغان، ئۇنى قوغدايدىغان ھەقىقىي دىندار سوپى، ھەقىقىي دىندار ئىشان دېگىلى بولسۇن!؟ بۇ يەردە ھازىرغىچىلىك مۇشۇ خىل ئېتىقادنىڭ نېمىلىكىنى بىلەلمەي يۈرگەن تىجمەل سوپى ـ زاھىد تەقسىرلەرگە ۋە ئۇلارنىڭ ھېسداشلىرىغا سوپىلىق ئېتىقادىنىڭ ئەسلىي ماھىيىتىنى يەنە بىر قېتىم تۆۋەندىكىچە ئىزاھلاپ بېرىشكە توغرا كېلىۋاتىدۇ، ئەلۋەتتە.

«سوپى ـ دەرۋىشلىك دېگەن نېمە؟ دەرۋىش (ئىشانلىق ئېتىقادىدىكىلەر ـــ ئا) شۇنداق كىشىدۇركى، ئۇ مۇجەررەت (يالىڭاچ ـــ ئا) بولىدۇ. يەنى دۇنيالىقتىن ھېچنەرسىسى بولمايدۇ... دۇنيا ئىشلىرىدىن ‹تەجرىد› يەنى دۇنيانىڭ لەززىتىدىن، مال ـ مۈلكىدىن قولىنى تارتىدۇ. ‹تەستىق› يەنى تەڭرىگە رازى بولۇپ بويسۇنىدۇ ۋە

ھەقتائالا يولىدا دۇنيادىن ئۇزۇلۇپ تەنھا ۋە يوقسۇل ئۆتىدۇ. ھەقىقىي سوپى ـ دەرۋىش شۇدۇركى: پالانى مەندىن ئارتۇق بولامدۇ؟ دەپ قەلبىدە ھەسەت، كۇندەشلىك، مەنمەنلىك قىلمايدۇ. ئۇنىڭ ھالى دۇنيا لەززەتلىرىدىن، راھىتىدىن كېچىپ ئۆزىنى تەڭرىگە تاپشۇرۇشتا ۋە يەككە ـ يېگانە ئاللادىن ئىبارەت مەھبۇب ئىشقىدا كېچە ـ كۇندۇز يېنىپ، ساداقەت بىلەن ھايات ئۆتكۇزۇشتە. ھەقىقىي سوپى ـ دەرۋىش ھېچنەرسىگە ئىگىلىك نەزەرى بىلەن قارىمايدۇ، خەلققە نىسبەتەن گۇمان، خاتا پىكىردە بولمايدۇ، ھەر نەرسىگە ئادىل، توغرا قارايدۇ. شۇنداق بولغاچقا دانىشمەنلەر ئۇلارغا مۇنداق مۇراجەت قىلىدۇ: ھەرقاچان خۇدانىڭ رازىلىقىنى ۋە ۋىسالىنى ئىزلىسۇن، تەڭرىنىڭ ئەمرىنى تۇتسۇن، شەرىئەتكە تەۋە بولسۇن، دىلى ۋە تىلى پاك بولسۇن، كىشىگە تەئەددى ۋە زىيان ـ زەخمەت يەتكۇزمىسۇن، كىيىملىرىنى ئۆزى يۇيۇپ كىيسۇن، ئۇلار نائىنى ياخشى كۆرگەي. خەلق يىغىنلىرى ـ مەجلىسلەرگە بارسا نەدە ئولتۇرۇن بولسا شۇ يەردە ئولتۇرغاي. ھەر ئىشنى قىلسا، خەلق ئالدىدا ئاشكارە قىلغاي، بىر كىشىنىڭ خاتالىقى بولسا ھاقارەت قىلىپ سۆكمىگەي. مەجلىسلەردە تولاپ گەپ قىلمىغاي... خىيانەتكارلىق، مۇناپىقلىقتىن ئۆزۇڭنى ساقلىغايسەن، كۆزۇڭنى، تىلىڭنى ۋە قولۇڭنى ھارامنى كۆرۇشتىن، سۆزلەشتىن، تۇتۇشتىن ساقلىغايسەن...»

ــــ («قابۇسنامە» دىن)

## «تەنەپپۇسلۇق سوۋغىلار» دىن

«... قانىماقلارنىڭ ياردىمى ئاستىدا خوجاملارنىڭ دۆلەت چىرىغى يانغان زاماندىن باشلاپ، بۇ خوجاملار بەزىدە تەرىقەتنىڭ زىكىر ۋە پىكىر يولى بىلەن ئىبادەت قىلىپ ئاللادىن مەدەت تىلەشكە شۇغۇللانسا، بەزىدە ئەيشى ـ ئىشرەت، نەغمە ـ ناۋا ۋە چاي ـ بەزمە قىلىپ، تەپسىپەرۋەرلىككە شۇغۇللىنىپ كەتكەنلىكى ئۇچۇن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يۇقىرا ۋە خالايىقنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر ئالمايتتى... خۇددى ئاچ بۆرە شەكلىگە كىرىپ، بۆرە قويغا چاپقاندەك پۇقرالارنىڭ مال ـ مۈلكىگە، ھەتتا ئۇلارنىڭ جان ـ ئىمانىغا قاتتىق زۇلۇم سېلىشقا باشلىدى... پۇقرالارنىڭ ئەھۋالى خاراب ۋە ۋەيرانچىلىققا يۈزلەندى. ھەتتا ئۇلار ئۆي ـ ماكانلىرىدا ئارام ئالالماي ۋە تۇرالماي جاڭگال، جەزىرىلەرگە قېچىپ كېتىپ، كۆن ئۆتكۈزىدىغان دەرىجىگە يەتتى. كېچىلىرى ئۆيلەرگە مەخپىي كېلىپ، تاپقانلىرىنى غىزا ـ تاماق قىلىپ يەپ، قازان ـ تاۋاقلىرىنى ساقلىماي، بۇلاق ۋە چوڭقۇر يەرلەرگە تاشلاپ، كىشىگە ئەسلا كۆرۈنمەي، جېنىنى ساقلايدىغان بولدى. يۇرتدارچىلىق ئىشلىرىدىن تاقەتلىرى تاق بولۇپ، چىداشقا ھېچ دەرمانلىرى قالمىدى... ئەنجان تەرەپتىن خوجاملار كەلسە، ئاق تاغلىقلارنىڭ جاھان ئاپتىپى چىققاندەك بولۇپ خۇشال ـ خۇرام بولۇپ كېتەتتى. قارا تاغلىقلار بولسا، بېيجىڭدىكى خوجاملارغا نەزىر ـ ھەدىيە ئەۋەتىپ مەدەت تىلەيدىغاندى...»

—(«تارىخىي ھەممىدىيە» 142 — 143 ـ بەتلەر)

يۇقىرىدا تەرىپلىرى تەكىتلەنگەن خوجا ـ ئىشان «خان»، «پادىشاھ»لار قۇرغان، پەيدا قىلىشقان ئاتالمىش «خانلىق»، «پادىشاھلىق»لارنى بولسا، ئەمەلىيەتتە سىياسىي جاھالەتچىلىكى تازا راۋاج تاپقان، كۆچەيگەن، قوش خوجايىنلىق «خان» خوجام، «پادىشاھ خوجام»لارنىڭ ھۆكۈمرانلىق خورىكى تازا ئۆسۈپ كەتكەن، دۇنيا ـ دەپىنلىرى نىسابىدىن ئېشىپ كەتكەن، «شۆھرەتلىرى» دۇنياغا يېيىلغان — خۇددى ھۆرمەتلىك ئەدىب ـ ۋەقەشۇناس مامۇت ئىسلام ئۆزىنىڭ «بەلەن» گەپلىرىدە تەكىتلىگەندەك «دەۋزىخلەر خانلىقى»، «چايان قىسماق»، «قارا ھاكىمىيەت»، «قالماق ھاكىمىيەت»... لەر («خان»، «پادىشاھ»لىقلار — ئا) قاتارىدىن ئاتاش، كۆزىنىش توغرا كېلىدۇ. «خان»، «پادىشاھ»لار ۋە ئۇلارنىڭ قول ـ قاناتلىرى چەكسىز ئىمتىياز، ھوقۇق ئىگىلىگەن، مۇسۇلمانلارنىڭ نازارەتلىرىگە ئۇچرىمايدىغان، مۇتلەق توغرا بولۇش تۇيغۇسى،

ھەممىدىن ئۇستۈن تۇرۇش تۇيغۇسى، خالىغاننى قىلىش تۇيغۇسى، ئۆزلىرىنى پەۋقۇلئاددە يوغان تۇتۇش تۇيغۇسى... دېكى ھارامخور كىشىلەر ئۇيۇشمىسىدۇر. بۇنداق «ھاكىمىيەت»لەر بىزنىڭ تەقدىرىمىزنىڭ تارىختىكى نەس ئىسكەنجىلىرىدۇر. ئەمەلدار بولۇپ بايلىق توپلاش، دۆئا بىلەن «خان» بولۇش، جاھان سوراش، قولغا كەلگىنىنى ھالال بىلىش، ھوقۇقتىن پايدىلىنىش، بىر ـ بىرىگە پايدا يەتكۈزۈش، بىر ـ بىرىدىن نەپ ئېلىپ ھوقۇقنى بايلىققا ئۆزگەرتىش ۋە ھوقۇق بىلەن بايلىقنى بىر بىلىش... كە زوقمەن بولۇپ كەتكەن ئالامانلاردۇر. «ئۇلۇغ» لۇقتا دەخلىسىز بۇ خىل «پىر»زادىلەر قۇراشتۇرغان بۇنداق «ھاكىمىيەت»لەرنى بىز تارىخىمىزدىكى «مىللىي ھاكىمىيەت» لەر تۈركۈمى سۈپىتىدە زادىلا ئېتىراپ قىلالمايمىز، بەلكى قالماق ـ مانجۇ ئىستىبداتلىرى پەيدا قىلغان «قورچاق» — ساتقۇن «ھاكىمىيەت»لەر قاتارىدىن تونۇيمىز.

### «تەنەپپۇسلۇق سوۋغىلار»دىن

بىر ئادالەتسىز پادىشاھ تەقۋادار كىشىدىن سورىدى: خۇداغا قايسى ئىبادەتنى قىلغان ياخشى؟

تەقۋادار جاۋاب بەردى: ساڭا چۈشكىچە ئۇخلاش ھەممە ئىبادەتتىن ياخشى. چۈنكى شۇڭغىچىلىك خەلق سېنىڭ ئازابىڭدىن ساقلىنىپ قالىدۇ.

* * *

... ھوجىجاج (كىشى ئىسمى — ئا) ئۇنى قېشىغا چاقىرتىپ دېدى: ماڭا ياخشى بىر دۇئا قىلىپ قويساڭچۇ!

دەرۋىش دېدى: خۇدا ئۇنىڭ جېنىنى ئالغىن.

ھوجىجاج چۆچۈپ سورىدى: خۇدا ھەققى بۇ قانداق دۇئا؟

دەرۋىش دېدى: بۇ سەن ئۈچۈن ۋە بارلىق مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ياخشى دۇئا.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەي زالىم يېتەر خەلققە ئازارىڭ،
قاچانغىچە قايىنار بۇ بازارىڭ؟!
سەلتەنەت سۈرمەك نە كېرەك ساڭا،
خەلقنى ئەزگەندىن ئۆلگىنىڭ ئەلا!

— شەيخ سەئىدى

* * *

ئالۋاستىلار ھەمىشە ئىنسانلارنى يورۇقلۇق پەرىشتىلىرى قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ ئېزىقتۇرىدۇ.

— شېكىسپىر

**(2) تارىخىمىزدىكى پاي - پەتەك خوجىلار توغرىسىدا**

ناۋادا پاشاش خارلىنىش ۋە ھاقارەتلىنىش بەدىلىگە كەلسە، ئۇ ھالدا ئۆلۈش بۇنداق ياشاشتىن كۆپ پاك ۋە يۈكسەكتۇر.

— سۇخۇملىنسكى

ئىنسان ئۈچۈن تاج كىيمەك شەرت ئەمەس، لېكىن بومۇش، ۋىجدان ئىگىسى بولۇش شەرت!

— نەۋايى

خوجا - ئىشانلار پەيدا قىلغان يۈقىرىقىدەك سىياسىي «ھاكىمىيەت»لەر (مىراسخور گېزەندىلەر تەپكە «ھاكىمىيەت»لىرى)نىڭ كېيىنكى باسقۇچلۇق جەريانلىرىنى، ئومۇمەن مىلادىيە 1760 - يىللاردىن يەنى خوجا - ئىشانلار «خان»، «پادىشاھ»لىقلىرى تۈگەشكەن، جەمئىيەت ۋەزىيىتى، جەمئىيەتنىڭ ھاكىمىيەت تەقدىرى تۈپتىن ئالماشقان ياكى يەڭگۈشلەنگەن 2 - باسقۇچلۇق تارىخىي زامانلار قاتارىدىن خاراكتېرلەش توغرا كېلىدۇ. بۇ: 1) خەلق قىسمىتى پەۋقۇلئاددە بېقىندىلىق، قوش قاتلاملىق زۇلۇم، ئېزىلىش، يەنىمۇ ئىجتىمائىيلاشقان جاھالەت زوراۋانلىقى، قاششاقلىق، نادانلىق، قالاقلىق ئىچىدە قالغان؛ 2) يۇرتىمىزنىڭ قىسمىتى مۇن-

قەرزلىككە يۈزلەنگەن، جاھالەت تۇمانلىرى «ئوردا»، «خانىقا»، «مېھراب»، «ھۇجرا»لاردىن، «ئۇلۇغ سەئىد»لەرنىڭ تۇرالغۇ جاي، «خاسىيەتلىك»، «تىلاۋەت»خانىلىرىدىن چىقىپ جەمئىيەتكە جەمئىيەت «ئوزۇقى»، جەمئىيەت «ئاب ھاۋاسى» سۈپىتىدە يامرىغان؛ 3) ئىلگىرىكى «پاشا خوجام»، «خان خوجام»لارنىڭ ئورنى مانجۇ «خان»، «پادىشاھ»لار ئوردىلىرىنىڭ ئىككىنچى، ئۈچىنچىدىن تۆۋەن پەلەمپەيلىرى بولۇپ بېرىدىغان «ۋاڭ خوجام»، «ۋاڭ بېگىم»... لەر يەنى ئەمەلدار مانجۇ تائىپەلىرىچە كېيىنگەن، ئىسكەت ـ سالاپەت تۈزگەن، مانجۇ ھاكىمىيەتلىرىنىڭ ئىمتىياز، ھوقۇق بەلگىلىرىنى تەۋەررۈك تۇمار ھېسابلاپ بويۇنلىرىغا تاقاشقان، مۇسۇلمان گەۋدىسى بىلەن مانجۇچە ياشاش ئىزىغا چۈشكەن (زامانغا باققان ياللانما سوپى ـ ئىشانلار ھالىغا چۈشكەن) زاماندۇر. دېمەك، ئۇ زامان — ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ «تەقۋادار»لىقى (مۇسۇلمانچە «ئىستىل»، مۇسۇلمانچە «تۇرمۇش»، مۇسۇلمانچە «ئىلتىجا ـ تەكەللۇپ، تەزىم» يۈسۈنلىرى)نى ئەمەلدار مانجۇ تائىپەلەر ئالدىلىرىدا بىچارىلىك كۆرسىتىپ، قۇللۇق ئىما ـ ئىشارەت، لەۋزى ـ تەلەپپۇزلىرى بىلەن ئىپگىلىپ، قول تىرەپ تىزلىنىپ، قاپاقتا قاراپ ئۆڭ ـ چىراي ئېلىپ، نجىس تاپانغا باش قويۇپ، ئەمىرگە دەل، ئىشارەتكە باب تۇرۇشنى «خىسلەت» قىلىشقان، مۇسۇلمانغا جاللات، مانجۇلارغا قۇللۇق قىلىشنى كەسپىي بەرىكەت بىلىشىدىغان پاي ـ پەتەك «ۋاڭ خوجام»، «ۋاڭ بېگىم»لەرنىڭ بىزنىڭ تارىخىمىزدىكى تۈنجى تۈركۈملىرى پەيدا بولغان زاماندۇر. تارىخىمىزدا ئۆتكەن بارلىق «ۋاڭ»، «گوڭ»، «بەيسى»، «تەيجى» — «جۇڭزا ئوتتۇغاتلىق ئۇلۇغلار»نىڭ ھەممىسىلا بىزگە «ئۇلۇغ دىندار» خوجا ـ ئىشانلىرىمىزنىڭ نەسەبلىرىدىن ئايرىدە بولغان دېيىشىمىزنىڭ تارىخىي سەۋەبىمۇ ئەنە شۇ يەردە.

## «تەنەپۇسلۇق سووۇغىلار»دىن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

كىشىلەر قارا قۇلاقتىن سورىدى: سەن نېمە سەۋەبتىن شىرغا يېقىنلىشىشنى ئىختىيار قىلدىڭ؟ ئۇ جاۋاب بەردى: شۇ سەۋەبتىنكى، ئۇنىڭ ئوۋلىغان نەرسىلىرىنىڭ ئاشقان - تاشقىنىنى يەيمەن. ئۇنىڭ ھەيۋەتلىك پاناھىدا دۈشمەنلىرىمنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلىنىپ تىرىكچىلىك قىلىمەن.

كىشىلەر يەنە سوراشتى: سەن ئۇنىڭ ھىمايىسى ئاستىغا كىرىۋېلىپ، نېمەتلىرىگە شۈكرى ئېيتىشنى ئېتىراپ قىلىدىكەنسەنۇ، نېمىشقا ئۇنىڭ قېشىغا يېقىن بارالمايسەن؟ ئۇ سېنى يېقىن كىشىلىرىنىڭ قاتارىغا كىرگۈزۈپ، سادىق قۇللىرىدىن ھېسابلىماسمىدى؟

قارا قۇلاق دېدى: ئۇنىڭ قەھرى غەزىپىدىنمۇ ئەمىن ئەمەسمەن...»

* * *

پەسكەش، ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان، رەزىل ۋە تۇزكور ئادەم شۇكى؛ ئەھۋالدا ئازغىنا ئۆزگىرىش بولغاندا بۇرۇنقى خوجايىنىدىن يۈز ئۆرۈپ، ئۇزۇن يىللىق نېمەتلىرىنىڭ ھەققىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ.

— «گۈلىستان»دىن

## 2) «دۇئا»غا چۈشكەن تەقدىر

بىز ئەزەلدىن سۈننىي مەزھىبىنىڭ ئىمامى ئەزەم ئەبۇ ھەنىپىنىڭ ئەنئەنىچىلەر مەزھىبىگە يەنى «ھەنىپىيە» مەزھىبىگە ئېتىقاد قىلىپ ۋە شۇ مەزھەبنىڭ دىنىي پىرىنسىپ، قائىدە - يوسۇن، مۇراسىم، ئادەتلىرى بويىچە مۇسۇلمانچىلىق قىلىپ كەلگەن ۋە كەلمەكتىمىز. بۇ مەزھەبنىڭ ئاساسىي پىرىنسىپلىرى شۇكى:

1) قۇرئان كەرىمگە، ھەدىس شەرىپكە ئىشىنىش ۋە ئۇنى بەجا كەلتۈرۈش؛ 2) ئىسلام دىنىنىڭ پۈتۈن تۈزۈملىرىگە، نىزاملىرىغا

تولۇق ئىشەنچ بىلەن بويسۇنۇش؛ 3) ئىماننى تىلى ۋە دىلى بىلەن ئىقرار قىلىش؛ 4) ئىشەنگىننى ھەرقانداق پايدا ـ زىيانغا قارىماي ئاللانىڭ كالامىدا كۆرسىتىلگىنى بويىچە بەجا كەلتۈرۈش؛ 5) شە ـ رىئەتكە ۋە مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا مۇناسىۋەت قۇرۇش توغرىسى ـ دىكى قارارلارغا تولۇق رىئايە قىلىش؛ 6) ئىسلام دىنىنىڭ خۇداغا، پەيغەمبەرگە، ئاخىرەتكە، قىيامەت كۈنىگە، (مالائىكىلەر)گە، ئاللا تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن كىتابلار (تەۋرات، زەبۇر، ئىنجىل، قۇر ـ ئان)غا ۋە بۇ كىتابلارنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش، ئەمما قۇر ـ ئاندىن ئاۋۋال چۈشۈرۈلگەن ئۈچ كىتابتا نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەر بو ـ لۇپ، ئەسلىي نۇسخىلىرى يوقاپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن قۇرئان ھەم ـ مىنىڭ يىغىندىسى، ئەڭ مېغىزى، ئەڭ مۇكەممىلى سۈپىتىدە چۈ ـ شۈرۈلگەن دەپ قاراش؛ 7) مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ باشقا پەي ـ غەمبەرلەردىن مۇكەممەل، ئۈستۈن ۋە خاتىمىسى ئىكەنلىكىگە ئى ـ شىنىشتىن ئىبارەتتۇر. بۇ خىل پىرىنسىپلارنىڭ مۇسۇلمانلار دى ـ نىي تۇرمۇشى ۋە دىنىي مەجبۇرىيەتلىرىدە ئەمەلىي جارى بولۇش ـ ئىپادىلىنىش مىزان ـ ئۆلچىمى — «شەرىئەت» (دىنىي قائى ـ دە)تۇر. شەرىئەت بويىچە مۇسۇلمانلار ئومۇمەن ئىمان ئېيتىش، نا ـ ماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، ھەج قىلىش، ئۆشرە ـ زاكات بېرىش قا ـ تارلىق «بەش پەرز» نى ئادا قىلىش — مۇسۇلمانچىلىقنىڭ يۇقىرى ـ قى ئۆلچەملىرىنى ئادا قىلغانلىق بولىدۇ. «شەرىئەت» پىرىنسىپ ـ لىرىدا يەنە: مۇسۇلمان شەخسىنىڭ سالامەتلىكى، مالىيە ئەھۋالى، مۇھىتىنىڭ سىياسىي خاراكتېرىمۇ نەزەردە تۇتۇلغان. مەسىلەن، يولى يوق ياكى باشقا سەۋەبلەر بىلەن قۇربانلىق قىلالمىغانلار، ھەج قىلالمىغانلار، سالامەتلىك ۋە باشقا ھادىسىلەر بىلەن ناماز ئوقۇيال ـ مىغان، روزا تۇتالمىغانلار ئوخشاشلا مۇسۇلمانچىلىق شەرتىنى ئادا قىلغانلىق بولىدىغانلىقى قەيت قىلىنغان. دېمەك، ئىسلامدىكى تۈپ ئەقىدىنى — ئاللاغا ئېتىقاد قىلىش، پەرىشتىلەرگە ئېتىقاد قى ـ لىش، قۇرئانغا ئېتىقاد قىلىش، ئاللانىڭ ئەلچىسى خاس مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئېتىقاد قىلىش، ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، ئۆ ـ

www.uyghurkitap.com

مۇر بويى پاك دىل بولۇپ، جەمئىيەتكە ۋە ئىنتايىن كۆپ ساندىكى مۇسۇلمان بەندىلەرگە پايدىلىق ئىشلارنى قىلىش، مۇسۇلمان مۇسۇلمان ئاممىسى ئۈچۈن، خۇدالىق ئۈچۈن سەممىي، پاك مۇئامىلىدە بولۇش ۋە ئىشلەش دېگەن مەزمۇنغا يەكۈنلەش مۇمكىندۇر.

ئىسلامنىڭ تۈپ ئۇقۇم، پىرىنسىپلىرى ئەنە شۇنداق ئىكەن، ئۇنداقتا ئىسلامغا سادىق ھەربىر ھەقىقىي مۇسۇلمان ئۆزلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقادلىرىدىكى دىنىي ئىرىم (دىنىي روھىي رەھمىيەت، دىنىي تىلەك) ۋە دىنىي ئىبادەت شەكىللىرى ھېسابلىنىدىغان دۇئانىمۇ شۇ مەنىدىن ئادا قىلىشلىرى شەرتتۇر.

دېمەك، مۇسۇلمان دۇئاسى خۇددى «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى» دېگەن ئەسەرنىڭ 334 ـ بېتىدە تەكىتلەنگەندەك: «مۇسۇلمان كىشىنىڭ بىراۋغا بولغان مۇھەببىتى ياكى نەپرىتى ئۆز مەقسىتى ئۈچۈن ئەمەس، ئاللاھ ئۈچۈنلا بولۇش لازىملىقىنى ئۆگىنىش كېرەك» دېگەن ئۇقۇم دائىرىسىدە ئادا قىلىنىشى ئورۇنلۇقتۇر. بۇنى ھەقىقىي دۇئا دېيىشكە بولىدۇ.

قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ روھىدا خۇدا يولىدا ئىزدەپ يۈرۈپ (زاكات، سەدىقە، پىتىر ھېسابىدا) دۇئا قىلدۇرۇش ـــ دۇئا ئېلىش ھالال، ئىزلىنىپ دۇئا قىلىپ قېپىنىش (دۇئاغا زورلاپ كىشىلەردىن مەنپەئەتلىنىش) ھارام ئىكەنلىكى قەيت قىلىنغان ھەم «قۇرئان كەرىم» سۈرە ئەنفەلنىڭ 41 ـ ئايىتىدە: «دۇئادا ئالغان ئولجا (نەرسە)نىڭ نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭ بەشتىن بىر قىسمىنى ئاللاغا (ئەمەلىيەتتە جەمئىيەت ئىشلىرىغا ـــ ئا)، قالغىنىنى ئاللانىڭ ئەلچىلىرىگە، تۇغقانلارغا، يېتىم ـ يېسىرلەرگە، نامرات ـ بىچارىلەرگە، مۇساپىر يولۇچىلارغا ئاتىشى كېرەك» دەپ تەكىتلەنگەن.

يۇقىرىقى دىنىي پىرىنسىپلار بىلەن دىنىي زۆرۈرىيەتلەردىن مۇقەررەر ھالدا شۇنى ھېس قىلىمىزكى: ھەرقانداق دۇئاگۇي ـــ ھەقىقىي دىندار ـــ ئەڭ ئەخلاقلىق، مۆمىن، ئىسلام ئىلمىگە سادىق، دىيانەتكارلىقى مۇسۇلمانلارغا تەسىر ۋە توغرا ئىما ـ ئىشارەت

كۆرسىتىپ تۇرالايدىغان، دىندارلىقى قوسۇرسىز، مەۋقەسى سۇسلاشمايدىغان، خۇدا يولىدا چۈشكىنىنى يەنىلا خاس خۇدا يولىغىلا خالىس سەرپ قىلىدىغان، ھەقىقەتەن نامرات، شەخسىيەتسىز، ئالىيجاناب، پەس ھەۋەس قىلىقلاردىن تولىمۇ خالىي دىندارلاردىن بولۇشى شەرتتۇر. قۇرئان ھەدىسنىڭ روھىدا يەنە: پاسىق، جاھىل، نادان، بىلىمسىز، قىلىقى سەت، ھىيلىگەر، ئاز بىر نىيمىنى دەپ كۆپكە زىيان سالىدىغان، شەخسىي مەنپەئەت تەمەگەرلىكى ئۇستۇن، سۇخەنچى، ئېتىقادى سۇس، ئالدامچىلىقنى كەسىپ قىلىۋالغان، سۇيىقەستچى، تىرىكتاپ، ئۇششۇقلۇققا كۆنگەن، مۇسۇلمانچىلىق غۇرۇرىنى يوقاتقان ھەرقانداق نائەھلى مۇسۇلماندىن دۇئا ئېلىش، سائابلىق كۈتۈش ئاللانىڭ ئالدىدا كەچۈرگۈسىز گۇناھ ھېسابلىنىدىغانلىقىمۇ تەكىتلەنگەن.

بىز مانا شۇ خىل دىنىي چۈشەنچىمىز ۋە دىنىي ئادەت، يولىمىز بويىچە تارىختا خوجا ـ ئىشان، «پىر»، «سەئىد»لەر بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىزنى پايمال قىلىپ (مەلىكە قىلىپ، شۇغۇللاندۇرۇپ) كەلگەن «ۋۇئا»لارنى ھەقىقىي ئىسلامىي دۇئالار ئۇقۇمىدىن دەپ ئېتىراپ قىلالمايمىز، رەت قىلىمىز. چۈنكى ئۇلار ئىسلامدىكى دۇئا ئۇقۇمىنى ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەت تېپىش، كىشىلەرنىڭ قانىنى شوراپ قېپىنىش، ئىشلىمەي چىشلەش، مۇسۇلمانلارنى شۇم غەرەزلىرى ئۈچۈن ياۋاش قۇللارغا ئايلاندۇرۇش، ئاخىرى «دۇئا»لىرى ئارقىلىق مىللىتىمىزنى مىللىي خورلۇق، مىللىي چۈشكۈنلۈك ھەتتا مىللىي يوقىلىشقا ئىتتىرىشتەك قەبىھ ۋە ئىنتايىن رەزىل مەقسەتلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىپ، قوللىنىپ كەلگەن. ئۇنىڭ تەسىرى تېخىچە ئۈزۈلگىنى يوق، ئەلۋەتتە.

## «تەنەپۇسلۇق سوۋغىلار»دىن

«شەرىئەت ئىگىسى»، «دەرۋىش» دەپ ئاتىلغانلارنىڭ جاۋانمەردلىكى (ئىجابىي خاسىيەت ئالاھىدىلىكى ــ ئا) سىپاھلاردىن ۋە

بازارچىلاردىن ئارتۇق بولۇشى كېرەك. چۈنكى ئۇلارنىڭ تەڭرىدىن ئالغان نېسىۋىسى «تەن» ۋە «جان» دۇر. ئۇلارنىڭ جاۋانمەردلىكى شۇ بولۇشى كېرەككى، ئۆزىنى «زاھىد» (دۇنيا راھەت ـ لەززەتلىرىدىن كەچكەن) دەپ سۆزلىشىگە مۇۋاپىق بولۇپ، ھاياتىنى ئۆز گېپىگە لايىق ئۆتكۈزسۇن. رىيا (كىشىلەرنى ئالداش)دىن يىراق بولسۇن. كىشىلەر بىلەن جەڭ ـ جېدەل قىلمىسۇن. كىشىلەرگە ئۆز ئەپسىنى دەپ ھەرخىل بولمىغۇر پەتىۋالارنى ئۆگەتمىسۇن، كىشىلەرگە زىيانلىق پەتىۋالارنى ئۆگىتىش خەلققە ياۋۇزلۇق (يامانلىق قىلغانلىق) بولىدۇ. ھىيلىگەرلىك بىلەن يالغان قەسەم قىلمىسۇن. دىن مەسىلىلىرىنى توغرا، ھەقىقىي بىلسە خەلققە تاماسىز ئۆگەتسۇن، ئەمما دۇنياغا ساتمىسۇن. پاسقىنى پىسىق سەۋەبى بىلەن مالامەت قىلمىسۇن. مەيلى گۇناھى بار، گۇناھى يوق بولسۇن بىر كىشىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىگە پەتىۋا ـ ھۆكۈم چىقارمىسۇن. چۈنكى چىقىرىلغان پەتىۋا ـ ھۆكۈملەرنى تۈزىتىشكە بولىدۇ، ئەمما ئۆلۈمنى تۈزەتكىلى بولمايدۇ. ئۆز مەزھىپى (كۆز قارىشى) نى قوللاپ كۈچەيتىش ئۈچۈن باشقا مەزھەب ئەھلىنى «كاپىر» دېمەسلىكى لازىم. چۈنكى «كاپىر» دېمەك، سەن ئىسلام دىنىدا ئەمەس، دېگەنلىكتۇر. قۇرئان كەرىمدە ياكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدە: مەزھىپى باشقا بولغانلارنىڭ دىنى باشقا (ئىسلام دىنىدا ئەمەس) دېگەن ھۆججەت يوق... رەھمەتى ئىلاھىيە ھەققىدە ئۆزى بىلمىگەن بىر ئىلىمنى ئاڭلىسا ئۆزى بىلمەي تۇرۇپ ئىنكار قىلمىسۇن. خەلقنى تەڭرى رەھمىتىدىن نائۈمىد (ئۈمىدسىز) قىلماسلىق لازىم... بۇ بايان قىلىنغان سۈپەتلەر ـــ ۋەز سۆزلىگۈچىلەر ـــ ئۆزىنى ئىشان، ھەزرەت دەپ يۈرگەنلەرنىڭ جاۋانمەردلىكىدۇر. ئۇلار... بۇ ھەقتىكى ئەمەللەرگە ئەمەل قىلسا، خۇدانىڭ ۋە ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ رازىلىقىغا ئىگە بولالايدۇ...»

ـــ («قابۇسنامە» 133 ـــ 134 ـ بەتلەر)

(1)دەستەك دۇئالار توغرىسىدا

مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي تۇرمۇشىدا ئەزەلدىن «سۈننەت» ياكى مۇقىم، تەركىسىز دىنىي رەسمىيەت (ئادەت) شەكلىدە ئادا بولۇپ قائىدىلەشكەن دۇئا ھەرقانداق چاغدا، ھەرقانداق ئىشتا ۋە ھەرقانداق ۋاقىتتا ئاللا ئۈچۈن ئەمەس، ئۆز شەخسىي نەپسانىيىتى، غەرەز - مۇددىئالىرى ئۈچۈن دەسمايە - دەستەك قىلىپ پايدىلانغۇچى مۇسۇلمان ئاللانىڭ ئەمرىنى، ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىنى تۇتقۇچى ئەھلى مۇسۇلمانلارنىڭ دۈشمەنلىرى جۈملىسىگە كىرىپ كېتىدۇ.

تارىختا بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز ئارىسىغا «دۇئا» بىلەن پەيدا بولۇپ، «دۇئا» بىلەن كۆتۈرۈلۈپ، «دۇئا» بىلەن «خان»لىق، «پادىشاھ»لىق، «پىر»لىق قىلىشىپ، ئىش تەۋرىتىپ ئۆتكەن سىياسىي «دىن»دار — خوجا — ئىشان «ئۇلۇغ»لار — ئەنە شۇنداق دىنىي دۈشمەنلەر جۈملىسىگە مەنسۇپ كىشىلەردۇر. چۈنكى ئۇلار دۇئا - تىلاۋەتلىرىنى خالىغان چاغدا، خالىغان مەقسەتتە، خالىغان كىشىگە، خالىغان جايدا ئۆزلىرىنىڭ شەخسىي غەرەز - مۇددىئالىرى ھېسابىغا پايدىلىنىۋېلىدىغان دەسمايە - دەستەك ھېسابىدا پايدىلىنىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز تارىختا ئۇلاردىن ھېچقانداق دىنىي ئاسايىشلىق، دىنىي خاسىيەت ۋە ھېچقانداق ھەقىقىي مۇسۇلمانلىق روھىنى ئەمەس، بەلكى پۈتۈنلەي «دىنىي» بەدبەختلىك، «دىنىي» تەپرىقىچىلىك، «دىنىي» ۋەيرانچىلىق، «دىنىي» قۇللۇق، «دىنىي» جىنايەت ۋە «دىنىي» نەسلىك... سىزىم، ھالەت، قىلىقلىرىنى قوبۇل قىلىشقاندۇر. ئۇنداق ئىكەن، ئۇلارنى تارىختا «دۇئا» بىلەن نان، «دۇئا» بىلەن جان، «دۇئا» بىلەن ئىمان، «دۇئا» بىلەن يۇرت، «دۇئا» بىلەن تەخت، «دۇئا» بىلەن ۋەج، «دۇئا» بىلەن ئابروي تاپقان بەدنىيەت «دۇئا»كوي مۇسۇلمان، كاززاپ مۇسۇلمان دېيىش ھەرگىز مۇبالىغە بولمايدۇ، تەخسىرەت ھېسابلانمايدۇ. بولۇپمۇ 17 - ئەسىردە ياشىغان ئافاق غوجىدىن تاكى كېيىنكى چاغلارغىچە خوجاملىق قىلىشقان «خان خوجام»، «پادشاھ خوجام»،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

«ئەۋلىيا خوجام»، «ۋاڭ خوجام»، «سەئىد خوجام»، «پىر خوجام»... لارنىڭ ھەممىسى ۋەياكى ئۇلارنى مەركەز قىلغان سوپى، روھانىلار ئەنە شۇ خىل «دۇئا»كۇيلارنىڭ «پىرى»، ئەڭ كۆرۈنەرلىك «داھىي»لىرىدۇر.

ئۇلارنىڭ «دۇئا»، «تىلاۋەت» ۋە «دىنىي» مەۋقەلىرىنىڭ ئەسلىي «قۇرئان كەرىم» ئەقىدىلىرىگە زىت تەرەپلىرىنى تۆۋەندىكى نۇقتىلار بويىچە مۇنداق كۆرستىشكە توغرا كېلىدۇ:

بىرىنچى، دىنىي نەزەرىيە جەھەتتە ئۇلار قانداقتۇر: ئاللانى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى، «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىسنى ئۆز ئېتىقادلىرىنىڭ نوقۇل، شۇبھىسىز، بىردىنبىر، يەككە - يېگانە مەنبەئى قىلىشنىڭ ئورنىغا ئۆزلىرىنىڭ «پىر»لىق شەخسىي ئۇرۇنۇشلىرىنىڭ غەرەز مەنبەلىرىنى «ئىختىرا» قىلىشقان، دەسسىتىشكەن. ئۇلارنىڭ: «ھەزرىتى سەئىددىل ئەزەم غوجىلىرىدىمىز ئاللانىڭ ئەمرى بىلەن مۆمىن بەندىلەرگە ‹پىرى نىجادكار› بولۇش ئۈچۈن كەلگەن ئەۋلىيالاردۇر»، «خوجام دەرگاھىغا كېلىپ دۇئا ئېلىپ مۇرىت بولغۇچىلارنىڭ ھەرقانچە ئېغىر گۇناھلىرى بولسىمۇ ساقىت بولىدۇ... ئۇلار پەيغەمبەر بىلەن ئوخشاشتۇر... بىر كىشى ئاللاغا، پەيغەمبەرگە ئىمان ئېيتىپ دىنىنىڭ پۈتۈن ئەركانلىرىنى ئورۇندىغان تەقدىردىمۇ، ئەگەر پىر - ئەۋلىيالاردىن دۇئا ئېلىپ قول بەرمەيدىكەن، ئۇلارغا ئىشەنمەيدىكەن، گۇناھكار بولىدۇ. قىلغان ئىبادەتلىرى قوبۇل بولمايدۇ» («تەزكىرە پىر - ياران» ئۇلانما 11 - ، 12 - ۋاراقلار)، «ئافاق خوجا خۇدانىڭ ئاشىقى»، «يېگانە مەشۇقى» (ئافاق خوجا گۇمبىزىدىكى پارسچە خەتنىڭ ئۇيغۇرچە مەزمۇنى — ئا) «... ئۇلۇغ پىر دانىيال ۋەلىگە خوجا ئىسھاقى ۋەلىئۇللانىڭ نەسەبلىرىگە قول بەرمەي، ئۇلاردىن دۇئا ئالماي ئۆلگەن ھەرقانداق ئەھلى ئۇممەت دوزىخىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلى، ۋەكىلى بولغان بۇ زاتلاردىن دۇئا ئېلىپ بەيئەت قىلمىغان ھەرقانداق كىشىنىڭ ئىككىلا ئالەملىكى ھارامدۇر... پىرلەر مۇسۇلمان ئۇممەتلەرنى جەننەت، دوزاخقا ئايرىغۇچىلاردۇر. پىرلەرلا ‹كە-

لىمە ھۇللا، يەنى ئاللا بىلەن سۆزلەشكۈچىلەردۇر»... «پىرلەر ئاللانىڭ تىلى، كۆزى ۋە جامالىدۇر...» («تەربىيەتنامە» دىن)، «پىرلەردىن قارغىش ئالغان، پىرىنى ئۇنتۇغان، پىرسىز يۈرگەنلەر بەرھەق دوزاخقا مەھكۇمدۇر» («ئۇلۇغلارنىڭ نەپەس مۇبارەكلىرى»دىن) دېگەندەك «تەلىمات»لىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقان.

ئىككىنچى، دىنىي مەنبە جەھەتتە ئۇلار قانداقتۇر: «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنى ئۆز مۇددىئا ـ نىيەتلىرىگە توغرىلاپ، بويسۇندۇرۇپ شەرھلەپ، «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئەسلىي مەنە پاكلىقىنى بۇلغىغان، مەزمۇنىغا قۇسۇر سىڭدۈرگەن. مەسىلەن، «قۇرئان كەرىم» «سۈرە نىسا»نىڭ 59 ـ ئايىتىدىكى «ئاللاغا، پەيغەمبەرگە ۋە سىلەر (ۋارىسلىق قىلىشقا ھەقلىق بولغانلار — ئا)دىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە» دېگەن جۈملىدە، «سۈرە رەئىد»نىڭ 7 ـ ئايىتىدىكى «سەن پەقەت ئاگاھلاندۇرغۇچىسەن، ھەر قەۋمنىڭ بىر يېتەكچىسى بولىدۇ...» دېگەن جۈملىدە ۋە «سۈرە ئەنبىيا»نىڭ 105 ـ ئايىتىدىكى «زېمىنغا ئەلۋەتتە مېنىڭ ياخشى بەندىلىرىم ۋارىسلىق قىلىدۇ» دېگەن جۈملىدە «ئىش ئۈستىدىكىلەر»، «يېتەكچىسى»، «ياخشى بەندىلىرىم» دېگەن سۆزلەر «سەئىد»لەرنى، «ئىشان»، «پىر»لارنى كۆزدە تۇتقان دەپ شەرھلىشىپ، مۇسۇلمان ئەجدادلىرىمىزنىڭ دىنىي پوزىتسىيەلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ «دىنىي» مۇددىئالىرى دائىرىسىگە بۇراشقان.

ئۈچىنچى، دىنىي ئىدىيە (شەرىئەت ئىدىيەسى، ئەلۋەتتە — ئا) جەھەتتە ئۇلار قانداقتۇر: «قۇرئان كەرىم»دىكى «سۈرە ئال ئىمران»نىڭ 64 ـ ئايىتىدە قەيت قىلىنغان: «...پەقەت ئاللاغىلا ئىبادەت قىلىش، ئاللاغا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىك، ئاللانى قويۇپ بىر ـ بىرىمىزنى خۇدا قىلىۋالماسلىقتەك ھەممىمىزگە ئورتاق بولغان ئەقىدىگە ھۆرمەت قىلايلى...» دېگەن كەلىمىدىن چەتلەپ، بەرھەق بىرلا ئاللاھ چۈشەنچىسىنى «خوجام ئۇلۇغ»، «پىرىم ئۇلۇغ» دېگەندەك كۆپ «ئۇلۇغ»لۇق، كۆپ «مەركەز»لىك «شەرھىيە چۈشەنچە»لەر بىلەن چاكىنىلاشتۇرۇپ، مۇ-

www.uyghurkitap.com

سۇلمانلار بىلەن ئاللاتائالا ئوتتۇرىسىغا «ۋاسىتە» بولۇپ قىستۇرۇلغان ساختا «دىن»دارلاردۇر. ئەسلىدە ئۇلار ــ ئىمام ئەئزەم ئەبۇھەنىپىنىڭ مەزھىبىدىكى ئەجدادلىرىمىزنى يەنى ئاللاغا، پەرىشتىلەرگە، قۇرئانغا، ئاللانىڭ ئەلچىسى ھەزرىتى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامغا ئېتىقاد قىلىشقا، ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، ئۆمۈر بويى يامان ئىش قىلماسلىق، جەمئىيەتكە، مۇسۇلمان ئەھلىگە خىزمەت ـ يارانلىقتا بولۇشقا مۇقەددەس كەسىپلەنگەن ھەقىقىي مۇسۇلمان ئەجدادلىرىمىزنى ئۆزلىرىنىڭ «دىنىي مەزھەب»، «دىنىي سۇلۇك»لىرىگە ئازدۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ «ئۇلۇغ»لۇق ئورۇنلىرىنى بەرپا قىلىشىپ («خۇفىيە»، «جەھرىيە»، «تەرىقەت»، «چىدىسىيە»، «سوھرىۋەرىيە»، «ئىناقىيە»، «ئىسھاقىيە»، «داۋانىيە»، «ئىشقىيە»، «ئىمام رەببانى»... قاتارلىق 30 ــ 40 «ئۇلۇغ»، «دىنىي» مەركەز ۋە «دىنىي ئۇلۇغ»لارنى پەيدا قىلىشىپ)، ئىسلامىيەتكە قۇسۇر يەتكۈزگەن، قارا غەرەزلەرنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكەن دىن دۈشمەنلىرىدۇر.

تۆتىنچى، دىنىي تەشكىلىي جەھەتتە ئۇلار ئىسلام دىنىنىڭ ئەسلىي تەشكىلىي پرىنسىپلىرىنى بۇزغان، ئۆزگەرتكەن «كارامەت» كارلاردۇر. ھەممىگە ئايانكى بىزنىڭ تارىختىن بۇيانقى مۇسۇلمانچىلىقىمىز مەسچىتلەرنى مەركەز قىلغان مەدرىس مائارىپى تۈزۈمىدىكى مۇسۇلمانچىلىق ئىدى. دىنىي تۇرمۇشتا دىنىي ئەھكاملارنى پىششىق بىلىدىغان دىنىي ئۆلىمالار تەكلىپ قىلىنىپ شاگىرتلارغا دەرس بېرىش، ئىمامغا ئىخلاس قىلىش، باشقا دىنىي ئىشلارنى ئىمام، خاتىپ، مەزىندىن ئىبارەت ئۈچ كىشى باشقۇرۇش، ۋەزىپىسى مۇقىمسىز خەلپەت، موللا... قاتارلىق كەسپىي دىنچىلار خەلقنىڭ نىكاھ، ئۆلۈم ـ يىتىم، توي ـ تۆكۈم، قۇرئان تىلاۋەت، دۇئا ـ تەكبىر، ئۆشرە ـ زاكات، مىراس قاتارلىق ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئادەت ـ يوسۇن ئىدى.

ۋەھالەنكى، ئاتالمىش ئۇلۇغلار ئۆز «دىنىي» ھەرىكەتلىرىدە مەسچىت مۇسۇلمانچىلىقىنى خانىقا جەھرى ـ تەلقىنىغە، مەدرىس مائارىپىنى خانىقا سوپى ـ ئىشان مائارىپىغا، مەسچىت ئىبادىتىنى

خانىقا ئىبادىتىگە، ئىمام دۇئا ـ تىلاۋىتىنى ئىشان ـ سوپى «دۇئا» ـ «تىلاۋەت»ىگە، ئاللاغا قىلىدىغان ئىبادەتنى ئىشانغا قىلىدىغان ئىبادەتكە، پۈتۈن مۇسۇلمان يۇرتلىرىنىڭ دىنىي قۇرۇلمىلىرىنى «تۈنەك خانا»، ئەمدان، گۇلەخ، گۈلخان مازار قۇرۇلمىلىرىغا، دىنىي مۇلازىم كىشىلەرنى سوپى ـ مۇرىت شەخسلەر داھىيلىرىغا توغرىلاپ ئۆزگەرتىپ، ئىسلامنىڭ ئەسلىي تەشكىلىي ۋە قۇرۇلما جەھەتتىكى ئەنئەنىلىرىنى خاراب قىلىش، بۇزۇش بىلەن مەشغۇل بولۇشقان. دېمەك، ئۇلار ئومۇمەن ئىسلامنى سوپىلاشتۇرۇش، ئىسلامنى كۆپ مەركەزلىك ئەقىدە ئېقىمىغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن ھەممە قىلمىشلارنى قىلغانلاردۇر.

ئۇلارنىڭ يۇقىرىقىدەك «دىنىي قاراش» ۋە «دىنىي مەۋقە»لىرىنى قانداقمۇ «قۇرئان كەرىم» ئەقىدىسىدىكى «دىن» دېگىلى بولسۇن؟ ئۇلار ئاتا قىلغان «دۇئا»، «دۇرۇت»، «پەتىۋا»لارنى قانداقمۇ مۇسۇلمان «دۇئا»، «دۇرۇت»، «پەتىۋا»لىرى دېيىشكە بولسۇن؟ ئۇلارنى «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس كىتابلىرىدا: «بارچە مەدھىيە ئاللاغىلا خاستۇر، ئاللانى مەدھىيەلەيمىز، ئاللادىن مەدەت تىلەيمىز... ئاللا ھىدايەت قىلغان ئادەمنى ئازدۇرغىلى بولمايدۇ. ئاللا ئازدۇرغان ئادەمنى ھىدايەت قىلغىلى بولمايدۇ. شۇڭا گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، يالغۇز بىر ئاللادىن باشقا ئاللا يوقتۇر. ئاللانىڭ شېرىكى يوقتۇر. مۇھەممەد ئاللانىڭ ئەلچىسى ۋە بەندىسىدۇر...» («مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى» 443 ـ بەت) دېگەن ئەقىدىنى بۇزغان دىنىي ئاسىيلار دېگەن تۈزۈك بولمامدۇ؟

ئاك مۇسۇلمانچىلىق ۋۇجۇدىمىز بىلەن ھەقلىق ھالدا شۇنى جەزملەشتۈرىمىزكى: ئۇلار تېگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا يارانقان ئاللاغا شېرىك كەلتۈرگەن، خۇدادىن خۇدالىق، ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن پەيغەمبەرلىك تالاشقان، قىلمىشلىرى كازراپ، خۇدا ئالدىدا، بەندىلەر ئالدىدا كەچۈرگۈسىز كىشىلەردۇر.

ئەي ئەھلى يارانلار بىلىڭلاركى: ئۆزىنى دەرۋىش، سوپى، ئىم-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

شان، تەقۋا دەپ ئاتايدىغانلار بۇ دۇنيادا پەقەت كىشىلەرگە دۇئا قىلىشقىلا يارىتىلغانلار ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئىنسانچىلىقى — رىسقى دۇئا بىلەن ئەمەس، توۋا بىلەن قارار تاپىدۇ... ئۇلار ئۇلۇغ ئەمەس، پەقەت ئۇلۇغ تەڭرىلا ئۇلۇغ... ھەدىس ئىلمىدە: بەندىچىلىك رىزقىنى تەڭرىدىن ئەمەس، تەڭرى نامىدا دۇئا بىلەن مۆمىن بەندىلەردىن ئۇندۇرمەكچى بولغانلار شەررىلىك (ئاچكۆزلۈك، تويمىغورلۇق، دەپىنە دۇنياغا ھېرىسمەنلىك، ئازدۇرغۇچىلىق قىلىش مەنىلىرىدە — ئا) قىلغۇچىلارغا كىرىدۇ. «قۇرئان كەرىم»دىكى «سۇرە ناس»نىڭ 6 ـ ئايىتىدە: «مەخلۇقاتنىڭ شەررىدىن، قاراڭغۇلۇقى بىلەن كىرگەن كېچىنىڭ شەررىدىن، تۈگۈنلەرگە دەم سالغۇچى (غايىل دۇئا بىلەن دەم سالغۇچى، ئەلۋەتتە — ئا) سېھرىگەرلەرنىڭ شەررىدىن، ھەسەتخورنىڭ ھەسەت قىلغان چاغدىكى شەررىدىن سۇبھىنىڭ پەرۋەردىگارى (ئاللا)غا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن دېگىن، دېيىلگەن ئەمەسمىدى؟»

— («تەزكىرە پىر ـ ياران» دىن)

دېمەك، پىكرىمىزنىڭ يەكۈنى شۇكى، بىر قىسىم بەدنىيەت، سىياسىي، ئىجتىمائىي ھۆكۈمران خوجا ـ ئىشان «ئۇلۇغ»لارنىڭ تارىختا بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىزغا تاڭغان «دۇئا»لىرىنى بىز ھەقلىق ھالدا ئىسلام ئەقىدىسىگە چۈشكەن مىتە، شەخسلەرنىڭ شەخسىيەتى ئۈچۈن ئىجاد قىلىنغان ساختا بېشارەت، نەپسانىيەتچىلەر ئۈچۈن قالقان، ئەھلى مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن ئالدامچىلىق، ئىنسانىيەت ئۈچۈن «تاتلىق» زەھىرى بىھوش ياكى نەسلىك دورىسى ئىدى، دەپ قارىلايمىز. بۇنداق پوزىتسىيە بىزنىڭ ھەقىقىي مۇسۇلمانچىلىق بۇرچىمىزدۇر.

### «تەنەپپۇسلۇق سوۋغىلار»دىن

«دىندار كىشى پاسىق، جاھىل، قىلىقى سەت، ھىيلىگەر، بىر

تىيىننى دەپ ھەقنى ناھەق قىلىدىغان، ئاز بىر نېمىنى دەپ كۆپكە زىيان سالىدىغان، بىر سېۋەت ئۈزۈم ئۈچۈن بىر باغنى كۆيدۈرۈ-ۋېتىشتىن، بىر چارەك بۇغداينى دەپ بىر خامانىنى سورۇۋېتىشتىن تارتىنمايدىغان بولماسلىقى كېرەك. ئۇنىڭ غەرىزى مەنسەپتە بول-ماسلىق، بىلمەيدىغاننى بىلمەن دەپ ئېيتماسلىق، ئۆزۈم بىلەر-لىك قىلماسلىق، ئۆزۈمچىلىك بىلەن غەۋغا كۆتۈرمەسلىك، ناداد-لىقىدىن سەلىسىنى يوغان، چۈچىسىنى ئۇزۇن قىلماسلىق، دىن ئىلمى، ئېتىقاد مەسىلىلىرىدىن ئەلگە تەلىم بېرىش، بىپاكلاردىن ئۆزىنى ساقلاش، ناپاكلاردىن قېچىش لازىم. ئۆزى نادان ئەمما ئۆ-زىنى ئالىم چاغلاپ، يامان ئىشلارنى ياخشى ھېسابلاپ ناباپ ئىشلار-نى قىلماسلىقى، يامان ئىشلىرى ئەلگە رەسىم - قائىدە بولۇپ قالماسلىقى لازىم. دىندار يوق ئادەتلەرنى پەيدا قىلغۇچى بولسا، ئۇنداقلار بىلەن ئىسلام ئەھلىنىڭ سۆھبەت قىلىشىنى توسۇش كېرەك. ئېيتىدىغىنى ئاۋۋال خۇدا ۋە رەسۇلىنىڭ سۆزى، ئاندىن كېيىن مۇجتەھىتلەر بىلەن ئەۋلىياھلارنىڭ سۆزى بولسا ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىسا، ئۇنىڭدىن ئۆگەنسە، خۇدا ۋە رەسۇلىنىڭ سۆزىنى ئۆگەنگەن بولىدۇ.»

— نەۋايى «مەھبۇبۇلقۇلۇب» تىن

**(2)قارغىش - ئاداۋەت قاينىغان تارىخ**

ھەرخىل، ھەر شەكىلدىكى تۈرلۈك چارە - ئاماللا بىلەن يۇرت - ماكانلىرىمىزنىڭ سىياسىي، دىنىي ھۆكۈمرانلىق ھوقۇق - ئىمتىيازلىرىنى ئىگىلەپ ئېلىشقان بەدنىيەت «خان»، «پادىشاھ» خوجا - ئىشانلار ئەينى چاغلاردا ئۆزلىرىنىڭ ئەجدادلىرىمىز ئۈس-تىدىكى ئومۇمىي ھۆكۈمرانلىق سەلتەنەتلىرىنى مەڭگۈگە، ئەبە-دىي، تىپتىنچ، دۈشمەنسىز ساقلاپ تۇرۇشنىڭ ھەر خىل چارە - ئامالىرىنى قىلىشماقتا ئىدى. بۇ - مىل چارە - ئامالار ئىچىدە تۈرلۈك «دىنىي» چارە - تەدبىرلەر يەنى «دىنىي تەلىم»، «دىنىي

www.uyghurkitap.com

ۋاجىبات»، «ئىمان شەرت»... شوئارلىرى بىلەن مەيدانغا چىقىرىلغان «دۇئا» لار چارىلىرى (قارغىش ـ ئالقىش، «ساۋاب»، «گۇناھ»..لار بىلەن مەزمۇنلىنىدىغان سۇپكۇچ ــ «دۇئا» چارىلىرى) تولىمۇ سەلبىي نەتىجىلىك چارىلەردىن ئىبارەت ئىدى (بۇ چارىلەرنىڭ بىر قىسىم ئەجدادلىرىمىز ئارىسىدا خېلى ئىلگىرىلا مەلۇم تەسىر ئاساسلىرىمۇ يوق ئەمەس ئىدى، ئەلۋەتتە ــ ئا). بىر قىسىم «ئەھلى پىر» ئەجدادلىرىمىز خوجا ـ ئىشان «پىر» ـ تەقسىرلەرنىڭ يۇقىرىقىدەك ئەمەقسەتلىرىنى چىقىش قىلغان چارىلىرىنىڭ دامىغا چۈشكەندىن كېيىن، ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئەنئەنىۋى خىسلەتلىرى بىلەن ئىجابىي ئەۋزەللىكى تەدرىجىي ھالدا پەۋقۇلئاددە سەلبىي ۋەزىيەت يۈنىلىشىگە قاراپ تۆۋەنلەشكە يۈزلەنگەن:

يەنى، ئەزەلدىن بىر قىبىلە، بىر مەزھەب، بىر جامائەت، بىر قوۋم ۋە بىر بىرلىك خاسلىقى بىلەن مۇسۇلمانچىلىق قىلىشىپ، ئۆملۈك، ھەمدەملىك، غورۇر، ئىرپان، ئادالەت، ھەققانىيەتنى تەقدىرى مەنبە قىلىشقان ھالدا دەۋران سۈرۈپ كەلگەن ئەجدادلىرىمىز خوجا ـ ئىشان «پىر»لەرنىڭ ئەنە شۇنداق «دۇئايى» يېتەكلەشلىرى بىلەن كۆپ قىبىلە، كۆپ مەزھەب، كۆپ جامائەت، كۆپ قوۋم ۋە كۆپ بىرلىك تارقاقلىقىدا «مۇسۇلمان»چىلىق قىلىشىدىغان، كۆپ گۇرۇھلۇق، بىھەمدەم، «غۇرۇرى تەرىقەت»، «تەرىقىتى ئىرپان»، «تەرىقىتى ئادالەت»، «تەرىقىتى ھەققانىيەت»، «تەرىقىتى ئادەم»لەر يەنى جاھاننى بېشىغا كىيىدىغان تەپىرىقە ـ سۇخەنچىلەر تۈركۈملىرىنىڭ ئەگەشمە بۆلەكلىرىدىن بولۇپ ئۆتىدىغان يامان ۋەزىيەتلىك جەمئىيەتكە ئازدۇرۇپ كېتىلگەنىدى. بۇ خىل جەمئىيەتنىڭ ئەڭ يىرىك سەۋەبچىلىرىنى 17 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قەشقەرىيەدە ئافاق خوجا گۇرۇھى تەرىپىدىن «ئىشقىيە»چى «داستار»لار سېپى نامى بىلەن پەيدا قىلىنغان «ئاق تاغلىق»لار ــ تەپرىقات ئېقىمى بىلەن خوجا ئەبەيدۇللا ئىشان گۇرۇھى تەرىپىدىن «ئىسھاقىيە»چى مەخدۇم زادىلار سېپى نامى بىلەن پەيدا قىلىنغان

«قارا تاغلىق»لار تەپرىقات ئىقىمىنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدۇ. تارىخىمىزدا تۇنجى قېتىم خوجا ـ ئىشانلارنىڭ «دىنىي تەرىقەت»لىرى سەۋەبى پەيدا قىلىنغان بۇ خىل ۋەزىيەت توغرىسىدا 1920 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرى ئالەمدىن ئۆتكەن قاغىلىق ئازغا\ساللىق ئۆلىما سۇلتان باي ھاجىم ئۆزىنىڭ «بورقۇم ئەۋلىيا» دېگەن قولىيازمىسىدا توختىلىپ مۇنداق يازىدۇ: «... ئاق تەلپەكلىك ئىشان ھەزرەتلەر كۇنەس قابورغا (تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى كۇنگەي يۇرتلارنى دېمەكچى ــ ئا) ئېتەكلىرىدە، قارا سالبارلىق (قارا سالۋا تۇماقلىق دېمەكچى ــ ئا) ئىشان ـ پىرىملار قاراقۇرۇم، قۇزقابورغا (قارا قۇرۇم، كوئېنلۇن باغرىلىرىدىكى تەسكەي يۇرتلارنى دېمەكچى ــ ئا)لەر ئېتەكلىرىدە خۇدايى بەندىلىكنىڭ «ئەھلى تەرىقەت» يولىنى يايدىلەر... كاشغەردىن كوھلە ـ كۇمۇشلەرگە بارابەر ھەر يۇرتتا، ھەر چاقاردا بىردىن بىر نەچچىلەرگىچە پىرى ئىشقىيە ئەزىزانلىرى مەسىلە ماساھىب بىلەن دۇئا بېرىپ، بىر بۆلەكتىن پۇقرانى تەۋبە ـ ئىستىغپارغا يېتەكلىشەر، ھەر پىر ھەر يەردە بىر ـ بىرلىرىگە داخىلە ئەمەس... ھەزرىتى ئاباق ئەلەيھى ئۇچۇن پەرمان ـ بەردان بولۇشار ئېردىلەر...»

ئىشەنچلىك تارىخىي خاتىرىلەردىن بىلىشىمىزچە، «دۇئا» ـ «تىلاۋەت»نى شەكلى ئىشارە قىلغان خوجا ـ ئىشانلار تەپرىقاتچىلىقى بىلەن «ئاق تاغلىق»، «قارا تاغلىق»لار سەپلىرىگە ئايرىلغان «دىنىي» مەزھەب پىداكارلىرىنىڭ كېيىنكى دۇشمەنلىشىش ئاقىۋەتلىرى ئافاق خوجا «ھاكىمىيىتى» دەۋرىگە كەلگەندە «ياسەن، يامەن» ياكى «سەن بار مەن يوق، مەن بار سەن يوق» دەيدىغان مۇتلەق مۇرەسسەسىز پەللىگە كۆتۈرۈلگەن. ئافاق خوجا «ھاكىمىيىتى» ئاستىغا چۈشكەن قەشقەرىيەدە قەشقەر، يەكەن، خوتەن، يېڭىسار، ئاقسۇ، كۇچا قاتارلىق ئالتە شەھەر، 13 كىچىك شەھەر، 16 مىڭ كەنت ـ ≡ شىلاقتىن 81 مىڭ تۇتۇن (ئائىلە)لىك مۇسۇلمان ئافاق خوجىنىڭ «ئىشقىيە» سۇلۇكىدە «مۇسۇلمان»چىلىق قىلىشقا «دۇ-

www.uyghurkitap.com

ئا» قىلىنغان. ئافاق خوجا «ئوردا»سىدىن «ئىرشاتنامە»گە ئىرىش-
كەن چوڭ ئىشان كالانلار ئالتە شەھەردە ئالتە «ئاق ئوردا»، 13
كىچىك شەھەردە 13 «سۇلۇك تەۋەرۇكات» ھەم بۇ ئورۇنلارغا دەرىجە
- قاتلاملار بويىچە تىۋىنىپ تۇرىدىغان 10 مىڭدىن ئارتۇق «ئىشقى-
يە ئىستىقامەت» ئورۇنلىرىنى بەرپا قىلىشىپ، «ھاكىمىيەت»نىڭ
پۈتۈن كۈچ - قۇدرىتىنى «مۇسۇلمان بەندىلەرنى دىندىن ئازدۇر-
غان...»، «قارا تاغلىق»، «ئىسھاقىيە»چى مۇرتەدلەرنى يوقىتىپ،
بارلىق بەندىلەرنى نەپسانىيەتچىلىكتىن خالىي «ھەقىقىي»، «ئىش-
قىيە»، «مۇسۇلمان» چىلىقىغا يېتەكلەشكە، ئىسھاقىيە»چى مەلئۇن
يېتەكچىلەرنى قارغاش، يەر يۈزىدىن سۈپۈرۈپ تاشلاش (ئاللانىڭ
پاك زېمىنىنى ئۇلاردىن تازىلاش — پاكلاش)قا قاراتقان. خۇددى
«بورقۇم ئەۋلىيا»دا تەكىتلەنگەندەك: ... تۇمەنلىگەن قارا تاغلىق
مۇرتەد (ئەرەبچە ئاتالغۇ بولۇپ، دىندىن چىققان، كۇپارلىق يولىغا
كىرگەن، ئىسلامدىن قايتقان دېگەن مەنىنى بېرىدۇ — ئا)نىڭ جې-
نىنى ئېلىپ جاڭگالدا قويغان، تۇمەن - تۇمەن جانلارنى دوزىغا قى-
لىپ قارغىۋەتكەن (يۇرت - ماكانسىز، خانىۋەيران... قىلىۋەتكەن
— ئا). 1690 - يىللاردا «ئاق تاغلىق» «ئىشقىيە» چى خوجا - ئى-
شانلار بىلوكى ھېسابلىنىدىغان ئافاق خوجا «ھاكىمىيتى»نى چوڭ
قىرغىنچىلىق بىلەن ئاغدۇرۇپ تاشلىغان «قارا تاغلىق» «ئىسھاقى-
يە»چى خوجا - ئىشانلار بىلوكى — دانىيال خوجا «ھاكىمىيە-
تى»مۇ «ئاق تاغلىق» لاردىن ئالىدىغان ھېساب - كىتابىنى يەنىمۇ
چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتكەن. ئالتە شەھەرگە ئالتە «ئالتۇن ئوردا»، 13
كىچىك شەھەرگە 13 «بەيتۇل ئىسھاقىيە» مەھكىمىسىنى ھەم كەنت
- قىشلاقلاردا قاتلام، دەرىجىلەر بويىچە «ئاللا پاك» خانىقالىرىنى
بەرپا قىلغان «ئىپلاس ۋەتەن» — جاي ئورۇنلارنى يەر يۈزىدىن كۆ-
تۈرۈپ تاشلاپ ئىسلامنى پاكلاشقا قوزغاتقان. نەتىجىدە: «قارا تاغلىق
غوجىلار باش كۆتۈرگەن يىللار جەريانىدا دانىيال غوجىچىلار تەرە-
پىدىن پەقەت قەشقەرىيەدىلا چەت ئەللەرگە قېچىپ كېتىشكە مەج-
بۇر قىلىنغان، ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن، ھەر خىل ۋەھشىي ئۇسۇللار بى-

لەن قول ـ پۇتسىز، كۆزسىز، تىلسىز (كېرەكسىز تەن) قىلىپ
تاشلانغان، پىچىۋېتىلگەن ئەر ـ يىگىت ‹دۈشمەن› — ‹داستار›لار
بىلەن ‹جەدىد›لەرنىڭ سانى بىر تۈمەندىن جىقراق بولغان...»
(مەزكۇر ئەسەرنىڭ «دانىيال خوجا ھەققىدە» بۆلىكىگە قارالسۇن
— ئا). دېمەك «ئىسھاقىيە»چىلەر «دۇئا» بىلەن «ئىشقىيە»چىلەرنى
قارغاپ دۇئايى بەنت قىلىشۇەتكەن، يەنى ئۇلارنىڭ «خانىقا»، «تۈنەك-
خانا»، «ئىبادەتخانا»، مەھەللە ـ چاقار، باراۋەت، جەررە ـ ساما ئو-
رۇنلىرىنى تامامەن دېگۈدەك تۈزلىشۇەتكەن، يوقاتقان. دېمەك، بۇ
خىل قىلمىشنى مۇسۇلمان ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئارىسىغا چېچىلغان
تۈنجى قېتىملىق تەپرىقچىلىق — قەبىھ ئىچكى پارچىلىنىش،
تۈگىشىشنىڭ «دىنىي» شەكىل بىلەن پاجىئەلەنگەن جەريان باشلان-
مىسى دېيىشكە بولاتتى. بەدنىيەت غوجىلارنىڭ ئاتالمىش مەشھۇر
«مەزھەب» تەپرىقىچىلىقى — تارىختا ئېتىنىك گەۋدىسىدىن، شە-
رەپلىك بىلىتىزىنى، تارىخىي بىرلىك، ئۇيۇشقاقلىق، ئۆملۈك خىس-
لىتىنى پۈتۈن مىللىي بارلىقىنىڭ جېنى قىلىپ كەلگەن ئۇيغۇر
خەلقى ئەنە شۇنداق مەلئۇن «ئۇلۇغ دىنچى»، «پىر» ـ «سەئىد»
خوجا ـ ئىشانلارنىڭ «دۇئا»، «قارغىش»، «ئالقىش»، سۈپكۈچ...لە-
رى بىلەن خۇددى موللا مۇسا سايرامى تەرىپلىگەندەك: «... بىر ـ
بىرىنىڭ چاي ـ نەزىرلىرىگە بارمايدىغان، بىرىنى بىرى چىللىماي-
دىغان، ئەگەر ئارىلىشىپ قالسا چىقىپ كېتىدىغان، چىقىرىۋېتى-
دىغان...» («تارىخىي ھەمىدىيە» 244 ـ بەت) قاباھەتكە يۈزلەنگەن
ياكى خوجىلارنىڭ «دۇئا»لىرى بەرىكاتىدىن «زەرەتلىرى بىر، ئۆي
ـ خانلىرى تۇتاش، ھويلا ـ ئارا ئىرى ئۇدۇل، تۇتۇنلىرى ئا-
رىلاش، مەسچىتلىرى بىر، جەددى ـ جەمەت... يارانلار ھالا ـ
ئەغلال (بىر جەردان) خوجىلار زامانلىرىدا بىرلىرى ئۆلسە، بىر-
لىرى تىرىلىپ، بىرلىرى كۈلسە، بىرلىرى يىغلاپ... بىرىنىڭ رە-
قىبىنى بىرى دوست بىلىپ، بىرىنى ـ بىرى قارغاپ ـ ئۆلۈم تى-
لەپ... بىر يولدا، بىر نىيەتتە، بىر يەردە كېلىشەلمەي... بىر ـ
بىرلىرىگە يەڭ ئىچىدە زەھەر ـ زوقۇم، ئەل ئىچىدە خۇسۇمەتلەر

ساقلىشىپ... جاھان تۇتىدىغان بەدبەخت، كاج تەلەي، تەتۇر پە-
لەك...» («بورقۇم ئەۋلىيا»دىن) «دۇئايى بەد»لەردىن بولۇپ كېتىشكەن.

ئەل - يۇرت بىزنىڭ — ئەل بىزنىڭ،
سوراق - سوئال گەپ سىزنىڭ.
قارغىش قېپى سىزمۇ، بىز؟
سوراقى بار بۇ يۇزنىڭ.[2]

بۇ يەردە ئىسلام دىنى نۇقتىسىدىن شۇنى ئىزاھلاپ كېتىش
لازىمكى: ئۇزىنى ئىسلام دىنىنىڭ «ھامىيسى»، «قوغدىغۇچىسى»،
«ئىمانى پاك»لىقتا «جان تىككەن» دېيىشىپ، كارامەت «دىن»
دارلىق، «ئىمانى پاك»لىق داغدۇغىلىرى بىلەن ئىش تەۋرەتكەن ئۇ
كىشىلەرنىڭ دىنىي مەۋقەلىرى زادى نېمە؟ ھەزرىتى مۇھەممەد ئە-
لەيھىسسالام ئاللانىڭ پەيغەمبىرى. «قۇرئان كەرىم» نى تۇپ مەنبە
قىلغان ئىسلام دىنىدىن باشقا يەنە بىر خىل «ئىسلام دىنى» زادىلا
يوق. ھەرقايسى زامانلاردىكى ۋە ھەرقايسى جايلاردىكى مۇسۇلمانلار
ئارىسىدا پەيدا بولغان يۇقىرىقىدەك «دىن» «ئىجاد»چىلىرى بىر
ئاخشامدىلا، بىر دۇئا بىلەنلا پەيدا قىلغان «ئىسلام دىن»لىرىنى قو-
بۇل قىلىشۇرگەن مۇسۇلمانىنى ھەقىقەتەن خۇدايى مۇسۇلمان ئۇقۇ-
مىدىن ئەمەس، «پىر»لەر ئازدۇرغان — ئىماندىن ئازغان، دىيانىتى
غەش مۇسۇلمان دېيىشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇلاردىن سوراپ بېقىش
لازىمكى، «پىر» — «ئەۋلىيا» نامىلىرى بىلەن ھەر كىم بىردىن
«دىن» ياكى «دىنىي» مەزھەب پەيدا قىلىشسا، ئىسلام دىنىنىڭ
ئىسلام دېگەن بىردىنبىر پاك نامىمۇ ئۇچۇپ كەتمەمدۇ؟ «قۇرئان
كەرىم» نىڭ پاك تەلىماتلىرىغىمۇ نۇقسان بولمامدۇ؟ تارىخىمىزدا
پەيدا بولغان يۇقىرىقىدەك «دىن ئىگىلىرى» ئۇز «دىن»لىرىنى بىر
- بىرىنىڭ ئەدىبىنى بېرىدىغان قان چىقارماي ئادەم ئۇلتۇرىدىغان
يۇمشاق پىچاق ياكى مەنىۋى خەنجەر قىلىشىۋالغان. بۇنداق
ئەھۋالدا ئىسلامنىڭ ئۇملۇك — بىرلىك كۈچى، ئەسلىي ماھىيە-
تى، قىممىتى نەدە قالىدۇ؟ مېنىڭچە، ئەنە شۇ خىل «دىنىي» پار-

① بۇ قارا قۇرۇم چوپانلىرىنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتى تەركىبىدە ساقلىنىپ كەلگەن
قوشاقلارنىڭ بىرى بولۇپ، يۇزنىڭ دېگەن سۆز يۇرتنىڭ مەنىسىدە — ئا.

چىلىنىش، دىنىنى بۇزۇش ۋە يالغان «دىن» پەيدا قىلىش بىلەن پاك ئىسلام دىنىنى بۇلغىغان، ئۇممەتلەرنى ئازدۇرغان ھەر ئىككىلا «دىنىي» گۇرۇھنىڭ يېتەكچىلىرىنى دەل ئىسلام دۈشمەنلىرى — مۇرتەد، قارا يۈز شەخسلەر ھېسابىدىن قارىلاپ، رەت قىلىۋېتىشكە توغرا كېلىدۇ.

ئىجتىمائىي مۇسۇلمانچىلىق نۇقتىسىدىن ئالغاندىمۇ ئۇلارنى يەنىلا ئۆز نەپسانىيەتلىرى ئۈچۈن مۇسۇلمان ئەجدادلىرىمىزنى قالماقلار ۋە مانجۇلار ئۈچۈن قۇل قىلىپ بەرگەن ۋە تۈمەنلىگەن پاك دىل مۇسۇلمان ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىسسىق قانلىرىنى تۆكۈپ، يۇرت ـ ماكانلىرىمىزنى ئانتى ئىسلام تائىپىلەرنىڭ ھۇزۇر ـ ھالاۋەت جەننەتلىرىگە ئايلاندۇرۇپ بېرىشىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ خارۇزارلىق كۈلپەتلىرىنى ئاشۇرغان جىنايەتكار «پىر»لەر، «دىن» چىلار دېيىشكە توغرا كېلىدۇ. «ئۇلارنىڭ تارىختا تۆھپىلىرىمۇ بار ئىدىغۇ؟» دېگۈچىلەرگە يۇقىرىقى گەپلىرىمىزدىن بۆلەك يەنە تۆۋەندىكى سوئاللارنىمۇ بېرىپ كېتىمىز: ئالايلى، ئۇ «تۆھپىكار» زاتلار ئىسلام مەنپەئەتى ئۈچۈن، مۇسۇلمان ئەجدادلىرىمىزنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن راست ئىسلام ھەرىكىتى ئېلىپ بارغانمۇ؟ ئۇلارنىڭ بىرەر قېتىم، بىرەر يەردە، بىرەر كۈن ئىسلام دىن دۈشمەنلىرى (لاما، ھىندى ۋە باشقا دىندىكى) تاجاۋۇزچى خۇنخورلارنىڭ زۇلمىغا، باسقۇنچىلىقىغا قارشى كۆرەش قىلغان چاغلىرى بارمۇ؟ ئۇلار نېمە ئۈچۈن ئەجدادلىرىمىزنى ئىستىبدات زالىملارنىڭ پايدىسى ھېسابىغا نۇرغۇن «دىنىي» بۆلەكلەرگە، نۇرغۇن «دىنىي» زىددىيەتلىك سەپلەرگە پارچىلاپ تاشلايدۇ؟ بىرىنى ـ بىرى بوغۇپ ئۆتىدىغان دۈشمەنلىشىش ئاپىتىگە باشلاپ ـ يېتەكلەپ، «دۇئا» سىزىقلىرىدىن چىقارماي تۇرۇشىدۇ؟ بۇلار مۇسۇلمانچىلىق ئۈچۈن ياكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ «دىنى»غا راۋاج بېرىش ئۈچۈنمىدى؟ ئۇلارنىڭ گۈزەل يۇرت ـ ماكانلىرىمىزنىڭ بايلىق غەنىيمەتلىرىنى، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەزىز پەرزەنت — قىز ـ ھەمشىرىلىرىنى ئۇلارغا تارتۇق قىلىشىپ، بەدەل ـ شەپقەت ھېسابىدا ئالغان خەنجەر، قامچا... لىرىنى كىمنى بوغۇزلاش، كىمنى قامچىلاشقا ئىشلەتكەن؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



«تۆگىنىڭ قانچىلىك ياۋاش ئىكەنلىكى ھەممىگە مەلۇم، ئەگەر كىچىك بالا تىزگىنىدىن يېتىلىسە، يۈز چاقىرىم يەرگە كېتىۋېرىدۇ. ھەرگىز بالىنىڭ سىزىقىدىن چىقمايدۇ. ئەمما ھالاكەتكە سەۋەبچى بولۇش ئېھتىمالى بولغان خەتەرلىك بىر ساي ئۇچراپ، بالا نادانلىق قىلىپ ئۇ يەرگە مېڭىۋەرمەكچى بولسا، ئۇ چاغدا تۆگە بالىنىڭ قولىدىن تىزگىنىنى ئۈزۈپ، ئىككىنچى بويسۇنماي قويىدۇ. چۈنكى، قاتتىق قول بولۇش پەيتىدە يۇمشاقلىق قىلىش ئورۇنسىزدۇر. شۇ سەۋەبتىن كىشىلەر ئېيتقانىدىكى: دۈشمەننى يۇمشاق مۇئامىلە بىلەن دوستقا ئايلاندۇرالمايسەن، بەلكى ئۇنىڭ خورىكىنى ئۆستۈرۈپ قويىسەن».

«تۆۋە قىلىشقا قول كۆتۈرگەن گۇناھكار ئادەم غادىيىپ ئالغان سوپىدىن ياخشىراق.»

— («گۈلىستان» 309 ـ ، 314 ـ بەتلەردىن)

(3)تارىخىمىزدىكى ھايات كۆشەندىلىرى

خوجا ـ ئىشانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى بىزدە ئومۇمەن جەمئىيەت خاراكتېرلىك يۇقىرى زوراۋانلىق شەكلىدە داۋام ئەتكەن تارىخىي يىللاردا خوجا ـ ئىشانلار ئىجاد قىلىشقان «تەرىقەت ـ سوپىلىق يولى» — (ئىدىئولوگىيەسى) نىڭ تۈزۈم ـ قائىدىلىرى (ئەمەلىيەتتە قەبىھ زوراۋانلىققا يۈزلىنىش قائىدىلىرى) بىر قىسىم ئەجدادلىرىمىزنىڭ «روھىي چىقىش يولى» غا ئايلىنىپ، كۈچلۈك ئىدىئولوگىيەلىك كىرىزىس شەكىللەندۈرگەنىدى. مەسىلەن، بىر قىسىم ئەۋھاپەرەس ئەجدادلىرىمىز خوجا ـ ئىشانلار تاڭغان «تەرىقەت» تۈرمۇشىنى قىزىقىش ئېتىبارلىرىدىن، ھەۋەس قىلىش مەۋسۇمىگە، ھەۋەس قىلىش مەۋسۇمىدىن تەدرىجىي مۇقىم ئىخلاس قىلىش ـ كۆنۈش ئادەتلىرىگە ئۆزلەشتۈرۈش ھۆلىنى باسقان ئىدى. بۇ خىل ئىدىيەۋى ئۆزلەشتۈرۈش بارا ـ بارا ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي تۇرمۇش، مىللىي ئادەت ۋە مىللىي ھاياتى ـ

نىڭ ھەممە ئىجتىمائىي قاتلام ـ تەركىبلىرىگە قاتتىق، قارام رو-
ھىي ھۇجۇم شەكلىدە كېڭىيىپ، ئۇنى يوقىتىشنى نىشان قىلغان
يېڭى «ساپ تەرىقەت يولى» — «سوپىلىق ئەخلاقى»، «سوپىلىق تە-
رىكچىلىكى» ئەۋجىگە چىققان. مەسىلەن، ئافاق غوجىنى «داھىي»
— «مەركەز» قىلغان «ئىشقىيە»چى «دىن»دار «ئاق تاغلىق» سوپى
ـ ئىشانلار ھۆكۈمرانلىقى كۈچەيگەن چاغلاردا «خۇدا ئۈچۈن ئالتە
پاكلىق»، «توققۇزدىن تەرك بولۇش»، دانىيال غوجىنى «داھىي» —
«مەركەز» قىلغان «ئىسھاقىيە»چى ..ارا تاغلىق» سوپى ـ ئىشانلار
ھۆكۈمرانلىقى كۈچەيگەن چاغلاردا «خۇدا ئۈچۈن ھەپتە پاكلىق»
(يەتتە پاكلىق — ئا)، «ئون تەرك بولۇش»لار بويىچە جارى ئەتكۈ-
زۈلگەنىدى. ئالتە، توققۇز، «پاك»، «تەرك» توغرىسىدا نۇقتىلىق
توختىلىمىز — ئا). ئالدىنقى ئالتە، توققۇز «پاك»لىق بىلەن
«تەرك» بولۇش ئافاق خوجىنىڭ مۇنۇ «دىنىي ئىدىيە» سىدىن پەيدا
قىلىنغان «ئىجادىيەت» ئىدى. بۇ «ئىدىيە» «مۇھەممەد ئەلەيھىس-
سالامدىن كېيىن ئەگەر كىشى پەيغەمبەر بولىدىغان بولسا ھەزرىتى
ئافاق خوجام بولاتتى... ئۇ زات مۇنداق دېگەن: ‹ئەششەيخو پىقەۋ
مەھى كەننەبىيوپى ئۇممەتچۇ› — مەنىسى پىر دېگەن پەيغەمبەرگە
ئوخشاش. مۇرىت پەيغەمبەرنىڭ ئۇممىتىگە ئوخشاش، پەيغەمبىرىگە
قانداق ۋەھىي كەلگەن بولسا، ئەۋلىياغىمۇ شۇنداق ۋەھىي كېلىدۇ»
(«تەزكىرە ھىدايەت» پارسچىدىن تەرجىمە قىلىنغان قولىيازما 3 ـ
بەت)① دېگەن نۇقتىدىن ھاسىل بولغانىدى. دېمەك، ئۆزىنى يۇقى-
رىقىدەك ناپسەنتلىك مۇناپىقلىقى بىلەن ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەي-

① «تەزكىرە ھىدايەت» — ئافاق خوجىنىڭ تەرجىمىھالى ھەققىدە يېزىلغان پارس-
چە باسما ئەسەر. بۇ ئەسەرنى ھىجرىيە 1226 ـ يىلى ماھى رەبىئەل ئەۋۋەلنىڭ 12
سىدە (مىلادىيە 1808 ـ يىلى 12 ـ ئىيۇندا — ئا) ئۇيغۇر موللا مۇھەممەد كۇچارى
قەشقەردە يېزىپ تاماملىغان. موللا مۇھەممەد خەلپەت قەشقەرى بۇيرۇپ يازدۇرغان، 104
بەتلىك بۇ پارسچە ئەسەر ئۆز زامانىسىنىڭ يەرلىكتە ئىشلەنگەن تولىمۇ سىپتا، ئەلا
سۈپەتلىك مىنجام، پاتلىق بوز رەڭ سامان قەغەزگە تاش مەتبەدە چاپيە قىلىنىپ تارقى-
تىلغاندىن بۇيان، ئاساسەن ئافاق غوجىنى ماختاپ كۆكە كۆتۈرۈپ كەلگۈچىلەرنىڭ
«گۆھەر قوللانمىسى» ھېسابلىنىپ كەلگەن. بۇ ئەسەرنى مەن ئۆز ۋاقتىدا گۇمىلىق ئۇ-
لىما راشىددىن ئاخۇندىن ھەدىيە ئالغانىدىم. ھۆرمەتلىك تارىخ تەتقىقاتچىلىرىمىزدىن
ئابدۇقادىر داۋۇتنىڭ ياردىمى بىلەن يېقىندا ئۇيغۇر ھازىرقى زامان تىلىغا تەرجىمە
قىلدۇرۇپ ـ بىيارلىدىم. مۆھتەرەم ئابدۇقادىر داۋۇتقا ئالاھىدە رەھمەت.

ھىسسالامنىڭ «ئىز باسارى» ئېلان قىلغان ئافاق خوجا ئۆز «دىنى» مەۋقەسىنىمۇ ئىسلام دىنىنىڭ دەل نوقۇل ئەقىدىۋى پىرىنسىپلىرى بىلەن ياندىش ھېساب قىلاتتى. مانا بۇ، ئافاق خوجىنىڭ «دىنىي ئىدىيەسى» دېيىلەتتى. مانا مۇشۇ «ئىدىيە»دە ئالغا سۈرۈلگەن «ئالتە» «پاك»لىق (مەزمۇنەن): 1) بىر تەن بىر جان بولۇپ پاك تۇرماق، 2) پىرغا ساداقەتتە پاك تۇرماق، 3) ماددىي غەنىمەتلەردىن خالىيلىقتا پاك تۇرماق، 4) دۇنياۋى ھەۋەسلەردىن پاك تۇرساق، 5) مەئىشەت ـ پاراغەتتىن پاك تۇرماق، 6) جىنسىي ھەۋەستىن پاك تۇرماق.

ئافاق خوجا مۇنداق دەيدۇ: «مۇرىتلىق (ئەلۋەتتە ئۆزىگە مۇرىت بولغانلار ـ دە، ـــ ئا) دۇنيادىن، بارلىق مەئىشى ـ مەنپەئەتلەردىن ۋاز كېچىپ، ئۆي تۇتمايدىغان، تىرىكچىلىك قىلمايدىغان، تاپقاندا يەيدىغان، بولمىسا ئاچ يۈرىدىغان خىسلەتلەرنى ھازىر قىلغان بەندىلەرگە خاستۇر. ئىسلامى ھەقىقەت نېمە؟ ئىسلامى ھەقىقەت دېگەن پۇل تاپىمەن، تىجارەت قىلىمەن دېمەسلىك، ھۈنەر قىلىمەن دېمەسلىك، خۇدا بەرسە يەپ، بولمىسا ئاچ يۈرۈش، بۈگۈن بۇنى يېدىم، ئەتە ئۇنى يەيمەن دېمەسلىك... مانا بۇ ئىسلام ھەقىقىتىدۇر...» («تەزكىرە ھىدايەت» پارسچىدىن تەرجىمە قىلىنغان قوليازما 10 ـ بەت).

دېمەك، ئافاق خوجا «دىنىي ئىدىيە»سى ھېسابلىنىدىغان «ئىشقىيە» سوپىلىق يولىنىڭ بۇ «پىرىنسىپلىرى» بويىچە بولغاندا، مۇسۇلمان قايتىدىن ئافاق غوجىچە «پاك» مۇسۇلمان بولۇش ئۇچۇن، چوقۇم:

بىرىنچىدىن، «قۇرئان كەرىم» ئەقىدىسىدىن مەلۇم دائىرىلەر بويىچە چەتلىشى لازىم بولىدۇ، ئەلۋەتتە. يەنى «قۇرئان كەرىم»دىكى «ئۇلار سەرى دەرەخلىرىدىن، سانجاق ـ سانجاق بولۇپ كەتكەن مەۋز دەرەخلىرىدىن، ھەمىشە تۇرىدىغان سايىدىن، ئېقىپ تۇرغان سۇدىن، تۈگىمەيدىغان ۋە چەكلەنمەيدىغان مېۋىلەردىن، ئېگىز، يۇمشاق چۈشەكلەردىن بەھرىمەن بولىدۇ. شۈبھىسىزكى، بىز ھۆرلەر-

نى يېڭىدىن ياراتتۇق، ئۇلارنى پاكىز، ئەرلىرىگە ئامراق، تەڭتۇش قىلدۇق» «سۈرە ۋاقىئە» 96 ـ ئايەت. «... ئاللا سىلەرگە بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەردى، ئۇنىڭدىن ئىچىسىلەر ۋە شۇ ئارقىلىق ئۆسكەن دەل ـ دەرەخلەر بىلەن چارۋاڭلارنى باقىسىلەر. سىلەرگە شۇ يامغۇردىن زىرائەتلەرنى ئۆستۇرۇپ بېرىدۇ... ئاللا سىلەرگە كېچىنى، كۈندۈزنى، كۈنني، ئاينى بويسۇندۇرۇپ بەردى... ئاللا يەنە يەر يۈزىدە سىلەر ئۈچۈن ياراتقان رەڭگارەڭ نەرسىلەرنى سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردى...» («قۇرئان كەرىم» «سۈرە نەھىل»دىن) دې-گەنلەردىن قەتئىي ۋاز كېچىش لازىم بولىدۇ.

ئىككىنچىدىن، بۇ «دىنىي ئىدىيە»نىڭ يېتەكچى ۋارىسلىرى مۇسۇلمانلارنى پۈتۈنلەي تەركىي دۇنياچىلىققا بەنت قىلىۋېتىپ، ئۇلارنى گوياكى تەبىئىي بىر تەن، بىر جاندىن بۆلەك ھېچقانداق ئىنسانچىلىق شارايىتى بولمايدىغان «قولدىكى قورال» ياكى «تەز-كىرە ھىدايەت»تە تەكىتلەنگەندەك: «ئۆل دېسە، ھازىر ئۆلىدىغان، تىرىل دېسە ھازىر تىرىلىدىغان» جېنى، تېنىلا بار، قىلچە ئادەم-لىك روھى يوق گۆش قورچاق ھالىتىدىكى بەدەۋى ئىنسانلار تۈر-كۈملىرىدىن قىلىپ يېتىشتۇرۇپ، يېتەكلەپ تۇرۇشقان. «تەزكىرە ھىدايەت»تە بۇ ئەھۋال مۇنداق تەرىپ قىلىنىدۇ: «بۇ زاتنىڭ تۈزىنى ساقلاپ، ئەك ـ شۈبھىسىز پاكلىق، بالاغىتى بىلەن خۇدايى بەندە-چىلىك قىلىدىغان ئون مىڭ ئىخلاسمەن مۇتەۋەللى سوپى ـ زات ،ئىشقىيە، يولىنى جارى قىلۇر ئېردى. پىرىمىنىڭ جىمىكى مۇرىت-لىرى دۇنيانى قىلچىمۇ دوست تۇتمايدىغان، ئىززەت ـ ئابرويىنى دوست تۇتمايدىغان، قورسىقىنى تويغۇزارمەن دەپ تىجارەت قىل-مايدىغان، ئۆز قولى بىلەن ئۆزىنى ھالاكەتكە تاشلايدىغان، خۇدانىڭ ھەرقانداق بالا ـ قازاسىغا كۆكرەك كېرىپ تۇرىدىغان، دۇنيانىڭ پايدىسىدىن زېمىننى ياخشى كۆرىدىغان، غورۇر ـ شۆھرەتتىن كۆرە دەككە ـ خورلۇقنى خوپ بىلىدىغان، بىھىش ساۋابى كۆپ كارامەت پاك دەرۋىشلەردىن ئىدىلەر...»

بۇ «ھۆرمەتلىك ئۇلۇغ زات» ئەينى تارىختا بىزگە پۈتۈن ئادە-

مىزاتىنىڭ چۈپرەندىلىرىنى، بىئىتىبارلىرىنى، ئىنسانىي پەزىلەت ۋە ئىرىكچىلىكتىن يىراق، قەلبىدە بىرلا خوجامدىن بۆلەك تاياش. چىسى بولمايدىغان، مىللىي ئاڭ، نەسلى ـ نەسەپ مۇرادى يوق، ئىنسانچىلىق ۋىجدان، ھەق ـ ناھەق سېزىمى بىلەن نومۇس، ئىنسانىي مۇھەببەت، ئىنسانىي ئىستەك، ئىنسانىي مەسلەك، غايە ۋە ئىنسانىي ئارزۇ بولمايدىغان، يۇرت ـ ماكان ھەتتا ۋەتەن تۇتمايدىغان، ۋەتەن چۈشەنچىسى يوق... بىر قىسىم سۇرىتى ئادىمىزات ـــ «ئاشىق» قەلەندەر، تەرسا، بىنومۇس، ئاچكۆز... لەرنى، ئومۇمەن يەر يۈزىگە هارام يۈك بولىدىغان، ئەلگە نومۇس، ئىنسانغا نىجىسلىق ئىللەتلىرى ئۆتىدىغان «پاك مۇرىت»لارنى تەربىيەلەپ، يېتىشتۈرۈپ بەرگەن روھانىي قىلمىشلىرى بىلەنمۇ ئالاھىدە يادلىنىپ تۇرىدۇ.

ئۇ، زاتىنىڭ بۈگۈنكى كۈندىمۇ تىمىسقىلاپ يۈرگەن ۋارىسلىرىدىن سوراپ كۆرەيلى: ئاللا تائالا مۇشۇنداق قىلىقلىق مۇسۇلمانىنى بەندەم، ئۈممىتىم دەرمىدى؟ مۇسۇلمانچىلىقنىڭ بەش پەرزىنى ئادا قىلمىغان مۇسۇلمانىنى ھەقىقىي مۇسۇلمان دېيىشكە بولارمۇ؟

«قۇرئان كەرىم»، ھەدىس ۋە باشقا دىنىي كىتابلاردا مۇسۇلمان كىشىنىڭ مۇسۇلمانچىلىق سۈپەتلىرى: 1) ئەقىل ۋە ئەمەلىيەت؛ 2) توغرىلىق ۋە راستلىق؛ 3) مۆرۈۋۋەتلىك. بۇ ئۈچ سۈپەتنىڭ سەرمايىسى ۋە ئۆلۈغى ـــ ئەقىلدۇر دېگەن پەلسەپىلىك غايە نامايەن ئەمەسمۇ؟

ئافاق خوجا «داھىي»لىقىدىكى «ئىشقىيە»چى سوپى ـ ئىشانلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان زامانلاردا يۇقىرىقىدەك بەندىچىلىكتە «پاك تۇرماق»، «ئادا تۇرماق»لارنىڭ كاساپىتى بىلەن بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز تەركىبىدىن (ئاساسەن قەشقەرىيەدىن) ئوتتۇرا شەرق بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا «مەككىگە ماڭغان مۇساپىر»، «ئەنجانغا چىققان يېتىمچى»، «پېتىراپ يۈرگەن ئالا خۇرجۇن» دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتىلىپ «خۇدايى قەلەندەر» بولۇپ چىقىدىغان «ئاشىق» «دىۋانە»لار كۆپىيىپ كەتكەن. يەنى «دۇئا» قىلىپ خەلقتىن قىپىنىدىغان تىرىكتاپ «خۇدايى سوپى»، «خۇدايى بۇۋىم»، «خۇدايى ئىشان»، «سە-

ئىد»...لەر تىلەش، ئالداش، بۇلاش، «ئىمان» يېڭىلاش، «قول قوبۇل قىلىش (قول بەرگۈزۈش)»، «خۇدا چاچقان رىزقى»نى ئىزدەپ ـ تېپىپ يېيىش... «كەسىپ»لىرىنى كەسپىي ئىختىيار ئەيلىشىپ باشلىرى قايغان، هوشۇقلىرى تايغان تەرەپلەرگە «خۇدايى هىجرەت» قىلىشىدىغان لاماكان، نومۇسسىز، تېجىمەل «خۇدايى» يالاڭتۆش ـ لەردىن بولۇپ كېتىشكەن. ئۇلارنىڭ ئورتاق «بەندىچىلىك ئىبادە ـ تى»نىڭ شەكلىي سۈپەتلىرى بىر تۇتاش «ئاشىق»لىقتىنلا ئىبارەت بولغان. ئۇ خىل «ئاشىق»لىق توغرىسىدا هۆرمەتلىك مۇئەللىپ هاجى نۇرهاجى ئۆزىنىڭ «سوپىزمنىڭ مەيدانغا كېلىشى، تارقىلى ـ شى ۋە ئۇنىڭ ماهىيىتى توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرىدە توختىلىپ مۇنداق يازىدۇ: «ئۇلار توپلانغان جايدا ياكى يەككە ـ يېگانە هالدا قانغۇدەك چىلىم تارتىپ نەشە چېكىشنى «ئىبادەت» دەپ هېسابلاي ـ دۇ. بۇ ئارقىلىق «خۇدا»غا ئاشىقلىقىنى ئىپادىلىمەكچى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ زور كۆپچىلىكى چاچلىرىنى ئۇزۇن ئۆستۈرۈپ، ساراڭلارچە هاياتقا قەدەم قويغانلىقىنى «خۇدا»نىڭ ئىشقىغا ئۆزىنى پىدا قىلغانلىق دەپ قارايدۇ...»

دېمەك، تارىخىمىزدا پەيدا بولغان ئىجتىمائىي ئىللەتلەر: بەڭگى قەلەندەرچىلىك، تەپىرىقە، نوقانچىلىق، مىللىي ئاڭسىزلىق، «خۇدايى» قۇللۇق، ئىجتىمائىي ئىنسانىيەتسىزلىك، غەيرىي ئىن ـ سانپەرەسلىك، خو ' ق... ئىللەتلىرى ئەنە شۇ «ئۇلۇغ» ئافاق خو ـ جامنىڭ «ئالتە پاك»، «توققۇز تەرك» «دىنىي تۈزۈمى»نىڭ مەه ـ سۇلاتلىرىدۇر. بەندىلەرنى يۇرتسىز ـ ماكانسىز، قوۋم ـ قې ـ رىنداشسىز، نەسلى ـ نەسەبسىز، غورۇر ـ ئىستەكسىز، بەدقە ـ لىق، بەدەۋى تەقسىرلەرگە ئايلاندۇرۇۋېتىشنى تۈپ «دىنىي نىشان» ـــ مەقسەت قىلغان ئۇ «ئەۋلىيا» زاتنىڭ هازىرقى زامان ساقىندى ۋارىسلىرى هېسابىدىن بولغان قەلەندەر، «پىر» ئابدال»، «ئاشىق»، «قاسماق ۋەلى»، «دىنىي كۆكەمە»لەر (خۇدا تىلەشكىلا يارىتىپ، بېرىشكە ياراتمىغان) «خۇدايى» ئۇششۇق، كۆڭلى غەش، ۋىجدان، نومۇستىن مەھرۇم، بەدەۋى تەقسىرلەرنى هېلىمۇ مىللىي تەركى ـ بىمىزنىڭ مەرەز بۆلەكلىرى سۈپىتىدە ئۇچرىتىپ تۇرماقتىمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## 3. قاباھەتلىك ئەقىدىنىڭ پىرى ئافاق خوجا توغرىسىدا

### مۇئەللىپتىن ئۆزرە:

بىرىنچى، خىرونولوگىيە پىرىنسىپى بويىچە ئادەتتە ئىنسانلارنىڭ تەرەققىيات جەريانلىرى بىر قانچە تارىخىي زامانلارغا بۆلۈنىدۇ: مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 6 ـ ئەسىردىن مىلادىيە 7 ـ ئەسىرگىچە بولغان زامان ـــ قەدىمكى زامان ياكى قەدىمكى ئەسىرلەر. مىلادىيە 8 ـ ئەسىردىن 18 ـ ئەسىرلەرگىچە بولغان زامان ئوتتۇرا ئەسىرلەر، 19 ـ ئەسىردىن 20 ـ ئەسىرگىچە بولغان زامان ـــ ھازىرقى ئەسىرلەر (زامان) دېيىلىدۇ. مەن مەزكۇر ئەسىرىمنىڭ 2 ـ قىسمى «خوجىلار دەۋرىدىكى جاھالەت» تە بەزى تارىخىي ۋەقەلىكلەرنىڭ ئۆزئارا چېتىلىش دائىرىسى بىلەن نەتىجىلىنىش ۋاقىت نۇقتىسىنى ئەسلىدىكى «كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەر» ۋاقىت سىزىقى بويىچىلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل 19 ـ ئەسىر ۋە 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە سوزۇلغان ۋاقىت نۇقتىسىغا سوزماقچىمەن. بەزىبىر تەلەپلەر ئاساسىدا بولۇۋاتقان بۇ ۋاقىت چەكسىزلىكى پەقەت چۈشەنچىلەرنىڭ مۇكەممەللىشىش ئېھتىياجى ئۈچۈنلا بولۇۋاتقاندۇر، شۇڭا غەيرىيلىك بىلىنمىگەي.

ئىككىنچى، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان ۋە قىلىنىۋاتقان بىر قىسىم ماقالە، ئوبزورلىرىم: «يولسىز ئەقىدە»، «قارا قۇرۇم ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى» «جاھالەت پىرلىرى ئۇيغۇر دىيارىدا»، «16 ـــ 18 ـ ئەسىر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي ئوچېركى» جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشكەندىن بۇيان بىر قىسىم جامائەتچىلىكىمىزدىن بۇ ماقالە، ئوبزورلارنىڭ ئىجابىي ئەھمىيىتى، قىممىتى، رولى ۋە تەسىرلىرى توغرىسىدا ھازىرغىچىلىك كۆپلىگەن

خەت ۋە سالامنامىلەرنى تاپشۇرۇۋالدىم. ئۇلار ئىچىدە: مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن ۋېيجۈەنجاڭى سەيپىدىن ئەزىزى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ پىروفېسسورى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن، يازغۇچى ـ شائىرلىرىمىزدىن سېيىت زۇنۇن، مۇھەممەدئېلى زۇنۇن، قاھار جېلىل، مۇھەممەد باغراش، توختى ئايۇپ، ئابدۇللا ساۋۇت، مامۇت زايىت، ئۈرۈمچىدىن سىدىق بارات، ئىلياس ھوشۇر، ياسىن سېيىت، مېھمانجان روزى، قەشقەر شەھىرىدىن ئىسلام قارىم، بارات سۇلتانى، قاراقاشتىن مۇھەممەتئىمىن قۇربان، گۇمىدىن ئابدۇلئەھەت ئالىم، تاجىك شائىر مەرھۇم ئىمىن ئەمرۇللا، شاياردىن ئەخمەتجان قادىرى، غۇلجىدىن مۇھەممەتئىمىن ئۆمەروف، قاغىلىقتىن كېرەم نىياز، مۇھەممەت ئەمەت چوپانى قاتارلىق كىشىلەرنىڭ خەت ۋە سالامنامىلىرى ئالاھىدە دىققەتكە سازاۋەردۇر. ژۇرنال تەھرىر بۆلۈمىگە بۇ ماقالە، ئوبزورلار توغرىسىدا كېلىۋاتقان خەت، سالامنامىلەرمۇ ئاز ئەمەس. ئۆيۈمدە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ بۇ ھەقتىكى شەخسىي زىيارەتلىرىنىمۇ قوبۇل قىلىپ تۇرۇۋاتىمەن. «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1986 ـ يىلى 3 ـ، 4 ـ سانلىرىدا ئېلان قىلغان «قارا قۇرۇم ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى» دېگەن ماقالەمنى گېرمان تىلىغا تەرجىمە قىلىپ نەشرگە تەييارلىغان غەربىي گېرمانىيەلىك مېخائىل فېرىدىرىخنىڭمۇ ھۆكۈمەت سەمىدىكى زىيارىتىنى قوبۇل قىلىشقا توغرا كەلدى.

ئىلمىي رىغبەتلەندۈرۈش، قوللاش مەۋقەلىرى بىلەن قىممەتلىك باھا، ئىجابىي مەسلىھەت، پىكىر ـ تەكلىپلەرنى بېرىش ئارقىلىق قەلەمكەشلىك كەيپىياتىمنى يەنىمۇ جانلاندۇرغان يۇقىرىقىدەك ئىلمىي مەدەتكار ئەزىز يارانلىرىمىزنىڭ ھەممىسىگە ئاپتورلۇق سالاھىيىتىم بىلەن چىن دىلىمدىن رەھمەتلەر بايان قىلىمەن. توغرا قوللاش، ھەقنى قوللاش ئەڭ ئالىيجانابلىقتۇر. بۇ خىل ئىجادىي يازمىلىرىمنىڭ مەيدانغا چىقىشىغا ئىزغىن مەدەت، يار ـ يۆلەكتە بولغان (ئۇيۇشتۇرغان، ياز-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

دۇرغان) ھەم يەتكۈدەك تەھرىرلىك ئەجرى سىڭدۇرگەن «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ ھۆرمەتلىك باش مۇھەررىرى، قۇربان مامۇتقا، يازمىلىرىم ئۈچۈن قىممەتلىك ماۋزۇ خېتى يېزىپ بەرگەن وە ماۋزۇلۇق رەسىم ئىجاد قىلىپ، ئۇنىڭ تەسىرىنى كۈچەيتكەن ياش رەسسام مۇختا ئابدۇراھمان، ئابلىمىت ئابلىزغا ئالاھىدە مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن. ئەل رەھمىتى ھەممە مەڭگۈلۈك شان ـ شەرەپنىڭ يىلتىزىدۇر، ئەل رەھمىتى — خۇدا رەھمىتى دېگەن ئەنە شۇ، ئەلۋەتتە.

ئۈچىنچى، يۇقىرىقى خەت ۋە تەشەككۈرنامىلەردە تەكىتلەنگەن ئورۇنلۇق تەلەپلەر بويىچە تارىخىمىزدا ئۆتكەن بىر قىسىم جاھالەت پىرلىرى — مەسىلەن، ئافاق خوجا، دانىيال خوجا، بۇرھانىدىن خوجا، ۋەلىخان خوجا قاتارلىق چوڭ سىياسىي خوجىلار ۋە ئۇلار پەيدا قىلىشقان ئاتالمىش «دىنىي مىللىي ھاكىمىيەت»لەر توغرىسىدا يەنىمۇ ئەتراپلىق ئىزدىنىش، توختىلىشقا توغرا كېلىۋاتىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ سەلبىي ئىزلىرى بىزدە تېخى ئۆچۈپ تۈگىمىدى. تارىختا خەلقىمىز كۆيدۈرۈپ تاشلىۋەتكەن سېسىق چۈچۈلا ـ كۆيۈندىلەرنىڭ بىر قىسمىنى ھازىر بەزىبىر دىنىي ئالدامچىلىق، دىنىي سۇيىقەستچىلىك يولىغا كىرگەن يېڭى جاھالەتچى «پىر»لار قايتىدىن تۇتاشتۇرۇپ، خەلقىمىزنى ئۇنىڭ تۈتەكلىرى — جاھالەت تۇمانلىرى ئىچىگە باشلاپ كېتىشمەكتە. ھازىر يەكەن، قاراقاش، خوتەن، قاغىلىق، قەشقەر، كۇچا، ئاقسۇ، تۇرپان، ئۈرۈمچى، غۇلجا قاتارلىق نۇرغۇن جايلاردىكى بىر قىسىم مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىز ئارىسىدا يوشۇرۇن تور شەكلىدە پەيدا قىلىنىۋاتقان «ئىشقىيە يولى»، «ئىشانلىق يولى»، «پىر تۇتۇش يولى»، «جەرە ـ ساما»، «خانىقا ئىبادىتى يولى»، «توۋا ـ ئىستىغپارچىلىق يولى» قاتارلىق «خۇدايى ئاسايىشلىق» «دىنىي پائالىيەت» لىرى بۇ پىكرىمىزنىڭ ئوبيېكتىپ دەلىللىرىدىن بىرىدۇر. بۇنى بىزنىڭ مىللىي تەركىبىمىزدە يەنىلا قايتىدىن بىخلىنىۋاتقان يامان خاراكتېرلىك مەنىۋى نىجاسەت — ئۆسمە دېيىشكە توغرا كېلىدۇ. دېمەك، مىللىتىمىز ھازىر

يەنىلا ئىنسانىيەت دۇنياسى مىسلىسىز تەرەققىيات دەۋرىگە قەدەم قويغان 21 ـ ئەسىرنىڭ هارپىسىدا بەزىبىر «دىنىي» «ئۇلۇغ» لارنىڭ يامان كارامەتلىرى بىلەن دىنىي، مىللىي ئىدىئولوگىيە جەھەتتە ئىچكى يۈز-شۈرۈن پارچىلىنىش، روھىي داۋالغۇش، چېكىنىش، چېكىندۈرۈش خەۋپىگە دۇچ كەلمەكتە. بۇ خەۋپنىڭ ئالدىنى ئالماسلىق (جاھالەتچى-لەرنى چەكلىمەسلىك) ھەتتا ئۇلارغا ئەگىشىش، بولۇشۇش ياكى كارى بولماي بىر چەتتە تۇرۇش ھازىرقى دۇنيادا بىز ئۈچۈن ئوخشاشلا نادانلىشىش، نادانلاشتۇرۇش (ئاقىۋىتى ئۆگىشىش) يولىغا سوكۇت قى-لىپ تۇرۇش بولىدۇ، ئەلۋەتتە. ئوتتۇرا ئەسىر ئىشانلىق «دىنىي» ئىدى-ئولوگىيەسى بىلەن ھازىرقى زامان ئىسلام دىنىي ئىدىئولوگىيەسى ئوت-تۇرىسىدىكى جىددىي دىنىي كۈرەش ئىچىدە، مىللىي بارلىق ۋە مىللىي تەرەققىيات يولى بىلەن مىللىي خارابلىشىش ۋە جاھالەتكە چېكىنىش يولى ئوتتۇرىسىدىكى مىللىي كۈرەش ئىچىدە، نادانلاشتۇرۇش بىلەن نادانلاشتۇرۇشقا قارشى كۈرەش قىلىش ھەرىكىتى ئىچىدە تۇرۇۋاتقان خەلقىمىزگە تارىخىمىزدا ئۆتكەن جاھالەت پىرلىرىنىڭ ئۆتمۈشتە سادىر قىلغان جىنايەت ئىزلىرىنى كۆرسىتىپ ئەسلىتىپ، ھازىرقى چاغلارغىچى-لىك يەنىلا خوجا ـ ئىشەنپەرەسلىكنى تەرغىپ قىلىشىدىغان بەزى نادان «پىر» لارنىڭ تەسىرى دامىدىن خالاسلاندۇرۇش، ھازىرقى زامان مە-دەنىيىتىنىڭ كۈشەندىلىرى ھېسابلىنىدىغان بەزىبىر يېڭى «دىنىي تەرغىباتچى» لار يەنى سوپىزۇندى ـ يالاكتۆش، ھازازۇل مۇرت ـ مەدداھلارنىڭ قەبىھ ھەرىكەتلىرىنى ئىلمىي دەلىللەر بىلەن رەت قىلىش ۋە ئۇنى توسۇشقا جامائەتنى چاقىرىش مەقسىتىدە بۇنىڭدىن كېيىن بىلگەنلىرىم بويىچە داۋاملىق قەلەم تەۋرىتىپ (تولكە توختىمىغۇچە ئۈۋۈچى توختىماس قىلىپ) بارماقچىمەن. مەلۇم شەرھىيە، تەتقىقات ۋە مۇنازىرە خاراكتېرىگە ياتىدىغان بۇنداق تېمىنىڭ چۈشەنچە بالاغىتى ئۈچۈن تارىختا ئۆتكەن بىر قىسىم «ئۇلۇغ» لارنىڭ، جۈملىدىن ئاپاق خوجىنىڭ ھازىرغىچىلىك «پاسىق بەندىلەر» ئۈچۈن سىر بولۇپ كەل-

www.uyghurkitap.com

گەن «رىسالەئى تەۋەرۇكاتى» ياكى «ئۇلۇغ كىتاب خەزىنە»لىرىدىن بەزىلىرىنى جامائەتچىلىكىمىز بىلەن ئەينەن يۈز كۆرۈشتۈرۈشكىمۇ توغرا كەلمەكتە. مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، بۇنى مۆھتەرەم ئۆلىمالىرىمىز، دىنىي جامائەتچىلىكىمىز ۋە جىمىكى ئەھلى ئىلمى يارانلىرىمىزنىڭ سەمىگە ئېچىلغان ئەڭ خالىس مەنىۋى رەستە ـ مەيدان دېيىشكىمۇ توغرا كېلىدۇ. ئەلنىڭ تارازىسى — ھەقىقەت، ئەلنىڭ باھاسى ئادالەت ۋە ئەرنىڭ ئەقلى ئەل بىلەندۇر، دېگەن تۇيغۇ ھېسسىياتىمنى چىقىش قىلىپ، تارىختىكى «ئۇلۇغ»لار مەسىلىسىنى، يەنى توغرا ـ ناتوغرا، ھەق ـ ناھەق، راست ـ يالغان ئارىلىشىپ، داشقايناق بولۇپ تۇرغان ئەڭ نازۇك «دىنىي ئۇلۇغ»لار مەسىلىسىنى يەنىلا ئەلنىڭ ئادالىتىگە تاپشۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ، دەپ قارايمەن. ئافاق خوجا ھەققىدە ئېلان قىلىنغان ۋە باشقا خوجىلار توغرىسىدا بۇنىڭدىن كېيىنمۇ داۋاملىق ئېلان قىلىنىپ تۇرىدىغان يازمىلىرىمنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇ مەقسەتنى چۆرىدىگەندۇر. جامائەتنىڭ بۇ خىل غەرەزگە ئىجابىي مۆۋقە بىلەن نەزەر سېلىشىنى تەۋسىيە قىلىمەن.

بۇ قېتىم يازىدىغانلىرىم ئافاق خوجىنىڭ «ئۇلۇغ» لۇق «كارامەت» لىرى زادى نەدە؟ تارىختىكى «دىنىي تۆھپە» لىرى زادى قانداق؟ ئۇ نېمە ئۈچۈن «ئەۋلىيا» ئاتالغان؟ ئۇنى پەيغەمبەر ئەۋلادى دېگۈچىلەرنىڭ ئاساسى نېمە؟ 17 ـ ئەسىردە ياشىغان ئوتتۇرا ئاسىيالىق ئافاق خوجىنى قانداق قىلىپ 7 ـ ئەسىردە ياشىغان ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام نەسەبلىرىگە چېتىپ قويغىلى بولىدۇ؟ ئەگەر ئۇ راستتىنلا پەيغەمبىرىم نەسەبلىرىدىن ئىدى دېيىلسە، ئۇنى پەيغەمبىرىمنىڭ قىزلىرىدىن باشلانغان نەسەب ياكى ئوغۇللىرىدىن باشلانغان نەسەب ياكى نەسەب ۋارىسى دېيىشكە قانداق دەلىل بار؟ نەسەب ئىسلامىيەتتە ئەر تەرەپتىن باشلىنىپ تۇرىدىغانلىقى تارىخىي پاكىتقۇ؟ پەيغەمبىرىمنىڭ ئۆزىگە ۋارىسلىق قىلغۇدەك ئوغلى بولغانمۇ؟ ئافاق خوجا راستتىنلا مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ يولىنى تۇتقانمۇ؟ قۇرئاننى قىبلىنامە قىلغانمۇ؟

ئافاق خوجا ۋە ئۇنىڭ تارىختىكى شىرىك ـ ياندىماچلىرىنىڭ قىلمىشـ لىرىنى پاش قىلىش، تەتقىق قىلىش راستتىنلا ئىسلام دىنىغا، تارىختىـ كى ئىسلام ئۆلۈغلىرىغا، ئىسلام ئېتىقادىغا، پاك دىنىغا چېقىلغانلىق، كاـ پىر بولۇپ كەتكەنلىك بولامدۇ؟ ئافاق خوجىغا، ئۇنىڭ «دىنىي يوـ لى»غا يا باسقۇنچىلارنىڭ ئۇنى ئاقلىغۇدەك نېمە ئاساسلىرى بار؟...

بىلگۈچى يارانلىرىمىزنىڭ يۇقىرىقى سوئاللار دائىرىسىدە بىلىدىـ غانلىرىنى تارىخىمىز، مەدەنىيىتىمىز، تەقدىرىمىز ۋە تەرەققىياتىمىزنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئەسلەپ، خاتىرىلەپ ئوتتۇرىغا چىقىرىشلىرىنى ياكى مېنىڭ نامىمغا بىۋاستە تەقدىم قىلىشلىرىنى ۋىجدانەن مۇراجىئەت قىـ لىمەن.


## 1) ئافاق خوجا توغرىسىدىكى بەزى مەنبەلەر ھەققىدە

### (1) «تەزكىرەئى ھىدايەت»[①] تىكى بايانلار:

— ھەممە پاساھەتلىك سۆزلەرنىڭ ئۈستۈنى — دىن، مەزھەپ، مىللەت، ئۆلۈسلارنى ئەھيا قىلغۇچى، ئالىي دۆلەت، تەرىقەتنىڭ بىناـ سىنى تۈزگۈچى، شەرىئەتنىڭ مەرىكە مەيدانىدا ئات چاپتۇرغۇچى، تەـ رىقەتنىڭ مەيدانىنى تۈزگۈچى پالۋان، ئالەمى ھەقىقەتنىڭ سوپىلىرىنى يۇقىرى كۆتۈرگۈچى، ساخاۋەتنىڭ ئاچقۇچىنى قولىغا ئالغۇچى، ئەدلى ـ ئادالەتنىڭ خەزىنە ئاچقۇچىنى قولىغا ئالغۇچى، مەرىكە مەيدانىدا نام چىقارغۇچى ئەۋلىيالارنىڭ ئەڭ پېشۋاسى، شەرىئەتنىڭ، تەرىقەتنىڭ،

① «تەزكىرەئى ھىدايەت» — (ئافاق خوجا تەزكىرىسى — ئا) ھىجرىيە 1226 ـ يىلى (1811 ـ يىـ لى) موللا مۇھەممەد كۆچارى بىلەن موللا مۇھەممەد خەلپەت قەشقەرىيلەر تەرىپىدىن تەييارلىنىپ، پارسچە ـ ئەرەبچە تەرجىمىدە تاش مەتبەئە بىلەن بېسىپ تارقىتىلغان چوڭ رىسالىدۇر. رىسالىنىڭ قەيەردە بېسىلـ غانلىقى نامەلۇم. يەرلىكتە ئىشلەنگەن يۇپقا، سۈيەتلىك سېرىق سۇت قەغەزگە «خېتى پارسى»، «خېتى ئەـ رەبى» خەت شەكلى بىلەن كۆزگەم خۇتخەت، قوش تىللىق قىلىپ چاپىيە قىلىنغان (بېسىپ تارقىتىلـ غان). بۇ ئەسەرنىڭ ئومۇمىي بېتى 104، ۋاراق ئۇزۇنلۇقى 17.5 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 10 سانتىمېتىر كېـ لىدۇ. 1986 ـ يىلى سېنتەبىر ئايلىرىدا گۇمىلىق تۆلىما راشىدىن ئاخۇنۇمدىن تېپىلغان. بۇ ئەسەرنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنى يەكەن ناھىيەلىك مەدەنىي يادىكارلىقلار ئىدارىسىنىڭ ئىلمىي خادىمى ئابدۇقادىر داۋۇتنىڭ ياردىمى بىلەن يېقىندا تەييارلىدىم. بۇ رىسالىنى يازغۇچىلار ئافاق خوجىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن يېـ زىپ قالدۇرغان بولۇشى مۇمكىن. ئىزدەنگۈچىلەرگە بۇ تەزكىرىنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىدا تەييارلاپ بەزى قىسمىلىرىنى ئېلان قىلدىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


از کفر روی گردانیده و باسلام روی آورده
بودند که مر خدمت به بندگی بطوع بسته و جانها
میکردند تاریخ وفات ایشان خم مائه
الف سنه در سال یلنک در اواخر ماه
سفر بشهادت رسیده و نعش مبارک
ایشانرا نیز دریافتند و در حضرت مزار
برانوار قرار یافتند پوشیده نماند که
پسر دویم ایشان حضرت خواجه مهدی نام
داشتند و حضرت ایشان ما نور الله

مرقعه میگفتند اند که این فرزند خواجه مهدی
در حلم و حیا حضرت عثمان ذی النورین
می مانند و در میان حقایق و معارف
در حضور یاران قبل از آنکه رخت از این
عالم فانی بعالم باقی کشند ایشان خواجه
مهدی را طلبیده به پهلوی خود نشانده
و از زبان مبارک ایشان این مصرع جاری
میشد که برتخت نشه که نشیند جز شاه
شاه زاده و دوران وقت ایشان پانزده

«تەزكىرەئى ھىدايەت»نىڭ پارسچە نۇسخىسىدىن

ھەقىقەتنىڭ، ئۇممەتلەرنىڭ تاجى، ئەۋلىيالارنىڭ سەر ھەلقىسى ــ جاـ نابىي ھەزرىتى ھىدايىتۇللاغا خاستۇر. ئۇل زاتنىڭ ھىدايەت ئاپتاپى جىمىكى مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىغا باراۋەر چۈشكەندۇر. ئۇ زات يۈلتۇز- لىرنىڭ يورۇقى جىمىكى كىشىنىڭ دىلىنى يورۇتقان. شۇنداق ئۇلۇغ كىشىنى بىزگە يەتكۈزۈپ بەرگەن ئۇلۇغ ئالااھقا ئەتە ـ ئاخشاملارنىڭ ھەممىسىدە شۈكۈر قىلىمىز. ھەمدۇسانا ئېيتىمىز.

پېقىر بۇ ئۇلۇغ زاتنىڭ نامۇشەرىپىنى ئاغزىمغا ئالماق بولۇپ ئويلىـ نىپ تۇرغان كۆڭلۈمدە ناگاھ شۇنداق ۋەھىي بولدىكى: چۈشۈمدە ئۇ زات «مېنىڭ تەزكىرەمنى پۈتكىن» دەپ مۇبارەك بېشارەت قىلدى، ئويغاندىم. گوياكى يېڭى ئۆلۈككە جان كىرگەندەك، ماڭا جان كىر- دى. بۇ زاتنىڭ ئەسرائىلىرى كۆڭلۈمگە ئولتۇردى. ئۇ زاتقا بولغان ئىخلاس ـ ئېتىقادىمنى يول باشچى قىلىپ بۇ رىسالىنى «تەزكىرەئى ھىدايەت» نامى بىلەن يېزىشقا كىرىشتىم.

*　　　*　　　*

پىرىمىزنىڭ كارامەتلىرى شۇدۇركى، خۇددى پەيغەمبەر ئالەمنى كېزىپ ئابىھاياتنى تاپقاندەك، تىرىكچىلىكنىڭ يولىغا باشلايدىغان ھەزرىتى ئىيسا مەسىھ «سۇق» دەپ ئۆلۈكنى تىرىلدۇرگەندەك، ھەزرىتى مۇسا ئەلەيھىسسالام مەجمۇئىل بەھرەئىنگە بېرىپ ھەزرىتى خىزىر ئەلەيھىسسالامغا ئۇچراشقاندەك بىزنىڭ پىرىمىزنىڭ سۆزلىرىمۇ ئىمامى ئەزەمدۇر[1]، قاراشلىرى ھەققەتتۇر. ھەزرىتى شەيخ پەرىددىن ئەتتار دېگەن كىشى شۇنداق يازىدۇ: پەيغەمبىرىم ھىرا غارىدا خۇدا بىلەن گەپلەشكەن چاغدا بىزنىڭ پىرىمىزنىڭ روھى ھەمراھى پەيغەمبىرىم بىلەن بىللە ئاللاھنىڭ سۆزىنى ئىشىتكەن. ئۇنىڭ ئۇچۈن ئاللاھتائالانى كۆرۈش زاھىردۇر. پەيغەمبەرلەرنىڭ مەرتىۋىلىرى ئەۋلىيالارنىڭ مەرتىۋىلىرى بىلەن بىر. پەيغەمبەر دېگەن ئاللاھنىڭ ھۆكۈمى بىلەن شەرىئەت ئېلىپ بارىدۇ. ئەۋلىيا دېگەن «ئەھەد» دەيدۇ. ھەممىسى شۇنىڭ ئىچىدە. ناھايىتى پەرقلىنىدىغان يېرى «ئەھەد» بىلەن «مۇھەممەد» ئارىسىدا. لېكىن ھەر ئىككىلىسى «ئەھەد» كە باشلاپ بارىدۇ...

پىرىمىز ھەققەتچىلەرنىڭ سۇلتانى، توغرا يولغا ماڭغۇچىلارنىڭ ھۆججىتى. ئۇ زاتنىڭ زاھىر تۇرقىنى كۆرمەك بىلەن بەندىلەر ئەقلىدىن ئېزىپ، دۇنيانىڭ بارلىق تەئەللۇقاتلىرىدىن كېچىپ كېتەتتى — زاھىرى شۇ دەرىجىدە ئىدى. زاھىرى سىرى شارابىنىڭ كۈپىگە ئوخشايتتى. مەسىلەن، شارابىنىڭ كۈپىدىن ئازراق ئىچكەنلەر ھەممە ئادەمنى دوست

① ئىمام ئەزەم — ئىسلام دىنى ھازىرقى دۇنيادا ئاساسەن ئىككى مەزھەپ، سەككىز چوڭ تارماق مەزھەپ بويىچە: 1) سۈننىي مەزھىپى (بۇمۇ: ھەنەفىيە، شافىيە، مالىكىيە، ھەنبەلىيە مەزھەپلىرىگە پارچىلىنىدۇ — ت)؛ 2) شىئە مەزھىپى (بۇمۇ. زەيد، ئىسمائىلىيە، ئەلەۋى، جەئفىرى مەزھەپلىرىگە پارچىلىنىدۇ — ت)؛ 3) خارىجى؛ 4) باتاخي؛ 5) ئەھمەدى؛ 6) يەزىد؛ 7) دىروزى؛ 8) سابائى تائىد مەزھەپلىرى بويىچە ئۇقۇملىنىدۇ. ئىمام ئەزەم ئوبۇ ھەنىپە (ئىسلامدىكى ئەڭ يۇرۇنقى تۆت چوڭ ئىمامنىڭ بىرى) بۇ مەزھەپلەر ئىچىدىكى «ھەنەفىيە» ياكى «ھەنىپە» مەزھىپىنىڭ تۇنجى ئىمامى، ئىجادچىسى. ئۇ زات 699 ـ يىلى تۇغۇلۇپ 767 ـ يىلى باغدادتا ۋاپات بولغان. دۇنيادىكى مۇسۇلمانلارنىڭ 80 پىرسەنتىدىن جىقراقى مۇشۇ مەزھەپتە. شىنجاڭدىكى مۇسۇلمان مىللەتلەردىن تاجىكلاردىن باشقىلىرى مۇشۇ مەزھەپتە مۇسۇلمانچىلىق قىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

ئۆتىدىغان ئاشىق بولاتتى. ئۇنىڭدىن جىقراق ئىچكەنلەر ھېچ نېمىدىن قورقمايدىغان، ھەممىنى قورقىتىدىغان بولۇۋالاتتى. تېخىمۇ تويغۇچە ئىچىۋالغانلار يېرىم ئۆلتۈرۈپ تاشلىۋەتكەن توخۇغا ئوخشاش يۇمىلاپ يۈرۈپ، دۇنيانىڭ پايدا ـ زىيانلىرى بىلەن ئىشى بولمايتتى. پىرىمىزنىڭ جامالىنى كۆرگەن ھەر قانداق كىشى ياقىلىرىنى چاك قىلىپ، دۇنيانىڭ تىرىكچىلىكىدىن ۋاز كېچەتتى. ئۆزىدىن ئۆزىگە رەھىمە قىلىپ، گاھى ئىشتان ـ كۆڭلىكىنى سېلىۋېتىپ يالىڭاچ بولۇپ كەتكىنىنى بىلمەي قالاتتى. مەسىلەن، ھوشيار ۋاقتىدا شەرىئەت، تەرىقەتتىن سۆزلەيدىغان، تون، سەللىنى تاشلىمايدىغان كىشىلەر پىرىمىنىڭ زاھىر جامالىنى كۆرگەندە تەندە جان، قەلبىدە ئىماندىن بىخەۋەر بولۇپ قالاتتى. ئۆزىنىڭ خۇدىنى بىلمەيتتى. قايسى دائىرىدە تۇرغانلىقىنى سەزمەيتتى...

پىرىمىزنىڭ ئادەتلىرى ھەر كۈنى كۈن يېرىم بولغاندا خالايىقلارغا مەسنەۋى خاراباتىدىن دەرس ئۆتەتتى. پارس تىلىنى، تاجىك تىلىنى، تۈرك تىلىنى ياخشى بىلەتتى. خالايىقلارنى، ھەر مىللەتنى ئۆز تىلى بىلەن مۇنداق ماڭساڭ خۇداغا يېتىشىسەن دەپ كۆرسىتەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ پىرىمىزدەك قابىلىيەتلىك، جۇۋانمەرد زېرەك كىشى ئىككىنچى دۇنياغا كەلمىگەن.

پىرىمىزنىڭ خاس سۆھبەتلىرى بىر ئوتقا ئوخشايتتى. ھەر قانداق ھۆل نەرسىنى قۇرۇتاتتى. بىر نەرسە يۇقمايدىغان قۇرۇپ كەتكەن ئادەم بولسا، كۆيدۈرۈۋېتەتتى. بۇ كىشىنىڭ سۆھبەتلىرىگە ئۇچرىغان كىشى، مۇلاقەت بولغان كىشى دۇنيادىن، بارلىق مەنپەئەتتىن ۋاز كېچىپ، ئۆي تۇتمايدىغان، تىرىكچىلىك قىلمايدىغان، تاپقاندا تازا يەيدىغان، بولمىسا ئاچ يۈرىدىغان ئىتتىكى ئۇلۇغ خىسلەت ئۇ كىشىگە مۇيەسسەر بولاتتى... ساما قىلاتتى. ساما قىلغانلار ئارىسىدا بەزى ئاۋازلارنى ئاڭلاپ قالاتتىيۇ، ئاۋاز سىلغانلارنى كۆرمەيتتى. بەزى غەيرىي ئادەملەرنى كۆرۈپ قالاتتى، كېيىن ئۇ ئادەملەرنى يەنە تاپالمايتتى. خا-

نىقادا جەرە — سۆھبەت قىلىنۋاتقان چاغدا شۇ خانىقانىڭ زېمىنى نەچچە ئادەمگە نەچچە رەڭدە كۆرۈنەتتى. ھەر قانداق ئادەم پىرىمىزگە مۇھەببەت قىلسا، ئىخلاس قىلسا، بۇ دۇنيالىقمۇ ياخشى بولاتتى، ئاخىرەتلىكىمۇ ياخشى بولاتتى. پىرىمىزگە مۇرت بولمىسا، مۇخالىپەتچىلىك قىلسا دوزاخنىڭ تېگىگە چۈشەتتى. بېھىش، دوزاخ — پىرىمىزنىڭ قولىدا ئىدى. ھەزرىتى سۇلتان بايىزىت دېگەن ئەۋلىيا شۇنداق دەپتۇ: «ھەر قانداق ئادەم پىر تۇتسا، خۇدا بەندەم دەيدۇ. پىر تۇتمىغان ئادەم خۇدا رەھمىتىنىڭ تېشىدا».

پىرىمىز ھەزرىتى ئىيساغا ئوخشاش ھەر قانداق ئاغرىقنى، سۇنۇق، جاراھەت چىققان كېسەللەرنى بىر سىلاپلا قويسا ساقىيىپ كېتەتتى، ھەزرىتى ئىيسا ئەلەيھىسسالام دەم سالسا تىرىلگەندەك، پىرىمىزمۇ دەم سالسا تىرىلىپ كېتەتتى. پىرىمىز خانىقادا بار چاغدا ھېچقانداق ئادەم ئۆلۈپ كەتمەيتتى. پىرىمىزنىڭ ھالى — ھاياتىدا ئاز غىنىسى يۈز مىڭ ئادەم تۇۋا ئىلىپ، مۇسۇلمانچىلىق يولىغا ماڭغاندۇر (پۇل تاپىمەن، تىجارەت قىلىمەن دەيدىغان دۇنياۋى ماجىرىدىن بىزار بولۇپ، ئىسلامى ھەقىقەتكە ئۆلانغاندۇر). ئىسلامى ھەقىقەت دېگەن نېمە؟ ئىسلامى ھەقىقەت دېگەن — پۇل تاپىمەن، تىجارەت قىلىمەن دېمەسلىك، ھۈنەر قىلىمەن دېمەسلىك، خۇدايىم بەرسە يەپ، بولمىسا ئاچ يۈرۈش، بۇگۈن مانى يېدىم، ئەتە ئانى يەيمەن دېمەسلىك.

بىزنىڭ پىرىمىز موغۇللارنىڭ قول ئاستىدىكى 18 شەھەر[①] نى باشقۇرغان. قويلارنى بۆرە بىلەن باقاتتى، يادىچى كەتمەيتتى. پىرىمنى ئەگەشكەن كىشىلەر راھەت بىلەن كۈن كەچۈرگەن. يامان كۆرۈپ چېكىنگەن (ئايرىلىپ قالغان — ئا) كىشىلەر بۆرىلەر قوينى يەپ تۈگەتكەندەك تۈگەپ كەتكەن پىرىمىزنىڭ ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان سۆزى ئەدلى بىلەن ئېھسان قىلىش، خالايىقلارغا ئادىللىق قىلىشنى،

---

① 18 شەھەر — ئۆز ۋاقتىدىكى قۇمۇل، تۇرپان، قارا شەھەر، كۇچا، ئاقسۇ، قەشقەر، يەكەن، خوتەن، ئىلى، سېرىققول، سالا شەھىرى (چىنگخەينىڭ شۇنخۇا رايونىدىكى سالالار شەھىرى) بۇخارا، پەرغانە، نەمەنگان، خۇراسان، راجىدان، بەدەخشان، ئەنجان شەھەرلىرى كۆزدە تۇتۇلغان.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ياخشىلىق قىلىشنى كىشىلەرگە تەلىم بېرىش ئىدى. كەمبەغەل پېقىر ـ مىسكىنلەرگە كۆندە ئۈچ ۋاق داش قاينىتىپ ئوماچ (خۇدايى ئۇماچ دې. مەكچى ـــ ئا) بېرەتتى. بۇ رىزقىغا ئۇلاشقانلار: «نىمە ئۈچۈن پىرىم. نىڭ مەقسەتلىك يولىغا بالدۇرراق ئەگەشمىگەن بولغىيتتىم؟ پىرىمنىڭ ئاي، يۇلتۇزلىرىنىڭ يورۇقىدىن بەھرىمەن ئالمىغان بولغىيتتىم؟ پىرىم. نىڭ نەسىھىتى، ئۆز ۋۇجۇدى شېرىپلىرىغا مۇيەسسەر بولماي، ئۇلۇغ نەزەرلىرىدىن يىراق بولغان بولغىيتتىم؟ قەنت ـ قەندالەتلىك سۆزلە. رىنى نىمە ئۈچۈن ئىشتىپ تېتىمىغان بولغىيتتىم؟ سۆھبەتلىرىنى ياتراق تاپمىغانلىقىم ئۈچۈن ئاخىرەتلىك ئىشىم تەس بولماسمۇ؟...» دەيدىغان ئىدى... پىرىمىزنىڭ ھەر بىر سۆزلىرى قۇرئاننىڭ ئايىتىنى يازغان تۇمارغا ئوخشايتتى. پىرىمىزنىڭ سۆھبىتىدە بىردەم ئولتۇرغان ئادەم، جامالىنىڭ باغچىلىرىدىن ھۇزۇر ئالغان ئادەم كېچە ـ كۈندۈز ھاپىزغا ئوخشاش يىغا ـ زار بىلەن ئۇيقۇسى كەلمەيتتى. ۋايدەرىخ نىمە ئۈچۈن بالدۇرراق ئەگەشمىگەن بولغىيتتىم، ئۆمرۈمنى سەرگەردانچى. لىقتا ئۆتكۈزۈپتىكەنمەن. مۇخلىس ـ ئاشىقلارنىڭ گۇناھىنى دەريادا ئەخلەتنى شامال بىر تەرەپكە سىلكىپ قويغاندەك ئىبادەت قىلسۇن ـ قىلمىسۇن، ئۇنىڭ گۇناھىنى بىر تەرەپكە ئىتتىرىۋېتىدۇ. مانا بۇ پىرى. مىزنىڭ مۆرتىلىرى ـــ دۇنيانى دوست تۇتمايدىغان، ئىززەت ـ ئابرۇي. نى دوست تۇتمايدىغان، قورسىقىنى تويغۇزىمەن دەپ تىجارەت قىل. مايدىغان، ئۆز قولى بىلەن ئۆزىنى ھالاكەتكە تاشلايدىغان ئادەملەر ئە. مەسمۇ؟ خۇدانىڭ بالا ـ قازاسىغا كۆكرەك كېرىپ تۇرىدىغان، دۇنيا. نىڭ پايدىسىدىن كۆرە زىيىنىنى ياخشى كۆرىدىغان، خەلقلەرنى ماختى. غاندىن كۆرە تىللىسا ياخشى ئاڭلىنىدىغان ھەر قانداق ئادەمگە مۇ. شۇنداق سۆھبەتلەر مەۋجۇت بولسا، ئەلۋەتتە ئاخىرەتتە دوزاخ ئوتى كۆيدۈرەلمەيدۇ ـ دە، ھەر قانداق دىلغا مۇشۇنداق ئادەتلەرنى ئادەت قىلسا، دىلدىن دۇنيانىڭ مېھىر ـ مۇھەببىتىنى كۆچۈرۈۋەتسە، ئۇ چاغدا يالغۇز خۇدانىڭ مۇھەببىتى دىلدا قالىدۇ. لاچىن يوق يەردە

كەيتەر ئوگچە ياش غاندەك، ھەر كىشىنىڭ كۆڭلىدە دۇنيانىڭ مۇھەب-
بىتى — راھەت كۆرۈش، ياخشى كۈن كەچۈرۈش بولىدىكەن، ئەلۋەت-
تە ئىشقنىڭ كۈچلۈك شامىلى دىلدىكى مۇھەببەتنى ئۇچۇرۇپ كېتە-
دۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پىرىمىزنىڭ بەزى مۇرتلىرى ئىچىدە نەشە چېكە-
دىغان، بەزى كەيپلەرنى قىلىدىغانلار بار ئىدى. پىرىمىز ئۇلارنى يامان
كۆر ەيتتى. بىشارەتكى، ئادەم مەست بولغان چاغدا ئەرارى ئىلاھتىن
بىخەۋەر بولىدۇ. ھەر كىچە بىزار بولۇپ ئىشقنىڭ شەرىستانىدىن يول
ئالىدۇ، ۋايدەرىخ بۇ پەلەك غەددار، بۇ دۇنيا ئويۇنچىلارنىڭ ئويۇنغا
ئوخشايدۇ. بىزنى دۇنياغا ئاشىق قىلدى، بىزنى خوتۇنغا ئاشىق قىل-
دى. بەندىلەر ئاشۇنىڭ بىلەن بىر - بىرلىرى بىلەن ئۆرۈشۈپ خۇدا-
نىڭ مۇھەببىتىدىن قېپقالىدۇ ئەمەسمۇ؟... پىرىمىز بولسا ئەھلى يې-
قىنلارنىڭ ھۆججىتىدۇر. سوپى، ئىشان بار ئەلدە يارانلار سامادا بولات-
تى. پىرىمىز ئەھلى سامالارنى جان - دىلى بىلەن دوست تۇتاتتى.

**(2) ئاپاق خوجا* ئەمىر - مەرۇپلىرىدىن كەلىملەر:**

ئەسكەرتىش: بۇ كەلىملەر «تەزكىرەئى ھىدايەت» تە بايان قىلىن-
غان ئەينى ھالىتىدىن ئۆزمە قىلىنىپ كۆچۈرۈلدى. پەقەت ھازىر ئۇ-
چۇن زۆرۈر بولغان ئىزاھاتلارنىلا قىستۇرۇپ قويدۇم.

* ھەزرىتى ھىدايىتۇللا پىرىمىز مۇنداق دېگەن: «ئەششەيخۇبىقاۋ
مىمى كەننە بىيوپى ئۇممەتەھۇ» مەنىسى: پىر دېگەن پەيغەمبەرگە
ئوخشاش. مۇرت - پەيغەمبەرنىڭ ئۇممىتىگە ئوخشاش. پەيغەمبەرگە
ئاللاھتىن قانداق ۋەھىي كەلگەن بولسا، ئەۋلىياغىمۇ شۇنداق ۋەھىي
كېلىدۇ.


* ھەزرىتى ئۇلۇغ پىرىمىز مۇنداق دېگەن: ھەزرىتى پەخرىددىن
ئىراقى دېگەن كىشى ئۆزىنىڭ نەزملىرىدىن بىرىدە شۇنداق يېزىپتۇ:
«مەن ئادەمراتىنىڭ دەرىجىسىنىڭ سۈرىتىدە تۇرۇپ، ھەممىدىن ئۇستۇن
بولۇپ، دىلىمىنىڭ ئەينىكىگە قارىسام جىمى جاھاننى ياراتقاننى دىلىمنىڭ
ئەينىكىدە كۆردۈم...» راست، مەسىلەن، ئاسماندىكى كۈن زېمىنغا

يورۇقلۇق چۈشمەكلىك بىلەن زېمىندىكى كائىنات، تېرىلغۇلار، دەرەخلەر، جىمادەتلەرنىڭ (جىسمانىي بارلىقنىڭ ـــ ئا) ھەممىسىنى ئۆستۈرىدىكەن. ئەمما، پىرلارنىڭ جەزىبى تەجەللىياتى (غايىبنى بىلىش قۇدرىتى ـــ ئا) ئەرۋاھى قۇددۇسنى كۆرسىتىپ، ئىنس ـ جىنلارنىڭ سىرى ئەسرايىنى بىلدۇرۇپ، پەيكىرى بەھرى مۇرتتىن ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى ئەرشتە تەھتى ساراغىچە تاماشا قىلدۇرۇپ (بېشى ئاسماننىڭ تەكتىگە، ئايىغى يەرنىڭ تەكتىگە يەتكۈچە ساياھەت، تاماشا قىلدۇرۇپ دېمەكچى ـــ ئا) خۇدانىڭ ئاپتىپىنىڭ نۇرى بىلەن مۇنەۋۋەر قىلىدىكەن...

* ھەزرىتى ئۇلۇغ پىرىمىز مۇنداق دېگەن: ئەۋلىيا ئۈچۈن شاراب بولۇش لازىم. شاراب ئىچكەندىن كېيىن مەست بولۇش كېرەك. مەست بولغاندىن كېيىن سەكرەش كېرەك. جەرە ـ سۆھبەت قىلغاندىن كېيىن تەلەپ قىلىش كېرەك. تەلەپ قىلغان ئادەم ئەلۋەتتە تاپىدۇ. خۇدانى تاپقان ئادەم بىلەن خۇدانىڭ ئارىلىقىدا نېمە پەرق بولىدۇ؟

* ھەزرىتى ئۇلۇغ پىرىمىز مۇنداق دېگەن: مېنىڭ مۇرتلىرىمنىڭ قەبرىستانلىقىغا بېرىپ ھەممە ئۆلۈكنى تىرىل دېسەم ھازىر تىرىلىدۇ، ئەمما خۇدانىڭ ئادىتۇللا (خۇدانىڭ كارامەت ئادىتىگە ـــ ئا) سىغا توغرا كەلمەيدۇ...

* پىرىمىز مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق ئادەم نەغمە ـ ناۋا، ئويۇن ـ كۈلكە بىلەن بولسا، ئۇ ئادەملەرنىڭ دىلىدا خۇدانىڭ ئىشقى توختايدۇ، گويا كۆيۈۋاتقان ئوتقا سۇ چاچسا ئۆچۈپ قالغاندەك. ھەر قانداق ئادەم ئۆمرىنى راھەت بىلەن ئۆتكۈزسە ئاخىرەتنىڭ راھىتىدىن بىنېسىپ بولىدۇ. ئۆمرۈڭنى مۇشەققەتنىڭ كېمىسى بىلەن شۇبھىسىز ھالدا، بەرھەق ئاچ ـ ئاجىزلىق دەرياسىغا غەرق قىلىۋەتمىسەڭ خۇداغا يېتىشمەن دېگىنىڭ بىكار. ھەر قانداق كىشى ئۆيىدىن، بالا ـ چاقىسىدىن، دۇنيانىڭ راھىتىدىن دىلىنى ئۈزۈپ، يىغلاپ يۈرىكىنى كاۋاپ قىلىپ ئۆتسە، ئاخىرەتتە راھەت ـ پاراغەتتە بولىدۇ...



«ئاپاق خوجىنىڭ ئەمىر ـ مەرۇپلىرى»نىڭ پارسچە نۇسخىسى

* پاسىبان پىرىمىز مۇنداق دېگەن: ساما قىلىۋاتقان چاغدا خۇدا بەندىلىرىنى چاقىرىدۇ. يەنى: ئەي بەندىلىرىم، سىلەرنىڭ قىلغان ھەرىكەتلىرىڭلار بىزنىڭ دەرگاھىمىزدا قوبۇلىيەتكە ئۆتتى. سىلەر ھايات تۇرۇپ ئۆلدۈڭلار، يەنى ئۆلۈمنى ياد ئەتتىڭلار، دەيدۇ. ھەزرىتى خوجا بۇزرۇك مۇنداق دېگەن: «ھەر مۇرتكى پۈتىنى بائىزىتنىڭ بېشىغا قىلسا، مەن ئۇنداق مۇرتتىن بىزارمەن.» مۇرتلار سورىدى: ئۇ نېمە دېگەن گەپ؟ بائىزىت دېگەن نەقشۇەن سۇلۇكىدىكى ئادەم. بىزگە مۇرت بولغان كىشىلەر بىزنىڭ يولىمىزدا مېڭىشى كېرەك. نەقشۇەندى سۇلۇكىدىكى ئادەملەر جەزەيات قىلىدۇ. جەزەيات بىزنىڭ ئۇسۇلىمىز، ھەقتىن كەلگەن ئۇسۇلدۇر. بىر ئادەم سوئال قىپتۇ: بائىزىت ئۇلۇغمۇ ياكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇلۇغمۇ؟ پىرىمىز: بائىزىت ھەر قانچە ئۇلۇغ بولسىمۇ خۇدادىن ئىزنىسىز جەننەتكە كىرەلمەيدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئەي پەرۋەردىگارىم، بىز ساڭا ئىبادەت

قىلمىساق، سەن بىزنى تونۇمايسەن. سېنىڭ بەندىلىرىڭنى ت نۇشۇڭ بەندىلىرىڭ ساڭا ئىبادەت قىلىش بىلەن بولىدۇ.»

* ھەزرىتى ئۇلۇغ ھىدايىتۇللا زات مۇنداق دەپ ئېيتقان... ھەر قانداق ئادەم جەڭ قىلسا، ئاۋۋال ئۆز نەپسى بىلەن جەڭ قىلسۇن. بۇ نېمىدېگەن گەپ؟ بىر ئادەم بىر يىلغىچە سوغۇق سۇ بىلەن قۇرۇق نان يېسە، پىشقان ئاش، قايىنىغان سۇ تەلەپ قىلمىسا — ئۇ ئادەم ھەقنى ئىزدەيمەن دەيدىكەن، مۇشۇنداق رىيازەتكە سەۋر قىلالمىسا ھەقتىن بۇنى ئالالمايدۇ. قۇرۇق ھىممىتىڭنى ئاللاھنىڭ، ئەرشىنىڭ كونگۇرىسىغا (نەۋبىگە — ئا) قاراپ چىقىدىغان شوتا ئىزدەشكە قاراتما. شەيخ جۇنەيد باغدادى① دېگەن كىشى قىرىق يىللىق ئۆمرىدە سوغۇق سۇ بىلەن ئارپا — تېرىقنىڭ نېنىنى يەپ، قورسىقىنى گوللاپ، باشقا بىر نەرسە يېمەي ئۆتكەنىكەن. جۇنەيد باغدادى شۇنداق دەپتۇ: «ھەر قانداق بەندە جېنىنى قىينىسا روھى ھېرىپ ئاللاھقا ناله قىلىدۇ. ئاللاھ ئۇ بەندىنىڭ تەلپىنى بېرىدۇ. سوپىلىقنىڭ ئۇسۇلى شۇ. ئاشۇ ئىشنى قىلمىسا، ئۇ كىشى سوپى بولالمايدۇ. زىنھار مۇشۇ يولنى تەرك ئېتىپ قەلەندەرچىلىك يولنى تاشلىما...»

* پىرىمىز ئۆتمۈشتىن سۆزلەپ مۇنداق دېگەن: خالايىقلار ياخشى يەپ، ياخشى ئىچىپ نەپسنى سەمرىتكەنلىكى ئۈچۈن ئاللاھتائالا موڭغۇللارنى خۇدانىڭ بەندىلىرى ئۈستىگە مۇسەللەت قىلدى. ھىلاكۇخان دۇنيادىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈستىگە مۇسەللەت بولۇپ ئازغىنىسى 12 يىل خالايىقلارنى ئۆلتۈرۈپ خانىۋەيران قىلىپ كۆرگەن راھەتلىرىنى بۇرۇنلىرىدىن چىقاردى... نەجمىددىن كۇبرا دېگەننىڭ زامانىسىدا (نەجمىددىن كۇبرا ھازىرقى تۈركمەنىستاننىڭ ئۈرگەنچ شەھىرىدە ئۆتكەن بىر چوڭ سىياسىي ئىشان — ئا) ھىلاكۇخان ئەسكەر باشلاپ كېلىپ نەجمىددىن كۇبرا باشلىق يەتمىش مىڭ كىشىنى

① «قاباھەتلىك ئەقىدىنىڭ پىرى ئاپاق خوجا» دېگەن بۇ تېمىنىڭ ئوختىمىغان جايلىرىدا نامى ئاتالغان پەرىددىن ئەتتار، سۇلتان باتىزىت، پەخرىددىن ئىراقى، خوجا بۇزرۇك، جۇنەيد باغدادىلار ئەرەب، پارسلاردىن چىققان، تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر سوپىزم تەلىماتچىلىرىدۇر.

قەتل قىلىۋەتتى. سەۋەب نېمە؟ بۇلار ياخشى يەپ، ياخشى ئىچىپ بىـ-
پەرۋا بولغانلىقتىن بولغـان ئاقىۋەتـتۇر. قەدىمـكى زامانلارنـىڭ بىرىـدە
ھەزرىتى نوھ ئەلەيھىسسـالامنىڭ قـوۋمى سەرگەشـلىك (بۇيـۇنتاۋلىـق،
سەۋەنلىك ـــ ئا) قىلىشىپ چوڭ يەپ، چوڭ ئىچىپ، بىپەرۋا بولغانلىـ-
قىدىن خۇدا ئۇلارنى سۇغا باستۇرۇۋەتتى ئەمەسمۇ؟ پەيغەمبىرىمىز مۇ-
ھەممەد ئەلەيھىسسالام شۇنداق دېگەن: «مېنىڭ ساھابىلـىرىم نۇھ پەيـ-
غەمبەرنىڭ كېمىسىگە ئوخشايدۇ، ھەر قانداق كىشى مېنىڭ ساھابىلىـ-
رىمگە ئەگەشسە ئامان قالىدۇ. ھەر كىم مېنىڭ ساھابىلىرىـمگە قارشى
تۇرسا ئۇنداقلار ھالاك بولىدۇ...»

* ئـۇلۇغ پىرىـمىز مۇنـداق دېگەن: مېـنىڭ زامانـىم دۇنيادىـكى
زامانلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى. دۇنيادىكى بارلىق ئەسھابىلەردىـن مېنىـڭ
ئەسھابىلىرىم ياخشى. ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ئەسھا-
بىلىرىگە شۇنداق دېگەن: «مېنىڭ ئەسھابىلىرىـم يۇلتۇزغـا ئوخشايـدۇ.
يۇلتۇزمۇ ئېزىپ قالغان ئادەمگە يول كۆرسىتەتتى...» مېنىـڭ مۇرتلىـ-
رىم مېنى ئەگەشكۈچىلەر ـــ خۇدا تـەرەپتىن يـول تاپقۇچـىلار. مېنـى
ئىنكار قىلغۇچىلار، ماڭا ئەگەشمىگەنلەر مۇنكىر مۇناپىقلاردۇر...

* * *

يۇقىرىدا ئاپاق خوجىنىڭ ئەمىر ـ مەرۇپلىرىدىن بىر قىسىم ئۆزمـە
(ئۆزۈنـدى) لەرنى كۆرسىتىپ ئۆتتۇم. ئەمدى مەن ئاز ئۇچرايدىغان بۇ
«ئەۋلىيا زات» توغرىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن بەزىبىر سىرلىق، قاباھەت
يازما ئەپسانىلەرنى تۆۋەندىكى ماۋزۇ ئاستىدا كۆرسىتىپ ئۆتمەكچى.

**(3) ئاپاق خوجا ۋە ئۇنىڭ نەسـل ـ نەسەبلىرىنىـڭ ئاتالمـىش «دىنىـي كارامەت»لىرى ھەققىدە تارقىلىپ يۈرگەن يازما ئەپسانىلەردىن ئۆزمىلەر:**

تۆۋەندىكى قاباھەت يازما ئەپسانىلەردىن ئۆزمىلەرنى قەلەمگە ئېلىش-
تا پاك مۇسۇلمانچىلىق ۋۇجۇدىمىز، تىلىمىز، دىلىـمىز بىـلەن ھەزرىتـى

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ تەلىمىنى يەنى « ـ پىنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى تۆت سۆزدۇر : سۇبھانەللاھى (ئاللاھنى ئۇلۇغلايمەن)، ئەلھەمدۇلىللاھى (جىمى مەدھىيە ئاللاھقا مەنسۇپ)، لائىلاھە ئىللەللاھۇ (بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ مەبۇت يوق)، ئاللاھۇ ئەكبەر (ئاللاھ ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر) » («سەھىھۇلبۇخارى جەۋھەرلىرى ۋەقەستەلانى شەرھى» 331 ـ بەت-تىن) دېگەن تەلىمىنى ئۆزىمىزنىڭ چۈشەنچە مەنبەسى قىلىپ تۇرۇپ ھەم «قۇرئان كەرىم» نىڭ «مەخلۇقاتنىڭ شەررىدىن (غەپلەتتە، ئاز-غۇنلۇقتا، غاپىلىقتا قېلىشتىن ـــ ئا)، قاراڭغۇلۇقى بىلەن كىرگەن كې-چىنىڭ شەررىدىن، تۈگۈنلەرگە دەم الغۇچى سېھرگەرلەرنىڭ شە .د-دىن، ھەسەتخورنىڭ ھەسەت قىلغان چاغدىكى شەررىدىن، سۇبھىنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن دېگىن» («قۇرئان كە-رىم» 5 ـ ئايەت، سۈرە «فەلەق»تىن) دېگەن تەلىمىنى نەزەردە تۇتۇپ قەلەم تەۋرىتىمىز.

**يازما ئەپسانىلەردىن ئۈزۈملەر:**

* «مېنىڭ مۇرتلىرىمنىڭ قەبرىستانلىقىغا بېرىپ ھەممە ئۆلۈكنى تىرىل دېسەم ھازىر تىرىلىدۇ، ئە ىما خۇدانىڭ ئادىتىۇللا (خۇدانىڭ كارامەت، ئادىتىگە ـــ ئا) سىغا توغرا كەلمەيدۇ. ھەر قانداق ئادەم ئۆ-يىدىن، بالا ـ چاقىسىدىن، دۇنيانىڭ راھىتىدىن دىلىنى ئۈزۈپ، يىغلاپ يۈرەكنى پارە قىلسا خۇدانى تاپىدۇ. خۇدانى تاپقان ئادەم بىلەن خۇدا-نىڭ ئارىلىقىدا نېمە پەرق بولىدۇ؟ مېنىڭ مۇرتلىرىم، ماڭا ئەگەشكۈ-چىلەر خۇدا تەرىپتىن يول تاپقۇچىلاردۇر. ماڭا ئەگەشمىگەنلەر مۇنكىر (بەرھەق) مۇناپىقلاردۇر (كاپىردۇر دېمەكچى ـــ ئا). ساما قىلىۋاتقان چاغدا خۇدا بەندىلىرىنى چاقىرىدۇ. يەنى ئەي بەندىلىرىم، سىلەرنىڭ قىلغان ھەرىكەتلىرىڭلار بىزنىڭ دەرگاھىمىزدا قوبۇلىيەتكە ئۆ ، ى. سى-لەر ھايات تۇرۇپ ئۆلدۇڭلار، ئۆلۈمنى ياد ئەتتىڭلار.»

(«ئافاق خوجىنىڭ ئەمىر ـ مەرۇپلىرىدىن كەلىمىلەر» دىن)

* * *

ئافاق خوجىنىڭ «ئۇلۇغ كارامەتكار» لىقى ھەققىدە بەزىبىر ئافاق خوجاپەرەس سوپى ـ دەرۋىش مۇئەللىپلەر مۇنداق يېزىشىدۇ:

* «ما ھەزرەت[1] ھىدايىتۇللاغا بىر جۇپ كۆمۈش لوڭقا ۋە باشقا قىممەت ، ۋۆغاتلارنى تەقدىم قىلىپ دۇئا تەلەپ قىلغاندا، ھىدايىتۇللا ئۇنىڭغا ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق، بالىلىق بولۇشقا دۇئا بەرگەن. دەرۋەقە ما ھەزرەت ئۆيلەنگەن، بالىلىق بولغان. بالىغا ‹ئەيدۇلھەلىم› دەپ ئات قويغان. بۇنىڭ مەنىسى، دۇئا-دىن تۆرەلگەن بالا، دېگەنلىكتۇر».

(«خۇاس ‹خاس› مەزھىپىنىڭ تەزكىرىسى»دىن)

* ... «مەشھۇر ئالىم ئۇبۇھەبىس كىبىرنىڭ ئوغلى جالالىددىن بەلخلىق شاگىرتى شەيخ شاھابىددىن بىلەن ئۆزىنى يوشۇرۇپ قېچىشىنىڭ مەسلىھەتىنى قىلىپ ئاقىۋەت كىتىك شەھىرىگە (كىتىك — تەكلىماكاندىكى قەدىمكى شەھەرلەرنىڭ بىرى — ئا) كېتىشنى كۆپرەك ياقتۇردى. ئۇ يەرگە كەلدى... بىر كۈنى مۇلاھىزە قىلىپ كېتىكتىكى ئادەملەرنىڭ قايسى دىن، قايسى مەزھەب، قايسى مىللەت ئىكەنلىكىنى بىلمەكچى بولدى. بۇلارنى مۇسۇلمانمىكىن دېسە، ناماز ئۆتىمەيدۇ، روزا تۇتمايدۇ، خەير ـ ئېھسان قىلمايدۇ، كاپىر (مۇسۇلمان ئەمەس)مىكىن دېسە ئىمان ئېيتىدۇ، مۇسۇلمانچە كىيىنىدۇ... ئۇلار سورىدى: سىلەر قايسى مەزھەب، قايسى دىن، قايسى مىللەت؟ كىتىك شاھى زىۋەر شاھ: ئالىملىرىمىز يوق، مەزھەب، مىللەت دېگەننى بىلمەيمىز، دېدى. جالالىددىن ئەۋلىيا... بۇلارنى مۇسۇلمانچىلىق قائىدىلىرىگە دالالەت قىلايلى، بىزمۇ بۇ يەردە جايدار، ۋەتەندار بولۇپ تۇرايلى دەپ ئويلاشتى. پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا باردى. پادشاھ ئوردىسىدا ئەڭ زور بەستلىك گەبرىلەر تۇراتتى. بۇ گەبرىلەر (گەۋدە دېمەكچى — ئا) كۆرۈپ بۇ زاتلار ئەندىشە قىلىپ ئايەت ۋە دۇئالارنى ئوقۇپ ئۆزلىرىگە

[1] خۇيزۇلار ئارىسىدىكى ئافاق خوجا پەيدا قىلغان «خۇاس» مەزھىپىنىڭ داھىيسى ما شۈەن دېگەن كىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

دەم سىلىشتى، شۇئان بىر شىر پەيدا بولدى. شىرنىڭ ئۇچىسىغا بىر يوغان يىلان ئارتىقلىق ئىدى. خۇدانىڭ تەقدىرى — ئەمرى بىلەن شىر خوجا جالالىددىننىڭ ئالدىغا كېلىپ تۇردى. جالالىددىن شىرغا مىندى، يىلاننى قولىغا ئالدى، پادىشاھقا سالام قىلدى ۋە مېنىڭ سالا-مىم: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام... نىڭ يولىنى تۇتقان «نەقشىۋەندى» تەرىقىتىگە كىرگەن كىشىلەرگە بولسۇن، دېدى. پادىشاھ: «نېمىشقا كەلدىڭىز؟» دېدى. جالالىددىن: دىندىن ئازغانلار بولسا، توغرا يولغا سالغايمىز، دېدى ھەم ئەي پادىشاھ، بۇ ئىشقا جاۋابىڭىز نېمە؟ دەپ سورىدى. پادىشاھ شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسى بىلەن ئاتا - باباڭنىڭ يو-لىدىن قايتما، بولمىسا ئىززەت - ئابرۇيىڭدىن ئاجرايسەن دېگەن گەپ بار... سىلەردىن ئىلگىرىمۇ بىر مۇنچە مۇساپىرلار كېلىپ كەتتى. ئۇلارمۇ دىنىمىزغا قەست قىلمىدى... مەقسىتىڭلار پۇل بولسا، توپلاپ ئەتلەسلەر، قاچىلاپ ئالتۇنلار بېرەيلى، كېتىڭلار، دېدى. جالالىددىن قوبۇل قىلمىدى ھەم مۇسۇلمان بولۇڭلار، دېدى. پادىشاھ غەزەپلەندى: بۇلارنى ئالدىمدىن يىراق قىلىڭلار، دەپ بۇيرۇق قىلدى. لېكىن بىرەر كىشىمۇ جالالىددىننى يىراق قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. پادىشاھ گې-پىدىن يانمىدى. گەبرىلەر كۈلۈشتى، مەسخىرە قىلىپ... ئۇلار نامازغا تۇرغاندا بېشىغا توپا چاچتى. نەتىجە ئاخىر تەقسىرەت كېتىپ، توپا چاچقان قوللىرى قۇرۇپ كەتتى، كۆزلىرى كور بولدى. جالالىددىن ئۇلارغا: ئەگەر سىلەر دەۋىتىمىزگە كىرسەڭلار دۇئا قىلايلى، قو-لۇڭلارنى كۆتۈرۈڭلار، كۆزۈڭلار ئېچىلسۇن، قولۇڭلار تۈزەلسۇن دې-دى. گەبرىلەر: سىز دېگەننى دېمەيمىز دېدى. جالالىددىننى تۇتۇپ باغلاشقا باشلىدى. جالالىددىن خۇداغا دۇئا قىلدى. قاتتىق بىر ئاۋاز كەلدى. ھېلىقى شىر پەيدا بولدى. گەبرىلەرنى پارە - پارە قىلىپ يىر-تىپ تاشلىدى. غايىب بولدى. جالالىددىن: مەن دۇئا قىلاي، بۇ بەد-بەختلەر ماكانلىرى ھالاك بولسۇن دەپ دۇئاغا قول كۆتۈردى. ئاسمان-دىن قۇم يېغىشقا باشلىدى. چوڭقۇر يەرلەر تۈزلىنىپ تۈركىستان

يۇرتلىرىنىڭ بىشى كۆرۈنۈپ قالدى. ئەرۋاھلاردىن بىشارەت تىپىپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام، چاھارىيار، سەئىد بۇرھانىددىن قىلىچ، ئەبۇ ھەبىس بۇخارى قاتارلىق يەتتە كىشى پەيدا بولدى. پەيغەمبىرىم بۇلارغا: «ئەي باللىرىم، سىلەرگە رەھمەت، ئەگەر سىلەر كېلىپ بۇ گەبردىلەرگە زەربە بەرمىسەڭلار ئۇلار قەشقەر بىلەن ماۋارەئۇننەھرنى بىسۇيلىپ ئۆز مەزھەپلىرىگە كىرگۈزۈشنى قەست قىلىشقانىدى...» دېدىلەر.

(«جالالىددىن بۇخارى، تۇغلۇق تۆمۈر خان، خوجا مۇھەممەد شېرىپ پىر ۋە ئابدۇرەشىدخانلار توغرىسىدا تارىخىي قىسسە» دىن مەزمۇنەن قىسقارتىپ ئېلىندى)

*　　　　*　　　　*

* «شاھ تالىپنىڭ كېلىپ ھەپتە مۇھەممىدان مازىرىنى ئاشكارا قىلغىنىنى مىرزا ئابابەكرى ئاڭلىدى. كىشى ئەۋەتىپ شاھ تالىپنى سىناپ كۆرمەكچى بولدى. بىر مۇشۇكنى ئۆلتۈرۈپ تاماق قىلىپ شاھ تالىپنىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى... شاھ تالىپ كارامەت كۆرۈپ بۇ ئەھۋالنى بىلىپ قالدى... بىر دۇئا قىلىپ مۇشۇكنى تىرىلدۈردى. شاھ تالىپ بۇ يەردىن ناز قىلىپ كېتىپ قالدى. يۇرت «شاھناز» (شاھ تالىپ ناز قىلىپ كەتكەن يەر — ئا) دەپ ئاتىلىدىغان بولدى...» (شاناز يېڭىسار ناھىيەسىنىڭ يەكەن تەرەپتىكى يېزىلىرىدىن بىرى — ئا)

(«زىيائۇلقۇلۇپ چىلتەننىڭ تەزكىرىسى ۋە مىرزا ئابابەكرى قىسسىسى» دىن ئېلىندى)

*　　　　*　　　　*

* «... ھەزرىتى پىرى ئافاق ۋەلىيۇللانىڭ قەدەملىرى يەتكەن يەردىن تاڭلا مەھشەرگىچە بەرىكەت كەتمەيتتىلەر. باسقان قەدىمىدىن بويلۇق ئارتۇچ (ئىسرىق سالىدىغان ئارچا دەرىخى)ئۈنۈپ چىقاتتى.

منگەن ئاتلىرى 100 ياشتىن ھالقىيتتى. تۇتۇپ قويغان ياغىچى چىنار بولۇپ كۆكلەيتتى. قولىنى شىلتىغىنى تەرەپتە يورۇقلۇق پەيدا بولاتتى. غەزەپ قىلغاندا يەر ـ زېمىن تەۋرەپ كېتەتتى. خوجام (ئافاق خوجا ــ ئا) دۇئايى بەنت قىلىۋەتكەنلەر «تەلۋە»[1]، «كاسكى»[2] بولۇپ كېتەتتى... قاۋىغان ئىتلار بولسا گاچا، قوتۇر بولۇپ قالاتتى... بىر دۇئا قىلىپ «ئىسھاقىيە» مۇرتەدلىرىنى گاچا، گاس، گال[3]، ئىت[4] قاچىر ھايۋان[5] قىلىۋېتەتتى...»

* «خوجام دەرگاھىغا كېلىپ مۇرت بولغۇچىلارنىڭ ھەر قانچە ئېغىر گۇناھلىرى بولسىمۇ، گۇناھىدىن ساقىت بولىدۇ. ئىنسان سۇلۇككە كىرسە ئورنى بارغانسېرى ئاشىدۇ، ئاللاھنىڭ زاتىغا ئۇ، شىدۇ، ئەبەدىيلىشىدۇ. مۇشۇ يول بىلەنلا خۇداغا يېقىنلىشىش مۇمكىن. خوجام (ھىدايىتۇللا خوجا ــ ئا) ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن مۆمىنلەرگە پىر ـ ئۇستاز بولۇش ئۈچۈن كەلگەن ئەۋلىيادۇر... پەيغەمبەر بىلەن ئوخشاشتۇر...»

* «... قاچانكى بەندىلەر ناپىسەنتلىك، غاپىللىق قىلىشىپ ئۇلۇغ ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالارنى ئۇنتۇپ بەخىرامان، بەدمەزھەپ بولۇپ كېتىشىدىكەن، ئاللاھ ۋە ئەۋلىيالارنىڭ جازاسى (دۇئايى قارغىشلىرى)غا دۇچار بولىدۇ. يەر ـ زېمىن تەۋرەش[6]، ئوت ئۆچۈرۈش، بوران قوزغىلىش، قاغجىراش، گىياھ كۆكلىمەسلىك، يەر يۈزىدىن بەرىكەت، ئىنساندىن شەپقەت كۆتۈرۈلۈپ كېتىش يۈز بېرىدۇ. نەچچە قەرنەلىك زېمىن، يەر

---

① «تەلۋە» ② «كاسكى» ③ «گال» ④ «ئىت» ⑤ «قاچىر ھايۋان» ئاتالغۇلىرىنى سوپى مۇئەللىپ شاھ نەزەر خاراباتى دېگەن كىشى ئافاق خوجىنىڭ قارغىش «دۇئاسى» نى ئاتالغانلارغا ئاللاھ يەتكۈزگەن ئۇقسان سۈپىتىدە شەرھلەيدۇ: «خوجام بىر قارغاپلا يەكەن سوپىلىرىنى ‹تەلۋە› (ساراڭ ـ ئا)، ‹كاسكى› (ئادەم بولۇپ قالغان ئىت دېمەكچى ــ ئا)، ‹گال› (پوقاق)، ‹ئىت› (ئىت بولۇپ كەتكەن ئادەم قىلىۋەتكەنمىش، دېمەكچى ــ ئا)، خوتەن سوپىلىرىنى بولسا ‹قاچىر ھايۋان› (خېچىر) قىلىۋېتىپ»تىمىش.

⑥ بۇ يەردە سوپى مۇئەللىپ ئافاق خوجا بىلەن ئۇنىڭ ئەجدادلىرى ئەجدادلىرىمىزنى قارغىۋەتكەندە نەچچە قەرنە ياكى نەچچە زامان يەر ـ زېمىن تەۋرەپ، ھەر خىل ئاپەتلەر كۆپىيىپ تۇرغانلىقىنى «ئون قېتىم زېمىن سىلكىنگەن»لىكى بىلەن «دەلىل» لەيدۇ: ئۇنىڭچە 1716 ـ يىلى يەتتە بال يەر تەۋرىگەن ئەلى رايونى، 1812 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى سەككىز بال يەر تەۋرىگەن ئىلقا تەۋەلىرى، 1902 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى سەككىز بال يەر تەۋرىگەن ھارىرقى ئاتۇش تەۋەلىرى، 1906 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى سەككىز بال يەر تەۋرىگەن گۇما تەۋەلىرىدىكى «غاپىل»، «يىرتى ئۇنتۇغان» ئادەملەر خوجاملارنىڭ قارغىشلىرى بىلەن تۇگىشىپ كەتكەنمىش.

تەۋرەش ئەنە شۇنـداق غەزەپناك ـ بـەدنىيەت غـاپىللارنـىڭ پىرلارنـى تاشلىغانلىقلىرىدىن بولغاندۇر...»

(«ئۇلۇغلارنىڭ نەپـەس مۇبارەكلـىرى»، «تەزكـىرەئى پىريـاران»، «بورقۇم ئەۋلىيا» دېگەن قولىيازمىلاردىن)

**2) ئافاق خوجىنىڭ قىسقىچە تارىخى توغرىسىدا**

ئىشەنچلىك تارىخي خاتىرىلەردىن بىلىشىمىزچە، ئافاق خوجىنىڭ ئەسلىي ئىسمى ھىدايىتۇللا خوجا بولۇپ، 1626 ـ يىلى قومۇلدا ئـەسـلىي پۇشتى ــ ھىراتلىق خوجا ئەھمەد (مەخدۇم ئەزەم)نىڭ نەۋرىسى خوجا مۇھەممەد يۇسۇپ ئىشاندىن تۆرەلگەن. ئانىسى قەشـقەر بەشكېـرەملىك مىرسەئىد جېلىل قەشقەرى دېگەن كىشىنىڭ قىزى ــ زۇلـەيـخا ئىسىملىك خاتۇندۇر. ئافاق خوجا قـەشقەردە يېـگىدىن دادىـسىنىڭ ئىزىنى بېسىپ ئۆزىنى «ئىشقىيە» سۇلۇكىنىڭ «داھـىيسى» دەپ يـۇرگەن چاغلاردا بۇ مەزلۇمەمۇ ئۆز ئىسمى ـ شەرىپىنى «زۇلەيخا بېگىـم» دەپ قوللانغان. بۇ ئايال 1664 ـ يىلى قەشـقەردە ئالەمـدىن ئۆتكـەن. ئـافاق خوجـىنىڭ دادىـسى مۇھەممـەد يۇسۇپ ئىـشان بولسـا 1644 ـ، 1645 ـ يىللىرى ئەتراپـىدا قەشقـەردە ئۆزىنـىڭ نەۋرە ئەۋلادى خوجـا ئابدۇللا ئىشان تەرىپىدىن ھوقۇق ئاداۋىتى تۇپەيلى قەستلەپ ئۆلتـۈرۈـۋېتىلگەن. جەسىتى قەشقەر نۇرباغ يەنى ياغدۇ (ھازىرقى ھەزرەت يەنى ئافاق خوجا مازىرى) مازىرىغا دەپنە قىلىنغان.

ئافاق خوجا 1640 ـ يىلىدىن 1670 ـ يىللارغىچە قەشقەر، سېرىقـقۇل، يەكەنلەردە مەدرىسە، خانىقا بىلىملىرى ئۆگىنىش، مۇتالىئە قىلىش ۋە تىل بىلىش بىلەن مەشغۇل بولۇپ، خۇددى «تەزكىرەئى ھىدايەت»تە تەكىتلىگەندەك: «تاجىك، پارس، تۈرك تىللىرىدا يازىدىغان، تەلىم بېرەلەيدىغان مۇرەتتەپ بىلىم ئىگىسى...» بولۇپ يېتىـشكەن. قومـۇل، تۇرپان، قاراشەھەر، كۇچا، ئاقسۇ، ئۇچـتۇرپان، بۇخـارا، سەمەرقەنـت، ئەنجان، پەرغانە، نەمەنگان، قوقان، قەشقەر، يەكەن، خوتەن، قاغىلىق، يېڭىسار، سېرىقفول، ئىلى قـاتارلىق جـايلارنى كېـزىـپ بەزى جايـلاردا

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

«ئىشقىيە» سۇلۇك تورلىرىنى شەكىللەندۈرگەن ياكى «تەزكىرەئى ھىدايەت» تە تەكىتلەنگەندەك: «30 مىڭدىن 100 مىڭچە...» مۇرت - ياران قوبۇل قىلغان. يۇقىرىقى جايلارنىڭ بەزىلىرىدە «ئىشقىيە» پىرلىرى خانىقالىرىنى چۆرىدىگەن خالايىقا مازارلارنى تاۋاپ قىلىشنى تەرغىپ قىلغان. 1671 - يىلى 8 - ئايلاردا سەئىدىيە خانلىقىنىڭ شۇ چاغلاردىكى خانى ئىسمائىلخان ھاكىمىيتى تەرىپىدىن بۆلگۈنچىلىك، خۇنخورلۇق جىنايەتلىرى ئارتىلىپ، قەشقەر رىيەدىن بىر قىسىم (4 — 5) شېرىكى بىلەن ھەيدەپ چىقىرىلغان. 1676 - يىلىغىچە بەدەخشان، خۇراسان، كەشمىر، راجىدان، ۋاخان، پەرغانە، كاسان، ھىرات، تەبەت، ھازىرقى گەنسۇ، چىڭخەي، نىڭشىيا قاتارلىق جايلاردا سۈرگۈن «خۇدايى مۇساپىر زات» بولۇپ يۈرۈپ، «ئىشقىيە تەرىقىتى» نى تارقىتىش، كېڭەيتىش، «خۇدايى ئىسلامنى جانلاندۇرۇش»، مۇرت ئېلىش، كۆپەيتىش، يېتەكلەش ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. ئافاق خوجىنىڭ گەنسۇ، چىڭخەي، نىڭشىيا قاتارلىق جايلاردا مۇساپىر بولۇپ يۈرۈپ «دىن» تارقاتقانلىقى توغرىسىدا تارىخچى خۇيزۇ ئەدىب ما تۇڭ ئەپەندى تەرىپىدىن 1982 - يىلى يېزىلغان «مۇفتى مەزھىپى ۋە ھىدايىتۇللا» دېگەن ئەسەردە مۇنداق يېزىلىدۇ: «كاڭشىنىڭ 11 - يىلى 1672 - يىلى) مۇھەممەدنىڭ 25 - ئەۋلادى خوجا ھىدايىتۇللا ئىسمىلىك دىن تارقاتقۇچى ئۇستاز ئوتتۇرا ئاسىيادىن چىقىپ شىنجاڭ ئارقىلىق چىڭخەينىڭ خۇاڭجۇڭ، فېڭخۇاڭشەن دېگەن يېرىگە كېلىپ دىن تارقاتقان... مۇھەممەدنىڭ 25 - ئەۋلاد نەۋرىسى — ھىدايىتۇللا چىڭخەينىڭ شىنىڭ دېگەن يېرىدە ئىسلام دىنىنىڭ سوپىلىق تەلىماتىنى تارقىتىپ، شۇ جايدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھۆرمىتى ۋە ھىمايىسىگە ئېرىشكەنىدى... ما شۇجىن شەنشىنىڭ شىكاڭ دېگەن يېرىدىن گەنسۇنىڭ خېجۇ دېگەن يېرىگە چاي سېتىش ئۈچۈن بارغاندا يىل ئۇستىدە مۇھەممەدنىڭ 25 - ئەۋلاد نەۋرىسى ھەزرىتى ھىدايەت خوجىنىڭ خېخۇاڭ رايونىغا دىن تارقىتىش ئۈچۈن كېلىۋاتقانلىقىنى ئۇچراتقان...

ھىدايەت چىڭخەيىدە دىن تارقىتىۋاتقان چاغدا ما شۈجىن خۇاڭجۇڭغا بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەن...»①

«قادىرىيە چوڭ گۈمبىزىنىڭ تەزكىرىسى» دە يەنە مۇنداق يېزىلغان: «كاڭشىنىڭ 11 ـ يىلى مۇھەممەدنىڭ 25 ـ ئەۋلاد نەۋرىسى ھىدايىتۇللا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بۇخارا شەھرىدىن شىزاڭ ئارقىلىق چىڭخەينىڭ شىنىڭ شەھرىگە كېلىپ دىن تارقاتقان. سالا شەھرىدە (سالا شەھرى — چىڭخەينىڭ شۈنخۇا رايونىدىكى سالا خەلقى تارىختا توپلىشىپ ئولتۇرغان كونا شەھەر — ئا) ئاللە ئاي تۇرغان. خانىقا سالدۇرۇپ مەخسۇس دەرس ئۆتۈپ دىن تارقاتقان. سالالىقلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا قايىل بولۇپ بەيئەت قىلغان. بىر نەچچە كىشى مىستېتىزىم يولى (دىنىي تەسەۋۋۇرەت تۈيغۇسى — ئا) ئارقىلىق ئاللاھقا يېقىنلىشىپ، پۇقرى مەرتىۋىلىك كىشىلەردىن بولۇپ قالغان. بەزىلىرى بەگ بولغان. ئاللە ئاي تۇرغاندىن كېيىن ئۇ (ھىدايىتۇللا — ئا) بىر كىشىنى ئۆز ئورنىدا خەلىپە بولۇشقا تەيىنلىگەن. ئۇ كىشىنىڭ ئىسمى «ۋېكايىتۇللا»، ئاخۇن بولۇپ لەقىمى ئالتۇنباش ئاخۇنۇم ئىدى»، «خۇفىيە مەزھىپىنىڭ تەزكىرىسى» دىمۇ: «شاڭ ئىبرچى مەسچىتىنىڭ ئاخۇنى تاي بابا، خۇاس مەسچىتىدىكى ما لەيچىنىڭ ئاتىسى ما شۇئەن، چى ئەرتەي، چوڭ گۈمبەزدىكى چى جىڭيى ۋە ليۇ ھەزرەت قاتارلىق كىشىلەر ھىدايىتۇللادىن «شەرىئەت» ۋە «تەرىقەت» توغرىسىدىكى تەلىمنى قوبۇل قىلغان قايتىپ بارغاندىن كېيىن چېدىر تىكىپ دەرس ئۆتۈپ «خۇفىيە» مەزھىپىنىڭ قارىشىنى تارقاتقان.»

ئاپاق خوجا 1677 ـ يىلى سىياسىي مەقسەتلەر بىلەن تىبەتنىڭ ھازىرقى لىخاسا (لاسا — ئا) شەھرىگە بېرىپ «بۇددا لاگۇاڭ» ئىبادەتخانىسىدا دالاي لاما 5 ـ بىلەن باش ئۇرۇپ كۆرۈشۈپ سەئىدىيە خانلىقى خانلىرىدىن ئىسمائىلخان ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا

① بۇ ۋاقىت ھەر خىل ماتېرىيالدا ھەر خىل يېزىلىۋاتىدۇ. داۋاملىق ئىزدىنىپ ئېنىقلاش، بىرلىككە كەلتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

ياردەم سوراپ، ئىلتىپاتقا ئېرىشكەن. 1677 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى 1679 ـ يىلىنىڭ بېشىدا، شۇ ئىلتىپاتنىڭ تەسىرى بىلەن جۇڭغارلار (غالدان قۇنتەيجى) نىڭ ھەربىي كۈچلىرىنى باشلاپ كېلىپ ئىسمائىلخان، مۇھەممەتئىمىن خانلار ھاكىمىيەتلىرىنى ئەلتۈكۈس يوقاتقان ھەم جۇڭغارلارغا بېقىنىدىغان قەشقەرىيە ئافاق خوجا «خان» لىقىنى قۇرغان. 1694 ـ يىلىغىچە 15 يىل «خان»لىق قىلىپ، شۇ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئۆزىنىڭ 3 ـ ئەجداد تاغىسى خوجا ئىسھاق ۋەلى تەرەپدارلىرى — «ئىسھاقىيە» كۈچلىرى تەرىپىدىن يەكەندىكى «ئوردا»سىدا 68 يېشىدا زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن. ئافاق خوجا ئۆلۈمىدىن كېيىن خوتۇن ـ بالىلىرى ھوقۇق تالىشىپ (ئۆزئارا قىرغىنچىلىق قىلىشىپ) 1697 ـ يىلىغا كەلگەندە ئافاق خوجا ۋە ئافاق خوجا ۋارىسلىرى نامىدىكى «ئىشقىيە»چىلەر «ئىسلام ھاكىمىيىتى» ئەلتۈكۈس گۇمران بولغان.

ئافاق خوجىنىڭ تارىختىكى نام ـ ئىسىم سۈپەتلىرىنى بىز ھازىرغىچىلىك ھەر يەردە ھەر خىل ئاتاقلار بىلەن ئۇچرىتىپ كەلمەكتىمىز. بۇنىمۇ ئافاق خوجىنىڭ تارىخىدىن تۆكۈلۈپ كەلگەن غەلىتە نىقاپ، غەلىتە پەردازلار دېيىشكە توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن، ئافاق خوجا ھازىرقى گەنسۇ، چىڭخەي، نىڭشيا قاتارلىق جايلارغا ھىجرەت قىلىپ، ئۆزىنىڭ «ئىشقىيە» تەرىقىتىنى خۇيزۇ مۇسۇلمانلار ئار .ىغا تارقاتماقچى، يايماقچى بولۇپ ھەرىكەتلەنگەندە ئۆزىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ 25 ـ ئەۋلادى، «قۇتبىل ئەقتاب ۋەلىئۇللا» دەپ ئېلان قىلغان. ئۆزىگە ئىخلاس قىلغان بىر قىسىم خۇيزۇ مۇرتلارغا ئۆزىنى «ھەزرەت ھىدايىتۇللا خوجا مەسئۇل» دەپ ئاتاشنى ئادەتلىنىشكە دەۋەت قىلغان ھەم ئۇلار ئارىسىدا ئۆزىنىڭ «نۇفتى» سۈلۈكىنى پەيدا قىلغان.

بۇ يەردىكى «ھەزرەت»، «ھىدايەت»، «تۇللاھ»، «خوجا»، «مەسئۇل» دېگەن بەش دىنىي سۈپەت ئاتالغۇسى — ئاساسەن تارىختا ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قوللانغان ياكى شۇ زات شەرىپىگە

باشقا ساھابىلەر ئىشلەتكەن خاس ئاتالغۇلاردۇر. ئافاق خوجا بۇ ئاتال-
غۇنى ئۆزىنىڭ «مەزھەپ ئۇستازىمەن»، «ئەۋلىيا مەن» دېگەن قارىشى-
نى باشقىلارغا بېشارەت قىلىش نىيىتىدە گەۋدىلەندۇرۇپ چىققان.

ئۇنىڭ ئۆز ۋاقتىدا غەربىي تۈركىستان، ئۇيغۇر دىيارى، ئافغانىس-
تان، كەشمىرلەردە قوللانغان ناملىرى: «ئەۋلىيا خوجام»، «سەئىد
خوجام» (پەيغەمبەر ئەۋلادى خوجام - ئا)، «ئافاق خوجام»، «ھىدا-
يىتۇللا خوجام» (ئاللاھ كۆرسەتكەن توغرا يولدىكى خوجام)، «ئىشان
نۇرئاللاھ» (ئاللاھ نۇر ئاتا قىلغان خوجام — ئا)، «ئىشان ئەلەيھى»
(مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خاس سۈپەت — ئا)، «ئاللاھ خوجام»،
«پېشۋاھى ھەزرەت»، «ھىدايىتۇللا بۇرھانەھۇ» (بۇرھان — لاما دىنى-
نىڭ ئەڭ يۇقىرى دىنىي ئۇنۋان نامى — ئا) دېگەندەك ناملارنى
قوللانغان، قوبۇل قىلغان. تاڭغۇت، موڭغۇللار ئارىسىدا «ئاباخ خو-
جا»، «تو لوگ ئاباخ»، «قۇن ئاباخ» («قۇن» — موڭغۇلچە ئەڭ يۇ-
قىرى دىنىي، سىياسىي ئەمەل نامى — ئا) دېگەندەك ئاتاقلار بىلەن
شەرەپلەنگەن. ئەجدادلىرىمىز ئارىسىدا بولسا، ئادەتتە بىردەك «ئافاق
خوجا» (ئالەمنىڭ خوجىسى دېگەن مەنىدە — ئا) دېيىلىپ كەلگەن.

ئافاق خوجا 1660 - يىلى 34 يېشىدا يەكەندە ئۇبۇل ھادى بەگ
دېگەن كىشىنىڭ قىزى × ×گە، 1679 - يىلى مۇھەممەتئىمىن خاندا-
نىڭ سىڭلىسى مۆھتەرەم خېنىمغا ئۆيلەنگەن (بەزى تارىخىي خاتىرد-
لەردە ئالتە ئۆيلەنگەنلىكى كۆرسىتىلگەن — ئا). «تەزكىرەئى ھىدا-
يەت»تە: «ھەزرىتى ئىشانىنىڭ خوتۇنلىرى بولسا موغۇل قەبىلىسىنىڭ
پادىشاھلىرىنىڭ قىزلىرى ئىدى. ھېچ كىشى كۆز تىكىپ قارىيالمايتتى.
قاراپ قالسا كۆزلىرى ئېقىپ كېتەر ئىدى... تۆت ئوغۇل، ئىككى قىز
پەرزەنت كۆرگەنىدى...» دەپ يېزىلغان. بىلىشىمىزچە، ئۇنىڭ چوڭ
ئوغلى ھەزرىتى مۇھەيىيىددىن خوجا يەھيا خوجىدۇر. «تەزكىرەئى
ھىدايەت»نىڭ مۇئەللىپى ئۇ كىشى توغرىسىدا: «ئۆز زامانىسىدىكى18
شەھەرنىڭ ئەركەك شىرى ئىدى. ئىشانلىقى يەتتە ئىقلىمغا تونۇلغانى-

دى. پەلەكنىڭ نەزەر ئاپتىگە ئۇچراپ ئۆگەي ئانىسىنىڭ قولىدا شېھىت بولدى...» دېيىلگەن. ئىككىنچى ئوغلى ھەزرىتى خوجا ھەسەن خوجا (مەھدى خوجا دەپمۇ ئاتىلىدۇ) دۇر. «تەزكىرەئى ھىدايەت» تە كۆرسىتىلىشچە، ئافاق خوجا قازاغا ئۇچراپ ئۆلۈشتىن ئازراق ئىلگىرى 15 ياشلىق بۇ ئوغلىغا: «پادىشاھلار ئولتۇرغان تەختتە پادىشاھلاردىن كېيىن شاھزادىلەر ئولتۇرىدۇ. بۇ تەختتە سەن ئولتۇرۇپ دەۋران سۈرگىن» دەپ ۋەسىيەت قىلغانمىش. بۇل ئوغۇل ئانىسى مۆھتەرەم خېنىم (جاللات خېنىم، خانىم پادىشاھ دېگەن ناملىرىمۇ بار — ئا) بىلەن بىرەر يىلدەك «پادىشاھ» لىق قىلغاندىن كېيىن، ئۆز رەقىبلىرى تەرىپىدىن ئەمىن تاپالماي قەشقەرىيەدىن ھىندىستانغا قېچىپ كەتكەن. بەزى خاتىرىلەردە ھىندىستاندىكى شىك روھانىلىرىنىڭ قېشىدا پادىشىلىنىپ، ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىمۇ قەيت قىلىنىدۇ. ئافاق خوجىنىڭ ئۈچىنچى ئوغلى ئىنايىتۇللا خوجىدۇر. بەزى تارىخنامىلەردا «بۇغراخان خوجام» نامى بىلەنمۇ ئۇچراپ قالىدۇ. تۆتىنچى ئوغلى خوجا كارامىتۇللا (قىلىچ بۇرھانىددىن خوجا دەپمۇ ئاتىلىدۇ — ئا) خوجىدۇر. «تەزكىرەئى ھىدايەت» تە: «ئۇ كىشى ئۈچ ياش چاغدا شاراب ئىچىلىدىغان شارابخانىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپتىكەن، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ شاراب ئىچكىنىنى كۆرۈپ، بىر دۇئا بىلەنلا ئۇلارنى ھىدايەت يولىغا باشلىۋەتكەن...» دېيىلىدۇ. بۇ كىشى دادىسىدىن قېلىپ گەنسۇ، چىڭخەي، سەمەرقەنت، تاشكەنتلەردە خۇدايى ئىشان بولۇپ يۈرۈپ، 10 مىڭلىغان مۇرىت ئەگەشتۈرگەن. مىلادىيە 1730 ـ يىللىرى ئەتراپىدا خۇراساننىڭ ھىندىۋان دېگەن يېرىدە ئالەمدىن ئۆتكەن.

ئافاق خوجىنىڭ ئىككى قىزى — بۈۋى پاتىمە، بۈۋى ئائىشەلەر ئافاق خوجا پەرزەنتلىرىنىڭ بىرىنچى، ئۈچىنچىلىرى بولۇپ ياتلىق بولۇپ ھەر ئىككىلىسى ئائىلە قاياشلىرى بىلەن كېيىنكى چاغلاردا «ئىسھاقىيە» چىلەر تەرىپىدىن قەشقەردىن ئىلىغا سۈرگۈن قىلىنىۋېتىلگەن.

**3) ئافاق خوجىنىڭ تارىختىكى «دىنىي تۆھپە» لىرى ۋە مۇسۇلمانچىـ لىق مەۋقەلىرى توغرىسىدا**

ئافاق خوجا توغرىسىدا ئۆز ۋاقتىدا يېزىلىپ ھەم تارىختىن بۇيان ئافاق خوجا سوپىلىرىنىڭ «دىنىي دەستۇرى»، «دىنىي ئەڭگۈشترى» بولۇپ كەلگەن بۇ ئىككى يازمىنى يەنى «تەزكىرەئى ھىدايەت» بىلەن «ئافاق خوجىنىڭ ئەمرى ـ مەرۇپلىرىدىن كەلىمىلەر»نى «قۇرئان كەـ رىم» ۋە ھەدىس شەرىفتىن ئىبرىشكەن پاك مۇسۇلمانچىلىق چۈشەنچىـ مىزدىن چىقىپ تۇرۇپ، تۆۋەندىكى پىرىنسىپال سوئاللارنى چۆرىدىگەن ھالدا تەتقىق قىلىشقا يۈزلىنىمىز، ئەلۋەتتە.

بۇ يازمىلاردا ئالغا سۈرۈلگەن ئاتالمىش «دىنىي يول»، «دىنىي تەـ لىم» ۋە «دىنىي مەجبۇرىيەت» لەر راستتىنلا «قۇرئان كەرىم» ئىدىـ يەسى ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغانمۇ؟ ئۇ ئافاق خوجا قۇرغان «دىنىي مەھكىمە»، «ھاكىمىيەت»، «سەلتەنەت»، «قۇتبىل ئەقتاب» ئورۇنلىرى راستتىنلا ئىسلامغا خىزمەت قىلغانمۇ؟ مۇسۇلمانلارغا ئاسايىشلىق، بەخت ئاتا قىلغانمۇ؟ ئافاق خوجىغا، ئۇنىڭ «ئۇلۇغ» ئەۋلاد، يارانلىرىغا تاـ رىختا قول بەرگەن، يولىنى تۇتقان، ئەگەشكەن مۇسۇلمان ئەجدادلىرىـ مىزنىڭ تەقدىرلىرى قانداق بولغان؟ ئەزەلدىن «قۇرئان كەرىم» گە ۋە ھەدىس شەرىفكە ئاساسەن مۇسۇلمانچىلىق قىلىپ كەلگەن ئەجدادلىرىـ مىزنى ئافاق خوجا ۋە ئافاق خوجىچىلار يەنە نېمە ئۈچۈن ئىككىنچى بىر خىل «سوپى مۇسۇلمان» قىلماقچى بولۇشقان؟ ئافاق خوجىغا ھەم ئافاق خوجا بىلىغا ئەگەشمىگەن، كىرمىگەن ئەھلى مۇسۇلمانلار مۇـ سۇلمان ھېسابلانمامدۇ؟ دېگەندەك ئورۇنلۇق سوئاللارنى چۆرىدەپ تەتقىق قىلىپ بېقىشقا توغرا كېلىدۇ.

بىزگە مەلۇمكى، 16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن ئېتىبارەن بىزنىڭ بىر قىسىم جايلىرىمىز (ئاساسلىقى، تارىم ۋادىسىدىكى مۇسۇلمانلار ئاـ رىسىدا)دا مەخدۇم ئەزەم «دىنىي يولى» ياكى «دىنىي ئەقىدە»سى تارـ قىلىشقا باشلىغاندىن كېيىن ئەزەلدىن بۇيان «قۇرئان كەرىم» نى تۇپ

مەنبە قىلغان، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىدىن چىقماسلىقنى شەرت قىلغان، ئىمام ئەزەم ئوبۇھەنىپەنىڭ مەزھىپىدە مۇسۇلمانچىلىق قىلىشىپ كەلگەن ئەجدادلىرىمىز ئارىسىدا دىنىي چۈشەنچە جەھەتتە مۇجمەللىشىش، ئىككىلىنىش، قايمۇقۇش، چۈشەنچە مۇقىمسىزلىقى يۈز بېرىشكە باشلىغان. مەسىلەن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان پۈتۈن ھەرىكەتلەرنى قىلىش، ۋەزىپىلەرنى ئادا قىلىش ھەم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مەيدانىنى قوبۇل قىلىپ، ھەرىكەتلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈش بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن مۇسۇلمانلار ئارىسىدا قانداقتۇر غەيرىي ئەقىدە — مەخدۇم ئەزەم «نەقشىۋەندىيە ئەقىدىسى» يەنى «ھەرقانداق مۇسۇلمان ئاللاھقا يېتىش ئۈچۈن ئەڭ ئالدى بىلەن ئىشان بولغۇچى كىشىگە قول بېرىپ، سوپى بولۇپ، شۇ مەزھەپنىڭ تەلىماتلىرىنى ئېسىدە چىڭ ساقلاپ، چەكسىز ساداقەتمەن بولغاندىلا ئىشان بولغۇچى ئۇستازنىڭ ھەقىقەتنى ئېچىپ بېرىشى ئارقىسىدىلا ئاندىن ئاللاھقا يېقىنلاشقىلى، يەنى مۇتلەق ھەقىقەتكە يەتكىلى بولىدۇ» دەيدىغان يېڭى «دىنىي ئەقىدە» پەيدا قىلىنىپ، جەمئىيەتتە چۈشەنچە مالىمانچىلىقى بىلەن دىنىي ئۇقۇم تۇراقسىزلىقى بارغانسېرى ئىسلامغا زىت، پاسسىپ ئاقىۋەتلەر ھېسابىغا كېڭەيتىلىشكە باشلىغان. ئاقىۋەت مۇسۇلمان ئەجدادلىرىمىز ئارىسىدا ئەزەلدىن مۇقىم ئەنئەنە بولۇپ كەلگەن دىنىي يول — «ئىمام ئەزەم يولى» ئىككىنچى بىر خىل «دىنىي يول» — «مەخدۇم ئەزەم يولى» بىلەن يەنە باشقا بەزىبىر «دىنىي مەزھەپ»، «يول»لارنىڭ ئارىلىشىش، گىرەلىشىش ئاقىۋىتىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇنداق ئەبجەش ئاقىۋەتنىڭ تەرەققىيات يەكۈنى تارىم مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا تەدرىجىي ھالدا ئاپەت خاراكتېرلىك دىنىي ئېتىقاد كىرىزىسىنى بارلىققا كەلتۈرگەن ھەم تۈرلۈك «دىنىي» گۇرۇھلار، «دىنىي يول» لار كۆرەشلىرىنى پەيدا قىلغان. نەتىجىدە، يىرىك - بىرىگە زىت «دىنىي كۈچ»لەر كۆرەشلىرى كۈچىيىپ كېتىپ، ئۇي-

غۇر جەمئىيىتىنىڭ ئومۇمىي تەقدىرىگە ھالاكەت خاراكتېرلىك ئىجتىمائىي زەخمە كەلتۈرۈشكە باشلىغان. ئاپاق خوجا دەۋرىگە كەلگەندە بولسا، بۇ خىل يامان سۈپەتلىك ۋەزىيەت «دىنىي»، سىياسىي، ھەربىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە ئومۇمىي جەھەتلەردىن تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىپ، ئۇلغىيىپ، بىر پۈتۈن جەمئىيەت خاراكتېرلىك تەركىدۇنياچىلىق، سوپىزم ئىستىبداتلىقى ۋەزىيىتىگە ئۆرلەپ يۇقىرىلىغان. بۇ خىل يامان ۋەزىيەتنىڭ سەۋەب ـ نەتىجىلىرىنى تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا ئىخچاملاش مۇمكىن:

**دىنىي ئىدىيە جەھەتتە:** ئاپاق خوجا ئۆزىنى «پىر»، «ئەۋلىيا» دەپ ئېلان قىلىپ، ئۆزىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تەڭلەشتۈرۈپ «قۇتبىل ئەختاب»لىقى بىلەن «پىر دېگەن پەيغەمبەرگە ئوخشاش، مۇرت پەيغەمبەرنىڭ ئۈممىتىگە ئوخشاش، پەيغەمبەرگە ئاللاھتىن قانداق ۋەھىي كەلگەن بولسا، ئەۋلىياغىمۇ شۇنداق ۋەھىي كېلىدۇ. مېنى ئىنكار قىلغۇچىلار، ماڭا ئەگەشمىگەنلەر مۇنكىر مۇناپىقلاردۇر» دېگەن بايانى بىلەن پۈتۈن مۇسۇلمانلارنى مۇسۇلمانچىلىق ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىلا ئەمەس، بەلكى ئۆزىگىمۇ ئىخلاس قىلىشقا ئۈندىگەن، ئۇنىڭ ياندىماچ شېرىد. ى: «پەيغەمبىرىم ھىرا غارىدا خۇدا بىلەن گەپلەشكەن چاغدا بىزنىڭ پىرىمىزنىڭ روھىمۇ پەيغەمبىرىم بىلەن بىللە ئاللاھنىڭ سۆزىنى ئىشىتكەن. پەيغەمبەرلەرنىڭ مەرتىۋىلىرى ئەۋلىيالارنىڭ مەرتىۋىلىرى بىلەن بىر» («تەزكىرەئى ھىدايەت»تىن») دېگەن بايانلىرى بىلەن ئاپاق خوجىنى «ئۇلۇغ»لۇقتا ھەرگىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن تۆۋەن تۇرمايدىغان، بەلكى تەڭ تۇرىدىغان «قۇتبىل ئەختاب ئەۋلىيا» قاتارىغا قويۇپ، ئۇنىڭ ئاتالمىش «يول»، «ئەقىدە»لىرى (سېپىلىق ھەرىكەتلىرى) نى مۇسۇلمانلارنىڭ «دىنىي مەشغۇلات»ى قىلىشقا يۈزلەنگەن.

**دىنىي مەرتىۋە، قۇرۇلمىلار جەھەتتە:** جەمئىيىتىمىزدە ئىشانلىقنىڭ تۆت تەبىقىلىق تەشكىلىي مەرتىۋە، قۇرۇلمىلىرىنى يېڭىدىن بەرپا قىلىشقان،

يەنى① «قۇتبىل ئەختاب» تەبىقىسى: ② «غەۋسىل ئەزەم» تەبىقىسى: ③ ئىشان، مۇرشىد، ئارىپ تەبىقىسى: ④ خەلپىلەر تەبىقىسى قاتارلىق تەشكىلىي قاتلاملىرىنى تەشكىل قىلىپ ھەم ئۇنى «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىسنى تۈپ ئاساس قىلغان شەرىئەت ئورۇنلىرىنىڭ، دىنىي سورۇنلارنىڭ، مەدرىسە ـ مەكتەپلەرنىڭ، ئىمام، خاتىپ، مەزىندىن ئىبارەت ئۈچ تەركىبلىك دىنىي مۇلازىمەتچىلىك قاتلاملىرىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشىپ، ئىسلامنى سوپىلاشتۇرۇشنىڭ بىر يۈرۈش تەشكىلىي سىستېمىلىرىنى پەيدا قىلىشقان.

**ئىبادەت پىرىنسىپلىرى جەھەتتە.** ئەنئەنىۋى ئىسلام شەرىئىتى پىرىنسىپلىرى ئۇلار تەرىپىدىن «تەرىقەت تەلىماتى» نامىدىكى «ئېتىقاد»، «ئەدەپ»، «ئىبادەت»، «مۇئامىلات»، «ئۇقۇبەت» ياكى جازا قاتارلىق «بەش قانۇن» بىلەن بىرىكتۈرۈلۈپ «شەرىئەت»، «تەرىقەت»، «مەرىپەت»، «ھەقىقەت» ئۇقۇملىرىنىڭ ھەممىسى سىڭدۈرۈلگەن «ئىشان مۇسۇلمانچىلىقى پىرىنسىپلىرى» مەيدانىغا چىقىرىلغان. بۇ خىل «پىرىنسىپ» تېگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا، خۇددى تەتقىقاتچىلار تەكىتلىگەندەك: «1 ـ باسقۇچ شەرىئەتكە شەرتسىز بويسۇنۇش؛ 2 ـ باسقۇچ تەرىقەت بولۇپ، سوپى بولغۇچى كىشى ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئۇنتۇپ ئۆز ئىختىيارىنى پۈتۈنلەي ئاللاھقا بېغىشلاش، ئۆزىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ زاھىدلىقتا ئۆزىنى چېنىقتۇرۇپ يېتىلدۈرۈش؛ 3 ـ باسقۇچ مەرىپەت

① «قۇتبىل ئەختاب» تەبىقىسى: سوپىلىق تەلىماتىدا بۇ ئەڭ يۇقىرى تەبىقە ھېسابلىنىدۇ، سوپىلار ئادەتتە «قۇتبىل ئەختاب» بولغۇچىلارنى «ئاللاھنىڭ ئەڭ چوڭ ۋاستىچىلىرى، بۇنداق زاتلار دۇنياغا مىڭ يىلدا بىر كېلىدۇ» دەپ قارىشىدۇ.

② «غەۋسىل ئەزەم» تەبىقىسى: سوپىلىق تەلىماتىدا بۇ تەبىقە «مۇسۇلمانلارنىڭ دادى ـ پەريادى، ئاھۇ ـ زارىغا يەتكۈچى ئاللاھنىڭ ۋاستىچىلىرى، بۇنداقلار ھەر يۈز يىلدا بىر قېتىم دۇنياغا كېلىدۇ» دەپ قارىلىدۇ.

③ ئىشان، مۇرشىد، ئارىپ تەبىقىسى: سوپىلىق قائىدىسىدە بۇ تەبىقە ـــ خەلىپە تەربىيەلەپ، ئىرشادنامە تارقىتىپ، جايلارغا خەلىپە تەيىنلەپ ئىشان مەزھىپىنىڭ (بـ ـلى ئىشان مەزھىپىنىڭ تۆرلىرى تارىختا 30 خىلدىن ئاشقان) پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

④ خەلپىلەر تەبىقىسى: سوپىلىق يولىدا بۇ تەبىقە: ئىشانلارنىڭ ھەر قايسى جايلاردىكى ۋەكىللىرى بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق جايلاردا ئىشانلارنىڭ تەلىمى بويىچە ئىشلەپ، مۇرت قوبۇل قىلىپ، سوپى تەربىيەلەپ تۇرىدىغان تەبىقىدۇر.

بولۇپ، سوپى بولغۇچى كىشىنىڭ قەلبىدە ئاللاھتىن باشقا ھېچنەرسە بولمايدىغان بولۇش؛ 4 ـ باسقۇچ ھەقىقەت باسقۇچى بولۇپ، سوپى بولغۇچى ئۆزىنى ئاللاھقا يېقىنلاشقاندەك ھېس قىلىدۇ. بۇنداق قىيامىغا يەتكەن سوپىنى «ئارىف بىللا» دەپ ئاتايدۇ. ئۇنىڭ مەنىسى خۇدانى تونۇغۇچى، ھەقىقەتنى چۈشەنگۈچى دېگەنلىكتۇر...» شۈبھىسىزكى بۇ، پۈتۈنلەي تەركىدۇنياچىلىق پىرىنسىپلىرىنى چىقىش قىلغان مۇسۇلمانچىلىق «پىرىنسىپلىرى» بەرپا قىلىنغانلىقتۇر.

**ئىبادەت ئۇسۇلى جەھەتتە:** «بەش پەرز» نى مەركەز قىلىپ مۇسۇلمانچىلىق قىلىپ كېلىۋاتقان ئەجدادلىرىمىز ئارىسىدا «ئىشقىيە» مۇسۇلمانچىلىقى يەنى جاھان كېزىپ، يۇرتمۇيۇرت يۈرۈپ، ئۆي ـ جاي تۇتماي، خوتۇن، بالا ـ چاقىلىق بولماي، مازايى ـ ماشايىخلارنى تاۋاپ قىلىپ، چاچلىرىنى چۈشۈرمەي، جەندە، كولا كىيىپ كۈندە تاپقىنىنى كۈندە يەپ، ئاچلىقتا زارلانماي، خۇدا ـ ئە ئىشقىغا ئۆزىنى بېغىشلاشنى بىردىنبىر ئىبادەت ئۇسۇلى قىلغان ھەم بۇنداق قىلىشنى خۇداغا يېقىنلىشىشنىڭ ۋە ۋەھدەتۇل ۋۇجۇدقا يېتىشىشنىڭ يولى دەپ قارايدىغان، ئۆزلىرىنى «ئاشىق» يەنى خۇداغا ئاشىق بولۇپ ياشايدىغانلار دەيدىغان غەيرىي بىر خىل «مۇسۇلمان» چىلىق ئۇسۇلى كېلىپ چىققان.

**دىنىي تۇرمۇش ۋە دىنىي مۇلازىمەت مەنبەلىرى جەھەتتە:** مۇسۇلمانچىلىقتا مۇناسىپ دىنىي پائالىيەتلەر نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، تارىختا بىرگە ئەقىدە ـ ئېتىقاد بولۇپ سىڭىپ كىرىپ، ئومۇملاشقان بارلىق ماددىي، مەنىۋى ئىرىم، قىلىقلار ۋە دىنىي تۇرمۇشنىڭ بارلىق مۇئامىلات، مۇلازىمەت قۇرۇلما، ئەسلىھە، مۈلۈك، بىساتلىرىنى تەييارلاش، ئىشلىتىش، پايدىلىنىش، ئاسراش ئۇسۇللىرى مۇقەددەس دىنىي ئەخلاق ۋە دىنىي ۋاجىباتلار جۈملىسىگە كىرىدىغانلىقى بەرھەقتۇر. بۇ خىل ھاسىلاتنىڭ تۈپ مەنبەسى ئەلۋەتتە «قۇرئان كەرىم» روھىدا. مۇشۇ روھ ئاھاسىدا مۇنداق قەيت قىلىنغان: «مۇقسۇلمانلار ئىبادەت تۇرمۇشىدا جىمىكى ئىبادەتنىڭ ماددىي ـ مەنىۋى سەرپىياتلىرىنى، قىلىقلىرىنى، ئورۇنلىرى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نى، بىسات، مۈلۈكلىرىنى قوبۇل قىلىش (قوللىنىش، ئىختىرا قىلىش، پايدىلىنىش)تا ئۇمۇمەن ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قىلغان قىلىق، ئورۇنلىغان ئىش، سۆزلىگەن سۆز، قويغان تەلەپ ۋە لەۋزە بىشارەتلەر دائىرىسىدىلا ئەجرىملىنىشى، قوبۇل قىلىنىشى لازىم ۋە زۆرۈردۇر.» («تارىخىمىزدىكى ئىسلامىيەت» تىن). لېكىن، ئاپاق خوجا ۋە ئۇنىڭ سوپىلىرى يۇقىرىقى پرىنسىپ، چۈشەنچىلەرنى تەرك ئېتىپ، چەتنەپ مۇسۇلمان ئەجدادلىرىمىز ئارىسىدا ئاپاق خوجىنىڭ سوپىلىق ئىدىيەسى — «ئىشقىيە تەرىقتى»نى مەنبە قىلغان يېڭى «دىنى» كەشپىيات، «دىنىي بول» لارنى «ئىختىرا» قىلىشقان ھەم ئۇنى ئەنئەنىۋى دىنىي ئادەتلەرنىڭ ئورنىغا دەسسىتىپ، جەمئىيەتتە قانات يايدۇرۇشقان. ئۇلارنىڭ يېڭى «دىنىي» ئىختىرالىرى ئىچىدە «بەش لىباس»، «بەش تەۋەررۈك»، «بەش پاكلىق»، «بەش شەرت»، «بەش ئىددىق جاي»، «بەش ئىرادەت» دېگەندەك ئالتە بەشلىك مۇسۇلمانچىلىق تەلەپلىرى تولىمۇ دىققەتكە سازاۋەردۇر.

ئاپاق خوجا «دىنىي ئالىم» لىرى «بەش لىباس» دېگەندە: كۇلا، جەندە، سەپەچ (ئىشان سەللىسى — ئا)، سەندەل (قوڭالتاق كەش)، سۇف كېپەن (ئاق خامدىن كېپەنگە ئوخشاش تەييارلانغان ياقىسىز ئۇزۇن خالتا كۆڭلەك، قوراق مەللە تونلار — ئا) لەرنى كۆزدە تۇتقان.

«بەش تەۋەررۈك» دېگەندە: ئاق ھالقىلىق جۇپ چەمبەرلىك تۆمۈر ساپايە، پۇتاق سوتا، ئاق سوپىلىق تەسبىھ، تىكىشسىز داخىل كولا ياكى يەنجى ۋە بەل كارمان (بەلگە ئېسىپ ئالىدىغان تېرە يانچۇق، پۇل قاپچۇقى، پۇل قاپىقى قاتارلىقلار — ئا) لەرنى كۆزدە تۇتقان.

«بەش پاكلىق» دېگەندە: ئىمتىيازدىن، مەرتىۋىدىن، بايلىقتىن، مۈلۈكتىن، نەپسى ھەۋەستىن (نەپسى ھەۋەس دېيىلگەندە — خوتۇن ئالمايدىغان، پەرزەنت مېھرى بولمايدىغان، رىزقى ئىزدىنىشلەر قىلمايدىغان، خۇداغىلا ئاشىق، بەندىگىلا ماشايىخ، بىر تەن، بىر جان خۇداپى ئوششۇقلىق نەزەردە تۇتۇلغان — ئا) خالىي بولۇشنى كۆزدە تۇتقان.

«بەش شەرت» دېگەندە: ھەممىدە پىردىن ئايرىلماسلىق، ھەممىنى پىردىن ئايىماسلىق، ھەممىنى پىردىن يوشۇرماسلىق، ھەممىنى پىرغا تەڭ قىلماسلىق ۋە ھەممىنى پىردىن تۆۋەن بىلىش، دېگەنلەرنى كۆزدە تۇتقان.

«بەش ئىددىق جاي» (بەش مۇقەددەس ئىبادەت ئورنى — ئا) دېگەندە: قۇتبىخانا ياكى «قۇتبىل ئەختاپ» (ئۇلۇغ ئەۋلىيا پىرلار مۇلازىمەت قىلىدىغان خاس خانىلار، مەھكىمە، ئورۇنلار — ئا)، خانىقا، مازار، قەدەم جاي (ئەۋلىيالار كېلىپ - كېتىپ تۇرىدىغان، ئۇلارنىڭ ئايىغى تېگىپ تۇرىدىغان «پاك قەدەم جاي» لار — ئا) تۆنەكخانىلارنى كۆزدە تۇتقان.

«بەش ئىرادەت» دېگەندە: رىزقىنى، سەپەر (ئۆلۈمنى مۇ ھەم)نى نىكاھنى، تەقدىرنى، گۇناھ — ساۋابنى غايىبتىن، خۇدا ئىرادىسىدىن كۆرۈشنى كۆزدە تۇتقان.

دېمەك، ئافاق خوجا ۋە ئافاق خوجا «مۇسۇلمان»چىلىق «يولى»نى پەيدا قىلىشقان «تەرىقەت» كۈچلىرى ئاساسەن 17 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ يۇقىرىقىدەك قىلمىشلىرى بىلەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ مۇسۇلمانچىلىقىنى خوجا - ئىشانلار ئىلكىدىكى مۇسۇلمانچىلىققا ئۆزگەرتىپ ۋە ئايلاندۇرۇپ، ئۇنى بىزنىڭ يۇرت - ماكانلىرىمىزدا خوجا - ئىشانلار فېئودال تەبىقىلىرىنىڭ پەيدا بولۇش، خوجا - ئىشانلار ئومۇمىي ھۆكۈمرانلىقىنىڭ تىكلىنىش بوسۇغىسى ۋە تەڭداشسىز قورالىغا ئايلاندۇرۇپ كېتىشكەن. شۇڭا بىز «قۇرئان كەرىم» روھىدىكى ئىسلام چۈشەنچىمىزنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ ئۇ زامانلار مۇسۇلمانچىلىقىنى خوجا - ئىشانلار ئىلكىدىكى «مۇسۇلمانچىلىق»، خوجا - ئىشانلار ئىلكىدىكى «مۇسۇلمان»، خوجا - ئىشانلار ئىلكىدىكى «ئىسلام» ۋە خوجا - ئىشانلار ئىلكىدىكى «دىنىي زامان» ياكى «دىن» دەپ قارايمىز. بۇ خىل «دىن»نىڭ ئەسلىي ئىسلام دىنىدىن تۈپ پەرقى شۇ يەردىكى، ئۇ «دىن» بىزنىڭ مۇسۇلمان ئەجدادلىرىمىزنىڭ تاجاۋۇزچە-

لىققا، زۇلۇمغا قارشى كۈرەش قىلىدىغان كۈچ مەنبەسى بولمايلا قالماستىن، بەلكى تەسلىمچى ھۆكۈمرانلار بىلەن تاجاۋۇزچىلارنىڭ خەلقنىڭ قارشىلىق ھەرىكەتلىرىنى باستۇرىدىغان، يۇرتىمىز ۋە مىللىتىمىزنىڭ تەقدىرىنى نابۇت قىلىۋېتىدىغان مەنىۋى قورالى بولۇپ بەرگەن. ئۇ «دىن»نىڭ ۋەزىيىتى بولسا: «دىنىي» نىزاھلار كۈچەيگەن، «ئېتىقاد»چىلىرى بىر ـ بىرىنى رەت قىلىدىغان، بىر ـ بىرىنى قىرىدىغان، «دىنىي» مەزھەپلەر كۈرەشلىرى ئىنتايىن كەسكىنلەشكەن، «دىنىي ئۇرۇش» لار توختىمايدىغان، پەۋقۇلئاددە جاھالەتلىك «ئىسلام» ۋەزىيىتىدىن ئىبارەت بولغان. ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئارىسىدا نامازنى قويۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا زىكرى ـ ساماغا چۈشۈپ «پىرىم» نى دىللىرىدا تەكرارلاش بىلەنلا سەكرەپ، چۆرگىلەپ  لاكەتچىلىك قىلىشىدىغان بىر خىل غەيرىي مۇسۇلمانلار تۈركۈمىنىڭ ئۆزىنىكى بارلىققا كەلگەن.

«ئىلاھ»لىق، «ئەۋلىيا»لىق، «دىن»دارلىق، ھاكىملىقتىن ئىبارەت تۆت خىسلەت ۋۇجۇدىدا «جەم»لەنگەن، دۇنيادا بىرلا «ئۇلۇغ زات» ئافاق خوجا «دىنى»، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ھالاكەت تەقدىرىگە زامىنلىق ئەھمىيىتى بىلەن رول ئويناشقا باشلىغان. بۇ خىل «دىنىي» قىلمىش ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ: «... توغرا يولغا ئەگەشكەنلەرگە سالام، ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىش، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىك، ئاللاھنى قويۇپ بىر ـ بىرىمىزنى خۇدا قىلىۋالماسلىقتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپكە ئورتاق بولغان ئەقىدىگە ھۆرمەت قىلايلى...» («قۇرئان كەرىم»، سۈرە ئال ئىمران، 64 ـ ئايەتتىن)، «مۇسۇلمان كىشىنىڭ بىراۋغا بولغان مۇھەببىتى ياكى نەپرىتى ئۆز مەقسىتى ئۈچۈن ئەمەس، ئاللاھ ئۈچۈنلا بولۇشى لازىم...» («مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى» 334 ـ بەتتىن) دېگەن پىرىنسىپتىن چەتلەپ كەتكەن. «ئىسلام دېگەن نېمە؟ دېگەن سوئالغا پەيغەمبىرىم جاۋاب بېرىپ: ئىسلام دېگەن ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىش، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمەسلىك، پەرز نامازلارنى ئوقۇش، پەرز زاكاتنى بېرىش،

رامزان روزىسىنى تۇتۇش» دېگەن ئىدى. پەيغەمبىرىم يەنە مۇنداق دېگەن: «دىنىنىڭ ئاساسى ئاللاھقا سادىق بولۇش، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە سادىق بولۇش... مۇسۇلمانلار ئاممىسىغا سادىق بولۇش...» («قۇرئان كەرىم»، سۈرە تەۋبە 9 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى) ئافاق خوجا تەرغىپ قىلغان ۋە ئومۇملاشتۇرغان «دىنىي يول» دىنىمىزنىڭ بۇ خىل تەلىم ـ پىرىنسىپلىرى بىلەن پۈتۈنلەي قارىمۇ قارشىدۇر. شۇڭا بىز ئافاق خوجىنى ھەقلىق ھالدا ئىسلامنىڭ خوجىسى، ئىشانى، پىرى، ھەقىقىي مۇسۇلمان دەپ قارىيالمايمىز. ئۇنداق دېگەندىن كۆرە، ئۇنى تاڭغۇت ـ جۇڭغار لامالىرىنىڭ تارىختىكى خىزمەتچىسى، ئىسلام ئاسىيسى، مۇسۇلمان ئەجدادلىرىمىزنىڭ دۈشمىنى، جاھالەت پىرلىرىنىڭ ئاتامانى، مىللىتىمىزنىڭ تارىختىكى كەچۈرگۈسىز جىنايەتچىسى دەپ قارايمىز.

**4) ئافاق خوجىنىڭ سىياسىي تارىخى توغرىسىدا**

**«دىنىي» ـ ئىجتىمائىي پائالىيەت جەريانلىرى:** تارىخىي خاتىرىلەردىن ئايان بولۇشىچە، ئافاق خوجىنىڭ رەسمىي جەمئىيەت خاراكتېرلىك سالاھىيەت تارىخىنى 1655 ـ يىلى قەشقەردە ئۇنىڭ «ئىرشاتنامە» سى بىلەن «نەسەبنامە» سى «ئىشقىيە»چى «ئاق تاغلىق» سوپىلار تەرىپىدىن «ئىشان» نامى بىلەن ئاشكارا جاكارلانغان چاغدىن ھېسابلاپ تەتقىق قىلىش لازىمدۇر.

29 ياشلىق ھىدايىتۇللا ــ ئافاق خوجا «ئاق تاغلىق» لارنىڭ «ئىشانى» بولۇپ كۆتۈرۈلگەن چاغلاردىكى قەشقەرىيەنىڭ دىنىي، ئىجتىمائىي ۋەزىيىتى ئىنتايىن ئۆتكۈر زىددىيەتلىك، يامان ۋەزىيەتلىك ئىدى. بۇ خىل ۋەزىيەتنى ــ خوجا مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئوغۇللىرى خوجا ئىسھاق ۋەلى بىلەن خوجا مۇھەممەتئىمىن ــ ئىمامى كالانلار ئوتتۇرىسىدا دادىسىنىڭ دىنىي ھوقۇق، ئىمتىيازىنى تالىشىشنى چۆرىدەپ شەكىللىنىپ، تەدرىجىي ھالدا ئۇلغىيىپ، ئۇلارنىڭ ئوغۇللىرى ــ ئابدۇللا خوجا بىلەن مۇھەممەد يۈسۈپ خوجىلارنىڭ «ئىشان»لىق چاغ-

لىرىغا كەلگەندە قەشقەرىيەنىڭ «دىنىي ھوقۇقى» نى كىم ئىگىلەش مەسىلىسىگە يەنى ماداراچىلىق ئىمكانىيىتى قالمىغان، مۇرەسسەسىز ھوقۇق كۈرىشى مەسىلىسىگە ئۆرلەپ تۇرغان كەسكىن، يامان زىددىيەت دېيىشكە بولاتتى. ئافاق خوجا بۇ خىل ئوسال ۋەزىيەت ئىچىدە ئالدى بىلەن بىر مەزگىل ئۆزىنىڭ ئورنىنى تىكلەش، مۇداپىئە خاراكتېرىدىكى ئۇستۇنلۇكنى قولغا كەلتۈرۈپ، «ئىسھاقىيە» چى «قارا تاغلىق» لارغا قارشى كۈرەشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش، ئاخىر بېرىپ پۈتۈن قەشقەرىيەنىڭ «دىنىي»، سىياسىي ھوقۇقىنى قولغا ئېلىش چارىلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا كىرىشكەن.

ئۇ تۇنجى قېتىم قەشقەردە ئۆزىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ 27 ـ ئەۋلادى يەنى «سەئىد» دەپ ئېلان قىلىپ ئىسلام دىنىنىڭ تەبىئىي «يېتەكچى» سى ـــ «سەئىد» لىق ئەلپازى بىلەن ھەرىكەت قىلىشقا كىرىشكەن، تەدرىجىي ھالدا ئىلگىرىلەپ ئاخىر سەئىدىيە خانلىقىنىڭ خانى يولۋاسخاندىن ئۆزىنىڭ «سەئىد» لىكىنى قەدىرلەشنى، قەشقەرىيەنىڭ بارلىق دىنىي ھوقۇقىنى تۇتۇشقا ئىمتىياز بېرىشنى ئىلتىجا قىلغان. تارىخچى ئۇستاز موللا مۇسا سايرامى تەرىپىدىن 1885 ـ يىلى يېزىپ قالدۇرۇلغان «تەزكىرەئى خوجا ئافاق» دېگەن قوليازمىدا كۆرسىتىلىشىچە، ئافاق خوجا ئۆزىنىڭ «سەئىد» لىكىنى يولۋاسخانغا مۇنۇ بىر خىل «نەسەب» قۇرۇلمىسى بىلەن «ئاساس» لاپ بەرگەنىمش. يەنى ئۇ: «مۇھەممەد پەيغەمبەردىن كېيىن بىرىنچى يۇزدە تۆت چاھاريار، ئىككىنچى يۇزدە داۋۇدە تائىد، ئۈچىنچى يۇزدە زۇنۇن مىسرى، تۆتىنچى يۇزدە ئۇبۇل ھەسەن خەرقانى، بەشىنچى يۇزدە ئابدۇقادىر جىلانى، ئالتىنچى يۇزدە مەۋلانە جالالىددىن رۇمى، يەتتىنچى يۇزدە خوجا باھاۋۇددۇن نەقشۋەند، سەككىزىنچى يۇزدە مەۋلانە ياقۇپ چەرخى، توققۇزىنچى يۇزدە خوجا ئەبەيدۇللا ئەھرار، مىڭدە ھەزرىتى ئىمامى رەببانى، بىر مىڭ بىر يۇزدە مەخدۇم ئەزەم، بىر مىڭ ئىككى يۇزدە ھىدايىتۇللا (ئافاق خوجا ـــ ئا) لارغا ئىسلامغا ئىگە مۇئەككەل

بولۇش نىسىپ بولغان ۋە نىسپىتۇر» دەپ قارىغانمىش (بۇ يەردە شۇ-نىمۇ ئىزاھلاپ كېتىش لازىمكى: بىز ھازىرغىچىلىك ئافاق خوجا ۋە ئا-فاق خوجىنىڭ سوپى مۇئەللىپلىرى تەرىپىدىن تارىختا تۈزۈلگەن بۇ خىل «نەسەب» تىزىملىكىدىن 20 نەچچە خىلنى 20 نەچچە خىل ئوخشىمىغان تىزىملىكلەر بويىچە ئۇچرىتىپ تۇرغانلىقىمىز ئۈچۈن بۇ خىل «نەسەب» تىزىملىكى مەنبە قىلىنغان «سەئىد» لىك دەۋاسىنىڭ نەقەدەر ئاساسسىزلىقىنى ھېس قىلماقتىمىز ــ ئا).

ئافاق خوجا ئۆزىنى ئۇلۇغ «سەئىد» دەپ ئېلان قىلغاندىن كېيىن قەشقەردە ئۆزىنىڭ ئاتالمىش «ئاق تاغلىق» سوپى يېقىنلىرى ئارقىلىق ئەتراپىغا ئادەم يىغىش، ماددىي، مەنىۋى جەھەتلەردىن كۈچ توپلاش، ئىناۋەت ئۆستۈرۈشكە كىرىشكەن، ئەتراپىغا ئادەم يىغىش جەھەتتە بىر قىسىم ھەمراھلىرى ئارقىلىق جەمئىيەتتە ئۆزىنىڭ «ئۇلۇغ سەئىد»لىق «خاسىيەت»لىرىنى كەڭ كۆلەمدە تەشۋىقات قىلدۇرغان. ھەرخىل شەكىللەر بىلەن ئۆزىگە كۆپلىگەن «مۇرت»لارنى قوبۇل قىلىشقا كى-رىشكەن (مەزكۇر مەزمۇندا «جاھالەت پىرلىرى ئۇيغۇر دىيارىدا» دېگەن ئەسىرىمدە توختالغانىدىم، تەكرارلىمايمەن ــ ئا). ئۇنىڭ ئۆزىگە «مۇرت» قوبۇل قىلىش (ئەتراپىغا ئادەم توپلاش ــ ئا)، ئۇنىڭ خەلق-نى ئۆزىگە تارتىشتا قوللانغان ھەر خىل تەدبىرلىرىدىن بىرى «خاس مۇرت» چەمبىرىكى بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت بولغان. «ئافاق خوجا ھەققىدە رىۋايەتلەر» دېگەن بىر قولىيازما توپلام (بۇ توپلام 1956 - يىلى قارىقاشنىڭ زاۋا بازىرىدا تېپىلغان ــ ئا) دىن بىلىشىمىزچە، ئافاق خوجا 1655 - يىلدىن 1661 - يىلىغىچە بولغان ئالتە يىل ۋاقىت ئى-چىدە ھازىرقى جەنۇبىي شىنجاڭ، شەرقىي شىنجاڭ، يەنى تۇرپان، قو-مۇل قاتارلىق جايلاردىكى شەھەر، بازارلارنى ئايلىنىپ، ئەل - خالايىققا كۆرۈنۈپ، مازار - ماشايىخلارغا «تاۋاپ» قىلىپ، كىشىلەرنىڭ «مۇش-كۈل» لۈكلىرىگە «ئاسايىش» لىق تىلەپ، باشلىرىنى سىلاپ سايىۋەن بولۇپ، «دۇئا» بېرىپ، «دۇئا» ئېلىپ تۇرۇشتەك «سەئىد»لىك خا-

سىيەتلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ چىققان. 41 مازار، 180 چوڭ خانىقانىڭ «پەخرىي شەيخ»، «پەخرىي ئىشان» لىق ئىمتىيازلىرىنى قولغا كەل- تۈرگەن. بىر نەچچە مىڭ كىشىنى «مۇرت» لىققا ۋاستىلىك ھەم بىۋاستە قوبۇل قىلىپ، پۈتۈن قەشقەرىيەدە بىر خىل سۇيىقەست تۇ- سىگە مەنسۇپ ئۆكتەم سوپىلار سېپىنى شەكىللەندۈرگەن. سەئىدىيە خانلىقىدىن سۇلتان ئىسمائىلخان بىننى ئابدۇرەھىم خان ھاكىمىيىتىنىڭ «ئاق تاغلىق»، «قارا تاغلىق» لار مالىمانچىلىقلىرى تۈپەيلىدىن ئىچكى چۈۋۈقچىلىقى ئېغىرلىشىپ تۇرغان چاغلارغا كەلگەندە ئاپاق خوجا ئىسمائىلخانغا: «... ئەي خان، ئاتا ـ بابالىرىدىن تارتىپ بىزنىڭ ئاتا ـ بابالىرىمىزغا مۇرت، مۇخلىس بولۇپ كەلگەنىكەنلا...» («تارىخى ھەمىدىي» 129 ـ بەتتىن) دەپ ئۆزىنىڭدىن ئۆزىنىڭ «ئىشان» لىق ھەرىكەتلىرىنى قوللاشنى، ئۆزىگە مۇرت بولۇشنى ھەم ئۆزىنىڭ بارلىق ۋاستىلىك ھەم بىۋاستە «مۇرت»لىرىغا ئالاھىدە ئىمتىياز، ئېتىبار بى- لەن مۇئامىلىدە بولۇشنى تەلەپ قىلغان. بەزى تارىخىي مەنبەلەردىن بىلىشىمىزچە، شۇ چاغلاردا ئاپاق خوجىنىڭ ئىسمائىلخانغا ئۆز «مۇرت» لىرىغا ئىمتىياز، ئېتىبار بېرىش توغرىسىدا قويغان تەلەپلىرى- نىڭ كونكرېت مەزمۇنى: «مۇرت» لاردىن ئالۋان ـ سېلىق ئالماس- لىق، يۇرتدارچىلىق مەجبۇرىيەتلىرىگە قىستىماسلىق، ھاشار، ئەسكەر، مەدىكار، كارۋان تۇتماسلىق، ئىچكى چەكلىمىلەردىن خالاس قىلىۋې- تىش، ئاپاق خوجىچە «ئىشقىيە» ئىشانلىق پائالىيەتلىرىگە دەخلى ـ تە- رۇز بولىدىغان بارلىق قىلمىشلارنى خانلىق ئەمرى بىلەن تەرك ئېتىپ تۇرۇش... لارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

سۇلتان ئىسمائىلخان بۇ خىل تەلەپلەرنىڭ بىر قىسمىنى ھەقلىق رەت قىلىپ تاشلىغان بولسىمۇ، لېكىن خانلىقنىڭ ئىچكى ۋەزىيىتىنى ياخشىلاش، «دىنىي» كۈچلەرنىڭ ئىچكى كۈرەشلىرىنى مادارا يولى بىلەن ھەل قىلىش، ئىشان گۇرۇھلىرىنى قولغا كەلتۈرۈپ، خانلىقنىڭ قۇدرىتىگە كاپالەتلىك قىلىش مەقسىتىدە بۇ تەلەپلەرنىڭ بىر قىسمىنى

قوبۇل قىلىشقا كۆنگەن. «تارىخىمىزدىكى ئىسلامىيەت» دېگەن قولياز-
مىدىن مەئلۇم بولۇشىچە، ئىسمائىلخان ئافاق خوجا بىلەن بىر نەچچە
قېتىم مۇرەسسە - مادارا خاراكتېرلىك سۆھبەتلەرنى ئېلىپ بېرىپ، ئۇ-
نىڭدىن خانلىقنىڭ سىياسىي، ھاكىمىيەت، مالىيە، ئىجتىمائىي، مەدەنى-
يەت، خارجى، ئەمنىيەت قاتارلىق ئورۇنلىرىغا، ئۇلارنىڭ ھوقۇق دائى-
رىلىرىگە، ئەلنىڭ ئامانلىق ۋە ئومۇمىي مەنپەئىتىگە زىيانلىق تەسىر
پەيدا قىلماسلىق شەرتى بىلەن «خۇدايى ئىشان»لىق قىلىشنى تەلەپ
قىلغان. يەنە بىر تەرەپتىن بولسا، ئافاق خوجىنى ئۇلۇغ سەئىدلەر تەر-
كىبىدە ئۆزلىرىگە پىر تۇتقان، ئۇنىڭ ئىشانلىق يولىغا ئەگەشكەن
(مۇرتلىق ئادىتىنى ئۆتىگەن. بەلگە - نىشان ياكى خاس ئىرشاتنامە
ئالغان) بىر قىسىم رىياكار مۇرتلاردىن زامان تىنچ، ئەل ئامان، خانلىق
باياشات، پۇقرا پاراۋان، كەيپىيات شات - خۇرام، دىن ئەھلى ساپ
بولغان ئەۋزەل مۇھىت ئىچىدىلا خانلىق ئەمرى بىلەن ئېلىنىدىغان بىر
قىسىم ئادەتتىكى ئالۋان - ياساقنى خۇدا يولىدا كەچۈرۈم قىلىش ھەم
ئۇلارنىڭ دىنىي پائالىيەت ۋاقتىنى خانلىق ئۈچۈن كېتىدىغان ھاشار،
مەدىكار سېلىقى بەدىلىگە ئۆزارتىپ بېرىش، يەنى ھاشار، مەدىكارغا
تۇتماسلىق، ئافاق خوجىدىن بىۋاستە ئىرشاتنامە ئالغان مەھەللىۋى
ئىشان، سەئىدلەرنىڭ دەرىجە ئورۇنلىرىنى دىنىي ئىشلار دائىرىسىدىلا
ئېتىراپ قىلىش ۋە ئېتىبار بېرىش توغرىسىدا ئاغزاكى ۋەدىلەرنى بەر-
گەن. «تارىخىمىزدىكى ئىسلامىيەت» دېگەن قوليازمىدا بۇ توغرۇلۇق
مۇنداق يېزىلغان: «... ئۇلۇغ سەردار — ھەزرىتى ئىسمائىلخان بىننى
ئابدۇرەھىمخان سەئىد مۇھەممەد يۈسۈپ خوجامغا بولغان ئىخلاسىنىڭ
زىيادىلىكىدىن (ئىسمائىلخان مۇھەممەد يۈسۈپ خوجىغا مۇرت بولغان
— ئا) ھىدايىتۇللا ھەزرەتكە خېلى بىر مەھەل ھۆرمەت بەيئىتىدە مۇئا-
مىلە تۇتۇپ كەلگەندۇر... خاسىيەتلىك ئۇلۇغزاتلاردىن ھەزرىتى ھۇ-
سەيىن بىننى شاھابىددىن (ئىسمائىلخاننىڭ قېيناتىسى — ئا) ئاللەمدىن
ئۆتكەندە ئافاق خوجا ئىسمائىلخاندىن ئۇ زاتنىڭ ئاخىرەتلىكى بەدىلىگە

www.uyghurkitap.com

مىڭ قوچاق ئاقلىق (ئاق چوتا، ئاق خەسە، ئاق خام، ئاق چەكمەن، ئاق جايناماز... ـــ ئا) تەييار قىلماقنى ئۆتۈندىلەر، ئىسمائىلخان بەجا كەلتۈردىلەر. ئاپاق خوجا ناماز چۈشۈرۈپ دۇئا ياندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن مەزكۇر ئاقلىقلارنى ئۆز مۇرتلىرىغا « ۋَت كېيەن » قىلىپ بۆلۈپ بەردىلەر... شۇ مۇسبەت مەۋسۇمىدىن ئېتىبارەن خوجام مۇرىتلىرىنىڭ ھەر ئىككىلا ئالەملىك تەۋەررۇك بەلگە ـ نىشانلىرى: خەيرلىك ئاقلىقلار (ئاق خىرىت، رەختلەر، كىگىز، جاينامازلار كۆزدە تۇتۇلغان ـــ ئا) دىن لىباس (كىيىم) لەر، گەز كۇلاھلار، داخىل كولبالەر، بەلۋاغلار، تاناپ ۋە باغلاقلار، ئاق ئاش (خاس ئۇن، سۇ، تۇزدىن تەركىب تاپقان ئاق ئاتىلا، ئاق تالقان، ئاق نان ۋە ئاق كۆمەچ، قوماچلار)، ئاق ساپلىق ساپايىلەر ھەم ئاق تۇغ، شەددىلەرگە تەئىن تاپىدىغان قائىدىلە. رەسىم بولدىلەر شۇنداق قىلىپ خان مۇلازىملىرى ئاق سەپەچ كۆلالىق، ئاق پەرەنجىلىك، ئاق ئۇلاغلىق خوجام ‹مۇرت›لىرى ـــ ‹دىۋانە خان› لار ياكى ‹سائىل ئاشىق›لارغا يول بېرىدىغان رىئايە قىلىقلار ئادەتكە قائىدە بولدىلەر...» دېمەك، ئاپاق خوجا قەشقەرىيەنىڭ ئەينى چاغلاردىكى ئىچكى ـ تاشقى سىياسىي ۋەزىيىتىدىكى سەلبىي بوشلۇقتىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىپ، «سەئىد»لىك، «دىن»دارلىق نامى بىلەن ئىسمائىلخان ھاكىمىيىتىدىن مەلۇم دائىرىلەردىكى سىياسىي، ئىجتىمائىي ئىمتىياز ئولجىلىرىنى بۆلۈۋالغانىدى. بۇنى ئاپاق خوجا ۋە ئاپاق خوجا كۈچلىرىنىڭ تارىخىمىزدا باش كۆتۈرۈشكە يارىتىپ بېرىلگەن ھالاكەتلىك تۆرەلمە ـــ پۇرسەت، ئېچىنىشلىق سەۋەنلىكنىڭ باشلىنىش قەدىمى دېيىشكە بولاتتى.

بۇ خىل غالىپ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن ئاپاق خوجا 1667 ـ، 1668 ـ يىللىرى ئىچىدە ئۆزىنىڭ ئىشەنچلىك شېرىكلىرىنى سەپەرۋەر قىلىپ، خوتەندىن قومۇلغىچە بولغان ئۇيغۇر يۇرتلىرىدا ئۆزىگە مۇرت ئېلىش، سەپ كېڭەيتىش، «ئىشقىيە» يولىنى ئومۇملاشتۇرۇش ھەرىكىتىنى جانلاندۇرۇپ، ئاتالمىش «مۇرىدىل ھىدايەت»لەرنى 20 مىڭ

ئەتراپىغا ئاۋۇتقان. ئەمەلىيەتتە بۇ خىل «مۇرىدىل ھىدايەت» چىلەرنىڭ تەركىبىدە ئىسمائىلخان جەمئىيىتىنىڭ پۇقرادارچىلىق مەجبۇرىيىتىدىن قاچىدىغان ۋەتەنسىزلەر، «دىنىي» بەد نىيەتلەر، ئەل بەختىنىڭ كۈ-شەندىلىكىنى كەسىپ قىلغان دىنىي، سىياسىي زىيانكەشلەر، تىرىكتاپ كۆكەمىلەر، ئۆكتەم، ئۇششۇق ۋە ناتوغرا جاھانكەشتىلىك يولىنى تۇت-قۇچى تېجىمەل سەرگەردانلار، بەڭگى، ئوغرى، قاتىل. ئىغۋاگەرلىكى بىلەن جەمئىيەت جازاسىغا، شەرىئەت ھۆكمىنىڭ تەنبىھىگە دۇچار بو-لۇپ تۇرغان ھازازۇل زىيانداشلار... يۇقىرى سالماقنى تەشكىل قىلا-غان. 19 ـ ئەسىردە ياشىغان يېكەنلىك تارىخچى مولىلا غۇلامىددىن ئۆزىنىڭ «تارىخىمىزدىكى ئىسلامىيەت» دېگەن قولىيازمىسىدا ئافاق خوجىنىڭ ئۇ خىل «مۇرت»لىرى توغرۇلۇق توختىلىپ مۇنداق ياز-غان: «مۇسۇلمانچىلىق دىيانەتلىرى سۇس، نام ـ نەسەب شەرىپىدىن مەھرۇم، خانلىق غەرپ گە مەھكۇم، ھارامغا خۇمارى كۈچلۈك، ئەل بەختىگە زامىن ھەم زىيانداش بولۇشتىن نومۇسلانمايدىغان خۇمسا شەخسلەر. جىنايەت ۋە گۇناھتىن توۋىسى قوبۇل بولمايدىغانلار... خانلىق ھۇزۇرىدىكى پۇقرادارچىلىق يولىدىن چىقىپ، ئافاق ھەزرەت يولىغا كىرىپ ئاق پۇپۇكلۈك كۈلاھ، ئاق گىرۋەكلىك جەندە، ئاق ساپلىق ساپايە، ئاق يەنجە... لەرنى بەلگە ـ ئىشارەت قىلىپ «ئىشقىيە» بەندىچىلىكىدە بولغانلىقى سەۋەبلىك خانلىق غەزىپىدىن پاناھ تاپقان ئىدىلەر...»

ئافاق خوجا قەشقەرىيەدە ئۆزىنى ئەنە شۇ خىل «مۇرت» كۈچلەر-نىڭ ئومۇمىي يېتەكچىسى، «قۇتبىل ئەقتابى» (ئاللاھنىڭ دۇنياغا مىڭ يىلدا بىر قېتىم ئەۋەتىدىغان شۇبھىسىز ۋاسىتىچىسى — ئا) ئېلان قى-لىپ باش كۆتۈرگەندىن كېيىن ئۆز «مۇرت»لىرىنى تۆۋەندىكى مۇت-لەق شەرتلىك «ئالتە ۋەزىپە»نى تەركىسىز، تولۇق، ئۇزۇل ـ كېسىل ئورۇنداشقا چاقىرغان، ئۈيۈشتۇرغان. بۇ «ئالتە ۋەزىپە» مەزمۇنىەن مۇنداق بولغان:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

1) بارلىق ئىنسانچىلىقتا ئافاق خوجىنى مەركەز قىلىش، «خوجام رازى خۇدا رازى» دېگەن چۈشەنچە ۋە ئەمەلىيەتكىلا ئاساسلىنىش؛

2) خوجام يولىغا مەڭگۈ سادىق بولۇش، ئۇنىڭ بۇيرۇق، تەلەپلىرىنى قەتئىي، شەرتسىز ئورۇنداش، ھېچ نەرسە يوشۇرماسلىق، ئايىماسلىق؛

3) خوجام باشلىغان ھەر قانداق غازات (يا ئۆلۈش، يا ئۆلتۈرۈشنى كۆزلىگەن خاس دىنىي ئۇرۇش — ئا)، ھەرىكەتلەردىن يانماسلىق، قورال ـ جابدۇق، يېگىش ۋاستىلىرىنى پىششىق مەشىق قىلىش، بىلىش؛

4) «ئىسھاقىيە» چى «قارا تاغلىق» لارنى ئەدەپلەش، يوق قىلىش ئارقىلىق پۈتۈن مۇسۇلماننى «ئىشقىيە» يولى بىلەن مۇسۇلمانچىلىق قىلىشقا يېتەكلەش؛

5) جەدىد، غاپىل، مۇرتەد، سەراسەر، پاسىق بولۇپ كەتكەن (يېڭىلىققا، دۇنياۋى تىرىكچىلىككە، ئىجتىمائىي مۇسۇلمانچىلىققا، دۇنيا مەئىشتىگە، مەدەنىيەتكە، زامانىۋى ئىلىم ـ بىلىم يولىغا قەدەم باسقۇچىلارغا دېمەكچى — ئا) مۇسۇلمان بەندە، ئورۇن، ماددىي، مەنىۋى ۋاستە، ھەرىكەت، ئۇرۇنۇش... لارنىڭ ھەر قانداقىنى خۇدا يولىدا پاك زېمىندىن يوق قىلىپ، «دىن» ساپلىقىنى، «تەرىقەت» يولىنىڭ پاك، راۋانلىقىنى كاپالەتلەندۈرۈش؛

6) «ئىشقىيە» قۇدرىتىنى جانلاندۇرىدىغان ھەر خىل خاسىيەتلىك تەدبىر ـ كارامەتلەرنى خۇدا يولىدا «ئىختىيار» قىلىش، تېپىش، جانلاندۇرۇش.

بۇ خىل شەرتلىك ۋەزىپىلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى ئەڭ نىگىزلىك مەقسەت — «مۇرت» بولغۇچىلارنى بۇ دۇنيانىڭ بارلىق تىرىكچىلىكىدىن، ئىجتىمائىي ئىنسانىيەتچىلىكتىن ۋە پۈتۈن ئىسلام ئەھكاملىرىدىن بەزدۈرۈپ، خاس ئافاق خوجا يولىنىڭ بەندىچىلىكى بىلەنلا بەنت بولىدىغان، شۇ يولدا ئۆلۈپ، شۇ يولدا تىرىلىشقا كۆنگەن تىرىك

مۇردىلارغا ئايلاندۇرۇش ئىدى. شۇڭا، ئافاق خوجا ۋە ئافاق خوجا «ئىشقىيە» يولىنى جارى قىلغۇچى خوجا ـ ئىشانلارغا ئەگەشكەن ھەر خىل، ھەر شەكىلدىكى «خۇدايى مۇرت»لارنى دىنىي رىياكارلار ياكى خۇدا يولىدا مۇسۇلمانچىلىق قىلىدىغانلار دېگەندىن كۆرە ئافاق خوجا گۇرۇھىنىڭ «دىنىي» ـ سىياسىي ئارمىيەسى، جاھالەت ئىستىبداتچىلىقىنىڭ ئۇل ـ سېپى، ئىسلامىيەتنىڭ رەزگى دۈشمەنلىرى ۋە ئىسمائىلخان خانلىقىدىكى مىللىي جەمئىيەتنىڭ ئەڭ خەۋپلىك ئىچكى كۈشەندىلىرى، بەدنىيەت ـ نادان سۇيىقەستچىلەر دېگەن تۈزۈكرەك ئىدى.

*«تەنەپپۇسلۇق سوۋغاتلار» دىن*

*... دۈشمەنىنىڭ يوشۇرۇن ھىيلە ـ مىكىرلىرىگە بىپەرۋالىق قىلما، چۈنكى دۈشمەن 100 تۈرلۈك ھىيلە بىلەن ساڭا دۈشمەنلىك قىلىش غەرىزىدە بولىدۇ. دۈشمەنىنىڭ ھىيلە ـ مىكرىدىن ئەمىن بولما. دۈشمەنىنىڭ ئەھۋالىنى، ھىيلىسىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ تۇر. تاكى دۈشمەنىنىڭ ھىيلە ـ مىكىرلىرىنىڭ ئاپىتىگە گىرىپتار بولمىغايسەن. ۋاقتى كەلمىگۈچە دۈشمەنگە ئۆزۈڭنىڭ دۈشمەنلىكىڭنى بىلدۈرمە. دۈشمەن كۆزىگە ئۆزۈڭنى قانچە چوڭ كۆرسىتىشكە بولسا، شۇنچە چوڭ، ئۇلۇغ كۆرسەتكىن. ھەر قانچە ئاجىز بولساڭمۇ ئۆزۈڭنى ئاجىز كۆرسەتمە. دۈشمەنىنىڭ ئوچۇق چىراي كۆرسىتىپ تاتلىق سۆزلىگىنىگە ئالدىنىپ كۆڭۈل بەرمە. دۈشمەن ساڭا بال ۋە شېكەر بەرسە، ئۇنى زەھەر دەپ بىل. ئەمما دۈشمىنىڭ ھەر قانچە ئاجىز، كىچىك بولسىمۇ ئۇنى ئۆۋەن چاغلىما... دۈشمەندىن ئېھتىيات قىل. دۈشمەنىنىڭ چىرايلىق سۆزىگە ئالدىنىپ، ئۇنىڭ ھىيلە ـ مىكىر تاناپىغا باغلىنىپ قۇدۇققا چۈشمىگەيسەن. دۈشمەنىنىڭ مەسلىھەت سۆزلىرىنى ئاڭلاپ قوي، ئەمما قوبۇل قىلما.*

(«قابۇسنامە» دىن)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھەر تۈرلۈك چارە ـ ئاماللار بىلەن ئۆز ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە مۇۋەپپەق بولغان ئافاق خوجا 1668 ـ ۋە 1669 ـ يىللىرى ئەتراپىدا ئۆزىنىڭ بىر قىسىم «مۇرت» شېرىكلىرىنى ھازىرقى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بىر قىسىم جايلىرىدىكى (ئىلگىرى ئاساسەن «ئىسھاقىيە» سوپىلىرى دىنىي پائالىيەت قىلىپ كەلگەن جايلاردىكى — ئا) بەزىبىر چوڭ مازار، دىنىي ئورۇن، جايلارنىڭ ھەم ھەر خىل مازار ۋەخپىلىرىدىنىڭ ئىگىلىك ئىمتىيازلىرىنى «ئىشقىيە» كۈچلىرى ھېسابىغا ئۆتكۈزۈۋېلىش، بۇنىڭغا كاشىلا تۇغدۇرغۇچى «ئىسھاقىيە» چى «قارا تاغلىق»لارنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ، پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا «ئىشقىيە» قۇدرىتىنى كۆرسىتىپ تۇرۇشقا قوزغاتقان ۋە ئۇيۇشتۇرغان. بۇنىڭدىن مەقسەت: بىرىنچىدىن، ئۆزىگە پايدىلىق جامائەت پىكرىنى يەنىمۇ كۆپرەك تەييارلاش؛ ئىككىنچىدىن، رەقىبلىرى ئالدىدا ئۆزلىرىنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن، مۇقىم بازا جەھەتتىن، ئەنئەنىۋى مازار جەھەتتىن ئۈستۈن ئورۇنغا كۆتۈرۈش ۋە ماددىي ئاساس مەنبەلىرىنى كېڭەيتىش ئىدى. بۇنى تېگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا، قەشقەرىيىدە ئافاق خوجا زوراۋانلىقىنىڭ باشلىنىش قەدىمى دېيىشكە تامامەن بولاتتى.

1669 ـ يىلىنىڭ كۈز پەسلىدە ئافاق خوجا سوپىلىرى قەشقەر، يېڭىسار، ئاقسۇ، مارالبېشى، مەكىت، پەيزاۋات، قاغىلىق، كورلا، كۇچا قاتارلىق 20 نەچچە جايدا ئۆزلىرىنىڭ رەسمىي دىنىي ـ ئىجتىمائىي مۇئەسسەسەلىرىنى يەنە پائالىيەت قىلىدىغان خاس «دەۋىتى ئىشقىيە» ئورۇنلىرىنى پەيدا قىلىشقان ھەم بۇ خىل ئورۇنلارنىڭ يېتەكچىلىكى بىلەن ئافاق خوجىنىڭ بارلىق سوپى ـ مۇرتلىرىنىڭ ئىسمائىلخان ھاكىمىيىتىگە تۆلەيدىغان پۇقرادارچىلىق مەجبۇرىيىتىنىڭ تامامەن كېرەكسىز قىلىنغانلىقى ئىشارەت قىلىنغان. يەنە بىر تەرەپتىن، ئافاق خوجىچىلار «دەۋىتى ئىشقىيە» ئاتىقلىرىنىڭ «خۇدايى غازات» گۇرۇپپىلىرىنى قوراشتۇرۇپ، يۇقىرىقى جايلار بويىچە بىرەر يىلدەك ۋاقىت ئىچىدە، بىر نەچچە قېتىمدا 100 دىن ئارتۇق «ئىسھاقىيەچى» — «قارا

تاغلىق» نى «كۇپرانە مۇرتەد»لىك ئەيىبى بىلەن قارىلاپ، ھەر خىل يوللار بىلەن مەخپىي ئۆلتۈرۈۋەتكەن. قول ـ پۇتىنى كېسىپ كاردىن چىقارغان، پىچىۋەتكەن، ئۆيلىرىنى، مال ـ مۈلۈكلىرىنى ئۆرتەپ تاشلىغان، بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلغان. ئاتالمىش «ئىسھاقىيە ئوردىلىرى» يەنى «ئاقباش مازار»، «چىلگۈمبەز» (بۇ مازارلارنىڭ ھازىرقى ئورنى ئاقتۇ تەۋەسىدە)، «قارا چاپان»، «خىزىر جاي»، «ئاقيول»، «تۇمشۇق» (بۇ مازارلارنىڭ ھازىرقى ئورنى مارالۋېشىدا)، «ئۈچ بورقۇم»، «مۈڭگۈز جاي» (بۇ مازارلارنىڭ ئورنى ھازىرقى يوپۇرغا تەۋەسىدە)، «شىپىت دۆڭ»، سۇت بۇلاق»، «چىراغلىق ئەۋلىيا»، «ئەۋلىيا خېنىم» (بۇ مازارلارنىڭ ئورنى مەكىت تەۋەسىدە — ئا) قاتارلىق 40 نەچچە مازارنى چۇۋۇپ ـ بۇزۇپ، ئىگىلىك مەبلەغلىرىنى بۇلاپ ـ تالاپ ۋەيران قىلىۋەتكەن. بىر قىسىم جايلاردا «قارا تاغلىق» لارنىڭ 60 نەچچە خانىقا، تۈنەكخانىلىرىنى كۆيدۈرۈپ تاشلىغان.

ئافاق خوجا ۋە ئۇنىڭ ئەسەبىي كۈچلىرى ئۆزلىرىنىڭ بۇ خىل رەزىل قىلمىشلىرىنى ئافاق خوجىنىڭ ئاتىسى — مۇھەممەد يۇسۇپ خوجىنى مەخپىي ئۆلتۈرۈۋەتكەن «يەكەن ئىسھاقىيەچىلىرى» ھەم ئۇلارنىڭ كۈچلىرىدىن ئېلىنىغان «ھەقلىق ئىنتىقام»، «قەرز ھېساب كىتاب» دەپ بىلىشكەن.

ئافاق خوجا كۈچلىرىنىڭ بۇ خىل چېكىدىن ئاشقان مەخپىي قىرغىنچىلىق، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە نىسبەتەن «ئىسھاقىيە» كۈچلىرى بولۇپمۇ «يەكەن ئىسھاقىيەچى» لىرىمۇ چېكىدىن ئاشۇرۇۋپىراق ئۆچ ئېلىش جاۋابىنى ياندۇرۇشماقتا ئىدى. نەتىجىدە 1671 ـ يىلىنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە بۇ خىل توقۇنۇشلار (ئەمەلىيەتتە ئىچكى «دىنىي» ئۇرۇشلار — ئا) تېخىمۇ ئۇلغىيىپ، ئىسمائىلخان خانلىقىنىڭ ئومۇمىي تەقدىرىگە خەۋپ شەكىللەندۈرگەن ھالاكەتلىك چوڭ ھادىسىگە ئايلانغان. 1671 ـ يىلىنىڭ ياز پەسلىگە كەلگەندە ئافاق خوجا سوپىلىرى ئىسمائىلخان ھۆكۈمىتىنىڭ توسۇش ـ چەكلەش ھەققىدىكى

بۇيرۇق، پەرمانلىرىغا پىسەنت قىلماي، يەكەنگە 6 ـ قېتىم قول سېلىپ، بىر قىسىم «قارا تاغلىق»، «مۇرتەد مۇتەۋەللە» لەرنى كالتەكلەشكە باشلىغان. بۇنى ئەمەلىيەتتە ئىسمائىلخان ھاكىمىيىتىگە قىلىنغان زور كۆلەملىك جىسمانىي خىرىس، شەكلى ئۆزگەرگەن ھەربىي، سىياسىي ھۇجۇم دېيىشكە بولاتتى.

دېمەك، بىر يېرىم ئەسىردىن ئارتۇق داۋران سۈرگەن سەئىدىيە خانلىقى ئەنە شۇ خىل «مۇسۇلمان ئىشان» (قارا بىس سۇيىقەستچى) نىڭ تۇنجى قېتىملىق ئاغدۇرۇۋېتىش خىرىسىغا دۇچ كەلمەكتە ئىدى، بۇنى بىر مىللىي ھاكىمىيەتكە قىلىنغان «دىنىي» تېررورلۇق، «دىنىي» خائىنلىق دېيىشكە بولاتتى. شۇ يىلى 8 ـ ئايدا بارلىق مۇرەسسە، مادارا، ئېتىبار، سۈكۈت، دۇئا، يان بېرىشلەرنىڭ ھەر قانداقى ئاقمىغان پەۋقۇلئاددە يامان ۋەزىيەت شەكىللەنگەچكە ئىسمائىلخان ھۆكۈمىتى ئافاق خوجىغا زورلۇق كۈچ تەدبىرىنى قوللىنىپ بىر نەچچە شېرىكى بىلەن ئۇنى خانلىق تەۋەلىكىدىن چەت ئەلگە (خۇراسانغا ـــ ئا) ھەيدەپ چىقارغان. ئۇنىڭ باش كېسەر شېرىكلىرىدىن تېگىشلىكلىرىنى جازالاپ، خانلىقنىڭ ۋەزىيىتىنى ئوڭشىۋالغان.

ئافاق خوجا ئىسمائىلخان تەرىپىدىن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تېررىتورىيەسىدىن قوغلاپ چىقىرىلغاندىن كېيىن بىر نەچچە شېرىكى بىلەن قوغلاندىلىق سەپىرىنى باشلاپ 1671 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 1678 ـ يىلى 6 ـ ئايغىچە يەتتە يىلدىن جىقراق ۋاقىت ئىچىدە ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ بەدەخشان شەھىرىنى ھەرىكەت مەركىزى قىلىپ، راجىدان (كەشمىر)، ۋاخان، پەرغانە، كاسان، ئىلى، تىبەت، ھىرات، گەنسۇ، چىڭخەي قاتارلىق جايلاردا سوپى ـ ئىشانلىق قىلىپ يۈرۈپ، ئىسمائىلخان ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش، ئورنىغا چىقىپ «خان» لىق تىكلەش، پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا ئۆزىنىڭ «دىنىي» يولىنى تۇرغۇزۇش («تۈركىستان پىرى» بولۇپ، مەڭگۈ داۋران سۈرۈش) ھەرىكىتىگە تەييارلىق كۆرۈش بىلەن مەشغۇل بولغان (ئافاق

خوجىنىڭ 1671 ـ يىلىدىن 1678 ـ يىلىغىچە بولغان قوغلاندىلىقتا داۋام ئەتكۈزگەن جىنايى ھەرىكەتلىرى توغرىسىدا مەزكۇر چوڭ ماۋ-زۇيىمىزنىڭ «توقانچى ھازازۇللار» قىسمىدا تەپسىلىي توختىلىدىغان بولغاچقا بۇ يەردە توختالمىدۇق. بۇ ھەرگىزمۇ ئازلىق ئۆزۈكچىلىكى ئەمەس، قەلەمكەشلىك ھۈنىرىمىزنىڭ تېماتىك رىتىم ـ پەلەمپەي ئارد-لىقىدۇر، غەيرىيلىك سېزىلمىگەي ـــ مۇئەللىپ).

ئافاق خوجا قوغلاندىلىق سەپىرىدە نۇرغۇن چەت ئەل ۋە چەت يۇرتلارنى ئارىلاپ، ئىسمائىلخان ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشنىڭ بىر يۇرۇش تەدبىرلىرىنى ئىزدىگەندىن كېيىن ئاخىر دالاي لاما بەش-نىڭ ئىلتىپاتىغا مۇيەسسەر بولۇپ، غالدان قۇنتەيجى باشچىلىقىدىكى جۇڭغار ھەربىي كۈچلىرىنىڭ كۈچى بىلەن 1679 ـ يىلى كۈزدە سە-ئىدىيە خانلىقىنىڭ كېيىنكى ۋارىسلىرى ـــ ئىسمائىلخان، مۇھەممەتئى-مىن خانلار ھاكىمىيەتلىرىنى تەلتۆكۈس ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، جۇڭغار خانلىقى ئىلكىدىكى قەشقەرىيە ئافاق خوجا «خان»لىقىنى تەشكىل قىلغان. بۇ «خان»لىقنىڭ تەشكىللىنىش جەريانى ۋە خاراكتېرى توغ-رىسىدا تارىخچى موللا مۇسا سايرامى «تارىخى ھەمىدىي» دېگەن كىتا-بىنىڭ 130 ـ ، 131 ـ بەتلىرىدە مۇنداق يازغان: «ئافاق خوجا قۇنتەي-جىگە ئۆزىنى تاشلاپ: ‹ماڭا چېرىك بەرسىڭىز، ئالتە شەھەرنى سىزگە تەۋە قىلىپ ئىلكىڭىزگە ئۆتكۈزسەم›، دېگەن مەزمۇندا ئەرز قىلدى. قۇنتەيجى ناھايىتى خۇشال بولۇپ چېرىك قوشتى. ئافاق خوجا قالماق قۇنتەيجى مۇشرىك (خۇداغا شېرىكلىك قىلغۇچى ـــ ئا) نىڭ مۇددىئا ۋە ياردىمى ئارقىسىدا يەتتە شەھەرنى قولغا كىرگۈزۈپ، ئىسمائىلخاننى ئائىلە تاۋابىئاتلىرى بىلەن قوشۇپ ئىلىغا كۆچۈرۈۋەتتى. ئافاق خوجا بۇ يەتتە شەھەرگە ئىگە بولۇپ ھۆكۈمرانلىق قىلدى. قالماقلاردىن غالدان سىرىن يەنە بىر قانچە قالماق ياردەم بېرىپ، بۇ يەتتە شەھەر ئىشلىرىدىن خەۋەر ئالىدىغان بولدى. بېرىدىغان سېلىق، تۆلەملەرنىڭ مىقدارى يىلدىن ـ يىلغا كۆپەيدى...»، «ئەي ئەزىز يارانلار، ئۇ زامان-

ىنىڭ سەئىد، پېشۋالىرى ۋە باشلامچىلىرى ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئۈچۈن دىنسىز ـ مۇشرىكلارنىڭ خىزمىتىنى لازىم تۇتۇپ، ئىسلام پادىشاھلىرى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈستىگە كاپىرلارنى ئولتۇرغۇزغاندىن باشقا، يەنە زۇلۇم، قەبىھ ئىشلارنى پەيدا قىلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ پۇل ۋە مال ـ دۇنياسىنى كاپىرلارغا ئېلىپ بېرىپ، بەش كۈنلۈك دۇنياغا مەغرۇر بولۇپ ئۆتتۈپتۇ...»

خائىن پادىشاھ بولسا پادىشاھلارنىڭ خائىنى بولغاي،
پادىشاھ خائىن بولسا خائىنلارنىڭ پادىشاھى بولغاي.
(ئۇيغۇر خەلق ھېكمەتلىرىدىن)

**5) ئافاق خوجا «ھاكىمىيتى»نىڭ بەزىبىر جىنايى پاجىئەلىرى توغرىسىدا**

ئافاق خوجا قەشقەرىيەنىڭ «خان» لىق تەختىگە چىققاندىن كېيىن قەشقەرىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىدە ئافاق خوجا ۋە ئافاق خوجا كۈچلىرىنىڭ تۆرتكىسى ۋە بېسىمى بىلەن:

بىرىنچى، ئافاق خوجىنىڭ مۇتلەق «ئىلاھ» لىق ئورنىنى ھەممىدىن يۇقىرى كۆتۈرۈش ۋە ئۇنىڭ تەسىرىنى ھەممە ساھەلەرگىچە سىڭدۈرۈش؛

ئىككىنچى، بارلىق ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى «ئىشقىيە تەرىقىتى» (جاھالەت) گە يۈزلىنىپ بۇرۇلۇش؛

ئۈچىنچى، «ئاق تاغلىق»لارنى «قارا تاغلىق» لارنى ۋەھشىيلەرچە باستۇرۇشقا، قىرىشقا سېلىش، ئۇيۇشتۇرۇش، «ئىسھاقىيە» يولىنى چەكلەش، تۈگىتىش؛

تۆتىنچى، «دىن» (ئەمەلىيەتتە ئافاق خوجىنىڭ «ئىشقىيە» يولىنى نەزەردە تۇتىدۇ ـــ ئا) غا راۋاج بېرىش؛

بەشىنچى، بۇ ئالەم ۋەسۋەسىسى بىلەن بەتتە بولغۇچى دەھرى مۇسۇلمانلار (ئىجتىمائىي تەرەققىيات يولىنى، ئىنسان ئازادلىقىنى، مۇھەببەت، نەپرەت، پەن، بىلىم، مەدەنىيەت. ساھەلىرىنىڭ ھەر قانداق تەسىرلىرىنى قوبۇل تۇتقۇچىلارنى دېمەكچى ـــ ئا) نى پەيلى ـ ئەپئاللىرىدىن توسۇپ ياندۇرۇپ، خۇدالىق ئالەم ـــ «ئاخىرەت»لىك «ئىستى-

قامەت» شەرىپىگە پاك يۇزلەندۇرۇش ھەرىكەتلىرى جانلاندۇرۇۋېتىلـ
گەن. زورلۇق كۈچ ۋە «دىنىي» جاھالەت ۋاستىلىرى بىلەن قانات
يايدۇرۇلغان يۇقىرىقى ھەرىكەتلەرنىڭ ئاز كەم 20 يىللىق (1678 ـ
يىلىدىن 1679 ـ يىلىغىچە ئافاق خوجا ۋە ئۇنىڭ بالىلىرى «خان»لىق
قىلغان يىللار ـــ ئا) يامان نەتىجىلىرىدىن تۆۋەندىكى جىنايى پاجىئەـ
لەرنى خاتىرىلەپ، ئەسلەپ ئۆتۈش ـــ ئافاق خوجىنى، ئافاق خوجا ئىشانـ
لىق تۈزۈمىنى چۈشىنىش، تەتقىق قىلىشتا تولىمۇ ئەھمىيەتلىكتۇر.

**(1) ئافاق خوجا ـــ ئىلاھلاشتۇرۇلغان ئىسلام رەقىبىدۇر**

«... ھىدايىتۇللا خوجا (ئافاق خوجا) ئۆزىنى ئۆزىنىڭلا پىكرىنى
ئاساس قىلغۇچى، ئۇنىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدىكى مەسىلىنى تارىخنىڭ
ھۆكمىگە تاپشۇرۇشنى رەت قىلغۇچى، پاپاغا ئوخشاش مەڭگۈ گۇناھ
قىلمايدىغان، سەۋەنلىك ئۆتكۈزمەيدىغان، ئادەتتىن تاشقىرى دانا ـ ئۇـ
لۇغ زات ھېسابلايتتى» («يولسىز ئەقىدە» دىن).

ئافاق خوجا جۇڭغارلارنىڭ ھامىيلىقىدا قەشقەرىيەنىڭ «تەخت ـ
سەلتەنەت» ىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن قەشقەرىيە مۇسۇلمانلىرى ئاردـ
سىدا ئالدى بىلەن ئۆزىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسەبى، پەيغەمـ
بەر ئىلمىنىڭ ۋارىسى، مۇسۇلمانلارنىڭ شەك ـ شۈبھىسىز «ئىلاھىي
خاقانى» ـــ پۈتۈن ئەھلى ئىسلامنىڭ «خەلىپىسى» دەپ قارىغان. ئاـ
فاق خوجا مۇنداق دېگەن: «پىر دېگەن پەيغەمبەرگە ئوخشاش، مۇرت
پەيغەمبەرنىڭ ئۈممىتىگە ئوخشاش. پەيغەمبەرگە قانداق ۋەھىي كەلگەن
بولسا، پىر ـ ئەۋلىياغىمۇ شۇنداق ۋەھىي كېلىدۇ. پەيغەمبەرنىڭ مەرـ
تىۋىسى ئەۋلىيانىڭ مەرتىۋىسى بىلەن بىر مېنىڭ مۇرتلىرىمنىڭ قەبـ
رىستانلىقىغا بېرىپ ھەممە ئۆلۈكنى تىرىل دېسەم، ھازىر تىرىلىدۇ»
(«تەزكىرەئى ھىدايەت» تىن). ئافاق خوجا ئۆزىنىڭ «ئىلاھىي خاـ
قان» لىق «دىنىي» يولىنىمۇ ئاۋۋالدىلا قانداقتۇر «ئاشىق»لىق يولى،
«خۇدانىڭ ئىشقىغا ئۆزىنى پىدا قىلىش يولى»، «خۇداغا يېقىنلىشىش
يولى»، «پاكلىق، بۇرادەرلىك يولى»، «ئىلاھىي ھەقىقەت يولى» دەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شەرھلىگەن ھەم ئۆزىنىڭ يۇقىرىقىدەك «يول» لىرى، بىلەن بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىزغا ئۆزىنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا ئەۋەتىلگەن مۇتلەق زات ئىكەنلىكىنى، خۇداغا پەقەت ئۆزى ئارقىلىقلا ئىبادەت قىلىشنىڭ مۇقىم شەرت ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ «يولى» غا كىرمىگەن، ئەگەشمىگەنلەرنىڭ مۇسۇلمان ھېسابلانمايدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ئىرادىسى ئاللاھنىڭ ئىرادىسى ئىكەنلىكىنى ئىشارەت ۋە بېشارەت قىلغان. دېمەك، قەشقەرىيە مۇسۇلمانلىرىنىڭ بارلىق مۇسۇلمانچىلىق ھەم پۇقرادارچىلىق ئۆلچىمى پەقەت ئاپاق خوجا «يولى»، ئاپاق خوجا «مۇسۇلمان»چىلىقى بىلەنلا ئۆلچىنىدىغان ھالەت شەكىللەندۈرۈلگەن. شۇڭا، بىز ئۇ جەمئىيەتنى تېگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا، ھەقىقىي مۇسۇلمان، ھەقىقىي سەئىد يېتەكچىلىكىدىكى بىر خۇدالىق جەمئىيەت، ئىسلام راۋاجلانغان جەمئىيەت، مۇسۇلمانلار خۇدا يولىدا خاتىرجەم ئىبادەت قىلغان جەمئىيەت ئىدى، دەپ قارىيالمايمىز، بەلكى ئۇنىڭ ئەكسىچە ئاپاق خوجىنىڭ پاسسىپ قۇللۇق ئىدىيەسى، غەيرىي ئىدراك، غەيرىي «تۇغما تالانت»ى ھەمدە كونا ئىشانلىق (تەرىقەت)، رىياكارلىق، سۇخەنچىلىك، خۇنخورلۇق، زالىملىق، ئىنكارچىلىق، ئۆزىنى مەركەز قىلىش مەۋقەلىرى، ئىجتىمائىي ئىلگىرىلەشكە، مەدەنىيەتكە، پەن-گە... قارشى ئاڭ ـ ئىدىيە ھۆكۈمرانلىقىدىكى، پەۋقۇلئاددە زۇلمەتلىك قاراڭغۇ جەمئىيەت ـــ جاھالەتلىك جەمئىيەت دەپ تونۇيمىز. ئاپاق خوجىنىڭ «ئىلاھىي خاقان» لىق غالىبلىقى بىلەن مۇسۇلمان ئەھلى ئالدىدا ئىسلامغا زىت سادىر قىلغان بەزىبىر جىنايى قىلمىشلىرىدىن تۆۋەندىكى مىساللار بۇ قارىشىمىزنىڭ دەلىلىدۇر:

ئاپاق خوجا ۋە ئۇنىڭ «ئاق تاغلىق» كۈچلىرى 1679 ـ يىلدىن 1683 ـ يىلغىچە بولغان تۆت ـ بەش يىل ئىچىدە قەشقەرىيە تەۋەسىدىكى ئاساسلىق شەھەر، بازار ۋە كۆجۈم ئاھالىلەر مەركەزلىرى يويىچە «قارا مۇسۇلمان ئازما»لىرى («قارا تاغلىق» لارنىڭ دىنىي ئىبادەت مۇراسىم ئورۇنلىرىنى، خانىقا، مەدرىسە ـ مەكتەپ، تىلاۋەتخانا،

مازار ۋە باشقا تاۋاپخانىلار ـــ ئا) نى «دىنى ئىسلام» كۈچى ۋە هۆكمى بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرۇپ (بۇزۇپ ـ چېقىپ)، ئورنىغا «قۇتبىل ئەخـتاپ»، «غەۋس»، «مۇرشىد»، «خەلپە»لىك زورۇرىيەتچىلىكىدىكى «پاك ئىمان» كۆلىبىلىرىنى بەرپا قىلىش ھەرىكەتلىرىنى قانات يايـدۇرغان. «تارىخىمىزدىكى ئىسلامىيەت»تە كۆرسىتىلىشىچە، ئاپاق خوجا «ئىشقىيە» كۈچلىرىنىڭ يۇقىرىقى يىللار ئىچىدە خاسلا شۇ چاغلاردىكى يەكەن، خوتەن تەۋەلىرىدىلا چېقىپ تاشلىغان «قارا مۇسۇلمان ئازما»لىرىنىڭ سانى 400 دىن ئېشىپ، «قارا تاغلىق»لارنىڭ ئاساسلىق ـــ چوكراق دىنىي ئىبادەت ئورۇنلىرىنىڭ كۆپ قىسمى تۈگىتىۋېتىلگەن. «بىر قوۇم ئەۋلىيا»نىڭ مۇئەللىپى 1929 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن قاغىلىق ئارغانساللىق مەرھۇم ئۇستاز سۇلتانباي ھاجىم بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق يازغان: «پىرىيانە ياركەند، شەھىدانە خوتەن تۇپراقىدا كۆمۈلگەن ئۇلۇغ ۋەلى ئەزىزانلار ـــ ‹قىرقى ۋەلىيۇللا›، ‹دەھمى شاھان›، ‹ھەشتان سەنەم›، ‹ئالتۇنلىرىم›، ‹بەدەخشان›، ‹يۇسۇپ قېدىرخان›، ‹كۆچتى ئاۋامسلىم›، ‹ئىماملىرىم›، ‹قارا چاچ ۋەلىيۇللا›، ‹قۇتبى ئابدۇللاخان›، ‹قاراسار›، ‹شاھاب›، ‹چىلتەن›، ‹زەردەشت ۋەلىيۇللا›، ‹چىراغلىق›، ‹ئىمام جەئفەر تەيران›، ‹قۇمات›، ‹مۇھەممەد ھەسەن ئەسكىرى›. (17 ـ ئەسىردىكى بۇ دىنىي ئىبادەت ئورۇنلىرىنىڭ ھازىر يەكەن، قاغىلىق، پوسكام، گۇما، قاراقاش، چىرا ناھىيەلىرىدە قالمىش خارابىلىرى ـــ «مازار» خارابىلىرى شەكلى بىلەن ساقلىنىپ كەلمەكتە ـــ ئا) لەر ھەزرىتى ھىدايىتۇللاخان پادىشاھ زامانىدا قاتتىق مەنسۇخ مەنئىي ۋە ئۆرتەنمە ـ كۇكۇم بولۇنغان ئىبردىلەر. كۆيدۈرگەن، مەنسۇخ قىلغان ئۇلۇغلارغا ۋە ياكى كۆيدۈرۈلگەن، مەنسۇخ قىلىنغان ئەزىزانلارنىڭ روھىناتلىرىغا ئىلاھىي قۇدرەت، كارامەتى بېشا.ەت جۇملىسىدىن دۇئا قىلماق، سېغىنماق شۇ چاغلاردىن بۇيان شەك بولۇپ ئۆتتۈپتۇرلەر»

دېمەك، ئۆزىنى «مۇسۇلمان ئەۋلىيا»، «ئىلاھىي خاقان» ۋە «خۇدا-

نىڭ يەككە ـ يېگانە ئاشىقى» دەپ ئاتىغان ھىدايىتۇللاخان پادىشاھ قەشقەرىيەنى سورىغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ زەربە ھۇجۇمىنى ئالدى بىلەن تارىختىن بۇيان ئىسلام نەمۇنىسى، «يەككە خۇدالىق جاي» بولۇپ كەلگەن يۇقىرىقى تاۋاپخانىلارنى يەنى ئاساسەن مازار، مەدرىسە ـ مەكتەپ، خانىقا، مەسچىت، دىنىي ئاسار ئەتىقە ئورۇنلىرىنى ئاتالمىش «قارا مۇسۇلمان ئازما»لىرى «ئەيىبى» بىلەن كۆيدۇرۇپ، بۇزۇپ تاشلاشقا قاراتقان ياكى «خۇدايى ئىشقىيە» ماكانلىرىغا ئايلاندۇرۇپ كەتكەن.

«تارىخىمىزدىكى ئىسلامىيەت» دېگەن قوليازمىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئافاق خوجىنىڭ ئاز كەم 20 يىللىق ھۆكۈمرانلىقى زامانىدا ئىسمائىلخان خانلىقى زامانىدا قەشقەرىيەدە ساقلىنىپ كەلگەن 1690 ئورۇندىكى مەكتەپخانا، 573 مەدرىسە، 436 ھامام كۆيدۈرۈۋېتىلگەن، «ئىشقىيە»چىلەر ئىلكىدىكى «ئاق خانىقا» دائىرىسىگە قوشۇۋېتىلگەن، چېقىۋېتىلگەن («ئاق خانىقا» ئافاق خوجا يولى بىلەن يۇرۇشلەشتۈرۈلگەن «ئاق خانىقا» لار ئەلۋەتتە — ئا). ئەسلىدە ساقلىنىپ كەلگەن 948 ھەر خىل خانىقا «ئاق خانىقا»لارغا ئۆزگەرتىلگەندىن باشقا، يېڭىدىن 5800 «ئاق خانىقا» بەرپا قىلىنىپ، پۈتۈن دىنىي ۋەخپە، دىنىي مۈلۈكلەر شۇ خانىقالارنىڭ ئىگىلىك ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋېتىلگەن. ئەزەلدىن ئەنئەنە بولۇپ كەلگەن دىنىي مالىيە، دىنىي خىراجەت ۋە تاپاۋەتلەرنىڭ، خەير ـ ئېھسان بېرىش، ئېلىش، دىنىي قۇتقۇزۇش ھەم دىنىي قۇرۇلۇشلارنىڭ پۈتۈن مۇلازىمەت تەقدىرى تەلتۆكۈس «ئاق تاغلىق» «خەلپە» ـ سوپىلارنىڭ ئىگىلىك ئىلكىگە تاپشۇرۇۋېتىلگەن. «ئەرىقتى ئىشقىيە» گۈلەخ، ئەمىدان، «ئىشقى كۈلبە» لىرى قەشقەرىيەدىكى 3784 يېزا ـ كەنت بويىچە ئومۇميۈزلۈك بەرپا قىلىنغان. نەشە چېكىپ «ئاشىق»لىق قىلىش — قەشقەرىيە مۇسۇلمانلىرىنىڭ مۇسۇلمانچىلىق خىسلەت ئۆلچىمى قىلىنىدىغان «خۇدايى ئادەت» ئومۇملاشتۇرۇلغان. چاڭگا چاچ، سىركە ساقال، جۇل ـ جۇل چاپان، چۈلە مەست، قاسماق تەن، ماكانسىز قوڭالتاق، بەڭگى دىۋانە، كۆكەمە ئاشىق، رەزگى چا-

تاقچى «ئ شقىيە» سوپىلىرى (ساراڭلارچە ھاياتقا قەدەم قويغان «ئىاـ شىق» لار) 300 مىڭ ئەتراپىغا كۆپىيىپ، قەشقەرىيە مۇسۇلمانلىرىنىڭ «ئەڭ ئىمانى كامىل» ۋەكىللىرىدىن بولۇپ تۇرغان.

ئافاق خوجا ۋە ئۇنىڭ كۈچلىرى ئۆزلىرى (ئافاق خوجا ـــ ئا) نى ھەددىدىن ئارتۇق مەدھىيەلەپ، ئۇنى ۋە ئۇنىڭ ئۆزى كـۆككە كۆتـۈرـ گەن «پىر»، «ۋەلى»، «ئـۇستاز» لـىرىنىڭ قـەبرە ـ زاراتگاھـلىرىنـى «مازار» قىلىپ تىكلەپ، خۇددى «بورقۇم ئەۋلىيا» دا كۆرسىتىلگـەنـ دەك: «مەدىنە مۇنەۋۋەرىمگە ئەمەس، ‹مـۇقەددەس چوڭ مازار›، ‹مـۇـ قەددەس جاي› لارغا بارماق پەرز دېيىلگەن...»

دېمەك، ئافاق خوجا ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقىي ئەھكاملىرى، قۇرئـان يولى ۋە ئۇمۇمىي مۇسۇلمان ئۈچۈن رىئايە قىلىش قەتئىي شەرت بـولـ غان ئىسلام پىرىنسىپى، ئىسلام تۇرمۇشى، ئىسلام ئەنئەنىسىنى ئۆزىنىڭ شەخسىي مۇددىئاسى ھېسابىغا توغرىلاپ بۇزۇپ پايدىلانغان ئىسلام زىـ ياندىشى ۋە ئىسلام رەقىبىدۇر.

**(2) ئافاق خوجا ـــ خۇنخور، قاتىل زاتتۇر**

ئافـاق خوجا 1678 ـ يىـلى 6 ـ ئايدا غـالدان قۇنتـەيجى قوشـۇپ بەرگەن، غالدانىنىڭ ئوغلى سىرىن رابدان قوماندانلىق قىلغان تاللانغان 12 مىڭ كىشىلىك جۇڭغار قوشۇنىنى ئەگەشتۈرۈپ، قەشقەر تەۋەسـىـ گە بېسىپ كىرىپ، ئىچكـى جەھەتتـە بىر قىـسىم «ئاق تـاغلىق» خـوـ جىلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىپ، قاتتىق جەڭلەر ئارقىلـىق قەشقەر شـەـ ھىرىنى تۇنجى قېتىم بېسـىۋالغانـدا، ئۇرۇشتا تـىرىك قولـغا چۈشكـەن ئىسمائىلخان ياساۋۇللىرىنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك جۇڭغار چېرىكلىرىـ نىڭ چېپىپ تاشلىشىغا ئەمىر ئىلتىماس قىلغان. ئافاق خوجىنىڭ «ئۇـ لۇغ سەئىد»لىك، «دىنىي شاپائەت» چىلىك تەرىپىنى غايىبانە ئاڭلاپ، خۇدا يولىدىكى سۈلھى ـ سالاھ ۋە مۇسۇلمانچىلىق مادارا ئارزۇسى بـەـ لەن قارشىلىق ئۇرۇشىنى توختىتىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا سالامغا كىرگـەن ئىسمائىلخانىنىڭ ئوغلى (قەشقەر ھۆكۈمرانى) باباق سۇلتان ئافاق خوجا

تۇرالغۇسىنىڭ قوبۇل ئەمىدانىدا 31 ھەمراھى بىلەن دۇئا قىلىپ ھالەتتە ئۇن ـ تىنسىز بىر باشتىن چىپىپ تاشلانغان. ئافاق خوجىنىڭ غالىپ شېرىكلىرى بىلەن يەرلىك «مۇرت» ــ «يارانلىرى»مۇ (ئەمەلىيەتتە «ئاق تاغلىق» سوپىلار ــ ئا) بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، قەشقەر شەھىرى تەۋەسىدىكى «قارا تاغلىق» ــ «ئىسھاقىيە» چىلەردىن قولغا چۈشكەنلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ، بەزىلىرىگە ئەن سېلىپ (پىچىپ تاشلاپ، قۇلاق ـ كۆزلىرىنى ئويۇۋېلىپ، قول ـ پۇت-لىرىنى چېقىپ ياكى تىلسىز قىلىۋېتىپ) توۋا قىلدۇرغان.

ئافاق خوجا ھەم ئۇنىڭ كۈچلىرى 1678 ـ يىلى 9 ـ ئايدا يەكەن شەھىرىنى بېسىۋالغاندا، يەكەن چوڭلىرىدىن قولغا چۈشكەن 81 ئەر-بابنى باغلىتىپ، يۇرتنىنى پىچاقتا تىلىپ سۇغۇرۇپ ئۆلتۈرگۈزگەن. يەكەن شەھىرىنىڭ ئاساسلىق كوچا، ئۆي ـ ئىمارەتلىرىنى كۆيدۈرۈ-ۋەتكەن، جۇڭغار ئەسكەرلىرىگە بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدۇرغان ھەم جۇڭ-غار ئەسكەرلىرىنى بۇيرۇپ يەكەن ئالتۇن مەدرىسەسىدە جۇمە نامىزىغا تىزىلغان مىڭدىن ئارتۇق مۇسۇلماننى قىرغىن قىلدۇرغان. مەدرىسىنىڭ 360 ئېغىزلىق ھۇجرىسى بىلەن مەدرىسە بىناسىنى كۆيدۈرگۈزۈۋەت-كەن. 10 ـ ئايدا يېڭىسار، مەكىت، يەكەن، قاغىلىق، قەشقەر، گۇما قاتارلىق 19 ناھىيە، شەھەرنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ غەلىبە تەنتەنىسىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن يۇقىرىقى جايلار بويىچە 120 ئورۇندا «قارا تاغلىق»لار يېتەكچىلىرىدىن 400 دىن ئارتۇق «قارا مۇسۇلمان» غا ئۆلۈم جازاسى بەرگەن. 1300 دىن ئارتۇق «قارا تاغلىق» نىڭ ئۆيلى-رىگە ئوت قويۇپ، «جىن سۈرگۈن» (ئەل كۆزىدىن غايىب چۆل ـ جەزىرىلەرگە كېتىپ، جىن ـ ئالۋاستىلارغا قوشۇلۇپ كېتىش ــ ئا-دەملىكتىن جىن ـ شاياتۇنلارغا ئايلىنىپ كۈن ئېلىش جازاسى ــ ئا) قىلىۋەتكەن. يەر ـ زېمىن، مال ـ مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىپ «خان»لىق ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋالغان.

«ھەزرىتى ئەزىزان ئافاق خان پادىشاھ ئالىيلىرى (خۇدا نۇرلۇق

قىلسۇن ئۈنىڭ تەڭرى قەبرىسىنى) زامانلىرى 16 يىل 10 ئاي، سەككىز مىڭ تۈن، ئىككى يۈز تۆت تولۇنئاي ۋاقىت ھېسابى بىرلە قارار تاپقان ئىكەنلەر... ئۇ زاتىنىڭ ۋاقىئاتلىرىگە شاھىد ۋە ۋۇزەر كاتىپلىق (ۋەزىر كاتىپلىق — ئا) قىلغانلار ئول ۋاقىت — زامانىسىدا 11 غازات، 18 لەك (18 تۈمەن — ئا) قەتل ناماز (جەڭدە ئۆلگەن، ئۆلتۈرۈلگەنلەر نامىزى — ئا)، ئىككى يۈز ۋاقىئات بولغان دەپ يېزىپتۇرلەر...» («بورقۇم ئەۋلىيا»دىن). دېمەك، بۇ خاتىرىدىن بىز ئافاق خوجىنىڭ قەشقەرىيەگە «خان»لىق قىلغان چاغلىرىدا 11 قېتىم چوڭ قىرغىن غازىتى قىلىپ، 18 تۈمەن يەنى 180 مىڭ تەندۇرۇس، يارامىلىق ئەرنىڭ جېنىغا زامىن بولغانلىقىنى، ئافاق خوجا زۇلمىغا قارشى 200 قېتىمدىن جىقراق ۋەقە چىققانلىقىنى ھېس قىلىمىز. بەزىبىر تارىخىي خاتىرىلەردىن بىلىشىمىزچە، ئافاق خوجا كۈچلىرى 1680 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا «قارا تاغلىق بەدنىيەتلەر» نىڭ پەيلى يامان «سوپەك» لىرىگە قارشى «مەھەللىۋى غازات» ھەرىكەتلىرىنى قانات يايدۇرۇپ، ئۇدۇللۇق قولغا چۈشكەنلەردىن 300 دىن ئارتۇق كىشىنى ئىلگىرى ـ كېيىن «بالاقۇم»، «قۇم قۇسار»، «ئاقتالا»، «يۈز قۇم»، «چىقىرما»، «تەلۋىلەر»، «لالمىلار»، «پەيدۆك»، «قىزىل»، «كورۋات» قاتارلىق جايلارغا يۆتكەپ، 11 قېتىمدا تاش بوران قىلىپ (چالما كېسەك قىلىپ — ئا) ئۆلتۈرۈۋەتكەن. بۇ بىگۇناھلار قىرىلغان جايلارنى يەكەن، مەكىت، قاغىلىق، پوسكام خەلقى تارىختىن بۇيان «شېھىتلىك» نامى بىلەن ئەسلەپ كەلمەكتە.

**(3) ئافاق خوجا — ۋەدە، قەسەم خائىنىدۇر**

«... يەئەن خانلىق تەختىدە ئولتۇرغان ھىدايىتۇللا ئىشان ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىشى بىلەنلا «قارا تاغلىق»لارنى دەھشەتلىك باستۇرغانلىقتىن خوجا شۇئەيىب باشچىلىقىدىكى «قارا تاغلىق»لار (يېتەكچىلىرى) كەشمىرگە قېچىپ كەتكەن. خوجا ھىدايىتۇللا بىر مەزگىل ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملىۋالغاندىن كېيىن «قارا تاغلىق» لارنى تۈپ

ئاساسىدىن يوقىتىش مەقسىتىدە خوجا شۇئەيىبكە: «ئەلۋەتتە كەلگەي-لەر. ھەر نېمەرسە بىساتىمىزدا باردۇر. دەرمايان كۆرگەيمىز... ئاۋۋال-قىدىن خوپىراق تۇرغايلا...» دەپ خەت يازغان. بۇنىڭغا ئىشەنگەن خوجا شۇئەيىب بالا - چاقىلىرىنى ئېلىپ، بىر قىسىم ھەمراھلىرى بى-لەن كەشمىردىن يەكەن تۇپرىقىغا قەدەم قويغان بولسىمۇ، تىزناپ دەر-ياسى (قاغىلىق دەرياسى — ئا) بويىغا كەلگەندە ئافاق خوجا تەرىپىدىن ئالدىن مۆكتۈرۈپ قويۇلغان 400 نەپەر دىۋانە سوپىلار يوشۇرۇنۇپ تۇرغان يېرىدىن سەكرەپ چىقىشىپ، خوجا شۇئەيىبنى ۋە بىللە كەل-گەن مۇرت - مۇخلىسلىرىنى تۇتۇپ، تاغارلارغا سولاپ دەرياغا تاشلاپ ئۆلتۈرۈۋېتىشكەن...» (قەشقەر: «قەدىمكى كىتابلار تەتقىقات خەۋە-رى»، 1985 - يىلى 1 - سان، 8 - بەت)

ئافاق خوجا باشلاپ كەلگەن جۇڭغار قوشۇنلىرى ئافاق خوجا كۈچلىرىنىڭ ماسلىشىشى بىلەن 1678 - يىلى 10 - ئايدا قەشقەرنى ئىشغال قىلىپ «ئافاق خوجا خانلىقى» قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىغان بولسىمۇ، لېكىن قەشقەرىيە خەلقى بۇنىڭغا قەتئىي تەن بەرمىگەن. 1679 - يىلى ئەتىيازدا ئىسمائىلخاننىڭ ئىنىسى — ئۇچتۇرپان ھاكىمى مۇھەممەتئىمىن خان (ئىمىر خان) باشچىلىقىدا ئافاق خوجا باشچىلىقى-دىكى ئاغدۇرمىچى كۈچلەرگە قارشى كۆتۈرۈلۈپ، ئۇلارنى قەشقەرىيە زېمىنىدىن قوغلاپ چىقارغان. 30 مىڭنى تۇتۇۋېلىپ، توۋا قىلدۇرۇپ ئەل قىلغان. يېڭىلىپ رەسۋاسى چىقىپ قېچىپ كەتكەن ئافاق خوجا ئاخىر 2 - قېتىم يەنە جۇڭغار كۈچلىرىنى باشلاپ كېلىپ، يەنىلا كۈچى يەتمەسلىكىنى پەملەپ، مۇھەممەتئىمىن خانغا: «سەئىدلەرگە ئىتائەت مۇلازىمىتىدە بولماق، دۇئاسىنى ئالماق، نەزەر - ئېتىبارلىرىدىن ئۆتمەك — ئاللاھ رازىلىقىدۇر. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مېنىڭ پېشىمنى تۇتقان ھەممە ئەھلى ئۇممەت بىھىس ساۋابى كۆرگەي، ھەر ئىككىلا ئا-لەملىك دەرد - ئەلەم، زەخمە - نادامەت، ھەسرەت - خۇسۇمەتلەردىن پاك، خالىي، بەد گۇمان بولغاي» دەپ خەت يازىدۇ، جاۋاب كەلمىگەن-

دە ئۆزى كېلىپ كۆرۈشۈپ: «ئالىي خانىمىز ئۆزلىرى بولغايلەر. قان تۆكمەك مۇتلەق جايىز ئەمەستۇر. ئۆزلىرىگە خۇدايى ھەمراھ بولماق، ماڭا نېسىپ بولدى» دەپ قەسەم ۋەدىسى قىلىپ، ئۇ زاتقا كۆيئوغۇل بولۇش تەمەسىنى بايان قىلىدۇ، مۇھەممەتئىمىن خان خۇدالىق قەسەم شارائىتى بىلەن خوجامغا قول بېرىپ، قېيناتىلىق ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولىدۇ. ۋەزىيەت «خۇدالىق ئالەم يۇمشاقلىقى» بىلەن يۇمشاپ، ئاخىر «شەھەرنى بىللە سوراش جۈمە كېلىشىمى» تۈزۈلىدۇ. ئافاق خوجا كۈچلىرى (جۇڭغار كۈچلىرى بىلەن بىرلەشكەن يەرلىك ياللانما كۈچلەر — ئا) بۇ «كېلىشىم» بويىچە ئۈچتۇرپانغا «تىنىچ» كىرىپ، ۋەزىيەت ئافاق خوجا پايدىسىغا يۈزلىنىدۇ. ئۆزىنى ئوڭشىۋالغان ئافاق خوجا «كېلىشىم» نىڭ 20 جۈمەلىك ۋاقتىنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن 21-جۈمە كۈنى كېچىدە ئۆزىنىڭ تاللانغان پىچاقچى مۇرتلىرىنى بۇيرۇپ، مۇھەممەتئىمىن خاننى 19 مۇلازىم، شېرىكى، ئۈچ پەرزەنتى، ئىككى مېھمىنى بىلەن قوشۇپ جەمئىي 24 كىشىنى ھېچقانداق شەپە-ھىد بۇسى چىقارماي پىچاقلىتىپ (بوغۇزلىتىپ، پىچاق سالدۇرۇپ — ئا) ئۆلتۈرۈپ «ئوت كەتكەن كېچە» قىلىپ كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋېتىدۇ (يوقىرىقى سانلار بىلەن خاتىرىنىڭ مەزمۇنى «بورقۇم ئەۋلىيا»دىن ئۆزلەشتۈرۈلدى — ئا).

**(4) ئافاق خوجا — مەرىپەت ۋە مەرىپەتچىلەرنىڭ كۈشەندىسىدۇر**

يېتەرلىك تارىخىي ئاساسلاردىن بىلىشىمىزچە، ئافاق خوجا ۋە ئۇنىڭ «ھاكىمىيەت» كۈچلىرى زامانىدا قەشقەرىيەدە قەتئىي، مۇقىم، دائىم، تەركىسىز تۈردە قاتتىق مەنئىي ئېتىلگەن ئىجتىمائىي ئىنسانچىلىق پائالىيەتلىرىدىن بىرى — مەۋجۇدلانغان ۋە مەۋجۇدلىنىدىغان ئىجتىمائىي پۈتۈكچىلىك، قەلەمى ئىجادىيەت، ئىجتىمائىي قەلەمكەشلىك، تۇرمۇش خەتچەكچىلىكى بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئادەم ۋە ئورۇنلارنى چەكلەش، يوق قىلىش، دىۋان، كىتاب، رىسالە، ئۇلام خەت (ئېلان)، ئىلىم شەكىل (خەرىتە، چېرتيوژ — ئا)، نەزم، قوشاق، دەپنە، مۇئا-

مىلات، ھادىسە، جەڭ، پاجىئە، ئاقىۋەتلەر ھەققىدە «كۇفرانىلىقى ئايان»، «جەدىد بايان» لارنى يەر يۈزىدىن كۆتۈرۈۋېتىش، «خۇدايى ئىلمى غايىب»، «خۇدايى رىسالە»، «خۇدايى نەپەس مۇبارەك»لەرگە راۋاج بېرىش بويىچە «تاغدەك ئۇلۇغ» ئىشلارنى جانلاندۇرغان بۇ ھەققە قولىمىزدىكى خاتىرىلەردىن بەزىم مىساللارنى مۇنداق كەلتۈرىمىز:

«ھەزرىتى ئافاق ‹خان› لىق زامانىدا خانلىق مەدرىسلەر، مەھكىمە شەرئىلەر، خانلىق، بەگلىك ئوردىلار، مەرىپەتخانىلاردا، ئەللامە، ئۆلىما، قازى كالانلار ھويلا - ئاراملىرىدا، بۇت - ھەيكەل، ساز - مۇزىكا، رەسىم - نەققاش، باسما، ئويما... قاتارلىق مۈلكىي ھاراملىقلارنى پەيدا قىلغۇچى، تارقاتقۇچى... جاي، ئورۇن ۋە كىشىلەر ئىلكىلىرىدە تۇرغان ‹نوسخە›، ‹سەنناسى› لەر، دەھرىلەر دامىدىكى كىتاب، رىسالە، شەكىل، يازما، سىزما ‹قەلەم قۇسما› لىرىنى پاك زېمىندىن تازىلىماق، ئەھلى مۇسۇلمانلارنى ئۇ خىل ئازغۇن قەلىمىي لەنەت كۈپارلار دامىدىن ساقلاپ قالماق — خۇدا رازىلىقى ئۈچۈن ‹ۋاجىپ› قىلىنغان ئىدى... («بورقۇم ئەۋلىيا»دىن).

«... ئافاق خوجا بىرىنچى بولۇپ قۇرئان، ھەپتىيەكتىن باشقا پۈتۈن كىتابلارنى كۆيدۈرۈپ تاشلىغان... مەشھۇر ئالىملارنى، مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەرنى. ئەدىب، تەرجىمانلارنى دارغا ئاسقان... بەزىلىرىنى سۈرگۈن قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىي مەدەنىيەت مىراسلىرى كۆلگە ئايلانغان. كىشىلەر چۈش كۆرۈشكە ئىمكانى بولمىغان، قولغا ئۆگىتىش ئالدىدىكى قارچىغىغا ئوخشاش يامان شارائىتتا قالغان» («يەكەن تارىخى» دىن).

شۇنى ئەسكەرتىمەنكى، ئافاق خوجا زامانىنىڭ ھەر ساھەدىكى جىنايى تارىخى توغرىسىدا «جاھالەت پىرلىرى ئۇيغۇر دىيارىدا» دېگەن ئەسىرىمدىكى «ئافاق خوجا توغرىسىدا» دېگەن ماۋزۇنى ئوقۇپ كۆرۈش كۇپايىدۇر — ئا)

ئافاق خوجا ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرى قەشقەرىيەنى ئورۇش بىلەن بې-

سىۋالغاندىن كېيىن «قارا تاغلىق» «گۇناھكار» لارنى قاتتىق باستۇر-غاندىن بولەك، سەئىدىيە خانلىقى زامانلىرىدا ئەنئەنە بولۇپ، خەلق ئا-دىتىگە سىڭىپ كەتكەن ئون خىل زاتقا ھۆرمەت ئېتىباردا بولۇشنى تەرك ئەتكەن. بۇ ئون خىل زات: ئاتا ـ ئانا، ئۇستاز، ئالىم، تېۋىپ، ئەدلە سىپاھ، پاسىبان (خەلق قەھرىمانى، خەلق ھامىيسى، خەلققە شەپ-قەت ياغدۇرغۇچى ـــ ئا)، ھۈنەرۋەن، دىل ناۋاكەش (شائىر، يازغۇ-چى سازچى، غەزەلچى، ئويۇنچىلار ـــ ئا)، نەققاش، مىماركار (ئويمى-كار، ھەيكەلتاراش ـــ ئا) لاردىن ئىبارەت ئەلنىڭ ئەقلى يېنەكچىلىرى-دىن ئىبارەت خاسىيەتلىك زاتلار تۆركۈملىرىدىن ئىبارەتتۇر. ئافاق خوجا كۈچلىرى بۇ خىل ھۆرمەتلىك خاسىيەتكارلاردىن كۆپ قىسمىنى «كۇپىر»لىق، «دەھرى»لىك «گۇناھ»لىرى ئارتىپ دارغا ئېسىۋەتكەن. پىچىۋېتىپ تووۋا قىلدۇرغان، ئىلىغا ـــ جۇڭغارلار ئىلتىپاتىغا سۈرگۈن ـــ قوغلاندى قىلىۋەتكەن. بۇ خىل قىلمىشلارغا تەۋە سانسىزلىغان يا-مان مىساللارنىڭ بىرى شائىر بابا رەھىم مەشرەپ ئۆلۈمىدۇر.

بابارەھىم مەشرەپ (شاھ مەشرەپ) 20 نەچچە يېشىدىن ئېتىبارەن سوپىلىقنى قوبۇل قىلىپ، ئافاق خوجىغا چاكار بولغان. شۇ جەريانىدا ئافاق خوجا سوپىلىرىنىڭ ئاچكۆزلۈكى، زالىملىقى، خۇنخورلۇقى، ئالدامچىلىقىنى چۈشىنىپ، ئۇنىڭغا قارشى پاش قىلىش خاراكتېرىدە جەڭگىۋار ئەسەرلەرنى يازغان، ئافاق خوجا سوپىلىقىدىن بەزگەن. شۇڭا، ئافاق خوجا ئۇنى «خوجا ـ ئىشانلىرىمىزنى ھاقارەتلەيدىغان بې-يىت، غەزەللەرنى توقۇدى» دەپ قارىلاپ قەشقەرىيە تەۋەسىدىن كې-تىش شەرتى بىلەن سۈرگۈن قىلىپ قوغلىۋەتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن شائىر ھازىرقى ئىلى، خوجەنت، تاشكەنت، سەمەرقەنت، بۇخارا، بەلخ، ھىندىستان (ھازىرقى پاكىستان ـــ ئا)، ئافغانىستان يۇرتلىرىنى پىيادە كېزىپ قەلەندەرچىلىكتە كۈن ئالغان. خوجا ـ ئىشانلارنىڭ قىلمىشلى-رىنى يېزىشنى توختاتمىغان. شۇڭا، ئافاق خوجا «ئۆلىما» لىرىنىڭ پە-تىۋاسى بىلەن بەلخ ھاكىمى مەھمۇد شاھنىڭ قولىدا 54 يېشىدا دارغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئېسىپ ئۆلتۈرۈلگەن.

**(5) ئاپاق خوجىنىڭ ھەپسە پاجىئەلىرى توغرىسىدا**

ئاپاق خوجا ۋە ئۇنىڭ ھاكىمى شېرىكلىرىنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىدىن ئەڭ مۇھىم بىر تۈر — ھەپسە (تۈرمە، زىندان) قاباھەتچىلىكىدۇر. «بورقۇم ئەۋلىيا» نىڭ بۇ ھەقتىكى تەپسىلىي بايان قىسمىنى ھازىرقى زامان چۈشەنچىسىگە مۇنداق ئىخچاملاش مۇمكىن:

1680 - يىلىدىن 1684 - يىلىغىچە بولغان بەش يىل ئىچىدە ئاپاق خوجا ئوردىسىنىڭ ئوخرانكا (تۇتقۇن قىلىش، جازالاش، قاماپ تۇرۇش ئورۇنلىرى — ئا) مەھكىمىلىرى تەرىپىدىن «قارا تاغلىق ئاسىي»، «ئىسيانچى»، «جەدىد»، «پىرغا ئاسىي»، «گۇناھ» لىرى بىلەن تۇتقۇن قىلىنىپ، 140 جايدىكى «ھەپسە تېگى» (زىندان تېگى) دە يىغىلىپ ياتقان مۇسۇلمان «گۇناھكار»نىڭ تىرىك سانى بىر تۈمەندىن ئېشىپ كەتكەن. 1685 - يىلى 6 - ئايدا ئاپاق خوجا ئوردىسىنىڭ سىپاھلىرى (مۇناسىۋەتلىك ئەمەلدارلىرى) خۇددى «تەزكىرەئى پىرياران» دا تەكىتلەنگەندەك: «قۇنتەيجى كاپىر شاھىنىڭ لەۋزى بېشارەتلىرى، ئىلاھىي ئىرادەت ھەم ھالا ئاپاق خانىنىڭ ‹خۇدايى ئەپۇ ئومۇمىيە›، ئىلتىپاي ۋە ئەمرى بىرلە بۇ ‹گۇناھكار› لارنى ‹خۇدالىق تۆت يول ئەجرى› گە ھەيدەپ ۋە سىلىپ، تۆھپە، خاسىيەتلىرى تۇۋا، پۇشايمان نىسابىغا يەتكەندە ‹خۇدايى ئازاد› قىلىپ ‹پۇقرا› قوۋمىغا قوشۇلۇپ كېتىش پەرمانىنى جاكار قىلىشقان». بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلغان «خۇدالىق تۆت يول» قاغىلىق — ئارساڭ - لاداق ئارىلىقىدىكى 36 ئۆتەڭلىك تاغ ئارت يولى — (ئەجەل يول»، خوتەن - قۇمبەل ئارىلىقىدىكى 38 ئۆتەڭلىك «جىن چىغىر» (خوتەن - ھىندىستان يولى — ئا). ئاقسۇ - ئىلى ئارىلىقىدىكى 18 ئۆتەڭلىك مۇز داۋان (شوتا يولى) — «قازا يول»، قەشقەر - نارىن ئارىلىقىدىكى (قەشقەردىن ھازىرقى سوۋېت ئىتتىپاقىغا تەۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا بارىدىغان كارۋان يولى) كارۋان يوللىرىدىن ئىبارەت بولغان. بۇ يوللار شۇ زامانلاردا «بارسا كەلمەس

يول» دەپ ئاتىلىدىغان، ئەڭ مۇشكۇل يول لىنىيەلىرى ھېسابلىنىدىتتى، ئەلۋەتتە. يۇقىرا سىيلىقى، ھۆكۈمەت چىقىمى، ساۋاب چاقىرىقى، خان تۇزۇمى دېگەنىدەك شەكىل، تەدبىرلەر بىلەن بۇ يول مەنزىللىرىنى ئاسراش، ياساشقا ئادەم ئىشلىتىش، كۆچ سەرپ قىلىش تەس ئىش ھېسابلىناتتى، مۇمكىن بولمايتتى. سەئىدىيە خانلىرى بۇ مەسىلىنى ئەسىرلەر كۆچى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ھەربىي يۇرۇش تەدبىرلىرى بىلەن ھەل قىلىپ بارغانىدى. لېكىن ئافاق خوجا «ھاكىمىيىتى» جۇڭغار خوجايىنلىرىنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن بۇ مەسىلىنى ئۆز «ھەپسە» لىرىدە تۇتقان 10 مىڭدىن ئارتۇق تىرىك ئەر «گۇناھكار»نىڭ «گۇناھ بەدەل» «ئەجرى»لىرى بىلەن ھەل قىلىشقا تۇتۇنغان. بۇ خىل تۇتۇشنىڭ ئەڭ پاجىئەلىك ئاقىۋەتلىرىگە مەنسۇپ ئېچىنىشلىق خاتىرىلەردىن مىساللارنىڭ بىرى توغرىسىدا خوتەن كىرىيەلىك تارىخچى مۇئەللىپ تۇرسۇن قارى كىرىيەۋى تەرىپىدىن 1910 ـ يىلى كەشمىردە يېزىپ قالدۇرۇلغان «خوتەن» دېگەن قولىيازمىدا مۇنداق دېيىلگەن: «قازارا قەدەر ئافاق خان پادىشاھىم زامانى، ئۇي يىلى بىر مىڭ توقسان يەتتە ھىجرىيە جامادىيەل ئاۋۋالدە (1685 ـ يىل ئۇي يىلى 8 ـ ئايدا — ئا) كۆجەدان (تېرىق، بۇغداي، گۇرۇچ بولسا كېرەك — ئا)، بىر يۇدمە بوخچا (يۈز جىڭ ئېغىرلىقتىكى بىر تاي گەزمال ياكى خام، چەكمەن — ئا)، بىر قاپتىن كىشمىش دۇم تېڭىق قىلىپ (بەل تاڭما قىلىپ يۇدۇپ) قاتار كارۋان ئىسكەتى بىلەن بىراھما بۇددالار (بۇددىستلار بۇتخانىلىرى — ئا) تۇرالغۇ يۇرتلىرىغا يۈز قالماق نازارىتى بىلەن «تۇتقۇن سەپەر» قىلىپ ھەيدەلدىلەر. ئادەملەر بۇ خىل سەپەرنى «قامچى كۆچ» دەپ ئېيتدىلەر. 19 تۈن ـ كۈندە «كاپىر بەل» (ھازىرقى «مىڭگە بىر» داۋىنى — ئا) مەنزىلىگە ئۇلاشقاندا بۇلارنىڭ ئەجەل شەربىتىدىن ئامان ئاشقانلىرى ئاران 40 قا تەئىن بولدىلەر.» دېمەك، ھەزرىتى ئافاق خوجامنىڭ دالاي لاما بەش (بۇددالاگۇڭ) ئوردىسىغا قىلغان قۇللۇق سوۋغاتلىرى ئارتىلىپ، ئېشەك ـ ھايۋان ئورنىدا ھەيـ

دەپ مىڭلىغان 1041 خوتەنلىك تەندۇرۇس ئۇيغۇر مۇسۇلمان يوللۇق ئىغىر، قورساق ئاچ، ئىغىزمان ئوچۇق، ئاياغ يالاڭ، بەل مادارسىز، قارانچۇق ياۋايى، سەپەر رەھىمسىز، تەبىئەت جۇت، پەلەك تەتۈر تۇرغان مۇھىت ئىچىدە توڭلاپ قىرىلىپ تۈگىگەن. باغ بەللىرى — «كاپىر بەل» داۋىنىنى ئۇيغۇر خەلقى ئەنە شۇ زاماندىن بۇيان «مىڭگە بىر داۋىنى» (بىرمىڭ بىر ئادەم قىرىلغان داۋان — ئا) نامى بىلەن ياد ئېتىپ كەلمەكتە (بۇ خىل تارىخىي پاجىئەلەر توغرىسىدا ماۋزۇيىمىزنىڭ «زۇلمەت ياراتقۇچىلار» قىسمىدا قايتا توختىلىدىغانلىقىمىز ئۈچۈن بۇ يەردە ئارتۇقچە توختالمىدۇق — ئا).

**(6) ئافاق خوجا كۈچلىرىنىڭ تەن جازالىرى توغرىسىدا**

ھۆرمەتلىك ۋەقەشۇناس ماموت ئىسلام 1970 ـ يىلى يېزىپ تاماملىغان «ئافاق خوجا زامانىنىڭ ۋاقىئاتلىرى» دېگەن قوليازمىسىدا شۇ زاماندىكى تەن جازالىرى توغرىسىدا توختىلىپ: «دار، تاش بوران، ئەن بەدەن، مىش قىيناق، ئىت قىيناق، قىل قىيناق، پەي قىرقىما، ئۆرە قىيناق، كۆتەك، دەررە، تۇنجۇق، ئات قۇيرۇق، قاپ قىيناق، قوڭ قىيناق، بوغما قول، ئۇر كەتتى، زوقۇم جان، تەلقۇم، تىغ، چۆل قاق... جازالىرى كۆپ ھەم پاجىئەلىك ئىدى» دەپ يازغان. ئوچۇقراق ئېيتقاندا، دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈش، چالما ـ كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈش، شاش ئاتلارنىڭ قۇيرۇقىغا چېتىپ سۆرىتىپ ئۆلتۈرۈش، تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرۈش، بوغۇپ ئۆلتۈرۈش، چىقالمايدىغان چۆللەرگە ئاپىرىپ تاشلىۋېتىپ قاق سېلىپ ئۆلتۈرۈش، ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈش، بوغۇزلاپ ئۆلتۈرۈش، زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈش... تەك ئۆلۈم تۈرلىرى ئافاق خوجا جەمئىيىتىنىڭ ئەقەللىي ھادىسىلىرى ھېسابلانغان.

ئەن بەدەن (قول، پۇت، قۇلاق، بۇرنىنى كېسىۋېتىپ ياكى كۆز ئويۇپ، تىل كېسىپ، بۇرۇن يۇلۇپ، پىچىۋېتىپ، ناكا قىلىپ، تۇغۇت قۇرۇتۇپ، ئۆلمە جان قىلىپ تاشلايدىغان قىلمىشنىڭ نامى — ئا)؛

مىش قىيناق (مۇشۇك بىلەن قىيناش يەنى گۇناھ قىلىپ تېنىۋالغان

كىشىنىڭ ئىشتىنىنىڭ ئىچىگە مۈشۈك سولاپ، مۈشۈكنى ئۇرۇش ئارقى-
لىق تاتىلىتىپ، چىشلىتىپ قىيناپ «ئىقرار» قىلدۇرۇش — ئا)؛
ئىت قىيناق (ئىتقا تالىتىپ قىيناش — ئا)؛ پەي قىرقىما (پېيىنى
كېسىش)؛ كۆتەك (بويىنىغا، پۇتىغا كۆتەك سېلىپ قويۇش — ئا)؛
دەررە (ئۇرۇش)؛ قىل قىيناق (ئەرلەرنىڭ زەكىرىگە قىل تىقىپ قىيناش
— ئا)؛ ئۆرە قىيناق (قىشتا مۇزدا يالىڭاياغ تۇرغۇزۇپ قويۇش — ئا)؛
قاپ قىيناق (تاغار، قاپلارغا قاچىلاپ ئېگىز دۆڭلەردىن پەسكە يۇمىلى-
تىش — ئا)؛ زوقۇم جان (زەھەر ئىچكۈزۈۋېتىش — ئا)؛ باغلاپ، ئۇ-
رۇپ قىيناش قاتارلىقلار «ھەزرىتى سەئىد» زامانىنىڭ «ئەلگە تەنبى-
يە»، «دەھرىگە زاۋال»، «ئىسلامغا راۋاج» نامىلىرىدىكى «تۆھپىلى-
رى»دۇر. دېمەك، ئافاق خوجا خۇنخور كۈچلىرى مۇسۇلمانلىق خىس-
لىتى، مۇسۇلمانلىق تۇرمۇشى ۋە ئەقەللىي ئىنسانلىق تەبىئىتى يوق،
ھايۋانلارنىڭ بەلكى ئەڭ ۋەھشىي ھايۋانلارنىڭ قىلىقىنى قىلىدىغان،
چىشىنى خۇن پىچىقى، پەيلىنى ئىت پەيلى چىرماپ ۋە ئوراپ تۇرغان،
زەھەرلىك قوللىرى يىرتقۇچلارنىڭ پەنجە، چىشلىرىغا ئوخشاپ كەت-
كەن، كىشلەرنى چاپاندەك چېقىپ تۇرىدىغان، نە ئەقىل، نە دىن، نە
ھايادىن مەھرۇم، خۇن تۆكۈش، ئەلنى خارۇزار قىلىش، ۋەتەن —
يۇرتنى ئەزدۇرۇش، ناپاكلىق، نامەردلىك، رەزىللىكلەر بىلەن شۇغۇللى-
نىدىغان، قىلمىشلىرى قەبىھ ھايات كۈشەندىلىرى دېيىش تولىمۇ ئو-
رۇنلۇق باھادۇر.

**(7)ل ئافاق خوجا — بايلىق، دۇنيا - دەپىن ئەجدىھاسىدۇر**

ئافاق خوجىنىڭ «خان» لىق «تەخت» كە ئولتۇرغاندىن كېيىنكى
دۇنياپەرەسلىك كەيپىياتى توغرىسىدا مۆھتەرەم، تارىخچى ھاجى نۇر-
ھاجى «تەسەۋۋۇپ تونىغا ئورۇنۇۋالغان ئافاق خوجا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلاد-
لىرىنىڭ پاراكەندىچىلىك ئۇرۇشلىرى» دېگەن ماۋزۇسىدىكى ماقالى-
سىدا توختىلىپ مۇنداق يازىدۇ: «ئافاق خوجىنىڭ ‹شەيخ› نامىلىق ئا-
دەملىرى ‹خوجام ئۈچۈن خامانىنىڭ چەش بۇرنى ئايرىپ قويۇلمىسا،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خاماندىن چىققان ئاش ھالال بولمايدۇ، دېگەن پەتىۋانى سېتىپ، نۇرغۇن ئاشلىق ئۈندۈرۈۋالغان. تەسەۋۋۇپچىلار (ئافاق خوجا) ھە دېسىلا مۇرتلىرىغا ۋە باشقا ئاممىغا خۇدا يولىدا يەرلىرىنى ۋەخپە قىلىشنى تەرغىپ قىلىپ، نۇرغۇن مېھنەتكەشلەرنى يەر - زېمىن، ئۆي - تەئەللۇقلىرىدىن ئايرىۋەتكەن...» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»نىڭ (ئىچكى ژۇرنال) 1982 - يىلى 4 - سانىدىن ئېلىندى — ئا).

تارىخىي مەنبەلەردىن بىلىشىمىزچە، ئافاق خوجىنىڭ 8 - ئەجداد بوۋىسى مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئۇستازى ئوتتۇرا ئاسىيالىق ئەبەيدۇللا - ئەھرار ئۆز زامانىسىدا ئۆز ئېلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ يەرلىرىنى ھەيدەپ تېرىشتا قۇللارنى قوشقا قېتىپ داڭق چىقارغان بولسا، ئافاق خوجىنىڭ دادىسى مۇھەممەد يۇسۇپ خوجا يالغۇز قەشقەردىلا 42 جايدا مېۋىلىك باغ ئىگىلەپ داڭق چىقارغان. «ئافاق خوجا زامانىسىنىڭ ۋاقىئاتلىرى» دا كۆرسىتىلىشىچە: ئافاق خوجىنىڭ پۈتۈن ئىشانلىق ۋە «خان»لىق ئۆمرىدە پەقەتلا پۈتۈن ئەۋلاد تەركىبى بىلەن بىرەر پۇللۇقمۇ (بىرەر يارماقلىقمۇ — ئا) «دۇئا» دىن باشقا يېرىم مۇئامىلىسى (كىشىلەرگە بىر نەرسە بېرىش مۇئامىلىسى) قىلغان تارىخى بولۇپ باقمىغان. ئافاق خوجا ئۆلۈمى مۇناسىۋىتى بىلەن بالا - چاقىلار ئارا بولغان ماددىي، مەنىۋى مىراس غەنىمەت مۇجادىلىسى بولغاندا، ئافاق خوجا تەئەللۇقاتى ھېسابىدىن مەلۇم بولغان ئەڭ چوڭ، ئەڭ كۆپ مال - مۈلۈك «... 90 باغ - ئارام، 100 پاتمان (بىر پاتمان 400 مو — ئا) لىق، ئۈزۈك كۆزى تېرىم يەر، 25 كۈپ ئېرىغ مال (ئالتۇن — كۈمۈش، ئۈنچە - مەرۋايىت، ياقۇت... كۆزدە تۇتۇلغان — ئا)، 75 يۈك زىلچا (بىر يۈك ئون دانە — ئا)، 3000 ئات، مۇلازىم ئون، تاناپ - خان كارۋان (100 بۇغرا تۆگە سەپلەنگەن «خان كارۋان» — ئا)، 5 چوق (قوچقار خالتىسى يەنى قوچقارنى ئۆلتۈرۈپ خالتىسىنى پوتەي ئەيلەپ ئىچىدىكى پۇراق تېشىغا چىقمايدىغان، نەم ئۆتمەيدىغان قىلىپ تەييارلانغان خاس قاپچۇق — ئا)، ئىپار، 100 جۇپ شاھزەر (يۇزىگە

خەت ئويۇلغان، ياپىلاق ئالتۇن ئۈزۈك — ئا)، 400 ياقا تون سەرپاي، 5000 جاينماز، 300 دۇكان، 20 ھويلا ـ ئارامىلاردىن ئىبارەت بولغان ئىكەنلەر» («ئافاق خوجا زامانىسىنىڭ ۋاقىئاتلىرى»دىن). ھازىرقى زامانلارغىچە ۋارىسلىق نام، ئاتاقلار ئىزى ئۇقۇمىدىن ساقلىنىپ، ئاتىلىپ كېلىۋاتقان «ئاق باغ»، «ھەيدەر باغ»، «خان باغ»، «بۈزرۈك باغ» دېگەندەك ئاتالغۇلارنى بەزىلەر ئەنە شۇ تارىخ ئىزىدىن ئىزاھلىشىپ كەلمەكتە. بەزى تارىخىي خاتىرىلەردىن بىلىشىمىزچە، ئافاق خوجىنىڭ «خان»لىق ئۆمرىدە جۇڭغار ئەمەلدارلىرىغا، ئۆزلىرىنىڭ دەھبىد، سەمەرقەنت، بۇخارا، خوراسانلاردىكى ئەۋلاد، يارانلىرىغا قىلغان شەخسىي سوۋغىتى ئۆلگەن ۋاقتىدىكى ئومۇمىي مۈلكىگە تەڭ تۇرىدىغان نىسبەتتە بولغان. ئۆز ۋاقتىدا دادىسى بىلەن قومۇلدىن قەشقەرگە خۇددى «خوتەن» دېگەن قولىيازمىنىڭ مۇئەللىپى كىرىيەلىك تۇرسۇن قارى كىرىيەۋى تەكىتلىگەندەك: «بۇ دىيارغا دۇنيانى دوست تۇتمايدىغان خۇدا ئاشىقى تۆت خىچىرلىق ئالتە پىقىر» كەمتەرلىكىدە ئۇنۇپ، سەدىقە، پىتىر بىلەن جان بېقىشنى باشلىغان بۇ زاتنىڭ ئاخىرقى «خان»لىق ئۆمرىگىچە توپلىغان يۇقىرىقىدەك چەكسىز بايلىقى — ئۇ زاتنىڭ «ئىشان»لىق چاغلىرىدا پۈتۈن ئەھلى مۇسۇلمانلارغا جاكارلىغان مۇنۇ سۆزلىرى بىلەن تولىمۇ زىتتۇر: «ھەر قانداق ئادەم جەڭ قىلسا ئاۋۋال ئۆز نەپسى بىلەن جەڭ قىلسۇن... بىر ئادەم بىر يىلغىچە سوغۇق سۇ بىلەن قۇرۇق نان يېسە، پىشقان ئاش، قايىنىغان سۇ تەلەپ قىلمىسا، ئۇ ئادەم مەن ھەقنى ئىزدەيمەن دەيدىكەن، مۇشۇ رىيازەتكە سەۋر قىلالمىسا، ھەقنى بۇنى ئالالمايدۇ... ھەر قانداق ئادەم ئۆمرىنى راھەت بىلەن ئۆتكۈزسە، ئاخىرەتنىڭ راھەتلىرىدىن بىنېسىپ بولىدۇ. ئۆمرۈڭنى مۇشەققەتنىڭ كېمىسى بىلەن ئاچچىرلىق دەرياسىدا غەرق قىلىۋەتمەسەڭ، خۇداغا يېتىشمەن دېگىنىڭ بىكار. ھەر قانداق كىشى ئۆيىدىن، بالا ـ چاقىسىدىن، دۇنيانىڭ راھىتىدىن تولا يىغلاپ، يۈرىكىنى كاۋاپ قىلىپ دىلىنى ئۈزسە، ئاخىرەتتە راھەت ـ پاراغەتتە بولىدۇ» («ئافاق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خوجا كەلىمەلىرى » دىن).

دىمەك، ئىشنى يۇقىرىقىدەك «دىنىي ئىشان» لىق تەرغىباتى بىلەن باشلاپ، كۆزلىگەن مەقسىتىگە يېتىپ، ئاخىرقى نۇقتىدا ئۆزىنى يېتەرلىك رۇسلىۋالغان ئافاق خوجا بايلىق توپلاش، گېزى كەلگەندە ئۆزىنىڭ يۇقىرىقىدەك تەرغىباتلىرىدىن بىراقلا بۇرۇلۇپ، «ئىنساب»، «هالال ـ هارام»، «كىشى هەققى»، «ئاخىرەتلىك هېساب ـ كىتاب»، «گۇناھ»، «ساۋاب» دېگەندەك ئىسلامىيەتنىڭ تەرغىبى دالالەت ۋە چۈشەنچىلىرىنى بىراقلا چۆرۈۋەتكەن. بۇنى ئافاق خوجىنىڭ: ئېسىلزادىلەر ئەقلىنى ئىشلەتسۇن، تېگى پەسلەر قارا كۈچىنى ئىشلەتسۇن، مەھكۇملار هاكىملارنىڭ قولىغا تەلمۈرۈپ ئۆتسۇن، هاكىملار باشقىلارنىڭ قولىدىكىنى يېسۇن، «تەقدىر» دېگەن ئاشۇ، دېگەن قارىشىدىن هاسىل بولغان ئىجتىمائىي ئاقىۋەت هەم چېكىدىن ئاشقان «ئىشان» بۇلاڭچىلىقى دېيىشكە بولاتتى، ئەلۋەتتە.

## *تەنەپپۇسلۇق سوۋغاتلاردىن*

*... مازارنىڭ ۋەخپە يەرلىرىدىن چىققان مەهسۇلاتلارغا قانائەت قىلىپ، دېهقانلارنىڭ ئۆشرە ـ سەدىقە بېرىشىگە تەلمۈرگەن، مازارلارنىڭ هۇجرىلىرىدا بورىنىڭ ئۈستىدە يېتىپ ـ قوپۇپ، تائەت ـ ئىبادەت بىلەن ئۆمرىنى ئۆتكۈزگەن، كىشىلەر بەرگەن بىر جۇپ نان، بىر تاۋاق گۇلە ـ قاقىقا خۇش بولغان خوجاملار هەممىنى ياراتقۇچى ۋە رىزقى ئاتا قىلغۇچى تەڭرىنىڭ مەرھەمەت ئىلتىپاتى بىلەن بىردەمدىلا پادىشاهلىق تەختىگە چىقىپ، هۆكۈمرانلىق تاجىنى باشلىرىغا كىيدى. ئۆمرى ئىچىدە يەتتە پۇشتى، ئابا ـ ئەجدادلىرى ئارىسىدا، بەلكى بۇ مۇغۇلىستاندا هېچقانداق ئادەمزاتقا دۇنيانىڭ بۇنداق دۆلەتنى مۇيەسسەر بولمىغانىدى. خوجاملارنىڭ هەر كۈنى ئەتىگەن ناشتىلىقىغا تۈرلۈك ـ تۈرلۈك هالۋا، يېمىش، قەنت، قەندالەت، قىسما ـ قىسما شىرنە، شەربەت، پاقلان گۆشىدە ئەتكەن كاۋاپ، سامسا، پەرمۇدە، مەزىلىك تا-*

ماق، خىلمۇخىل ئازۇ ـ نېمەت، يېمەك ـ ئىچمەكلەر ئالدىلىرىغا كېلەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئىلگىرىكى ئەھۋاللىرىنى ئۇنتۇدى. كىشىلەرگە تەڭ باراۋەر مۇئامىلە قىلمىدى. مېھىر ـ شەپقەت قىلمىدى. مەغرۇرلۇق، تەكەببۇرلۇق ئاغرىسىنى چالدى. مۇشۇنداق بىر ئەھۋالدا ئاسماندىن بالا، تەگرىدىن قازا ياغقاندەك، مۇشۇك چاشقاننى ئالغاندەك، قۇرغۇي قۇشقاچنى سوققاندەك. بىر چەبدەس چاققان پادىشاھ خوجىلارنىڭ دۆلىتىنى ئۆزى بىلەن قوشۇپ تىرىپىرەن قىلىۋەتتى. ئاقىل ۋە دانا كىشىلەر — بۇ پانىي دۇنيانىڭ تۇرمۇشىنى، بەختى ـ دۆلىتىنى ۋە ئۇنىڭ زاۋال تېپىپ يەر بىلەن يەكسان بولۇشىنى كۆزىگە ئىلماي، غەم ـ غۇسسە، ئادىلىق ۋە پاراۋانلىق ئاقىۋەت يەر بىلەن يەكسان بولىدۇ، دەپ بىلىش لازىم.

(«تارىخىي ئەمنىيە» دىن)

**(8) ئافاق خوجا — نەسلى ـ نەسەب ۋاباسدۇر**

ئافاق خوجا بىرىدىكى ئىشانلىق «ئەمىر ـ مەرۇپ» تارىخىدا ئەجدادلىرىمىزنى ئۆزىنىڭ «ئىشقىيە» — «دىنىي يولى» بويىچە ئىزچىل ھالدا «جىنسىي گۇناھ» لاردىن قەتئىي ساقلىنىشقا، «خۇدا ئىشقى» دىن باشقا ھەر قانداق ئىشق ـ مۇھەببەتكە ئۇرۇنماسلىققا، «خۇدانىڭ ئىشقى» غا ئۆزلىرىنى بېغىشلاپ، «ئاشىق» بولۇپ تۇرۇشنى زادىلا تەرك ئەتمەسلىككە چاقىرىپ ۋە دالالەت قىلىپ (مەنىۋى قىستاپ — ئا) كەلگەن. ئافاق خوجا كۆزدە تۇتقان «جىنسىي گۇناھ»، «خۇدا ئىشقى»، «ئاشىق» لىق ۋە «بېغىشلاش» دېگەنلەر زادى نېمە؟ بۇنىڭ جاۋابىنى ئافاق خوجا «ئىشقىيە» مەزھىپىنىڭ «دىنىي پىرىنسىپ» لىرىدىن چۈشىنىشكە توغرا كېلىدۇ: بۇ «دىنىي پىرىنسىپ» توغرىسىدا ھۆرمەتلىك مۇئەللىپ ئا. سايىت توختىلىپ مۇنداق شەرھلەيدۇ: «ئىشقىيە مەزھىپى ئۇچىغا چىققان تەركىدۇنياچىلىق مەزھىپى بولۇپ، بۇ مەزھەپەىكىلەر جاھان كېزىپ، يۇرتمۇ يۇرت يۈرۈپ، ئۆي ـ جاي تۇتماي، خوتۇن، بالا ـ چاقىلىق بولماي، مازايۇ ـ ماشايىخلارنى تاۋاپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىلىپ، چاچلىرىنى چۇشۇرمەي، جىندە ـ كۆلا كىيىپ، كۆندە تاپقانىنى كۆندە يەپ، ئاچلىقتا زارلانماي خۇدانىڭ ئىشقىغا ئۆزىنى بېغىشلاشنى بىردىنبىر ئىبادەت ئۇسۇلى قىلغان ھەم بۇنداق قىلىشنى خۇداغا يېقىنلىشىشنىڭ ۋە ئەلىيالىققا يېتىشنىڭ يولى دەپ قارىغان. بۇ مەزھەپنىڭ سوپىلىرىنى كىشىلەر «ئاشىق»لار دەپ ئاتىشىدۇ. ئۇلارمۇ ئۆزلىرىنى «سوپىلار» دەپ ئاتىماستىن «ئاشىق»لار، يەنى خۇداغا ئاشىق بولۇپ ياشايدىغانلار دەيدۇ...» («شىنجاڭ دىن تەتقىقاتى ماتېرىياللىرى» 1987 ـ يىل 1 ـ توپلام، 59 ـ بەتتىن).

شۇنى قوشۇمچە ئىزاھلاش لازىمكى، ئافاق خوجا ئەجدادلىرىمىزغا تاڭغان «ئىشىق»، «ئاشىق»لىق يولى شەك ـ شۈبھىسىزكى، نەشىخورلۇق، مەستخۇشلۇق (چېكىمخورلۇق يىلەن كاردىن چىقىش)، كەسپىي بەڭگىلىشىش يولى دېگەنلىكتۇر. دېمەك، جانابىي ئافاق خوجا تارىختا ئەجدادلىرىمىزغا تاڭغان «جىنسىي گۇناھ»تىن ساقلىنىش، «ئاشىق»لىشىش، «خۇدانىڭ ئىشقىغا ئۆزىنى ئاتاش» دېگەندەك «دىنىي مەجبۇرىيەت» لەر تېگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا تارىختا بىزگە تاڭغان مىللىي پاجىئە، مىللىي بۇزۇلۇش، مىللىي يوقىلىش ـ تۈگىشىشنىڭ باشلىنىش قەدىمى ۋە چىقىش بوسۇغىسىدۇر. تۆۋەندىكى تارىخىي پاجىئەلەر بۇ پىكرىمىزنىڭ ئەڭ غۇبارسىز دەلىلى ھېسابلىنىدۇ:

1) «تارىخىمىزدىكى ئىسلامىيەت» دېگەن قوليازمىدىن بىلىشىمىزچە، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ سۇلتانى ئىسمائىلخان زامانىدا تەبىئىي مىراس سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان قەشقەرىيەدىكى يۇرت ـ ماكانلار ھالىتى ئافاق خوجا زامانىنىڭ كېيىنكى چاغلىرىغا كەلگەندە ئەسلىدىكى 3784 ئەمىر بەگلىك يۇرتتىن 2400 «ئىشان بەگ»لىك يۇرتقا، ئائىلە (ھەر بىر يۇرت مىڭ ئائىلىدىن بولغاندا) 389 مىڭدىن 130 مىڭ ئەتراپىغا، نوپۇس ئەسلىدىكى تەخمىنەن تۆت مىڭ تۈمەندىن ئىككى مىڭ بىر يۈز تۈمەنگە، ئېرىق ـ ئۆستەڭ 2143 تىن 503 كە، تېرىلغۇ زېمىن بۇرۇنقى قىرىق مىڭ چارەكلىك تۆۋەنلەپ، بېجىرىم ئەر كۈچ-

لەرنىڭ مۇساپىرلىشىشى (سەرگەردانلىشىش، «ئاشىقى لاماكان» بولۇش) نىسبىتى ھەر ئالتە ئەرنىڭ بىرىنى ھاسىل قىلغان. «ئافاق خوجا ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى يۈرگۈزۈش جەريانىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئاۋات ـ مۇنبەت يەرلىرىنى ئىغىر ۋەيرانچىلىققا ئۇچراتقان. مەسىلەن، قەدىمكى چاش (ھازىرقى قارا شەھەر) ئەسلىي ئاۋات، باغۇ ـ بوستانلىق، توق، باياشات بىر ماكان ئىدى. ئافاق خوجا ئىلكىگە ئۆتكەندىن كېيىن:

‹ئىككىنزارلىق بولدى ئاڭا چارۋا مەيدان،
يەر، مەھەللە ھالى كېتىپ بولدى ۋەيران.
قەھەت بىسىپ ئەل ـ جامائەت بولدى سەرسان،
ئەتراپ چۆل، ھۆكۈم سۈردى مۇندا بوران›

بولۇپ كەتكەن» . («تەسەۋۋۇپ تونىغا ئورۇنىۋالغان ئافاق خوجا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ پاراكەندىچىلىك ئۆرۈشلىرى» ـــ ئاپتورى ھاجى نۇرھاجى).

تارىخىمىزدىكى ئىسلامىيەت» تە يەنە مۇنداق مەلۇماتلار بېرىلگەن: «ھەزرىتى ئافاق خان زامانىدا، ئۇ سايىبەن بولۇپ تۇرغان يۇرتلارنىڭ مۇسۇلمان قوۋملىرى ئارىلىرىدا مىيىت ـ جىنازا نامازلىرى ناگىھان كۆن ئۆزۈلمەي بولۇپ تۇرىدىغان ھەر قانداق چاقاردا (مەھەللىدە ـ كەنتتە ـــ ئا) ‹تەۋەللۇت› (تۇغۇت ـــ ئا) ئاي ئۆرۈلۈپمۇ سادىر بولمايدىغان ھادىسىگە باققان ئىردى... ئەلگە يېڭى ئات ـ يېڭى جان قوشۇلمىغان قىيامەت قايىم ئالامەتلىرى يېيىلغان ئىردى...» دىمەك، ئۇ چاغ ـ ئەزىز يۇرتىمىزنىڭ ئىگىلىرى توزۇپ، نەسلى ـ نەسەب ئىز باسارلىقى ئۈزۈلۈپ، دۇنيادىن قۇرۇپ كېتىش خەۋپىگە يۈزلەنگەن چاغ بولۇپ قالغانىدى.

2) ھاياتنىڭ، جۈملىدىن ئىنسانىنىڭ جىنسىي مەئىشەت، جىنسىي مۇئامىلە ۋە جىنسىي مۇناسىۋەتلىرىنى بوغۇپ، چەكلەپ ياكى مەلۇم كۆچ بىلەن مەلۇم رامكىلىق قاراشلار دائىرىسى بىلەن چەكلەش ـــ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مەڭگۈ مۇمكىن بولمايدىغان تەبىئىي قانۇنىيەتتۇر. «ئامېتى كەتكەن»، «نەس باسقان» خوتۇنلارنىڭ «ئىمان»ىنى «يېڭىلاش»قا كۆنۈپ كەتكەن ئافاق خوجا ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرىنىڭ «جىنسىي گۇناھتىن ساقلىنىش»، «جىنسىي گۇناھ» قىلغانلارنى چەكلەش، جازالاش چاقىرىقى بىلەن ھەرىكەت، قىلمىشلىرى قانداقتۇر بىزنىڭ يۇرت ـ ماكانلىرىمىزدا ئىنتايىن ئېغىر دىنىي گۇناھلارنىڭ ھېسابسىز كۆپىيىپ كېتىشىنى، مىللىي ئەخلاق ۋە مىللىي خۇسۇسىيەتلىرىمىزنىڭ بۇزۇلۇپ، ياۋايىلىشىپ كېتىشىدەك نىجىسلاشقان ئىجتىمائىي «مىللەت ئادەت»لىرىمىزنىڭ يامراپ بېرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇنداق «دىنىي تىزگىنلەش» چارىسىنى شۇنداق پەرەز قىلىپ بېقىشقا بولىدۇكى، گۈلخان، گۈلەخلەردە جىنسىي جۈپتى ھەمراھسىز يۈرۈشكە، «ئاشىق» بولۇشقا كۆنگەن قارايىس، قارام نەشىخور، مەستخۇش «ئاشىق»لار جىنسىي شەھۋانە ئىشتىھالىرى قوزغىلىپ كەتكەندە، ئۆز ئىشتىھالىرىنى يەنە بىر خۇدا ئۇرغان ياۋاش، بوزەك بىچارە «ئاشىق» بۇرادەرلىرىدىن زورلۇق ياكى پەمى ئىلاج بىلەن قاندۇرماي قېلىشى مۇمكىنمۇ؟ جەمئىيەتتە تەدرىجىي جىنسىي پاجىئەلەر ۋە جىنسىي ۋەيرانچىلىقلارنىڭ ئۇلغىيىپ ۋە كۆپىيىپ بارماسلىقى مۇمكىنمۇ؟ جەمئىيەت كەسپىي پاھىشۋازلىق، كەسپىي غىتمەكچىلىك، بولۇپمۇ «سوپى ئاشىق»لار جىنسىي ماجىرا ـ جېدەللىرىنىڭ قەبىھ ئاقىۋەتلىرىگە دۇچ كەلمەي مۇمكىنمۇ؟

شەك ـ شۈبھىسىزكى، جەمئىيەتتە جەمئىيەت خاراكتېرلىك فىزىئولوگىيەلىك ئىنسانىي جىنسىي تۇرمۇشنى ۋە جىنسىي مۇناسىۋەتلەر سىستېمىلىرىنى ھەر قانداق شۇئار، ھەر قانداق يول ۋە ھەر قانداق چارە ـ تەدبىرلەر بىلەن چەكلەپ قويۇشقا ئۇرۇنغان ھەر قانداق زوراۋان كۈچ، ھەر قانداق «ئەۋلىيا» زات تەبىئىيكى، جەمئىيەتتە پەۋقۇلئاددە نەسلى ـ نەسەب جىنايىتى سادىر قىلغاندىن بۆلەك، سانسىزلىغان جىنايى پاجىئەلەرنىڭ يامرىشىغا، ئاقىۋەتتە شۇ جەمئىيەت، شۇ خەلقنىڭ ھالاكەت ئاقىۋىتىنى تېزلىتىشكە سەۋەب بولىدۇ، خالاس. ھۆرمەتلىك

ئەدىب ماسۇت ئىسلام ئۆزىنىڭ «بەلەن گەپلەر» دېگەن خاتىرىسىنىڭ «ئەيىبلىرىمىز» دېگەن قىسمىدا ئافاق خوجا «ئاشىق»لىرىنىڭ زامانى ئاۋۋالدىكى قىلىقسىزلىقلىرى توغرىسىدا توختىلىپ: «قارام ـ بەدقىلىق ‹ئاشىق› لار پەيلى ـ ئېتىبارلىرى بۇزۇلۇپ، خۇمارى كەيپلىرى ئۆر-لەپ، ساما قىلىپ چۆرگىلەپ، ‹ئىبادەت› لىرىدىن خالىي بولغاندا، يا-مانلىرى قاۋاندەك قاراملىشىپ بەزى بىقۇۋۇل ‹ئاشىق›لارغا، مەز-لۇملارغا خۇدا ئالدىدا تۆگكۈسىز جىما زورلۇقى (جىنسىي تاجاۋۇز) سادىر قىلىشاتتى. ‹غېرىب بەچچە›، ‹غىتمەك سوپى›، ‹غىتمەك ئا-شىق›، ‹ۋۇلۇق› (جىنسىي تاپاۋەتكە بېرىلگەن كەپسىز خوتۇن ـــ ئا)، «دۇم غىتمەك›، ‹دەرتمەن بۇۋى›، ‹كۆز بۇۋى›، ‹لالما خوتۇن› دەيدىغانلار ئەنە شۇنداق قاۋاندەك قاراملاشقان نىجىس ‹ئاشىق› لارنىڭ قىلمىشلىرى بىلەن پەيدا بولۇپ قالغانلار ھېسابلىناتتى.» خوش، د. بەاء ئافاق خوجىنى تارىختا «جىنسىي گۇناھ» نى چەكلەش باھانىسى بىلەن ئەجدادلىرىمىز ئارىسىدا قانداقتۇر غەيرىي جىنسىي جى-نايى پاجىئەلەرنىڭ پەيدا بولۇش، داۋاملىشىش جەريانىغا ئۇل سېلىپ بەرگەن نىجاسەت «داھىي» ى دەپ ئاتاش ئانچە ئاشۇرۇۋەتكەنلىك بولمايدىغاندەك قىلىدۇ.

3) «ئاشىق» بولۇشنىڭ ئۆلچىمى ـــ قانغۇدەك نەشە چېكىپ، بۇ دۇنيانىڭ ھەممە ئىشلىرىنى ئۇنتۇپ، ئۆزىنى خۇدانىڭ ئىشقىغا ئاتاش ـــ ئافاق خوجىچە «مۇسۇلمان»چىلىقنىڭ بىرخىل شەكلى قىلىنغان. «پىدائىيلارنى نەشە چەكتۈرۈپ مەست قىلاتتى. ئۇلار نەشىگە ئادەتلىنىپ، ئۇنىڭسىز ياشىيالمايدىغان ھالەتكە كەلگەنىدى. ئۇلار نەشە چەك-كۈسى كەلگەندە نەشە بېرىمەن، دەپ خەتەرلىك ئىشلارغا بۇيرۇيتتى. ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلغاندىن كېيىن ئۇلارغا نەشە بېرەتتى ۋە ‹جەننەتنى› گە كىرگۈزەتتى...» («شىئە ـ ئىسمائىلىيە مەزھىپى ۋە ئۇ-نىڭ تارىخى توغرىسىدا»دىن). ئاتاقلىق تەرىقەت روھانىيلىرىدىن بىرى ھەسەن ساباھ دېگەن كىشىدىن بۇ خىل «دىنىي كەشپىيات» نى ئۆز-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لەشتۈرگەن ئافاق خوجىنىڭ كارامىتى بىلەن 17 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن ئېتىبارەن ئۇيغۇر دىيارىدا نەشە كەندىرى تېرىش، نەشە ئىشلەش، سېتىش، تارقىتىش، چېكىش، چەتكە چىقىرىش، چىلاپ ئىچىش... ئومۇمەن «ھالال كەسىپ»، «توغرا كەسىپ»، «خۇدالىق كەسىپ» بولۇپ ئومۇملىشىشقا باشلىغان (بۇ خىل ئومۇملىشىش ــ ھازىرقى مىللىي تەركىبىمىزنىڭمۇ ئەڭ ئېغىر زەخمىسىدۇر، ئەلۋەتتە). بىزگە مەلۇمكى، نەشە چەككۈچىلەر بولۇپمۇ كەسىپي بەڭگىلەر ئومۇمەن قورقۇنچاق، پىكىر، تەپەككۇر قابىلىيىتى تۆۋەن، ئاش قېپى، زەئىپ، تەرسا، چېچىلاڭغۇ، ئىش ـ ئەمگەككە ئاجىز، ئەخمەق، لاپخور، خىيالپەرەس، شاللاق، تەرى سۆرۈن، گەپلىرى توڭ، ھەرىكەتلىرى قىلىقسىز، ئەقلى پالەچ كېلىدۇ. دېمەك، ئافاق خوجا تارىختا بىزنىڭ مىللىي تەركىبىمىزدىن ئەنە شۇنداق ناباب، زەئىپ «ئاشىق» ئادەملەر تۈركۈملىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىققان ۋىجدانسىز «كەشپىياتچى»دۇر. ئەگەر ئۇ «زات»نىڭ تارىختىكى «پىر»لىق «ئىناۋىتى» بىلەن ھېسابلىشىش توغرا كەلسە، دەرۋەقە ئۇ «ئىناۋەت» يۇقىرىقىدەك «ئاشىق» ئىنسانلارنىڭ پاجىئەلىرىگە يانداشقان ئەڭ ئىپلاس قارا ئىناۋەتتۇر. ياراتقان تەڭرى ئۇ «زات»نىڭ ھەم ئۇنداق «زات»لارنىڭ ياتقان جايىنى ئەبەدىلئەبەد دوزاختىڭ تۆرىدە، ئەلنىڭ قارغىش، نەپرەت دۇئالىرىنىڭ قايناپ تۇرغان كۆلىدە ساقلىغاي.

بۇ دۇنيادا زالىم قالالماي ئەبەد،
ئۇنىڭغا قالىدۇ مەڭگۈلۈك لەنەت.

(شەيخ سەئدى)

## 4. قوْيوْندىن كەلگەن «ئەۋلىيا» توْردى خوجا توغرىسىدا

### 1) «ئەۋلىيا»نىڭ ئۆمۈر يىللىرى

ئەسكەرتىش: تارىخىي ئوچېرك شەكلىدە يېزىشقا توغرا كېلىۋاتقان بۇ ماقالەمنىڭ (پەقەت تارىخ قىسمىنىڭلا) ئىدىيەۋى قۇرۇلمىسى (تەھلىل، باھا، خاراكتېر ۋە يەكۇنلەر) نى ھۆرمەتلىك جامائەتچىلىكىمىزنىڭ مۇلاھىزىلىرىگە تاشلاپ ئۆتۈشنى زۆرۈر بىلدىم.

* * *

ئۇيغۇر دىيارىنىڭ 18 - ئەسىردىكى پاسسىپ سىياسىي ۋەزىيىتىنى ئەينى چاغلاردا مانجۇ خانلىقىنىڭ مەقسەتلىرى پەيدىسىغا توغرىلاپ ئۆزگەرتىش بويىچە تارىخىمىزدا ئەجەللىك قىلمىش سادىر قىلغان، كېيىنكى زامانلار ئۈچۈن ئۆچمەس ئىز قالدۇرۇپ ئۆتكەن مەشھۇر سىياسەتۋاز خوجىلار «داھىي»لىرىدىن بىرى — «ئەۋلىيا» توْردى خوجىدۇر.

يازما مەنبەلەردىن بىلىشىمىزچە، توْردى خوجا — 1714 - يىللىرى ئافاق خوجىنىڭ پەر نەۋرىسى (كارامىتۇللا خوجىنىڭ نەۋرىسى)، خوراسانغا مۇساپىر مۇسا ئىشان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1740 - يىللىرى ئەتراپىدا دادىسى بىلەن قومۇل، توْرپان تەرەپلەردە پەيدا بولۇپ، خۇددى «تارىخىمىزدىكى ئىسلامىيەت» تە تەكىتلەنگەندەك: «ئىشقىيە» چىلەرگە نۇسبەت تىلەش، «داستار»لار باش كۆتۈرۈش (ئافاق خوجا ئەۋلادلىرىنىڭ «ھاكىمىيەت» شۆھرىتىنى قايتىدىن تىكلەش — كەلگۈسىگە ئۇلاپ كېتىش) مەزمۇن قىلىنغان «دىننى پاكلاش» كۈرىشىنى مەخپىي قانات يايدۇرۇشقا كىرىشكەن. 1742 -

www.uyghurkitap.com

يىللىرى دادىسىدىن يېتىم قالغاندىن كېيىن قومۇل، تۇرپان، كورلا
بۆگۈن تەرەپلەردە «بىچارە مۇساپىر» چىلىقتا قالغان بەزىبىر «ئاق تاغ-
لىق» ئىشانلارغا يولۇقۇپ، شۇ چاغلاردىكى ھاكىمىيەتنىڭ نۇقتىسىنى
تۇتۇۋاتقان «قارا تاغلىق» خوجا ياقۇپ (خوجا جاھان، خوجا جاھان
ئەرشى) ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇش غەرىزىدە ھەرىكەت ئېلىپ بارغان.
1743 ـ يىلى كۆزدە ئۇنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرى ئۆز رەقىبلىرى تەرىپىدىن
سېزىلىپ قېلىپ تۇتۇلۇش پەيتىگە كەلگەندە قېچىپ يوقالغان. 1756
ـ يىلىغىچە پامىر، قارا قۇرۇم تاغ تىزمىلىرىدىكى قىر خەلقلىرى ئارى-
سىدا «ئىستىقامەت» ھەرىكەتلىرىدە بولۇپ، «ئەۋلىيا»لىق بېشارەتلىرىنى
كۆرسىتىپ يۈرۈپ «قىر قوۋملىرىنىڭ پىرى»، «داھىي» سى، «ئەۋلى-
يا» سى بولۇپ باش كۆتۈرگەن. 1757 ـ يىلىدىن ئېتىبارەن بۇ
ئەتراپتا قەشقەرىيەنىڭ كېيىنكى ھۆكۈمرانلىقى ئۈچۈن كۈچ توپلاپ
يۈرگەن قاچاق ھەربىي ئىشان ھۈسەيىن (ئەركەك خوجا — ئا) گۇ-
رۇھى (بەزى ماتېرىياللاردا تۇردى خوجىنىڭ ھۈسەيىن خوجا بىلەن
بىر نەۋرىلىكى قەيت قىلىنغان — ئا) غا قوشۇلۇپ، «ئۇلۇغ ئىشلار»
تەييارلىقلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. مەسىلەن، پامىر، قارا قۇرۇم تاغلى-
رىدىكى يەرلىك قىرغىزلارنىڭ سەركەردىسى باتۇر بەگ، «ئاق تاغ-
لىق» لارنىڭ سابىق قوشۇن بەگلىرىدىن بىرى سانالغان پەرسا خو-
جا، «شاھى قۇزات ھۈسەيىن»، «قۇرئەنداز پىر» — مامۇت خوجا قا-
تارلىق «يەتتە ئۇلۇغ زات» تىن تەركىب تاپقان مەشھۇر «ئىشقىيە
مەشھۇرىيەتى» (مەشھۇر ئىشقىيە ھاكىمىيىتى — ئا) تەشكىلاتىنى
قۇراشتۇرغان. «تاغ قوۋملىرى» دىن ھەربىي كۈچلەرنى دوپلىغان.
1758 ـ يىلى قەشقەردە ئۆزلىرى بىقىنىپ تۇرغان مانجۇلار ھاكىمىيە-
تىگە قارشى چوڭ كۆلەملىك قوراللىق ئىسيان كۆتۈرگەن بۇرھانىددىن
خوجا ۋە خوجا جاھان (خوجا ياقۇپ) كۈچلىرى بىلەن مانجۇلار قو-
ماندانى جاۋخۇي كۈچلىرى ئوتتۇرىسىدا چوڭ قىرغىنچىلىق ئۇرۇشى
پارتلىغاندا، تۇردى خوجا ئۆز كۈچلىرى بىلەن قەشقەرىيەنىڭ كەلگۈ-

سى خوكۇمرانلىقى تەمەسى بىلەن «تاغدىن چۈشۈش» پەيتىگە تەخلە-
نىپ پۇرسەت كەتكەن. شۇ يىلى كۈزدە جاۋخۇي قوشۇنلىرى يېڭى-
سار، يەكەنلەردە يېڭىلىپ پامىر، قارا قۇرۇم ئېدىرلىقلىرىنىڭ قىزىلقىر
— ئاپىتايلاق تەرەپلىرىگە چېكىنىپ تىقىلىپ قالغاندا، جاۋخۇينىڭ
قولغا كەلتۈرۈشى بىلەن تۇردى خوجا ئۆز كۈچلىرىنى قورشاۋدا تۇر-
غان جاۋخۇي كۈچلىرىگە ياردەملىشىشكە قوزغاتقان. بەزى تارىخىي
خاتىرىلەردىن بىلىشىمىزچە: مانجۇ قوماندانى جاۋخۇي قورشاۋدا قېلىپ
تۈگىشىپ كېتىش ئاقىۋىتىگە دۇچ كەلگەندە يەنىلا خوقۇق كۆزلىگۈچى
تۇردى خوجا گۇرۇھى بىلەن ئىزدەپ ئالاقىلىشىپ، ئۇلارغا بۇ تەرەپ-
لەرنىڭ كەلگۈسى چوڭ خوقۇقنى يېتەرلىك ئۆتكۈزۈپ بېرىش ۋەدىسى
بىلەن ئۇلارنىڭ ئالاھىدە ھەمكارلىقىنى قولغا كەلتۈرگەن.

خەنزۇ تەتقىقاتچى جىن داچۇن بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق يازى-
دۇ: «1758 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى ئارمىيەسى يەكەن دەرياسىنىڭ
يۇقىرى ېقىنىدىكى قاراسۇ دەرياسى بويىدا 40 كۈنلەپ قاتتىق مۇھا-
سىرىگە ئېلىنىپ قالىدۇ. دەل شۇ پەيتتە خوسەيىن ۋە ئۇنىڭ جىيەنى
تۇردى خوجا ئىككىيلەن قىرغىزلارنىڭ قەبىلە باشلىقى باتۇر بىلەن
بىرلىكتە ئەسكەر باشلاپ كېلىپ، قەشقەر، يېڭىسارلارغا يۈرۈش قى-
لىپ، چوڭ ـ كىچىك خوجىلارنىڭ ئارقا سېپىگە ھۇجۇم قىلىدۇ.
ئۇلارنىڭ قەشقەر بىلەن يېڭىسارغا ھۇجۇم قىلىپ كېلىشى چوڭ ـ
كىچىك خوجىلار كۈچلىرى ئۇچۇن ناھايىتى قاتتىق زەربە، چىڭ
سۇلالىسى ئارمىيەسىگە نىسبەتەن ئىنتايىن زور ياردەم ئىدى. ئۇزاق
ئۆتمەيلا خوسەيىن، تۇردى قاتارلىقلار چىڭ سۇلالىسىنىڭ خوكۇمرانلى-
قىنى قوبۇل قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى تەنتەنە بىلەن جاكارلىغان①»
بەزىبىر تارىخىي مەنبەلەردىن بىلىشىمىزچە: قوماندان جاۋخۇي تۇردى
خوجا باشلىق بىر قانچە خوجىنىڭ بۇ قېتىمقى چوڭ تۆھپىلىرىنى يۇ-

① جىن دا ۋېي: («ۋەتەن بىرلىكىنى قوغدىغان خوسەيىن ئائىلىسى»، «شىنجاڭ گېزىتى» 1980 ـ
يىل 19 ـ ئىيۇن سانىدىن).

قىرى باھالىغان. بىر قانچىسىنى خان تەزىمى ئۈچۈن «غەربىي دىيار ئۇلۇغلىرى» ھېسابىدا چەنلۇڭ خان ھۇزۇرىغا — بېيجىڭغا ماڭغۇزغان. 1759 - يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىدا چەنلۇڭ خان تۇردى خوجىنى بېيجىڭدىكى ئوردىسىدا قوبۇل قىلغان ھەم «پەيغەمبەر ئەۋلادى» دەپ يارلىق جاكارلاپ 1 - دەرىجىلىك ياساق تەيجى مەنسىپىنى بېرىپ، بېيجىڭدا قېلىشنى ئورۇنلاشتۇرغان. 1762 - يىللىرى ئەتراپىدا ئوتتۇرانچى گۇڭلۇق مەنسىپى ئاتا قىلغان.

خەنزۇ تەتقىقاتچى شاۋ ژىشىنىڭ «ئىپارخانغا دائىر تارىخىي ماتېرىيالنىڭ يىغىندىن تېپىلىشى» دېگەن ئەسىرىدە تەكىتلىنىشىچە: «چەنلۇڭنىڭ 24 - يىلى 12 - ئاينىڭ 13 - كۈنى (1760 - يىلى 1 - ئاينىڭ 30 - كۈنى — ئا) تۇردى خوجىنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىمۇ بېيجىڭغا يەتكۈزۈلۈپ، بېيجىڭنىڭ دۆڭسى 6 - كوچىسىدا 22 ئېغىزلىق ھۆكۈمەت ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ھەم تۇردى خوجا ئائىلىسىگە ئۆي بىساتلىرى، خىزمەتچى مالاي، كىيىم - كېچەك، ئات، ئېگەر، جابدۇق، ھەر خىل قورال - سايمان، مۇلازىم بۇيۇملىرى... تەييارلاش، ئىشلىتىش راسخوتى ئۈچۈن دۆلەت خەزىنىسىدىن 500 سەر كۈمۈش ئاجرىتىپ بېرىلگەن. تۇردى خوجىنىڭ ھەر يىللىق مائاشى 100 سەر، ياردەم مائاشى 20 سەر قىلىپ بېكىتىلگەن...»

تۇردى خوجا تەخمىنەن 1762 - يىلى ئەتراپىدا ئوتتۇرانچى گۇڭلۇق مەنسىپىگە ئولتۇرغاندا چەنلۇڭ خان ئوردىسىنىڭ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشى بىلەن خان جەمەتى — خەنزۇ مەلىكە سۇ دېشاڭ خېنىمغا ئۆيلەنگەن. كېيىنرەك ئۇنىڭغا «ئىمان ئېيتقۇزۇپ» ئىسمىنى «دىلشاد بۇۋىم» گە ئۆزگەرتىپ بىللە «خۇدايى بەندىچىلىك» تۇرمۇشى ئۆتكۈزگەن. بەزى تارىخىي خاتىرىلەردە تۇردى خوجا ئۆزىنىڭ بىر نەۋرە سىڭلىسى 26 ياشلىق گۈزەل مەزلۇمە — مەختۇمە چوكان (رىۋايەتلەردىكى «ئىپارخان» — ئا) نى ئائىلە - تەۋەلىرى بىلەن بىللە بېيجىڭغا ئەكەلدۈرۈپ، 1760 - يىلى كۈزدە چەنلۇڭ خانغا كىچىك خو-

تۇنلۇققا توي قىلىپ قويغانلىقى قەيت قىلىنغان. خەنزۇ ئەدىب جىن داچۇن 1980 ـ يىلى 19 ـ ئىيۇندا چىققان «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئېلان قىلغان «ۋەتەن بىرلىكىنى قوغدىغان ھۇسەين ئائىلىسى» دېگەن ماقالىسىدە بۇ قەيتكە ياندىشىپ مۇنداق يازىدۇ: «بۇ خوجاملارنىڭ (تۇردى خوجىلارنى دېمەكچى ـــ ئا) بېيجىڭغا كۆچۈرۈلگەن ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرى ئىچىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغان بىرى بار، ئۇ بولسىمۇ داڭدار «ئىپارخان» ئىدى...»

تۇردى خوجا 1759 ـ يىلىدىن 1779 ـ يىلىغىچە بېيجىڭدا «1 ـ دەرىجىلىك تەيجى». «ئوتتۇرانچى گۇڭ»لۇق مەرتىۋىلىرى بىلەن 20 يىل خىزمەت كۆرسىتىپ، 1779 ـ يىلى قىشتا 65 يېشىدا بېيجىڭدا قازا تاپقان. ئوغلى بولمىغانلىقى ئۈچۈن جىيەنى توختى خوجا ئۇنىڭ مەنسىپىگە ۋارىسلىق قىلغان. تۇردى خوجىنىڭ جەسىتى چەنلۇڭ خاننىڭ بۇيرۇقى بويىچە قەشقەرگە يۆتكەپ كېلىنىپ، ھازىرقى ئافاق خوجا مازىرىغا دەپنە قىلىنغان. خەنزۇ ئەدىب شىن شى ئۆزىنىڭ «ئىپارخان ھەققىدە ھېكايە» دېگەن ماقالىسىدە بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق يازىدۇ: «بېيجىڭدا چوڭ ئەمەل تۇتقان تۇردى خوجا بەختكە قارشى كېسەل بولۇپ ئۆلۈپ كېتىپتۇ. خاننىڭ ئەمرىگە بىنائەن ئىپارخاننىڭ خەنزۇ يەڭگىسى سۇ بىشاڭ ئۇنىڭ جەسىتىگە دورا چېچىپ 124 كىشىگە (ئۇلار تۇردى خوجىنىڭ بېيجىڭدىكى ئۇيغۇر مۇرتلىرى ئىكەنلىكىدە شەك يوق، ئەلۋەتتە ـــ ئا) كۆتۈرتۈپ، ئۈچ يېرىم يىل يول يۈرۈپ ئاخىر قەشقەرگە ئەكېپتۇ ھەم ھەشەمەتلىك مازار (گۈمبەز دېمەكچى ـــ ئا) غا دەپنە قىپتۇ. سۇ بىشاڭ قەشقەردە ئېرىنىڭ قەبرىسىنى تاشلىماي بەش يىل تۇرۇپ، نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلىپ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. جەسىتى شۇ مازار (ئافاق خوجا مازىرى، ئەلۋەتتە ـــ ئا) غا قويۇلۇپتۇ.»

دېمەك، «ھەزرىتى» تۇردى خوجىنىڭ تارىختىكى بۇ خىل «شەرەپلىك» ئۆمۈر يىللىرىنى ئۇيغۇر دىيارىنىڭ 18 ـ ئەسىردە بۇيۇك چېك

سۇلالىسى دەپ ئاتىلىدىغان كاتتا دۆلەتنىڭ شەرەپلىك تەركىبىي قىسمى بولۇپ، پىرىنكىش تەقدىرىگە ئۇل سېلىش تۆھپىسى بىلەن بىيىجىڭدا ئۆمرى پەيزىنى سۈرۈش يىللىرى ھېسابىدىن شەرھلىگەندە ھەقىقەتەنمۇ ئۇ ئۆمۈر يىللىرىنى ئۇنتۇلغۇسىز، زادىلا ئۇنتۇلغۇسىز يىللار ھېسابىدىن ئەسلەپ تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

## 2) «ئەۋلىيا» تۈردى خوجىنىڭ «پەزىلەت»لىرى

«ئەۋلىيا» تۈردى خوجىنىڭ «پەزىلەت» لىرى (غايىۋى «پەزىلەت» لىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ئەلۋەتتە) دېگىنىمىزدە، 18 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا بىزنىڭ جاي ـ ماكانلىرىمىزدا ئۆزىنىڭ «دىنىي يولى» ـــ «مەشھۇدىيەتى ئىشقىيە سۇلۇكى» (ئافاق خوجا «ئىشقىيە سۇلۇكى») نى قايتا تىرىلدۈرۈش، يۈرگۈزۈش، مەشھۇرلاشتۇرۇش ئۇرۇنۇشىدا ھەرىكەت قىلغان، ئەل ئارىسىدا ئۆزىنى «تەرىقەت ئۇستازى»، ئەھياب پىر زات» (دىنىي، روھىي جەھەتلەردە يېڭى يول كەشىپ قىلغۇچى ـــ پىر ئۇستاز ـــ ئا) «روھىيەت ھۆكۈماسى» ئېلان قىلىپ، ئالەمدىن ئۆتكەن، 18 ـ ئەسىردىكى تارىخىمىزنىڭ سەلبىي نۇقتىلىرىدا تولىمۇ قەبىھ قىلمىشلىرى بىلەن ئالاھىدە ئۇچراپ، يادلىنىپ تۇرىدىغان، ئەينى زامان سىياسىي ھاكىمىيەتلىرىنىڭ سىياسىي، ھەربىي خىزمەتلىرىدىن بىرى ـــ ئالاھىدە قىلمىشگەر تۈردى «ئەۋلىيا» ۋە ئۇنىڭ «دىنىي» يولىنىڭ ئەڭ يىرىك نەتىجە ـ ئاقىۋەتلىرىنى نەزەردە تۇتىمىز.

(1) لەنىتى خۇشامەتچى: مىنىگچە، خۇشامەتكارلىق تېگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا، كىشلەرنى خۇشامەتچىگە، خائىن ـ مۇناپىققا، رەزىل، مۇتەھەمگە ئايلاندۇرۇۋېتىدىغان ۋىجدانسىز، نىجىس كىشلەر ئىدىيەسىنىڭ ئىجتىمائىي ئىنكاسىدۇر. تارىختا «ئىشقىيە» چى سوپى ـ ئىشانلارنىڭ «خاسىيەتلىك مۇئەللىپى» نامى بىلەن ئاتىلىپ، 1930 ـ يىللارغىچە داڭق چىقىرىپ ئالەمدىن ئۆتكەن مەشھۇر جاھالەتچى مۇئەللىپ شاھ نەزەر خاراباتى ئەنە شۇنداق خىسلەتكە مەنسۇپ ئەدىبلەردىن بىرى ھې-

سابلىنىدۇ. ئۇنىڭ بۇ خىسلىتى بىزنىڭ 18 ـ ئەسىردىكى مىللىي، دىـ
نىي ئىدىئولوگىيە تارىخىمىزدىكى پەۋقۇلئاددە سەلبىي ئىدىيە ــ تۇردى
خوجا «دىنىي يولى» («دىنىي ئىدىيەسى») نى ئىجابىي «يول» قىلىپ
پەردازلاپ، ئەل ئۇچۇن چۇشەنچە بۇراشتەك (ئاقنى قارا، قارىنى ئاق
قىلىپ ئارىلاشما «ئىدىيە» ھاسىل قىلىشتەك) يالغانچىلىق ئىستىلى بىـ
لەن ئەمەلىيەتلەنگەن. ئۇنىڭ ئالاھىدە سەلبىي يازمىشلىرى بىلەن تاـ
رىختا مەشھۇرلانغان تۇردى خوجا ھەم ئۇنىڭ ئاتالمىش «دىنىي يولى»
توغرىسىدا يېزىپ كەتكەن يازمىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئەنە شۇنداق
«بوياقچىلىق» ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ «ئۇلۇغلار تەرىپاتى» ناملىق
قولىيازمىسىدا كۆز بويامچىلىق بىلەن مۇنداق يازىدۇ:

«تۇردەش پىرىم ئىسلام ئەھلىنىڭ پاسىيانى، نىجادكارى، بىغۇبار
ئەۋلىياسىدۇر. ھەزرىتى مۇھەممەد سەللەللاھى ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسەبىـ
لىرىدىندۇر. تۇتقان يولى ھەزرىتى ئافاق ۋەلىيۇللانىڭ كېيىنكى
زامانلارغا مۇبارەك نەمۇنە قىلىپ كەتكەن (ئىشقىيە) يولى ئېردى. ھەمەـ
مە مۆمىن رەئىيە زار ـ زار يىغلاپ، تەڭرىگە سېغىنىپ مۇسۇلمانلارـ
نىڭ نىجادلىقىنى، زالىملارنىڭ زاۋاللىقىنى، دىنىي ئىسلامنىڭ پاكلىقىنى
تىلەپ، دۇئا ـ ئىلتىجا بىلەن تۇرغان زامانلارنىڭ بىرىدە تەڭرىنىڭ
بېشارىتى بىلەن ئۇل زات خۇددى روھىي ئىقلىمغا خىزىر ئەلەيھىسسالام
مۇسەللىك بۇ تەرەپلەردە باش كۆتۈردىلەر. ئەھلى خالايىقنى ھەزرىتى
ھىدايىتۇللا ئەۋلىيا زاتىنىڭ (ئىشقىيە) يولىغا يېتەكلەش ئەجرىگە تۇتۇنـ
دىلەر. پۈتۈن ئۆمرى ھاياتىنى مۇسۇلمانلارنى ئەزىز ۋە يۇقىرى قىلماقـ
قا، (ئىشقىيە) ئەھلىنى نۇرلاندۇرماققا ئاتىغان ئىردىلەر. بۇ زات بۇ دىـ
يارنىڭ مۆمىن بەندىلىرىگە نېسىپ بولغان ئاسايىش (ئەۋلىيا) سىدۇر.
ئۆمرىنى رەئىيەگە ئىمان يولى، ئىمان خىسلىتى، ئىمان تىلى، ئىمان
رىسالىسى ۋە ئىمان ساداسىنى بىلدۈرۈش، سىڭدۈرۈشكە ئاتاپ ئۆتـ
كەن. قارا قۇز، بورقۇم قوۋملىرى (پامىر، قارا قۇرۇم ئاھالىلىرى ــ
ئا) پىرىمنىڭ 11 قەنەلىك (11 يىللىق دېمەكچى ــ ئا) خاس مۇرت ـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يارانلىرى بولغان. پىرىمىز يات پىرلىقلارنى زاتەن يات بىلگەن. باتىل بەندىلەرگە (دىنىدا بۇزۇلغان مۇسۇلمانلارغا دېمەكچى ـــ ئا) تەلىم ـ تەنبىھ بېرىشكە ماداراسىز بولغان، دۇئايى بەنت قىلىۋەتكەن. ناپىللارغا (غەپلەتتە قالغۇچى مۇسۇلمانلارغا دېمەكچى ـــ ئا) توغرا يول كۆرسەتكەن. ئۇ زات تەۋرىسە ئەل تەۋرەر ئىردى. ئىسلام ھېچقاچان شۇ زات زامانىدىكىدەك قۇدرەت تاپقان ئەمەس ئىردى. ئول زاتنىڭ نىيەت، دالالەت، بېشارەتلىرىدىن بەھرى ئەمگۈچىلەرنىڭ مۇراد ـ مەقسەتلىرى بىتەھقىق ھاسىل ئىردى. دالالەت، دۇئا، نەزەر، ئەمرى ـ مەرۇپلىرى بىلەن بۇل تەرەپلەر بېھىش قىياپىتىدە راۋاج تاپقان. خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەرىكەتلىرىگە قانغاندۇر. ئىمانغا، رىزىق ـ مەئىشەتكە تولغاندۇر. پىرىم رازى خۇدا رازىدۇر. پىرىمىزدىن تەخسىرەت كەتكەنلەر ھەر ئىككىلا (ئالەمدە) بەدبەخت، بىئىمان كەتكەن. پىرىمىز دىن چىرىغىمىزنى قۇۋۋەت تاپتۇرۇش ئۈچۈن يەتتە ئىقلىمنى يەتتە مەرتە كەزگەن (ھازىرقى شىنجاڭنىڭ ئۇ زامانلاردىكى شەھەر، بازارلىرىنى، بۇخارا، بەلخ، بېيجىڭ... قاتارلىق جايلارنى بىر نەچچە يېتىمدىن كەزگەن دېمەكچى ـــ ئا) دۇئا ـ تىلاۋەتلەر قىلغان...»

بىز بۇنداق ئۇزۇن، ياسالما تەرىپاتلارنى يەنە باشقا بەزى «دىنىي» ئەپسانىۋى ئەسەرلەر ـــ مەسىلەن، «تەرىقەت بايانلىرى»، «تۇردەش خوجا تەزكىرىسى» دىنمۇ ھەر خىل تەرىپات شەكىللىرى بىلەن ئۇچرىتىپ كەلمەكتىمىز. بۇ خىل ئەپسانىۋى توقۇلمىلاردا ئومۇمەن يەنىلا تۇردى خوجىنىڭ «ئۇلۇغ»لۇقى، «ئىشقىيە» چىلىك «دىنىي يولى»، «جاسارىتى»، «خۇدا يولىدا كۆرسەتكەن دىنىي» خىزمەتلىرى، تارىختا مۇسۇلمان ئەجدادلىرىمىزغا ئاتا قىلغان «تۆھپە»لىرى، «دۇئا»، «ئىلتىپات»لىرىنىڭ نەمۇنە مىساللىرى، ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا «نەسەب» داشلىقى، ۋەھاكازا «ئۇلۇغ»لۇق خىسلەتلىرى تولىمۇ ئىجابىيلاشتۇرۇلۇپ ۋە كۆپتۈرۈلۈپ تەكىتلىنىپ كەلگەن ۋە ھەتتاكى ھازىرغىچىلىكمۇ بۇ خىل ئويدۇرما ئەپسانىلەرنىڭ داۋامى يەنىلا بىر قى-

ـسىم جاھالەتخۇمار شەخسلىرىمىزنى ئۆزىگە رام قىلىپ، جەمئىيىتىمىزدە تارىختىن كەلگەن يامان خاراكتېرلىك (سەلبىي) دىنىي چۈشەنچە تۇمانچىلىقنى پەيدا قىلىپ كەلمەكتە.

**(2) تەكرارلانغان جىنايەت غايىسى:** خۇشامەتچىكۆي مۇئەللىپ شاھ نەزەر خاراباتى يۇقىرىقى تەرىپاتىدا تەكىتلەپ شەرھلىگەن تۆردى خوجىنىڭ «مەشھۇدىيەتى ئىشقىيە» يولى يەنى «دىنىي يولى» زادى قانداق يول؟ نېمىنى مەقسەت قىلغان؟ ئەمەلىيىتى قانداق بولغان؟ جاۋاب شۇكى: «ئىشقىيە» — ئافاق خوجا 17 ـ ئەسىردە قەشقەرىيە مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا بۆلغا قويۇپ ئىجرا قىلغان «دىنىي تەرىقەت»نىڭ خاس نامى. «مەشھۇدىيەت» ئاتالغۇسى بولسا، 18 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ياشاپ «تەرىقەت»چىلىك قىلغان جاھالەتچى تۆردى خوجا تەرىپىدىن قوشۇلغان سۈپەت نامىدۇر. كۆزلەنگەن ئۇقۇم بولسا، «ئىشقىيە»نىڭ شۆھرىتىنى قايتىدىن مەشھۇرلاشتۇرۇش، قايتىدىن جانلاندۇرۇش.

دېمەك، ئافاق خوجىنىڭ 7 ـ ئەۋلاد پۇشتى تۆردى خوجا ئاللىقاچان تارىختا ئىزى ئۆچۈپ خارابلاشقان ئافاق خوجا «دىنىي» تەرىقەتى» — «ئىشقىيە» يولىنى 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا قايتا تىرىلدۇرۇش، شۆھرەتلەندۇرۇش غەرىزى بىلەن بۇ «سۇلۇك»نى ئۆز «ئىختىراسى» سۈپىتىدە قوراشتۇرۇپ ئوتتۇرىغا چىقارغان. ئۇنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى بولسا: مۇسۇلمانلارنى پۈتۈنلەي تەركىيدۇنيالىق يولىغا باشلاش، يەنى ۋەتەن، نەسلى ـ نەسەب، ئەجداد، ئەۋلاد ھېسسىياتى بولمايدىغان، ئىجتىمائىي ئىنسانچىلىق ئۆرۈنۇشلىرىدىن خالىي، ھەر قانداق ئىجتىمائىي ئىشقىي مۇھەببەت، ھەر قانداق ھۇزۇرى ئىستەكلەرنى ھەر ۋاقىت رەت قىلىپ ئۆتۈشنى ئۆمرىۋى مەجبۇرىيەت، خۇدى قەرز قىلغان. بىر تەن، بىر جان ئىنسانچىلىق قىلىش يولىغا باشلاش، تەپرىقىلەشتۇرۇش، نەسلى پېشكەلچىلىك (نەشخورلۇق، مەستخۇشلۇق، كەسىپى بەڭگىلىشىش، كاردىن چىقىش) ۋە نەسلى ـ نەسەبسىزلىك تەقدىرىگە كۆندۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر.

www.uyghurkitap.com

شۇنداق قىلىپ ئەڭ ئەشەددىي جاھالەتچى ئافاق خوجا 17 ـ ئە-
سىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە ئۇيغۇر دىيارىدا ئۆز غايىسىدىكى ــــ جاھالەت
تۇمانى «ئىشقىيە» سۇلۇكىنى قانات يايدۇرۇپ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ
تەقدىرىگە تۈزكورلۇق قىلمىشلىرى بىلەن زىيانكەشلىك قىلغان بولسا،
ئۇنىڭ نەسلى ـ نەسەبىدىن بولمىش تۇردى خوجا ئۆزىدىن ئاز كەم
بىر ئەسىر ئىلگىرى ئەجدادلىرىمىز تەرىپىدىن گۆم قىلىپ، تۈكۈرۈپ
تاشلانغان جاھالەت قىلتىقى ــــ «مەشھۇدىيەتى ئىشقىيە» يولىنى قايتا
تىرىلدۈرۈش، بەلكى بۇۋىلىرى قىلىپ ئۈلگۈرمىگەن يېڭىچە «ئىشقىيە»
كارامەتلىرىنى قايتىدىن پەيدا قىلىش، جانلاندۇرۇش ئۇرۇنۇشلىرى بى-
لەن مەيدانغا چىققان. بۇنى تەكرارلانغان ھىمايەت يولى ياكى كونا
جاھالەت بوھرانىنىڭ بىر ئەسىردىن كېيىنكى قارام پاجىئەسى دېيىشكە
بولاتتى، ئەلۋەتتە.

مېنىڭچە، بۇ يەردە شۇنىمۇ قوشۇمچە ئىزاھلاش لازىمكى، تارىخى-
مىزنىڭ 18 ـ ئەسىردىكى ئالاھىدە ئۆزگىرىشلىك باسقۇچى شارائىتىدا
«كەشىپ» قىلىنىپ شۇ زامان ھۆكۈمرانلىرىنىڭ مەقسەت ـ ئۇرۇنۇش-
لىرىغا مەنىۋى جەھەتتىن بىقىنىپ ياندىشىش ھېسابىدا رول ئوينىاپ
(بىر قىسىم ئەجدادلىرىمىزغا «دىنىي» قىسمەتلىك، «پېشانە» گە پۈ-
تۈلگەنلىك، «تەقدىر» بېشارەتلىرى بىلەن سىڭىپ ئۇلارنى زەئىپلەش-
تۈرۈش، قۇللاشتۇرۇش رولىنى ئويناپ) كەلگەن بۇ «دىنىي» يولنىڭ
تارىخىمىزدىكى ماھىيىتىنى، پاجىئەلىك نەتىجە ـ ئاقىۋەتلىرىنى تارىخىي
دەلىللەر ئاساسىدا پاش قىلىش، رەت قىلىپ تاشلاش مەلۇم نۇقتىدىن
ئالغاندا تولىمۇ ئەھمىيەتلىكتۇر. شۇنداقلا ئۆزلىرىنىڭ مۇسۇلمان مۇئەل-
لىپلىك ئۆمرىنى يۇقىرىقىدەك ساختا ئويدۇرما تارىخ ــــ «ئۇلۇغلار تە-
رىپاتى» نى تەييارلاشقا سەرپ قىلغان، ئەقلىي بىسانلىرىنى ئەجدادلى-
رىمىزنى ئاڭسىز «ئېتىقاد» قۇربانلىرىغا ئايلاندۇرۇۋېتىش، يىتەكلەپ
كۆندۈرۈشكە ئاتاشتەك يامان قىلمىشلارنى سادىر قىلغانلارنىڭ ئەپت
ـ بەشىرىسىنى مىللەت ئەۋلادلىرىغا بىلدۈرۈپ كېتىش ــــ ھەر بىر

ۋىجدانلىق، راستكوي قەلەم ئەھلى ئۈچۈن باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيەتتۇر. ھازىرقى چاغلارغىچە ئەنە شۇنداق يالغانچى مۇئەللىپلەر پەيدا قىلىشقان ئاتالمىش «دىنىي كىتاب»لار (ئىسلام دىنىنى نىقاب قىلىشۋالغان نەپسانىيەتپەرەس جاھالەتچى ئاپتورلار ئويدۇرۇپ چىقىرىشقان دىنغا زىت «دىنىي كىتاب» لار، ئەلۋەتتە) نىڭ تەسىرلىرىگە ئەسىر بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئاڭسىز «ئېتىقاد» قۇربانلىرىمىزنى ئاگاھلىق، ھەق چۈشەنچىلىك كىشىلەرگە ئايلاندۇرۇش، ئويغىتىش، جاھالەت مەنبەلىرىنى رەت قىلىۋېتىش قاتارلىق مەجبۇرىيەتلەرنى چوقۇم ئادا قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

**(3) پەدازدىكى بەدنىيەت:** بىز يۇقىرىقىدەك كونا مەنبەلەردە ئىجابىي سۈپەتلەر بىلەن تەرىپلىنىپ كەلگەن تۇردى خوجا ۋە تۇردى خوجا «دىنىي يولى» نىڭ ھەققىي ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرىشتە تۆۋەندىكى ئورۇنلۇق سوئاللارنى چۆرىدەپ قەلەم تەۋرىتىمىز: تۇردى خوجىنىڭ تارىختىكى «دىنىي يولى» زادى قانداق يول؟ راست «ئىمان» يولىمۇ؟ ئەمەلىيىتى قانداق؟ تۇردى خوجا ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرىنىڭ تارىختا بىزنىڭ بىر قىسىم ئەجدادلىرىمىزغا «دۇئا»، «ئىمان» سۆزى بىلەن سىڭدۇرۇپ كەتكەن «ئىمان يولى»، «ئىمان خىسلىتى»، «ئىمان تىلى» زادى قانداق ۋە نېمە ئەمەلىيەتلەردىن ئىبارەت بولغان؟ راستىنى بىلەن مۇسۇلمانلارنى ئەزىز ۋە يۇقىرى قىلماقچىمۇ، نۇرلاندۇرماقچىمۇ كۈچ سەرپ قىلغانمۇ؟ ئۇ دىنپەرۋەر، مۇسۇلمانپەرۋەر، خەلقپەرۋەرمىدى؟

تارىخىي پاكىتلارنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ ھەقلىق ھالدا شۇنى قەيت قىلىشقا بولىدۇكى، ئۇ خىل «دىنىي يول»لار — يەنى، تۇردى خوجىنىڭ «مەشھۇدىيەتى ئىشقىيە» دېگەن نامدىكى «دىنىي يولى» ئەمەلىيەتتە تۇردى خوجا تارىختا بىر مەزگىل داۋاملاشتۇرغان سىياسىي ھوقۇق يولى، تەپرىقاتچىلىق يولى، خەلقنى ۋەيران قىلىش يولىنىڭ خېرىدارىغا باب چىرايلىق زەھەر كۆنەك (ھەسەل يىغمايدىغان«قارا چايان» ھەرىلەر كۆنىكى — ئا) ى ياكى تەتۈر ئۇقۇملۇق مەھسۇلاتى-

دۇر. ئۇستاز تارىخچى موللا مۇسا سايرامى تارىختا ئۆتكەن خوجا ـ ئىشان ھۆكۈمرانلار، بولۇپمۇ ئاپاق خوجا نەسەبلىرىدىن بولغان «ئىشقىيە» چى ھۆكۈمران خوجىلارنىڭ ئەسلىي قىلمىش ئەپئاللىرى توغرىسىدا توختىلىپ مۇنداق يازغان: «خوجاملار بۇ يەتتە شەھەر بەلكىم پۈتۈن موغۇلستان ئۆلكىسىگە سىغىشمىدى. بىر قانچە تائىپەلەرگە بۆلۈنۈپ بىر ـ بىرىگە ھەسەت، ئاداۋەتلەر قىلىشىپ، ئۆزلىرىنى ھالاكەت ۋە زالالەتكە سېلىپ، ئىتتىپاقسىزلىق قىلىپ، بۇ يۇرت ئادەملىرىنى قالماق ياكى مانجۇغا تەۋە قىلىپ بېرىپتۇ. خوجاملارنىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرى يا مىللەتنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىگە ياكى سەلتەنەتنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرىغا مۇۋاپىق كەلمىدى. خالىغانچە ناشايان ئىشلارنى قىلىشقا باشلىدى.»

دەرۋەقە، جاھالەتچى مۇئەللىپ شاھ نەزەر خاراباتىنىڭ تۇردى، خوجا «خىسلەت» لىرى توغرىسىدا تەكىتلەپ كەتكەن «يات پىرلىقلار»، «غاپىللار»، «باتىل بەندە»لەر، «دۇئايى بەنت» قىلىنغانلار، «تەخسىرەت» كەتكەنلەر، «بەد بەخت»، «بىئىمان» لار خۇددى موللا مۇسا سايرامى يۇقىرىدا تەكىتلىگەن «سىغىشالماسلىق» لارنىڭ تۇردى خوجا چاغلىرىدىكى ئىز ـ ئىپادىلىرىدۇر. تارىخىي مەنبەلەردىن بىلىشىمىزچە: تۇردى خوجا 1740 ـ يىللاردىن 1770 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىغىچە ئۆتكۈزگەن ئالىي زاتلىق ئۆمۈر يوللىرىدا يەنى «ئىشان»، «ئۇستاز»، «ئەۋلىيا»، «روھىيەت ھۆكۈماسى»، «ياساق نەيجى»، «ئوتتۇرانچى گۇل»، «چەنلۇك خانغا قۇدا ـ باجا»، «غەربىي دىيار سەركەردىلىرىدىن بىرى» بولۇپ ئۆتكەن يىللىرىدا ئۆزىنىڭ بارلىق كۈچ ـ قۇدرىتىنى ئۆزىنىڭ شەخسىي ھۆكۈمرانلىقىنى، بولۇپمۇ سىياسىي ھۆكۈمرانلىقىنى چوڭايتىش، يۇرگۈزۈش، بۇ خىل ئۇرۇنۇشلىرىغا دەخلى قىلغۇچى، بولۇشمىغۇچى، ھېسداشسىز تۇرغۇچىلار دەپ قارالغانلار ئارىسىدا تەپرىقات، زىتلىشىش، قەتئىي قولاشماسلىقنەك قەبىھ ناكەسلىك ئىللەتلىرىنى چېچىش ھەرىكەتلىرىنى جانلاندۇرۇپ

ئۆتكەن. «تەزكىرەئى پىرياران» دىن بىلىشىمىزچە، تۇردى خوجا ئىسلامدا پ،قەتلا ئۆز چۈشەنچىسىنىلا ئاساس قىلىدىغان، ئۆز «پىر»لىقىنى پەقەت زورلۇق كۈچ ۋاسىتىسى بىلەنلا جامائەتلەشتۈرۈشكە تۇتۇنغان، كۈچ ـ ئىمكانىيەتلىرى يەتكەنلىكى جايلارنىڭ ھەممىسىدە «يات پىرلىق»، «باتىل»، «غاپىل»، «بىئىمان»، «بەد بەخت» لەرنى «دۇئايى بەنت» قىلىۋېتىش (قارغاپ غەزەپكە ئېلىشنى، جازالاشنى، «ئەل» نەپرىتىگە مۇپتىلا قىلىشنى — ئا) نى تۈپ «پىر»لىق كارامەتنامىسى قىلىپ تۇرغان. دېمەك، تۇردى خوجا ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرى ئۆز پەيتىدە ئۆزلىرىنىڭ «دىنىي يولى» غا كىرمىگەن، قارشى چىققان، ئىجتىمائىي ئىجادىيەت، ئىلىم ـ مەرىپەت يولىنى تۇتقان، ۋەتەن، مىللەت، خەلق غېمىدە ئىجتىمائىي، سىياسىي، دىنىي ساھەلەردە دۇرۇس ئادالەتلىك پائالىيەتلەردە بولغان، بارلىق ئەل ـ خالايىقنى ئۆزلىرىگە رەقىبلىك، ئۆزئارا بىئەپلىك «تەقدىر»ى مالامىتىگە دۇچار قىلىشقان، يەنى تەپرىقات ئۇرۇقلىرى چېچىپ كۆكلەتكەن. 1929 ـ يىلى قاغىلىق ئازغانسالدا ئالەمدىن ئۆتكەن ئەدىب، ئۆلىما سۇلتان باي ھاجىم ئۆزىنىڭ «بورقۇم ئەۋلىيا» دېگەن قوليازما ئەسىرىدە تۇردى خوجا ۋە تۇردى خوجا شېرىكلىرىنىڭ زامانىدىن بىزگىچە ئادەت شەكلىدە سوزۇلۇپ كەلگەن «قارا ئۇستىخان»، «ئاق ئۇستىخان» تەپرىقاتچىلىقى ۋەقەلىكلىرىنىڭ تارىخىنى مۇنداق شەرھلىگەن:

«تۇردەش خوجا ئامىتى غالىپ، ئۇستۇن، غەزەپلىرى چەكسىز، كارامىتى ئۇلۇغ، نەسەبلىرى خوجا كالان (ئافاق خوجىنىڭ بوۋىسى مۇھەممەتئىمىن ئىشان كۆزدە تۇتۇلغان — ئا)، تۇتقان تەرىقەتلىرى ئاق داستارلار تەرىقتى (خوجا كالانچىلار تەرىقتى دېمەكچى — ئا) دەر ئېردىلەر. ئول زات تاغ قوۋملىرى (قارا قۇرۇمدىكى ئازغانسال، گوسەس، چۈپ قاتارلىق 30 نەچچە كەنت ـ مەھەللىلەر كۆزدە تۇتۇلدۇ — ئا)غا ھۆكۈما، شەيخۇل ئەختاب، ئۇلۇغ بولۇپ ئۆتكەن زامانلاردا مەخدۇم زادىلەر («ئىسھاقىيە» سۇلۇكىدىكى «قارا تاغلىق»

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مۇسۇلمانلار دېمەكچى ـــ ئا) پىر ئەزىزانلىرى ئامەت ـ نۇسىبەتلىرىدىن ئاجراپ، ئاق داستارلار تەرىپىدىن زەپتە ـ زۇلمەتكە قاندىلەر. بۇ ئىشقا سەۋەب شۇلكى: ئۇل قوۋم ئەھلى تۆردەش ۋاڭ خوجا ئەقىدىلىرىنى دۇرۇس تۇتمىغان. نىزا ـ خۇسۇمەت يولىدا بولغان. شۇ ۋەجىدىن تۆردەش ۋاڭ خوجا تارىخىي ھىجرىيە 1168 ـ يىلدا بىر مەرتەم، 1173 ـ يىلدا بىر مەرتەم (1754 ـــ، 1759 ـ يىللىرى ـــ ئا) ئاق تونلۇق توقىيىدا ھازازۇل مەجلىس قىلىپ، شەرىئەت، تەرىقەت پېشۋالىرىنىڭ گۇۋاھ ـ شاھىتلىقىدا، تەكتى پاك ئەھلى مۇسۇلمانلارنىڭ (تۆردى خوجا مۇرتلىرىنىڭ دېمەكچى ـــ ئا) نام ـ شەرىپلىرى بىرلەن ئۇل كىشلەرنى زېمىن يۈزىدە تاڭلا مەھشەرگىچە ئەبەدىلئەبەد «قارا ئۇستىخان» ئۆتمەكلىككە ئەمرى ھۆكۈم (پەتىۋا ـــ ئا) قىلدىلەر. دۇئايى بەنت قىلدىلەر. بۇ تۆردەش خوجا زامانىسىدىن قالغان يادنامە قىلمىشدۇرلەر.»

قارا قۇرۇملۇقلار ئارىسىدا تۆردى خوجا زامانىدىن تاكى كېيىنكى چاغلارغىچە تۆردى خوجا «پەتىۋا»سى بىلەن «قارا ئۇستىخان»لىق ـــ «غالچا»لىق ئىللەتلىرىنى «پىردىن قالغان مىراس»، «تەقدىر»، «ئىرادە» دەپ بىلىپ، ئىنسانلىق جەمئىيىتىدە كەمسىنىش، يەكلىنىش، غېرىبسىنىش، باشقىلاردىن ئۆزىنى تۆۋەن كۆرۈش پسىخىكىسىنى ئادەت قىلغان. قىسقىسى، ئىنسان قۇلچىلىقىنى «پېشانە» لىرىدىن ۋاۋا كۆرۈپ، پەقەت بويسۇنۇش تارىخىنىلا يارىتىپ تۇرۇشقا كۆنۈپ كەلگەن ۋە كېيىنلىقان «ئادەت قۇلى» ئاھالىلەردۇر. بۇنداق مىجەز ـ پسىخىكا، ئاڭ ـ چۈشەنچىدىكى كىشلەر توپى بىزنىڭ مىللىي تەركىبىمىزدە ھېلىمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا. تۆۋەندىكى «ئازغانسال خاتىرىسى» بۇ قارىشىمىزنىڭ تىپىك مىساللىرىدىن بىرىدۇر.

**(4) ئازغانسال خاتىرىسى:** ئازغانسال ـــ قاغىلىق ناھىيە چوپان يېزا تەۋەسىدىكى ئىككى مەمۇرىي كەنتنىڭ تەبىئىي جۇغراپىيەلىك نامى. بۇ يەردىكى يەرلىك ئۇيغۇر ئاھالىلىرىنىڭ 1950 ـ يىلدىكى ئىچكى

مۇناسىۋەت كەيپىياتلىرىنى مەن ئەينى يىللاردا مۇنداق خاتىرىلىگەنىدىم: بۇ يەرنىڭ ئاھالىلىرى 1949 ـ يىلىغىچە 133 ئائىلە، 1887 جان، 40 پۇقرا، چوڭ ـ كىچىك 31 مەھەللە، 43 چارۋىچىلىق نۇقتىسى، بەش مەسچىت، بىر سۇ، بىر جىلغا دائىرىسىدە بىر 100 يىشلىق يۇرت بىرلىكى بويىچە جاھاندارچىلىق قىلىشىپ كېلىشكەن. بۇلار ئارىسىدا 29 ئائىلە، 99 پۇقرا، 179 جان بويىچە جاھان تۇتۇپ تۇرغان «قارا ئۇستىخان» ياكى «تېگى غالچا» ئاتىلىدىغان ئۇيغۇرلار بار، ئۇلار ئەزەلدىن ئۆزلىرىنى «ئاق ئۇستىخان»، «تېگى پاك» ئاتايدىغان باشقا كۆپ سانلىق يەرلىك ئاھالىلەر تەرىپىدىن تەبىئىي يەكلىنىش ئوبيېكتى قىلىنىپ كەلمەكتە. بۇ خىل يەكلەش، يەكلىنىش ئادەتتىكى يۇرتدارچىلىقتا ئاساسەن تۆۋەندىكى ئون خىل ئادەت شەكلى بىلەن ئىپادىلىنىپ تۇرغان.

① «ئاق ئۇستىخان» لار «قارا ئۇستىخان» ياكى «غالچا» لار تەرەپتىن قىز ئالمايدىغان، قىز بەرمەيدىغان، قەتئىي نىكاھ مۇناسىۋىتى، قانداشلىق مۇناسىۋىتى قىلمايدىغان ئادەت مۇقىم، شۈبھىسىز «توغرا» ئادەت قىلىپ ئىزىملاشتۇرۇلغان ۋە ئۆزلەشتۈرۈلگەن.

② «ئاق ئۇستىخان» لار تەرەپ ھەر قانداق چاغ ۋە ھەر قانداق شارائىت ئاستىدىمۇ ئىجتىمائىي ئىنسانچىلىقنىڭ بارلىق نۇقتىلىرىدا — سورۇنلاردا، ھەرىكەتلەردە، تۇرمۇشتا، مۇلازىم ساھەلىرىدە، مەسلىھەت ـ كېڭەش، تەكلىپ، تەلەپلەرنى بىرىشتەك ئادەتتىكى ئەل سۆھبەتلىرىدە «قارا ئۇستىخان» لاردىن دائىم، شەرتسىز ئۇستۇن ئەلپازدا (ھۆكۈمران مەۋقەدە) تۇرۇش، سوۋۇپ كەتمەسلىك ئادەت قىلىنغان.

③ «قارا ئۇستىخان» لار تەرەپ ھەر قانداق ئەھۋال ئاستىدىمۇ، ھەر قانداق زاماندىمۇ يۇرت ئىگىدارچىلىقىدا، يەر، يايلاق، تاران (قىشلاق ئوتلاق)، يەر ئاستى ـ ئۈستى بايلىقى، سۇ، ئورمان ۋە باشقا ساھەلەردىن پايدىلىنىشتا «ئاق ئۇستىخان» لار تەرەپتىن ئېشىپ قالغان، ئۇلار ئېتىبارغا ئالمىغان «ئاشقان نېمەت» لەردىن پايدىلىنىشقا رازى بو-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لۇش، كۆنۈپ ياشاش ئادەت شەرتى قىلىنغان.

④ «ئاق ئۇستىخان» لار تەرەپ ئەل ـ يۇرتنىڭ ھەر قانداق دىنىي، مەمۇرىي، ئىجتىمائىي، ئەخلاقىي ئىمـ ياز ئۇستۇنلۇكىنى «قارا ئۇستىخان» لار تەرەپ كىشىلەرنىڭ ئىستېمال قىلىپ كېتىشلىرىگە قەتئىي يول بەرمەسلىك، «قارا ئۇستىخان»لار تەرەپمۇ «تەقدىر»، بۇيرۇمىغان بۇ خىل «ئامەت» لەرگە ئېسىلماسلىق ھەم «نېسىپ ... ىلمىغان شۆھرەتى ھارام»غا ئەبەدىي قىزىقماسلىقا كۆنۈش، «رازى بولۇش» مەڭگۈلۈك تۇغۇلما ئادەت ھېسابى بىلەن ئومۇملاشتۇرۇلغان.

⑤ يۇرتنىڭ تەن سىلىقى (ھۆكۈمەت مەدىكارچىلىقى، يۇرت مەدىكارچىلىقى، دىنىي، ئىجتىمائىي، سىياسىي، ھەربىي، مۇلكىي... ھاكىم ئورۇنلارنىڭ مەجبۇرىي ۋە زۇلمى ئەمگەك سىلىقلىرى ــ ا) نى «قارا ئۇستىخان» تەرەپ ئادەملىرى ئورۇنداش ھەم بۇنى ئەبەدىي شۇنداق ئادەت بىلەن داۋام قىلدۇرۇش ــ يۇرتنىڭ تەكسىز ئادەت تۈزۈمى قىلىپ تۇتۇلغان.

⑥ «قارا ئۇستىخان» لار «ئاق ئۇستىخان»لارنىڭ «ئوتۇنچى»، «مالچى»، «خىزمەتكار»، بىقىندىلىرى ھېسابى بىلەن بىر قىسىم «ئاق ئۇستىخان» «يۇرت چوڭلىرى» ھېسابلىنىدىغان باي ـ خوجاملارنىڭ ئىگىلىك ھامىيلىقىدا جاھان تۇتۇشقا (پالانچى باينىڭ ئادەملىرى، پالانچى قازى، ھاجى، خوجاملارنىڭ چاكار، چاپارمەنلىرى... بولۇپ تىرىكچىلىك قىلىشقا) كۆندۈرۈۋېتىلگەن.

⑦ «قارا ئۇستىخان» لارنىڭ «ئاق ئۇستىخان» لار ئۇستىدىن قىلىدىغان ئەرز، شىكايەتلىرى، پىكىر ـ زارلاشلىرى، ھەتتا قىلماقچى بولۇشقان «ئىناۋەت تۆكۈش» گەپلىرى قەتئىي ئېتىبارلانمايدىغان، تەھقىقلەنمەيدىغان، ئەكسىچە ئۇلارنىڭ زىيانلىرى ھېساب بىلەن ئەجرىملىنىپ تۇرىدىغان ئادالەتسىز ئادەت «ھەق ئادەت» قىلىپ تۇتۇلۇپ تۇرغان.

⑧ «ئاق ئۇستىخان» مېيىت بىلەن «قارا ئۇستىخان» مېيىتىنىڭ

بىر زاراتگاھلىق ياكى بىر ئورۇندا دەپىن قىلىنماسلىقى، «قارا ئۇستىد-
خان» موللا ئوقۇغان مىيىت نامىزىغا ۋە ھەتتاكى ھەر قانداق خۇدايى
نامازلارنىڭ ھەر قانداقىغا «ئاق ئۇستىخان» لار بارماسلىقى، سەجدىدە
بولماسلىقى ـــ ھەقىقىي مۇسۇلمانچىلىق بولىدۇ، دەپ قارالغان ھەم بۇ
قاراش مۇقەددەس «دىنىي» ئادەت قىلىپ بېكىتىلگەن.

⑨ «قارا ئۇستىخان» لارغا ئارىلاشقان، بولۇشقان، مۇئامىلىدە بول-
غان ھەر قانداق خالىس كىشى «ئاق ئۇستىخان»لارنىڭ مەسخىرى-
لەش، يەكلەش، كەمسىتىش، ئارىغا ئالماسلىقتەك سەلبىي مۇناسىۋەتلى-
رىگە دۇچار بولۇپ تۇرغان.

⑩ «قارا ئۇستىخان» لارنىڭ گۇۋاھ ـ شاھىتلىقى، ئىبادىتى، ئۇ-
لۇغ ـ چوڭلىرىنىڭ ھەر خىل ۋەز ـ نەسىھەت، ئەخلاقىي تەرغىباتلى-
رىنى «قارا» دەپ قاراش، كارى بولماسلىق، زاراتگاھلىقلىرىغا دۇئا
قىلماي ئۆتۈش، چاقىرسا بارماسلىق، كەلسە چاقىرماسلىق... قىلىقلىرى
ئىرىم قىلىنغان ۋە ئادەت ھېسابلانغان.

بەزىبىر مەنبەلەردىن بىلىشىمىزچە، تۇردى خوجا 1757 ـ يىللىرى
ئەتراپىدا قارا قۇرۇم تاغلىرىدىكى «قارا قوز»، «بورقۇم»، «چىراغلىق
ئەۋلىيا» مازارلىرىدا جاي تۇتۇپ، «شەيخۇل ئەختاپ» لىق قىلىپ، پۈ-
تۈن مۇسۇلمانلارنى «دۇئا»سى بىلەن گېپىگە كىرگۈزۈپ (ئاغزىغا قا-
رىتىپ) تۇرغان چاغلىرىدا ھەر يىلى بىر قېتىم بۇ مازارلارغا ئىستىقامەت
قىلىشقا توپلىشىدىغان رىياكارلارنى «يەتتە قارا بالا» غا نىسبەت بولغان
«قارا يۈز»، «قارا ئۇستىخان» لاردىن پەخەس بولۇشقا دالالەت قىلىپ
تۇرغان ھەم ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىگە ئۇدۇللۇق «مۇرت» ئېلىپ،
«مۇرت»لىق مەجبۇرىيەتلىرىنى «قارا بالا»لەرگە دائىما لەنەت ۋە زەپتە
ئاتا قىلىپ ئۆتۈش نەتىجىلىرى بىلەن ئادا قىلىپ تۇرۇشنى تەلەپ ۋە
ئىجاۋەت دۇئا مەزمۇنى قىلغان. بۇيەردە تەكىتلەنگەن «يەتتە قارا بالا»
ـــ ئەمەلىيەتتە يۈزى قارا، تەقدىرى قارا، ئەۋلادى قارا، ئەجدادى قارا،
پىرى قارا، رىزقى قارىلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇلار «قارا ئۇستىخان» ئا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تالغان. شۇبھىسىزكى بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر قىسىم ئەجدادلىرىمىزغا تىلەنگەن نەسلىك، بەد بەختلىك دۇئالىرىدىن ئىبارەت ئىدى. ئۆزىنى «ئەۋلىيا»، «ئىسلام ھۆكۈماسى»، «ئۇلۇغ پىر» ھېسابلاپ مۇسۇلمان ئەجدادلىرىمىزغا بۇ خىل «دىنىي» تەپرىقات مۆجىزىلىرى، بىلەن زىيانكەشلىك قىلغان بۇ تارىخىي «ئەۋلىيا» زاتنى قانداقمۇ مۇسۇلمان دېگىلى بولسۇن؟

ئەپسۇسكى، بۇ بىرلا مىسالىمىزدا تەكىتلەنگەن يۇقىرىقىدەك تەپرىقاتچىلىك ئادەتلىرىنىڭ قەبىھ ساقىندى داۋامى بىر قىسىم قارا قورۇملۇق يارانلىرىمىز ئارىسىدا ھازىرغىچە ئەڭ جاھىل «ئادەت» — «خەلق ئادىتى»، «ئەنئەنە»، «دىنىي ئادەت» بولۇپ ساقلىنىپ كەلمەكتە. بۇنى 18 ـ ئەسىردە ياشىغان «ئەۋلىيا» تۇردى خوجىنىڭ ئىككى ئەسىردىن كېيىنكى «دىنىي» قۇدرىتى، «دىنىي» يولىنىڭ داۋامى، «ئادەت» شەكلىدە داۋاملىشىۋاتقان مەرەز ـ مىراسى، مىللىي تەركىبىمىزدىكى قاباھەت داغلارنىڭ بىر تۈرى دېيىشكە توغرا كېلىدۇ.

### 3) قۇيۇندىن كەلگەن »ئەۋلىيا«

بىلدىمكى، ئادىتى زەھەر چاچماقتۇر،
يىلاندىن بولمىدىم بىردەم خاتىرجەم.
ئۆزىنى دوست كۆرسەتكەن دۈشمەن چىشلىسە،
ئۇنىڭ چىش زەھىرىگە تېپىلماس مەلھەم.

— سەئدى شىرازى

تۇردى خوجا 1740 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 1750 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە قارا قورۇم، پامىر تاغ ئاھالىلىرى ئارىسىدا تەپرىقات «پىر» چىلىقى بىلەن كۈچ توپلاپ، قەشقەرىيەنىڭ سىياسىي ھاكىمىيىتىنى ئىگىلەش كويىدا 1758 ـ يىلى يازدىن ئېتىبارەن مانجۇ خانلىقىنىڭ قەشقەرىيەنى ئىشغال قىلىش ئۇرۇشىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان قوماندانى جاۋخۇي كۈچلىرىگە ياردەم قىلغان ھەمدە تەۋەلىك بىل-

دۇرگەن. خۇددى جى داچۈن «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1980 ـ يىل 19 ـ ئىيۇن سانىدا تەكىتلىگەندەك: «چىڭ سۇلالىسى ئارمىيەسى يەـ كەن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى قاراسۇ دەرياسى بويىدا 40 كۈن قاتتىق مۇھاسىرىگە ئېلىنىپ قالغاندا ئەسكەر باشلاپ كېلىپ چوڭ ـ كىچىك خوجىلارنىڭ ئارقا سېپىگە ھۇجۇم قىلىپ قاتتىق زەربە بېـ رىپ، چىڭ سۇلالىسى ئارمىيەسىگە نىسبەتەن ئىنتايىن زور ياردەم بېـ رىپ» قىممەتلىك تۆھپىلەر يارىتىپ تەلتۆكۈس ئەل بولغان. «بورقۇم ئەۋلىيا» دا كۆرسىتىلىشىچە: تۇردى خوجا كۆچلىرى ئەل بولۇش مۇراسىمىدا جاۋخۇي ھەزرەتكە 1000 ئاتلىق ياساۋۇل، 2200 دىن جىقراق «غالچا» قۇل (ئەسىر ھېسابىدا ـــ ئا)، 10 مىڭ باش قوتاز، 40 قوتان قوي ـ مال، 40 تالقاندان (تالقاندان ـــ گۈللۈك تېرە خورجۇن بولۇپ، قوتاز، كالا تېرىلىرىدىن ئەيلەپ تەييارلىنىدۇ ـــ ئا) ئېرىغ مال (ئالتۇن، كۈمۈش، ئۈنچە ـ مەرۋايىت ـــ ئا)، زۆرۈر بولغان مۇلازىم چاكار چوكان، مىراقۇل خىزمەتچىلەر، ئۈچ يۇرۇشلۇك ھەربىي كارۋان قوشلىرى تەۋەلىك سوۋغىتى (ئەمەلىيەتتە ھاردۇق سوۋغىتى ـــ ئا) تەقدىم قىلىپ، مەڭگۈ پەرمانبەردارلىق بىلەن ئەل ۋە تەۋە بولـ غانلىقلىرى مۇسۇلمان قەسىمى شەرتى بىلەن ئادا قىلىشقان.» تۇردى خوجا ۋە ئۇنىڭ ھەمراھ شېرىكلىرى ھەزرىتى جاۋخۇي كۆچلىرى بىـ لەن بىرىكىپ، پۈتۈن زېھنى، ئېتىبارلىرىنى ئەنە شۇ جاۋخۇي ھاكىمـ يىتىنىڭ قۇدرەت تېپىشىغا تەلتۆكۈس بېغىشلاش ئۇرۇنۇشىدا يەنى 1758 ـ يىلدىن 1759 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىغىچە بولغان ئاز كەم ئىككى يىللىق زوراۋانلىق ئۇرۇنۇشلىرىدا ئەڭ نۇقتىلىق ھالدا، بىرىنـ چىدىن، «مەشھۇدىيەتى ئىشقىيە» چى ـــ «ئاق ئۇستىخان» لار (ئەمەلـ يەتتە «ئاق تاغلىق» لار ـــ ئا) دىنىي، سىياسىي كۆچلىرى ئۆزلىرى ئۈچۈن دۈشمەن قوۋم ھېسابلىغان «قارا ئۇستىخان» لار (ئەمەلىيەتتە «قارا تاغلىق» لار ـــ ئا) نى ئىنتايىن رەھىمسىزلىك بىلەن قىرغان، بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلغان. خۇددى «بورقۇم ئەۋلىيا» دا: «قارا قۇزلۇق

قارا ئۇستىخانلارنى ھىجرىيە 1172 ـ يىلىدىن (1758 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ ــ ئا) ئىرادەت قىلىپ باشلاپ بىر قەنە «قارا يانتاق»، «قارا چۆل»، «قارا بويتاق»، «قارا جىن»، «قارا دۆۋە»، «قارا جىلغا»، «قارا كاپا»، «ئاپەت بۆلۈك» لاردا ھەر ئازنىدە بىر نۆۋەتتىن قەتلىئام قىلدىندىغان ھادىسە ۋەدىش (ئادەت ــ ئا) قىلىندىلەر. رىزقى، تۆرۈق، پەرزەنت، رەپىقە، خانە ـ بىسات، مۈلكى ئاراملىرىدىن خارىج بولۇشقا نېسىپ قىلىنغان قاچما رەئىيە قارا ئۇستىخانلار تۆردەش خوجىنى «خوجا خۇنخور خوجام»، «قۇرتقۇ ئەۋلىيا» دەپ ئېردىلەر. ئول زاتنىڭ دۇئالىرى مۇھتەجىپ (ئىجابەت)، مەقسەت مۇرادى ھاسىل، كەيپلىرى چاغ (خۇشال دېمەكچى ــ ئا)، ئامەت، پاساھەتلىرى ئېشىپ رازى ۋە رازىمەن بولغان ئېردىلەر» دېيىلگىنىدەك بولغان. تارىخىي دەلىللەرنى تۇتقا قىلىپ شۇنى قەيت قىلىشقا بولىدۇكى، تۆردى خوجا ۋە ئۇ بىدقىنغان مانجۇ ـ جاۋخۇي چېرىكلىرى 1758 ـ يىلىدىن ئېتىبارەن بىر مەزگىل قەشقەرىيەدە ئۆز ھۆكۈمرانلىقلىرىغا قارشىلىق كۆرسىتىشنىڭ ھەر قانداق شەپىسىنى سەزسىلا رەھىم ـ شەپقەت دېگەننى قايرىپ قويۇپ، تەلتۆكۈس قىرغىن قىلىش سىياسىتىنى ئىجرا قىلىشقان، يەنى «تۇتۇپ بېرىش مەندىن، جىمىقتۇرۇش سەندىن» قىلىشىپ، خەلقئالەمگە چۆچۈتۈش قىرغىنچىلىقى نامايان قىلىشقان. ئۇ خۇنخورلارنىڭ شۇ چاغدىكى قىرغىنچىلىق پاجىئەلىرىنى ئەنگلىيەلىك چارلز بولگىر «ياقۇپبەگنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى» دېگەن كىتابىدا مۇنداق تەسۋىرلىگەن: «مۆلچەرلىنىشىچە، مۇشۇ ئورۇشتا ئاز دېگەندە 500 مىڭ كىشى قىرىلغان. بۇ ئادەملەرنىڭ كۆپچىلىكى بىگۇناھ ئاھالە ئىدى. بىز گەرچە بۇ سانىنى كۆپ ئاشۇرۇۋېتىلگەن دېگەن قاراشقا مايىلراق بولساقمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىشقا ھېچقانداق ئاساسىمىز يوق... ئۇلار جەڭ قىلغاندا كۆپىنچە دىنىي خۇنخورلۇق تۇپەيلىدىن تېخىمۇ رەھىمسىزلىشىپ كېتەتتى.» («ياقۇپ بەگنىڭ تەرجىمىھالى» 69 ـ بەت). بۇ قىرغىن خۇددى «بورقۇم ئەۋلىيا»دا تەكىتلەنگەندەك، ئاسا-

سەن «قارا ئۇستىخان» رەئىيىلەرگە «قاتار ئەجەل، قۇرۇتقۇ زامان» قىرغىنى بولغانىدى.

تۇردى خوجا ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى 1758 ـ ۋە 1759 ـ يىللىرى ئىچىدە ئەسلىي «قارا تاغلىق» خوجىلار «ئوۋا»لىرى ھېسابلىنىدىغان يەنى تۇردى خوجىنىڭ تىلى بىلەن ئاتىغاندا «قارا زېمىن» ھېسابلىنىدىغان يەكەن دەرياسى بىلەن خالاستان دەرياسىنىڭ باش ۋادىلىرى ھەم دولان سەھرالىرىدا (ھازىرقى قارا قۇرۇم، يەكەن، قاغىلىق، مەكىت، پوسكام، مارالبېشى تەۋەلىرىدە — ئا) ئىنتايىن چوڭ كۆلەملىك بۇزۇپ چېقىش، كۆيدۈرۈش، قۇرۇتۇۋېتىش، «ئوۋا بۇزۇش» ھەرىكەتلىرىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، تارىختىن بۇيان مىللىي مىماركارلىق، مىللىي مەدەنىيەت ۋە تۇرمۇش، ئىشلەپچىقىرىش بويىچە ئالاھىدە نەمۇنە بولۇپ تۇرغان ئادرېس ئورۇن ۋە شەھەر، بازار، كۆچۈم قۇرۇلمىلارنى ئاساسەن ۋەيران قىلىپ تاشلىغان. «ھىجرىيە 1172 ـ يىلىدا بىر قەنە ئۆتمەستە ئۇلۇغلار چاقارلىرى («ئىسھاقىيە» چى چوڭ خوجا ـ ئەشانلار جىقراق ياكى مەركەزلىك ئورۇنلاشقان كەنت ـ مەھەللىلەر — ئا)، ئەزىزلەر قەدەم جايلىرى، مازار ـ تۈنەك خانىلىرى، شەھەر، بازارلار، خانەلەر، ھويلا، باغى ـ ئاراملار، لەنگەر، ئارامگاھلار، سەيلەگاھلار، قىبلەگاھلار، مەكتەپخانىلار، مەسچىت، خانىقالار، كوھنقاپ كەبى گۆرۈ ـ گۆرۈستانلىق، شۇم قۇشلار ماكانلىرى، خارابە جىن ـ دىۋە ئۇۋىسىغا ئۆزگەردىلەر، ناملىرى ‹چىلتەن بۇزرۇكۋار›، ‹ئىمام بۇزرۇكۋار›، ‹كۆچتى ئاۋامىسلىم›، ‹جەندە ئاۋامىسلىم›، ‹سۇلتانۇم›، ‹زونلان›، ‹ئالتۇن بۇزرۇكۋار›، ‹ياستۇن›، ‹ياركەند›، ‹توقۇقۇز ساراي› توقسان توققۇزدۇر («بورقۇم ئەۋلىيا»دىن). دېمەك، تۇردى خوجا ئافاق خوجىنىڭ خۇنخور ئىدىيەسىگە چېكىدىن ئاشۇرۇپراق ۋارىسلىق قىلىپ، خاس باش تارىم ۋادىسىدىكى يەكەن تۈزلەكلىكى تەۋەلىكىدە بولغان يۇرتلاردىن يۇقىرىقىدەك 99 شەھەر، كەنت، مەھەللە، مازار، لەنگەر، دىنىي، مەدەنىي، ئىقتىسادىي، سودا، ھۈنەر، كەسىپ

نۇقتىلىرىنى يەر يۈزىدىن كۆتۈرۈۋەتكەن.
تارىختا ئۆتكەن بۇ ئاجايىپ خىسلەتلىك قورۇتقۇ «ئەۋلىيا» نىڭ ئۆمرىۋى نىيەت ـ ئەپئالى ۋە تەقدىرى قىسمەتلىرى توغرىسىدا قارا قورۇم چوپانلىرى ئارىسىدا مۇنداق بىر رىۋايەت ساقلىنىپ كەلمەكتە:

* * *

«ئەنىسىز زامانلارنىڭ بىرىدە دىۋان بورقۇم مازارىل ئەزىزانىغا تەقدىرى ئىرادەت بىلەن مۇبارەك نامىلىرىنى ‹ئىشقى پىر› لىقتا ئاشكارىلىغان بىر تۇيۇق ماشايىخ ئاپىرىدە بولغان ئىردىلەر. يەردىن ئۈنگەن ۋە يەر كى ئاسماندىن چۈشكەنلىكى مەلۇمسىز، ئەنىسىزلىكى زىيادە، بىقانائەت، ھىيلە ـ مىكىرگە پاساھەتلىك، شەيتانلىرى غالىبۇتەك ئىردىلەر. بىر مەھەل بىتاھەرەت زېمىن باسماي، تىللىرىدىن ئىمان، دىللىرىدىن ئاللاھنى خارىج قىلماي، يەكدىل خۇدالىقتا ئۆتۈپ، ئاللاھتىن بەندىلەرگە ئىمان، رىزىق، قانائەت، دىيانەت، ئىنساب تىلەپ، دىنغا راۋاج، مۇسۇلمانلارغا ھەر ئىككىلا ئالەملىك نىجادلىق تەلەبىدە بولغان ئىردىلەر. كۈنلەر، ئايلار، يىللار ۋە قەنەلەر ئۆتۈپ بۇ زاتنىڭ دۇئالىرى مۇستەجىپ بولۇپ (قوۋم ـ يارانلىرى ئىشىپ، نۇسىبەتلىرى تېشىپ) تۇرغان خاسىيەتلىك ۋاقىت ـ زامانلارنىڭ بىرىدە ئامەت تەمەلىرى نەچچە گەز ئۆرلەپ بۇ يەتتە شەھەرنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى خاس ئىلكىدە تۇتماقلىقتا تەرەددۇت قىلدىلەر. ئەل كۆزىدىن، ئىنس ـ جىن، ئۇچارلىق، تىنالىقلار قەدىمى يەتمىگەن ۋە چۈشمىگەن پاك، خاس پىنھان جاينىڭ بىر چېتىدە قىزغانچۇلۇقتا خاس نۇرانە ئون ياشلىق ئوغلى، ئىمانى كاملىقتا تەڭداشسىز خۇدايى مىسكىن پاك خاتۇننى يانلىرىغا ئېلىپ بىر تەن، بىر جان ھالەتلىرىدە ئاللاھتىن يەتتە شەھەر نۇسىبتىنى تىلەپ، دۇئاغا قول كۆتۈردىلەر. دۇئا كۈن، تۈن، يەتتە كېچە ـ كۈندۈزگە قارار تاپتىلەر. تۈنەك كېچىلىرىنىڭ بىرىدە غايىبتىن: ‹دۇئادىن مۇددىئا نېمەدۇر› دېگەن ئاۋاز نازىل بولدىلەر. بۇل زات: ‹ئاللاھنىڭ خاسلا ئۆز

ئىلتىپاتىدىن تىلەيدۇرمىز. مۇددىئايىمىز بۆلەك ھەممە مەخلۇققا مەخ-
پىيدۇر» دېدىلەر. يەنە يەتتە كۈن ئۆتتىلەر: «ئەي ئىنسان، مەن تەڭ-
رىدۇرمەن، دۇئايىڭنى بايان قىل» دېگەن ئاۋاز يەنە نازىل بولدىلەر. بۇ
ئاۋاز ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ مۇبارەك ئۈنى ئېردىلەر. ئول زات: «خاتۇن كى-
شىنىڭ دۇئاسى بۇرۇن ئىجابەت بولۇر، نۇسبەتنى سەن تىلەپ تەڭ-
رىدىن تىلىگىنىڭنى ئال» دېدىلەر. خاتۇن دۇئاغا كۆتۈرگەن قولىنى
يەنىمۇ يۇقىرى قىلىپ: «ئەي خۇدايا خۇداۋەندە، 18 ياشلىق باھار
ۋاقتىمنى قولۇمغا بەرگەيسەن» دەپ تىلىدى. تەڭرى قوبۇل كۆردى.
18 ياش باكىر موماي قىز قىلىپ قويدى ھەم كۆز ئالدىدىن 25 ياشلىق
كارۋان بېگى يىگىتنى ئۆتكۈزدى. موماي قىز شۇل يىگىت ئېتىنىڭ
ئارقىسىغا مىنىپ، ئۆمۈرلۈك روزىغارىدىن (ئېرىدىن — ئا)، پەرزەنتى-
دىن يۈز ئۆرۈپ، ئۇ شۇل يىگىت بىلەن كەتتى. دۇئا - تىلەك نۆۋىتى
ھەزرىتى ئىشقى پىرغا كەلدى: «ئەي خۇدايا، بىر ئۆمۈر جۈپتى بەدەن
بولغان بۇ لەنىتى خاتۇننىڭ ۋاپاسىزلىقى ئۈچۈن ئۇنى كۆز ئالدىمدا
تۈڭگۈز سۈرىتىگە مۇبەددەل قىلىپ بەرسەڭ، سەندىن رازىدۇرمەن»
دەپ تىلىدى. خۇدا ئۇنىڭ تىلىگىنىنى دېگىنىچە لايىق ئورۇنداپ بەر-
دى. تىلەش دۇئاسى ئون ياشلىق نارەسىدە ئوغلىغا كەلدى. ئوغۇل:
«ئەي خۇدا، سۈت بېرىپ چوڭ قىلغان ئانامنى ئەسلىي ئادەملىك ھالىغا
كەلتۈرۈپ بەرگەيسەن» دەپ تىلىدى. خۇدا تىلىگىنىنى قىلدى. بۇ
ئۈچ دۇئاكۆي بىر رەتتىن دۇئا نۆۋىتىنى قولدىن كەتكۈزدى. تەڭرى
ئۇلارنىڭ نىيەت - ئەپئالىغا غەزەپ ئاتا قىلدى: (قەدەملىرى ئاستىدىن
قارا قۇيۇن ئۆچۈردى) قارا باش ئىدىرىدە (يېڭىسارنىڭ قارا باش ئې-
دىرلىقى كۆزدە تۇتۇلسا كېرەك — ئا) قارا دېۋىلەرگە خار - زار مەخ-
لۇق ھەمراھ ئەيلىدى. مۇنەججىملەر شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ ئىشقى
پىر زاتىنى قۇيۇن ئەۋلىيا (قۇيۇندىن پۈتكەن ئەۋلىيا) دەپ ئاتايدىغان،
ئۇ ماكان تۇتقان ئېدىرنى «قۇيۇن يار» دەپ ئاتايدىغان ئادەت ئالەمگە
پېيىلدىلەر...»

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

## 5. نىقابلىق «پىر»لار پەيدا قىلغان «تەرىقەت» كىرىزىسى

16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن ئېتىبارەن يېزىنىڭ بىر قىسىم جاي ـ ماكانلىرىمىزدا بەزىبىر ئەجنەبىي خوجا ـ ئىشان «ۋەلىي ـ ئەۋلىيا» لارنىڭ سەۋەبكارلىقى بىلەن سوپىلىق تەرىقىتى، بولۇپمۇ مەخدۇم ئەزەم ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ سوپىلىق «تەرىقەت» لىرى پەيدا قىلىنغان ۋە كېڭەيتىلگەندىن كېيىن، ئەجدادلىرىمىز ئارىسىدا جەمئىيەت خاراكتېرلىك تۈس ئالغان — «دىنىي» تەرىقەت كىرىزىسى (بىزدە «دىنىي» تەرىقەت خىللىرىنىڭ كۆپىيىپ تۈرۈشى بىلەن پەيدا بولغان ئېتىقاد كىرىزىسى — ئا) نىڭ شەكىللەنگەنلىكى، خوجا ـ ئىشان «سۇلۇك» گۇرۇھلىرى تەرىقاتچىلىقىنىڭ ئومۇمەن جەمئىيەتلىشىشىدەك «دىنىي» ۋەزىيەت شەكىللەنگەن. «قۇرئان كەرىم» روھىدىكى ئىسلامغا يات غەيرىي ئىسلام ئەقىدىلىرى (ئاساسەن تەركىدۇنيالىقنى، مازارپەرەسلىكنى، خوجا ـ ئىشان «پىر» لارغا قارىغۇلارچە چوقۇنۇشنى...) نى ئۆزلىرىنىڭ تۈپ «دىن» يولى قىلغان، ھەر خىل «تەرىقەت» «سۇلۇك» گۇرۇھلىرىغا بۆلۈنۈپ، بىرىگە بىرى زىت «تەرىقەت» لەر تۇتۇشقان، نەپسانىيەتچى خوجا ـ ئىشان «ئەۋلىيا» لىرى تەرىپىدىن شەكىللەندۈرۈلگەن بۇ خىل يامان بۆھران جەمئىيەتتە ئومۇمەن ئىچكى نىزالارغا مەنبە بولىدىغان ئىخلاس چۇۋالچاقلىقى، ئىخلاس مۇقىمسىزلىقى، ئىخلاس مەركەزسىزلىكى، ئىخلاس خۇنۇكلۇكى، ئىخلاس شەكىلچىلىكى ھەم قەبىھ ئىخلاس جېدەللىرى... (موللا تولا توي ھارام) ئالامەتلىرى بىلەن خاراكتېرلىنىپ باراتتى. خوجا ـ ئىشان سۇلۇك گۇرۇھلىرى («ئەۋلىيا» گۇرۇھلىرى) تەرىقاتچىلىقىنىڭ ئەمەلىي ئالامەتلىرى بولسا — خوجا ـ ئىشانلار گۇرۇھلىرى پەيدا قىلغان ھەر

خىل، ھەر شەكىلدىكى ئاتالمىش «سۇلۇك» مەركەزلىرى (ئەمەلىيەتتە-كى ئىخلاس مەركەزلىرى) يېتەكچىلىكىدىكى تۇرلۇك ئىخلاس نىزالىرى («دىنىي» ئېتىقاد جەھەتتىكى بۆلۈنۈشلەر، پارچىلىنىشلار، سۈركىلىش-لەر، ئادەتلەشكەن ۋە «قائىدە» لەشكەن زىتلىششلەر، يەكلەش، چەك-لەش خاراكتېرىدە بولغان تۈرلۈك «مەنئىي» قىلىشلار، جېدەل ـ ما-جىرا، ھەتتا «پىرلار ئۈچۈن غازات» لار بىلەن ئىپادىلىنىپ تۇرغان-دى. شۇ زامان ئۇقۇمىدىن ئالغاندا يۇقىرىقىدەك قارام «دىنىي» ۋەزى-يەتنى شۇ جەمئىيەتنىڭ دىنىي، ئىجتىمائىي، سىياسىي، مەدەنىيەت ئى-دىئولوگىيە، مىللىي قۇرۇلما ئاساسىنى ئۆزىگە تولۇق بېقىندى قىلغان «دىنىي» تەرىقاتچى زوراۋان ـ ئىستىبداتلار كونتروللۇقىدىكى ئوسال ھالەت، خەلق ۋە مىللەتنىڭ ئومۇمىي تەقدىرىگە تېگىشلىغان ئىچكى ئا-پەت، ئۇزاق زىتلىق روھانىي ئىللەت، تارىخىمىزدا شەكىللەنگەن شۇم پەلەك دېيىشكە بولاتتى.

تارىخىمىزدا يۈز بېرىپ ئۆتكەن بۇ خىل زەبۇن ۋەزىيەت بىلەن يا-مان خاراكتېرلىك ئىللەتلەرنىڭ تۈپ نېگىز ـ مەنبەسىنى، داۋاملىششى جەريانلىرى ھەم كەلتۈرگەن نەتىجە ـ ئاقىۋەتلىرىنى تۆۋەندىكىچە ئەسلىمە قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

بىزنىڭ بىر قىسىم جاي ـ ماكانلىرىمىزغا تۈرلۈك دىنىي، ئىجتىما-ئىي ۋاستىلەر ئارقىلىق مەۋھۇم دىنىي ئۇقۇم شەكلى بىلەن پەيدا بول-غان تەرىقەت ئېقىمى — 17 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە بىزگە ھەر خىل «تەرىقەت»، «داھىي»، «ئەۋلىيا» لىق ناملىرىدا ئاپىرىدە بو-لۇشقان بىر قىسىم تەرىقەتچى خوجا ـ ئىشان چوڭلىرى («ۋەلىي ـ ئەۋلىيا» لار) تەرىپىدىن نۇرغۇن تەرىقەت خىللىرى (تەرىقەت سۇلۇك-لىرى) غا ۋۇلۇۋېتىلگەن، شاخلاندۇرۇلغانىدى. بۇ ھالەت «تارىخىمىز-دىكى ئىسلامىيەت» تە مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «... موغۇلىستان (ھا-زىرقى جەنۇبىي شىنجاڭ كۆزدە تۇتۇلىدۇ)، قومۇل، تۇرپان قوۋملىرى ئوتتۇز ئىقلىمغا، يىگىرمە تۆت تەرىقەتكە (30 يۇرت بويىچە 24 سۇلۇك

پىرقىسىگە — ئا) 99 ۋەلىگە ‹ئەۋلىيا› غا ئىخلاسمەن ۋە تاۋىئەلىك ئېردىلەر... قومۇل، تۇرپان، لۈكچۈن، گۇچۇڭزىلەر... (ھازىرقى سانجى ئوبلاستى ھەم كۆزدە تۇتۇلسا كېرەك — ئا) خوجا تارخان نەسەبلىرىگە خاس يەتتە پىرى ئەزىزانىغا بەيئەت، تاۋىئەلىك ئېردىلەر...»

يېتەرلىك تارىخىي ئاساسلار بىلەن ھەقلىق ھالدا شۇنى مۆئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، 17 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن 19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ئۆزئارا رەقىبلەشكەن ئىنتايىن نەپسانىيەتچى خوجا - ئىشان چوڭلىرىدىن 99 ي قەشقەرىيەلىك ئەجدادلىرىمىزنى 30 يۇرت تەۋەلىكى بويىچە ئۆزلىرىنىڭ ئاتالمىش 24 «تەرىقىتى» گە، يەنى بىر - بىرىگە زىت 24 «دىنىي سۇلۇك» كە پارچىلاپ بۆلۈپ، «ئىمانى كامىل» لىققا يېتەكلەپ تۇرۇشقان. بۇ يەردە تەكىتلەنگەن «30 ئىقلىم» غا ئەينى زامانلاردا قەشقەرىيە، قومۇل، تۇرپان تەۋەلىرىدىكى خوجا - ئىشان «پىر»لار «تەۋەلىك» سۇلۇك مەركەزلىرى بولۇپ، تاللاپ تىزگىنلەپ ئۆتكەن تۆۋەندىكى ئادرېسلارنى يەنى چۆمەن - سالغۇزەك (نىيە تەۋەلىرى — ئا)، كېرىيە، دامىكۇ، ئىلچى - لوپ، زاۋا - قاراقاش، گۇما - قاغىلىق، قۇلاغان - بەشكەنت، يەكەن - مەكىت، قىزىل - يېڭىسار، قەشقەر - ھەزرەت، سۇنتاغ - پەيزاۋات، مارالبېشى - چارباغ، ئۇچتۇرپان - ئاقيار، چارلۇك - ئويتاغ، ئاقسۇ - ئاۋات، باي - سايرام، كۇچا - لەنگەر، توقسۇ - نۇرباغ، بۈگۈر - يېڭىسار، كورلا - قارا شەھەر، چەرچەن - قوش ساتما، ۋاششەرى - چارقىلىق، قارا قۇز - ئاقبەل، ئاق سۇپا - تېرىم، تۇرپان - ئاستانە، توقسۇن - بوستان، تۇيۇق - لۈكچۈن (پىچان تەۋەلىرى)، قومۇل - تاشۋىلىق، قويسۇ - بالەكۆل (بارىكۆل)، باي - نوم (ئارا تۈرك)، جىمىسار - كارىز (گۇچۇڭ) لارنى كۆزدە تۇتقاندۇر. 24 «تەرىقەت» سۇلۇكى بولسا: «غەۋسىيە»، «كوبرىيە»، «ئىسھاقىيە»، «ئىشقىيە»، «نىئمەتىيە»، «زەبۇدىيە»، «داۋانىيە»، «خۇپىيە»، «چىستىيە»، «جەھرىيە»، «ئىناقىيە»، «سوھرى ۋەزىيە»، «ئىمامى رەببانىيە»، «نەقىش-

ۋەندىيە»، «قادىرىيە»، «قەدىمىيە» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئۆزلىرىنىڭ «تەگرى بىلەن بەندە ئوتتۇرىسىدىكى ۋاستە»، «ئاللەمنىڭ خوجىسى»، «تەقدىرى ئامەت مۇئەككىلى» دەپ ئاتىشىدىغان بەزىبىر نەپسانىيەتچى خوجا ـ ئىشان «ۋەلىي»، «ئەۋلىيا» لىرى تەرىپىدىن «ئىجاد» قىلىنغان، ئۇقۇملىرى بىر ـ بىرىگە زىت لەۋزى «تەرىقەت» لەرنىڭ ناملىرىدۇر.

بۇ يەردە شۇنى قەيت قىلىپ ئۆتۈش ھەق ۋە زۆرۈركى، ئەينى زامان تارىخىمىزدا پەيدا بولۇپ باش كۆتۈرگەن خوجا ـ ئىشان «پىر»، «ئەۋلىيا» لار ئۆزلىرىنىڭ نەپسانىيەت ئېھتىياجلىرى ئۈچۈن يۇرتىمىز ۋە خەلقىمىزنى ھەر بىرى بىردىن «سۇلۇك تەۋەلىكى»، ھەر بىرى بىردىن «مۇرت»، «مۇخلىس قوۋمى»، ھەر بىرى بىردىن «پىدائىي» لەر سېپى قىلىپ بۆلۈپ پارچىلاپ ئېلىشقان. يەنى تارىخچى ئۇستاز موللا مۇسا سايرامى ئۆزىنىڭ «تارىخى ھەمىدىي» سىدە تەكىتلىگەندەك: «سۇلۇكلىرىنى ناھايىتى مەخپىي سىر قىلىپ ساقلايدىغان، بىر بىرىنىڭ تەۋەرۇك جاي ۋە نەزىرلىرىگە بارمايدىغان، بىر ـ بىرىنى چىللىمايدىغان، ئەگەر ئارىلىشىپ قالسا چىقىرىۋېتىدىغان.» («تارىخى ھەمىدىي» 244 ـ بەتتىن) «قەتئىي مۇرت» لاردىن قىلىپ ئەگەشتۈرۈپ، يېتەكلەپ تۇرۇشقان. تارىخىمىزدا جۇملىدىن دىن تارىخىمىزدا ھازىرغىچىلىك تەرىپ ـ تەسۋىرى يادلىنىپ تۇرۇۋاتقان «تۇيۇق خوجام مۇخسلىرلىرى»، «قومۇل خوجام مۇخلىسلىرى»، «ئاستانە خوجام مۇخلىسلىرى»، «چىلتەن خوجام مۇخلىسلىرى»، «جەمجۇم خوجام مۇخلىسلىرى»، «زاۋا خوجام مۇخلىسلىرى»، «قۇمباش خوجام مۇخلىسلىرى»، «كۇچا خوجام مۇخلىسلىرى»، «دولان خوجام مۇخلىسلىرى» ئەنە شۇ خىل «سۇلۇك تەرەلىكى» «مۇرت ـ مۇخلىس قوۋم»، «پىدائىي» لار بۆلۈنمىلىرىنىڭ نام ـ ئىزلىرىدۇر، ئەلۋەتتە.

خوجا ـ ئىشان «پىر» «ئەۋلىيا» لىرى يېتەكچىلىكلىرىدە «بەندە» چىلىك قىلىشىدىغان بۇ خىل «سۇلۇك تەۋەلىكى» لىرىنىڭ «قوۋم»،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

«مۇخلىس» پىدائىيلىرىنىڭ ئەمەلىيەتتىكى ئىجتىمائىي ئىنسانچىلىقى (ئىجتىمائىي تۇرمۇشلىرى، ئۆرۈنۈشلىرى، دىنىي ئىبادەت يوللىرى، ئەدىيەۋى، سىياسىي، تەشكىلىي ھەرىكەت مەۋقەلىرى — ئا) مۇناسىۋەتلىك «پىر - ئۇلۇغ»لارنىڭ ئىرادە، مەۋقەلىرى بويىچە بىر - بىرىدىن مۇستەسنا ۋە ھەتتاكى بىر - بىرىگە تۈپتىن زىت، تەپرىقە ئېقىمى ئىزى بىلەن جارى بولۇپ تۇراتتى. مەسىلەن، يەكەننى مەركەز قىلغان «ئىسھاقىيە سۇلۇكى» نىڭ «مۇرت مۇخلىس» لىرى «پىر» لىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە «خۇدايى ئىبادەت» نى كۈندۈزلىرى بىر يەرگە جەم بولۇپ، ھەلقە قىلىپ ئولتۇرۇپ، قۇرئان ئوقۇپ، خەتمە قىلىپ، ساماغا چۈشۈپ يىغا - زار قىلىشىپ، ئۆتكەن «ئەۋلىيا»، «پىر»لىرى ھەققىدە دۇئا - تەگبىر قىلىشىپ ئادا قىلىشىپ كېلىشسە، «چىستىيە سۇلۇكى» نىڭ «مۇرت - مۇخلىس» لىرى «خۇدايى ئىبادەت» نى خانىقا ياكى ئۆيلەرگە توپلىشىپ داپ، تەمبۇر، سۇناي، ساپايە، راۋاب، ساتار قاتارلىق سازلارنى ھۆكمەت بىلەن تەگكەش قىلغان ھالدا قانغۇدەك چېلىشىپ ۋە ئاڭلىشىپ، يىغا - زار كۆتۈرۈشۈپ، ئاخىرىنى دۇئا - تەگبىر بىلەن ئادا قىلىشىپ، بۇنى «خۇداغا ھەقىقىي ئىبادەت» قىلغانلىق دەپ بىلىشكەن. «ئىشقىيە سۇلۇكى»نىڭ «پىر»، «ئەۋلىيا» لىرى بولسا خۇددى ئافاق خوجا تەكىتلىگەن: «ھەر قانداق ئادەم نەغمە - ناۋا، ئويۇن - كۈلكە بىلەن بولسا ئۇ ئادەملەرنىڭ دىلىدا خۇدانىڭ ئىشقى توختايدۇ، ئۆمرۈڭنى ئاچ، ئاجىزلىق دەرياسىدا غەرق قىلىۋ، تىمسەڭ خۇداغا يېتىشمەن دېگىنىڭ بىكار، ھەر قانداق كىشى ئۆيىدىن، بالا - چاقىسىدىن، دۇنيانىڭ راھىتىدىن دىلىنى ئۈزۈپ، يىغلاپ يۈرىكىنى كاۋاپ قىلىپ ئۆتسە، ئاخىرەتتە راھەت - پاراغەتتە بولىدۇ. دۇنيادىن، بارلىق مەنپەئەتتىن ۋاز كېچىپ ئۆي تۇتمايدىغان، تىرىكچىلىك قىلمايدىغان، تاپقاندا تازا يەيدىغان بولمىسا ئاچ يۈرىدىغان ئىنتىكى ئۇلۇغ خىسلەتكە مۇيەسسەر بولغان.» («تەزكىرەئى ھىدايەت» تىن ئېلىندى) دېگەن «دىنىي ئۆلىما» نى مەڭگۈلۈك «ئىبادەت» يولى قىلىپ جارى

قىلدۇرۇشقان. مەڭگۈلۈك نادامەت ۋە ئەپسۇسلۇق تۇيغۇمىز بىلەن بۇ يەردە شۇنى تەكرار تەكىتلەيمىزكى، ئەجدادلىرىمىزنىڭ مۇسۇلمانچىلىق تارىخىدا شەك - شۈبھىسىز بۈيۈك مەزمۇن خاسلىقى، مەزمۇن پۈتۈنلۈكى، تۇراقلىق ئەقىدىۋى قۇدرىتى، قىممىتى، ئەھمىيىتى، مۇكەممەل قائىدە، يول، پىرىنسىپلىرى بىلەن ئۇقۇملىنىپ، تەۋەررۇكلىنىپ كەلگەن ئىسلام دىنى، يەنى ئاللاھقا ئېتىقاد قىلىش، پەرىشتىلەرگە ئېتىقاد قىلىش، قۇرئانغا ئېتىقاد قىلىش، ئاللاھنىڭ ئەلچىسىگە — ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىشىنىش، ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، ئۆمۈر بويى پاكدىل بولۇپ، جەمئىيەتكە ۋە كۆپ سانلىق مۇسۇلمانلارغا پايدىلىق ئىشلارنى قىلىش، پۈتۈن ئەھلى ئۈممەتلەر ئۈچۈن ياخشى تىلەك، ياخشى نىيەت ۋە ياخشى خىزمەتلەردە بولۇشتىن ئىبارەت ئەڭ پاك مەزمۇنلار بىلەن ئۇقۇملانغان ئىسلام دىنى ھوقۇق، مەرتىۋە، بايلىقنى يوشۇرۇن مەقسەت قىلغان «تەرىقەت» نىقابلىق چوڭ خوجا - ئىشان «دىنىي داھىي» لىرىنىڭ خالىغانچە بۇرمىلاپ پايدىلىنىشلىرىغا، ئىگىلىشىگە، زىيانەشلىكىگە، بۇزۇپ ياكى ئۆزگەرتىپ پايدىلىنىپ تۇرۇشلىرىغا دۇچ كەلگەنىدى. دېمەك، «سۇلۇك ئەۋلىيا» لىرىچە بولغاندا، ھەممىلا مۇسۇلمان مۇسۇلمانچىلىقنى چوقۇم «سۇلۇك ئەۋلىيا» لىرىنىڭ يېتەكلىشى بىلەنلا ئادا قىلىشلىرى شەرت ئىدى. بۇ خىل ئۇرۇنۇشنىڭ ئەمەلىيەتتىكى ئىپادىلىرى:

1) دىنىي ئىدىيە جەھەتتە: «سۇلۇك ئەۋلىيا» لىرىنىڭ (چوڭ خوجا - ئىشان شەخسلىرىنىڭ ئەلۋەتتە) غايىۋى «تەلىم»، ئىرادىلىرىنى قەتئىي قوبۇل قىلىش؛

2) دىنىي تەشكىلىي جەھەتتە: خوجا - ئىشانلار سەپ، گۇرۇھلىرىنىڭ ھەر خىل ناملاردىكى پەلەمپەي شەكىللىك «سۇلۇك»، «مەزھەپ» گۇرۇھ سىستېمىلىرىغا قەتئىي بېقىنىش ۋە ئەگىشىش؛

3) مۇسۇلمانچىلىق تۇرمۇشى جەھەتتە: پىر تۇتۇش، پىر دېگەننى قىلىش، پىر يۈرۈغاننى ئورۇنداش، پىرنى ئۆرنەك قىلىش؛

4) ئىجتىمائىي تىرىكچىلىك ۋە ئىجتىمائىي ئاڭ جەھەتتە: تەقدىرگە تەن بېرىش، «پېشانە» گە «پۈتۈلگەن» گە رازى بولۇش، «شەيتان» يولىغا كىرمەسلىك، پىرلەر ئەقىدىچىلىكىدىن زادىلا چەتنىمەسلىك؛

5) جەمئىيەت قۇرۇلمىسى جەھەتتە: پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىي، دىنىي، مىللىي، ئەخلاقىي مۇلازىم جان تومۇرلىرىنىڭ تەقدىرى يېتەكچى «پىر»، «سەئىد» خوجا ـ ئىشانلارنىڭ «سۇلۇك» تىزگىنلىرىدە، ئىلكىدە بولۇشى (دېمەك، جەمئىيەت، ئادەم، هايات، هادىسە، هەرىكەت نۇقتىلىرىنىڭ ئومۇمىي تەقدىرى خوجا ـ ئىشانلار داملىرىدا بولۇش) دەك كەلگۈسى نادامەتلىك ئوسال قىلمىشلارنىڭ هۆكۈمران هالەتلەر شەكلىدە ئومۇملىشىشلىرى بىلەن ئىپادىلىنىپ تۇراتتى.

دېمەك، مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئومۇمىي تەقدىرى نامىدىكى «دىن»چى، ئەمەلىيەتتىكى سىياسىي بەدنىيەت، نامىدىكى «دىنىي سۇلۇك»، ئەمەلىيەتتىكى سىياسىي ئورۇن، نامىدىكى «دىنىي» هەرىكەت، ئەمەلىيەتتىكى سىياسىي هەرىكەت كۈچلىرىنىڭ ئەڭ تەپرىقىلىق (ئەڭ زىتلىشىش ـ ئەڭ ئۆچلىشىش) توقۇنۇشلىرى قايناملىرىغا چۆكۈپ تۇراتتى. دېمەك، ئەجدادلىرىمىز بىلەن يۇرت ـ ماكانلىرىمىزنىڭ تارىختىكى بىر مەزگىللىك تەقدىرى خۇددى ئۇستاز موللا مۇسا سايرامى تەكىتلىگەندەك: «بەزىدە تەرىقەتنىڭ زىكىر ۋە پىكىر يولى بىلەن ئىبادەت قىلىپ ئاللاھتىن مەدەت تىلەسكە شۇغۇللىنىدىغان، بەزىدە ئەيش ـ ئىشرەت، نەغمە ـ ناۋا، چاي بىلەن بەزمە قىلىپ، نەپسىپەرۋەرلىككە شۇغۇللىنىدىغان، نۇرغۇن مال ـ مۈلۈك توپلىغان، يا ئۆزىنىڭ بىرەر ئۇرۇق ـ قاياشلىرىغا رەھىم ـ شەپقەت قىلىپ باقمىغان، يا بىرەر دۇئايى ـ ئەھلى پازىل ۋە هۈنەرۋەنلەرگە ئىنئام قىلمىغان، يا بىرەر دەريا ـ ۋەستەڭگە كۆۋرۈك سالدۇرۇپ، يا قۇدۇقلار كولىتىپ، ۋەخپە ئەشيالارنى قىلىپ باقمىغان، يا بىرەر نەمۇنە ئەسىر يارىتىپ باقمىغان، هەر بىرى خۇددى ئاچ بۆرە شەكلىگە كىرىپ، بۆرە

قويغا چاپقاندەك پۇقرالارنىڭ مال ـ مۈلكىگە، ھەتتا ئۇلارنىڭ جان ـ ئىمانىغا قاتتىق زۇلۇم سالغان، بىر قانچە تائىپەلەرگە بۆلۈنۈپ بىر ـ بىرىگە ھەسەت، ئاداۋەت قىلىشىپ، ئۆتىدىغان» («تارىخى ھەمىدىي» 143 ـ ، 324 ـ بەتلەر). بەدنىيەت «دىنىي» ئاقسۆڭەك تەرىقە ئىلاھلىرى — «دىن» دار نىقابلىق «پىر»لارنىڭ داملىرىغا چۈشۈپ قېلىشقانىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## 6. نوقانچى هازازۇللار

ئەجدادلىرىمىزنى يۇقىرىقىدەك بىر ـ بىرىگە زىت «دىنىي سۇلۇك»، «دىنىي تەۋەلىك» لەرگە پارچىلاپ، ئۆزلىرىچە «ئەڭ پاك مۇسۇلمان» چىلىققا يېتەكلەپ تۇرۇشقا يېتەرلىك مۇيەسسەر بولۇشقان «سۇلۇك» لەرنىڭ «داھىي»، «ئەۋلىيا» لىرى 1680 ـ يىللاردىن 1850 ـ يىللارغىچە بولغان يەنى «ئاق تاغلىق»، «قارا تاغلىق» خوجىلارنىڭ «دىنىي»، سىياسىي ھەرىكەتلىرى كۆچىيىپ تۇرغان زامانلار ئىچىدە يۇرت ـ ماكانلىرىمىزنىڭ «خان»، «پادىشاھ» لىقنى قىلىشقان چېغىنىڭ بارىچە تىركەشكەن، قورچاق «خان»، «پادىشاھ» لارغا ئايلىنىپ زالىم ھۆكۈمرانلارنىڭ ئەڭ سادىق سىياسىي ئەربابلىرىغا، خۇنخور قىساسچى ئەمەلدارلىرىغا ئايلىنىپ ۋە ئۆزگىرىپ تۇرۇشقانىدى. دېمەك، ئۇلارنى تەرىقەت سۇلۇكلىرىنىڭ «داھىي»، «ئەۋلىيا» لىرى، «دىن ھامىيلىرى» دېگەندىن كۆرە، دىنىي ھوقۇق بىلەن ھاكىمىيەت ھوقۇقىنى چاڭگاللىرىغا ئېلىشىپ، زالىم ھۆكۈمرانلارنىڭ قولتۇقلىرىدىلا مەۋجۇت بولۇپ ئۆتكەن، ئەڭ زالىم ئىستىبداتلارنىڭ ئائىزىدىن «ئىمان» نى، دىلىدىن بايلىقنى، قولىدىن قىلىچنى تاشلىمايدىغان بىقىندى زالىم شېرىكلىرى دەپ ئاتاش ئورۇنلۇق ئىدى. شۇڭا بىز ئۇلار ھۆكۈم سۈرگەن تارىخىي زامانلارنى ئەجدادلىرىمىزنىڭ «قۇرئان كەرىم» مەنبەلىكىدىكى «شەرىئەت»نى مەزمۇن ۋە مەركەز قىلغان مۇسۇلمانچىلىقى (مەزمۇن، مىزان، نىزام جەھەتلەردىن) بۇزۇپ تاشلانغان، شەخسلەر مەركەز قىلىنغان ئىشانلار «دىن»، «سۇلۇك» لىرى يامراپ ئالەمنى جاھالەت زۇلمىتى قاپلىغان، مىللىي تەقدىرىمىز، مىللىي روھىمىز، ماددىي، مەنىۋى تارىخىي مىراسلىرىمىز ۋەيران بولغان ئەڭ ئەپسۇسلۇق قارا زامان ئىدى، دەپ قارايمىز.

ئۇلارنىڭ تارىختا بىرگە كەلتۈرگەن بالايى ـ ئاپەتلىك مالامەتلىرىنىڭ بىر قىسمىنى مۇنداق ئەسلەپ ئۆتۈشكە بولىدۇ.

**1) «ھىجرەت» لەر پاجىئەسى توغرىسىدا**

«تەرىقەت» چى خوجا ـ ئىشانلار تۈزۈمىنىڭ تارىختا بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىزغا كەلتۈرگەن ئەڭ ئېغىر مالامەتلىرىدىن بىرى — جەمئىيەتتە تۈزۈم خاراكتېرلىك «ھىجرەت» لەر سەپەرۋەرلىكى قىلمىشلىرىنى جەمئىيەتلەشتۈرۈش، «ھىجرەت ئىئانىسى»، «ھىجرەت سەدىقىسى» ۋە «ھىجرەت» لەر «پىدائىي» چىلىقىنى تەركىسىز «دىنىي ئادەت» سۈپىتىدە داۋاملاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بولغانىدى. بۇ خىل «ھىجرەت» لەر سەپەرۋەرلىكىنىڭ مەنە ۋە خاراكتېرى توغرىسىدا «تارىخىمىزدىكى ئىسلامىيەت» تە مۇنداق دېيىلگەن: «پىر ـ ئەۋلىيالىرىمىزنىڭ خۇدالىق ئۆمرىدىكى مۇددىئا، ئادەت ۋە دالالەتلىرى بولسا، ھەج ئورنىدا ئانەمدىن ئۆتكەن ئەۋلىيا ـ ئەنبىيا، سەئىد ـ پىرى ئەزىزانلارنىڭ ياتقان مازار شېرىپلىرىنى نىيەت ۋە نىشان قىلىپ ھىجرەت (سەپەر) كە چىقماق، ئول ئورۇنلارغا دۇئا تىلاۋەت قىلماق (تاۋاپ ـ زىيارەت قىلىپ تۇرۇشنى زاتەن تەرك ئەتمەسلىك)، قەدەمجايلار (تارىختا ئۆتكەن ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالار تۇرۇپ، جاھان تۇتۇپ ئۆتكەن جايلار — ئا) نى زىيارەت قىلىپ، دۇئا قىلىپ ياد ئېتىپ يوقلاپ تۇرماقنى ساۋاب بىلمەك، تاپقان (يېتىشكەن) پىر ـ سەئىدلەر (چوڭ خوجا ـ ئىشان يېتەكچىلىرى كۆزدە تۇتۇلغان — ئا) نىڭ مۇبارەك دىدارلىرىنى كۆرمەك، سالام بەجا كەلتۈرمەك، زىيارەت قىلماق، مۇلاقەت ۋە خىزمەتلىرىدە بولۇپ ئۆتمەكنى قەرز ۋە غەنىيمەت بىلمەك، خاسىيەتلىك، ساۋابلىق ئىشلارغا ساخاۋەت ئاتىماق، قۇللۇق قىلماق، مال ـ دۇنيا، جان ـ تېنىنى تا ئەبەدكىچە ئايىماسلىق، قانچە نۇرغۇن ھەرەج ۋە جاپا كۆرسە شۇنچە رازى، شۇنچە شان ـ شەرەپ بىلمەك پۈتۈن ئەھلىي مۇسۇلمانلارنى بۇ خىل ساۋابى نىساب خەزىنىلىرىدىن ھەر قاچان، دائىما بەھرىلەندۈرۈپ ئۆتمەك ئىدىلەر».

تارىخىي پاكىتلاردىن بىلىمىزكى، ھەر خىل «تەرىقەت» لەر «سۇلۇك» لىرىنىڭ «داھىي»، «ئەۋلىيا» لىرى ئۆز پەيتلىرىدە «مۇرت» لىق رىشتىلىرى بىلەن ئۆزلىرىگە بىقىندۇرۇپ تۇرغان ئەجدادلىرىمىزنى ئۆزلىرى خالىغان ھەر قانداق چاغ ۋە ھەر قانداق ئورۇندا خالىغىچە قوزغاپ، ئۇيۇشتۇرۇپ ئۆز ئىخلاسلىرىدىكى «مازار شېرىپ»، قەدەمجايلارنى تاۋاپ ۋە زىيارەت قىلىپ تۇرۇش، «پىر» «ئەۋلىيا» لارغا تەزىم ۋە سالاملار بېرىپ، دۇئا ئېلىپ، خىزمەتلىرىدە بولۇپ نەزىرلىرىدىن ئۆتۈپ كېلىش سەپەرلىرىگە يېتەكلىشىپ ۋە ئۇنى «ئىمان» (نىيەت — ئا) سەپىرى سۈپىتىدە قانۇنلاشتۇرۇپ (جەمئىيەتلەشتۈرۈپ) ئەجدادلىرىمىزنىڭ «خۇدايى» ھىجرەت سەپەر زەخمىلىرىنى چەكسىز كېڭەيتىپ ۋە تۈرلۈك سەپەر پاجىئەلىرىنى تۇغدۇرۇپ تۇرۇشقان. تارىخىمىزدا ئۇچراپ كېلىۋاتقان بىر قىسىم «ئۇلۇغ»لار «ھىجرەت» لىرى ئەنە شۇنداق «ھىجرەت» لەرنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك مىسالىي ئۆرنەكلىرىدۇر. بۇنداق «ھىجرەت» لەرنىڭ بىر قىسمىغا مىسال ئۇچۇن:

(1) ئافاق خوجا ۋە ئۇنىڭ بەزى ئوغۇللىرىنىڭ 1682 ـ يىلىدىن 1691 ـ يىلىغىچە يەكەن ۋە قەشقەردىن ھەر قېتىمدا «1001 مۇرت ـ ياران» باشلاپ تۇرپان، قومۇللاردا ئاخىرلاشتۇرۇپ تۇرغان بەش دەپئەلىك دۇئا ـ تىلاۋەت «ھىجرەت» لىرى؛

(2) 1714 ـ يىلىدىن 1730 ـ يىللار ئارىلىقىدا دانىيال خوجا ۋە ئۇنىڭ قېرىنداش ئوغۇل ـ ئەۋرىبالىرى تەرىپىدىن يەكەندىن ئىلىغا، يەكەندىن خوتەن ۋىلايىتى تەۋەسىدىكى «ئىمامى جەئفەر سادىق»، «ئىمامى جەئفەر تەيران»، «ئىمامى زەبىھۇللا»، «ئىمامى قاسىم»، «ئىمامى ھاشىم» مازارلىرىغا بېرىپ ـ كېلىش نىيەت قىلىنغان، ھەر قېتىمقىسى 1001 كىشىدىن 101 كىشىگىچە ئادەم چىققان، خۇددى «تارىخىمىزدىكى ئىسلامىيەت» تە تەكىتلەنگەندەك: «كەتكەندە 1000، كەلگەندە 100. قازاسى جىق، رىزاسى ئاز (مىڭلاپ چىقىپ ئاران يۈزلەپلا قايتىپ كېلىش مۇمكىن بولغان) تىۋىنىش» تىلەش «ھىج-



www.uyghurkitap.com

رەت»لىرى؛

(3) 1750 ـ يىللار ئىچىدە قومۇل، تۇرپاندىن باشلىنىپ يەكەن، قەشقەر، ئاقسۇ، كۇچا... لاردا ئاخىرلاشقان «ۋاڭ خوجام» لار «ھىجرەت»[1] لىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كۇپايىدۇر.

بۇ خىل «ئۇلۇغ زات»لارنىڭ يۇقىرىقىدەك ئۇزاق مۇساپىلىق «ھىجرەت» لىرى ئومۇمەن بۇ دۇنيادىكى ھەممە جاپا ـ مۇشەققەت، زۇلۇم ـ ئەرەجلەرگە بەرداشلىق بېرىپ شۈكۈر قىلىپ، ئاخىرەتلىكنىلا ئىزدەشكە، «پىر»لارغا چەكسىز سادىق بولۇش، ئۇنى رازى قىلىشنى مۇقەددەس خۇدايى قەرزى دەپ بىلىشكە، ئۇنىڭ ھەر بىر سۆزى ۋە تەلىماتلىرىنى قەلبىدە چىڭ ساقلاپ ئورۇنداش ۋە زۆرۈر تېپىلغاندا «پىر» ئۈچۈن پۈتۈن ئائىلىسىنى، ھەتتاكى جېنىنى قۇربان قىلىشتىن باش تارتماسلىققا كۆندۈرۈلگەن پىيادە پىدائىيلار يەنى «بىر تەن، بىر جان سەپەرخان مۇرت» لار توپلىرى بىلەن تۈگەللەشكەن «نىسابىي ھىجرەت» لەر بىلەن ئادا بولغان بولاتتى. ئافاق خوجىنىڭ 1682 ـ يىلى ئەتىيازدا 41 سوپى، 1001 مۇرت پىدائىي «ئاشىق»نى تاللاپ ئەگەشتۈرۈپ يەكەنگە باشلاپ شۇ يىلى كۈزدە ئاخىرقى نۇقتا — قومۇلدا ئاخىرلاشتۇرغان «نىسابىي ھىجرەت»ىنىڭ تۈپ مەزمۇنى ۋە ئەھمىيىتى توغرىسىدا «تارىخىمىزدىكى ئىسلامىيەت» نىڭ مۇئەللىپى مۇنداق يازغانىدى: «... ھىدايىتۇللا خوجا ھەمدە ئۇنىڭ ياران ـ ئەقرىبالىرىنىڭ قومۇل ھىجرىتىدىكى مۇددىئالىرىنىڭ تۈپ مەنە ۋە مەزمۇنى قومۇل ئۇلۇغلىرىنىڭ پېشۋاسى ھەزرىتى سەئىد مۇھەممەد شاھنىڭ ئوغۇللىرى ھەزرىتى سەئىد ئەبەيدۇللا خان بىلەن دىدارلاشماق، خانلىق سۆھبەت ـ مۇلاقىتىدە بولماق، ئەلگە ئامانلىق، ئىنساب ۋە تەۋپىق تى-

---

① بۇ يەردە قومۇل ۋاڭلىرىنىڭ ئالاھىدە پېشۋالىرىدىن بىرى بولغان يۈسۈپ خوجا ياكى يۈسۈپ ۋاڭ خوجا ۋەكىللىكىدىكى قومۇل خوجىلىرى كۆزدە تۇتۇلغان. بىلىشىمىزچە، يۈسۈپ خوجا تارىختىكى يەكەن خوجىلىرىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولۇپ، 1758 ـ يىلىدىن 1766 ـ يىلىغىچە مانجۇ خانلىقىنىڭ «قومۇل ۋاڭ»لىقىنى قىلىپ ئالەمدىن ئۆتكەن. «ۋاڭلىق» ئۆمرىدە قومۇل، تۇرپان تەرەپلەردىكى «ئۇلۇغ ۋاڭ جەمەتلىرى» ھېسابلىنىدىغان چوڭ خوجا ـ ئىشانلارنىڭ دەۋەتلىرى بىلەن ئىككى قېتىم يەكەندىكى «ئالتۇنلىرىم»، ئاقسۇدىكى «ئىمامى پەتتال غازى»، كۇچادىكى «مەۋلانا ئەرشىدىن ۋەلىيۇللا» مازارلىرىنى تاۋاپ ۋە زىيارەت قىلغان.

لىمەك «ئالتۇن شىرىپ»، «ئەسھابۇلكەھەب» لەرنى تاۋاپ زىيارەت قىلـ-
ماق، كىشىلەرنى «تەرىقەتى ئىشقىيە» سۇلۇكىگە دەۋەت قىلماق ... دېلەر»
بىزگە مەلۇمكى، ئافاق خوجا «خان» بۇ قېتىملىق سۆھبەت مۇلا-
قىتىدە بولۇشنى ئىستىگەن «سەئىد» ئەبەيدۇللا «خان» باشقا بىرى
بولماستىن، جۇڭغار ئالدان قۇنتەيجى ھاكىمىيىتى قومۇل رايونىنى
بېسىۋالغاندا قومۇلغا «تارخان بەگ» قىلىپ قويۇلغان كىشى ئىدى.
ئۇ 1697 - يىلىدىن ئېتىبارەن قومۇلنى بېسىۋالغان مانجۇ خانلىقى قە-
سىملىرىغا تەۋەلىك بىلدۈرۈپ مانجۇلارنىڭ «قومۇل ۋاڭ» لىقىنى قە-
لىپ، 1710 - يىللاردا قومۇلدا ئالەمدىن ئۆتكەن زالىم ئىدى. ئۇ قو-
مۇل ۋاڭلىرىنىڭ 2 - بوغۇن بوۋىسى بولۇپ، ئۆزىنى «سەئىد» ئەۋلا-
دى دەپ ئاتىغان. قومۇلغا «تارخان بەگ»، «ۋاڭ» بولۇپ تۇرغان
يىللاردا جۇڭغار باسقۇنچىلىرى بىلەن كۆرەش قىلىپ نوپۇسى ئازلاپ
كەتكەن قومۇلغا تۇرپان، توقسۇن، پىچان، ئاقسۇ، كۇچا، قەشقەر، يە-
كەن، خوتەن... لەردىن تۇتقۇن كۆچۈرۈپ ئادەم كۆپەيتكەن ھەم
ئۇلارنىڭ كۈچى بىلەن سوقۇشلاردا ۋەيران بولۇپ كەتكەن قومۇل
شەھىرىنى قايتىدىن كېڭەيتىپ بىنا قىلغان. ماڭاي (دۇنخۇاڭ)، ئارا
يۇلتۇز (شىڭشىڭشيا)، ئارا يۇلتۇز - بوغاز (قومۇلنىڭ 30 كىلومېتىر
جەنۇبىدىكى بىر يېزا — ئا) غا «خان يولى»نى ياسىتىپ راۋانلاشتۇر-
غان. ئۇنىڭ ئاتىسى سەئىد مۇھەممەد شاھ خوجا (باباخان دەپمۇ ئاتى-
لىدۇ — ئا) ئۆز ۋاقتىدا ئافاق خوجىنىڭ دادىسىغا قومۇلدا پاناھلىق
بەرگەن، شەپقەت قىلغان كىشىدۇر. شۇنىسى ئېنىقكى، ئافاق خوجىنىڭ
شۇ قېتىملىق «نىسابىي ھىجرەت» نى خۇدايى خالىس دىنىي ھىجرەت
ياكى «تەرىقەت» چىلەر ھىجرىتى دېگەندىن كۆرە، ئۆز ۋاقتىدىكى قو-
مۇلنىڭ زالىم ھۆكۈمرانى، ئىستىبدات ئەبەيدۇللا ۋاڭ بىلەن يۇرت -
ماكانلىرىمىز ھەم ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئومۇمىي تەقدىرىنى قانداق قىلىپ
ئۇزاق ۋاقىت كونترول قىلىپ تۇرۇشنى سىياسىي جەھەتتىن كېڭىشىش
- ۋەزىيەت مۆلچەرلەش، ئېغىز - بۇرۇن يالىشىش «ھىجرەت» ى دې-

گەن تۇرۇۋك ئىدى. ئافاق خوجىنىڭ شۇ قېتىملىق «ھىجرەت»ى شە-
كىل جەھەتتىن «غەلىبە» قىلغان دېگىلى بولسىمۇ، مەزمۇن ۋە ئەمەلىي
جەھەتتىن ئېغىر مەغلۇبىيەت ۋە بەزىبىر پاجىئەلىك ھادىسىلەر بىلەن
نەتىجىلەنگەن «ھىجرەت» دېيىشكە بولاتتى. سەۋەب: ئافاق خوجا
ئۆزىنىڭ «ئىشقىيە» «تەرىقەت» سۇلۇكىنى قومۇل، تۇرپان تەرەپلەردە
يەنىمۇ كېڭەيتىش، يەنىمۇ شۆھرەتلەندۇرۇش ئۈچۈن شۇ قېتىم قو-
مۇلدا تۇرپان، قومۇل دىنىي ئۆلىمالىرىنى چاقىرىپ، ئۇلاردىن ئۆزىنىڭ
«تەرىقەت» غايىسىنى بۇ تەرەپتىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئومۇمىي دىنىي
مىزانى (دىنىي يولى) قىلىشنى تەلەپ قىلغان. ئافاق خوجا مۇنداق دې-
گەن: «شەرىئەت مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۆكمى، تەرىقەت بولسا
ئاللاھنىڭ ھۆكمى...» قومۇل، تۇرپان دىنىي ئۆلىمالىرى بۇ قاراشقا
قەتئىي قوشۇلمىغان، قارشى چىققان. ئافاق خوجا ھەم ئۇنىڭ سوپىلى-
رى بىلەن دىنىي ئۆلىمالار، شەرىئەتچى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا جىددىي
دىنىي توقۇنۇشلار يۈز بەرگەن. يەرلىك مۇسۇلمانلار ئافاق خوجا ھەم
ئۇنىڭ سوپى - مۇرتلىرىنى «ھازازۇل نوقانچى» (ھازازۇل قەلەندەر-
لەر) دەپ ئاتاشقان. ئاخىر ئافاق خوجا «سەئىد» ئەبەيدۇللا «خان»
دىن رازى، ئەلدىن خاپا ھالەتتە ئۆز ھەمراھلىرى بىلەن قومۇلدىن
«كۆڭلى» قېلىپ، تۇرپان، كورلا تەرەپلەردىمۇ مۇسۇلمانلارغا دېگەن-
دەك تونۇلۇپ كېتەلمەي، قومۇل، تۇرپانلارنى «ئاستىڭ كۆل، ئۈستۈڭ
چۆل... بولۇپ كەتكەي» (خەلق ئېغىز رىۋايەتلىرىدىن) دەپ كورلا
ئەھلىنى «كۆزى كورلار...» دەپ «قارغىۋېتىپ»، «خان»لىقنىڭ ئاماد-
لىق ئېھتىياجى زۆرۈرىيىتى بىلەن بىر قىسىم «ھەمراھ»لىرىنى تاشلاپ
يەكەنگە قايتىپ كەتكەن. ئافاق خوجىغا ئەگىشىپ «نىسابىي ھىج-
رەت»كە بىللە چىققان قىرىق بىر سوپى - ئاشىق بىلەن 1001 سە-
پەرخان پىدائىي «مۇرت» تىن سەپەر ئۈستىدە «تەقدىرى ئەجەل»دىن
ئېشىپ «مۇرادى» غا يېتىپ يەكەنگە ئاران تەستە 111 ى قايتىپ كەل-
گەن. ئافاق خوجا ئۇلارغا «ئارىف بىللا» (قىيامىغا يەتكەن سوپى —

www.uyghurkitap.com

ئا) نامىنى ئاتا قىلىپ قەشقەرىيە يېزىلىرىنىڭ يېتەكچى سوپىلىق ۋەزىـ
پىلىرىگە تەيىنلەپ پايدىلانغان. ئافاق خوجا سەپەرخانلىرىنىڭ شۇ قېـ
تىمقى ئومۇمىي سەرگۈزەشتلىرى توغرۇلۇق «تەزكىرەئى پىريـاران» دا
مۇنداق مەلۇماتلار بېرىلگەن: «نىسابى ھىجرەت ـــ ھىجرىيە يىل ھېـ
سابى بىرلە 1093 ـ سىنە رەبىيەل ئاخىردا ياركەندتە ئالتۇن سىرىپتىن
باشلىنىپ، شول سىنە زۇلقەئدەدە يەركەند ئالتۇن شىرىپتە ئاخىر بولـ
غان (1682 ـ يىلى 4 ـ ئايدا يەكەندىن باشلىنىپ شۇ يىلى 11 ـ
ئايدا يەكەندە ئاياغلاشقان دېمەكچى ـــ ئا). دۇنيانىڭ مەئىشەتلىرىدىن
تامامەن خالىي بولۇپ، ئۆزىنى شەك ـ شۈبھىسىز مۇشەققەتتە، جاپاغا
ئاتاپ، دۇنيانىڭ غېمىدىن دىلىنى ئۈزۈپ، يىغلاپ يۈرەكنى كاۋاپ قىـ
لىپ، جانابى قۇتبىل ئەختاپ زاتى بەرىكاتىنىڭ پايۇ قەدەملىرىگە ياندۇـ
شىپ، چىراي مۇبارەكلىرىگە قاراپ تويماي، لەۋزى، بېشارەتلىرىگە قېـ
نىپ، خىزمەتلىرىدە بولۇپ، ھىجرەت شاراپىتى ئۈچۈن بىر تەن، بىر
جان، جۇلجۇل لىباس، يەر تاپان، يالاڭباش، شىرداق بەدەن، پۈتۈن
ۋۇجۇدى بىلەن سەپ «شىھىت» لىك دەرىجىلىرىنى ئىزدەپ، چۆللەردە
كاۋاپ، يوللاردا ئىز، سەھرا، قىشلاق، ئەل ئارىلىرىدا پىقىرلىقتا خارلىـ
نىپ يىغلاپ ھەر قىسىم يەرلەردە نىسابىي ساۋاب (ساۋابنى ئاخىرقى
دەرىجىگە يەتكۈزۈپ دېمەكچى ـــ ئا) تېپىپ ئاللەمدىن شىھىتلىك دەـ
رىجىسى بىلەن ئۆتكەن ئەھلى جەننەتلەرنىڭ دىرەك سان ـ ھېسابى
601 بولغان ئىردىلەر.» دېمەك، ھەزرىتى ئافاق خوجىغا ئەڭ قاتتىق
ئىخلاس قىلغان، ئەستايىدىل ئىشىنىپ بىر تەن، بىر جان ئەگەشكەن
بىچارە ئىخلاسكار ئۇيغۇردىن شۇ قېتىمقى ھىجرەت سەۋەبىدىن ئۆز
«ئىختىيار» لىقى بىلەن «ساۋاب» ئىزدەپ چۆل ـ جەزىرىلەردە چېپىپ
سوكۇلداپ، سوغۇق ـ ئىسسىققا، ئاچ، ئاجىزلىققا، ئاغرىق، يول ئازابلىـ
رىغا، تون، كۆن، يېغىن ـ يېشىن، بوران، قىيان خەۋپلىرىگە پىسەنت
قىلىشماي، ئافاق خوجا ھېسابىغا «شىھىت» لىك دەرىجىلىرىنى تاپقانلارـ
نىڭ سانى 601 گە ئۇلاشقان. قالغان 330 ى بۇ تەرىپلەردە «سەرسان

قەلەندەر » لەردىن بولۇپ تۆگەشكەن. دېمەك، ھەزرىتى ئافاق خوجا يولىدا نام ـ نىشانسىز، كېپەن ـ لەھەتسىز خۇددى قىيامەت سەھراسى- غا يولۇققاندەك تىرىپىرەن، تىتمۇتىتلىشىپ، قارغا ـ قوزغۇن، ئىت ـ قۇشلارغا يەم بولۇپ يەر يۈزىدىن ۋاقىتسىز يوقالغان بۇ جانلارنىڭ قى- ساس ۋابالى ئافاق خوجا تارىخىنىڭ جىنايەت بەتلىرىدىن مەڭگۈ ئۆچمىگۈسىدۇر، ئەلۋەتتە.

**2) تېگى تۆشۈك «ساۋاب» لار توغرىسىدا**

1714 ـ يىلىدىن 1730 ـ يىللارغىچە بولغان ئارىلىقتا دانىيال خوجا ۋە ئۇنىڭ قېرىنداش، ئوغۇل ـ ئەقرىبالىرى يەكەندىن ئىلىغا، يەكەندىن ھازىرقى خوتەن ۋىلايىتى تەۋەلىرىدىكى مازار، قەدەمجايلارغا (ھەر قېتىمدا 1001 دىن، تۆۋىنى 101 گىچە، خۇدايى ئىختىيارلىقىنى ساۋاب بىلگەن «مۇرت ـ ياران ـ ھەمراھ» ئېلىپ) بەش قېتىم «خۇدايى ھىجرەت» ئۇيۇشتۇرۇشقان. بىلگۈچىلەر بۇ خىل «ھىج- رەت» لەرنىڭ ئۈچ قېتىمقىسىنىڭ ئىلى تەۋەسىگە، ئىككى قېتىمقىسى- نىڭ خوتەن تەۋەلىرىدىكى ئون نەچچە چوڭ مازارلارغا قارىتىلغانلىقى- نى بايان قىلىشىدۇ. مېنىڭچە، تارىخىمىزدا جۇڭغار خانلىقىغا قارام بو- لۇپ تۇرغان قەشقەرىيە تەپكۇ «خان»لىقنى بىر قەدەر ئۇزاقراق قىلغان ھۆرمەتسىز پىداكار دانىيال خوجا ۋە ئۇنىڭ ياندىماچلىرى ئۆز پەيتلى- رىدە قۇللۇققا بېرىپ تۇرۇش يۇرۇشلىرى (ئەمەلىيەتتە غالچىلىق يۇ- رۇشلىرى) نى ئەجدادلىرىمىز ئارىسىدا «خۇدايى ھىجرەت» نامىدا پەردازلاپ داۋام ئەتكۈزگەن. بۇ خىل «ھىجرەت» لەرنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدا تارىخچى ئۇستاز موللا مۇسا سايرامى «تارىخىي ئەمىنىيە» دېگەن كىتابىدا توختىلىپ: «خوجاملار (دانىيال خوجا ۋە ئۇنىڭ پەر- زەنت ئەقرىبالىرى كۆزدە تۇتۇلغان ـــ ئا) ھەر يىلى بىر ۋەياكى ئىككى قېتىمدىن ئۇرغۇن سوۋغات ـ سالام، تارتۇق پېشكەشلەرنى ئېلىپ ئى- لىغا بېرىپ، قۇنتەيجىگە كۆرۈنۈش قىلىپ، رۇخسەت بولغاندا قايتىپ كېلىپ تۇرىدىكەن» دەپ يازغان. مەزكۇر ھۆكۈمران خوجىلار قىس-

www.uyghurkitap.com

تىشىدىكى بۇنداق ئىلى «ھىجرەت»لىرىنىڭ ئەجدادلىرىمىزغا كەلتۈرگەن ئاپەت خاراكتېرلىك زەخمە ـ تالاپەتلىرى بىلەن زىيان ـ زۇلمەتلىرىنىڭ ئېغىر بېسىملىرىدىن بىرى — «ھىجرىتى ئىئانە» ۋە «ھىجرىتى ئەۋقاپ»لاردىن ئىبارەت بولغانىدى. «ھىجرىتى ئىئانە»نىڭ مەنىسى — يۇقىرىلاردىن «ھىجرەت» ئۈچۈن يىغىپ ئېلىنىدىغان سەپەر پۇلى، سەپەر ئۇلىغى، سەپەر ھاشىرى، سەپەر ئوزۇقى، سەپەر كىيىمى، سەپەر جابدۇقى، سەپەر چۈشىكى، ئەرەج پۇلى قاتارلىق «خۇدايى سىلىق»لارنى ئىلاجى قىلىپ جىقراق يىغىۋېلىش دېگەنلىك ئىدى. «ھىجرىتى ئەۋقاپ»نىڭ تۈپ مەنىسى بولسا، مازارلارغا بېرىپ ياكى ئۆلگەن «سەئىد»، «ئۇلۇغ» لارغا مازار تىكلەپ «تاۋاپ» قىلىپ تۇرۇش ھېسابىغا مازار، خانىقا، مەدرىسە، مەسچىتلەرگە «ۋەخپە زېمىن» قوبۇل قىلىش باھانىسى بىلەن ئەلدىن ھەقسىز يەر ـ زېمىن يىغىۋېلىش — «ۋەخپە» قوبۇل قىلىش دېگەنلىك ئىدى. بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلغان «ۋەخپە زېمىن» — ئومۇمەن ئېكىن يەر، ئوتلاق، يايلاق، باغ، كۆل، سۇ، ئورمان، كان، ساراي، لەنگەر، ھويلا ـ ئارام، ئۆي، دۇكان، ھەر خىل كاسىپلار تۇرالغۇ جايلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ھەر يىلى، ھەر يەردە، ھەر دائىم دېگۈدەك ئېلىنىپ تۇرۇلىدىغان بۇ خىل «ئىئانە»، «ئەۋقاپ»لارنى «ساۋاب» پەتىۋالىرى چاپلانغان خوجا ـ ئىشانلار بولاڭچىلىقى ياكى مۇسۇلمانىنىڭ قان ـ تەرى بىلەن ئۆزلىرى خىزمەتلىرىدە بولۇۋاتقان نامۇسۇلمان، زالىم، جوڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنى رازى قىلىپ تۇرۇشنى راۋا بىلگەن خائىن خۇشامەتچى — سوپەك خوجىلارنىڭ لەنىتى سىلىقلىرى دېيىشكە توغرا كېلەتتى. بۇ خىل سىلىقلارنىڭ دەستىدىن ئەجدادلىرىمىز خۇددى «بورقۇم ئەۋلىيا»دا تەكىتلەنگەندەك: «يەر، سۇ، تاغ ـ تاران، باغ ـ باران، ئۆي ـ مۈلۈك، چاھارپاي (چارۋا مال — ئا)، پۇل ـ پۈچەك، ئوزۇق ـ تۈلۈككە زار، ھاياتتا مادارسىز، ھەممە ئېغىرچىلىق، يوقسۇز، بىچارىلىك»كە چۈشۈپ تۇرغانىدى.

1952 ـ يىلى 16 ـ دېكابىردا مەن «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 2 ـ، 3 ـ بېتىدە ئېلان قىلغان قاراقاش زاۋا ۋادىسىنىڭ ئېكىن يەر تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك بىر تارىخىي ماقالەمدە («پومېشچىكلار تارىختا دېھقانلارنىڭ يەرلىرىنى قانداق تارتىۋالغان» دېگەن ماقالەمدە) 18 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى يەنى بۇ تەرەپلەرگە دانىيال خوجا ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرى هۆكۈمران بولۇپ ئۆتكەن چاغلاردىكى زاۋىلىقلارنىڭ ئومۇمىي تۇرمۇش، ئىگىلىك تىرىكچىلىكى، ئېكىن يەر ۋە يەرلەرنىڭ ئىشانلار تەرەپىدىن ئىگىلىنىش ئەهۋاللىرىنى مۇنداق بايان قىلغانىدىم: «هىجرىيە 1100 دە زاۋا تەۋەسىگە سىرتتىن پەيدا بولۇپ قالغان مەۋلانە ئىشان ۋە ئۇنىڭ ئوغلى زىكرىيا ئىشانلىق قىلىشقا باشلايدۇ. هىجرىيە 1110 دىن هىجرىيە 1142 غىچە (1698 ـ يىلدىن 1789 ـ يىلغىچە) ئىشانلىق زىكرىيا ئىشاننىڭ ئوغۇللىرى ــ ھەبىبۇللا خان، تارىخانخان، ئىبراهىمخان ۋە ئەراخانلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ، ئەسلىدە ‹بىر ئىشانلىق› يۇرت بۆلۈنۈپ، تۆت ئىشانغا تەۋەلىشىدۇ هەم بۇ يەرنىڭ شۇ چاغلاردىكى 180 ئۆيلۈك ئاهالىسىمۇ مەزكۇر ئىشانلارنىڭ ‹دىنىي› ئەمرى ـ مەرۇپلىرىغا كۆنۈپ، ‹دىنىي› دالالەتلىرىنى قوبۇل قىلىپ، بۇ تۆت ئىشاننىڭ ‹مۇرت›، ‹ياران›، لىقىنى ‹ئىختىيار› قىلىشىدۇ. يەرلىك مەمۇرىي، ئىجتىمائىي، سىياسىي ئىمتىيازلىقلارنىڭ هەممىسىمۇ ‹ئەل قايان، سەن شۇ يان› بولۇشۇپ، ئۇلارنىڭ ‹ئۇلۇغ› لۇقىغا هۆرمەت ـ ئېتىباردا بولۇپ، مەسلىهەتتە بىرلىشىپ، دېگەنلىرىگە هەمكارلىشىپ، ئەل ـ يۇرتنىڭ تەقدىرىگە مۇئەككىل (ئىگە) بولۇشقا باشلايدۇ. ‹ساۋاب› لىق ئۇچۇن مازارلارغا ‹هىجرەت› قىلىش، ‹ئۇلۇغ› لارنى ‹زىيارەت› قىلىش، ‹خانىقا› ئەهيا قىلىش، چۆرۈش، ‹پىر› لەردىن ‹دۇئا› ئېلىش، ‹ئەزىز› لەرگە ‹خىزمەت› قىلىش، ‹خۇدا يولىدا نەزىر ـ نۇزرەت›، ‹سەدىقە›، ‹پىتىر› بېرىش ئامىلىرى بىلەن ئەلدىن ‹خۇدايى دارامەت›لەرنى يىغىۋېلىشنى ئەۋج ئالدۇرۇۋېتىشىدۇ. بۇ هال بارا ـ بارا زاۋا مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئەمەلىي ۋە ماددىي مۇسۇلمانچىلىق ئۆلچىمى ــ

پەقەت ئىشان — «پىر» لارغا بېرىدىغان ماددىي «ھەدىيە»، «ئىئانە» سىنىڭ ئاز - جىقلىقى بىلەنلا ئۆلچىنىپ تۇرىدىغان غەلىتە «دىنىي» تارازا - مىزانلىق تۈسىدە جامائەتلىشىپ ۋە قەرزى «ئادەت» كە ئايلىنىپ قالدۇ. دېمەك، زاۋىلىقلار ھەر يىلى ئىشان «پىر» لارنىڭ مازارلارغا بېرىپ «تاۋاپ» قىلىپ، «ئۇلۇغ» لارنى ئىزدەپ زىيارەت قىلىپ تۇرۇشلىرى ئۈچۈن «دىنىي» ۋەزىپە، «خۇدايى قەرز» ھېسابىدا «ساۋاب» ئىزدەپ قوللىرىدىكى ئېكىن يەرلىرىنى «خۇدا يولىدا ۋەخپە»، «ۋەج - ئوقەت، چارۋا مال، پۇل - پۇچەك، ئوزۇق - تۈلۈكلىرىنى بولسا «سەدىقە»، «ھەدىيە»، «ئىئانە» قىلىپ تۇرۇشىدىغان «ئادەت» كە كۆنۈپ كېتىشىدۇ. ھەر خىل ھادىسە، سەۋەبلەر بىلەن بۇ يۇرتتىن رىزقى كۆتۈرۈلگەن، مۇئەللەق ۋە مۇتلەق ئەجەللەر بىلەن بۇ ئالەمدىن ئۆتكەن مۇسۇلمانلارنىڭ كۆچمە مۈلۈك (زېمىن) لىرىمۇ ئۇدۇللۇق ئىشان «پىر» لار قولىدىكى «ۋەخپە زېمىن» لارغا قوشۇلۇپ كېتىۋېرىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئاز كەم يېرىم ئەسىر ئىچىدە زاۋىنىڭ 60 پاتمانلىق (بىر پاتمانلىق يەر ھازىرقى زامان يەر ئۆلچىمى يەنى 666 كىۋادرات مېتىر يەرنى بىر مو ھېسابلاش ئۆلچىمى بويىچە تەخمىنەن 90 موغا توغرا كېلىدۇ، ئېكىن يېرىدىن 43 پاتمانلىقى ئىشان «پىر» لار ئىلكىدىكى «قارا ۋەخپە» ياكى «قارا ئەۋقاپ» قا ئايلىنىپ كېتىدۇ.» بۇ يەردە شۇنى ئېزاھلاپ ئۆتۈش ھاجەتكى، ئىسلامىيەتتە يېرىم - يېسىر، مەئىشى بىقۇۋۇل مۇسۇلمانلارغا زېمىن ۋەخپە بېرىش چاقىرىقى ئەزەلدىن بار. مۇسۇلمان ئۆلىمالىرىنىڭ تەبىرىدە خۇدا يولىدا ساۋابلىق ئۈچۈن بېرىلىدىغان ۋەخپە زېمىن تارىختا بىزدە ئومۇمەن تۆتكە بۆلۈنىدۇ:

(1) «ئەۋلادى ۋەخپە» (مەلۇم شەخسنىڭ ساۋابلىق ئۈچۈن نامرات جەمەتلىرىنىڭ ھەقسىز، ئەۋلادمۇ ئەۋلاد تېرىپ .. بىشىگە ھەقسىز، مەڭگۈلۈك بېرىۋەتكەن يەر - زېمىن — ئا)؛

(2) «خۇدايى ۋەخپە» — كىشىلەر تەرىپىدىن نامرات مۇسۇلمان ياكى ئېھتىياجلىق نامرات دىنىي ئورۇنلارنىڭ مەڭگۈلۈك پايدىلىنىشى

ئۈچۈن ھەقسىز ئاتىۋەتكەن ۋاب زېمىن؛

(3) «مازايى ۋەخپە» (مازارلاردا پاناھلانغۇچى ـ مازارلارغا مۇلازىم بولغان كىشىلەرگە ساۋابلىق ئۈچۈن مەڭگۈ ھەقسىز بېرىۋەتكەن زېمىن)؛

(4) «خانلىق ۋەخپە» (ھەر خىل سەۋەب ۋە چارىلەر بىلەن ھەر خىل ھاكىمىي ئورۇنلار ياكى ھاكىمىيەتلەر تەركىبلىرىنىڭ ئېھتىياجلىرى ئۈچۈن ئۆتكۈزۈۋېلىنغان ۋە ئۆتكۈزۈپ ئېلىشقا تېگىشلىك بولغان ھەر خىل كۆچمەس مۈلۈك، زېمىنلار ـــ ئا) لارغا بۆلۈنەتتى. ئومۇمەن، يەتتە ئەزايى ساق، تەن دۇرۇس، ئەمگەك ئىقتىدارى ھەم قەدىر ئەھۋال مال ـ مۈلكى بار، ئۆزىنىڭ ھالاللاپ تاپقىنى بىلەن ئۆز ئائىلە، خوتۇن ـ بالا چاقىلىرىنى بېقىپ كېتەلەيدىغان خالىس مۇسۇلمان ئۈچۈن مۇنداق ھەقسىز زېمىن، مۈلۈكلەردىن ھەقسىز پايدىلىنىش «ھالال» ھېسابلانمايدىغانلىقى ئېنىق ۋە مۇقەررەر ئىدى. لېكىن، خوجا ـ ئىشان «پىر»لەر تەدرىجىي ھالدا بۇ خىل »ۋەخپە« لەرنىڭ ھەممىسىنى ئېكىن يەر، سۇ، يايلاق، ئوتلاق، باغ، ھويلا ـ ئارام، ئۆي، دۇكان، ئىشخانا، ھەر خىل كاسىپلار ۋە كەسىپچىلەر تۇرالغۇ جايلىرى، ساراي، لەڭگەر، كۆللەرگىچە دائىرىلەپ ھەتتاكى زاۋىنىڭ ئەسلىي ئومۇمىي زېمىنىنىمۇ بارا ـ بارا شەرقتىن قاراقاش دەرياسىغىچە، غەربتىن پىيالمىغىچە (ھازىرقى گۇمىنىڭ بىر يېزىسى ـــ ئا)، شىمالدا جايتېرەككىچە (ھازىرقى قاراقاشنىڭ بىر يېزىسى)، جەنۇبتىن مۇجىغىچە (گۇمىنىڭ بىر يېزىسى ـــ ئا) بولغان دائىرىلەرگىچە چۆرىدەپ ئۆزلىرىنىڭ ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ «ھالال ئىگىلىكى» گە «تۆمۈر زېمىن» قىلىپ ئۆتكۈزۈۋېلىشقان. زاۋىنىڭ شۇ چاغلاردىكى 180 ئۆيلۈك يەرلىك ئاھالىسىنىڭ 160 ىنىمۇ (ئاساسەن يەرلىك دېھقانلار ـــ ئا) ئۆزلىرىنىڭ «پۈتۈن دېھقان»، «ئوتاقچى»، «چاكار»، «يالاڭتۆش» لىرىگە ئايلاندۇرۇپ، شۇ يەرنىڭ جەمئىيەت تۈزۈلمىسىدە كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەر يەرلىك «دىنىي» فېئودال ئاقسۆڭەكلىك تۈزۈمىنى شەكىللەندۈرۈشكەن. زاۋىلىق خوجا ـ ئىشانلارنىڭ ئەينى چاغلاردا

شەكىللەندۈرگەن بۇ خىل «ھالال» ئىگىلىك مەۋقەلىرى بىلەن دىنىي فېئوداللىق ئىگىلىك ئىمتىيازلىرىنى قەشقەرىيە خوجىلىرىنىڭ شۇ چاغلاردىكى ئومۇمىي ئىگىلىك مەۋقەلىرىنىڭ بىر مەھەللىۋى مىسالى ۋە دېيىشكە توغرا كېلىدۇ.

پاك مۇسۇلمانلىق مەۋقە ھەم ۋىجدانىمىز بىلەن تارىختا ئۆتكەن بىر قىسىم خوجا ـ ئىشانلارنىڭ ھازىرقى زامان تەرەپدارلىرىدىن ياكى خوجا ـ ئىشانلىقنى «ساۋاب» لارنىڭ ئىجابەت بولىقى دەپ قارىغۇ-چىلاردىن ھەقلىق ھالدا شۇنى سوراپ باقايلىكى، ئىشنى دىن ناмى بىلەن باشلاپ، دىن شوئارلىرى بىلەن داۋاملاشتۇرۇپ، «خۇدايى ساۋاب» تەشۋىقاتىنى ئۆزمەي ئېلىپ بېرىپ، ئاقىۋەت نەتىجىنى بولسا يۇقىرىقىدەك ھەددى ـ ھېسابسىز بايلىق، ھەددى ـ ھېسابسىز ئىمتىياز ۋە ھەددى ـ ھېسابسىز رەھىمسىزلىك ئەمەلىيەتلىرى بىلەن نەتىجىلەش-تۈرۈشكەن زالىم، ئاچكۆز ئەزگۈچىلەرنى قانداق قىلىپ «دىن»دار، قانداق قىلىپ «دىنىي پىر» ۋە قانداق قىلىپ مۇسۇلمانلارغا «ساۋاب» ئاتا قىلالايدىغان مۇسۇلمان دېگىلى بولىدۇ؟ مېنىڭچە، ئۇلارنى تارىختا ئەجدادلىرىمىزدىن ھېچقانداق ھۆكۈمران خەنجەر، ئوق، قامچا، كىشەن-لەر بىلەن تارتىۋالالمىغان زېمىن، بايلىق، ئىمتىيازنى «دىن» تەشۋىقا-تى، «ساۋاب دۇئا»لىرى، «ئۇ ئالەم» لىكىنى «بېرىش» ۋەدىسى ھەم دۇرۇت، تەرغىباتلىرى بىلەن ئالداپ تارتىۋالغان ئەڭ ئۇستات بايلىق ئەجدىھالىرى، مەككار سىياسىي ھۆكۈمرانلار دېگەن تۈزۈكرەك ئىدى. تارىختا بىزنى ۋەخىپە ماكان، ۋەخىپە زېمىن، ۋەخىپە خەلققە ئايلاندۇرۇ-ۋەتكەن ئۇنداق «دىن»چى «ئۇلۇغ»لارنىڭ «دۇئا»، «ساۋاب» لىرىنى دىنىي ئاتالغۇلۇق شەرىپى بىلەن يەنىلا «دۇئا»، «ساۋاب» دېيىشكە توغرا كېلىپ قالغۇدەك بولسا، ئۇنى پەقەتلا مۇسۇلمانلارنى خار ـ زارلىق بىلەن ۋەيران قىلغان لەنىتى «دۇئا»، «ساۋاب» ۋەياكى تېگى يوق، تېگى تۆشۈك «دۇئا»، «ساۋاب» ئىدى دېيىشكە توغرا كېلىدۇ، خالاس.

## 7. ئالدام كەشپىياتچىلىرى

### 1) «ئەۋلىيا»لىقتىن ئەجدىھالىققىچە

17 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن ئېتىبارەن بىزنىڭ يۇرت ـ ماكانلىرىمىزدا «سەئىد» ۋە «سەئىد ئەۋلاد»لىرى كۆپىيىپ شۇ دەرىجىگە يەتكەنىدىكى، خۇددى «تەزكىرەئى پىرياران» دا كۆرسىتىلگەندەك: «سەئىدلەر ئەۋلادى يوق بىرمۇ چاقار (كىچىك مەھەللە ــ ئا)، سەئىد يوق بىرمۇ كەنت، ‹پىر›ى يوق بىرمۇ مۆمىن ئائىلىسى قالمىغان. يەكەندىكى دىن چوڭلىرىنىڭ ئىچىدە بىرىمۇ سەئىد ئەمەسى يوق ئىدى. قەشقەر، يېڭىسار، پەيزاۋات، مارالبېشى مۇسۇلمانلىرىنىڭ ھەممىسىلا ‹ئاق پىرلىق›، ئاق مۇرت، ئاقسۇ، كۇچا، كۆھلە، تۇرپان تەرەپلەردە يۇرت ـ ئەل سورىغۇچىلارنىڭ ئۇلۇغ ـ ئۇششاقلىرىدىن تاكى ئەل ـ يۇرت چوڭلىرىغىچە بولغانلىرىنىڭ ھەممىسىلا سەئىد ئەۋلادلىرى ئەزىزلەر، خوتەن ئەھلى، قۇم ئەھلى (چاقىلىق، چەرچەنلىكلەر كۆزدە تۇتۇلغان ــ ئا)، قارا قۇز، قاراڭغۇ تاغ ئەھلىلىرى (ھازىرقى قارا قۇرۇم، كۇئېنلۇن تاغ ئاھالىلىرى كۆزدە تۇتۇلغان ــ ئا) سەئىد ياكى سەئىدلەر ئەۋلادى ئەزىزلەردىن بولمىغان ھەر قانداق ئادىمى ھۆكۈمرانىنىڭ ئەمرى دالالەتلىرىنى قۇلاقلىرىدا تۇتمايدىغان» بولۇپ كېتىشكەن. دېمەك، «سەئىد» لىك ياكى «سەئىد ئەۋلاد»لىق نوپۇز تىكلەشنىڭ، پۇل تېپىشنىڭ، ئەمەل تېپىشنىڭ، يۈز ـ ئابرۇي تېپىشنىڭ ئەڭ ئاسان دەسمايىسى بولۇپ كەتكەن.

تارىختىكى قومۇل خوجىلىرىنىڭ ئومۇمىي ئۆتمۈشىدىن قىسمەن مىساللار بۇ قارىشىمىزنىڭ مىسالى ئۆرنەكلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

بىزگە مەلۇمكى، 1605 ـ يىلدىن 1928 ـ يىلغىچە ئۇيغۇرلارنىڭ قومۇل رايونىغا ئاتالمىش «پەيغەمبەر ئەۋلادلىرى ــ «سەئىد» زاتلاردىن ئون ئەۋلاد خوجا بەگ، خوجا ۋاڭ 223 يىل ھۆكۈمرانلىق

قىلدى. خۇددى قومۇللۇق مۆھتەرەم تارىخچى ئابدۇللا ئەھمىدى تەكىتلىگەندەك: «ئۇلار ئۆزلىرىنى ‹ئەۋلىيا›، ياكى ‹خوجا نەسەبلىرىدىن›» («قومۇل ۋاڭلىرىنىڭ نەسەبنامىسى»دىن) دەپ ئېلان قىلىشقان «سەئىد» لەر ھېسابلىناتتى. 1605 ـ يىلى يەكەن خانلىقىنىڭ خانى مۇھەممەدخان ئۆزى قول بېرىپ «پىر» تۇتقان خوجا شادى خوجىنىڭ يارانى يەكەنلىك سەئىد مۇھەممەد شاھ خوجا بەگ (تارىخلاردا «غازى بەگ» دېيىلگەن — ئا) نى قومۇل مۇسۇلمانلىرىغا تۇنجى ھۆكۈمران ـ بەگ قىلىپ تەيىنلىگەن. ئۇل «سەئىد» زات قومۇلغا ئاپىرىدە بولۇپ «خوجا بەگ» لىك تەختىگە چىققاندا بىرىنچى بولۇپ قومۇل ئەھلىگە ئەمىرنامە سۇپىتىدە خۇددى «بورقۇم ئەۋلىيا» دا تەكىتلىگەندەك: «خۇدا يولىدا يەكتەن، يەكدىل، ئادىل جاھان تۇتۇشنى، دۇنيا ۋەسۋەسىلىرىدىن خالىي بولماقنى، ھارامى شۆھرەت، مەئىشەت سەلتەنەت زاۋانلىقى، زەپتە ـ زۇلمەتچىلىك، زىنايى گۇناھلاردىن دائىما ھەزەر ئەيلەپ، يىراقلاپ ئۆتمەكنى خۇدالىق ئۇمۇرىۋى ۋەدە، ئانت قىلغان» لىقى ئايانىدۇر. يەنە شۇ ئەسەردىن بىلىشىمىزچە: سەئىد مۇھەممەد شاھ خوجا بەگ ئۆزى ئۇچۇن ياساتقان بەگلىك مەھكىمىسىنىڭ قوبۇل خانىلىرىنىڭ تۆرىگە مۇسۇلمانلارنى بىلسۇن ۋە ئەمەل قىلسۇن دەپ «قۇرئان كەرىم» دە قەيت قىلىنغان «سۇرە ساد» كەلىمىسىنى يەنى: «ئەي داۋۇد، سېنى بىز زېمىندا ھۆكۈمران قىلدۇق. كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ھەق ھۆكۈم چىقارغىن، نەپسىنىڭ ئارزۇسىغا ئەگەشمىگىنكى، ئۇ سېنى ئاللاھنىڭ يولىدىن ئازدۇرىدۇ. ئاللاھنىڭ يولىدىن ئازغانلار ھېساب كۈنىنى ئۇنتۇغانلىقلىرى سەۋەبىدىن قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ» دېگەن كەلىمە ـ ئايەتنى ئۆزىنىڭ يۇرتدارچىلىق مىزانى سۈپىتىدە ھەممىدىن ئۈستۈن قىلىپ ئېسىپ قويغانمىش. لېكىن قومۇلغا تۇنجى ئۇنىگەندە «خۇدا يولىدا يەكتەن، يەكدىل، ئادىل جاھان تۇتۇش» نى دىنىي ئانت ياكى دىنىي شەرت قىلىپ ئىش باشلىغان ئۇ زات ئۆزى «خوجا بەگ» لىككە چىققان 1695 ـ يىلىدىن 1668 ـ يىلى ئۆلگۈچە

بولغان 63 يىللىق «خوجا بەگ»لىك ئۆمرىدە قومۇل تەۋەلىكىدە پۈتۈن ئۇيغۇر يۇرتلىرى بويىچە ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك مال ـ مۈلۈك ئىگە- سىگە ئايلىنىپ كەتكەن. «تەزكىرەئى پىر ياران» دا دەلىل كەلتۈرۈل- گەندەك : «بايلىق ئەجدىھاسى، غەنىيلىقتا تەڭداشسىز، ئىرقارا مالل-ىر- نىڭ دۆمبىلىرىگە تورغايلار ئۇۋۇلاپ كەتكەن. تۈمەنلىگەن گادايلارنىڭ رىزقىنى تۇتقان سەراسەر (بايلىقتا تەڭدىشى يوق ـــ ئا) مۇلۇكدارغا ئايلىنىپ» بولغان. ئۇنىڭ ئورنىغا چىققان ئوغلى ـــ «سەئىد» ـــ ئە- بەيدۇللا خوجا بەگدىن باشلاپ تاكى 1928 ـ يىلىغىچە 223 يىل قو- مۇلغا «خوجا بەگ»، «ۋاڭ خوجام»، «گوڭ خوجام»، «چىڭۋاڭ خو- جام» بوا-پ ئۆتكەن بىرلا نەسەب ئون ئەۋلاد «سەئىد ئەۋلاد»ىنىڭ «دىن» قالقىنى ئاستىدا «پىر»لىق، هاكىمى ئۇستاتلىق، سىياسەتۋاز- لىق، خەنجەر ـ قىلىچۋازلىق، قامچا، كىشەنخورلۇق، پۇل ـ مۈلۈكدار- لىقنىڭ بىرلەشمە گەۋدىسى بولغان ھەر بىر تاجىدارنىڭ خۇسۇسىي ئىلكىگە خۇددى تارىخچى ئۇستاز موللا مۇسا سايرامى بايان قىلىپ ئۆتكەندەك. سانىنى بىلگىلى بولمايدىغان سانسىز ئات پادىلىرى، ھەر بىر قۇتىنى 700 دىن 1200 گىچە بولغان 230 قوتاندىن ئارتۇق قوي، بىر بەگ، ئۈچ مىرزا بەش ئايدا خەتلەپ بولالمايدىغان يەنە باشقا تىرىك مال ـ ۋاران، ئاتلىق بىرەر ئاي مېڭىپمۇ ئايلىنىپ بولغىلى بول- مايدىغان قىشلاق، يايلاق تەۋە بولۇپ تۇرغان. موللا مۇسا سايرامى مۇنداق يازىدۇ : «ھەممىمىز قومۇل ۋاڭىغا ئىشلەيمىز. ئۇلۇغ خان (مان- جۇ خانلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ ـــ ئا) بىزنى قومۇل زېمىنى بىلەن قو- شۇپ قومۇل ۋاڭىغا جۇلدۇ ـ جاساق قىلىپ بەرگەنىكەن. شۇڭلاشقا بىز قۇل قاتارىدا ئىشلەيمىز. جۇلدۇ ـ جاساق دېگەننىڭ مەنىسى شۇ، دەپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنى بايان قىلىدۇ. ۋاڭ خوجا ھەر يىلى ئۇلۇغ خاندىن 74 يامبۇ، خان ئاغىچا پۇجۇڭ خېنىم 35 يامبۇ، بىر نەچچە توپ تاۋار، دۇردۇن ئېلىپ تۇراتتى. بىر قېتىم بېيجىڭغا بېرىپ خانغا كۆرۈنۈش قىلىپ كەلگەندە ئاز دېگەندىمۇ 500 يامبۇ پايدا ئېلىپ كې-

لەتتى.» («تارىخىي ھەمىدى» 290 ـ، 292 ـ بەتلەر). بىلىشىمىزچە بۇ «سەئىد»لەردىن 1876 ـ يىلىدىن 1928 ـ يىلىغىچە 53 يىل قومۇلغا «ۋاڭ»لىق قىلغان شاھ مەخسۇتنىڭ شەخسىي مال ـ دۇنياسى 36 مىڭ 400 مو ئېكىن يەر، 25 كارىز، 16 باغ، 18 تۈگمەن، 200 قوتاندا 150 مىڭ تۇياق قوي، 5500 تۇياق ئات، 7200 تۇياق كالا، 8000 تۇياق تۆگە، بىر كۆمۈر كان (ھازىرقى تارانچى كۆمۈر كېنى — شۇ چاغلاردا بۇ كاندىن ھەر يىلى 67 مىڭ سەر كۈمۈش كىرىم بولۇپ تۇرغانمىش — ئا)، 6 مىليون 500 مىڭ سەر كۈمۈشلۈك سودا تورى، 8000 ئېغىزلىق ئۆيدىن ئىبارەت بولغان. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇنىڭ يەنە سەككىز چارۋىچىلىق، 14 دېھقانچىلىق مەيدانىمۇ بولغان بولۇپ، خۇسۇسىي باقبەندە بولۇپ تۇرغان چاكار ئاھالىلىرىنىڭ سانى 6485 ئائىلە، 33 مىڭ 725 نوپۇس ئەتراپىدا مۇقىملاشقان.

دېمەك، ئىشنى «خۇدا يولىدا يەكتەن، يەكدىل، ئادىل»لىقتىن باشلاپ، «ئىسلام پېشۋاسى» لىقى، «ئەۋلىيا»لىقى، «سەئىددىل مۇبارەك»لىكى بىلەن داۋاملاشتۇرۇپ، ئاخىرىنى يۇقىرىقىدەك نۇرغۇن «ھالال دۇنيا»، «خۇدا بەرگەن ئامەت»، «زۇۋۇلى چوڭ» لۇق «تەقدىر» بىلەن نەتىجىلەندۇرۇشكەن ئۇ خىل «سەئىد» خوجا ـ ئىشانلارنى ئازراق بولسىمۇ خۇدانى دىلدا تۇتقان دېگەندىن كۆرە پۈتۈن مۇسۇلمانچىلىق قىلمىشىنى مۇسۇلمانلارنىڭ ھالال قان ـ تەرىنى شوراشقا، دۇنيا يىغىشقا ئاتىغان بايلىق ئەجدىھاسى، زالىم «بۆلاكچى» دېگەن تۈزۈكرەكتۇر. ئۇ زاتىنىڭ «دىنىي ئەخلاقى»، «دىنىي پەزىلىتى»نىمۇ مۇنداق ئەسكەرتمە قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

1928 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى «سەئىد» شاھ مەخسۇت ۋاڭ ئۆلگەندە ئۇنىڭ «دىنكوي» «سەئىد زادە» ۋارىسلىرى پۈتۈن قومۇل خەلقىگە ئاق ماتەم كىيىمى كىيىشكە، ئۇنىڭ تۇرالغۇسىنى ئاق تۇر بىلەن يۆگەشكە بۇيرۇق چۈشۈرگەن. پۈتۈن قومۇل خەلقى ئۆلۈكنى چىقىرىشقا قوزغىتىلغان. يەتتە كۈنگىچە «ۋاي خوجام» دەپ يىغلىمىغان

ھەر قانداق ئادەم قامچىلىنىپ تۇرغان. ئۆلۈك چىقىرىلغاندا موللا ۋە قارىيلار تۇركۇم ـ تۇركۇمى بىلەن ئۈنلۈك ئاۋازدا ئايەت ئوقۇپ ماڭ-غان ھەم ئۇنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن پۈتۈن قومۇل تەۋەسىدە يۈز كۈن-گىچە ھېچقانداق ئادەم چاچ ئالدۇرماسلىق، ئەر ـ خوتۇنچىلىق قىلىش-ماسلىق، توي ـ تۆكۈن، ئويۇن ـ كۈلكە قىلماسلىقتا يارلىق چۈشۈ-رۈلگەن. بۇ «ۋاڭ خوجا»نىڭ ئوغلى نەزەر خوجا توغرىسىدا قومۇللۇق تارىخچى ئابدۇللا ئەھمىدى ئۆزىنىڭ «ئون ئەۋلاد قومۇل ۋاڭلىرى توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرىدە توختىلىپ مۇنداق يازىدۇ: «نەزەر خوجا ناھايىتى تەكەببۇر بولۇپ، قومۇل خەلقىنى قۇل ئورنىدا كۆرگەن. ئۇ ئەيش ـ ئىشرەتكە بېرىلگەن شۆھرەتپەرەس ئادەم بولۇپ، ھاراق، نەشە، پاھىشىگە قاتتىق بېرىلىپ كەتكەن. «خوجا» لىق ھوقۇقىغا تايىنىپ ئۇنىغا يېقىن كىشىنى ئۆزى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. ئۇنىڭ ئوغلى بېـ-شىر خوجىمۇ ئاتىسىنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ ھاراق، نەشە، ئويۇن ـ تاما-شالارغا بېرىلىپ، ئۇمۇ ئۆز قولى بىلەنلا بىر قانچە مۆمىن كىشىنى ئۇ-رۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن» (تارىخىمىزدا ئۆتكەن «ۋاڭ خوجا» لار جۈملى-دىن قومۇل، تۇرپان «ۋاڭ خوجا» لىرى توغرىسىدا باشقا ماۋزۇلىرى-مىزدا ئايرىم ـ ئايرىم توختىلىپ ئۆتىدىغانلىقىمىز ئۈچۈن بۇ يەردە ئار-تۇقچە توختالمىدۇق ـــ ئا).

«سەئىد» ـــ خوجا ـ ئىشانلار تارىخىدا مىڭلاپ، ئون مىڭلاپ ئۇچراپ تۇرىدىغان يۇقىرىقىدەك «دىنىي خىسلەت»، «دىنىي ئەخلاق»، «دىنىي ئامەت»، «مەۋقە» لەرنى ھازىرقى چاغلارغىچە ئۆز-لىرىنى يەنىلا «سەئىد ئەۋلادى» مىز، «سەئىدلەرنىڭ كۆڭلىدە خۇدا-دىن باشقا ھېچقانداق غەيرىي نىيەت يوق...» دەپ يۈرگۈچى ئالدامچى سوپىلار بىلەن، ئۇلارنىڭ تەربىيە ـ تەسۋىرىنى قىلىشقۇچى كىشىلەر قانداق ھېس قىلىشىدىكىن؟

ئۆزلىرىنى ئاتالمىش «ئەۋلىيا» ياكى «پەيغەمبەر نەسەبلىرى»دىن دەپ پەخىرلىنىشىدىغان، قومۇلنىڭ يەرلىك خەلقىدىن مىجەز، قىلىقتى-

ـكى غەيرىيلـىكى، شۇ يـەرگە كـىنـدىك قانلـىق ئۇيغـۇر ئاھالـىلىرىدىن ئەجدادى ئەجنەبىيلىك تۇرق ـ ھالەتلىرى بىلەن پەرقلىنىپ كەلگـەن، بىزدىكى ھەر قانداق ئۇرۇنۇشلىرىنىڭ بىشىنى بىچارە، پىقىر، ناتىـۋان مۇساپىر، «خۇدايى مۇسۇلمان»، «پىر» لىق بىلـەن ھەر قەدەمدە ئـون قېتىمدىن «بىسمىللا» ئوقۇپ ياشلاپ، ئاخىرقى نەتىجە ـ خۇلاسىلىرىـنى يۇقىرىقىدەك (قومۇل ۋاڭلىرىدەك) «خۇدا بەرگەن ئامەت». «ھالال دۇنيا ـ مەئىشەت» كە يۇكسەلدۇرۇپ ئۆتۈشنى كەسپىي مۇددىئا قىـلىشىپ، ئالەمدىن ئۆتكەن «ۋاڭ»، «گۇڭ»، «بەگ»، «تەيجى كالان» خوجىلارنى ھـەم ئۇلارنىڭ يـولىنى تـىرىلدۇرۇشـكە ھەرىكـەت قىلىـپ يۇرگەن سوپى ـ زاھىدلارنى قانداقمۇ پەيغەمبەر يولىنى تۇتقان، ئۇنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلغان مۇسۇلمان دېگىلى بولسۇن. ئۇلارنى تارىخـتىكى «دىن»دارلار، «دىنىي زاھىد» لار دېگەندىن كۆرە، توپتوغرا قىـلىپ تارىختا ئۇيغۇر دىيارىدا شەكىللەنگەن دىنىي فېئـودال ئاقسۆڭەكـلىك (ۋاڭلىق) تۈزۈمىنىڭ ئىجادچىلىرى، ئىجراچىلىرى ھەم «ئاللاھتىن بىئىزنى قىل تەۋرىمەسلىك» شوئارىنى ئەڭ ئـىگىز كـۆتۈرۈشۇۋالغـان ھارام لوقمىلىق تويـماس ئەجدىـھا يىرتـقۇچلار دېگـەن تۈزۈكرەكتـۇر، ئەلۋەتتە.

## 2) «ئەۋلىيا» خائىنلار

تارىخىمىزدا ئۆز مەقسەت ـ مۇددىئالىرىنى كۆزلەپ، ئەجدادلىرىمىزـنىڭ ئومۇمىي تەقدىرى ـ قىسمەتلىرىگە زىيان سېلىش ھېسابىغا خائىنـلىق ئىللەتلىـرىنى سادىـر قىلىـشقان «ئەۋلـىيا» ـــ خوجـا ـ ئىشانـلار دەرۋەقە ئاز ئەمەستۇر. مەزكۇر ماۋزۇيىمىزنىڭ ئىخچامچانلىق زۆرۈرىيەـتىنى كۆزدە تۇتۇپ، بۇ ھەقتە يىزىلغۇسى مىساللىرىمىزنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە، 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا (ئاساسەن 1863 ـ يىـلىدىن 1871 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا) ئىلى تەۋەسىـدىكى ئەجـدادـلىرىمىزنىڭ مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتلىرىگە خائىنلىق بىلـەن قىستـۇرۇـلۇپ، زىيانكەشلىك قىلىشقان بۇخارالىق «سەئىد» مەھمۇد خوجا بىلەن

«سەئىد» ئەھمەدخان خوجىلارنىڭ خائىنلىق تارىخىنى ئەسلەپ ئۆتۈش كۇپايىدۇر.

بىلىشىمىزچە، خائىن مەھمۇد (بەزى تارىخلاردا پوچى مەھمۇد دەپ يېزىلغان — ئا) 1863 - يىلى كۇزدە ئىلىدا سەكسەن ئىككى يۈز بويىچە خەلق بىرلىكى بىلەن ۋۇجۇدقا كەلگەن ئىلى سۇلتانلىقى (خەلق كېڭەش قىلىپ سايلىغان مۇئەززامخان سۇلتان، ئابدۇرۇسۇل بەگ ئەمىر بولغان سۇلتانلىق — ئا) قۇرۇلۇپ، ئارىلىقتىن ئاز كەم ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن (1865 - يىلى رامىزاننىڭ 17 - كۈنى شۇ چاغلاردىكى ئىلىنىڭ مۇھىم تۈگۈنى — بايانداي سۇلتانلىق كۈچلىرى تەرىپىدىن ئازاد قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن — ئا) ھازىرقى غۇلجا شەھىرىگە «خۇدايى پېقىر»لىق قىلىپ پەيدا بولغان. كېيىنرەك ئاھالىلەر ئارىسىدا ئۆزىنى پەيغەمبەر ئەۋلادى — «غەۋسۇل ئەززەم» پۇشتىمەن دەپ ئېلان قىلىدان («غەۋسۇل ئەززەم» — تەرىقەت مەزھىپىدە بەندىلەرنىڭ دەردۇبارىغا، ئاھۇ - زارىغا يەتكۈچى — ئاللاھنىڭ بىۋاستە ۋاستىچىسى دېيىلىش دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن زاتتۇر. بۇ مەزھەپچىلەر ئۇنداق زاتنى 100 يىلدا بىرلا قېتىم دۇنياغا كېلىدۇ، دەپ تەرىپلىشىدۇ — ئا). بۇ سۆزنى ئاڭلىغان بىر قىسىم خوجاپەرەست نادان كىشىلەر خوجامغا نۇرت بولۇشقان، ئەگەشكەن. ئۆزلىرىگە «پىر» قىلىپ، پاي قەدەملىرىگە يانتىشىپ، دېگىنىنى قىلىدىغان، دېگىنىنى بېرىدىغان، سىزنىقىدىن چىقماي دۇئاسىنى ئېلىپ «ساۋاب» تاپىدىغان «ئۇلۇغ خىسلەت»كە تۇتۇش قىلىپ كېتىشكەن. مۇئەززەمخان ھاكىمىيىتى كۇرەنى، جۇملىدىن ئىلى تەۋەسىدىكى باشقا جايلارنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن جىددىي چارە - تەدبىرلەرنى كۆرۈپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، خوجا مەھمۇد ئىلىنىڭ سۇلتانلىق ئەمەلىنى تارتىۋېلىش ھىيلىسىگە كىرىشىپ كەتكەن. «جەڭ قىلماي تۇرۇپ بىر ئەپسۇن بىلەنلا دۇشمەنلەرنىڭ كۆزىنى باغلايمەن. بىر سۇق بىلەنلا دۇشمەنلەرنى بېشىنى ئېلىۋەتسىمۇ تۈيمايدىغان قىلىۋېتىمەن» (ئىلى سۇلتانلىقىغا ئائىت

ماتېرىياللاردىن) دەپ ئۆزىنى كارامەتچى كۆرسىتىشكە «ئاتاپ» قويغان. سادىدا دىل ئۇيغۇرلار ئۇنىڭ بۇ ئاغزىدىكى «كارامەت»لىرىگە ئىشەنگەن. خوجا مەھمۇدمۇ خەلق سىپىدىن ئۆزىگە ـ ئەنچىلىك «خۇدايى ياران»لارنى يېتەرلىك تاپقان. ئىلى مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا خېلى بالدۇر باش كۆتۈرگەن مەشھۇر «خوجا ئەھمەدخان ئەۋلىيا» بىلەنمۇ ئۇچرىشىپ، ئىلى مۇسۇلمانلىرىنىڭ «نىجاد» لىقى ئۈستىدە باش قاتۇرۇشقان. گەرچە مۇئەززەم سۇلتان بۇ خوجىلارنىڭ ئالدامچىلىقى، سۇيىقەستچىلىكى ئۈستىدە كىشىلەرنى ھوشيار بولۇشقا چاقىرغان بولسىمۇ، لېكىن بىر قىسىم كىشىلەر: «بۇ ئالەم ئىشلىرى بىلەن پىرىمىزنىڭ كارى يوقتۇر» (ئىلى سۇلتانلىقىغا ئائىت ماتېرىياللاردىن) دېيىشىپ، «ئېتىقاد» بىخۇدلۇقى بىلەن بەخىرامان بولۇپ ئۆتۈۋېرىشكەن. ئاقىرەت خوجا مەھمۇد بىر مەزگىل تەييارلىق كۆرگەندىن كېيىن تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ ئۆزىنىڭ بىر قىسىم «ياران»، «مۇرت»، «ئىخلاسمەن» لىرىنى باشلاپ سۇلتانلىقنىڭ زىندانىدىكى دۈشمەنلىرىنى قاراملىق بىلەن قويۇپ بېرىشكىچە بېرىپ يەتكەن. ئىنقىلاب سېپى پارچىلانغان، ئاخىر خوجا مەھمۇد ئۆز شېرىكلىرى بىلەن بىرلىكتە تۇيۇقسىزلا مەخپىي ھالدا مۇئەززەم سۇلتاننى ئۆلتۈرۈپ تاشلىغان ھەم: «سۇلتان كاپىرلار تەرەپكە يان باستى، سىلەرنى سات.'قچى» (ئىلى سۇلتانلىقىغا ئائىت ماتېرىياللاردىن) دېگەن تۆھمەتنى توقۇپ چىقىپ، ئۇنىڭ كاللىسىنى شەھەرگە ئەۋەتىپ بەرگەن. سۇلتانلىقنى قولغا ئېلىش ئۈچۈن سۇلتاننىڭ ئىلكىدىكى بارلىق بەگ، مىرشاپلارنى «پۇقرا نامىدىن» بۇيرۇق چىقىرىپ تامامەن ئۆلتۈرۈۋەتكەن. سۇلتاننىڭ ئوردىسىنى ئۆز ئادەملىرىگە بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدۇرغان. سۇلتاننىڭ ئوغلى 22 ياشلىق خىزىر زاتنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىغان. سۇلتاننىڭ مەشھۇر ئادىمى — ئەلاخان پالۋاننى ھەمراھلىرى بىلەن قوشۇپ زىندانغا سالغان. خوجىنىڭ ئادەملىرى يۈز ـ يۈزلەرگە تارقىلىپ، ھەر قايسى يۈزلەرنىڭ ئىلـ' ـرىكى يۇرت كاتتىلىرىنى، سۇلتانغا خىزمەت قىلغان كىشىلەرنى قىرغىن قىلـ

دۇرغان. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئۆملۈكنى بۇزغان. يۇرتتا باشباشتاقلىق
كۆتۈرۈلگەن. جاي ـ جايلاردا ئۆلتۈرۈش، كۆيدۈرۈش، تالان ـ
تاراج ئەۋج ئالدۇرۇلغان. ياخشىلار خار، يامانلار ئېتىبارسىز ۋەزىيەت
يارىتىلغان. شۇنداق قىلىپ خەلق ھاكىمىيىتى — يەنى مۇئەززەمخان
رەھبەرلىكىدىكى ئىلى سۇلتانلىقى خوجا مەھمۇد تەرىپىدىن تەلتۆكۈس
ئاغدۇرۇۋېتىلگەن. خوجا مەھمۇد سۇلتانلىق ھوقۇقىنى ئىگىلەپ، بىر
ئايدىن جىقراق «ئىلى سۇلتانى» بولغان. ئۇنىڭ مۇئەززەمخان سۇلتانغا
تۆھمەت قىلىش يولى بىلەن قىلغان خائىنلىق، قاتىللىق قىلمىشى خەلق
تەرىپىدىن پاش قىلىنغاندىن كېيىن ئۇنىڭ «سۇلتان»لىقىنىڭ 36 ـ
كۈنى كېچىسى ئىلى ئارا ئۆستەڭلىك تۇردى يۈز بېگى تەرىپىدىن
جاۋاب قىساس بىلەن ئۆلتۈرۈلۈپ، مۇئەززەم سۇلتانىنىڭ ئىنتىقامى ئې-
لىنغان.

1860 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا ئىلى تەۋەسىگە پەيدا بولۇپ، ئۆزىنى
«پەيغەمبەر ئەۋلادى» «سەئىد» ئاتاپ، بىر قىسىم كىشىلەرگە «ئۇلۇغ
پىر»لىقى بىلەن تونۇلۇپ باش كۆتۈرگەن «سەئىد» ئەھمەدخان خو-
جىنىڭ خائىنلىق قىلمىشلىرى توغرىسىدا «ئىلى سۇلتانلىقىغا ئائىت
ماتېرىياللار»دا مۇنداق يېزىلغان: «بۇل ۋاقىتتا غەيۇر تارانچى پالۋانلى-
رى ھەر بىر كەنتلەردىن كېلىپ كۈندىن ـ كۈنگە كۆپەيدى. شۇل ئا-
رىدا ئەھمەدخان خو- م دېگەن بىر ئالىي زات كېلىپ قوشۇلدى. ئەھ-
مەدخان خوجام كەلگىنىگە تۆۋەن سىنىپتىكى خەلقلەر ناھايىتى خۇشال
بولدى. ئەھمەدخان خوجام خەلق ئارىسىغا ئارىلاشقاندىن كېيىن رىيا-
سەت مەسىلىسىنى چىقاردى. چۈنكى رەئىسلىكنى (سۇلتانلىقنى دېمەك-
چى — ئا) خوجىلارنىڭ ھەققى دەپ بىلەتتى. لېكىن باشقىلار رىياسەت
مەسىلىسىنى چىقىرىش ۋاقتى ئەمەس دەيتتى. لېكىن ئەھمەدخان خو-
جىنىڭ پىكرىنى شۇ رىياسەت مەسىلىسى ئىشغال ئەتكەنىدى. بۇ خو-
جام ئۆزىنى خەلق ئارىسىدا كۆتۈرۈپ، مەنسەپكە مىنىش ئۈچۈن مۇت-
لەق باتۇرلۇق كۆرسىتىش لازىم ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن

ئۆزىنىڭ ئەگەشكۈچى پىرقىلىرى بىلەن بىرلىكتە بايانداي ئۇرۇشنى ماڭدى. لېكىن ئىش خوجام ئويلىغاندەك بولمىدى. باياندای سېپىلى تېگىدە خۇشلۇق بىلەن جان بېرىشكە ئالدىرىغان جەسۇر مۇجاھىدلەر (جەڭگە تەييار تۇرغانلار — ئا) ئەھمەددخان خوجامنى ئۇركۈتتى، شەھەرگە راۋان بولدى. ئەھمەد خەزىنىچى ئۇنى توسماقچى بولغاندا ئەھمەد خوجا ئەھمەد خەزىنىچى بىلەن ئوغلىنى ئۆلتۈرۈپ يەنە شەھەرگە ماڭدى. شەھەردە جىڭتەي دېگەن باشلىق بار ئىدى. بۇنى ئاڭلاپ ھەممە خەلق غەلىيانغا كەلدى. باياندايىنى پەتىھ قىلىش (ئېلىش) ئۇمىدىدە تۇرغان كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ئەھمەددخان خوجا ئەمىر ئابدۇرۇسۇل بەگنى يوقاتماقچى بولدى. باياندای ئۇرۇشنىڭ 3 ـ يىلى رەجەپ ئېيىدا ئەھمەددخان خوجا ئۆز ئەگەشكۈچىلىرى بىلەن ئەمىر ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ چېدىرىنى قورشىدى. ئابدۇرۇسۇل بەگ ئەھمەددخان خوجىنى كۆرۈپ: «خوجام چىرايىڭىزنى مۇتەغىر (ئۆزگىچە) كۆرىمەن. نېمىدىن رەنجىدىڭىز» دېدى. ئەھمەد خوجا: «سەن مۇسۇلمانلار ئەھۋالىدىن جياڭجۈنگە يوشۇرۇن خەۋەر بېرىپ يۈرۈپسەن، شۇنىڭ ئۈچۈن سېنى ئۆلتۈرىمەن» دېدى. تىغ بىلەن قەتل قىلدى. سۇلتانلىقنىڭ قازى كالانى نەسرىددىن قازىنى زىندانغا سالدى. پۈتۈن سۇلتانلىقنىڭ ئىشلىرى ئەھمەددخانغا تەۋە بولدى. سۇلتان ھەم خوجىدىن ئىزنىسىز ئىش قىلماس بولدى. بۇ ئىشلارنىڭ سەۋەبىدىن مۇسۇلمان ئەسكەرلەر ئارىسىدا ئۇرۇشقا سۇسلۇق پەيدا بولدى. بۇ خەۋەرنى باياندای چەنپەنلىرى بىلىپ، تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ ئىسلام ئەسكەرلىرىدىن بىر قانچە كىشىنى شېھىت قىلدى. خوجىنىڭ ئەمىر ئابدۇرۇسۇل بەگنى ئۆلتۈرۈشتىكى جىنايەتلىرى ئاشكارا ۋە ئايان بولدى، ئەھمەددخان خوجا قېچىپ توڭگان بارگاھىسىرى بېرىپ ئۆلۈمدىن قۇتۇلدى.»

تارىختىن بۇيان ھەتتاكى ھازىرقى چاغلارغىچىمۇ خوجا ـ ئىشانلارنىڭ تەرىپىنى ئېلىپ، ئىخلاس قىلىپ، تېۋىنىپ، ئۇلارنى پەردازلاپ كېلىشىۋاتقان بەزىبىر سوپى ـ ئىشانپەرەست يارەنلىرىمىزگە

تارىخنىڭ بۇ بىر بېتىنى ئەينەن كۆچۈرۈپ مەلۇم قىلىپ ئۆتۈشىمىزدىن
مەقسەت: بىزگە تارىختا كەلگەن خوجا ـ ئىشانلار كۆتۈرگەن «سە-
ئىد»لىك، «پىر»لىق، «دىنىي» شوئارلىرىنىڭ ئاقىۋەت، نەتىجىلىرىنى
ئەتراپلىقراق كۆزىتىپ بىر نىمە دېيىشكە سىگنال، ئىشارەت بايان قى-
لىشتىن ئىبارەت. ماۋزۇيىمىزنىڭ «ئەۋلىيا، خائىنلار» دېگەن ناممۇ
تارىخىي ئۆتمۈشتىكى ئەنە شۇنداق پاكىتلار دۆۋىسىدىن تۈزۈلگەن رې-
ئال نامدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

قوشۇمچە:

# سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ خېتى

**ئىلاۋە:** نىزامىدىن ھۈسەيىن ئەپەندىنىڭ «جاھالەت پەرلىرى ئۇيغۇر دىيارىدا»، «17 ـــ 18 ـ ئەسىر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي ئوچېرىكلىرى» ناملىق بۇ تارىخىي ئوبزورلىرى «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن سەيپىدىن ئەزىزى ئېيجىگىدىن ئۆزىنىڭ تەسىراتىنى ژۇرنال تەھرىر بۆلۈمىگە ئەۋەتكەن. بۇ تەسىرات خېتى شۇ چاغدا «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنىپ مەزكۇر تارىخىي ئوبزورنىڭ جەمئىيەتتە قوزغىغان تەسىرىنى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارغا بۇرمىلاپ چۈشەندۈرۈپ نەپ ئېلىشنى كۆزلىگەن چېقىمچى مۇناپىقلارنىڭ ئۇرۇنۇشلىرىنى يوققا چىقارغان. شۇڭا بۇ تەسىرات خېتى مەزكۇر ئەسەرنىڭ ئاخىرىغا ماتېرىيال سۈپىتىدە قوشۇپ قويۇلدى.

## «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلىغا خەت

يولداش نىزامىدىن ھۈسەيىنىنىڭ ژۇرنىلىڭلارنىڭ 1987 ـ يىللىق 1 ـ، 2 ـ سانى (قوشما سان)غا بېسىلغان «كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي ئوچېرىكلىرى» ماۋزۇلۇق ماقالىسىنىڭ «ئالدام كەشپىياتچىلىرى» دېگەن تېمىلىق قىسمىنى ئوقۇدۇم. ئوقۇغاندىمۇ، ھەم قىزىقىش، ھەم ئېچىنىش، ھەم خۇرسەنلىك ھېسسىياتى ئىچىدە ئوقۇپ چىقتىم.

يولداش نىزامىدىنىنىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ «تارىختىن سۆز» سەھىپىسىدە «يولسىز ئەقىدە»، «جاھالەت پەرلىرى شىنجاڭدا» دېگەن ماۋزۇلاردىكى ماقالىلىرى ئۈزۈلمەي چىقىشقا باشلىغاندىن تارتىپ بەك قىزىقىپ ئوقۇپ كەلدىم. ھەممىسى ياخشى. ژۇرنىلىڭلارنىڭ 1989 ـ يىللىق 2 ـ، 3 ـ سانى (قوشما

سان)غا بېسىلغان «قاباھەت ئەقىدە — يەنە بىر قېتىم ئافاق خوجا توغرىسىدا» دېگەن ماقالىدە ئافاق غوجىنى پاش قىلغان. بۇداقى ماقالىدە قومۇل، ئىلى رايونىدىكى «سەئىد»لەر، ئىشان - سوپىلار - نىڭ ئۇيغۇرلارغا كەلتۈرگەن بالايى - ئاپەتلىرى توغرا مەيداندا تۇ - رۇپ ئەمەلىي پاكىتلار بىلەن پاش قىلىنغان.

مەن يولداش نىزامىدىننىڭ سوپىزمنىڭ شىنجاڭدىكى زەھەر - لىرىنى تازىلاش ئۈچۈن قىلىنۋاتقان بۇ كۈرەشنى قوللايمەن ھەمدە سالىمىمنى يەتكۈزۈپ قويۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

يولداش نىزامىدىننىڭ ماقالىلىرى ھەم تارىخىي، ھەم رېئال ئەھمىيەتلىك، چوڭقۇر تەربىيەۋى رولى بار مۇھىم ماقالىلەر. ئۇ، ئىلگىرىدىكى ماقالىلىرىدە ئىشان - سوپىلىقنىڭ ئۇيغۇرلارغا كەلتۈرگەن بالايى - ئاپەتلىرىنى پاش قىلىپ، ئافاق غوجىنى نۇق - تىلىق تۇتۇپ، نۇرغۇنلىغان ئەمەلىي پاكىتلار ئارقىلىق ئۇنىڭ ئە - قابىنى ئېچىپ تاشلاپ خەلقى ئالەمگە كۆرسىتىپ بەردى. بولۇپمۇ يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئىشان - سوپىلىق خۇراپاتىنىڭ بارغانچە كۆچىيىشى، بەزى كىشىلەرنىڭ بۇ مەسىلىگە بولغان قارىشى ۋە پوزىتسىيەسىنىڭ مۇجمەللىكى ئۆسۈپ قالغان ۋاقىتتا يولداش نىزامىدىن ھۆسەيىننىڭ بۇ ماقالىلىرىنىڭ ئەھمىيىتى بەك مۇ - ھىم.

16 -، 17 - ئەسىرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيادا ئەۋج ئالغان تەسەۋ - ۋۇپچىلىق - ئىشانلىق خۇراپىي ئېقىمى شىنجاڭغا ئېقىپ كىردى. ئۇ ياقتىن كەلگەن خوجا مۇھەممەد شەرىفتىن مەخدۇم ئەزەم، خوجا ئىسھاق ۋەلى، ئافاق خوجا، دانىيال خوجا، بۇرھانىددىن خوجا، ۋە - لىخان... غىچە بولغان ئىشان - غوجىلار «ئەۋلىيا»، «پەيغەمبەر ئەۋلادى» — «سەئىد»، «غەۋسۇلئەزەم»، «خوجا»، «بۇزرۇكۋار»، «پىر - رۇ - كامىل»... ئاتاقلىرى بىلەن ئىشانلىق خۇراپىي ئەقىدىلىرىنى شىنجاڭغا ئېلىپ كېلىپ كەڭ تاراتتى. ئۇيغۇرلارنى خۇراپات پاتقى - قىغا تىقتى. ئۇلار ئۇيغۇر خەلقىگە روھىي بۇلغىنىش، روھىي ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى تاڭدى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەجدادلىرىدىن قالغان

قىممەتلىك تارىخىي ـ مەدەنىي مىراسلىرىنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلـ دى («قۇرئان» دىن باشقا كىتابلىكى بولسا كۆيدۈرۈلدى).

كېيىن، مەنچىلىك ئەمەلدارلىرى خەلقنى روھىي زەنجىر بىلەن باغلايدىغان بۇ «يۇمشاق كالتەك»نى ۋاڭ ـ گۇڭلار قولىغا تۇتقۇزۇپ قويىدى. مەنچىلىك ئەمەلدارلىرىغار «ياتلارنى ئۆز قولى بىلەن باشقۇ ـ رۇش» ئۈچۈن بۇ «كالتەك» تازا ياقتى. بۇ ئىش ۋاڭ ـ گۇڭلارغا تېخىمۇ خۇش ياقتى، ئۇلار ئىشان ـ سوپىلىقنى ئىلگىرىكىدىنمۇ ئاشۇرۇۋەتتى.

بىز بۇ ئاچچىق ساۋاقلارنى ۋە ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى ئەسلەپ، خەلقنى ئاشۇنداق ھەم روھىي، ھەم جىسمانىي ياقتىن پاتقاققا تىقىدىغان تەسەۋۋۇپچىلىق ـ ئىشانلىققا قەتئىي يول قويماسلىقىمىز لازىم. شۇنىڭ بىلەن ئاشۇنداق خۇراپىي قىلمىشلار («پەرز»، «سۇن ـ نەت»لەردىمۇ يوق) بىلەن كىشىلەرنى ئالداپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاشقا ئۇرۇنىدىغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى بۇزىدىغان، پارتىيەگە، سوتسىيالىزمغا قارشى تەتۈر ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرگە قەتئىي قارشى تۇرۇشىمىز كېرەك؛ مىللىي كادىرلار، بولۇپمۇ كوممۇنىست كادىرلار ماركسىزملىق مەيداندا چىڭ تۇرۇپ قەتئىي كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك. پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى چوڭقۇر، ئەتراپلىق تەشۋىق قىلىپ، ئام ـ مىنى تەربىيەلەش، ئەكسىيەتچى ـ خۇراپاتچىلارغا قارشى ئالدىنقى سەپتە تۇرۇپ كۈرەش قىلىشىمىز لازىم.

ئاخىرىدا، يولداش نىزامىدىن ھۈسەيىننىڭ ماقالىلىرى يېزىـ لىپ بولغاندىن كېيىن توپلاپ بىر كىتاب قىلىپ چىقىرىدىنى ئۈ ـ مىد قىلىمەن.

سالام بىلەن سەيپىدىن ئەزىزى، 1990 ـ يىلى 1 ـ ئىيۇل، بېيجىڭ